

ياڭ جىجۈن

# ئادەمزاتسىز رايون

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ياڭ جىجۈن

# ئادەمزاتسىز رايون

تەرجىمە قىلغۇچى: دىلشات قېيۇمنۇر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

无人区：维吾尔文 / 杨志军著；迪力夏提·克依木译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2013.4
ISBN 978-7-228-16619-0

Ⅰ. ①无… Ⅱ. ①杨… ②迪… Ⅲ. ①长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2013)第076755号

责任编辑　伊丽达娜·阿不都热依木
责任校对　古丽夏尔·尼格买提
封面设计　买买提·诺比提
出　　版　新疆人民出版社
电　　话　0991-2827472
地　　址　乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编　830001
印　　刷　乌鲁木齐军星印刷厂
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本　880×1230毫米　32开本
印　　张　19
版　　次　2013年4月第1版
印　　次　2013年7月第1次印刷
印　　数　1-3000
定　　价　47.00 元

# مۇندەرىجە

## ئادەمزاتسىز رايون


بىرىنچى باب ئالتۇن پەشتاق ........ 3
ئىككىنچى باب لۇ قىزچاق ........................ 30
ئۈچىنچى باب قېيىنزارلىق ........................ 69
تۆتىنچى باب ئاسىي قوشۇن ........................ 95
بەشىنچى باب ئالتۇن يۇلتۇزلۇق جەسەت سۆڭىكى ...... 118
ئالتىنچى باب لەخمە ........................ 143
يەتتىنچى باب جىلىڭ دەرياسى بويىدا ........................ 175
سەككىزىنچى باب كەلكۈن ........................ 208
توققۇزىنچى باب قار ........................ 236
ئونىنچى باب قىزىل تۈلكە ........................ 270


## دېڭىز تۇنۇگۇن ئارقىغا ياندى


بىرىنچى باب ئېگىزلىك ........................ 307
ئىككىنچى باب روھلار دۆلىتى ........................ 365
ئۈچىنچى باب ئاق دۇنيا ........................ 458
تۆتىنچى باب قارا دېڭىز ........................ 536

# ئادەمزاتسز رايون

(رومان)

## بىرىنچى باب

# ئالتۇن پەشتاق

تاغخوت — يىللارنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا ئاللىبۇرۇن غايىب بولغان، ئىگىزلىكتىكى قەدىمىي قەبىلىنىڭ نامى، ئىلگىرى بۇ قەبىلە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يەرلەر ھېلىھەم شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ يەر قارا قۇرۇم دەرياسىنىڭ شىمالىغا، چىلىيەن تۇزلەڭلىكىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، شەرق تەرىپى بايانخول قار جىلغىسىغا، غەرب تەرىپى تاغخوت چوڭ جىلغىسىغا تۇتىشىدۇ، ئۇ دۇنيانىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدىكى ئىنسانلار تونۇپ يەتكىلى بولمىغان ئاجايىپ - غارايىباتلار، يېقىملىق تەبىئىي بايلىقى مول، پايانسىز كەتكەن چۆللۈكلەرنىڭ بىرىدۇر. ئىلگىرى ئېكسپېدىتسىيەچىلەر بۇ يەردىكى تاغ جىنسلىرى ۋە تۇپراق قاتلاملىرىدىن كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان نەرسىلەرنى بايقىغاندىن كېيىن، بۇ يەر تاغخوت ئالتۇنلۇقى دەپ ئاتالغان. «تاغخوت» ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىيولوگ ۋە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن پۈتكۈل چىگىخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭمۇ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ قالغان.

قايسى دەۋرلەردىن باشلانغىنىنى نامەلۇم، تاغخوت ئالتۇنلۇقىنىڭ ياز پەسلى ئاجايىپ قاينام - تاشقىنلىققا چۆمۈپ ئاۋاتلىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى، چوڭ جىلغا ئارقىلىق بۇ مەئىشەتلىك قەدىمىي ئالتۇن مەيدانىغا كىرىپ كەلگەن سان - ساناقسىز تەۋەككۈلچى ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ كۆزلىرىنى بۇ تىلسىم ماكاننىڭ بىپايان كۆك ئاسمىنى، بولۇپمۇ ھېلىقى

سىرلىق يەر ئاستى بايلىقلىرى ئالا چەكمەن قىلىنىۋېتىدۇ. ھېلىقى يىلىدىكى ياز پەسلى بوران بىلەن باشلىنىپ، ھەتتا بىرەر تۇپ گىياھنىمۇ قويماي ئۇچۇرۇپ كەتكەندى. تەۋەككۇلچىلەرنىڭ كۆزلىرى يەنىلا ئاچ كۆزلۈك بىلەن پارقىرايتتى. ئۇزاق ئۆتمەي باياۋاندا يەلكەن سۇپەت ساناقسىز چېدىرلار پەيدا بولدى، يەرلەر كولىنىپ، داش قازانلار ئېسىلىپ، ئەتراپنى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئىس ـ تۈتەك قاپلاپ كەتتى. دېمەك، قىشلىق ئويقۇدىكى بۇ تىمتاس قەدىمىي ئالتۇن مەيدانى شۇنىڭ بىلەن ئاستا ـ ئاستا كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ تىلسىم قوينىنى تىلغاۋاتقان تەۋەككۇلچىلەرنىڭ چېھرىدە ئەكس ئېتىۋاتقان شادلىق ۋە ئىنتىراپلاردىن كۈلگۈسى كېلىۋاتقاندەك سىرلىق ھالەتتە يېگى پەسىل بىلەن ئەسىرالاشتى. ئاشۇ تەۋەككۇلچىلەرنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە گۇساڭلارمۇ خېلى كۆلەمنى ئىگىلەيتتى.

گۇساڭلار بۇ يەرگە كېلىپلا نۇرغۇنلىغان يەرلەرنىڭ ئالىلىبۇرۇن ئىگىلىنىپ كېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، نائىلاج مەيداننى بېسىپ ئۆتكەن جىلىڭ دەرياسىنى بويلاپ چۆللۈككە ئىچكىرىلەشكە باشلىدى. ئۇلار تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ئېگىز پەشتاق ئالدىغا كەلگۈچە ئالىلىبۇرۇن ھالىدىن كەتكەن بولۇپ، بىردەم بولسىمۇ ئارام ئېلىۋېلىشنى ئويلايتتى. ئارقىدىكىلەر ئېغىر پۇشۇلداشقىنىچە، توپ بېشىغا ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. توپ بېشى گۇساڭ ئاكا ئۇلارنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئىچىدە تىللىغىنىچە، ئۇلارنىڭ ئارام ئېلىۋېلىشىغا ئامالسىز قوشۇلغان بولدى، ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم ماڭدى ـ يۇ، توساتتىن ۋارقىرىۋەتتى.

ــــ قىزىل تۈلكە! قاراڭلار، ئالدىمىزدا بىر قىزىل تۈلكە تۇرىدۇ.

گۇساڭلارنىڭ كۆپىنچىسى بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە خېلى قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچنېمىنى كۆرەلمەي، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۆزلىرىنى تاشلاشتى. ساقاللىرى ئىككى چېكىسىگە تۇتىشىپ كەتكەن جوۋ لىتۇڭ قىزىقسىنىپ

سورىدى:

— قېنى، قېنى؟ مەن كۆرمىدىمغۇ؟

— كۆزۈڭ كورمۇ، سېنىڭ؟

گۇساڭ ئاكا يانچۇقىدىن بىر چالمىنى ئېلىپ ئاشۇ تەرەپكە قارىتىپ ئاتقانىدى، لېكىن ئۇ چالما خۇددى تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك تۇيۇقسىزلا غايىب بولدى. دەل شۇ چاغدىلا كىشىلەر چوڭ بىر تاشنىڭ ئۈستىدە مويلىرى پارقىراپ، خۇددى بىر پارچە چوغدەك لاۋۇلداپ، بويىنىنى جىنىنىڭ بارىچە تولغاۋاتقان ھېلىقى قىزىل تۈلكىنى كۆردى. قارىغاندا، چالما ئۇنىڭ بوغۇزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى. بۇرادەرلەر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇشىغا، تۈلكە چالمىنى يۇتەل بىلەن قوشۇپ چىقىرىۋەتتى ـ دە، كۆزدىن غايىب بولدى. كىشىلەر بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، ھەيرانلىق ئىلكىدە پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرى تۈلكە كەتكەن تەرەپكە قادالغانىدى. گۇساڭ ئاكا مەغرۇرلۇق بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. كىشىگە بىر خىل سۆرلۈك تۇيغۇ ئاتا قىلىدىغان بۇ سىرلىق ماكانغا قەدەم قويغان ھەربىر كىشىنىڭ قەلبى ياخشىلىقنىڭ بېشارىتىگە ئەلۋەتتە تەقەززا ! توپ بېشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ بۇ نۇقتىنى ئالللىبۇرۇن ھېس قىلغان. شۇ پەيتتە ئۇ بۇرادەرلىرىنىڭ ۋەھىمە ئىچىدە جىددىيلىشىپ كېتىشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايدۇ ! شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۈرتىنىڭ ناخشىسىنى باشلىدى.

مەن ئۆگەنسەم بولاتتى،
ئاياغ تىكىشنى ئاپامدىن.
يىرتىۋەتكەچ ئاياغنى،
تاياق يېدىم ئاپامدىن...

— غەلىتىلا ئىشقۇ، تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ، ئۇن ـ تىنسىزلا غايىب بولدى دېسە ! ئاسمانغا چىقىپ كەتتىمۇ ياكى

يەرگە كىرىپ كەتتىمۇ، ئۇ مەخلۇق؟

— نېمىگە ھەيران بولىسەن؟ ئەرۋاھ سېنىڭ رايىڭغا باقمايدۇ!

— سېنىڭ رايىڭغا باقسا - ھە! — جوۋ لىتۇڭ ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپ قويدى.

گۇساڭ ئاكا يەنە بىر قېتىم مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى - دە، چوڭ قەدەملەر بىلەن يوغان بىر تاشنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭغىمۇ ھاردۇق يەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۆرىسىدىكى جوتۇنى ئىرغىتىپ تاشلىدى، جوتۇ تاشقا تېگىپ، كۇتۇلمىگەندە، پۇچۇلغان تاش پارچىسى ئۇدۇل كېلىپ ئۇنىڭ پۇتىغا چۇشۇپ، ئاغرىقى مېڭىسىغىلا چىقتى. ئۇ غەزەپ بىلەن تاش پارچىسىنى تېپەي دەپ تۇرۇشىغا، كۆزىگە پارقىراپ تۇرغان بىر نەرسە كۆرۈنگەندەك قىلىپ قالدى - دە، پۇتىنى دەرھاللا تارتىۋېلىپ تاشنى دەسسەپ تۇرۇۋالدى. شۇ دەقىقە كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتكەن گۇساڭ ئاكا دەرھال ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئەتراپتىكىلەرگە نەزەر تاشلىدى. كىيىملىرىنى يېشىپ يېتىشقا تەييارلىنىۋاتقان جوۋ لىتۇڭنىڭ ئۆز سالاھىيىتىگە زادىلا ماس كەلمىگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندەك قىلدى.

— تىرىكلەر ئەمەس، ئۆلۈكنىڭمۇ تۇرغۇسى كەلمەيدىغان بۇ نەس باسقۇر يەردىن ئەجەبمۇ تويدۇم، ھېرىپ ھالىدىن كەتتىغۇ كىشى!

بىرپەستىن كېيىن ئۇ گۇساڭ ئاكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزىيىپ پىچىرلىدى:

— كۆرۈپ قالدىم، — ئۇ گۇساڭ ئاكىنىڭ كۆزىدىكى ئالاقزەدىلىكنى كۆرۈپ گەپنى بۇرىدى، — سېنى شۇ تاپتا تەلۋە قىزلارغا تاشلاپ بەرگۇم كېلىۋاتىدۇ!

— ئۇلار بولمىسا سەن بارغۇ؟ — گۇساڭ ئاكا بىگىز بارمىقى بىلەن باشتا يەرنى، ئارقىدىن ئۇنى ئىشارەت قىلدى.

جوۋ لىتۇڭ يەردىكى توپىنى ئېغىزىغا ئېلىپ چايناشقا

باشلىدى. گۇساڭ ئاكىنىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ ئۇنىڭ كېكىردىكىدىنلا ئالدى ۋە شىددەت بىلەن يەرگە باستى. جوۋ لىتوڭمۇ بوش كەلمەي جوتۇغا قول ئۇزارتتى.

كۈتۈلمىگەن بۇ ئويۇندىن باشقىلار ھاياجانلىنىپ كەتكەندى. چاۋاك ئۇرۇپ ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرەتتى.

— ئۇرە، ئۇر! تېپە، تەپ!

ئۆگىنىپتۇ مېكىجىن سەندەك كۈلۈشنى.
ئۆگىنىپتۇ ئاپشاركا سەندىن چىشلەشنى.
خوتۇنۇڭ چاقىرار ئەرنى قوينىغا،
ئېسىلىپ ئۆلۈشكە تەييار ئارغامچا...

گۇساڭ ئاكا قورققان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، بېلىنى ئېگىپ ئارقىسىغا چېكىندى ۋە چاپىنىنى سېلىپ يەردىكى نەرسىنى قوشۇپ قاماللىدى - دە، ئارقىسىغا قاراپ قاچتى. جوۋ لىتوڭ جوتۇنى تاشلاپ، ئۇنىڭ ئانا - مانىسىنى قوشۇپ تىللىغىنىچە ئارقىسىدىن قوغلىدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق قوغلىشىپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدىگىنىچە مەلۇم بىر قاپتال ئېغىزىغا كېلىپ، بىر - بىرىگە روبىرو بولۇپ ئولتۇردى.

— بىرىمىز يېرىم ئۆلۈشتىن! — جوۋ لىتوڭ جىددىيلەشكەن ھالدا ئۆز تەلپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— ھازىر بۆلۈشسەك قىممىتى قالمايدۇ. ۋىجدان بىلەن گەپ قىلسام، بۇ ئالتۇنلارنى پۇلغا ئالماشتۇرغاندىن كېيىن تەڭ بۆلۈشەيلى. ناۋادا قىزىل كۆزلۈك قىلسام ئۆيۈمگە ئوت قويۇۋەت! — گۇساڭ ئاكا ھېلىقى كېپەك ئالتۇنلارنى سىقىمدىدى.

— بولمايدۇ! — جوۋ لىتوڭ تەرسالىق بىلەن ئۇنىڭغا چەكچەيدى.

— خۇنپەر! ئەقلىڭ دۆمبەڭگە ئۆتۈپ قالدىمۇ سېنىڭ؟

بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا ئەگەشكىنىڭنى كۆرەي.

ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ مېڭىشىغا جوۋ لىتۇڭ ئۇنىڭغا يېپىشتى.

— بۇ يەر ئالتۇن بۆلۈشىدىغان يەر ئەمەس ! — گۇساڭ ئاكا ئۇنىڭغا قاراپ چەكچەيدى.

بۇ چاغدا بوران باشقىدىنلا كۈچەيگەن، ئاسماندا بالقىپ تۇرغان قۇياش نۇرى خىرەلىشىپ، ئالەمنى جۇت باسقانىدى. ئۇلار سەنتۇرۇلۇپ يۇرۇپ، ئېگىز پەشتاققا، ئاندىن پەشتاقنىڭ غەرب تەرىپىدىكى قورقۇنچلۇق، قاراڭغۇ تاش ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بۆلۈشەيلى ! — جوۋ لىتۇڭ ئۆڭكۈر ئېغىزىدىكى گىرانت تاشنى شاپىلاقلاپ قويدى. گۇساڭ ئاكا پىسەنت قىلماي ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى. جوۋ لىتۇڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. هايال ئۆتمەي ئۇلارنى قاراڭغۇلۇق يۇتۇپ كەتتى. بۇ ئەسلىدە قاپقارا يۇمشاق بولۇت ئىكەن. ئۆڭكۈرنىڭ ئىككى تېمىدا قانداقتۇر بىر خىل تۇكلۇك سايە ئۆسۈملۈكلىرى بوككىدە ئۆسۈپ، ئۆڭكۈر ئۆگزىسىگە يامىشىپ، يەنە پەسكە قاراپ ساڭگىلاپ تۇراتتى. پەسكە ساڭگىلىغانلىرىنىڭ تىكىنى جوۋ لىتۇڭنىڭ يۈزىنى جىرىۋەتتى. ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى تېخىمۇ كۆپ يېشىل تىكەنلەرگە جان كىرگۈزۈۋەتكەنمۇ ـ قانداق، تىكەنلەر يىغىلىپ ـ ئۈزىراپ، ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلىپ تۇراتتى. گۇساڭ ئاكا ئاللىبۇرۇن كۆزدىن غايىب بولغان، ھەتتا ئاياغ تىۋىشىمۇ ئاڭلانمايتتى. جوۋ لىتۇڭ ئۆزىنى بىرئاز تۇتۇۋېلىپ ئارقىسىغا داجىدى. ئۇنىڭغا ئەتراپ قۇرۇقتەك بىلىنىپ، دەرھال ئۆڭكۈر تېمىغا يۆلىنىۋالدى. ئەمدىلىكتە قاراڭغۇلۇق ئىلكىدە ئۆڭكۈر تېمى تۇيۇقسىز يېرىلىپ، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ يېرىمى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. شۇ ئان ئۇنىڭغا خۇددى غايەت زور شىلىمشىق بىر تىل ئۆزىنى يالاۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇ قولى بىلەن كۈچەپ تارتىشتۇرغاندىن كېيىن ھېلىقى غايەت زور تىل يېنىك بىر سىلكىندى ـ دە، ئۇنى ئىتتەرگەندەك قىلىپ

سىرتقا چىقىرىۋەتتى. ئۇ دەرھال ئۆمىلەپ قوپۇپ، ھېلىقى قاراڭغۇلۇقتىن بىر ھاياتلىق يولى ئىزدەۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا كىمدۇر بىرىنى بايقاپ قالدى.

— گۇساڭ ئاكا، — ئۇنىڭ يۈرىكى قورقۇنچتىن ئاغزىغىلا تىقىلىپ قالغاندى.

ناتونۇش كۆلەڭگە ئۈندىمىدى. جوۋ لىتۇڭ دەرھال كېلىپ ئۇنى سىلكىشلىدى.

— ئالتۇن، ئالتۇنلاردىن ماڭا بۆلۈپ بەر!

شۇ ئان ئۇنىڭ گېلىنى كۈچلۈك ئىككى قول كېلىپ سىقتى.

— ئالتۇننى نەدىن تېپىۋالدىڭلار؟

دىۋىنىڭكىدەك سۈرلۈك ئاۋاز، ئالۋاستىنىڭكىدەك قورقۇنچلۇق چىرايىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىدا جان قالمىغانىدى. كۆلەڭگە ئۇنىڭ ئۇستىباشلىرىنى تەپسىلىي بىر قۇر ئاختۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئاستا يىراقلاشتى. قورقۇپ ئېسىنى يوقاتقان جوۋ لىتۇڭ خېلى بىرپەستىن كېيىنلا پۇت - قوللىرىغا ئاز - تولا جان كىرگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، پۇتىنى ئاستا يۆتكىدى. لېكىن، تۇيۇقسىز چۈشكەن كۈچلۈك نۇردىن كۆزلىرى قىسىلىپ، قولى بىلەن دەرھال يۈزىنى ئېتىۋالدى. شۇندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىر ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىغا چىققانلىقىنى سەزدى. سىرتتا بوران توختىغانىدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، بۇرادەرلىرىنىڭ بىر توپ ناتونۇش كىشىلەر بىلەن تۇرغانلىقىنى كۆردى - دە، خاتىرجەم بولۇپ يېنىك ئۇھ تارتىپ قويدى. بۇ چاغدا گۇساڭ ئاكا كۆزلىرى پۈلتىيىپ چىققان، دورداي كالپۇك كىشى بىلەن ئىتتىرىشىۋاتاتتى.

— بىز بۇ يەرگە ئۈچ كۈن ئىلگىرىلا كېلىپ بۇ ئۆڭكۈرگە جايلاشقان، — دېدى ھېلىقى كىشى ھەيۋە بىلەن.

— ھىم، بىز ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدىلا بۇ يەرنىڭ غوجىسى ئىدۇق، — گۇساڭ ئاكا ئۇنى ئىتتەرمەكچى بولۇۋىدى، ناتونۇش كىشى كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئۇنى سىلكىۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا

گۈلەيدى.

— ئېلىشماقچىمۇ سەن؟ بىز ۋېيزىلىقلار ئەزەلدىن يېڭىلىپ باقمىغان! مېنىڭ ئىسمىم جاڭ بۇسەن! «ئادەم ئۆلتۈرسەم قىلىچىمنى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق چاپمايمەن» دېگەن مەندە.

«ۋېيزىلىقلار؟ ئۇلار ۋېيزىلىقلار ئىكەن - دە!» گۇساڭ ئاكىنىڭ كۆز ئالدىدا تۇيۇقسىز جىلىڭ تۇزلەڭلىكىدىكى ھېلىقى چىرايلىق قىز نامايان بولدى. ئالتۇن قازغۇچىلار ئۇ قىزنى ۋېيزىلىقلارنىڭ ئويىنىشى دەپ قارايتتى.

— ئېلىشىش - ئېلىشماسلىق مەن ئۈچۈن بەرىبىر، سىلەر پەقەت بۇ يەردىن يوقالساڭلارلا بولدى، — گۇساڭ ئاكا ئۇنىڭغا نەشتەردەك تىكىلدى.

بۇ سۆزدىن جاڭ بۇسەننىڭ قېلىن قاشلىرى لىكىلداپ، گۇرجەك تۇتقان قولى ئىختىيارسىز كۆتۈرۈلدى. ئەتراپتىكى بىر توپ ۋېيزىلىقلار يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. گۇساڭ ئاكا ئارقىسىدىكى ھاڭۋېقىپ تۇرغان بۇرادەرلىرىگە قاراپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

— ھەممىڭ توشقان يۈرەكمۇ؟ بىز ئۇلاردىن خېلىلا كۆپ، نېمىدىن قورقۇشىسەن؟

جاڭ بۇسەن كالپۇكىنى چىڭ چىشلەپ، ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلدى. بۇ چاغدا بىر توپ گۇساڭلىق ئاغزىنى بۇزۇپ، ھەيۋە بىلەن يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. جاڭ بۇسەن ئىختىيارسىز كەينىگە بىرنەچچە قەدەم چېكىنگەچ، ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئۆڭكۈر ئاغزىدا تۇرۇپ تاماشا كۆرۈۋاتقان جوۋ لىتۇڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئەنە، ئەنە، تۇلكە كېلىۋاتىدۇ!

ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىقى تۇلكە بايىقى ھالەتتە نامايان بولدى - دە، جىلىڭ دەرياسى تەرەپكە قاراپ چاپقىنىچە، ئاستا - ئاستا كۆزدىن غايىب بولدى. بۇ ھالدىن جاڭ بۇسەننىڭ يۈرىكى

ھاياجاندىن تىپچەكلەپ كەتتى. چۈنكى، ئالتۇن قازغۇچىلار ئارىسىدا تۈلكىگە ئۇچرىسا ئامەت كېلەر، دەيدىغان كۆزقاراش بار ئىدى. گەرچە ئۇ ھازىر ئاز ـ تولا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يىل چوقۇم تەقدىر ـ پېشانىسىنىڭ ئوڭ كېلىدىغانلىقىغا چىنپۈتمەكتە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاشۇ غايىۋى كۆچىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بۇرادەرلىرىنى باشلاپ دەرھال يولغا راۋان بولدى.

جاڭ بۇسەن ۋېيزىلىقلارنىڭ توپ بېشى ئىدى. توپ بېشى دېگەنلىك ئالتۇن قازغۇچىلار توپىنىڭ غوجايىنى دېگەنلىك ئىدى. بۇ ئاتالغۇ كۆپ ئۆتمەي كاللەك ـ كاللەك ئالتۇنلار ئۆزلۈكىدىن ئالدىڭغا كېلىپ دۆۋىلىنىدۇ، دېگەندەك بىر خىل شېرىن ئۈمىدتىن بېشارەت بېرەتتى. ئۈمىد رېئاللىققا ئايلانسا ئاشۇ ئالتۇنلارنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچىسى مۇقەررەركى، ئەلۋەتتە توپ بېشى بولىدۇ. توپ بېشىنىڭ مۇتلەق قارار چىقىرىش ھوقۇقى بولغاچقا، ئۇ قانداق قىلىشنى خالىسا باشقىلار چىش يېرىپ قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدۇ. دېمەك، توپ بېشى ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولىدۇ، دېگەن گەپ!

ئۇ ئىپتىخارلىق بىلەن كۆلۈپ قويۇپ، ۋارقىرىدى:

— بۇرادەرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى يېتىپ كەلگەندە، ئاندىن ئۇلارنىڭ بوينىنى خۇددى قۇشقاچىنىڭ بوينىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلايمىز!

ئۇلار خۇددى بۇ يەرگە ئالتۇن قېزىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىر قېتىملىق قىرغىنچىلىق ئۈچۈن كەلگەندەك ھېسسىياتتا ئىدى...

گۇساڭلار بىلەن ۋېيزىلىقلارنىڭ زىددىيىتى پەيدا بولغان بۇ ئېگىز پەشتاق ئەسلىدە ئالتۇن پەشتاق دېيىلەتتى. شەرقتىن قارىسا، قىيادەك كۆرۈنىدىغان بۇ پەشتاق دۆۋە ـ دۆۋە تاشلاردىن قوپۇرۇلغان، كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك ھەيۋەتلىككى

بىلەن مەشھۇر ئىدى. قاپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى كۆزلۈك ئۆڭكۈر خۇددى كالا ئالۋاستىنىڭ تۈتۈن چىقىرىۋاتقان بۇرۇن تۆشۈكىدەك ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى. غەربىدىكى تەكشى تۆپىلىك خۇددى ساھىبجامالنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىدەك تاكى جىلىڭ دەرياسىغىچە يېيىلغانىدى. تۆپىلىكتە يەنە ئېغىزى جەنۇبقا يۈزلەنگەن بىر ئۆڭكۈر بولۇپ، ئېغىزىدىكى تاش گەۋدىسى خۇددى ھىلال ئايغىلا ئوخشايتتى. كىچىك بىر جىلغا جىلىڭ دەرياسىدىن تولغىنىپ كېلىپ، بىر ئۇچى ئالتۇن پەشتاققا، يەنى تۈزلەڭلىكتىكى يېرىقچىغا تۇتىشاتتى. گۇساڭلار جاڭ بۇسەننىڭ مۇشۇ يېرىقچىنى تىندۇرۇۋېتىش ئۈچۈن قانچىلىك تەر تۆككەنلىكىنى ھەرگىزمۇ قىياس قىلالمايتتى. ۋېيزىلىقلار ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئون نەچچە كىشىگە جاڭ بۇسەن باشچىلىق قىلغان بولۇپ، قار - مۇزلار ئېرىمەستىلا يولغا چىققان بۇ بىر توپ ۋېيزىلىق بۇ يەرگە كەلگەن تۇنجى تۈركۈمدىكى تەۋەككۈلچىلەردىن بولۇپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ باشقا تەۋەككۈلچىلەرگە ئوخشىمايدىغان تەرىپى شۇ ئىدىكى، ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى ئالتۇن كولاش ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ئالتۇن پەشتاقنى ئىگىلەش ئىدى. يەنە بىر تۈركۈمگە شې مەنتاڭ بىلەن سۇڭ جىنچېڭ مەسئۇل بولغان بولۇپ، كىچىك تىراكتورلارغا پارتلاتقۇچ دورا، كەتمەن - گۈرجەك دېگەندەك كېرەكلىك نەرسىلەرنى قاچىلاپ يولغا چىققان، تېخى بۈگۈن چۈشتىلا ئاندىن ئۇلار بىلەن ئۇچراشقانىدى. لېكىن، ئۇلار بۇ يەرگە ئەمدىلا قەدەم بېسىپ تۇرۇشىغا مەيدان باشقۇرۇش پونكىتىدىكىلەر ئۇلارنى توسۇۋالدى ۋە ئۇلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئاختۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا چىققان جاڭ بۇسەن پارتلاتقۇچ دورىلارنىڭ قاراپ تۇرۇپلا ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇرادەرلىرىدىن پۇل يىغىش قىلىپ، بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى سەپەرۋەر قىلدى ھەممە ئۆزىدىن بىر

يوەن قەرز ئالسا كەلگۈسىدە بەش يۈەن قايتۇرىدىغانلىقى ياكى كېيىنچە ھەسسىلەپ ئالتۇنغا ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىپ، ھەش - پەش دېگۈچە بەش يۈز يۈەن غەملەپ، ئۇنى بايىقى پوزىتسىيەسى ناچار، بېشىدا تاتۇقى بار يىگىتكە تەڭلىدى. لېكىن، شاراقلىتىپ پۇل ساناۋاتقان ھېلىقى يىگىتنىڭ تۇرقىدىن ئۇلارنى قويۇپ بېرىدىغاندەك ئىپادە ئەسلا كۆرۈنمەيتتى. دېگەندەك، ئۇ قولىدىكى پۇلنى ئاز كۆرۈپ، ئۇلارغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلدى. بۇرادەرلەرنىڭ يېنىدا پۇل قالمىغانلىقتىن غودۇڭشىغىنىچە كىيىم - كېچەكلىرىنى رەنىگە قويۇپ تۇرۇشقا كېلىشتى.

— كونىراپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن سىپىسىق نەرسەڭلارغا كىممۇ قاراپ قويسۇن ! — جاڭ بۇسەن ئاغزىنى بۇزغىنىچە، ئۇ يىگىتنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن يېلىندى، — يولداش، قالغىنىنى كېيىنچە ئالتۇن قېزىپ تولۇقلىۋېتەيلى، بىزگە بىر قېتىم ياخشىلىق قىلىپ قويغان بولسىڭىز !

— كىم سېنىڭ يولدىشىڭكەن؟ — يىگىت ئۇنىڭغا گۆلەيدى، — ئادەم كولدۇرلاتساڭمۇ ئادەمگە بېقىپ كولدۇرلات. مېنى كىچىك بالا كۆرۈپ قالدىڭمۇ؟ سەن ئالتۇن تاپقاندا، مەن سېنى نەدىن تاپاي؟ قوي بۇ قۇرۇق گېپىڭنى !

بۇ سۆزدىن ھاقارەت ھېس قىلغان جاڭ بۇسەننىڭ چىرايى قارىداپ، مۇشتۇمى تۈگۈلۈپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە باشقىلار ئۇنىڭ چىشىغا تەگمىسە، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە ئارتۇقچە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالغۇسى يوق ئىدى، لېكىن...

— قول سالماقچىمۇسەن؟

— پۇللارنى قايتۇرۇپ بەر !

— ئالتۇن قېزىش خىيالىڭ يوق ئوخشىمامدۇ؟

— ئاناڭنىڭكىنى...

يىگىت ئەمدىلىكتە ھەيۋىسىنىڭ كېرىكى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، دەرھال چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.

— بۇنچىلىك ئىشقا ئادەم تىلىلاش كەتمەيدۇ، كېيىنكى قېتىم ئالدىمدا مەدەنىيەتلىك بولۇشنى ئۇنتۇپ قالما. ئەمدى يولۇڭلارغا ماڭساڭلار بولىدۇ.

جاك بۇسەن ئۇنى ئاخىر بويسۇندۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يانغا قاراپ كۆچەپ تۇكۇرۇۋەتتى ـ دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى. لېكىن، تۇيۇقسىز تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلار ئارىسىدىن بىرى ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى.

— ھۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان لامزەللە! ئاشۇ پۇللار بىلەن كۆتىمىزنى ئېرتساق ئېرتىمىزكى، ئۇلارغا بېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

بومبا ساقاللىق، يۈزلىرى قىزىل، كۆزلىرى پۇلتىيىپ چىققان بۇ كىشىنىڭ كۆز قىيىقلىرى چېكىسىگە تۇتىشىپ كەتكەن، ئاۋازى جاراڭلىق، مېڭىشلىرى بەردەم، قىياپىتى گويا يولۋاستەك سۈرلۈك ئىدى. ئۇ جاك بۇسەننى ئىتتىرىۋەتتى ـ دە، ھېلىقى يىگىتنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ باردى.

— پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇر!

بۇ ھالدىن يىگىتنىڭ تەنلىرى ئىختىيارسىز جۇغۇلداپ كەتتى. گەرچە ئۇ بۇ ئالتۇن مەيدانىنىڭ قانۇنلۇق باشقۇرغۇچىسى بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق چاغلاردا زىيان تارتىدىغىنى يەنىلا ئۆزى ئىدى. ئۇ ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئالىبۇرۇن جېنىدىن تويغان بىر توپ كۆكەرمىلەر ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، بۇنداق چاغلاردا نېمىنىڭ ھەممىدىن مۇھىملىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ قېشىدىكى ھەمراھلىرىغا بىچارىلەرچە قارىغان شۇ پەيتتە، كىمدۇر بىرىنىڭ ھومىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، سەل دېلىغۇل بولۇپ قالدى. لېكىن، كۈچلۈك بىر قول ئۇنىڭ بېغىشىنى قامالاش بىلەن ئۇنىڭ ئالىقىنى ئېچىلىپ كەتتى. بومبا ساقال پۇلنى ئېلىپ، يۈز يۈەننى ساناپ يانچۇقىغا سالدى ـ دە، قالغىنىنى جاك بۇسەنگە تاشلاپ بەردى.

— كۆپ ئالمىدىم، مېنىڭمۇ خوتۇنۇم بار ئەمەسمۇ!

بومبا ساقال ھاڭۋېقىپ قالغان جاڭ بۇسەننىڭ قولىغا پۇلنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، خۇددى شامالدەك تېزلىك بىلەن يولىغا راۋان بولدى. ئەتراپ تىمتاسلىقتا چۆككەن، ھەممىنىڭ كۆزى ئۇ كەتكەن تەرەپتە ئىدى. بومبا ساقال شۇنچىلىك ئازادە، گويا سامادىكى شۇڭقاردەك شۇنداق ئەركىن ھالدا ئۇلارنىڭ كۆزىدىن يىراقلىماقتا ئىدى. جاڭ بۇسەن ئۆزىنىڭ بايىقى بومبا ساقالدەك تازا ھالقىلىق پەيتتە سۈر - ھەيۋىسىنى كۆرسىتەلمىگەنلىكىدىن ئەپسۇسلانماقتا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئوساللىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بايىقى مەيدان باشقۇرغۇچىلاردىن بىرەرىنىڭ باشقىدىن پوپاڭ كۆتۈرۈپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئىچىدە ئىلاھقا نەچچە يېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار خۇددى يېلى چىققان توپتەك بوشىشىپ، تۇرالغۇسى تەرەپكە قاراپ قۇيرۇقىنى خادا قىلىشقانىدى. ئۇ نائىلاج بېشىنى چايقاپ، ئىچىدە پىچىرلىدى: پۇشايمان قىلىشنىڭ ئورنى يوق. ئالدىمىزدا پۇرسەت دېگەن تېخى كۆپ!

جاڭ بۇسەن بۇرادەرلىرىنى باشلاپ جىلىڭ دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ، بىر پارچە قېيىنزارلىقتا كېلىپ توختىدى. جاڭ بۇسەن سەپكە يېڭىدىن قېتىلغانلارغا ئالتۇن پەشتاقنى گۇساڭلارنىڭ ئاللىبۇرۇن ئىگىلىۋالغانلىقىنى، بىر مەيدان قانلىق ئېلىشىشنىڭ قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدىلا قالغانلىقىنى، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ ھەممىلا جەھەتتىن ئۇلاردىن تەجرىبىلىك ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش ئۈچۈن پولاتتەك ئىنتىزام بولۇش كېرەكلىكىنى، بۇ ئىنتىزامنىڭ بۇرادەرلەردىن چوقۇم ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان مۇستەھكەم ئىرادىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. ئۇلار توپ بېشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قاباھەتلىك كۈنلەرنىڭ باشلانغانلىقىنى ئەنسىزلىك ئىلكىدە ھېس قىلدى.

قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك مۇدھىش قاراڭغۇ كېچە. كېچە

ئاسمىنى بەجايىكى، تىنۋشسىز ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىدەك تىمتاس! لېكىن، ئۇنسىز سوقۇۋاتقان نەچچە يۈز يۈرەك گويا سۇ ئېقىمىدا داۋالغۇپ تۇرغان يالتىراق كۆپۈكچىلەردەك كىشىنى ئۆزگىچە تۇيغۇغا باشلايدۇ. ئېھتىمال شۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تۇغما خاراكتېرىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي بولغان تەرەپلەرنى بايقىغىلى بولار. ئەمدىلىكتە چېكىنىشكە ھېچقانداق باھانىمۇ قالمىغان بۇ سىرلىق باياۋان جاڭ بۇسەن ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىگە ئۆزگىچە كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە گۈزەل باغۇئېرەم ئاتا قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قېيىنزارلىقتىن يولغا چىقىپ، گۇساڭلارنىڭ تۇرالغۇسىغا قاراپ يېقىنلىشىشقا باشلىدى.

گۇساڭلارنىڭ چېدىرلىرى ئالتۇن پەشتاقنىڭ غەربىدىكى قىيالىقتا بولۇپ، خۇددى تۆمۈردىن ياسالغان زەنجىردەك ئالتۇن پەشتاقنىڭ تۈۋىگىچە تۇتىشاتتى. بۇ زەنجىرلەر ئۇلارنىڭ يىمىرىلمەس ئېتىقادىدىن پۈتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرى بىلەن ئالتۇن پەشتاق خۇددى ئالتۇن تەنلىك ساھىبجامالغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

ئاسماندا تولۇن ئاي كۆتۈرۈلۈپ، سېخىيلىق بىلەن كۈمۈش نۇرلىرىنى چېچىشقا باشلىدى. جاڭ بۇسەن ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. ئۇنىڭ قېلىن قوش قاپاقلىرى ئاستىدىكى خۇددى پانۇستەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى ئارقىدا كېلىۋاتقان بۇرادەرلىرىگە تىكىلگەنىدى. ئۇ خۇددى تەجرىبىلىك قومانداندەك قولىنى شىلتىدى ۋە تۆلكىنى دوراپ ھوۋلىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ۋاقىتلىق توختاش پارولى ئىدى، كەينىدىكىلەر كەلگەن يېرىگىلا زوڭزايدى. ھېچكىمنىڭ قاتتىقراق تىنىشىغىمۇ ئىمكانىيەت يوق، كۆزلىرى پەقەت جاڭ بۇسەنگىلا تىكىلگەنىدى. ئۇلار ئەزەلدىن بۇنداق تەڭ قەدەم ھالەتتە مېڭىپ باقمىغانىدى. ۋاھالەنكى، ئالتۇنلۇقنىڭمۇ ئەلۋەتتە ئۆزىگە خاس قائىدە ـ نىزامى بولىدۇ. ئالتۇن قازغۇچىلاردىمۇ بىر خىل ئومۇملاشقان يوشۇرۇن ئىشارەت، بەلگىلەر ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ئادىتى

بولىدۇ. جاڭ بۇسەن قايتىدىن بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ توختىماي قول ئىشارىسى قىلاتتى. قولىنى بىردە سولغا چاپسا، بىردە ئوڭغا سىلكىيتتى. چەمبەر سىزىپ ئارقىدىنلا بوشلۇققا قاراپ مۇشتىنى تۈگەتتى. ئاندىن ئالىقىنىنى ئېچىپ، قولىنى پۇلاڭلىتاتتى. بولۇپمۇ ئالىقانىنى يۇمۇش، دۈشمەننىڭ ئۈۋىسىغا بۆسۈپ كىرىش، دۈشمەننىڭ يۈرىكىگە قادىلىش، گۇساڭلارنىڭ توپ بېشىنى بويسۇندۇرۇش ئۇلار ئۆچۈن ئاللىبۇرۇن يادا بولۇپ كەتكەن ئىشارەتلەر ئىدى. شۇنداقلا ئۆز نۆۋىتىدە ئاشۇ بۇيرۇقنىڭ بالدۇرراق چۈشۈشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلار ئالتۇن پەشتاقتا قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. بىر پەستىن كېيىن جاڭ بۇسەننىڭ يىلپىزنىڭ ئۈنىنى دوراپ ھۇۋلىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ ئارقىدىكىلەر گۇساڭلارنىڭ چېدىرىغا قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى. يەنە بىر يولدىكىلەر دەرھال چېدىرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ۋارقىراپ ھەيۋە كۆرسىتىشكە باشلىدى.

— ئاسمان غۇلاپ، يەر كۆمتۈرۈلدى. ۋېيزىلىق بوۋاڭلار يېتىپ كەلدى. جېنى تاتلىقلار ئەبلەختۇر، جېنىدىن تويغانلار ئالدىغا كەلسۇن. باش ئۇرغانلار ئامان قالار!

ئۇلار شۇ ھالەتتە بىر - بىرىنى دوراپ، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ تىلغا ئالغۇسىز تىللار بىلەن چېدىردىكىلەرنى مازاق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك سۈرەن - چۇقانلىرىدىن چېدىرلار تىترەيتتى. ئىشتان - چاپانلىرىنى چالا كىيىپلا سىرتقا چىققان گۇساڭلارنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتى تولىمۇ كۈلكىلىك بولۇپ، ئۇچرىغانلا كىشىدىن نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى سورايتتى، نېمىلەرگىدۇر پۇتلىشاتتى. گۇساڭ ئاكىنىڭ چىرايى خۇددى ئۆلۈكنىڭكىدەك ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، تەنلىرى توختىماستىن لاغىلداپ تىترەيتتى. ئىچىدە بولسا گۇساڭلار بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ ئالدىدا دەيدىغان مۇنۇ سۆزنى ئەنسىز پىچىرلايتتى: «بوران چىقتى، ئوغرى كەلدى، يولۋاس ئاسماننى يۇتۇپ كەتتى، قازان كۆمتۈرۈلدى! يازدىكى يامغۇر، ئىدىشتىكى

گۆرۈچ، كېلىڭلار، كېلىڭلار، ئەمدىش ئاغزىنى ئېچىۋېلىڭلار...»
گۆساڭلار تولىمۇ كېچىكىپ ئېسىنى تېپىشقانىدى. جاڭ بۇسەن ئۇلارنىڭ يىغلىشىنى كۈتۈپ تۇرمايلا ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشتى، غەلىبە شادلىقى ئۇنىڭ چىرايىغا تېپىپ چىققانىدى. گۆساڭ ئاكا غەزىپىنى باسالماي، چاپىنىنى يېشىپ تاشلاپ، قوينىدىن قىسقا بىر خەنجەرنى سۇغۇرۇۋالدى ـ دە، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرماقچى بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ نەيرىڭىنى جاڭ بۇسەن قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى. خەنجەر ھېلىھەم گۆساڭ ئاكىنىڭ قولىدا پارقىرايتتى.
— جېنىڭنى تىكمەكچىمۇسەن؟ ئەزرائىل ئالدىڭدا تۇرسا يەنە قانداق ئويۇن ئوينىماقچىسەن؟ قارىغاندا ئىت يۈرىكىڭ قاپتەك ئوخشىمامدۇ؟
جاڭ بۇسەن سۆزىنى تۈگىتىپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە قولىدىكى گۆرجەكنى ئويناتقىنىچە دۈشمىنىگە قاراپ ئېتىلدى. ئىككى رەت ئېلىشقاندىن كېيىن گۆساڭ ئاكىنىڭ قولىدىكى خەنجەر تۇيۇقسىزلا چۈشۈپ كېتىپ، باشمالتىقى بىلەن بىگىز بارمىقى ساڭگىلاپ قالدى، گۆساڭ ئاكا بەدىنىنىڭ بىر پارچىسى چۈشۈپ قالغاندەك بولۇپ، ئالدىغا بىر قەدەم ئېلىپلا ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرىدى.
— جېنىمنى تىكتىم، بۈگۈن ساڭا جېنىمنى تىكىپ قويدۇم.
ئويلىمىغان يەردىن جاڭ بۇسەننىڭ ئارقىسىدا پەيت كۈتۈپ تۇرغان شي مەنتاڭ چەبدەستلىك بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى يەرگە بېسىۋالدى ۋە غالىبلارچە ۋارقىرىدى:
— جېنىنى تىكىدىغان گۆساڭلاردىن يەنە بارمۇ؟
گۆساڭ ئاكا ئۇلارغا ھېچبىر يېلىنىپ يالۋۇرمىدى، قارشىلىقمۇ كۆرسەتمىدى. بۇنداق پەيتتە ھەرقانداق غەيرىي ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتى جانغا بېرىپ تاقىلىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايدىڭ ئىدى. ئەكسىچە جاڭ بۇسەننىڭ قارشى بويىچە

ئۇنىڭ قارشىلىق كۆرسەتمەسلىكى چوقۇم بېلىنىپ يالۋۇرۇشتىن دېرەك بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ شى مەنتاڭنى ئىتتىرىۋەتتى ۋە گۇساڭ ئاكىغا دېدى:

— جېنىمنى ساقلاپ قالاي دېسەڭ، ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشما، ئېلىشىش بولغانىكەن، هامان قان تۆكۈلۈش بولىدۇ.

جاڭ بۇسەن گېپىنى تۈگىتىپلا شى مەنتاڭنى باشلاپ باشقا گۇساڭلارنى قوغلاپ كەتتى.

ۋېيزىلىقلارنىڭ سۈرەن - چۇقانلىرى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. تىمتاس كېچە بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا لەرزىگە كېلىپ، گۇساڭلارنىڭ نالە - پەريادلىرى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. ۋېيزىلىقلار بولسا ئۆز غەلىبىسىدىن قاقاهلاپ كۈلەتتى. تۆمۈر قوراللارنىڭ بىر - بىرىگە قاتتىق ئۇرۇلغاندىكى سۈرلۈك ئاۋازلىرى، مۇشت - پەشۋانىڭ زەربىسىدىن ۋايساشلار ئادەمنىڭ يۈرىكىگە سانجىلاتتى. بوي بەرمىگەن گۇساڭلار ئەمدىلىكتە پەشتاق يېنىغا قاپسىلىپ قالغان، چېكىنىش يولى قاراملىقتا هەددىدىن ئاشقان بىر توپ ۋېيزىلىقلار تەرىپىدىن ئۈزۈپ تاشلانغانىدى.

ئۆلتۈرۈش، چېپىش باشلانغان شۇ پەيتتە، ئاسماندىن سارقىغان بىرنەچچە يۇلتۇز ئاپپاق ئىز قالدۇرغىنىچە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولدى. باياۋانغا تۆكۈلگەن قان چىپار داغ بولۇپ قاتماقتا ئىدى. جاڭ بۇسەننىڭ يۈزىدىكى قورۇقلار ئاشۇ قاباهەتلىك مىنۇتلاردا تېخىمۇ تېرەنلەپ، كۆزلىرى يۈلتىيىپ، ياڭاق سۆڭىكىدىكى تېرىلەر پۈرلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ كىمنىڭدۇر چاپقان جوتۇسىنىڭ ئىككى گۇساڭ يىگىتنىڭ بېشىغا دەل تېگىپ تۆشۈك ئېچىۋەتكەنلىكىنى كۆردى. هاياتلىق جان تالىشىۋاتقان ئاشۇ دەقىقىلەردە، تەندىن ئاجراۋاتقان روھ زېمىننىڭ مېھىرلىك تارتىش كۈچىنىڭ قۇدرىتى بىلەن جەسەت ئەتراپىدا ئايلانغاچ «بىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىن !» دەپ ئىلاهقا ئىلتىجا قىلىۋاتاتتى. بۇ

مەۋھۇم ئاۋاز جاڭ بۇسەننىڭ قەلبىگە توساتتىنلا تەسىر قىلىپ، خۇددى ئۆزىنى تەڭرىنىڭ ۋاكالەتچىسىدەك باشقىلارغا ھاياتلىق ياكى ماماتلىق يولى بېرەلەيدىغان تۇيغۇ بىلەن قاتتىق بىر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇرۇشنى توختىتىش توغرىسىدا كۇچەپ تۇرۇپ بەلگە بەردى.

— ۋۇ... ئا، ۋۇ... ئا، ئا...

كىشىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق پەريادلىرى، بايىقى قالايمىقان، قورقۇنچلۇق تىۋىشلار پەسىيىپ، كېچىنىڭ ئىلگىرىكى تىمتاسلىقى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. مانا شۇنداق توساتتىنلا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، تېزلا ئاخىرلىشىش بۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇقتىكى يۈز بەرگەن ئۇرۇشلارنىڭ خاراكتېرى ئىدى. ۋېيزىلىقلار قوغلاشتىن توختاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بىچارە گۇساڭلار يەنىلا قېچىۋاتاتتى. جاڭ بۇسەنگە شۇنىسى ئېنىقكى، ھەددىدىن ئاشقان قىرغىنچىلىق كىشىنىڭ زېھنىنى خورىتىش، شۇنداقلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن باراۋەر ئىدى.

يەنە بىر ئالتۇندەك تاڭ زېمىنغا قۇچاق ئاچقانىدى. ئالتۇن پەشتاقنىڭ قاپتىلىدا گۇساڭلارنىڭ قالدۇق نەرسىلىرى، يەنى گۇرجەك، جوتۇ، پىچاقلار بىلەن نابۇت قىلىۋېتىلگەن چېدىر پارچىلىرى، چېچىلىپ ياتقان كىيىم ـ كېچەكلەر، چېقىۋېتىلگەن قازان ـ چۆمۈچلەر، چېچىۋېتىلگەن ئاق ئۇنلار، قالايمىقان تاشلىۋېتىلگەن ئالتۇن قېزىش ئەسۋابلىرى ھەممىلا يەردە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. رەڭگى ئۆزگىرىپ، ئۇيۇپ قالغان قان داغلىرى ھەممىلا يەرگە يېيىلغان، خۇددى قانلىق ھۆسنخەت كەبى ۋەھىمىلىك تۇيغۇ بېرەتتى. ئاشۇلارنىڭ ئارىسىدا گۇساڭ ئاكىسىنىڭ ئۇزۇلگەن بارماقلىرىمۇ بار بولۇپ، جاڭ بۇسەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، بارلىق نەرسىلەر ئارىسىدا پەقەت ئاشۇ بارماقلارنىڭلا قىممىتى ھەممىدىن يۇقىرى ئىدى. ئۇ ئىنچىكىلەپ قارىغانىدى،

كۆزىگە بارماقلار تېخى جېنى بارادەك، بەزىدە سەكرەپ ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.
توغرا، ئۇ ئەجدادلىرىغا ھەمدۇسانا ئوقۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ بىر خىل چۈشكۈنلۈك بىلەن. ھەرقانداق كىشىنىڭ ئەجدادى بولىدۇ، ھەرقانداق كىشى ئەجدادلىرىنىڭ روھىدىن ھېيىقىدۇ. گۇساڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئەجدادلار روھىمۇ مۇقەددەس ۋە نوپۇزلۇقتۇر. ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ بارلىق بەخت ـ ئامىتى مەڭگۈ ئەجدادلار روھىنىڭ مەدىتىدىن ئايرىلالمايدۇ.
ئۇ ھودۇقىقىنىچە ئەتراپقا قارىغانىدى، كۆزى تۇيۇقسىز گۇساڭلارنىڭ مەرمەر تاشتىن ياسىغان نەزىر سۇپىسىغا چۈشۈپ قالدى. نەزىر سۇپىسى ياساش ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ مۇقەددەس ئەنئەنىسى. ئۇلار نەزىر سۇپىسىنى پەشتاقنىڭ غەربىي قاپتىلىغا شېغىل تاشلاردىن تىزىپ ياسىغان بولۇپ، زادى قايسى شەكىلگە تەقلىد قىلىپ ياسالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ناۋادا شەرق شامىلى چىقسا ئۇ ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە ئىككى قاتلىناتتى. غەرب شامىلى چىقسا ئۇ كۆپۈنگۈ ھالەتتىكى سانسىزلىغان قىرلىق، ئايلانما چاسىلىق پەلەمپەي شەكلىگە ئۆزگىرەتتى. تومان ئاستا تارقىغانلاردا، نەزىر سۇپىسىنى بىر خىل غۇۋا مەنزىرە ئۆز ئىلكىگە ئالاتتى. شەپقەتلىك ئەجدادلار روھى ئاشۇ ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان تومانلار ئارىسىدا نامايان ئىدى. جاڭ بۇسەننى ساراسىمىگە سېلىۋاتقىنى ئەنە شۇ كۆرگىلى ياكى تۇتقىلى بولمايدىغان نەرسىلەر ئىدى، بەزىدە ئۇ نەرسىلەر ئاللىنېمىلەرگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ئىچىنىڭ بىر يەرلىرىدە كولىۇۋاتقاندەك، بەزىدە ھەسرەتلىك يىغلاۋاتقاندەك تۇيغۇلارنى بېرەتتى. ئاشۇ ھەسرەتلىك يىغا ئاۋازى ئۇنىڭغا ئەڭ قورقۇنچلۇق ۋەھىمە گۇساڭلارنىڭ قايتىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئۆچ ئېلىشى بولماستىن، بەلكى ئالتۇن پەشتاقنى ھېلىھەم ئىگىلەپ تۇرغان گۇساڭلارنىڭ ئاشۇ ناتونۇش ئەجدادلىرىنىڭ روھى ئىكەنلىكىنى

پىچىرلايتتى. بىر يەردە ھەرگىزمۇ ئىككى تائىپىنىڭ ئەجداد روھىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئەسكە سالاتتى. ۋۇجۇدىنى قورقۇنچلۇق سۇر باسقان جاڭ بۇسەن دەرھال غەرب تەرەپتىكى تاش ئۆڭكۈرگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۆڭكۈر ئىچى خىلىلا يورۇق، ئۆڭكۈر تېمىدىكى ھېلىقى غەلىتە ئوت ـ چۆپلەر كىچىككىنە گۈلخان ئىچىدە تولغىنىپ كۆيۈۋاتاتتى. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگىرەك جايلاشقان، ئىلگىرىكىلەردىن نۇسخا ئېلىپ ياسالغان، مۇقەددەس تاختا قويۇلغان سۇپا ئالدىغا ئولتۇرۇپ، شۇ سۇپىنىڭ ئاستىغا ئەسكى ـ تۇسكىلەر دۆۋىلەپ قويۇلغان، بۇرادەرلەرنىڭ ياشقا چوڭراقلىرى سۇپا ئۈستىدە، ياشلار تۆۋەنگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ قائىدە نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ئەجدادلار تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئىكەن.

ئۇ ئادىتى بويىچە، ئەتراپنى بىرپەس كۆزەتكەندىن كېيىن شۇ مەنتاك بىلەن سۇك جىنچىپكىنى چاقىرىپ، گۇساگلارنىڭ ئەجداد روھىنى قوغلىۋېتىش ئىشىنى مەسلىھەتلەشتى. ئۇلارنىڭ قارارى بويىچە بۇ ئىش بولۇتلۇق پەيتتە ئېلىپ بېرىلماقچى بولدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قىياسىچە، مانا مۇشۇنداق چاغلاردىلا گۇساگلارنىڭ ئەجداد روھى تەگرىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىدىن مەھرۇم قېلىپ، كۆكتە پەرۋاز قىلالمايتتى. ساقلاپ تاقىتى تاق بولۇپ كەتكەن ۋېيزىلىقلار تاكى گۇساگلارنىڭ ئېچىرقاپ كەتكەن ئات ـ ئۇلاغلىرى ھالسىز تېپچەكلەپ، جىلىڭ دەرياسى تەرەپكە بويۇنداۋاتقان، ئاسماندىكى قويۇق بۇلۇتلار تاڭ شەبنەمى ئۈچۈن گىياھلارغا نەملىك ئاتا قىلىۋاتقان مىنۇتلارغىچە تاقەتسىزلىك بىلەن ساقلاپ، ئاخىر بۇيرۇق بويىچە ئالتۇن پەشتاقتا قاراپ ئاستا يېقىنلاشتى. دەل شۇ پەيتتە جاڭ بۇسەننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەي، گۇساگلارنىڭ ئەجداد روھى، سۇندى پۇت ۋە قولۇڭلار! بۇ زېمىندىن ياخشىسى ئەۋلادلىرىڭلارنى قوغلاڭلار!

ئۇ بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ ۋارقىرىغاندىن كېيىن

شي مەنتاڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئون نەچچە تەلۋە گۈساڭلارنىڭ ھېلىقى نەزىر سۈپىسىنى ئۆرۈپ تاشلىدى. بۇ جەھەتتە ئۇلار ئالدى بىلەن ھۆرمەت شارابى تۇتۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىگىمۇ، ئەرۋاھلارغىمۇ تەسەللى بېرىپ ئىشنى چىرايلىقچە يىغىشتۇرماقچى بولغانىدى. جاڭ بۇسەننىڭ ناخشىسى يەنە ياڭراشقا باشلىدى.

قىش كۈنلىرى ئەرۋاھلار مۆكۈنىدۇ كۆلبىگە،
يازدا ئۇلار ئازادە پەرۋاز قىلار ئەرشتە.
كۈز كۈنلىرى يايلاقلار مال ـ چارۋىغا لىق تولار،
دەريا ـ ئېقىن چىللايدۇ بولۇپ سېخىي پەرىشتە.

باشقىلار قولىرىدىكى كەتمەن، گۈرجەك، جوتۇلىرىنى ئۇنىڭ ناخشىسىغا ماسلاشتۇرۇپ پۇلاڭلىتاتتى. دېمەك، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا كۆزلىرىدىن ياۋۇزلۇق چاقناپ تۇرغان ۋېيىزىلىقلار ئەمدىلىكتە بىر توپ تەقۋادار پىرىخونلارغا ئايلانغانىدى. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا قورقۇپ ھالى قالمىغان گۈساڭلارنىڭ ئەرۋاھلىرى چاڭ ـ توزان توزۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قورشاۋىنى بۆسۈپ چىقىپ، شاماللارغا ئەگىشىپ قۇيرۇقلىنى خادا قىلغانىدى.

— قاچتى، قاچتى، قېچىپ كەتتى! — سۇڭ جىنچېڭ غالىبلارچە ۋارقىرىدى.

— ئەنە، ئاۋۇ تەرەپكە قاراپ قېچىۋاتىدۇ، — جاڭ بۇسەننىڭ ھاياجىنى چىرايىغا تېپىپ چىققان بولۇپ، شۇ پەيتتە ئۇ قايسى تەرەپنى كۆرسىتىپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنىمۇ تازا ئېنىق ئىلغا قىلالمايتتى.

ئۇلار قولىرىدىكى بايىقى نەرسىلەرنى ھە دەپ پۇلاڭلىتاتتى، ئاياغ ئاستىنى چېپىپ تىلغايتتى. جاڭ بۇسەننىڭ بايىقى ئىشارىتى بىلەن ئۇلار يېقىنلا يەردىكى تېخى باشقىلارنىڭ ئايىغى تەگمىگەن بىر بوش يەرگە يىغىلىپ، قالغان زېھىن ـ قۇۋۋىتىنى

مۇشۇ يانتۇ تۆپىلىككە مەركەزلەشتۇردى. كېچە ئاسمىنىنى چاڭ ـ توزانلار قاپلىغان، بارچە مۇقەددەس نەرسىلەر بۇزۇپ تاشلانغان، لېكىن گۇساڭلارنىڭ ئەرۋاھى چانىلىپ كەتكەن بولماستىن، بەلكى يەر ئاستىغا كىرىپ كەتكەنىدى. ۋېيزىلىقلار مۇشۇ قاراشقا ئىشىنەتتى، چۈنكى ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەرۋاھلىرىنىڭمۇ باشقىلار تەرىپىدىن چاناپ تالىقان قىلىۋېتىلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى.

تاڭ ئاتتى. جىلىڭ دەرياسى يەنىلا شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتاتتى. لېكىن، كىشىنىڭ ئالدى بىلەن دىققىتىنى تارتىدىغىنى يەنىلا قۇياش نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرغان يېڭى نەزىر سۇپىسى ئىدى. سۇپىدا ئەجدادلار روھىغا، شۇنداقلا تەقدىرگە سىمۋول قىلىنغان چىپار گىرانت تاش ئادەمنىڭ بېلىگىچە ئېگىزلىكتە جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تەكشىلىكتىكى چاسا شەكىللىك بۇ نەزىر سۇپىسىنىڭ قۇرۇلمىسى مەيلى كۈنگەي ياكى تەسكەي تەرەپلىرىنىڭ لايىھەلىنىشىدىن بولسۇن ۋە ياكى سىپتا، كۆركەملىك جەھەتتىن بولسۇن، ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىدى. ۋېيزىلىقلار ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يات قەبىلىلەرنىڭ ئەجدادلىرىدىنمۇ يۇقىرى مەرتىۋىگە، سۇر ـ ھەيۋىگە ئىگە ئىكەنلىكىگە شەرتسىز ئىشىنەتتى. بولمىسا ئۇلار بۇ نەزىر سۇپىسىنى بۇنچە ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم ياساپ نېمە قىلىدۇ، دەيسىز؟

— جىنچىراغ ياقسۇن! — ھاياجاندىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن جاڭ بۇسەن سەرەڭگە چاقتى.

جىنچىراغ بولمىسا نەزىر قىلغىلى بولمايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ئالتۇنچىلار جىنچىراغ يېقىشنى مۇشۇك چاقىرىش، دەپ ئاتايتتى. چۈنكى، «چىراغ» بىلەن «دەسسەش» ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزىدا ئاھاڭداش سۆزلەر بولۇپ، بىر قەدەم بىلەن بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيتتى. چاشقان تۇتۇش مۇشۇكنىڭ تەبىئىتى! ئالتۇن گويا چاشقاندۇر، چاشقان تۇشۇكنى

كۆرسىلا ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئەقىل ئىشلەتكەندە ئۇنى قولغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ. ئالتۇن قازغۇچىلار ئۆزلىرىنى بەئەينى ئاشۇ سۆيۈملۈك ۋە ئەقىللىك مۈشۈكلەرنىڭ دەل ئۆزى دەپ قارايدۇ!

جىنچىراغقا نەچچە رەت سەرەڭگە يېقىلغان بولسىمۇ، يەنە ئۆچۈپ قېلىۋاتاتتى. بۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس ئىدى. ئالتۇنلۇققا دەسلەپتە كەلگەن بۇرادەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى خۇشاللىقتىن ھوشىنى يوقىتىپ قويغان، تەقەززالىق ئىلكىدە دەسلەپكى ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ئاللىبۇرۇن ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشقانىدى.

— قېچىرنىڭ ئەيۋەشكە كەلمىگىنى چۈلۋۈردىكى گەپ. چىراغنىڭ پىلىكىنى ئۇزۇنراق چىقىرىپ سىناپ كۆرمەمسەن!

بۇرادەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ پىكىرنى قوللاۋاتاتتى. لېكىن، جاڭ بۇسەن سەرەڭگىنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە، ئۇلارغا قاراپ ئالىيىۋەتكەندىن كېيىن سەرەڭگىنى تاشلىۋەتتى. بۇ تۇيۇقسىزلىقتىن چۆچۈپ كەتكەن لىيەن شى ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتى.

ھاڭۋاقتى ۋاڭ رېنخۇۋ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن سورىدى:

— نېمە بولدى؟

— ئۇ مۈشۈكنى خاتا چاقىرىپ قويغان ئوخشايدۇ! — سۆك جىنچېڭ چۈشەنچە بەردى.

ئەتراپتىكىلەر شۇندىلا يېنىك تىنىپ قويۇشۇپ ئۆز جايلىرىغا قايتتى. ئەتراپنى كۆزەتكەچ نەزىر سۈپىسىنىڭ ئالدىدا يالغۇز قالغان لىيەن شىنىڭ يۈرىكى تۇيۇقسىز ئاڭلانغان قورقۇنچلۇق غەيرىي بىر ئاۋازدىن قارتلا قىلىپ قالدى.

پەرھىزنى بۇزغانلار ھامان جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ، يېنىك بولسا راسا دۇمبالىنىدۇ ياكى قوغلىنىدۇ. ئەڭ يېنىك جازالانغانلىرى نەزىر سۈپىسى ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، جىنچىراغنىڭ گۇۋاھلىقىدا ئەجدادلاردىن گۇناھىنى تىلەيدۇ.

لیەن شی گۆپلا قىلىپ تىزلاندى. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى جاڭ بوسەننىڭ كەڭچىلىك قىلىپ، ئۆزىنى ئىپتىر جازادىن ساقىت قىلىۋېتىشى ئىدى. بىچارە لیەن شىنىڭ خىيالىمۇ باشقا ئالتۇنچىلاردەك پەقەت ئالتۇن قېزىپ پۇل تېپىپ، تورمۇشلۇق بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئىنى ـ سىڭىللىرىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش ئىدى. دېمەك، مۇشۇنداق ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان لیەن شى ناۋادا تۈپتىن قوغلىنىپ كەتسە، بۇ ھال خۇددى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆلتۈرگەنلىك بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇ ۋەھىمىلىك خىياللار ئىلكىدە ئۇ تۇيۇقسىز جاڭ بوسەننىڭ كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلىپ، دەرھال ئارقىغا بۇرالدى. جاڭ بوسەن ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشكە ئىشارەتلەۋاتاتتى.

— بولدى سالاۋات. تىكەننى ئېلىۋەتمىسەڭ، پۇتۇڭنىڭ ھالىغا ۋاي ! ئەجدادلار روھى سېنى كەچۈرۈۋەتكەي. لېكىن، باشقىلارنىڭ ئاغزىنى ئېتىش ئۈچۈن بولسىمۇ ساڭا بىرەر جازا بەرمىسەم بولمايدۇ. سەن بېرىپ ئوتۇن كېسىپ كەل !

جاڭ بوسەن دەريا قېتىدىكى قېيىنزارلىقتا بويۇنداپ قاراپ قويدى. شى مەنتاڭ ئېغىر بىر تىنىپ قويۇپ، لیەن شىنى يۆلەپ قوپقۇزۇپ، بېلىدىكى ئورغاقنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئەجدادلار روھى ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان نەزىر ـ چىراغ تائاملىرىنىڭ يېقىلغۇ ئىشلىرىغا ئەسلىدە ئۇ مەسئۇل ئىدى. خۇشاللىقتىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتكەن لیەن شى ئىش بېشىغا بېشى يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ سالام قىلدى. جاڭ بوسەن ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۈلكىسىنى كۈلكىدىن كۆرە يىغىغا ئوخشايدۇ، دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئەمەلىيەتتە لیەن شىنىڭ گۇناھىنى ئۇنچىمۇ ئېغىر دەپ كەتكىلى بولمايتتى. ئەكسىچە ئۇلار لیەن شىنى ئوتۇن كەسلەپ كېلىشكە مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ناۋادا لیەن شى ئورماندىن قايتىپ كېلەلمىسە، گۇساڭلارنىڭ ھېلىھەم ئورمان

ئەتراپىدا ئالتۇن سۇپىنى كۆزىتىپ قايتۇرما ھۇجۇم ئۇچۇن پۇرسەت كۇتۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايتتى.

بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن بەللىرى پۇكۇلۇپ كەتكەن ليەن شى ئىككى ئېشەكنىڭ يۈكى كەلگۈدەك ئېغىرلىقتىكى ئوتۇننى يۈدۈپ ئېغىر پۇشۇلدىغىنىچە قايتىپ كەلدى ۋە ئىش بېشىغا قاراپ خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى. سۇڭ جىنچېڭ دەرھال بېرىپ ئۇنىڭ ئوتۇن چۈشۈرۈشىگە ياردەملەشمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئۇ يەلكىسىدىكى ئوتۇننى ئۆڭكۈرنىڭ قېشىغىلا ئاپىرىۋېتىدىغان ئەلپاز بىلەن ئۆزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇردى ـ يۇ، بىرنەچچە قەدەم ماڭمايلا بىرنەرسىگە پۇتلىشىپ كېتىپ، يەرگە دۈم چۈشكەن بىلەن تەڭ، يەلكىسىدىكى ئوتۇن ئۇنى بېسىۋالدى. جاڭ بۇسەن بىلەن سۇڭ جىنچېڭ دەرھال بېرىپ ئوتۇنلارنى نېرىغا تاشلاپ ئۇنى تەستە تارتىپ چىقاردى.

— ئالتۇن بولمىغاندىن كېيىن ئازراق يۈدۈپ كەلسەڭ بولمامدۇ؟

گەپىنىڭ مەنىسىنى ئاڭقىرالمىغان بىچارە ليەن شى توپ بېشىدىن دەرھال سورىدى.

— يەنە ئەكېلەيمۇ؟

— ئەنسىرەپ كەتمىگىن، توپ بېشى سېنى ھەرگىز قوغلىۋەتمەيدۇ، — سۇڭ جىنچېڭ جاۋاب بەرگەچ جاڭ بۇسەنگە قاراپ قويدى.

توپ بېشى ئۇنىڭ سۆزىنى باش لىڭشىتىپ تەستىقلىغاچ، توساتتىن سورىدى:

— قېيىنزارلىقتا بىرەر غەيرىي شەپە سەزمىدىڭمۇ؟

— سەزدىم، بىر ياۋا توشقان بىر توپ قۇشقاچنى ئۈركۈتۈپ ئۇچۇرۇۋەتكەنىدى، قورقۇپ كەتتىم.

— قۇشقاچلار جىقمىكەن؟

— بەكلا جىق ئىكەن.

— ياۋا توخۇ بارمىكەن؟
— پەقەت چىپار توخۇدىن بىرنىلا ئۇچراتتىم.
— نېمە ئۇچۇن ئۇنى ئوۋلىۋالمىدىڭ؟
— قورال ئېلىۋالماپتىمەن.
— قورالىڭ قېنى؟ چاشقانلارغا تارتقۇزۇپ قويمىغانسەن؟

جاڭ بۇسەن قاقاھلاپ كۈلگىنىچە ئۇلاردىن يىراقلاشتى. سۇڭ جىنچېڭ ئۇ كەتكەن تەرەپكە قاراپ ھومىيىپ قويدى.

بۇ ھالدىن ھېچنېمىنى ھېس قىلالمىغان ليەن شى ئالدىراپ سورىدى.

— نېمە بولدى؟
— كېرەك يوق، بۇنىڭدىن كېيىن ئېھتىيات قىلىپ يۈر. مۆرىتى كەلگەندە گاس ـ گاچا بولۇۋېلىشنى ئۆگىنىۋېلىشمۇ ياخشى ئىش! — سۇڭ جىنچېڭ توپ بېشىغا يېتىشىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىياسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، — مېنىڭچە، قېيىنزارلىقتا گۇساڭلار چوقۇم بار!
— ليەن شى ئۇلارنى بايقىماپتۇغۇ؟
— مەنمۇ شۇنىڭغا ھەيران.
— قارىسىغىلا ھودۇقۇپ يۈرمەيلى.

گەرچە جاڭ بۇسەن بۇ سۆزنى خاتىرجەملىك بىلەن قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلى يەنىلا بىسەرەمجان ئىدى.

— گۇساڭلار قورقۇپ قېچىپ كەتتى. ئەمدىلىكتە بۇ يەرنىڭ غوجىسى بىز. سەن خۇشال يۈرسەڭ باشقىلارمۇ يۈرەكلىك يۈرىدۇ. مۇبادا لۇ قىزچاق بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا چوقۇم خۇشال بولۇپ كېتىدۇ!
— لۇ قىزچاق؟ — جاڭ بۇسەننىڭ يۈز تېرىلىرى تارتىشىپ كەتتى.

سۇڭ جىنچېڭدەك باشقىلارنى گول قىلىپ ئوينىتىشقا ئۇستا، لېكىن كىشىنىڭ كۆڭلىنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇتالايدىغان بۇنداق كىشى ئادەمنى قانچە بىزار قىلسىمۇ،

ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغۇسى كەلمەيدۇ. توپ بېشى ئۇنىڭ سۆزىدىكى يوشۇرۇن ئاگاھلاندۇرۇشنى ھېس قىلدى بولغاي، دەرھال ئۇنىڭدىن ياندۇرۇپلا سورىدى:

— سېنىڭچە گۇساڭلار مېنىڭ ئۆچۈمنى ئۇنىڭدىن ئالارمۇ؟

— مېنىڭچە ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس.

ئىككىنچى باب

# لۇ قىزچاق

قىرغىنچىلىق ئاخىرلىشىپ گۇساڭلار ھوشىنى تاپقۇچە، گۇساڭ ئاكا قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ، غىپپىلا قېلىپ توپتىن ئايرىلدى. ئۇنىڭدىن خۇددى سايىدەك بىر قەدەممۇ ئايرىلمايدىغان جوۋ لىتۇڭمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاپ بېسىپ كېلىۋاتاتتى. ئېھتىمال ئۇنىڭ دەل مۇشۇ پەيتتە توساتتىن غايىب بولۇشىمۇ ئالتۇنلۇقنىڭ ئەمىنلىكى ئۈچۈن بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس! چۈنكى، ئۇ بۇرادەرلىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ يارىلىنىپ مۇشۇنداق ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئالتۇنلۇقنىڭ نېنىنى يەپ كېلىۋاتقان ھەرقانداق بىر كىشى خىيال قىلىشنىمۇ ھەرگىز خالىمايدىغان ئاشۇ بالايىئاپەتنى قايتا كۆرۈشنى خالىمىغانىدى. شۇنداق، بۇ دەل ئۇنىڭ بۇ يەردىن دەرھال ئايرىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب، ئەلۋەتتە!

ئۇلار جىلىڭ دەرياسى ئېقىنىنى بويلاپ، ئالتۇن پەشتاق يېنىدىكى ئۆڭكۈرگە ئوخشاش قاراڭغۇلۇق ئىلكىدىكى سۇ غارىغا كېلىپ يوشۇرۇندى. گۇساڭ ئاكا دەرھال ئوڭ قولىدىكى يارا ئېغىزىنى يۇيۇپ تازىلاپ، سۆسۈن رەڭدىكى دورىلىق ئۆسۈملۈك يوپۇرمىقى بىلەن ئورىۋالدى. ئاشۇ دورىلىق ئۆسۈملۈك تەڭرىنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان يەنە بىر كارامىتى بولۇپ، قاننى توختىتىپ، ئاغرىقنى پەسەيتىپ، ئىششىقنى قايتۇرۇپ، ياللۇغلىنىشنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. ئۇلار ئىشلىرىنى تۈگىتىپ،

ئاز ـ تولا ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن يولىغا راۋان بولدى. ئۇلار ئاخىر جىلىنىڭ تۈزلەڭلىكىگە يېتىپ كەلدى. بۇ تاڭغۇت ئالتۇنلۇقنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرى ئىدى. بىرنەچچە رەت كونا تاش ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئالتۇنلۇقنى باشقۇرۇش پونكىتىدىكىلەر ئولتۇراتتى. ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، بەزىلىرى خۇسۇسىيلار ئىلكىدىكى دۇكانلار بولۇپ، ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئىچىملىك، چېكىملىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. تاش ئۆيلەردىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا، قىش ـ ياز كۆكىرىپ تۇرىدىغان شەمشادلىق قەد كۆتۈرۈپ تۇرسا، جىلىنىڭ دەرياسىغا يانداشىپ بىر كونا ئۆي قىيسىيىپ تۇراتتى. بۇ ئۆي شەرقتىن غەربكە قارىتىپ سېلىنغان بولۇپ، خۇددى قېرىلىق ۋە ئاغرىق ئازابىدىن بېلى مۈكچىيىپ قالغان قېرى بوۋاينىڭ ھارغىن تۇرقىغىلا ئوخشايتتى. ئۆي غوجايىنىنىڭ ئۆينى تۈزەشتۈرۈپ ئولتۇرمىغانلىقىدىن قارىغاندا، ئېھتىمال ئۇنىڭ بۇ ئۆيدە ئۇزاق تۇرغۇسى يوقتەك قىلاتتى. بۇ ئۆينى ئەسلىي ئالتۇنچىلار سالغان بولۇپ، ئۆيدە ئالتۇنچىلارغا ھەمراھ بولۇشنى خالاپ كەلگەن خوتۇنلار ئولتۇراتتى. بۇ خوتۇنلارنىڭ بەزىلىرىنى توپ بېشىلىرى ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ياللىۋالغان بولسا، بەزىلىرىنىڭ مۇقىم ئوينىشى يوق، پەقەت ئالتۇنچىلارنىڭ يانچۇقىغا قاراپ ئىش تۇتىدىغان ھەزىلكەش خوتۇنلار ئىدى. ئۇلار ئەنە شۇ مەقسەت ئۈچۈن قارشى تەرەپكە ھەممىنى بېغىشلىيالايتتى. شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى سۆزسىز قوبۇل قىلالايتتى. ئۇلار ئالتۇنلۇق ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان بىر تائىپە بولۇپ، شەھۋەت ئوتىدا ئېچىرقاپ كەتكەن ئالتۇنچىلارنى ھەر ـ ھەر كويلارغا سېلىپ، ئالتۇنلۇققا ئەنە شۇنداق ئۆزگىچە مەنە ئاتا قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئېھتىمال ئالتۇننىڭ ئاشۇ سېھىرلىك كۈچىدىن بولسا كېرەك، ئالتۇنلۇقنى باشقۇرۇش پونكىتىدىكىلەرنىڭمۇ ئۇلار بىلەن كارى يوق ئىدى.

جىلنىڭ تۈزلەڭلىكى بىلەن ئالتۇنلۇقتىكى تاڭغۇت چوڭ جىلغىسىنىڭ ئارىلىقى پەقەت ئون نەچچە چاقىرىملا كېلەتتى. بىراق، گۇساڭ ئاكىنىڭ يەنە داۋاملىق ماڭغۇسى كەلمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭغا ھاردۇق يەتكەن بولۇپ، پۇت - قوللىرى ئالدىغا ئەمەس، ئارقىغا تارتىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بىلەن جوۋ لىتۇڭنىمۇ چاقىرىۋېلىپ، ھېلىقى ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ئىشىكنى كەينى - كەينىدىن بىرنەچچىنى تەپتى. جوۋ لىتۇڭ ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى.

— ئىشىكنىڭ تۆمۈردىن ياسالغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

گۇساڭ ئاكا بۇنى ئاللىبۇرۇن بايقىغان، لېكىن قول بىلەن ئۇرغاندىن پۇت بىلەن تەپكەننىڭ ئۈنۈمىنى ئۇ ئىلگىرى جىق كۆرگەنىدى.

— بۇمۇ بىر خىل ئارام ئېلىش. مېنىڭ يول مېڭىشقا پەقەتلا ماجالىم قالمىدى، — گۇساڭ ئاكا يارىلانغان قولىنى ئاۋايلىغىنىچە ئارقىغا بۇرالدى.

جوۋ لىتۇڭ دەرھال ئۇنى تارتىپ كېلىپ بوسۇغىنىڭ قېشىدىكى قۇمۇش دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ۋە ھاراق قاپىقىنىڭ ئاغزىنى چىشلەپ ئېچىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى.

— قېنى، بۇنىڭدىن ئازراق ئىچىپ قوي، ھاردۇقۇڭ چىقىپ قالىدۇ.

ئالتۇنچىلارنىڭ ئارىسىدا ھاراق ئىچمەيدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. گۇساڭ ئاكا ھاراقتىن بىرنەچچە قوۋۇز ئوتلىدى ۋە سۆز باشلىدى:

— بىلەمسەن؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن...

— ئاڭلىغان، بۇلتۇر سەن ئالتۇنلۇققا كەلگەندە يەيدىغىنىڭ تۈگەپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە تىلەمچىلىك قىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدىڭ، شۇنىڭ بىلەن بەختىڭ ئېچىلىپلا كەتتى. شۇنداقمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس! مەن يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ سوغۇقتىن

توڭلاپ قالايلا دەپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىپ مېنى ئۆيىگە باشلىدى، كۆزلىرى ئارقىلىق مېنى ئىللىتتى. ئاھ، ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرى! خۇددى لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان بىر پارچە ئوت دېگىنە! ئەتراپ قانچە قارايسا ئۇنىڭ كۆزى شۇنچە نۇرلىنىدۇ...

هاراق تۈگىگەن، كۆز ئالدىدىكى غۇۋالىق، قەلبىدىكى بۇرۇقتۇرمىلىقلارمۇ تۈگىگەنىدى. ئاۋغۇستتىكى سەھەرنىڭ هاۋاسى ئاجايىپ ساپ ۋە يېقىشلىق ئىدى. ئاز ئۆتمەي يېنىك بىر ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغان تەرەپتىن كۆك تەگلىك، ئاق گۈللۈك كۆڭلەك كىيگەن لۇ قىزچاق ئاستا چىقىپ كەلدى. گۇساڭ ئاكا ھاياجان ئىلكىدە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۆزىنى دەرھال تۇتۇۋېلىپ جوۋ لىتوڭغا يۈزلەندى.

— سەن كېتىپ تۇرغىن. مەن بۈگۈن مۇشۇ يەردە ئارام ئالىمەن.

— سەن لۇ قىزچاقنىڭ ھەتتا بوسۇغىسىدىنمۇ ئاتلاپ ئۆتەلمەيسەن، — جوۋ لىتوڭ ئۇنىڭ چىشىغا تەگدى.

— ئالتۇنلا قولۇمدا بولىدىكەن، ئۆيگە كىرەلمەسلىكتىن ئەنسىرىمەيمەن. ئالتۇن دېمەك قىزنىڭ تېنى دېمەكتۇر! — گۇساڭ ئاكا هاراقنىڭ كۈچى بىلەن مەيدىسىگە بىرنەچچىنى مۇشتلاپ قويدى.

— ئالتۇنۇڭ بۇ خوتۇننىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، ئۇ دېگەن ۋېيزىلىقلارنىڭ ئوينىشى!

— سەن ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ ئاكاڭ قارىغاي يۆرېن سۇلتاننىڭ قىزى بولسىمۇ بويسۇندۇرالايدۇ!

— ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگۈچە ئىشەنمەيمەن.

— ماقۇل، مەن ساڭا بۈگۈن كارامىتىمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي.

ئۇلار قول ئېلىشىپ ئەھدىلەشتى. يەنى گۇساڭ ئاكا قىزنى قۇچاقلاپ سۆيۈۋالسا، ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسى گۇساڭ ئاكىغا

تەۋە بولىدىغانلىقى شەرت قىلىنىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا قىزچاق ئۆلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. گۈساڭ ئاكا پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۇنى توسۇۋالدى. قىزچاق كۆتۈلمىگەن كېلىشمەسلىكنى ئالدىن سېزىپ قالدىمۇ، قولىدىكى سۇ قاچىلانغان چېلەكنى يەرگە قويدى ـ دە، ئۆزىنى دەرھال ئۇنىڭدىن قاچۇردى. گۈساڭ ئاكا خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن ياۋۇز بۆرىدەك ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى، سول قولى بىلەن ئۇنى قاماللىماقچى بولدى ـ يۇ، ئۇنىڭ خۇددى ئالىقىنىغا چۈشكەن بۆجەندەك تېپىرلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، پىخىلداپ كۆلگىنىچە ئارقىسىغا بىرنەچچە قەدەم چېكىندى ۋە جوۋ لىتۇڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، شۇ پەيتتە ئۇنىڭ يۈزلىرى نېمە ئۈچۈندۇر شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— بولدى، بولدى. قىزچاقنىڭ كۆڭلى يوق ئىكەن. قارىغاندا، ئۇ مېنى تونۇيالمىغان ئوخشايدۇ.

— ياق، ئۇيۇن تېخى تۈگىمىدى.

— ئۇنداق بولسا ئۆزۈڭ كەل، ئالتۇنلار تېخى ئۆز پېتى، — ئۇ چاپىنىنى سېلىپ يەرگە تاشلىدى.

جوۋ لىتۇڭ بىرپەس ئىككىلەنگەندىن كېيىن، مەيدىسىگە بىرنەچچىنى ئۇرۇپ قويۇپ، قېچىشقا تەمشىلىپ تۇرغان قىزچاقنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى ـ دە، بوينىنى سوزۇپ، خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن چوشقىدەك قىزنىڭ تەگكەنلا يېرىگە تۈمشۇق تىرەشكە باشلىدى ۋە قىزنىڭ تەستىكى بىلەن ئېسىگە كېلىپ، دەرھال گۈساڭ ئاكىنىڭ يېنىغا ئېتىلىپ كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ پاختىلىق چاپىنىنى قولىغا ئېلىپ يامىقىنى سۆكۈۋەتتى. دېمەك، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا پاختىغا ئوراقلىق كېپەك ئالتۇنلار ئۇنىڭ قوينىدىن ئورۇن ئالغانىدى. قىزچاق كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىككى غەلىتە مىجەز ئادەمنىڭ قىلىقلىرىدىن بوغۇلۇپلا قالغانىدى. گۈساڭ ئاكا بولسا جوۋ لىتۇڭنىڭ بايىقى كۆلكىلىك ئىشلىرىغا قاراپ كۆلگىنىچە

ئىچىدە ئويلايتتى: بىز نېمىلا دېگەنبىلەن تەقدىرداشلاردىن. جوۋ لىتوڭ ھەرھالدا ئالتۇنلارنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ چوقۇم قويۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئالتۇنلارنى مەن تاپتىم، ئۇنى يامان كۆزلەردىن قوغدىدىم.

گوساڭ ئاكا تۇپتىن خاتالاشقانىدى. چۈنكى، جوۋ لىتوڭ ئۆزى بىلەن قىزچاقنى ئادەتتىكىدەكلا بىر قاراپ قويۇپ، كېيىنكى ئالتۇنلارنى ئوراپ چىڭ سىقىمدى ـ دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ تىكىۋەتتى. گوساڭ ئاكا بۇ تۇيۇقسىزلىقتىن ئېسىنى تاپقاندا ئۇنىڭ قارىسى ئاللىبۇرۇن بۇ زېمىندىن يىتكەنىدى. گوساڭ ئاكا جوۋ لىتوڭنىڭ بۇ سۈيىقەستىنى ئاللىبۇرۇن كۆڭلىگە پۈكۈپ، ھېلىقى شەمشادلىقنى كۆز بوياشنىڭ ئەڭ ياخشى دەسمايىسى قىلىپ تاللىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

ـــ لىتوڭ، ھەي لىتوڭ!

گوساڭ ئاكا بۇ ئىسمىنى قانچە قېتىم چاقىرغانلىقىنى ئۆزىمۇ ساناپ بېرەلمەيتتى. ئۇ ئاخىر ئەلەم بىلەن شەمشادلىقنىڭ قېشىدا بېشىنى قاشلاپ، مەيدىسىگە مۇشتلىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. بىرپەستىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن ئالدىراپ قوپۇپ ئەتراپنى يەنە بىر قېتىم ئاختۇرۇپ چىقتى، لېكىن ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ تۇيۇقسىز قىزچاقنىڭ قېشىدا تۇرغانلىقىنى سېزىپ ھودۇقۇپ كەتتى. ئەكسىچە قىزنىڭ كۆزلىرى يەنىلا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى.

نېمىدېگەن نۇرلۇق، نېمىدېگەن چىرايلىق كۆزلەر ـ ھە!

ئۇنىڭ ۋۇجۇدى شۇ ئان لەرزىگە كېلىپ، ئۇنىڭغا شەيدالىق بىلەن تىكىلگىنىچە تۇرۇپلا قالدى. ئارىلىقتىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، بىر چاغدا ئۇ ئاخىر ئېسىنى يىغىپ، قىزدىن ئەپۇ سورىدى. لېكىن، ئۇنىڭ نەپسى قىسىلىپ، تىلى كالۋالىشىپ، ئامالسىز قولى بىلەن مەيدىسىنى قايتىدىن مۇشتلاشقا باشلىدى. بۇ قېتىم ئۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن يارىلانغان قولى بىلەن مەيدىسىنى مۇشتلاپ سالغاچقا، ئاچچىق ئاغرىق

ئازابى مېڭىسىگىلا چىقىپ ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى. لېكىن، بۇ ئاغرىق ئازابى ئۇنى ئۇبدانلا سەگىتىپ قويغانىدى.

نامى پۈر كەتكەن بىر توپ بېشى تۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان زەربىگە ئۇچرىدى. سۇر - ھەيۋىسى سۇندى. مانا ھازىر كىشىلەر ئالدىدىكى ئىززەت - ئابرۇيى بىر ھارامتاماق تەرىپىدىن يەر بىلەن يەكسان قىلىندى. قارىغاندا ئۇنىڭ پېشانىسىغا تەۋەككۇلچىلىكتىن ھەقىقىي خۇشاللىق تاپالايدىغان مەردۇمەردانە ئالتۇن قازغۇچى ئەزىمەت بولۇش تەقدىرى ئەسلا پۈتۈلمىگەن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كۆپچىلىكتىن ئايرىلىشىنى ئۇنىڭ ئالتۇنغا ئېرىشكەنلىكىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايتتى. گەرچە ئالتۇنلۇقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتى ئۇنىڭ قوغلىنىشىدىن بېشارەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە نېمە ۋەجدىن باشقىلار ئۇچۇن، ئالتۇن پەشتاق ئۇچۇن ھاياتىنى دوغا تىكىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئالتۇنلۇقتا ئادەمنىڭ جېنى ئىتنىڭكىدىن ئۆتە قەدىرسىز. دېمەك، ھەرقانداق بىر ئالتۇنچىنىڭ ھاياتى ھامان قىلىنىڭ ئۇستىدە دېگەن گەپ. مانا ھازىر ئۆزى مېيىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئالتۇنلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ھاياتىنى ۋاقىت بىلەن تەقدىرگە تاپشۇرماقتىن باشقا ئىلاجى يوق. قائىدە بويىچە توپتا ئالتۇن يوشۇرغانلارغا تېنى پارچىلىنىپ، ئۇستىخانلىرى كۆكۈم - تالقان قىلىنىش جازاسى بېرىلىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا ئاللىبۇرۇن بېكىتىلىپ بولغان. ئۇنداقتا ئۇ مۇشۇ يېرىم يولدا قېچىپلا قۇتۇلسۇنمۇ؟ ئۇنداقتا بۇرادەرلەرنىڭ تەقدىرى نېمە بولۇپ كېتەر؟ ئەسلىدە ئۇ كەنت بويىچە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئىستىقباللىق يىگىت سانىلاتتى. يۇرتداشلار بىلەن تەشكىللىنىپ ئالتۇنلۇققا ئاتلانغاندىمۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئالەمچە ئىشەنچ باغلاپ، ئۇنى توپ بېشى قىلىپ سايلىغان. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ ئەندىشىدىن ساقىت بولۇشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس!

ئۇنىڭ بېشى قېيىپ يىقىلغاندا، قىز ئۇنى يۆلىۋالدى، ئىككى بارمىقىدىن ئايرىلغان قولىنى بولسا چاپىنىنى يېشىپ ئىسسىتتى. ئىشقىلىپ، قىز بارلىق ئاماللار بىلەن ئۇنى ئاخىر ئۆيىگە ئەكېلىۋالدى. گۈساڭ ئاكا دورا ئالماشتۇرۇۋاتقان قىزغا خۇددى كىچىك بالا مېھماندىن ھېيىققاندەك قاراپ تۇراتتى. بەختكە يارىشا قىزچاقنىڭ ئۆيىدە مەلھەم دورا بار بولۇپ، سۆسۈن يوپۇرماقلىق دورىلىق ئوت ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن تالقان قىلىنىپ، ياللۇغ قايتۇرىدىغان خۇرۇچ ۋە قايسىبىر ئىبادەتخانىدىن ئېلىپ كېلىنگەن ئىسرىق كۈلى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلانغانىدى. ياۋا ئۆسۈملۈككە ئەنئەنىۋى خۇرۇچلار ئارىلاشقان، مۇقەددەس كۈل بىلەن ئۇلۇغلانغان بۇ دورىغا قىزنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئۈمىدلىرى مۇجەسسەملەنگەنىدى. قىز ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى يارا ئېغىزىغا سۈرۈپ، ئاپپاق رەخت پارچىسى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى ئاۋايلاپ تېڭىۋاتقاندا، ئۇ خۇددى بەدىنىگە بىر خىل سوغۇق، لېكىن مېھىرلىك ئېقىم ئاستا - ئاستا تارىلىۋاتقاندەك راھەتلىنىپ كەتتى. قىز تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۇنىڭغا يېقىملىق قاراپ قوياتتى. گۈساڭ بەدىنىدە يارا بولغان بىلەن قەلبىدە ئازاب ۋە ئۆكۈنۈشتىن ھېچقانداق ئەسەر قالمىغاندەك ئۆزىنى ئىنتايىن يېنىك سەزمەكتە ئىدى.

— بۇلاڭچىلارغا ئۇچرىغان ئوخشىمامسىز؟

ئۇ بېشىنى چايقىدى - يۇ، دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنى باش لىڭشىتىپ تەستىقلىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئاشۇ قاباھەتلىك ئىشلارنى قايتا ئەسلەپ، قىزنىڭ كۆڭلىنى بىسەرەمجان قىلغۇسى، بولۇپمۇ تەستە ئېرىشكەن بۇ گۈزەل مىنۇتلارنى ھەرگىزمۇ قولدىن بېرىپ قويغۇسى يوق ئىدى. ئىلگىرىكى مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ھىدى گۇپۇلدەپ تۇرغان كەيپىيات ئۇنى مەستخۇش قىلىۋەتكەنىدى. چۈنكى، قىزچاق ئۇنى ھەقىقەتەن تونۇپ قالغانىدى. ئۈستەلدىكى ھورى ئۆرلەپ تۇرغان بىر چىنە تۇخۇم شورپىسى ئۇنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ

كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ ئىشتەي بىلەن شورپىدىن بىر قوۋۇز ئوتلىدى ۋە بايىقى تارتىنىشلارنى بىراقلا ئۇنتۇپ، چىنىنى ھەش ـ پەش دېگۈچە قۇرۇقداپ قويدى. بۇ ئۆيدە قىزنىڭ چوغدەك يېنىپ تۇرغان كۆزىدىن بۆلەك، پەقەت ئۇستەلدىكى كونسېرۋا قۇتىسىلا ئۆينىڭ بىردىنبىر زىننىتى بولۇپ، كىشىنىڭ مەيلىنى تارتىپ تۇراتتى. قۇتىنىڭ ئېغىزى بىنەپشە رەڭلىك باش پىيازدەك نەرسە بىلەن ھىم ئېتىلگەن، ئىچىگە سۇزۇك سۇ لىق قاچىلانغان، سۇغا چىلانغان سان ـ ساناقسىز ئاپپاق يىلتىزلىرى خۇددى پاكىز قىرىغان بوۋاينىڭ كۆمۈش رەڭلىك ساقاللىرىغا ئوخشاپ قالغانىدى. قىزچاق خۇددى جەنۇبىي قۇتۇپ ئۆمۈر يۇلتۇزى، ئەرشتىكى ئۈزۈن قاشلىق، ئاق چاچلىق پەرىشتىلەر ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەندەك خۇش پىچىم، ئۆزگىچە لاتاپەت بىلەن توپ بېشىنىڭ كۆز ئالدىدا باشقىدىن نامايان بولماقتا ئىدى. ئۇ ئالەمچە دېلىغۇللۇق بىلەن ئاخىر قىزچاقتىن سورىدى.

— ئېرىڭىز كۆرۈنمەيدۇغۇ؟

قىزچاق ئۇنىڭ نەزىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بايىقى قۇرۇقدالغان چىنىنى ئاشخانىغا ئەكىرىپ قويۇپ، قايتىپ چىقتى ـ دە، سۇپىنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭغا كۆز قويرۇقىدا قاراپ قويۇپ، ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆز باشلىدى.

— سىلەر ئەرلەر ئۆيدىن چىقىۋالساڭلار ئۆز نېسىۋەڭلەرگە زادىلا شۈكۈر قىلمايسىلەر. بارماقلىرىڭىزدىن ئايرىلىپ قېلىپ تۇرۇقلۇقمۇ، ھەممە يەردە ئېرىمنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرگىنىڭىزگە قاراڭ!

— مەن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمىدىم، پەقەت سىزدىن سوراپ باققۇم كەلدى شۇ.

قىز سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سىلەر ئۆز نېسىۋەڭلەرگە ئەزەلدىن شۈكۈر قىلغان ئەمەس. سىرتتا مېكىجىنىدىن بىرنى تېپىۋالدىڭلارمۇ، بولدى، شۇ ئان ئۆيدىكىنى ئۇنتۇيسىلەر. سىلەر ئەرلەر بەئەينى يۈرىكى

قاريىپ كەتكەن بۆرە!

— ئۆيدىكىنى؟ ئەگەر مېنىڭ ئۆيۈمدە خوتۇنۇم بولسىدى، ھەرگىزمۇ بوسۇغىڭىزنى ئاتلاپ يۈرمەيتتىم.

— خوتۇنى يوقلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا بۆرە.

توپ بېشى ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن تىكىلدى.

— سىڭلىم، مېنى بىر قېتىم بولسىمۇ قاندۇرۇپ قويغان بولسىڭىز.

— سىز ئۇنداق ئىشنى قىلىپ باقمىدىم دېيەلەمسىز؟

— شۇنداق.

— قارىماققا سەمىمىي كىشىدەك قىلىسىز، — قىز ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بارماقلىرىڭىزمۇ كاردىن چىقىپتۇ، ئالتۇنلىرىڭىزنىمۇ باشقىلار بۇلاپ قاچتى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ ئالتۇنلىرىمنى قايتۇرۇپ بەرمەيدىكەن، ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى كۆكۈم - تالقان قىلىۋېتىمەن.

— سىزنىڭ بارماقلىرىڭىز قېنى؟ سىزمۇ باشقىلارنى بارماقلىرىدىن ئايرىماقچىمۇ؟

شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايى غەزەپتىن بىر قىسىملا بولۇپ قالغانىدى. كىملەرنىدۇر ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىۋەتتى.

— ھۇ، ئىت پوقى يېگەن خۇمسىلار.

— تىللاڭ، تىللاۋېرىڭ، تىل - ئاھانىتىڭىزنىڭ قۇدرىتى بىلەن دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ بارماقلىرىمۇ ئۈزۈلۈپ كەتكەي ئىلاھىم.

— سىز مېنى قاۋاپ ھارمايدىغان ئىت دەپ ئويلاپ قالدىڭىزمۇ؟ — ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ساق قولى بىلەن ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتتى، — مەن ئۇنىڭ پۇتىنى چېقىۋەتمىسەم، ھەرگىز سىزنى ئىزدەپ كەلمەيمەن.

ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى ساناقسىز ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەر قالغان بولۇشى مۇمكىن، توپ بېشى شۇ تۈيغۇ

ئىلكىدە ئۇنىڭغا ۋەدە بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەن، قىزنىڭ بېلىدىن تېخىمۇ چىڭ قاماللاپ، ئۇنى قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. قىز تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، سۇيىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ۋارقىرىدى:

— ئۆلگۈڭىز كەلدىمۇ؟ بۇ يەردىن تېز يوقىلىڭ.

— كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ بۇگۈن كەتمەيمەن.

— كېتىڭ، تېز يوقىلىڭ.

— كەتمەيمەن دېگەندىن كېيىن كەتمەيمەن، — توپ بېشى قىلىنلىق بىلەن كاڭغا چىقىپ داراس تارتىپ ياتتى.

قىز تۇيۇقسىز چىرايىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى.

— سىز كىم؟ مەن سىزنى ئىلگىرى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان. ئەمدى كەتمىسىڭىز ئادەم چاقىرىمەن.

— كاناي دېگەن ئۆزىڭىزنىڭ، كىمنى چاقىرغۇڭىز كەلسە چاقىرىۋېرىڭ.

قىز ئالدىراپ ئىشىكنى ئېچىپ ۋارقىرىماقچى بولدى - يۇ، دەرھال نىيىتىدىن يېنىپ، ئۇنىڭغا يۈزلەندى.

— بولدىلا، سىزنى يەنە تاياقتا قويماي. ئارام ئالماقچى بولسىڭىز ياۋاشلىق بىلەن ئارام ئېلىڭ. يامان خىياللىرىڭىز بولسا دەرھال يىغىشتۇرۇۋېلىڭ. مەن ئۇنداق سىز ئويلىغاندەك يولدىن چىققانلارنىڭ خىلىدىن ئەمەس.

توپ بېشى كۈلۈپ قويدى.

— مېنىڭدىن ئەنسىرىمەڭ، قېنى سۇيىغا كېلىپ ئولتۇرۇڭ، مەن سىزنى كۆرۈپ ياتساملا ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.

قىزچاق ئۇنىڭ رايىغا باققاندەك سۇپىنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى - دە، يىڭنە ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ قىزچاققا جىمجىت تىكىلگىنىچە بىردەم بۇرادەرلىرىنى ئويلايتتى. بىردەم

قىزىل كۆز جوۋ لىتوڭنىڭ ئالتۇنلارنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى خىيال قىلسا، بىر تۇرۇپ سەكتە كېسىلى بىلەن پالەچ بولۇپ قالغان ئاكىسىنىڭ بىچارە ھالىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. پۇل بولمىغاچقا ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشقا ئامالسىز قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەڭگىسى ئۇنىڭغا يەنىلا ئۇبدان قاراۋاتاتتى. دېمەك، قېرىندىشىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش، بىر ئائىلىنى بېقىشتەك مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنىدى. ئۇ يەڭگىسىنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى، ئۆتۈنۈشلىرىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن سېزىپ تۇراتتى. ئۇ شۇ تەگسىز خىياللار بىلەن بوش خورەك ئارىلاش يېنىك پۇشۇلداپ ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

قىزچاق ئۇنىڭ يوشۇرۇن جەسۇرلۇق بالقىپ تۇرغان چېھرىگە ئۇزاق تىكىلدى. ئۇ توپ بېشىنىڭ ئاشۇ توپا باسقان يۈزىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ بۇرنى قاڭشارلىق ھەم پارقىراق، قاشلىرى قارا ھەم قويۇق، كۆزلىرى ئۆتكۈر ۋە سىرلىق! يۇملاق كەلگەن ئېڭەكلىرى پاكىز قىرىلغان، خۇددى قىزنىڭ كۆكسىدەك يۇمران! ئۇ ئىچىدە پىچىرلىدى: ناۋادا ئۇ سىقىملاپ ئالتۇنغا ئېرىشەلمىسە، بۇ ئۇنىڭ ئەجدادلىرى روھىنىڭ ھارامتاماق ئىكەنلىكىنى، تەڭرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەكسىچە ھېلىقى مايماق ئېغىز، قىڭغىر بۇرۇنلار مېنىڭ نەزىرىمدە يەنىلا مەڭگۈ ئادەم ئەمەس، بەلكى قاناتسىز شۇڭقار، بەتبەشىرە مايمۇن، كۆرۈمسىز ئىتئېيىق، خالاس!

ئۇ جاڭ بۇسەننىڭ ئاشىنىسى لۇ قىزچاق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى زادىلا ئەسلىيەلمەيتتى. ئۇ كىچىكىدىن ھېلىقى كور بوۋاينىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، قىزچاقنى ئۇ يولدىن تېپىۋالغانىكەن. بوۋاقتا بوۋاينىڭ مېھرى چۈشمىگەچكە پەقەتلا ياخشى قارىمىغانىدى. قىزچاق ئەقلىنى تاپقاندىن بۇيان بوۋاينىڭ قولىدىكى ھېلىقى يول تىمىسقىلايدىغان چىلان تاياق ئۇنىڭ بەدىنىگە قارا، كۆك ئىششىقلارنى قانچە

قىتىم قالدۇرغانلىقىنى ساناپ بېرەلمەيتتى. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، كور بوۋاي ئۇنىڭدىن زادىلا ئايرىلالمايتتى. چۈنكى، ئۇ قىزنىڭ يول باشلاپ بېرىشىگە، تاماق ئېتىپ بېرىشىگە موھتاج ئىدى. قىزچاق بەش يېشىدىن باشلاپ بۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى.

كەنتتە پەقەت بىرلا كىشى ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ بولسىمۇ ئېرى بالدۇر قازا قىلىپ، يۆلەنچۈكسىز قالغان شۇي ئانا بولۇپ، بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىدى. شۇي ئانا ئۇنىڭغا يەيدىغان نەرسىلەرنى بېرەتتى، يىرتىلغان كىيىم - كېچەكلىرىنى ياماپ بېرەتتى. ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ مېھرىبانلىق بىلەن ئەركىلىتىپ كېتەتتى. قىزنىڭ خاراكتېرىدىكى مېھىر - شەپقەت ۋە ئاق كۆڭۈللۈك پەقەت شۇي ئانىنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى ئارقىلىقلا ساقلىنىپ قالغانىدى.

قىز ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى شۇي ئانا قازا قىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ قەبرە تېشىغا قايسىبىر تالىپ تۆۋەندىكى يادنامىنى يېزىپ قويغانىدى.

فۇ فامىلىلىك بۇ ئايال ئون يەتتە يېشىدا شۇي فامىلىلىككە ياتلىق بولۇپ، يىگىرمە تۆت يېشىغىچە، يەنى ئېرى قازا قىلىپ كەتكۈچە، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغان، ئوتتۇز ئالتە يىل ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، قېيىنئانىسى ۋە قېيىنسىڭلىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان. ئاتمىش يېشىدا بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشقان، كىشىلەر ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر پاك - دىيانەت بىلەن ياشاپ ئۆتكەن پەزىلىتى ئۈچۈن ئابىدە تىكلەپ شۇي جەمەتى ئىبادەتخانىسىغا قويۇشنى ئىلتىماس قىلغان...

شۇي جەمەتى ئىبادەتخانىسى بولمىغاچقا، مەرھۇمغا مەخسۇس ئابىدە تىكلەپ، ئىبادەتخانىدا ساقلاش مۇمكىن ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ شارائىتىمۇ بۇنىڭغا يار بەرمەيتتى. كەنت ئىبادەتخانىسىدا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر ئورۇن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋېيزى كەنتىدىكى جاڭ فامىلىلىكلەرنىڭ

ئەجدادلىرىغا، ئەرشتىكى ماشايىخلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان يېرى بولىغاچقا، يات فامىلىلىكلەر يادنامىسىنىڭ ئۇ يەرگە قويۇلۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئەترەتتىكىلەر نائىلاج ئۇنىڭ يادنامىسىنى ئەترەتنىڭ ئامبىرىغا تاشلاپ قويىدى. بىرنەچچە يىل ئۆمۈچۈك تورى بېسىپ ياتقان يادنامە ئاخىر نەگىدۇر يوقالدى.

شۇي ئانا قازا قىلىپ ئارىلىقتىن ھەش ـ پەش دېگۈچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. كىشىلەر «پاك ـ دىيانەت» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنىڭ تېگىگە ئەمدىلەتىن يېتىشكە باشلىغان شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قىزىل كور بوۋاينى يېتىلەپ تاغ قاپتىلىغا ئاپتاپسىنغىلى كەلدى. لېكىن، كۈتۈلمىگەندە بوۋاي ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالدى. بوۋاي ئۆلۈش ئالدىدا ئاخىر قىزچاقنىڭ ئەمەلىيەتتە شۇي ئانا بىلەن ئىككىسىنىڭ يۈرەك پارىسى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. كىشىلەر بۇ گەپنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويىمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بوۋاي ئالىلىبۇرۇن ئالجىغانىدى. چۈنكى، ماڭىدىغان يولىنىمۇ ئىزدەپ تاپالمايدىغان بىر قارىغۇ قانداقمۇ خوتۇنلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتالىسۇن؟ كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەسلىكىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ھېلىقى يادنامىدە شۇي ئانىنىڭ ئوتتۇز ئالتە يىل ئەركەك چىۋىنىمۇ ئۆزىگە قوندۇرمىغانلىقى ئېنىق يېزىلغان، ئەجەبا، قىزچاق ئاشۇ ئالجىغان قېرىنىڭ شۇي ئانىغا قاراپ تۈكۈرۈپ قويۇشىدىن ئاپىرىدە بولغانمۇ؟ يادنامىدىكى بايانلار ھەرگىزمۇ بىمەنە ئەمەس، چۈنكى راھىب دېگەن ئېرىپان يۇلتۇزىنىڭ زېمىندىكى كۆركى، ئېرپان يۇلتۇزى قانداقمۇ يۇقرالارنى ئالدىسۇن؟ كور بوۋايدىن قىزچاققا مىراس بولۇپ قالغىنى قىيسىيىپ قالغان كونا ئۆي بىلەن ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن قازان ـ چۆمۈچتىن باشقا يەنە بىر قېرى ئېشەك ئىدى. بىر كۈنى قىزچاق كور بوۋاينىڭ ۋەسىيىتى بويىچە شۇي ئانىنىڭ

قەبرىسىنى يوقلىغىلى چىققاندا، توساتتىن جاڭ بوسەن ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ كىمنىڭ قەبرىسىنى يوقلىغىلى كەلگەنلىكىنى سوراپ تۇرۇۋالدى.

— ئاپامنىڭ قەبرىسىنى يوقلىغىلى كەلدىم.

جاڭ بوسەن ئىختىيارسىز كۆلۈپ تاشلىدى.

— سىنىڭ ئەزەلدىن ئاپاڭ بولغان ئەمەس، سىنىڭ ئاپاڭ ئۆيۈڭلارنىڭ ئىغىلىدىكى ھىلىقى ئىشەك شۇ!

شۇ چاغلاردا جاڭ بوسەننىڭ يىگىت بولۇپ قالغان چاغلىرى بولۇپ، كىچىكىدىنلا شوخ، باشقىلارنى بوزەك قىلىشقا خۇشتار كەپسىز باللارنىڭ جۇملىسىدىن ئىدى.

— سىنىڭ ئاپاڭ ئىشەك، سىنى ئىشەك تۇغقان.

جاڭ بوسەن ۋارقىرىغىنىچە نەگىدۇر غايىب بولدى. قىزچاقنىڭ كىچىكىدىنلا ئىسمى يوق ئىدى. كىشىلەرمۇ ئۇنى «كور بوۋاينىڭ ھاسىسى» دەپ چاقىرىپ كۆنۈپ قالغانىدى. ئەمدىلىكتە جاڭ بوسەن ئۇنىڭغا يىڭى بىر ئىسىم قويۇپلا قالماي، ھەممىلا ئادەمگە يىيىپ يۈرەتتى. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ بۇ يىڭى ئىسمىغا ئاسانلا ئادەتلىنىپ قالدى، چۈنكى قىزچاقنى ئات تۇغقانمۇ، ئىشەكمۇ، بۇ ئىش ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر، ئىپتىراپ قىلىغانلىقىنىڭ ئۆزى ئەمەلىيەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىسمى لۈ قىزچاق بولۇپ سىڭىشىپ قالدى. قىزنىڭ ئىشەك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەمدىلىكتە تەرەپباللا ئانا ـ باللىق مۇناسىۋەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى گۆدەك قەلبىدە بۇ بىر ئىنتايىن نومۇسلۇق ئىش ئىدى. مەيلى كىم ئۇنى شۇنداق دەپ چاقىرمىسۇن، ئۇ دەرھال ئۆكتە قوپاتتى.

— ئۇنداق ئەمەس، مەن ھەرگىزمۇ ئىشەكنىڭ قىزى ئەمەس!

ئۇ ئۆزىنى قانچە كۈچەپ ئاقلىغانسىرى ئەھۋال شۇنچە چىڭىغا چىقىپ قىلىنىۋاتاتتى. باشقىلار ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە پەقەتلا قۇلاق سالمايتتى. ئۇنى چاقىرغاندا ھىچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئاھاڭ بىلەن ئەستايىدىل چاقىراتتى، خۇددى ئۇ

ئاشۇ ئىشەكنىڭ تولغاق يەپ تۇغقان ئۆز قىزىدەك. ھەممىدىن قىزىق يېرى شۇكى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ قىزچاقمۇ بارا ـ بارا ئانىسىنىڭ ئاشۇ ئىشەك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ چوڭ بولدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئىزچىل كەمسىتىلدى، يەتكۈچە ئازاب چەكتى. ئۇنىڭ بۇ ئۆمرىدىكى بىردىنبىر ئارزۇسى ئىشەكنىڭ بالا تۇغالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئىدى. پەقەت شې مەنتاڭلا ئۇنىڭ بۇ ئۈمىدىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالايدىغان ھەقىقىي نامزات ئىدى.

شې مەنتاڭ خۇددى توپاقتەك كۆچلۈك، قاپلاندەك مەزمۇت ئىدى. كىچىكىدىن باشلاپ كالا باققاچقا، دائىم كالا، توپاقلار بىلەنلا ھەپىلىشەتتى. ھەر كۈنى سەھەردىلا توپىقىنى ھەيدەپ تاغقا قاراپ يول ئالاتتى. ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ تاغ ئاشاتتى. ھېلىقى توپاقنى ئۇ ئۆزى كۆتۈرۈپ دېگۈدەكلا چوڭ قىلغان بولغاچقا، توپاقمۇ ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ كۆتۈرۈشلىرىگە ئوبدانلا كۆنۈپ قالغانىدى، ۋاقتىدا كۆتۈرۈپ قويمىسا، كاجلىق قىلىپ ماڭماي تىرەجەپ تۇرىۋالاتتى، ئۇنىڭغا سۈركىلىپ ئەركىلەيتتى. بەزىدە تەرسالىق بىلەن ئۇنى ئۈسۈپ قوغلايتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ھەمراھلاردىن بولغاچقا، توپاققا مېھرى چۈشۈپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ ئەركىلىتىشكە خۇمار بولۇپ قالغان شې مەنتاڭنىڭ توپاقنى كۆتۈرۈپ قويمىسا كۆڭلى زادىلا تىنچىمايدىغان ھالغا بېرىپ يەتكەنىدى. بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ تېنىدىكى كۈچ ـ قۇدرەتنى، ئۆزىنىڭ نەقەدەر ساغلام ۋە ئۇلۇغلۇقىنى پەقەت بىچارە توپىقى كېسەل بولۇپ ئۆلگەندىن كېيىنلا ھېس قىلغانىدى.

شۇ كۈنى بۇغدايلىق ئورمىچىلارنىڭ سۈرەن ـ چۇقانلىرى بىلەن قىزىپ كەتكەن بولۇپ، ئالتۇن رەڭ باشاقلار مول ھوسۇلدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئورغىنىنى ئويناتقىنىچە ھەمراھلىرىنى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارقىسىغا تاشلاپ قويغان ئورما ماھىرى ۋاڭ رېنخوۋنى ھاجەت قىستاپ كېتىپ،

قاياقىدۇر غايىب بولدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئورنىغا شى مەنتاڭ ئىز بېسىپ چۈشتى. ئۇ كۆڭلىدە ئۆزىنى ۋاڭ رېنخوۋ بىلەن تەڭ چاغلاپ، ئورغىقىنى هاۋادا بىر ئوينىتىپ قويۇپ، ئورمىغا چۈشۈپ كەتتى. لېكىن، قانچە قىلغان بىلەن سۈرئىتى يەنىلا ئاستا، ئىش پەقەتلا ئاۋۇمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئارقىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا يېتىشىۋالايلا دەپ قالغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ جىددىيلىشىپ قالغانىدى. ئەتراپىغا چوكانلارنى ئولاشتۇرۇۋالغان جاڭ بۇسەن توساتتىن ۋارقىرىدى.

— مەنتاڭ، سەن ئارقىغا قايتىپ كەت!

شى مەنتاڭ قايىل بولمىغان هالدا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماسقا سېلىۋالدى. ئورمىچىلار ئۇچۇن ئىش ئۇستىدە يۈزى چۈشۈپ كېتىشتىنمۇ ئارتۇق ئىزا بولمىسا كېرەك. بۇنداق ۋاقىتتا ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ھەقىقەتەن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئەلۋەتتە! لېكىن، هېچ ئويلىمىغان يەردىن جاڭ بۇسەن ئارقىدىن كېلىپ، ئۇنىڭ گەجگىسىدىن ئېلىپ، ئۇنى سۆرىدى. ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن شى مەنتاڭ قايرىلىپلا ئۇنى دەس كۆتۈرۈپ يەرگە تاشلىۋەتتى. جاڭ بۇسەن خۇددى كېسەل تەگكەن ئىتتەك زوڭزىيىپلا قالدى. بۇ تۇيۇقسىزلىقتىن ئۇنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغانىدى. بىرپەستىن كېيىن ئاران ئۆزىگە كەلگەن جاڭ بۇسەن ئىنجىقلاپ تۇرۇپ دېدى:

— سەن ئورمىنى ئورۇما، ئەڭ ياخشىسىنى ئۆيۈڭگە قايتىپ ئارام ئال.

شى مەنتاڭ گەرچە پېتىدىن چۈشمەي، قەددىنى رۇسلاپ، ئورغىقىنى ئوينىتىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئەترەت باشلىقىنىڭ بىر كۈنلۈك ئەمگەك نومۇرىنى تۇتۇپ قالدىغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن قىياس قىلىپ بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەيۇس هالدا نېرىغا بېرىپ ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، ئاسمانغا تىكىلگىنىچە داراس تارتىپ ياتتى. كەنت ئېغىزىدىكى بۇغدايلىقنى خوتۇنلارنىڭ قىيقاس - چۇقانى بىر ئالغانىدى.

ئۇلارنىڭ ئىغىزىدىن چىقىۋاتقىنى ساپلا ئەرلەرنىڭ يىغىرىغا تېگىدىغان سەت گەپلەر بولۇپ، خۇددى نەشتەردەك، جاننى ئېلىپ يەردە قوياتتى. لۇ قىزچاق ئۇلارغا ئۇسسۇزلۇق ئەكەلگەندى، بىر توپ خوتۇنلار چېلەكتىكى سۇنى تالاشقىلى تۇردى. بەزى قىچىقى بار چوكانلار قەستەن ئۇنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى تارتىپ، چىشىغا تېگەتتى. گەرچە ئۇلار لۇ قىزچاقنى ئادەمدەك كۆرمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلەتتى، ئۆزىنى ئۇ كاس ـ كاس خوتۇنلارغا ئەسلى تەڭ قىلمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ كۇرۇشكىسىغا سۇ ئېلىپ، قولىقىنى يوپۇرۇپ ياتقان شې مەنتاڭغا تەڭلىدى. شې مەنتاڭ دەرھال ئۇنىڭ قولىدىن كورۇشكىنى ئېلىپ، سۇنى غورتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى، لېكىن قىزچاقنىڭ قولى ئېھتىياتسىزلىقتىن كورۇشكىغا تېگىپ كېتىپ، ئۆزىمۇ شې مەنتاڭنىڭ قوچىقىغا يىقىلغىلى تاس قالدى. بۇ ئىش خوتۇنلارغا بوپ بەرگەن، بىر ـ بىرىنىڭ قولاقلىرىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشاتتى. قاقاھلاپ كۈلۈشەتتى. شې مەنتاڭ قىزچاقنى يۆلەپ قويۇپ، ئۇلارغا قاراپ تىل سالدى.

— ئاناڭلارنى قوينۇمغا سولاپ بەرسەڭلارمۇ پەرۋايىم پەلەك!

ئۆزىنىڭ ياشتا چوڭلۇقى ۋە ئورمىچىلار ماھىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن يورەكلىك ئېيتىلىپ كەلگەن ۋاڭ رېنخوۋ ئۇنىڭ ياقىسىدىنلا ئالدى.

— كىمنى تىللاۋاتىسەن؟

— كىم ئەبلەخ بولسا دەل شۇنى تىللاۋاتىمەن.

ئۇلار كوتۇلمىگەندە خۇددى خورازلاردەك ھۇرپىيىشىپ، مەيدانغا چۈشتى. شې مەنتاڭ ئۇنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى دەس كۆتۈرۈپ يەرگە تاشلىۋەتتى. بۇ تۇيۇقسىز كارامەتتىن ھەيران بولغان خوتۇنلارنىڭ ئاغزى كالاچتەك ئېچىلىپ، تىللىرى ساڭگىلاپ كەتكەندى.

— يارايسەن، شې مەنتاڭ!

— قارىغاندا ئۇ ئەرش كومىلىچى يەۋالغان ئوخشايدۇ. بىر

كېچىدىلا زەبەردەس پەھلىۋان بولۇپ كەتكەنلىكىنى قارىمامدىغان.

خوتۇنلار گەپ ئارىلىقىدا شي مەنتاڭنىڭ چوڭ بىر قورام تاشنى يەردىن يۆلۈپ ئېلىپ، ۋاڭ رېنخوۋغا ھەيۋە قىلىپ قويۇپ، قايتىدىن يەرگە قويۇپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆزلىرى ئىختىيارسىز چەكچىيىپ كەتتى. بىچارە ۋاڭ رېنخوۋنىڭ بايىقى چوڭچىلىقلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، دىرىلدەپ تىترەيتتى. شي مەنتاڭ بۇ ئارقىلىق بىلىكىدىكى كۈچىنى سىناپ بېقىپلا قالماي، بۇغدايلىقتىكى ئوسال بولغان تارىخىغا غالىبلىقىنىڭ ھەقىقىي تامغىسىنى باسقانىدى. ئۇ ئىككى قەدەم مېڭىپلا قايتىپ كېلىپ، لۇ قىزچاقنى سۆرىگىنىچە يولىغا راۋان بولدى. ئۇ ئورما ئورۇشتىنمۇ، ئاسمانغا قاراپ يېتىشتىنمۇ بىراقلا يالتايغان، قېنىدا ئۇرغۇپ تۇرغان قانداقتۇر بىر خىل تەقەززالىق ئۇنى باشقىدىن يۇرەكلىك قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ بىر نېمىلەرنى قىلىشنى ئويلايتتى، ئۆزى قىزچاقنى ياخشى كۆرگەنىكەن، ئەلۋەتتە يۇرەكلىكرەك بولۇشى كېرەك. سېرىق تۆپىلىك جىلغىسىنىڭ تەسكەي تەرىپىگە كەلگەندە، شي مەنتاڭ توساتتىنلا قىزغا ئېسىلدى.

— ياق، ياق... — قىز ئۆزىنى قاچۇرغاچ ئۇنى كۈچەپ ئىتتىرىۋەتتى، — ئۇنداق قىلماڭ.

— مېنى ياخشى كۆرمەمسىز؟ — شي مەنتاڭ ھاسىراپ تۇرۇپ سورىدى.

قىز ئۇن - تىنسىز ياش تۆكەتتى. ئېسەدەپ تۇرۇپ پىچىرلايتتى.

— سىلەر مېنى ئەزەلدىن ئادەم قاتارىدا كۆرۈپ باقمىدىڭلار، سىز، سىزمۇ ئۇلار بىلەن ئوخشاش!

— ئوخشىمايمەن، مەن ئۇلارغا ھەرگىز ئوخشىمايمەن، مەن ياخشى ئادەم، — شي مەنتاڭ لاسسىدە بولۇپ، تۇرغان جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى.

بۇ چاغدا قۇياش غەربكە سۇرۇلگەنىدى. ئۇ قىزچاقىقا ۋارقىرىدى:

— تېز كەتمەي يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟

بۇ سۇرلۇك ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتكەن قىز خۇددى مۇشۇ گەپنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك ئارقىغا قاراپ بەدەر قاچتى. شې مەنتاڭ قىزچاقنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى.

— بىلدىڭمۇ، قىزچاق؟ مەن ئۆزۈمنى ياخشى ئادەم دېمىدىمۇ؟

شې مەنتاڭ شۈبھىسىزكى ياخشى ئادەم ئىدى. ياخشى ئادەمگە ئەگىشىش لۇ قىزچاقنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇسى ئىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن قىز ئۇنى ئويلايدىغان، سېغىنىدىغان، ئۇنى ئەتراپىدىن ئىزدەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. قىزنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ شەھلا كۆزى پەقەت يىگىتلەرگىلا نۇر ـ زىيا بېغىشلايدىغاندەك سېھىرلىك، جازىبىدار ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى تىنىق، سۇ بوياقنى ئەسلىتەتتى. سۇ بوياق نازاكەتنى، چېۋەرلىكنى، كۆكلەم پەيزىنى، كۆزنىڭ چېھرىنى ئىختىرا قىلالايدۇ. ئاسمان كۆك رەڭدە، ئۇنىڭ كۆزىمۇ كۆك رەڭدە! كۆل سۈيى يېشىل رەڭدە، ئۇنىڭ كۆزىمۇ يېشىل رەڭدە! شەپەق توق قىزىل رەڭدە، ئۇنىڭ كۆزىمۇ شۇ رەڭدە! ئۇنىڭ كۆزىدىنمۇ ئۈمىد ـ ئارزۇ بالقىپ تۇرىدۇ! ئۇ تۇيۇقسىز ئۆزگەردى، چۈنكى ھازىر ئۇنىڭ قەلبىدە سۆيگەن ئادىمى بار، شۇڭا ئۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇلايىم، تېخىمۇ غۇبارسىز بولۇپ كەتكەن. ناۋادا ئادەم بىلەن ئېشەك ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئادەمزاتنى تەۋەللۇت قىلالايدىكەن، ئۇنداقتا مەيلى خوتۇن ئال ياكى ياتلىق بولغىن، چوقۇم جۈپتۈڭنى ئازغىنىماي ئېشەكلەر تائىپىسىدىن ئىزدە!

— سەن ياخشى قىز! — دېدى ئۇ بىر كۈنى ئېتىزلىقتا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ.

— ياق، ياق! مەن...

— ياق، سېنى ھەرگىزمۇ ھېلىقى نەس باسقۇر ئېشەك

تۇغمىغان ! ــــ ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى دۆ پىرىنىڭكىدەك جاراڭلىق ئىدى.

قىزنىڭ ئاۋازى بەكلا تۆۋەن ئىدى.

ــــ باشقىلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق دەيدۇ.

ــــ مەن ئۇنداق قارىمايمەن.

ــــ سىز ياخشى ئادەمكەنسىز.

ــــ سىزمۇ ياخشى قىز.

ئۇلارنىڭ سۆز تېمىسى قايتا باشلاندى.

ــــ ياق، ياق ! مەن...

ــــ مەن ئىشەنمەيمەن.

ــــ مەن ئىشىنىمەن.

ــــ سىز ئىشىنەمسىز؟ ئۇنداق بولسا ئىشىنىۋېرىڭ. مەيلى سىز نېمىدىن تۆرەلگەن بولۇڭ، مەن سىزنى ئالغىنىم ئالغان.

ــــ سىز ئىشەنگەنىكەنسىز، ئۇنداقتا مەن سىزگە تېخىمۇ تەگمەيمەن.

ــــ ئېشەكنىڭ ئادەم بالىسى تۇغىدىغانلىقىغا كىممۇ ئىشەنسۇن؟ ھەممىسى قۇرۇق گەپ.

ــــ مەنتاڭ ئاكا، مەن سىزگە ياتلىق بولمايمەن، ھەرگىزمۇ ياتلىق بولمايمەن. سىز ئېشەكنىڭ ئادەم تۇغمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەمسىز؟

ــــ ئەلۋەتتە ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن.

ــــ قۇرۇق سۆزىڭىزگە مەن قانداق ئىشىنەي؟

ــــ ئۇنداقتا سىز مېنى زادى قانداق قىل دەيسىز؟ ئېشەككە ئېسىل دېمەيدىغانسىز؟

قىزچاقنىڭ يۇزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى ـ دە، دەرھال يولىغا ماڭدى، ئاز ئۆتمەي ئۇنىڭغا قاراپ پەس ئاۋازدا دېدى.

ــــ مەنتاڭ ئاكا، ناۋادا مېنى ئىشەندۇرەلىسىڭىز، مەن سىزگە چوقۇم تېگىمەن.

شي مەنتالڭ تېگى ـ تەكتىدىن سەمىمىي يىگىت ئىدى. شۇ كۈنى كېچىسى ئاي بۇلۇتلار كەينىگە مۆكۈنگەن پەيت بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئېشەك ئېغىلىغا تىۋىشسىزلا كىرىپ كەلدى. ئۇ قەلبىدىكى ياخشى كۆرگەن كىشىسىنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن، ھاياتىدا شۇنداق بىر تىلغا ئالغۇسىز خاتالىققا يول قويۇۋاتقانىدىكى، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى بىر لەقۋا، كۆرۈمسىز ئېشەك ئىدى ! لېكىن، ساددا شي مەنتالڭ لۇ قىزچاقنىڭ ئوتلۇق كۆزىنىڭ باشقا بىر كىشىنىمۇ ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغانلىقىنى پەقەتلا بىلمەيتتى...

جاڭ بۇسەن ياش ۋاقتىدا ئوپقان كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، قورسىقى ئاچتىمۇ بولدى، پۈتۈن بەدىنى خۇددى تۇتقاق كېسىلى باردەك تارتىشىپ قالاتتى. يەيدىغان نەرسىنى كۆرگەن ھامان كۆزلىرى پۇلتىيىپ، شۆلگەيلىرى ئېقىپ، پىششىقمۇ ـ خاممۇ، يۇمشاقمۇ ـ قاتتىقمۇ، دەپ ئىلغاپ ئولتۇرماي ئۆزىنى ئاتاتتى. بەزى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر بۇ مەرەز كېسەلنى ئۇ ئەينى يىللاردىكى كىشىلەرنى ئاچلىق ئازابىدا قاڭغىر قاقشاتقان ئېغىر كۈنلەردە تېپىۋالغان، ئاچلىقتىن قورقۇش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان فىزىيولوگىيەلىك ئىنكاس دەپ قارايتتى.

مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ ئۆمۈرلۈك نىكاھ ئىشىدىمۇ بىرنەچچە قېتىم ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بىرىنچى قېتىم ئۇ ئاپىسىنىڭ زورى بىلەن باشقا كەنتتىكى بىر قىز بىلەن كۆرۈشۈشكە باردى.

— چۈش بولۇپ قالدى، كۆڭلىڭىز نېمە تاماققا تارتىدىكىن؟ — سورىدى ساھىبخانا تەكەللۇپ بىلەن، — تۇگۇرگىمۇ ياكى چۆپكىمۇ؟

يەيدىغان نەرسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كېسىلى تۇتقىلى تۇردى.

— تۇگۇر تۇرغان يەردە چۆپ يەپمۇ ئىشمۇ؟

نەتىجىدە ئۇ ھەش ــ پەش دېگۈچە ئالتە چىنە تۇگۈرنى سوقۇپ قويدى. قىز ئۇنىڭ تاماق يەۋاتقان ھالىتىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى.

تۇگۈر دېگەن يۇمىلاق،
يېگەن كىشى ئوسۇرغاق.
چۆپ بەئەينى بەختتۇر،
ئېقىن دەريا گوياكى
مەڭگۈلۈككە تەقلىدتۇر...

مانا بۇ يېزىلىقلارنىڭ قارىشى ئىدى. گەرچە جاڭ بۇسەن رازى بولغان، تەق ــ تۇرقى يامان ئەمەس بولسىمۇ، لېكىن قىزچاق ئۆزىنىڭ قەدرىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشقا ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. دېمەك، جاڭ بۇسەن ئىلگىرى ــ ئاخىر ئۇچ قىز بىلەن كۆرۈشۈپمۇ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغاندەك ھېس قىلىپ، ئاپىسىنىڭ ئالدىدا بىر ئۆمۈر تويى قىلماسلىققا قەسەم ئىچتى.

ــ بۇ نېمىتىڭدىن دەرھال يانغىن ئوغلۇم، ــ ئانا دەرھال ئېتىراز بىلدۈردى، ــ ئەگەر توي قىلمىساڭ داداڭغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيسەن؟ كونىلار: «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دەپ توغرا ئېيتقان. جاڭ ئائىلىسىنىڭ نەسلى سېنىڭ قولۇڭدا ئۈزۈلۈپ قالسا ھەرگىز بولمايدۇ.

جاڭ بۇسەننىڭ ئاپىسىغا ئىچى ئاغرىيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەيدىسىگە مۇشتلىدى.

ــ خاتىرجەم بول ئاپا، ۋاقتى كەلگەندە قۇچىقىڭغا بۇدرۇق نەۋرىدىن بىرنى ھامان تاشلاپ بېرىمەن. ئىشقىلىپ، كىمنىڭ تۇغۇپ بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، بەربىر ئۇ جاڭ ئائىلىسىنىڭ نەسلى.

ــ ھازىر ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ، ئوغلۇم، ــ ئاپىسى بېشىنى چايقىدى، ــ يەنىلا ئوچۇق ــ

ئاشكارا توي تارتىپ، تۇرمۇش قۇرغىنىڭ ياخشى.

— توي قىلمايمەن. كىشىگە ئاھانەت ئېلىپ كەلگەن ئىشنى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق قىلىش پېشانەمگە پۈتۈلمىگەن. دادام قويغان ئىسمىمغا يۈز كېلەلىشىم كېرەك !

نەتىجىدە، بىچارە ئانا يا ئوغلىنى قايىل قىلالماي، يا ھېلىقى بۇدرۇق نەۋرىسىنى ساقلاپ بولالماي مەڭگۈلۈك ئارمان بىلەن كۆز يۇمدى. مەرھۇمە بوينى قاتتىق ئوغلىغا چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇرۇپلا كەتمەي، بەلكى ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىمۇ ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ ھاياتىنىڭ تەڭدىن تولىسىدا ئىككى كىشىنىڭ ئىسمىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي كەلدى، ئۇنىڭ بىرى تەبىئىيلا ئېرى جاڭ لاۋخۇ ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئېرىنى بىر ئۆمۈر ياخشى كۆرۈپ كەلدى. ئۇ ئېرىنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى ئوغلىدىن زادىلا يوشۇرۇپ باقمىدى، ئەلۋەتتە بۇ ئىشلاردا ئۇنىڭمۇ بىر ئايال بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىپتىخارلىنىدىغان ۋە ھەسرەتلىنىدىغان تەرەپلىرى بار ئىدى. يەنە بىرسى ياڭ جىئېر ئىدى. ئۇ ئېرىنىڭ قەسەمداش قېرىندىشى بولۇپ، ئاقىۋەتتە ياڭ جىئېر قول بەرگەن قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

مانا ئەمدى جاڭ بۇسەننىڭ ئاپىسىمۇ ئۆلۈپ كەتتى، ئۇ ئەمدىلىكتە ئىدىيە جەھەتتە بارغانچە يېتىلىپ، مىجەز - خاراكتېر جەھەتتە خۇددى دادىسىنىلا تارتىۋاتاتتى. ئاپىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا، ئوت - چۆپلەرنىڭ مىسكىن شىۋىرلاشلىرىغا تەڭكەش قىلىپ، يۇرتىنىڭ قايسىبىر ناخشىسىنى ئېيتىۋاتقاندا، قانداقتۇر بىر خىل تەسىرلىگۈسىز ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت ئوتى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن سىرغىۋاتقان ياشلارغا ھارارەت ئاتا قىلاتتى. قەغەز كۆللىرى ئاسماندا لەيلەۋاتاتتى. ئۇ بۇ مەنزىرىگە قاراپ يۈرىكىگە چېكىۋالغان قەسىمىنى يادقا ئالدى: مەن چوقۇم باش كۆتۈرىمەن، خوتۇن - قىزلارنى تىزلاندۇرۇپ، خۇددى دادامغا ئوخشاش جەسۇر ياشايمەن !

شۇ يىلى باھاردا قىرووۋ ئاپىتى بولدى، يازدا قۇرغاق شامال، كۆزدە مۆلدۈر ئاپىتى زىرائەتلەرنىڭ ھالىنى قويماي ھوسۇلدىن ئاساسەن ئۈمىد قالمىغانىدى. بىراق، كوللېكتىپقا سېتىپ بېرىدىغان ئاشلىقنىڭ مىقدارى ئازايتىلماقتا يوق، كۆپەيتىۋېتىلگەنىدى.

جاڭ بۇسەن ئەترەت باشلىقىغا دېدى:

— يۇقىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى چۈشۈرىۋەرسۇن. بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ غېمىنى قىلايلى. نورما ئۆلچىمىنى بۇلتۇرقى نىسبەت بويىچە ئۆزگەرتمەيلى، نورمىدىن قانچىلىك ئاشسا يۇقىرىغا شۇنچىلىك تاپشۇرايلى.

ئەترەت باشلىقى بېشىنى دەرھال چايقىدى.

— يۇقىرى تەكشۈرۈپ كەلسە ھامان ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان گەپ.

— سەن ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈپ كېلىشىدىن شۇنچىلىك قورقامسەن؟ ئۇنداق بولسا قورسىقىڭنىڭ ئاغرىقىنى باھانە قىلىپ، ئۆيۈڭگە بېكىنىۋېلىپ، دېمىڭنى ئال. ئۇ ھارامزادىلەرگە ئۆزۈم تاقابىل تۇرىمەن.

جاڭ بۇسەننىڭ بۇ سۆزى كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىگە تازا ياققانىدى. ياۋاش - يۇمشاق ئەترەت باشلىقى گەرچە ئەزەلدىن پىرىنسىپ بويىچە ئىش تۇتۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىم ئامىمنىڭ نەپرىتىدىن قورقۇپ، بۇغدايلار يىغىلىپ بولغان ھامان يالغاندىن ئاغرىق بولۇۋېلىپ، ئەترەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى جاڭ بۇسەنگە ئۆتكۈزۈپ تاشلاپ بەردى. جاڭ بۇسەن تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، ھەش - پەش دېگۈچە نورما تارقىتىش ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ بولدى. باشقا كەنتتىكىلەر بولسا تېخى نورما تارقىتىش پىلانىنىمۇ تۈزۈشكە ئۈلگۈرمىگەنىدى. ناھىيە ۋە كەنت كادىرلىرىدىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ يولغا چىققانلىقىدىن ۋاقىپلانغان جاڭ بۇسەن دەرھال ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، كەنتتىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېتىزغا

ئەۋەتىۋېتىپ، خوتۇنلارنى ئۆيلىرىدە تاماق ئېتىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى كەنت ئېغىزىغا كېلىپ تەكشۈرگۈچىلەرنى ساقلىدى. تەكشۈرگۈچىلەر يېتىپ كەلگۈچە چۈشمۇ بولۇپ قالغانىدى، جاڭ بۇسەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتتى.

— ئاۋۋال تائام ئاندىن كالام، دەپتىكەن، چۈشلۈك تاماقنى يەۋېلىپ، ئاندىن ئىش بېجىرسەڭلارمۇ كېچىكمەيسىلەر، ۋېيزىلىق يۇرتداشلارنىڭ سىلەرنى مېھمان قىلىۋالغۇچىلىكى بار!

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى ئەسلىدە ناھىيەلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ، يېزا-كەنتلەرگە چۈشۈشكە ئامراق، دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە تاماقلىنىشقا ھېرىسمەن ئادەم ئىدى. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈشتەك روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئىككىنچىدىن، ئۇنى لايىقىدا داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن جاڭ بۇسەن خېلىلا باش قاتۇرغانىدى. دېگەندەك، جاڭ بۇسەننىڭ بۇ سۆزى ھېلىقى باشلىققا خۇددى ياغدەك يېقىپ كەتتى ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتقاچ دېدى:

— ئۇنداق بولسا ئالدى بىلەن تاماق يەۋالايلى.

جاڭ بۇسەن ئۇلارنى ھەربىر ئائىلىگە بىردىن تەقسىم قىلىپ، ھېلىقى باشلىقنى ۋاڭ رېنخۇۋنىڭ ئۆيىگە باشلىدى. ۋاڭ رېنخۇۋنىڭ ئۆيىنىڭ شارائىتىنى تازا ياخشى دەپ كەتكىلى بولمىغان بىلەن، خوتۇنىنىڭ خېلىلا پەيزى بار ئىدى. ئارىلىقتىن بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن جاڭ بۇسەن ئادەم ئەۋەتىپ ئېتىزدىكى ئەرلەرنى ئاستىلا چاقىرتىپ كەلدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك، ۋاڭ رېنخۇۋ ئىشىك ئالدىغا كېلىپلا چۇقان كۆتۈردى، چۈنكى باشلىق ئۇنىڭ خوتۇنىنى قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزۇۋالغانىدى. دەل شۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە جاڭ بۇسەن يېتىپ كېلىپ ۋاڭ رېنخۇۋغا گۆلەيدى:

— نېمىگە كاركىرايسەن، ئۇ دېگەن ناھىيەدىكى چوڭ

ئەمەلدار.

— چوڭ ئەمەلدار بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئۇ ھەتتا يۇرتىن سۇلتان بولسىمۇ ئەدىپىنى بەرگىنىم بەرگەن. ھوقۇقىنى پەش قىلىپ باشقىلارنىڭ خوتۇنىغا چېقىلسا بولامدىكەن؟ ئۆزىمۇ خوتۇن ـ بالىلىرىغا قانداق يۈز كېلەلەيدۇ؟

باشلىقنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەن، ئالمىچە ئۆتۈنۈش بىلەن جاڭ بۇسەنگە تىكىلگەنىدى. جاڭ بۇسەن ۋاڭ رېنخوۋنى سىرتقا تارتتى، ئۇنىڭ خوتۇنى ئاشخانىغا بېكىنىۋالغان بولۇپ، باشلىقنى ئەيىبلەۋاتاتتى.

— كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالغۇچە بىرنەرسە دېمەمسىز؟ قانداق قىلىمىز ئەمدى؟

— ھەممە گۇ... گۇناھ مە... مەندە، بولمىسا ئۇ ماڭا ئۆزى كې... كېلىپ ئېسىلامتى؟ — باشلىقنىڭ چىرايى قورقۇنچ ئىلكىدە خۇددى مايمۇننىڭ كۆتىدەك قىزىرىپ كەتكەن، گەپلىرىمۇ پەقەتلا قولاشمايۋاتاتتى.

جاڭ بۇسەن ئۇنى تېخىمۇ دەككە ـ دۈككىگە سالدى:

— بۇ ئىشنى قانداق يىغىشتۇرغۇلۇق ئەمدى؟ ۋاڭ رېنخوۋغۇ ئادەتتىكى بىر قارا قورساق دېھقان، ئۇ سىزنى ھېچنېمە قىلالمىغىنى بىلەن ئويلىمىغان يەردىن ناھىيە بازىرىغا بېرىپ، بۇ ئىشنى ئۇچرىغانلا ئادەمگە يېيىۋەتسە نېمە دېگۈلۈك؟ ئۆيىڭىزدىكى پەرىزات ئايىم ئاڭلاپ قالسا ئىشنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولۇپ كېتەر؟

«ھىم، — باشلىق ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى، — نەدىكى پەرىزات ئايىم ئىكەن ئۇ؟ تەق ـ تۇرقى ئىدىشنىڭ ئۆزى، خۇددى خۇشياقماي سىزىپ قويغان رەسىمدىكىدەك...»

بىراق، باشلىق خوتۇنىدىن قورقىدىغانلار تىپىدىن بولغاچ، يەنىلا يۈرىكى پوك ـ پوك ئىدى، ناۋادا خوتۇنى بۇ ئىشنى راستىنلا بىلىپ قالىدىغان بولسا، قىزىل ئىشتاننى بېشىغا كىيىپ، ئالەمنى مالەم قىلىشىدا گەپ يوق ئىدى.

جاڭ بۇسەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— گەندىنى كاپ ئېتىش سىزنىڭ نۆۋەتتىكى بىردىنبىر چىقىش يولىڭىز.

ئۇ گەپنى سىلىقلاشتۇرۇپ «كاپ ئېتىش» دېگەن سۆزنى تەبىئىي ئېيتتى. بۇ يەرلىك ئىستېمالدىكى سۆز بولۇپ، بىراۋ باشقىلارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ قويغاندا، گەندە يېگۈزۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق جازالاشنى كۆرسىتەتتى. باشلىقنىڭ قىزىرىپ كەتكەن چىرايى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، تۇمۇردەك كۆكىرىپ كەتتى.

— سىلەر ماڭا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلماقچىمۇ؟

— ناۋادا بۇنىڭغا كۆنمىسىڭىز، باشقىلارنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلىماق تەس. بۇ ئىشنىڭ تاراپ كەتمەسلىكىگە كىممۇ ھۆددە قىلالايدۇ دەيسىز؟ — جاڭ بۇسەن ھەرھالدا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغانىدى، — مەن بېرىپ يۇرتداشلارغا يېلىنىپ، يۇرت چوڭلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي، ئۇنۇمى بولۇپ قالامدۇ تېخى !

مەسلىھەتنىڭ نەتىجىسى يەنىلا ئوخشاش ئىدى. ئەكسىچە كۆكتات يوپۇرمىقىغا ئورالغان گەندىنى جاڭ بۇسەن ئۆزى ئەكەلگەن، چىرايىدا ئامالسىزلىق ئىپادىلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن بۇ كونا گەندە ۋاڭ رېنخۇۋنىڭ بولمىغىنى بىلەن ئاللىبۇرۇن تەييارلاپ قويۇلغانىدى.

— يېڭىسىغا قارىغاندا، پۇرىقى ئۇچۇپ كەتكەن كونىسىنى كاپ ئەتمەك بىرئاز ئاسان، — دېدى ئۇ گەندىنى باشلىقنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ، — يۇرتداشلار يەنىلا يۈزىڭىزنى قىلىۋاتىدۇ.

جاڭ بۇسەن سۆزنى تۈگىتىپ چىقىپ كەتتى. باشلىق بۇ ئاھانەتتىن بوغۇلۇپ كېتىۋاتاتتى، لېكىن نېمە ئامال دەيسىز؟ جاڭ بۇسەننىڭ سۆز ئۇرانىغا قارىغاندا، بۇ يالاڭتۆشلەر ئۆزىنىڭ يۈزىنى قىلمىغان بولسا، ئۇ بۇ گەندىنى راستتىنلا خەلقئالەم

ئالدىدا، بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە يېگەن بولاتتىمكىنتاڭ؟
ئارىلىقتىن ئاز ئۆتۈپ جاڭ بۇسەن ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان ۋاقىتتا، گەندىنىڭ ئاز بىر قىسمى غايىب بولغانىدى. جاڭ بۇسەننىڭ پەرىزىچە، بۇ قاپاقباش باشلىق گەندىگە ھەرھالدا ئېغىز تەگكەندەك قىلاتتى.
— ھۆرمەتلىك باشلىق، دېمەك سىز باشقىلارنىڭ خوتۇنىغا چېقىلىپ، گەندە يەپ، ئائىلىڭىزنىڭمۇ يۈزىنى تۆكتىڭىز، — ئۇنىڭ سۆز ئۇرانى قاتتىق ھەتتا تەھدىت ئارىلاش ئىدى، — بۇ ئىشنى باشقىلار ئۇنتۇپ كەتسىغۇ ياخشى، لېكىن يەنە تەرگەپ يۈرسە قانداق قىلىسىز؟
— دېگىنىڭلارنى قىلدىم، مېنى يەنە نېمە قىل دېمەكچىسىلەر؟ — باشلىق ئەلەمدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەنىدى.
جاڭ بۇسەن سوغۇق كۈلۈپ قويدى.
— بۇ ئىشنى تۈگىدى دېسىڭىز تۈگىدى. تۈگىمىدى دېسىڭىز تۈگىمىدى. بۇ سىزنىڭ ئىپادىڭىزگە باغلىق. سىزگە مەلۇم، ۋېيزى كەنتى بۇ يىل دېھقانچىلىقتىن ھوسۇل ئالالمىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىر تال داننىمۇ يۇقىرىغا تاپشۇرۇشقا قۇربى يەتمەيدۇ. ناۋادا كادىرلار بىزنى ئاشلىق تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىسا، ئۇ چاغدا بىز ناھىيەگە بېرىپ قىلمىشلىرىڭىزنى قىلماي قويمايمىز.
ئەقلى دۇمبىسىگە چىقىپ قالغان بىچارە باشلىق بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئاخىر ھېس قىلىپ يەتتى ـ دە، ئۇنىڭغا ئالايدى.
— ئادەمنى ئەخمەق قىلغۇچە، دەيدىغىنىڭنى بالدۇرراق دېسەڭ بولمامدۇ؟
باشلىق قايتىپ بېرىپ قايسى ئاماللار بىلەن يۇقىرىنى قايىل قىلدىكىن، شۇ يىلى ناھىيە ۋېيزىلىقلارنىڭ يۇقىرىغا ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى كەچۈرۈم قىلغانلىق توغرىسىدىكى 23 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنى تارقاتتى.

مەنپەئەت دېگەن ئاجايىپ مېھرى ئىسسىق نەرسە! ۋاڭ رېنخوۋ ئائىلىسىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئىززەت ـ ئابرۇيى بەدىلىگە يەنىلا باشقىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىۋاتقانلىقىدىن خاپا ئىدى. بۇ نۇقتىنى ئاللىبۇرۇن ھېس قىلغان جاڭ بۇسەن ئۇنىڭ تۆھپىسىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن دەرھال كەنتتىكىلەردىن ئاز ـ تولا ئاشلىق يىغىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەردى. ساددا ۋاڭ رېنخوۋمۇ شۇنىڭ بىلەن ئىشنى بولدى قىلدى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ خوتۇنى ئەزەلدىن تۈز يولدىكى ئايال بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىشنى كەنتتىكىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ قىلغاچقا، ھېچكىم بۇ ئىشنى قايتا ئېغىزغا ئالمىدى.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇ قېتىم ھىيلە ـ مىكىر ھەقىقەتەن سەممىيلىكنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگەنىدى. ئەترەت باشلىقىمۇ جاڭ بۇسەنگە قايىللىقىنى بىلدۈردى.

— ئەترەت باشلىقلىقىنى يەنىلا سەن ئۈستۈڭگە ئالساڭ مۇۋاپىق بولغۇدەك!

زىياندىن يۈرەكزەدە بولۇپ كەتكەن كەنتتىكىلەرمۇ ئەلۋەتتە شۇ پىكىردە بولۇپ، ئۇنى قوشاققا قېتىۋالغانىدى.

جاڭ بۇسەننىڭ كاللىسى ئۆتكۈر،
باشلىق بولۇشتا سايلاش كەتمەيدۇ.
جاڭ بۇسەننىڭ ئامالى تولا،
ئەمەلدارنى قالتىس ئەپلەيدۇ.
گۇم، گۇم، گۇم! كاپ، كاپ، كاپ!
ئاغزىغا تېزەك كەپلەيدۇ.
كەلگۈسگە ئۈمىدلىك بېقىپ،
قىزىل بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ،
غەلىبىسىرى ئالغا چامدايدۇ.

ئاخىرىدىكى مىسرالارنى جاڭ بۇسەننىڭ ئۆزى قېتىۋالغان، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن پېشقەدەم ئەترەت باشلىقىنى، ھەتتا كەنتتىكى ھەممە كىشىنى قايىل قىلىۋەتكەنىدى.

جاڭ بۇسەن ئەترەت باشلىقى بولدى. تەبىئىيكى، كەنتتىكىلەرنىڭ ئىچىدىن، يەيدىغاندىن ئاساسەن غېمى قالمىغانىدى. ئۇنىڭ ھېلىقى ناكەس كېسىلىمۇ ئاستا ـ ئاستا ياخشى بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بولۇپمۇ ھەممىنىڭ كۆزىنى قىزارتىدىغىنى، ئۇنىڭ خوتۇنلار بىلەن قىلىدىغان خۇپىيانە ئىشلىرى كۆپىيىپ بارماقتا ئىدى. ئەر ـ خوتۇنچىلىق تۇرمۇشى ئوتتۇز ـ قىرىق ياشتا تازا قىيامىغا يېتىدۇ، دېگەندەك جاڭ بۇسەننىڭ قىرانلىق چاغلىرى تازا كۆڭۈللۈك ئۆتمەكتە ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ قۇلىقىغا مۇنداق قوشاق كىرىپ قالدى.

كەپلەيدۇ، كەپلەيدۇ،
جاڭ بۇسەننىڭ نەرسىسى
ئاتنىڭكىگە ئوخشايدۇ.
ئۇچ ئېغىز ئۆي تار كېلەر،
خوتۇن ئورۇن سال، دەيدۇ.

جاڭ بۇسەن بۇ گەپلەرنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويماي، قوشىقىنى باشلىدى.

ئات ھارۋىسى ھەيدىگەن كارۋان،
ئات كۆڭلىنى خۇش قىلار ھامان!

بۇ بىر ئوخشىتىش بولۇپ، ئۇنىڭ نەزىرىدە بارلىق ئەرلەر «ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى كۆتۈرگۈچى»لەردىن ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئات ھارۋىسىدىكى كارۋان!

ئۇنىڭ نىشانىغا ئالغان چوكانچاقلىرى ئاز ئەمەس ئىدى، ئۇ

خۇددى قان يۇراپ قالغان ئاچ كۆز بۆرىدەك، ھەممە ئۆيلەرنى تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، بارا ـ بارا ھەقىقىي تىپىتىكى شەھۋەت پىشۋاسىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرىمەيتتى. چۈنكى، ئۇ خوتۇنلاردا ئۈنچىلىك يۈرەك يوق ئىدى. ھەقىقىي ئەھۋال ئاشكارىلىنىپ قالسا ئېرىگە، ئەجدادلىرىغا ۋاپاسىزلىق قىلغان ۋاپاسىز بۇزۇق، «تاماكا كۆتىكى» دېگەن بەتنامغا قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. كونىلاردا «تاماكا كۆتىكىنى ھەممە ئادەم شوراپ تاشلايدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۇلار ئوبدان بىلەتتى.

شې مەنتاڭ بىلەن لۇ قىزچاقنىڭ ئىچ پەش تارتىشىپ قالغانلىقىنى جاڭ بۇسەن ئالللىبۇرۇن سېزىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ لۇ قىزچاققا تېخىچە نىيىتىنى بۇزماسلىقىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ھەرھالدا ئىنسابى بولۇپ، بىردەملىك لەززەتنى دەپ يۇزى ئېچىلمىغان قىزلارنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختىگە ئولتۇرۇپ قېلىشنى خالىمايتتى.

لۇ قىزچاق ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى. ئاخىر ئۇ شې مەنتاڭغا ياتلىق بولدى. ۋېيزىلىقلارنىڭ قائىدىسى بويىچە كېلىنچەك چوقۇم توي كۈنى ئاپىسى ئۆز قولىدا تىكىپ بەرگەن كىيىملەرنى كىيەتتى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ ئاپىسى تۇرماق ھەتتا بىرمۇ يېقىن تۇغقىنى بولمىغاچ، تويلۇق كىيىملىرىنى ئۆزى تەييارلىغانىدى. توي كۈنى ئەتىگەندىلا يىگىت تەرەپ ئۇنى ئېشەك ھارۋىسى بىلەن كۆچۈرۈپ كەلدى. ئۇ ھارۋىدىن چۈشكەندە سەنتۇرۇلۇپ كەتتى. ھەممىدىن كۈلكىلىك يېرى، ئۇنىڭ تويلۇق «قوشماق ئۆردەك» ئايىغى ئىككى خىل رەڭدە، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىرى يېڭى، بىرى كونا ئىدى. بۇ ئىش ئەتراپتىكىلەرگە بولۇپ بەرگەنىدى. ۋاڭ رېنخوۋنىڭ خوتۇنىنىڭ باشچىلىقىدا كەنتتىكى جاپىلداق خوتۇنلار قوشىقىنى باشلىۋەتكەنىدى.

قوشماق ئۆردەك پوق يېدى،
بەكمۇ كىچىك ئىغىزى.
پوق ئىچىدە چوشقا كۈچۈكى...

بۇ مەسخىرىلەر لۇ قىزچاقنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلىپ، چىرايلىق كۆزلىرىدىن ياشلار قۇيۇلاتتى. تېخى ھۆجرىغا كىرمەي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ ئىتىكى ئەلەملىك ياش بىلەن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى.

— يىغلىماڭ، يىغلىماڭ، كىيىمىڭىز مەينەت بولۇپ كەتسە، يۆتكەيدىغانغا باشقىسى يوق!

قېيىنئانىسىنىڭ بۇ سۆزنى نېمە مەقسەتتە دېگەنلىكى نامەلۇم، ئىشقىلىپ، بۇ سۆز كېلىنچەكنىلا ئەمەس، تاماشا كۆرۈشكە كەلگەن ھېلىقى كوت ـ كوت خوتۇنلارنىمۇ سەگىتىپ قويغانىدى. ئۇلار جىددىيلىشىپ، كېلىنچەكنى ھۆجرىغا ئۈزىتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. بۇ چاغدا توي رىياسەتچىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— قاراڭلار، كۆرمىدىڭلارمۇ؟ توي كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى، تۈگمىسى، يەڭلىرىنىڭ ھەممىسى قوشماق ئۆردەككە ئىمسالدۇر.

لۇ قىزچاق ئەمدىلىكتە كۆزىدىكى ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، قەددىنى رۇسلاپ، ئەتراپىدىكى جاپىلداق خوتۇنلارغا مەنستىمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى. ئۇ بۇ كىيىملەرنى پىنتوزا زاۋۇتىدىكى ھېلىقى ياشلارنىڭ دېگىنى بويىچە، شەھەردىن ئەكەلگەنىدى (يېزىلىقلارنىڭ قولىدا گەرچە رەخت بىلتى بولسىمۇ، لېكىن نەق پۇل بولمىغاچ، بىرەر يېرىم خالتا پۇرچاقنى شەھەردىكى قاراڭغۇ بازارغا ئەكىرىپ، كىيىم ـ كېچەككە تېگىشەتتى). قىزچاق ئىچىدە ئۇلارغا خىتاب قىلاتتى: مەن بۇ كىيىملەرنى ئوغرىلىمىدىم. قوشماق ئۆردەكلەرنى ئۆزۈم كەشتىلىدىم. مېنىڭ ئۇستىبېشىمدىكى سىلەرنىڭكىدەك چېكىم گۈللۈك كونا رەخت ئەمەس، بەلكى داكرون بىلەن كافىرىدوننىڭ

ئارىلاشمىسىدىن ئىشلەنگەن ئالاھىدە رەخت!

ئۇ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ ئاشۇ جاپىلداقلارنىڭ دەككىسىنى بەرمەكچىمۇ بولدى. لېكىن، كىمدۇر بىرى ئۇنى ئۆيگە ئىتتىرىپ دېگۈدەك ئەكىردى.

چوڭ ئىشلارنىڭ كاشىلىسى تولا دېگەندەك، ۋېيزىلىقلار سېرىق ئىتتىن ئىككىنى باقسا باقاتتىكى، ئالدىراپ تۆگە باقمايتتى. دېمەك، ئەتراپتىكىلەر يەنىلا ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ ماس كەلمىگەنلىكىنى خۇددى ئوچۇق - تۇتۇقلۇقىنىڭ پار كەلمەي، تاغ - دەريالار يۆتكىلەلمەي، ئاسمان - زېمىن ئۆزگىتۇرەلمەي، يېقىن - يىراق گەۋدىلىشەلمەي ئۆتىدىغان قانۇنىيەت يوكسەكلىكىدە تۇرۇپ مۇلاھىزە قىلاتتى. بىر - بىرى بىلەن تالىشاتتى. كېلىنچەكنىڭ قوشماق ئۆردەك ئايىغىنىڭ بىر پېيى يېڭى، بىر پېيى كونا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئايىغىنىڭ ئۇچى ئوخشاشلا ئوڭ تەرەپكە قارايتتى. كىيىملىرىمۇ پەقەتلا ماس كەلمىگەن بولۇپ، سول يېڭى قىزىل، ئوڭ يېڭى كۆك ئىدى. قىزىل بىلەن كۆك رەڭ ماس كەلمەيلا قالماستىن، كىشىنى ھەر خىل گۇمانغا سالاتتى. تاماشا كۆرگۈچىلەرنىڭ مۇنازىرىسى باشقىدىنلا قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن بۇ ئالامەتلەر خۇددى قوتۇر داغ ئىسپورىسى ئەرشتىن زېمىنغا چۈشۈپ، سۇپۇرگە يۇلتۇزىنىڭ بېشىدىن قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ، بالايىئاپەت گويا ئەخلەتتەك ئېقىپ كېلىۋاتقاندەك قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، لۇ قىزچاقنىڭ بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىشى بىر تەرەپتىن ئەرنى نەس باستۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن نەسلىنى قۇرۇتاتتى، ئۇچىنچى تەرەپتىن ئائىلىسى ۋەيران بولاتتى. كۆزى ئۆتكۈر، مۇھەببەت - نەپرىتى ئېنىق ۋېيزىلىقلار كېلىنچەكنى ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل قىلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

راست دېگەندەك، كېلىنچەك ئىككى يىلغىچە قورساق كۆتۈرمىدى. دېمەك ۋېيزىلىقلارنىڭ قىياسى توغرا چىقىپ، شى ئائىلىسى نەسلى ئۈزۈلۈش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى.

كېيىنكى بالا ـ قازالارنىڭ قاچان بۇ تىنچ ئائىلىگە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى تېخى ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇ كۈنلەردە شىپ ئائىلىسىدە يۈتكىلىپ تۇرىدىغان قاراڭغۇ بىر بۇلۇت پەيدا بولغانىدى. بۇ بۇلۇت رەشك ۋە نەپرەت، قەلب ۋە ئېغىزدىن پۈتكەن بولۇپ، ئەيقاچتى گەپ ـ سۆزلەر بىلەن بىرلىشىپ سوغۇق كەيپىيات ئىختىرا قىلغانىدى. شىپ ئائىلىسىدىكىلەر، شۇنداقلا كېلىنچەكنى كېچە ـ كۈندۈز قوينىغا سولاپ ياتقان ئەرمۇ كېلىنچەكنىڭ ئارقىسىدىكى نەسلىكنىڭ بارغانچە روشەنلىشىپ، چىش ـ تىرناقلىرىنى بىلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئاشۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە لۇ قىزچاقنىڭ قېيىنئاتىسىنىڭ قورسىقى كۆپۈپ، يۈرىكى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. ئەمدىلىكتە زادىلا تاقىتى قالمىغان قېيىنئانا يۈزىنى ئۆرۈپلا، ئاسمانغا قاراپ ئاۋازىنى بىراقلا قويۇۋەتتى.

— كۆردۈڭلارمۇ خالايىق، كۆردۈڭلارمۇ؟ سۇپۇرگە يۇلتۇز ئىشىك ئالدىغا كەلدى. قارا يولۋاس ئۆيگە كىرىپ ئادەم يېمەكچى. ئالۋاستى، ئالۋاستى كەلدى. ئاق مۈشۈك چاشقان ئۇۋىسىغا كىردى. نېمىدېگەن غەلىتە ئىشلار بۇ؟ ئاسمان زېمىنغا يېقىلدى. يەر ئاسمانغا يېقىلدى. سۇ تاغقا قاراپ ئېقىۋاتىدۇ. بوران قەلبىمگە قاراپ چىقىۋاتىدۇ. دۆت چوشقا ئۆيگە كىرمىدى، بىر چىرايلىق ئادەم بالىسى ئىشنى تېرىدى!

ئۇ خېلى بىرپەس چالۋاقىغاندىن كېيىن، ئۆيگە كىرىپ سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئاغرىق ئازابىدا بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمەي ياتقان ئېرىگە بىرپەس قاراپ قويۇپ، ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى. كۆزلىرىدىن ئەلەملىك ياشلىرى قۇيۇلاتتى.

— تەقدىر كاج بولسا تەڭرىمۇ ئۇرىدۇ. ئادەم ئوغرى بولسا ئىتمۇ چىشلەيدۇ. تەڭرىنىڭ غەزىپى تۇتتى، ئىتنىڭ ئەلپازى بۇزۇلدى. ئىلاھىي بەلگىلىمىلەرگە قارشى چىققان ئەجدادلىرىم، سىلەر بىزنى نېمە بۇنچە قىينايسىلەر؟

ئۇنىڭ يۈرىكى ئەلەم ۋە نادامەت، چۈشكۈنلۈك ۋە نەپرەتتىن

ئۆرتىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئاۋازى كىشىگە خۇددى يىغلاۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. قىيىنچىلىق ئىلكىدە ياشاپ كەلگەن ئانا بىر ئۆمۈر رېئاللىقتىن داتلاپ ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ ئاھ ئۇرۇشلىرى خۇددى قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا، دېگەندەك يوشۇرۇن مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئەقىللىك كىشى ئۇ تىلغا ئالغان چوشقا، ئىت، ئاق مۈشۈك، قارا يولۋاسلارنىڭ كىمگە قارىتىلىۋاتقانلىقىنى بىر ئاڭلاپلا بىلىۋالاتتى. لۇ قىزچاق ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىنمۇ ئارتۇق ئەقىللىك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۈتتەك ئايدىڭ بىر كېچىسى ئۆيدىن غىپپىدە ئايرىلدى. شۇ مەنتاڭ ئۇنى قەستەن كۆرمەسكە سېلىۋالدى. ئەتىسى ئۇ رەسمىيەت يۈزىسىدىن بولسىمۇ، كور بوۋايدىن مىراس قالغان ھېلىقى ئەسكى ئۆيگە بېرىپ خوتۇنىنىڭ ئىزدەك - سورىقىنى قىلىپمۇ قويمىدى. قىزچاق شۇ مەنتاڭنىڭ بۇ قىلىقىدىن تولىمۇ ئەپسۇسلاندى، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك يۆلەنچۈك بولالايدىغانلىقىدىن ئەمدىلىكتە ھەقىقىي ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى. قۇياش يەنىلا شەرقتىن چىقىپ، غەربكە پېتىۋاتاتتى. ھەممە ئوخشاشلا ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەممىنى باشتىن باشلاش قارارىغا كەلدى.

بىر كۈنى جاڭ بۇسەن ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ كۆيۈنگەن ھالدا دېدى:

— ئىش نورمىڭىز خاتا ھېسابلىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ، كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۆيۈمگە كەلسىڭىز، ھېسابلاپ كۆرەيلى.

لۇ قىزچاق ئاخىر ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇنىڭ بارماسلىقىمۇ، ئۇ يەردە قونۇپ قالماسلىقىمۇ ئامالى يوق ئىدى. جاڭ بۇسەن بۇنداق چوكانچاقلارنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويمايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ھازىر ئېرىنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئايال. ئۇنىڭدىن باشقا لۇ قىزچاق بالىلىق بولۇشقا ئىنتىزار ئىدى! چۈنكى، ئۇ يەرگە قانداق ئۇرۇق تېرىسا

شۇنداق مېۋە بېرىدىغانلىقىنى باشقىلارغا بىلدۇرۇپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. جاڭ بۇسەننىڭ شەھۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان كۆزلىرى، ھارارەت بالقىپ تۇرغان بەستى كەلگۈسىدىكى ھوسۇلدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. جاڭ بۇسەن ئۇنى كۆتۈرۈپلا ئېلىپ كارىۋاتقا باستى، شۇ باسقىنىچە نەچچە تاڭنى ئاتقۇزۇۋەتتى. چوكانچاق ئۇنىڭ ئاشۇ ھارارەتلىك قوينىدا قەندەك ئېرىپ، خۇدىنى يوقاتقانىدى. دېمەك، خېلى ئۇزۇن مەزگىل ئەر كۆرمىگەن چوكاننىڭ ھەۋىسى قوزغىلىپلا ئەمەس، بارغانچە كۈچىيىپ، قىيامىغا يەتمەكتە ئىدى... جاڭ بۇسەنمۇ ئۇنىڭغا ئېرىشكەندىن بۇيان، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئوۋغا چىقىدىغان خۇمارىنى تاشلىدى. ناۋادا لۇ قىزچاق ئۇنىڭغا راستتىنلا بالا تۇغۇپ بېرىدىغان بولسا، ئۇنى ئەمرىگە ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. ئۇلار ئەنە شۇ لەززەتلىك مىنۇتلارنىڭ ئىسكەنجىسى بىلەن بىرنەچچە ئاينىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قېلىشقانىدى. كوچىلاردا جاڭ بۇسەن ھەققىدە مۇنداق بىر قوشاق خېلى كۈنلەردىن بۇيان ئېيتىلىپ كېلىۋاتاتتى.

ئەرلەر شاراب چۈشەيدۇ،
قوچقار سۆگەت غاجايدۇ.
ئاسماندىكى ھۆر - پەرى،
زېمىندىكى چوكانچاق،
سەن گويا شاراب، سەن گويا سۆگەت.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شى بوۋاينىڭ كېسىلى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن مەنتاڭ خوتۇننى ئەكېلىۋېلىشقا تەرەددۇتلەندى. بۇنى ئاڭلىغان ئاپىسى باشقىدىن چىچاڭشىپ كەتتى.

— سەن ئۇ مېكىجىننى ئەكېلىۋېلىپ، ئەمدىلىكتە مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟ ئۇ بەرىبىر ئېشەكنىڭ ئەۋلادى. ناۋادا سەن ئۇنى

راستتىنلا ئەكىلىۋالماقچى بولساڭ، ئالدى بىلەن مېنى گۆرگە تىرىك كۆمۈۋەت !

دادىسىمۇ قوشۇمچە قىلدى.

— مەنتاڭ، بولدى ئۇنىڭدىن ئۈمىدىڭنى ئۈز. ھازىر ئۇنىڭ جاڭ بۇسەن بىلەن ئۆتۈشىمۇ تەڭرىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان مەرھەمىتى. بىزنىڭ ئائىلىمىز نامرات. تېرىقچىلىق پېشانىمىزغا پۈتۈلۈپ كەتكەن، ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيا ئەترەت باشلىقىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويمىغىن.

شې مەنتاڭ ئۇلارغا ھە دەپ قويۇپ، خوتۇنىنى ئىزدەپ جاڭ بۇسەننىڭ ئۆيىگە باردى. لېكىن، لو قىزچاق ئۇنى ئىشىك ئالدىدىلا ئۈزىتىپ قويدى.

— مەنتاڭ، ئەڭ ياخشىسى مېنىڭدىن ئۈمىدىڭىزنى ئۈزۈپ، سىزگە تۇغۇپ بېرەلەيدىغان بىرەرىنى تېپىۋېلىڭ. مەن سىزگە مەڭگۈ بالا تۇغۇپ بېرەلمەيمەن.

قىزچاق سۆزىنى تۈگىتىپلا ئىشىكنى يېپىۋالدى. شې مەنتاڭ خېلى يېلىنىپ بېقىپ، ئاخىر نائىلاج قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئالەمچە پۇشايمان ۋە زېرىكىش ئىچىدە قالدى. تەقدىر - قىسمەتنىڭ ئەخمەق قىلىشى بىلەن چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن شې مەنتاڭ تۇساتتىنلا تۇرمۇشقا ئېتىبارسىز، باشقىلارغا نەپرەت بىلەن قارايدىغان غەلىتە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئەسلى ئۇمۇ بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ۋەزنى ئالتۇندەك ئېغىر ۋە ساپ ھېسسىياتتىن بەھرىمەن ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭدىكى ھازىرقى ھېسسىيات تامامەن باشقىچە ئىدى. ئۇ خوتۇن ئالماسلىق ھەققىدە ئۆز - ئۆزىگە قەسەم بەرگەن، لېكىن ئاپىسىنىڭ ئۈمىدى باشقىچە ئىدى. ئەگەر ئاتا - ئانىسى توي ھەققىدە ئېغىزلانسا، ئۇ شۇ ھامان ئۆكتە قوپاتتى. خۇددى دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئىنسان ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگەندەك، ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھكاردەك ھەممىنى قارغايتتى، تاپا - تەنە قىلاتتى. ئۇ

كىملەردىندۇر قىساس ئېلىشنى ئويلايتتى. لېكىن، يۇرىكىنى ئازابلاپ كېلىۋاتقان ئاشۇ قىساسنى كىمدىن ئېلىشنى بىلمەيتتى. ئارىلىقتىن خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى. جاڭ بۇسەن ھەر يىلى كەنتتىكىلەرنى باشلاپ ئالتۇنلۇققا بارىدىغان بولدى. ئۇ شې مەنتاڭنىڭ ئەسكىلىك قىلمىشىدىن ئەنسىرەپ لۇ قىزچاقنىمۇ بىللە ئېلىۋالاتتى. جاڭ بۇسەننىڭ گەرچە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئويى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ قىزچاقتىن ئايرىلالمايدىغان باسقۇچقا بېرىپ قالغانىدى. ئۇنداقتا لۇ قىزچاقچۇ؟ گەرچە ئۇ ئالدىنقى ئېرىنىڭ ماقۇللۇقىسىز باشقىلارنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئاشۇ قانۇنسىز ئېرىدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن جاڭ بۇسەن خۇددى تېگى يوق دېڭىزدەك، ئۇنىڭ بارلىق تاللاش ۋە ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى، ئۇنىڭ بارلىق ئەسلىمىلىرىنى يۇتۇپ كەتكەنىدى.

## ئۈچىنچى باب

# قېينىزارلىق

لۇ قىزچاق خىياللار ئىلكىدە ئۇھ تارتاتتى. گۇساڭ ئاكا بولسا چۈشىدىكى ئاشۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇق، خوتۇن - قىزلار ۋە يەنە ئاللىنېمىلەر ئۈچۈن ئۇھ تارتاتتى. قەدىمىي ئالتۇنلۇقتىكى تاغلار، دەريالار خۇددى خوتۇن - قىزلارغىلا ئوخشايتتى. قەدىمىي ئالتۇنلۇق سان - ساناقسىز جاۋاھىراتلارنى باغاشلاپ، بۇلۇتلارغا پۈركەنگىنىچە سوزۇلۇپ ياتاتتى. لۇ قىزچاق بىراۋنىڭ ئاشۇ جاۋاھىراتلاردىن ئەكېلىپ بېرىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتەتتى. ئەكېلىپ بەرگەندە بولسا ئىزتىراپلىق خىياللارغا چۆكۈپ، خېلى چاغلارغىچە چىرايىنى ئاچمايتتى. ھەتتا بۇلۇتتەك تۇتۇلۇۋېلىپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ ئۇلارنى قېشىغا بىر قەدەممۇ يولاتمايتتى. گۇساڭ ئاكا چۈشىدە لۇ قىزچاق بىلەن قەدىمىي ئالتۇنلۇقنى گىرەلەشتۈرۈپ قويغانىدى. بىر چاغدا ئۆزىمۇ چوققىلىق تاغقا ئايلىنىپ قېلىپ، ئاجايىپ - غارايىپ تۈيغۇلار ئىلكىدە تولغىنىپ كەتتى. بوران ئۇشقىرتىپ ئادەملەر چاقىراتتى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئوتتەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇ كۆزىنى ئاچماقچى بولاتتى - يۇ، ئاچالمايتتى. سۇپىنىڭ قېشىدا تۇرغان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەقەتلا ئىلغا قىلالمايۋاتاتتى. بىر چاغدا ھېلىقى ناتونۇش كىشى ئۇنى كېلىشتۈرۈپ بىر تەستەك سالدى. شۇ چاغدىلا گۇساڭ ئاكا ئۇيقۇدىن تامامەن ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ بۇ رەھىمسىز رېئاللىققا

قايتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— ھۆ خۇنپەر، سەن زادى قولۇمدا ئۆلمىگۈچە بولدى قىلمايدىغان ئوخشايسەن.

جاك بۇسەننىڭ كۆزلىرى ئوتتەك چاقناپ، ئاۋازى ئاچچىقتىن خىرقىراپ چىقاتتى. بۇ قېتىم تاياقتا قالغىنى قورقۇنچ ئىلكىدە دۈگدىيىپلا قالغان بىچارە لۇ قىزچاق ئىدى. گۇساك ئاكا شۇ ھامان سۇپىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، يارىلانغانلىقىنى ئۇنتۇپ دېگۈدەك، جاك بۇسەننىڭ كۆكرىكىگە بىر مۇشت قويدى. لېكىن، مۇشتنى ئۆزى يېگەندەك ئەندىكىپ كەتتى. ئەكسىچە، جاك بۇسەن ئۇنىڭ غەزىپىنى قېتىغىمۇ ئىلىپ قويماي، لۇ قىزچاقنىڭ چېچىدىن قامالىلىدى.

— باشقىلارغا نازلانساڭمۇ، گۇساكلارغا نازلانساڭ بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئادەم ئەمەس، بىلدىڭمۇ؟ زادى ئادەم ئەمەس!

لۇ قىزچاق ئازاب بىلەن لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى. كۆز قارىچۇقلىرى ئارقىغا تارتىلىپ، بېشىنى ئاران دېگۈدەك لىڭشىتتى، جاك بۇسەن ئۇنى يەنە بىر شاپىلاق ئۇرۇپ ئارقىغا قارىتىپ قويدى. ئامالسىزلىقتا قالغان گۇساك ئاكا يارىلانغان قولىنى ئاۋايلىغىنىچە ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى. ئۇ جاك بۇسەننىڭ ھەيۋە كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ناۋادا ئۇ بۇ يەردە بىر مىنۇت ئارتۇق تۇرسا، لۇ قىزچاق بىر مىنۇت ئارتۇق ئازاب چېكەتتى. ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى ئىشىك ئالدىدا خۇددى ئۇنى ساقلاپ تۇرغان قوغدىغۇچىلاردەك بىر توپ گۇساكلار تۇراتتى.

— سىلەر بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭلار؟ — ئۇ ئالدىراپ سورىدى.

ئەمەلىيەتتە ئۇلار قىساس ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن، لېكىن ۋېيزىلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ۋېيزىلىقلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغانىدى. گۇساك ئاكا ئۇلاردىن يەنە بىر قېتىم سورىدى.

— سىلەر نېمىدەپ كەلدىڭلار؟

— ئۇنى ئۆلتۇرۇۋېتىمىز، ئۇ ۋېيزىلىقلارنىڭ خوتۇنى، — ئارىدىن بىرى ۋارقىرىدى.
— ئۆلتۈرۈلۈشكە تېگىشلىكى يەنىلا ئاۋۇ خۇنپەر.
گۇساڭ ئاكا ئالدىغا قاراپ مېڭىۋىدى، قالغانلار ئۇنىڭغا تاپ بېسىپ ئەگەشتى. ۋېيزىلىقلار يول ئېچىپ بەردى.
— تۇفى! — شې مەنتاڭ گۇساڭ ئاكىغا قاراپ تۈكۈردى.
گۇساڭ ئاكا ئەلەمدىن تىترەپ كەتتى، لېكىن باشقىلار ئۇنى سۆرەپ دېگۈدەك ئەكەتتى.
— ئەزىمەت كىچىككىنە كۆڭۈل ئاغرىقىنى دەپ، چوڭ ئىشلارغا دەخلى يەتكۈزمەيدۇ، — دېدى ئۇ ئاڭلانغۇدەك قىلىپ.

گۇساڭ ئاكىنىڭ بۇرادەرلىرى ئارىسىغا قايتىپ كېلىپ قىلغان بىرىنچى ئىشى تاڭغۇت چوڭ جىلغىسى ئېغىزىغا بېرىپ، جوۋ لىتۇڭنى تۇتۇش بولدى. ۋېيزىلىقلاردىن قان - قىساس ئېلىشتا، جوۋ لىتۇڭ يەنىلا ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى ياردەمچى بولالايتتى. چۈنكى، باشقا بۇرادەرلەر ئالتۇنلۇققا تۇنجى كەلگەن بولغاچقا، ئىرادىسى تېخى تاۋلانمىغان، تەجرىبىسىز ئىدى.
جوۋ لىتۇڭ ئالتۇنلارنى ئېلىپ قاچقاندىن كېيىن، يول مېڭىشتا ھەرگىز ئالدىرىمىدى. بۇنداق قىلغاندا تەجرىبىلىك بىرەرسى ئۇنى چوقۇم ئوغرى بولمىسا، تۈيۇقسىز ئالتۇنغا ئۇچراپ بېيىپ كەتكەن سەيياھ دەپ، پېيىگە چۈشۈشىدە گەپ يوق! يالغۇز ئالتۇن ئېلىپ يۈرگۈچىلەرنى بۇلاپ كېتىش ئالتۇنلۇقتىكى ئادەتتىكىلا بىر ئىش. ئۇ ئىلگىرى بۇنداق ئىشلارنى كۆپ كۆرگەن، ھەتتا ئۆزىمۇ بىرنەچچە قېتىم قاتنىشىپ پايدىسىنى كۆرۈپ باققان. دېمەك، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىسى مول. شۇڭا، ئۇ قەستەن باشقىلارغا ئۆزىنى بىچارە كۆرسىتىپ، ئۇچرىغانلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن سالام بېرىپ، ھەتتا ئۇلاردىن بىرەر ئىشقا ئادەم ياللايدىغان ياكى ياللىمايدىغانلىقىنى سوراپ قوياتتى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ ئورۇق،

ئاجىز تۇرقىغا قاراپ قويۇپ، بېشىنى چايقايتتى. بەزىلەر ھەتتا ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەندەك قىلىپ:

— ئەڭ ياخشىسى قايتىپ كەتكىن. بۇ ئالتۇنلۇق تىلەمچىلىك قىلىدىغان يەر ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ بۇ تۇرقۇڭغا قاراپ، كىممۇ سېنى ياللىسۇن؟ ۋاقتى كەلگەندە سەن كولاپ تاپقان ئالتۇنلار ئۆزۈڭنىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىشقىمۇ يەتمەسلىكى مۇمكىن ! — دېگىنىچە يولىغا راۋان بولاتتى.

بۇنداق چاغلاردا ئۇ قاتتىق ئۇمىدسىزلەنگەندەك بولۇپ كېتەتتى. ئۇ شۇ ماڭغىنىچە تاڭغۇت چوڭ جىلغىسى ئېغىزىغا ئاز قالغاندا، گۇساڭ ئاكىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، چەمبەرچاس باغلىنىۋېتىلدى. گۇساڭ ئاكا ئۇنىڭغا ھېلىقى نەرسىلەرنى تالاشمايدىغانلىقىنى، لېكىن چوقۇم ئۆزى بىلەن بىللە كېتىشى لازىملىقىنى ئەسكەرتتى. ھەرھالدا باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن ئالتۇنلارنىڭ گېپىنى چىقارمىدى. جوۋ لىتۇڭ نېمە ئىش بارلىقىنى سورىغاندا، گۇساڭ ئاكا قەتئىيلىك بىلەن گەپنى ئۈزۈۋەتتى.

— ئادەم ئۆلتۈرىمىز.

ھېلىگەر جوۋ لىتۇڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كىبىر كۆرسەتتى.

— پەقەت مۇشۇ ئىشنى دەپلا مېنى ئېسىڭگە ئالدىڭمۇ؟ مەن ئىللا - بىللا ئادەم ئۆلتۈرۈپ باقمىغان تۇرسام ! قىلالمايمەن، قىلالمايمەن.

— سېنى مۇشۇ يەردىلا بىرنەرسە قىلىپ قويۇشىمىزدىن ئاگاھ بول. تۇگمىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قالمىغىن يەنە! — گۇساڭ ئاكا ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلدى.

بۇرادەرلەرنىڭ ئارىسىدىكى لى چاڭجيۇ ئىسىملىك بىر يىگىت ئۆلارنىڭ كۆز بېقىشىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان قانداقتۇر بىر سىرنىڭ بارلىقىنى سېزىپ قالغانىدى. راستىنى دېگەندە، جوۋ لىتۇڭنىڭ تۇيۇقسىزلا يوقاپ كېتىشى ئۇنى ئاللىبۇرۇن گۇمانغا سېلىپ قويغانىدى.

— نەگە بارماقچىدىڭ؟ ئىشتىنىڭنى سالدۇرۇۋالساق، يەنە قايسى ھۈنىرىڭ بىلەن بۇ تاغقۇت جىلغىسىدىن چىقىپ كېتەلەيسەنكىن !

گۇساڭ ئاكا جوۋ لىتۇڭغا مەقسەتلىك قاراپ قويىدى. جوۋ لىتوڭ دەرھال ئېغىز ئاچتى:

— بولدىلا، سىلەر بىلەن تالىشىپ ئولتۇرماي. ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئىشكەنغۇ شۇ ! ئۆلتۈرسەم ئۆلتۈردۈم !

ئۇ لى چاڭجيۇغا قاراپ كۈلۈپ قويىدى. ئېنىقكى، ئۇ بايىقى سۆزنى ئۇنى ئېنىق ئاڭلىسۇن دەپ قىلغانىدى. گۇساڭ ئاكا لى چاڭجيۇغا قاراپ دېدى:

— تېز بولايلى، ۋېيزىلىقلار سېنى قاچان كېلىپ ئىشتىنىمىزنى سالدۇراركىن، دەپ ساقلاپ تۇرغىلى نەۋاق !

گۇساڭلار جىلىڭ دەرياسى بويىدا قىسقىغىنا باش قوشۇۋېلىشقاندىن كېيىن، ئالتۇن پەشتاقا قاراپ يول ئالغان شۇ پەيتتە، ۋۇجۇدى خۇددى سىرلىق بىر ئىلاھىي كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن باشقىدىنلا تېتىكلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇلار قېيىنزارلىقتىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، گۇساڭ ئاكا تۇيۇقسىز بىگىز بارمىقىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ كۆپچىلىكنى توختاشقا ئىشارەت قىلدى ۋە بىرپەستىن كېيىن ۋارقىرىدى:

— جاسۇس بار ئىكەن، جاسۇسنى تۇتايلى.

جوۋ لىتوڭ قاتارلىق بىرنەچچەيلەنمۇ ئۆزلىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان دەرەخ ئارقىسىدا، چاچلىرى شامالدا قالايمىقان يەلپۈنۈپ تۇرغان سىرلىق بىر باشنى بايقىغانىدى. ئۇلار گۇساڭ ئاكىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا خۇددى ئاچ قالغان بىر توپ بۆرىدەك ئاشۇ باش تەرەپكە قاراپ ئېتىلدى. ئەمەلىيەتتە، ئاشۇ باشنىڭ ئىگىسى ھەش - پەش دېگۈچە گۇساڭلارنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ پۇت - قوللىرى باغلىنىپ، گۇساڭ ئاكىنىڭ ئالدىغا خۇددى بىر پارچە لوق گۆشتەك تاشلاندى.

— دەرەخكە ئېسىۋېتىڭلار !

جوۋ لىتۇڭ گۇساڭ ئاكىنىڭ باشقىچە ئىپادە بىلدۈرمىگىنىگە قاراپ، دەرھال بىرنەچچە بۇرادىرىنىڭ ياردىمىدە ھېلىقى جاسۇسنى ئېسىۋەتتى.

جاسۇسنىڭ تېنى زېمىن ئانىنىڭ تارتىش كۈچى بىلەن ساڭگىلاپ تۇراتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا بىر توپ كۆمۈتا ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ، ئۇنىڭ تېنىگە، بولۇپمۇ ئارقانىنىڭ چىڭ باغلىنىۋېتىلىشى بىلەن تېرىلىرى سۈرۈلۈپ، ئاپپاق ئۇستىخانلىرى كۆرۈنۈپ قالغان پاقالچىكىگە كانىدەك چاپلاشتى. جىلىڭ دەرياسى تەرەپتىن قارىغاندا، ئۇ خۇددى بۇلۇتلارنى دەسسەپ تۇرغان سەيياھقىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

لېكىن، ئۇ پۈتۈپ كەتكەن بوغۇق ئاۋازى بىلەن ھە دەپ ۋارقىرايتتى، كۈچەپ يۇلقۇناتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئاۋازى دەريا سۈيىنىڭ شاۋقۇنى، ئىزغىرىن شامالنىڭ رىتىمى ۋە يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلاشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.

گۇساڭلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ تۇنجى غەلىبىسىدىن خۇشال ئىدى. ئۇلار بۇ جان ئېلىش ئويۇننى ناھايىتى تەبىئىي، ئادەتتىكىدەك ئويناۋاتاتتى. ھەتتا گۇساڭ ئاكىمۇ ئىلگىرى بىر لالما ئىتنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغاندىكى ئەپسۇسلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى ئادەمنى ئەندىشىگە سېلىپ بىرقىسمىلا قىلىپ قوياتتى.

قوشۇن ئەمدىلىكتە قىيىنزارلىقتىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەن، ئالتۇن پەشتاقتا بارغانچە يېقىنلاپ قالغانىدى. تۇيۇقسىزلا كۆھىقاپىنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ كەتكەندەك شامالنىڭ يۆنىلىشى ئۆزگىرىپ، ئەتراپنى چاڭ ـ توزان قاپلاپ كەتتى. كۆتۈلمىگەندە ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توپ كىشىلەر پەيدا بولۇپ قالدى. ئېھتىمال توپ بېشى بولسا كېرەك، ئارىدىن ساقاللىق بىرسى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى ۋە كۆز قۇيرۇقىدا ئۇلارنىڭ توپ بېشىنى تىنتىغاچ سورىدى:

— ئاڭلىساق، سىلەرنى ۋېيزىلىقلار قوغلىۋېتىپتۇ، — ئۇ

سۆزلەۋېتىپ گۇساڭ ئاكىنىڭ بېشىنى لىڭشىتقانلىقىنى كۆرۈپ مەنسىتمىگەن ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان چوقچىيىپ تۇرغان ئادەتتىكى بىر تۆپىلىكقۇ شۇ، تالىشىپ نېمە قىلىسىلەر؟ ئەرزىمەيدۇ!

— سەۋەب ئۇ يەردە ئالتۇن جىق، ئېگىزىسەڭلا كۆرىدىغىنىڭ ئالتۇن!

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق بولمىسا ۋېيىزلىقلار ئۇ يەرگە ئاشلىق تېرىپ خوتۇنلىرىنى باقامتى، ئەمىسە؟

ئالتۇن پەشتاق ئەزەلدىن تەۋەككۈلچىلەرنىڭ دىققەت مەركىزىدىكى يەر ئىدى. ئۇ يەرنى جان تىكىپ تالىشاتتى، بۇلايتتى. مەقسەت پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ كۆپرەك ئالتۇنغا ئېرىشىش ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر توپ كىشىلەرنىڭمۇ مۇددىئاسى دەل ئاشۇ ئالتۇن پەشتاقنى ئىگىلەش بولۇپ، گۇساڭلار ئۇچراپ قالمىغان بولسا، گوركىرەپ چىقىۋاتقان بوران خۇددى ئۇلارغا غايىبتىن كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىۋاتقاندەك، بىر مەيدان ئالتۇن پەشتاق تالىشىش جېڭىگە تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى.

— ئالتۇن پەشتاق ئۇلارنىڭ شەخسىي يېرى ئەمەس، بەلكى تەڭرىنىڭ يېرى! ھەممىمىزنىڭ ئۈلۈشىمىز بار. ئالتۇنلارنى ئۇلارنىڭ يالغۇز ئىگىلىۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز كېرەك!

گۇساڭ ئاكا ئۈندىمىدى، شۇ چاغدا ئۇ ساقاللىقنىڭ ئارقىسىدىكىلەرنىڭ ئەلپازىغا قاراپ، بىرئاز ئەندىشىگە چۆمگەن ھالدا سورىدى:

— نېمە قىلماقچىسىلەر؟

— سىلەر نېمە قىلماقچى؟ — ساقاللىق ياندۇرۇپلا سورىدى.

— ھېچنېمە، — گۇساڭ ئاكا ئۆزلىرىنىڭ تاماق قاچىسىنى ئۇلارنىڭ تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ كېتىۋاتاتتى.

— ئالتۇن پەشتاققا بېرىپ ئالتۇن قازمامسىلەر؟
— نەدە ئۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن؟ مەن سىلەرگە چاقچاق قىلىپ قويغان !
— قاتتىق بورانغا قارىماي قوشۇن تارتىپ مېڭىشىڭلار نېمە سەۋەبتىن؟ مېنى كىچىك كۆرۈپ، ئويناتماقچىمۇ سىلەر؟
گۇساڭ ئاكىنىڭ تويۇقسىز جۇدۇنى تۇتتى. لېكىن، قارا ساقاللىق ئۇنىڭ مۇرىسىگە شاپىلاقلىدى.
— بۇرادەر، ئۇچيې كالتىلار ئەزەلدىن ئەزىمەت بولالىغان ئەمەس، نۆۋىتى كەلگەندە ئاز - تولا زىيان تارتىشنىڭ كارى چاغلىق.
شۇنىڭ بىلەن ئىككى قوشۇن بىرلىشىپ، دولقۇنلاپ تۇرغان ئېقىن دەرياغا ئايلاندى. بۇ دەريا ئۇزۇكسىز زورىيىۋاتاتتى. چۈنكى، يېڭى قوشۇنغا يېڭى توپلار ئۇزۇكسىز كېلىپ قوشۇلۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئورتاق ئۈمىدى ئالتۇننىڭ ئېزىقتۇرۇشى بولمىسىلا، سۈركىلىشتىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى، ئالتۇنلار ھامان كۆپچىلىكنىڭ. ئۇنى ۋېيزىلىقلارنىڭمۇ، گۇساڭلارنىڭمۇ يالغۇز ئىگىلىۋېلىشىغا ھەرگىز بولمايدۇ. چوقۇم تەڭ بۆلۈشۈش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ھەرقانداق ئىشنى ياخشى مەسلىھەتلەشكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قان تۆكۈشكىمۇ، كاللا كېسىشكىمۇ ئەرزىيدۇ. ئۇلار ئاشۇ پارقىراپ تۇرغان ئالتۇنلار ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا ھامان تەييار.
بوران ئۇشقىرتىپ چىقماقتا، قوشۇندىكىلەر خۇددى ئۆتكۈر پىچاقتەك ئالغا قاراپ ئىنتىلمەكتە. شۇ پەيتتە ئۇلارنىڭ قەلبىنى قەبىھلىك، ئۆچمەنلىك ۋە قىساس ئوتى قامال قىلىۋالغان بولۇپ، ئالتۇن پەشتاققا قاراپ ئىنتىلەتتى. ئالتۇن پەشتاق ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىر پارچە ئوت بولۇپ لاۋۇلداۋاتقان ئىدى.

گۇساڭلار نومۇسىنى ئاقلاشقا تەقەززا بولۇۋاتقان شۇ پەيتتە، ئالتۇن پەشتاق يېنىدىكى ئۆڭكۈر ئالدىنى ئىس ـ تۈتەك قاپلىغان، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئۆزگىچە بىر خىل خاتىرجەملىك ئىلكىگە ئالغانىدى. ئۇلار يەتتە، سەككىزى بىر توپ بولۇشۇپ قاچىلىرىدىكى سۇيۇقئاشنى ئىشتىها بىلەن شاپىلدىتىپ ئىچىشمەكتە ئىدى. دەل شۇ پەيتتە سۇڭ جىنچېڭ تۇيۇقسىز ماڭقا ۋە تۇكۇرۇكلىرىنى چاچرىتىپ چۈشكۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ قاچا بىكارلاۋاتقان ۋىجىك بىرسى سەنتۇرۇلۇپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. باشقىلار بۇ ئويۇندىن ھۇزۇرلانغىنىچە ئۇنىڭغا يۈزلەندى. سۇڭ جىنچېڭ ھەييارلىق بىلەن قاچىسىنى يەرگە قويۇپ ناخشا باشلىدى:

ھەپچۈش بىر، خوتۇن ئۇيقۇدا،
ھەپچۈش ئىككى، ئۇ سېنى سېغىندى،
ھەپچۈش ئۈچ، ئۇ سۇپىدا سەكرەۋاتىدۇ...

بۇ ۋېيزىلىقلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان «چۈشكۈرۈك ناخشىسى» ئىدى. ۋېيزىلىقلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئەزەلدىن تارتىپ سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ، ئائىلىسىنى قامداپ كەلگەن. شۇنداق چاغلاردا ئۇلار ئەلۋەتتە ئائىلىسىنى، خوتۇنلىرىنى سېغىنىدۇ. بەزىلەر زۇكامداپ توختىماي چۈشكۈرۈپ كەتكەندە، خوتۇنۇم مېنى ئۆلگۈدەك سېغىنىپ كېتىپتۇ، دەپ ئۆزلىرىگە تەسەللىي بېرەتتى. باشقىلارمۇ بۇ قاراشقا ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ، ئاخىر بۇ بىر خىل ئادەت سۆزىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ھېلىقى يىلى ۋاڭ رېنخۇۋ تۇنجى قېتىم جاڭ بۇسەنگە ئەگىشىپ ئالتۇنلۇققا كەلدى. ئارىلىقتىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بىرەر قېتىم چۈشكۈرۈپ باقمىدى، شۇنىڭ بىلەن خوتۇنۇم مېنى سېغىنمىغان ئوخشايدۇ، دېگەن گۇمان بىلەن

چۈشكۈنلىشىپلا كەتتى. ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ بەش ئەزاسى ساق، تېرىلىرى يۇمىران ۋە ئاپپاق، ۋېيىزى كەنتىدىكى خوتۇنلارنىڭ ئالدى ئىدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ گۈزەللىكىدىن ئىپتىخارلىناتتى. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ئەنسىرەيتتى. چۈنكى، ھېلىقى كۆڭۈل ئوغرىلىرى ئۇ يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. دېمىسىمۇ ئايال خەقنى باغلاپ باققىلى بولمايدۇ دەپتىكەن، كونىلار! شۇ گۇمانلار ئىلكىدە ئۆرتىلىپ كەتكەن ۋاڭ رېنخۇۋ ئاسمانغا قاراپ ئاغزىنى بۇزدى.

— ئېرىڭدىن يۈزۈڭنى ئۆرۈمەكچىمۇسەن؟ ئۆلۈك - تىرىكلىكىمنىمۇ ئېسىڭگە ئېلىپ قويمىدىڭغۇ ئاخىر. خەپ، توختاپ تۇر!

جاڭ بۇسەن ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— سېنىڭ خوتۇنۇڭ مېنىڭ تۇغقىنىم، كىم ئۇنى بوزەك قىلىشقا پېتىنالىدىكەن، مەن قايتىپ بېرىپ ئۇنى بوغۇزلىۋېتىمەن.

ۋاڭ رېنخۇۋ ئۇنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ، رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ خوتۇنى جاڭ بۇسەن بىلەن بىر نەۋرە بولغاچقا، جاڭ بۇسەن مەيلى كىمنىڭ پېيىگە چۈشسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن بولغان پەردىشەپنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. شۇ يىلى ۋاڭ رېنخۇۋ ئالتۇنلۇقتا خوتۇنىنى سېغىنىپ، راستىنى دېگەندە ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، ھەتتا چۈشىنىدىكى قورۇقلارمۇ كۆرۈنەرلىك كۆپىيىپ، چاچلىرى ئاساسەن ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاخىر ئۆيىگە سالامەت قايتىپ كەلدى. خوتۇنى ئۇنىڭغا نازلانغىنىچە چاي تۇتۇپ، تاماق ئېتىپ، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قېلىۋاتاتتى. ئۇ بىر ئېغىزمۇ ئارتۇقچە تىنماي قويمىدى. تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇ قولىغا تاياقنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن قايسى ئاقپىشمالارنىڭ قانچە قېتىم ئۆيىگە كەلگەنلىكىنى سوراپ، خوتۇنىنى بولۇڭغا نىقتىدى.

— ماڭا ئۇۋال قىلماڭ، ئۇنداق ئىشلارنىڭ بولۇشى

ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس !

— مۇمكىن ئەمەس؟ ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن مېنى سېغىنمايسەن؟

— سېغىندىم، كېچە - كۈندۈز سېغىندىم. يىغلاپ - قاقشىدىم. كەنت ئېغىزىدىكى يولنى پەقەت مەنلا مېڭىپ، ئەنە شۇنداق ئۇزارتىۋەتكەنلىكىمنى كىم بىلمەيدۇ؟

بۇ سۆزلەردىن ۋاڭ رېنخۇۋنىڭ ئاچچىقى خېلىلا يېنىپ قالغاندى. لېكىن، كاللىسىدىكى گۇماندىن تولۇق ئازاد بولالمىغان ۋاڭ رېنخۇۋ ئاخشىمى خوتۇنىنى قۇچاقلاپ يېتىپ ئۇنىڭدىن قايتىلاپ سورىدى:

— ئاغزىڭدا مېنى سېغىندىم دەيسەن، لېكىن مەن بىرەر قېتىم بولسىمۇ چۈشكۈرمىدىمغۇ؟

خوتۇنى ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىدىغان پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى دەرھال ھېس قىلىپ، ئۇنى سىلاپ - پەپىلەپ تۇرۇپ، تۇيۇقسىزلا بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ بوينىنى قىستى - دە، ئۇنىڭ پېشانىسىغا نوقۇدى:

— مەن سىزنى چۈشكۈرتمىدىممۇ؟ ئات يۈگۈرسە تۇيىقى قىزىيدۇ. تەڭرىم سىزگە چۈشكۈرىدىغان ئۇنداق تەلەينى بەرمىگەنىكەن ! شۇنداق، مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان يىگىتلەر بىلەن كۆڭۈل ئاچتىم، — خوتۇنى يالغان خۇيلانغىنىچە تەتۈر قارىۋالدى.

— توۋا، ھاياتلىق بىلەن ماماتلىقنىغۇ تەڭرىنىڭ ئىلكىدە دەيلى، لېكىن چۈشكۈرۈكنىمۇ تەڭرىنىڭ ئىلكىدە دېسە - ھە !

ۋاڭ رېنخۇۋ ئاخىر ئۆز تەقدىرىگە تەن بېرىپ، خوتۇنىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى سۇندۇرۇۋەتكۇدەك دەرىجىدە چىڭ قۇچاقلىدى. خوتۇنى نازلىق كۈلدى ۋە ئۇنىڭ كۆكرىكىگە مۇشتلاپ قويۇپ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ سورىدى:

— سىزنىڭ سىرتلاردا نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىڭىزنى كىم بىلىدۇ؟ مەنمۇ چۈشكۈرۈپ باقمىدىم. سىزنىڭ توشقان

قوغلاپ باقمىغانلىقىڭىزغا ئەسلا ئىشەنمەيمەن.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ۋاڭ رېنخوۋنىڭ كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش كېلىپ، ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئېسىگە ئالتۇنلۇقتىكى ئاشۇ جاپالىق كۈنلەر كېلىۋېلىپ، كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ قويغانىدى. ئۇ ئاشۇ ئېغىر كۈنلەردىمۇ خوتۇنىنى ھەتتا بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىغانلىقىنى ئېسىدەپ تۇرۇپ بايان قىلغىنىدا، ئايال تەسىرلەنگەنلىكىدىن ئۆزىنى ئېرىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى...

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ۋاڭ رېنخوۋ ئالتۇنلۇققا ئىككىنچى قەدەم باسمىدى. ئېنىقىنى دېگەندە، ئۇنىڭ ئالتۇنلۇقتىكى جاپالىق تۇرمۇشىنى قايتا كۆرەرگە كۆزى يوق، قاش بىلەن كىرپىكنىڭلا ئارىسىدىكى جەڭگى ـ جېدەللەردىن جاق تويغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، خوتۇنىغا تېخىمۇ چىدىمايتتى.

بۇ يىل جاڭ بۇسەن ئالتۇن پەشتاق ئەتراپىغا لەخمە كولاش نىيىتىدە ۋېيزى كەنتىدىكى ئەرلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ئالتۇنلۇققا بېرىشقا تەييارلاندى. جاڭ بۇسەننىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. پەقەت ۋاڭ رېنخوۋلا مانا، ئەنە دەپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ سۆرەلمىلىكىگە قاراپ ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ ئالدىراپ قېلىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋاڭ رېنخوۋغا يېلىندى:

— باشقىلار ئالتۇن قېزىپ، پۇل تېپىپ، مەيدىسىنى كېرىپ يۈرسە، سىز ئۇ چاغدا يۈزىڭىزنى نەگە قويىسىز؟ نامراتلىقىمىزدىن كۆتىمىز ئېچىلىپ قالغىلى تۇردى. سىزمۇ بىر چوپچوڭلا ئەر تۇرۇپ بۇنىڭدىن خىجىل بولمامسىز؟ ئەمدى مەن بۇ يوقسۇز تۇرمۇشقا زادىلا چىدىمىغۇدەكمەن.

— سىېنىڭچە، ئەمدى مەن زادى قانداق قىلسام بولىدۇ؟

— يۈزى قېلىنلار خىجىل بولۇشنى بىلمەيدۇ. سىز ئەگەر ئۇلار بىلەن بارمىسىڭىز، ئۇلار سىزنى ئىرادىسىز لامزەللە، دەپ

كۆزىگە ئىلامدۇ؟ مېنىمۇ ھازىرقى بىردەملىك لەززەتنى دەپ، كەلگۈسىدىكى بەختتىن قۇرۇق قالدى، دەپ مازاق قىلامدۇ؟ كەلگۈسىدە كىم ئالتۇننى جىق تاپسا مەن شۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىمەن. شۇ چاغدا سىز مېنى سېغىنىپ بېشىڭىزنى تامغا ئۇرسىڭىزمۇ، يالغاندىن بولسىمۇ چۇشكۇرۇپ قويمايمەن.

— بۇ سېنىڭ مېنى قىيىنىغىنىڭ ئەمەسمۇ؟ — ۋاڭ رېنخۇۋ يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى، — ئالتۇنلۇقتا بارىمەن دەپلا بارغىلى بولمىسا يا! ئەمەلىيەتتە ئالتۇنلۇقتا بارغان ئادەمنى راۋرۇس ئادەم دەپ كەتكىلى بولمايدۇ!

— باشقىلار بارغان يەرگە سىز نېمە ئۈچۈن بارالمىغۇدەكسىز؟ مەن ئالتۇنلۇقتا بارغان كىشىنىڭ ئىتقا ئۆزگىرىپ قالىدىغانلىقىغا زادى ئىشەنمەيمەن.

بىچارە ۋاڭ رېنخۇۋ خوتۇنىنىڭ بېسىمى بىلەن ئامالسىز ئالتۇنلۇقتا يەنە بىر قېتىم بېرىش قارارىغا كەلدى. مېڭىش ئالدىدا ئۇ خوتۇنىدىن سورىدى:

— سەن مېنى سېغىنامسەن؟

خوتۇنى دومسىيىپ قويدى.

— سېغىنمايسەن؟ — ۋاڭ رېنخۇۋنىڭ يۈز مۇسكۇللىرى تارتىشىپ، كۆزىگە ياش كەلدى.

خوتۇنى زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىدى ـ دە، ئۆزىنى ئۇنىڭ قوينىغا ئاتتى.

— مەن سىزنى سېغىنىمەن. كېچە ـ كۈندۈز سېغىنىمەن. تۇرمۇش ئەھۋالىمىز ياخشىلىنىپ قالسىلا، مەن سىزنى ھېچ يەرگە بارغۇزمايمەن.

ۋاڭ رېنخۇۋ كۆپرەك ئالتۇنغا ئېرىشىپ، خوتۇنىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادىگە كەلگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ياشلىرىنى سۈرتۈپ، خوتۇنىنى مەيدىسىدىن ئىتتەردى. بەربىر ماڭىدىغان بولغاندىن كېيىن ئاز ـ تولا تېرە تاراقشىتىپ، ھەيۋە كۆرسىتىپ، ئەرلىك قەدىر ـ قىممىتى بىلەن ماڭماقچى

بولغانىدى. مېنىڭ ئالدىدا ئۇ خوتۇنىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن قەستەن ئىككىنى چۈشكۈرۈپ قويدى.

ئەنە شۇنداق چۈشكۈرۈككە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بۇ يەردىكىلەر كۆپ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان بولغاچقا، «چۈشكۈرۈك ناخشىسى» ئۇلارغا يېڭىلىق بىلىنمەيتتى. سۇلۇڭ جىنچېڭ ئاغزىدىكى ئاشنى ماكاچىلىتىپ چاينىغاچ، قەستەن ئاشۇ ناخشىنى غىڭشىپ ئېيتتى. ۋاڭ رېنخوۋ ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىنىپ، يەرنى تىرەجەپ ئورنىدىن قوپتى ۋە قولىدىكى توپىنى سۇلۇڭ جىنچېڭغا قارىتىپ قاقتى. سۇلۇڭ جىنچېڭ قولىدىكى قاچىنى ئوينىتاتقاچ، ۋاڭ رېنخوۋنىڭ قەستەن چىشىغا تەگدى:

— مەنتاڭ ئاكا، بولدى ئازابلانما، سېنىڭ ئەزەلدىن تەلىيىڭ كاج، شۇڭا كېيىنكى ئۆمرۈڭدە ھېچكىم سېنى ئەسلەپمۇ قويمايدۇ.

— مېنىڭ تەلىيىمنى كاج دەۋاتامسەن؟ مەن قاچانلاردىن سېنىڭ سۆپاڭنى ئۆرۈپ، قازىنىڭنى چېقىۋەتكەن؟ — شى مەنتاڭنىڭ جۇدۇنى تۇتقانىدى.

— سەن مېنىڭكىنى ئەمەس، مەن سېنىڭ سۆپاڭنى ئۆرۈۋېتەيمىكىن دەيمەن ! سەن باشقىدىن خوتۇن ئالغاندا ماڭا خەۋەر قىلىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالما. ئىشىك ئالدىڭدا خوتۇنۇڭنى قوغلىۋېتىشىڭنى ساقلاپ تۇرىمەن.

بۇ سۆز شى مەنتاڭنىڭ يۈرىكىگە نەشتەر بولۇپ تەگكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەدەپلەش ئۈچۈن ئۇنى قوغلىدى. لېكىن، مايمۇندەك چاققان سۇلۇڭ جىنچېڭ ئۆزىنى ئەپچىللىك بىلەن قاچۇراتتى. چۈنكى، ئۇ بۇ تەلۋە بۇقا بىلەن تۇتۇشۇپ قالسا ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ۋېيزىلىقلار ئەزەلدىن چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئۈچۈن دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقلىق ھەممىدىن مۇھىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بىرنەچچە يىل بولسىمۇ ئوقۇغان ئوقۇمۇشلۇق ئادەم. بۇنى ئۇ ئەلۋەتتە ئوبدان بىلىدۇ. بىر چاغدا ئۇ قول

تىراكتورىنىڭ قېشىدا تۇرغان جاڭ بۇسەنگە پىچىرلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

— توپ بېشى، خوتۇنۇم نېمە ئۇچۇن مېنى سېغىنمايدىغاندۇ؟

جاڭ بۇسەن لام - جىم دېمىدى. ئەكسىچە سۇڭ جىنچېڭ ئەتەي ئۈنلۈك ۋارقىرىدى.

— كەلگىلى ئەمدى بىرنەچچە كۈن بولغان تۇرسا، سېغىنىپ كېتەمتى؟

— خوتۇنلارنىڭ كۆتى قىرلىقمۇ ياكى يۇمىلاقمۇ؟ سەن تېخىچە كۆرۈپ باقمىغان تۇرساڭ، نېمىنى بىلەتتىڭ؟

— كۆرۈپ باققان، كۆرۈپ باققان. سېنىڭ خوتۇنۇڭنىڭ كۆتى تۆت قىرلىق.

ۋاڭ رېنخوۋ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، ئۆزىنىڭ نېمە ئۇچۇن چۈشكۈرمەيۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ قوي، دېگەندەك جاڭ بۇسەنگە كالچىيىپ قاراپ تۇراتتى.

— خوتۇنۇڭ ھازىر سېنى ئەسلەۋاتىدۇ، — جاڭ بۇسەن ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىپ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا قايتىپ چىقتى. قولىدا كۆتۈرۈۋالغان لۆڭگە بىلەن، ۋاڭ رېنخوۋنىڭ كۆزىنى سۈرتۈپ قويدى.

— ھەپچۈش !

ۋاڭ رېنخوۋ توختىماستىن بىرنەچچىنى چۈشكۈرۈۋەتتى. سۇڭ جىنچېڭ دەرھال كېلىپ لۆڭگىنى ئېلىپ، يۈزىگە سۈرتۈۋىدى، شۇ ئان بۇرنى ئاچچىق بولۇپ، كۆزى قىچىشىپ، ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچىنى چۈشكۈرۈۋەتتى ۋە لۆڭگىنى باشقا بىرىگە ئۇزاتتى. شۇ رەۋىشتە بارلىق خوتۇنى بار ئەرلەر ئاشۇ سىرلىق لۆڭگىنىڭ خاسىيىتى بىلەن بىرنەچچىدىن چۈشكۈرۈپ چىقتى. ليەن شى تالاشقانىدى. جاڭ بۇسەن لۆڭگىنى ئۇنىڭغا زادىلا بەرمەي تۇرۇۋالدى.

— مەنمۇ سىناپ باقاي. ماڭا تېگىدىغان قىز بارمۇ - يوق؟

— ئالتۇننى جىق تاپساڭ قىز دېگەن ئەتراپىڭدا تولا گەپ!
بىراق، لىيەن شى لۆڭگىننى يەنىلا بولاپ قاچتى ۋە لۆڭگىگە تەپسىلىي قاراپ چىققاندىن كېيىن ۋارقىرىۋەتتى:
— ئالدىنىپسىلەر، لۆڭگىگە لازا سېپىۋېتىپتۇ!
سوڭ جىنچېڭ ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر شاپىلاق سالدى.
ئەمەلىيەتتە بۇ سىر ھەممىگە ئايدىڭ ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە بىردەم بولسىمۇ خۇشاللىق، ئازادىلىك ئىزدەپ، خاتىرجەم كەيپىيات بىلەن ئالتۇن قېزىشنى ئويلايتتى. ئاشكارا بولسىمۇ، لېكىن مەنىۋى رولى چوڭ بولغان بۇ مۇقەددەس سىرنى ئاشكارىلاپ قويغان ئادەمنى شاپىلاق بىلەن جازالاش بەكلا يېنىك، ئەلۋەتتە. لىيەن شى ئۆزىنىڭ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىنى دەرھال ھېس قىلىپ، دەككە - دۈككە بىلەن جاڭ بۇسەنگە تىكىلدى. جاڭ بۇسەننىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، شى مەنتاڭغا پىچىرلىدى.
— ئەتىلىككە ئالتۇن قازغۇچە يەنە ئوتتۇز لازىم بولىدۇ، لىيەن شىنى ئورۇنلاشتۇر!
سوڭ جىنچېڭ ھودۇقۇپ كەتتى.
— مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بارامدىم؟
— سېنىڭ باشقا ئىشىڭ بار!
لىيەن شىنىڭ يۈرىكى خېلىلا جايىغا چۈشكەنىدى.
— مەن باراي، يالغۇزلا باراي، ئورمانلىق ماڭا بەش قولدەك تونۇش!
گۇساڭلارنىڭ قىساس ئېلىش ئۈچۈن چىشىنى بىلەۋاتقانلىقى سوڭ جىنچېڭغا ئايدىڭ ئىدى، ناۋادا لىيەن شى ئۇلارغا ئۇچراپ قالسىلا، جېنىدىن ئايرىلىدىغانلىقى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېنىق ئىدى. ئۇ ئىختىيارسىز كەڭ كەتكەن باياۋانغا نەزەر تاشلىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىگەن بىر ۋەھشىي دىۋە يىراقتىن ئۆزىگە ھومىيىپ قاراۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سۈر

بىسىپ، تىترەپ كەتتى.

لېيەن شىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكنى سەزگەن سۇڭ جىنچېڭنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندى. جاڭ بۇسەنمۇ ئورمان تەرەپتىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى.

— ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ بېرىپ قاراپ بېقىپ كەل! — تاقەتتى تاق بولغان جاڭ بۇسەن ئاخىر ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلدى.

پۇت - قوللىرىدا جان قالمىغان سۇڭ جىنچېڭ ئارانلا ئېغىز ئاچتى:

— ئۇ ئۆلدى، ئۇ چوقۇم ئۆلدى.

ئۇنىڭ كۆزىگە ھېلىقى مەۋھۇم دىۋىنىڭ سىياقى كۆرۈنگەن ئاشۇ مىنۇتلاردىلا، ئۇنىڭ سەزگۈسى ئۇنىڭغا بۇگۈنكى بۇ كېلىشمەسلىكلەردىن ئاللىبۇرۇن بېشارەت بەرگەنىدى.

ھاۋا ئۆزگىرىپ ئاسماننىڭ يېرىمى ئاقۇچ، يېرىمى قارامتۇل كۆك رەڭگە كىرگەن، سېخىي قۇياش بۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇقتىن مەرھەمەتلىك نۇرىنى ئاياۋاتقاندەك قىلاتتى. غايەت زور بىر شامال بەلبېغى بەئەينى يارىلانغان يىلاندەك كۆكنى يېرىپ تولغىنىپ، ئالتۇن پەشتاقتا خىرىس قىلىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى. ۋېيزىلىقلارنىڭ چېدىرلىرى خۇددى كۆچلۈك دولقۇنلار ئارىسىدىكى بۇزۇلۇپ پارچىلانغان يەلكەنلىك كېمىلەردەك، ھەش - پەش دېگۈچە ئورمان تەرەپكە قاراپ ئۇچۇشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا جاڭ بۇسەن بىلەن سۇڭ جىنچېڭنىڭ كۆزى بورانغا پىسەنت قىلماي، قىيقاس - چۇقان كۆتۈرگىنىچە، يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بىر توپ كىشىلەرگە چۈشتى. ئۇلار بۇ ھالدىن شۇملۇق ھېس قىلىپ، دەرھال تاش غارغا قاراپ چاپتى. لېكىن، خۇددى تىمساھنىڭ ئېغىزىدەك چوڭ ئېچىلغان تاش غاردىن ۋېيزىلىقلار ئېتىلىپ دېگۈدەك چىقىشقا باشلىدى. ئۇلار بۇ

تۇيۇقسىزلىقتىن ئاللىبۇرۇن ئەقلىنى يوقاتقانىدى. ئۇلار ئۇچۇن قامالدىن بۆسۈپ چىقىش بىردىنبىر ھاياتلىق يولى ئىدى. تەلۋىلەشكەن جاڭ بۇسەن كۆڭەن ئادىتى بويىچە قولىنى پۇلاڭلىتىپ، ۋارقىرايتتى:

— تاقابىل تۇرۇڭلار، تاقابىل تۇرۇڭلار!

ۋېيزىلىقلار بىر قەپەس جان تىكىپ ئېلىشىش ئۈچۈن پەسكە قاراپ چۈشۈشكە باشلىدى. لېكىن، بايىقى بىر توپ كىشى ئۇلارنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغان ئەلپاز بىلەن ئاللىبۇرۇن ھەرىكەتكە كېلىپ بولغانىدى.

— تاقابىل تۇرالمىدۇق، چامىمىز يەتمىدى.

ۋېيزىلىقلار بايا ئۆڭكۈردىن قانداق تېز سۈرئەتتە چىققان بولسا، يەنە شۇ سۈرئەت بىلەن كىرىپ كەتتى. يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلار شۇنچىلىك ئەسەبىيلەشكەنىدىكى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئالتۇن پەشتاقنى ئىگىلەپ بولدى.

ئۇلارنىڭ ئالتۇننى دەپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكى ھەممىگە ئايان. ئېغىشىشلا ئالتۇن تېرىۋالغىلى بولىدۇ، دېگەن بۇ گەپ ئەمەلىيەتتە ئەپقاچتى سۆز. بىراق، يەر قاتلاملىرىدا بىسانىاق ئالتۇنلارنىڭ پارقىراپ ياتقانلىقى شۈبھىسىز! دېمەك، بۇ يەرنى قولغا چۈشۈرۈش ھەممىدىن مۇھىم. مانا بۇ گۇساڭلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئارمىنى!

گۇساڭ ئاكا ئادەملىرىنى بىر قۇر رەتكە سېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆڭكۈرنىڭ ئۈستىنى ئىگىلىدى. ئۇلارنىڭ سۈر - ھەيۋىسى ۋېيزىلىقلارنىڭ يۈرىكىنى يېرىۋەتكۈدەك دەھشەتلىك ئىدى.

— ئاناڭنى، مېنىڭ گۈرجىكىم قېنى؟ سەن مېنىڭ گۈرجىكىمنى ئېلىۋاپسەن.

شى مەنتاڭ غۇۋا چىراغ يورۇقىدا ۋاڭ رېنخۇۋنى قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. شۇ ئان ۋاڭ رېنخۇۋنىڭ يىغىسى ئاڭلاندى.

— بۇ مېنىڭ، بۇ گۈرجەك مېنىڭ!

شۇ پەيتتە گۇرجەك بۇ يەردىكى بىردىنبىر قوغدىنىش قورالى ئىدى. جاك بۇسەن ئېتىلىپ بېرىپ ئۇلارنى بىر شاپىلاقتىن ئۇرۇۋەتتى.

— بايا ئۆڭكۈرگە كىرمىسەك بوپتىكەن، ئىسىت ! — سۇك جىنچېك ئەلەم بىلەن ۋارقىرىدى.

— قۇرۇق گەپنى ئاز قىل.

ئۆڭكۈردىكىلەر ئاستا ـ ئاستا شۇكىلەپ قېلىشۋاتاتتى. سىرتتىن بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— تېز سىرتقا چىقىڭلار، بولمىسا ئۆڭكۈر ئېغىزىنى ئېتىۋېتىمىز !

ۋېيزىلىقلارنىڭ ئەڭ ئەندىشە قىلىدىغىنى ئۈستىدىن توپا سىرغىتىلىپ، ئۆڭكۈر ئېغىزىنىڭ ئېتىۋېتىلىشى ئىدى.

— ھۇ، ئەبلەخلەر، غوجا ئاكاڭنىڭ ئۆلگۈسى يوق!

شي مەنتاڭ تىللىغىنىچە، قولىدىكى گۇرجەكنى ئويىنىتىپ سىرتقا قاراپ ئېتىلغانىدى، جاك بۇسەن ئۇنى دەرھال توسۇۋالدى:

— چىقساق بىللە چىقىمىز. مەنتاڭ يول ئاچىدۇ، قالغانلار ئەگەشسۇن!

جاك بۇسەن ئارقىغا چېكىنگەن ۋاڭ رېنخوۋنى ئىتتىرىپ شي مەنتاڭنىڭ كەينىگە ئېلىپ كەلدى. ئۆڭكۈر ئېغىزىنى جوۋ لىتۇڭ بىلەن يەنە بىرى مەھكەم ساقلاۋاتاتتى. ئۇلار قولىرىغا قېپىن دەرىخىدىن ياسالغان كالتەك كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ناھايىتى سەگەك تۇراتتى.

قاراملىق بىلەن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان شي مەنتاڭنىڭ مۇرىسى ئاغرىغاندەك قىلدى ـ دە، قەددى پۈكۈلۈپ زوڭزىيىپلا قالدى. كاللىسى ھەرھالدا جايىدا بولغاچ، ئەجەللىك كالتەكنىڭ قايتا تېگىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، زۇۋانىنى جىملىۋالدى.

— بۇلارنىڭ جېنى نېمىدېگەن چىڭ، — گۇساڭ ئاكا يارىدار قولىنى ئاۋايلىغىنىچە، جوۋ لىتۇڭغا مەدەت بېرىۋاتاتتى. جوۋ

لىتوڭ ئۆڭكۈردىن چىقىۋاتقان ۋاڭ رېنخوۋنى بىر كالتەك سېلىۋىدى، بىچارە ۋاڭ رېنخوۋ قاتتىق بىرنى ۋارقىرىدى ـ دە، جېنى چىققان توپاقتەك يەرگە گۈپپلا يىقىلدى. دېمەك، ئۆڭكۈردىن چىققانلىكى ۋېيزىلىق كالتەكنىڭ تەمىنى تېتىماي قالمىدى. گۇساڭ ئاكا خۇشاللىق بىلەن توۋلاپ قوياتتى.

ــ كالتەك بىلەن راسا ئەدىپىنى بېرىڭلار. چاترىقىڭلاردىن ئۆتكۈزۈپ، ئېشەك قىلىپ مىنىڭلار!

جوۋ لىتوڭنىڭ قىياسىچە، ئۆڭكۈردىكىلەر ئاساسەن چىقىپ بولغاندەك قىلاتتى. ئېھتىمال، ئاشۇ چاقىرىقنىڭ ئىلھامىدىن بولسا كېرەك، ئۇ قاتتىق بىر نەرە تارتىپ، قولىدىكى كالتەكنى ئويناتقىنىچە، ئالدىغا قاراپ ئېتىلدى. جان قايغۇسىدا ئېسىنى يوقاتقان بىرى كالتەكنىڭ دەل بېشىغا قاراپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆزىنى يۇمۇۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى. مىڭگە قېتىقلىرى چاچراپ چىقىپ، ھەممە يەرنى بىر ئالغانىدى. ئۆڭكۈر ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان جاڭ بۇسەن ئۇنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىغا قاراپ، جان تىكىپ ئېلىشىش نىيىتىدىن ياندى.

گۇساڭ ئاكا سوغۇق كۈلۈپ قويدى. ئۇ جاڭ بۇسەننىڭ ئۆزىگە تىزلىنىپ يېلىنىشىنى، جوۋ لىتوڭنىڭ ئۇنى جەھەننەمگە ئۇزىتىۋېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. گەرچە جاڭ بۇسەن يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى چاغلاردىكى ھەيۋىسى ۋە غورۇرىنى يوقاتمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھاياتقا بولغان چەكسىز مۇھەببىتى ھالقىلىق پەيتتە ئۇنى ئەقىللىك بولۇشقا ئۇندەۋاتاتتى. ئۇ ئاخىر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئېغىز ئاچتى:

ــ مېنى قويۇپ بەرسەڭ، لۇ قىزچاقنى ساڭا ئۆتۈنۈپ بېرىمەن.

گۇساڭ ئاكا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھەيرانلىق ئىلكىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىن بىر غالىبىيەتچىنىڭ ئىپتىخارىنى كۆرگىلى بولمايتتى. جاڭ بۇسەن تۇيۇقسىزلا

قاپىقىنى تۇرۇپ، ئۆز ئادەملىرىنى تىللىغىنىچە ئالدىغا قاراپ ماڭدى. باياتىن بىرى تاياق زەربىسى بىلەن ئېسىنى يوقاتقان ۋېيىزىلىقلار ئۆلگەن بۇرادەرلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى يىغىشتۇرۇشقىمۇ ئۇلگۇرمەي، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئالتۇن پەشتاقتىن چۈشۈپ كەتتى. ئاز ئۆتمەي پەشتاقتىكىلەر ئۇلارنىڭ تۆت دانە قول تىراكتورغا پاتقىنى چۈشۈپ، پاتمىغانلىرىنىڭ ئەگىشىپ، چاڭ ـ توزانلار ئارىسىدا نەلەرگىدۇر غايىب بولغانلىقىنى كۆردى.

گۇساڭ ئاكا ئۇلار كەتكەن تەرەپكە قارىغىنىچە ئاغزىنى بۇزدى:

— ھۇ، يەر يۇتقۇر. ئۆزىنىڭ خوتۇنىدىنمۇ كەچتى دېسە! — ئۇ بايا جاڭ بۇسەننى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغانلىقىدىن پۇشايمان قىلاتتى، — ئەگەر ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسام، لۇ قىزچاقمۇ تەبىئىي ھالدا ماڭا مەنسۇپ بولاتتى ئەمەسمۇ؟ بۇ ۋىجدانسىز خۇنپەرنىڭ قەسىمگە نېمىشقىمۇ ئىشىنىپ كەتكەندىمەن؟

گەرچە بۇ سوئاللار ئۇنى ئەپسۇسلاندۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا خۇشال، روھى كۆتۈرەڭگۇ ئىدى. چۈنكى، قىساسىمۇ ئېلىنغان، ئالتۇن پەشتاق قولغا قايتىپ كەلگەن، قىزغىمۇ ئېرىشكەنىدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا يەنە نېمە ئارمان؟ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئېرىشكىنى تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ كۆپ ئىدى.

يۇلتۇزلار ئۇيغانغان تۈن ئىلكىدىكى ئۇزۇنىدىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇھەببەت ناخشىسى تازقارانىڭ كۆكرەك بوشلۇقىدىن چىقىپ، بۇلۇت يېرىپ ئەرشكە ئاڭلىناتتى. سۇرلۇك، قاراڭغۇ قېيىنزارلىق تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى.

لىيەن شىنىڭ روھى ئاللىبۇرۇن ئەرشكە چىقىپ كەتكەن، ئادەم سىياقى قالمىغان جەسەت بۇرادەرلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. يېشىل كۈمۈتىلار جەسەتنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتكەن، گۆشخور قۇرتلارنىڭ ناخشا ـ كۈيلىرى ئەتراپنى

بىر ئالغانىدى. ئۇنىڭ بىر بىلىكى، بىر قولى نەگىدۇر يوقالغان، چاچلىرى تۇرماق ھەتتا تېرىلىرىمۇ قالمىغان ئاپپاق باش سۆڭىكىدە چوڭقۇر بىر تۆشۈك ئېچىلغان، مېڭە قېتىقلىرى شۇ تۆشۈك ئارقىلىق ئاللىبۇرۇن بارار يېرىگە بېرىپ بولغانىدى. دېمەك، بۇ ئېنىقكى، قايسىبىر يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئاجايىپ ئۆزگىچە تېخنىكىسىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

ۋېيزىلىقلار ئۇنىڭ جەسىتىنى چۇشۇرۇپ يۇرمەي، تېگىگە قۇرۇق ئوتۇن دۆۋىلەپ ئوت يېقىۋەتتى. ئوت يورۇقىدا چىرايىدىن مۇز يېغىپ، خۇددى ھەيكەلگىلا ئوخشاپ قالغان ھەربىر ۋېيزىلىقنىڭ كۆزلىرىدىن چەكسىز ئازابلىنىۋاتقانلىقى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئوت بىردەمنىڭ ئىچىدە خۇددى ئاچ قالغان ۋەھشىي يالماۋۇزدەك جەسەتنىلا ئەمەس، دەرەخنىمۇ يۇتۇپ كەتتى.

دەرەخ بىلەن جەسەت كۆيۇپ تۇگىدى، بايىقى ئوت - يالقۇن ئەمدىلىكتە قارا تۇتەككە ئايلىنىپ قالدى. قاباھەتلىك بولغان ئاشۇ بىردەملىك ماتەم مۇراسىمىدىن كېيىن، شي مەنتاڭ كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى:

— بىر تال تۇكمۇ ۋاقتى كەلگەندە تىك تۇرۇپ كېتىدۇ، ئەكسىچە سەن ھازىر خۇددى بىر كاللەك لايغىلا ئوخشاپ قالدىڭ. لۇ قىزچاقنىمۇ خەقچە ئۆتۇنۇپ بېرىۋەتتىڭ، قارىغاندا، بىز بۇرادەرلەرنىمۇ باشقىلارغا سېتىۋېتىدىغان ئوخشايسەن.

تۇز كۆڭۈل ئادەم ياپتا گەپ قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە شي مەنتاڭنىڭ كۆڭلى ئازار يېگەن، شۇڭا ئۇ بۇنداق پۇرسەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋېتىشنى تېخىمۇ خالىمايدۇ.

جاڭ بۇسەن ئۇنىڭغا شۇنداقلا بىر قاراپ قويدى - يۇ، بېشىنى يەنە ساڭگىلىتىۋالدى. ئۇنىڭ تۇرۇلۇپ كەتكەن قاپاقلىرى ھەرقانداق ئۆكتەملىكلەرنى سۆزسىز رەت قىلىۋەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

— ئەلمىساقتىن تارتىپ ئەجدادلىرىمىز ئالتۇن بولمىسىمۇ

جېنىنى جان ئېتىپ كەلگەن. لېكىن، ھاياتىنى خوتۇن خەقسىز تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان. لۇ قىزچاق يار - يۆلەكسىز ياخشى قىز. ئۇ ساڭا خوتۇن بولدى، ھالىڭدىن خەۋەر ئالدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدىن ۋاز كەچسەڭ نامەردلىك ئەمەسمۇ؟

— بولدى، ئاغزىڭنى يۇم، لۇ قىزچاقىنىڭ ئىشى بىلەن سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ؟ مېنى نامەرد كۆرۈۋاتامسەن؟ يوق يەپسەن. مەنمۇ كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتۇۋاتىمەن. ئەگەر راستىنلا يۇرىكىڭ بولسا ئۇلارنىڭ توپ بېشىنىڭ جاجىسىنى بېرىپ باق، سېنى ھەقىقىي ئوغۇل بالا ئىكەن، دەپ قول بېرىمەن.

— مېنى قورقۇنچاق كۆرۈۋاتامسەن؟ ھىم، مەن ھەقىقەتەن يۇرەكسىز، لېكىن مېنىڭ ۋىجدانىم بار! سېنىڭچۇ؟ ئۆپكە سېسىسا، بۆرە تۇرماق ھەتتا ئىتمۇ يۇراپ قويمايدۇ. مېنىڭچە، لۇ قىزچاق ھەقىقەتەن جۇپتىنى تاپقان ئوخشايدۇ!

جاڭ بۇسەن ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن دەريا ئېقىنىغا نەزەر تاشلىدى. دەريا ئېقىنى خۇددى بۇ يەردىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئېقىتىپ كېتەلمىگەندەك ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە تولغىنىپ ئاقاتتى. بۇ چاغدا سۇڭ جىنچېڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— لۇ قىزچاقنى قايتۇرۇپ كېلەلىسەكلا، ھەممە ئىش ئاخىرلىشىدۇ.

— ئەبلەخ، ئۇنى ئەكېلىۋېلىشنىڭ ئۆزى ھەممە ئىشنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر! ئويۇن كۆرمەكچىمۇسەن؟ — جاڭ بۇسەن ئۇنىڭ ياقىسىنى سىقتى. ئەتراپتىن كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— شې مەنتاڭدىن ئېھتىيات قىلىۋاتقان ئوخشىمامسەن؟ مەن ئۇنىڭغا ياۋاش بول، دەپ ئەسكەرتىپ قويدۇم.

جاڭ بۇسەن قولىنى چۇشۇرۇپ، بىرپەس جىمىپ كەتكەندىن كېيىن بېشىنى ئاستا چايقىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ دەل شۇ پەيتتە، ئەگەر لۇ قىزچاق گۇساڭ ئاكىنىڭ قولىدا تۇرسا، شې

مەنتاڭنىڭ ئۆزىگە كىچە - كۈندۈز دۈشمەندەك تىكىلىپ تۇرۇۋېلىشىدىن قۇتۇلۇپ قالىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېلىدىكى هاراق كومزىكىنى يېشىپ شي مەنتاڭغا ئۇزاتتى. شي مەنتاڭ ئادەم هاياتىنى قىمار ئورنىدا كۆرىدىغان توپ بېشىنىڭ بۇنداق سورۇنلاردا ۋىجدان بىلەن هېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۈمىدسىزلىك بىلەن كومزەكنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەلەم بىلەن ۋارقىرىدى:

— قېنى، قانغۇچە ئىچەيلى !

چىرايىنى چاڭ باسقان بۇ بىر توپ بۇرادەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى نۇرسىز كۆزلىرىنى هارغىنلىق بىلەن ئاللىقاياقلارغا تىكىپ، ئۇ يەر - بۇ يەردە سۇنايلىنىپ يېتىشاتتى. ئەقەللىيسى، شۇ پەيتتە ئۇلارنىڭ نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. بۇنداق چاغلاردا پەقەت هاراقنىڭ قۇدرىتىلا ئۇلارغا روهىي مەدەت ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقى جاڭ بۇسەنگە ئايان ئىدى.

— كېلەر شادلىق تۇشمۇتۇش ! — جاڭ بۇسەننىڭ دۈۋىنىڭكىدەك ئاۋازى ئۇلارغا ئوبدانلا تەسىر قىلغانىدى.

— كېلىڭلار، هاراق ئىچىمىز ! — سۇڭ جىنچېڭ ئۇنىڭ چاقىرىقىغا دەرهال ئاۋاز قوشۇپ، ئۆزىنىڭ كومزىكىدىكى هاراقتىن بىر ئۇچۇمنى هاۋاغا سېپىۋەتكەندىن كېيىن، كومزەكنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئاغزىغا ئۆڭتۈردى. شي مەنتاڭ تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، قولىدىكى كومزەكنى هەش - پەش دېگۈچە بىكارلىۋەتكەندىن كېيىن، سۇڭ جىنچېڭ بىلەن بارماق ئويۇنىغا چۈشتى.

— شادلىق ئىشىك تۈۋىدە !

— تۈزلەڭلىككە هۇجۇم ! سەن ئۇتتۇردۇڭ، ياخشى بولدى، بەك ياخشى بولدى !

شي مەنتاڭ ۋارقىرىغىنچە، سۇڭ جىنچېڭنىڭ قولىدىن كومزەكنى يۇلۇپ ئېلىپ، گۈپۈلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى. جاڭ

بۆسەنىنىڭ كۆزى ئۇلاردا بولغان بىلەن خىيال قۇشى ئالىبۇرۇن ئالتۇن پەشتاق تامان ئۇچۇپ كەتكەنىدى. ئەتراپنى ئالىبۇرۇن بارماق ئويۇنىغا چۈشۈپ كەتكەن بۇرادەرلەرنىڭ ئالتاغىل ئاۋازى بىر ئالغانىدى. ئۇلار بىر - بىرىدىن كومزەك تالىشاتتى. كومزەكتىكى ھاراقنى بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ دىگۇدەك ساراڭلارچە ئىچەتتى. قاقاھلاپ كۈلەتتى، بىر - بىرىنى قوغلايتتى، ئۇلارنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ھېچكىممۇ ئۇلارنى غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغان بىر توپلار دەپ قارىمايتتى. ئېھتىمال، ئۇلار ئاشۇ مەغلۇبىيەتتى ئۇچۇن ئىچىۋاتقان، كۈلۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئىنسانىنىڭ ياشاش ئۇچۇن بېرىۋاتقان قۇربانلىرى، ئۇمىد - ئارزۇلىرى ھاياتلىقتىكى مانا شۇنداق پەيتلەر ئۇچۇن ئەمەسمۇ؟ لېكىن، ئۇلارنىڭ كەيپىياتىدىكى بۇ خۇشاللىقلار شۇ مەنتاڭنىڭ ھەسرەتلىك ئاۋازى بىلەن ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى.

— لۇ قىزچاق!

ئۇ ئالدىغا قاراپ ئېتىلىۋىدى، جاڭ بۇسەن ئۇنى توسۇۋالدى.

— نېرى تۇر، مەن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلىمەن.

— ئۇ ئاللىبۇرۇن باشقىلارنىڭ ئادىمى بولۇپ بولدى. مەن گېپىمدە تۇرمىسام بولمايدۇ.

— خۇنپەر، لۇ قىزچاق بۇنىڭغا ئۇنامدۇ؟

— ئۇ ئۇنىمامدۇ؟ ئوھۇي! ئۇ ئۇنىمىسا تېخىمۇ ياخشى. ئۇ چاغدا مېنى ۋەدىسىدە تۇرمىدى، دەپ ھېچكىم مەندىن ئاغرىنمايدۇ!

جاڭ بۇسەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قويدى. ئۆزىنىڭ نېمىدىن نەپرەتلىنىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ جايىغىلا زوڭزىيىپ ئولتۇردى - دە، يۇزلىرىنى قاماللىغىنىچە، ئىچىدە ئۆزىگە خىتاب قىلدى: يېڭىلگىنىمنى مۇشۇنداقلا تەن ئالامدىم؟ جاڭ لاۋخۇنىڭ ئوغلى ئەمدىلىكتە باشقىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى داڭگالغا ئايلىنىپ قالدىمۇ؟ دادام بېلىدىن پارچىلىنىپ، ئىككى

پۈتى چىپىلغان بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ تېنىم ساق، كاللام جايىدا.

ئۇ قىساسكار ياش جىنىيىرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، قايىللىق بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. چۈنكى، ئۇ قىساس ئېلىش ئۈچۈن چىشىنى چىشىغا چىشلەپ، شۇنچە ئۇزۇن يىللارنى سەۋر ـ تاقەت بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئۆزىنى خېلىلا ئاجىز دەك ھېس قىلىپ، كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ئەجەبا، ئۇ توغۇلۇشىدىنلا ئەنە شۇنداق بېلى بوش، ئىرادىسىز ئادەممۇ؟

## تۆتىنچى باب

# ئاسىي قوشۇن

ئۇنىڭ جېنى تېنىدا، كۆزى مىدىرلاپ تۇرغان بولسىمۇ، جاڭ لاۋخۇ ئۇنى ئۆلسۇن دېگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۆلۈم خېتى شۇ ھامان كېسىلگەن بىلەن باراۋەر، چۈنكى بۇ يەردە جاڭ لاۋخۇنىڭ بۇ سۆزى ئەزرائىلنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ، ئەلۋەتتە!

خەت ئەكەلگەن سالا مىللىتىدىن بولغان چەۋەنداز ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى سورىماقچى بولغاندەك ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ، ئۇنىڭغا تىكىلدى. جاڭ لاۋخۇ قولىدىكى خەتنى قاتتىق بىر مىجىقلىدى ـ دە، ئارقىسىدىكى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۇلخانغا تاشلىۋەتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇنىڭ جاۋابى ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ خەت ئەكەلگىنىنىڭ ئۆزى دەل ئۇنىڭ گۇناھى ئىدى. ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇشنىڭ يەنە بىر پايدىلىق تەرىپى بۇ جاڭ لاۋخۇنىڭ خەتنى كۆرمىگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. ۋەزىيەت تازا مالىماتاڭ بولۇۋاتقان بۈگۈنكىدەك چاغلاردا، چەۋەندازنىڭ يېرىم يولدا دۈشمەنلىرىگە ئۇچراپ قېلىشى ۋە ياكى ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ بىرەر ئايالنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ ھەممىنى ئۇنتۇغانلىقى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس، ئەلۋەتتە!

خەت ئەسلىدە غەربىي شىمال ئىككىنچى قوغدىنىش رايونىنىڭ قوماندانى ما بۇفاڭنىڭ تاڭغۇت ئالتۇنلۇقى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ لاۋخۇغا پىستىرما قويۇپ، تاڭغۇت ئويمانلىقى تەرەپكە قاچقان بىر روتا ئاسىي قوشۇندىكىلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي، تەلتۆكۈس يوقىتىش ھەققىدە چۈشۈرگەن

بۇيرۇقى ئىدى.

ئەتراپ باياۋان، ئاتلىق قىلىچچىلار ئەترىتىدىكىلەر ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە يېقىلغان گۇلخانلارنى چۆرىدەپ، ئەتراپنى كۆزەتكەچ ئوتىسىنىپ ئولتۇراتتى. جاڭ لاۋخۇ قولىدىكى ئۆتكۈر قىلىچنى سۇرتكەچ، چەۋەندازدىن قېچىپ كېتىش ئۈچۈننىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سوراۋىدى، پۇت ـ قولىغا ئاز ـ تولا جان كىرىپ قالغان چەۋەنداز دەرھال ئۆرۈلۈپلا، ئېتى تۇرغان تەرەپكە قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپ، ئات ئۇستىگە سەكرەپ چىقىشى بىلەن تەڭ بىر دانە چوڭ باشلىق قىلىچ ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنى يەر چىشلەتتى. ئات بۇ تۇيۇقسىزلىقتىن ئۈركۈپ، كىشنىگىنىچە يان تەرەپكە قاراپ قاچتى. جاڭ لاۋخۇ ئات كەتكەن تەرەپكە قاراپ قويدى ـ دە، ئۆلۈكنىڭ قېشىغا بېرىپ ھېلىقى قانلىق قىلىچنى ئېلىپ، ئۇنى ئۆلۈكنىڭ كىيىملىرىگە سۇركىدى. ئاز ئۆتمەيلا ئىككىسى كېلىپ تەندىن ئاجراپ كەتكەن باشنى چېچىدىن قامالالاپ، يۇز مېتىر يىراقلىقتىكى كونا ـ يېڭى ئادەم باشلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان دەرەخكە ئېسىپ قويدى. دېمەك، بىچارە چەۋەندازنىڭ بېشى بۇ قورقۇنچلۇق قاراڭغۇ ئورمان پادىشاھلىقىنىڭ يېڭى ئەزاسى بولۇپ ئورۇن ئالغانىدى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئادەم ئۆلتۈرسە كۆزىنى مىت قىلىپمۇ قويمايدىغان، بارلىق قومچىلارنى خۇددى قولىدەك ئۆز ئىلكىدە تىزگىنلەپ كېلىۋاتقان جاڭ لاۋخۇ ئاتلىق قىلىچچىلار ئەترىتىنى باشلاپ، يامغۇردەك ئوقلار ئارىسىدا يېرىمى ئۆلۈپ، يېرىمى قالغان ھېلىقى قاچاق ئەسكەرلەرنى تاڭغۇت چوڭ جىلغىسى ئېغىزىدا قامالغا ئالدى. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇنىڭ نىيىتى قاتىللىق قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ تەلىپىگە كۆندۈرۈش ئىدى، چۈنكى جاھاننىڭ ھەر خىل قازانلىرىدا قايناپ باققان بۇ قاقباش كۆز ئالدىدىكى چىقىش يولى قالمىغان بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ئەمگەك كۈچى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىدىكى

قىلىچىنى قىنىغا سېلىپ، مەغرۇرلۇق بىلەن ئۇلار تەرەپكە بىرنەچچە قەدەم چامدىغاچ ۋارقىرىدى:

— سىلەرنىڭ جىنىڭلار مېنىڭ قولۇمدا، ئەڭ ياخشىسى ماڭا قۇمچى بولۇپ ئىشلەڭلار. ھاياتىڭلارغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىمەن.

ئويلىمىغان يەردىن قارشى تەرەپ ئاللىبۇرۇن جەڭگە تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى. جاڭ لاۋخۇنىڭ قىلىچچىلار ئەترىتى ئەزەلدىن ملىتىق ئىشلەتمەيتتى، مىلتىقتىن قورقۇپمۇ قالمايتتى. جاڭ لاۋخۇ ئارقىغا چېكىنگەن ھامان ئۇلار تۇخۇمدەك ـ تۇخۇمدەك كېلىدىغان تاشلارنى قارشى تەرەپكە قارىتىپ ياغدۇرۇۋەتتى. تاشنى ئادەتتە پادىچىلار تولىراق ئىشلىتەتتى. تەجرىبىلىك پادىچىلار نەچچە يۈز مېتىر يىراقلىقتىكى سەركىنىڭ مۈڭگۈزىگە چەنلەپ ئېتىپ، پادىنىڭ يۆنىلىشىنى كونترول قىلالايتتى. قىلىچچىلار ئەترىتىدىكىلەر گەرچە پادىچىلىقتىن كېلىپ چىقمىسىمۇ، قاچقان قۇمچىلارنى باشقۇرۇش ۋە ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۇچۇن تاش ئېتىشنى دائىم مەشىق قىلاتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئاتقان تاشلىرى ھازىرمۇ قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ باش ـ قاپاقلىرىنى يېرىپ، ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالاتتى. چېچەنرەكلىرى ئوق ئېتىشقا ئۈلگۈردى. جاڭ لاۋخۇ ئادەملىرىدىن بىرسىنىڭ ئوق تېگىپ يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— بۇرادەرلەر، ئۇلارنىڭ ئىت بېشىنى ئۆتمۆتۆشۈك قىلىۋېتىڭلار!

بۇ بۇيرۇق بىلەن تەڭ ئالدى رەتتىكىلەر تېخىمۇ روھلىنىپ، تاشلىرىنى شىددەت بىلەن ئېتىشقا باشلىدى. ئىككىنچى رەتتىكىلەر ئاللىبۇرۇن تەييارلىنىپ بولغانىدى. ئەمدىلىكتە، قارشى تەرەپتىكىلەر قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى. بىراق، يامغۇردەك يېغىۋاتقان تاشلار ئۇلارغا زادىلا ئىمكان بەرمەيۋاتاتتى. چۈنكى، تاشلار ئالدى بىلەن قاچماقچى بولغان

ئەسكەرنىڭ بېشىغا ياغاتتى. ئامالسىز قالغان ئاسىي قوشۇن ئەمدىلىكتە بېشىنى قولتۇقىغا قىسقۇدەك بولۇپ، يەر باغاشلاپ يېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. قىلىچچىلار ئەترىتى بارا ـ بارا قورشاۋ بەلبېغىنى تارايتماقتا ئىدى. تۇيۇقسىز يەنە بىر قېتىم ئوق ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ، ئەترەتتىكىلەرنىڭ يەنە بىرى يىقىلىۋىدى، قىلىچچىلارنىڭ قولىدىكى تاشلار قايتىدىن يامغۇر بولۇپ يېغىشقا باشلىدى. مىلتىق ئاۋازىمۇ ئامالسىز ئۆچتى. قىلىچچىلار غالجىرلىق بىلەن ئۇلارغا قاراپ ئېتىلدى، بۇ چاغدا قارشى تەرەپتىكى بىچارىلەرنىڭ بىرنەچچىسى بىر يەرگە يىغىلىپ، بەزىلىرى يەرگە دۈم چۈشۈپ، ئۆز جان قايغۇسىدا بولۇپ كەتكەن، ئەتراپنى باش ـ كۆزى يېرىلغانلارنىڭ، كۆزلىرى كور بولغانلارنىڭ نالە ـ زارى بىر ئالغانىدى.

جاڭ لاۋخۇ قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى ئارىلاشقا باشلىدى، تەبىئىي ھالدا ئۇچرىغانلارنى تېپىپ باقاتتى، ساقلىرىنى قالدۇرۇپ، كارغا كەلمەس بولۇپ قالغانلىرىنىڭ ئۆز جايىدىلا كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، خالىغان بىر تەرەپكە قارىتىپ تېپەتتى. قول ئاستىدىكىلەر قايتىپ بېرىپ دەرەخكە ئېسىش ئۈچۈن، دەرھال ئۇ باشلارنى خالتىلىرىغا سېلىۋالاتتى ياكى ئاتلىرىغا غانجۇغىلىۋالاتتى. ئۇ دەل ئون يەتتىنچى ئەسكەرنىڭ يېنىغا كەلگەندە، يارىلانغان، قاۋۇل كەلگەن بۇ ياش ئەسكەرنىڭ ئاسمانغا يۈزلىنىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرغانلىقىغا قىزىقىپ قالدى. ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىنى چاڭ باسقان بولۇپ، سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. جاڭ لاۋخۇ ئۇنىڭ چاترىقىغا بىرنى تېپىۋىدى، ئۇ قاتتىق بىرنى ۋارقىراپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى. جاڭ لاۋخۇ قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈردى ـ يۇ، ئىختىيارسىز توختاپ قالدى ۋە كۈچلۈك يەلكىسى بىلەن ئۇنى توسۇۋېلىپ، ئۇنىڭ چاترىقىغا يەنە بىرنى تەپتى. ھېلىقى ياش ئەسكەر ئارقىسىغا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى ـ دە، دەرھال چاترىقىنى چىڭ قاماللىۋالدى...

ـــ قېنى كېلە، ئەرۋاھقا ئايلىنىپ كەتسەممۇ سېنى قويۇپ

بەرمەيمەن.

— سېنى ئاياپ قويدۇم، ئەڭ ياخشىسى ماڭا قومچى بولۇپ جېنىڭنى جان ئەت.

— قومچى؟

جاڭ لاۋخو يېنىدىن بارماقچىلىك كېلىدىغان ئالتۇننى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا تاشلىدى. ئۇ ئەسكەر ئالتۇننى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەيۋاتاتتى.

— قومچى دېگىنىمىز، ماڭا ئالتۇن تاسقاپ بېرىدىغان كىشى.

ئەسكەر ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى ۋە ھايات قالغان بۇرادەرلىرىگە ۋاكالىتەن شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— قوراللىرىمىزنى تاپشۇرمايمىز.

— بولىدۇ.

— قوشۇنىمىز تارقىلىپ كەتمەيدۇ.

— چاتاق يوق.

— ئۇنداق بولمىغاندا ئۆلۈپ بېرىمىز.

— ئالدى بىلەن تىرىك قېلىڭلار، ۋاقتى كەلگەندە ئۆلۈمنى ھەرگىز خىيال قىلمايدىغان بولىسىلەر.

جاڭ لاۋخو ئۆز غەلىبىسىدىن كۆرەڭلىگىنىچە پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى. دېمەك، ئېزىقىپ قالغان بىر توپ مۈشۈكياپىلاق ئۆزلىرى خالاپ، يولۋاسنىڭ ئۇۋىسىغا كىرگەندى. ئۇ ئىچىدە پىچىرلىدى: جېنىڭنى ئاياپ قويغانلىقىم ئۇچۇن ئەسلى ماڭا باش ئۇرساڭ بولاتتى. ساڭا نېمە شەرت قويۇش؟ لېكىن، مەيلى قانداقلىكى شەرتىڭ بولسا قوشۇلۇۋېرىمەن. چۈنكى، ئالتۇنلۇققا بارساڭلا بارلىق شەرتلىرىڭ رولىنى بىراقلا يوقىتىدۇ!

ئوتتۇز ئالتە ئەسكەر ئالتۇنلۇققا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن جاڭ لاۋخو ھېلىقى ياش ئەسكەرنى يېنىغا چاقىرتىپ سورىدى:

— سەن روتاڭلارنىڭ كاتىبىمۇ؟

يىگىت بېشىنى لىڭشىتتى. دېمەك، ئۇ شۇ ئارقىلىق روتىنىڭ ھەقىقىي كاتتىباشلىرىنى ھىمايە قىلماقچىدى. بۇ ئوتتۇز ئالتە ئەسكەرنىڭ ئارىسىدا لېەنجاڭ، پەيجاڭ دېگەندەك كاتتىباشلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ! بىراق، جاڭ لاۋخۇ مۇشۇ ياش ئەسكەردىن پايدىلىنىشنى ئاللىبۇرۇن كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى، چۈنكى ئۇنىڭ مەشئەلدەك يېنىپ تۇرغان ئاشۇ بىر جۈپ كۆزىدىكى رەھىمسىزلىك ۋە غالجىرلىق ئالتۇنلۇقنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم ئىدى.

— سەن بۈگۈندىن باشلاپ بۇرادەرلىرىڭگە توپ بېشى بول. سېنىڭ ئىسمىڭ نېمىتى؟ ھە... ياڭ جىئېر، جىئېر، جىئېر! — جاڭ لاۋخۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، — توخۇنىڭ چۈجىسى ! ياخشى ئىسمكەن !

— مېنىڭ ئىسمىم جىئېر، «قىزىق قان» دېگەن مەنىدىكى جى ! قېنىم قىزىغاندا جېنىم بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايمەن. ھەرقانداق خەتەر مېنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر !

ئۇنىڭ سۆزلىرىدە دارىتمىلاشمۇ بار ئىدى، لېكىن جاڭ لاۋخۇ بۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى.

— تېخىمۇ ياخشى ئىسىم ئىكەن. سەن ھازىردىن باشلاپ، قىزىق قانلىق بىلەن ماڭا ئالتۇن تاسقا. ئالتۇن كۆرسە قېنى قىزىمىغانلار ئادەم ئەمەس.

بۇ ئالتۇنلۇقنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ كەتكەن يەر بولۇپ، يان تەرىپىدە تاغ جىلغىسى بار ئىدى. قىشتا يەرلەر توڭ تۇتۇپ كەتكەچكە، قومچىلار ئوت يېقىپ توڭ ئېرىتەتتى. ئاندىن قۇم قاتمىسىنى پارچىلاپ، تېرە ئارقان بىلەن دۆمبىسىگە تېڭىپ، تاغ جىلغىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى دەريا بويىغا ئاپىرىپ، مەخسۇس كۆلچەكلەردە چايقايتتى. سۇزۇپ چىقىرىلغان ئالتۇنلار جاڭ لاۋخۇنىڭ ياغاچ ئۆيىگە توشۇلاتتى. جاڭ لاۋخۇ يىغىلغان ئالتۇنلارنى ئايدا بىر قېتىم تاڭغۇت جىلغىسىنىڭ سىرتىدىكى ئالتۇن باشقۇرۇش ئىدارىسىگە يەتكۈزۈپ بېرەتتى. ئالتۇن

باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكىلەر بۇ ئالتۇنلارنى دەرھال ما بۇفاڭ بىۋاسىتە كونترول قىلىدىغان خۇاڭجۇڭ ئوقەتچىلىك بانكىسىغا تۇشۇيتتى. جاڭ لاۋخۇ ئەلۋەتتە ئالتۇنلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكى ھېسابىدا ئايرىۋالاتتى. زادى قانچىلىك ئايرىۋالىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئوتتۇز ئالتە ئەسكەر ھەر كۈنى خۇددى باشقا نەچچە يۈزلىگەن قۇمچىلارغا ئوخشاش يۇمىلاق، قاتتىق كەلگەن تېرە خالتىلاردىكى قۇم قاتمىلىرىنى يۇدۇپ بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى دەريا ياقىسىغا تۇشۇيتتى. تېرە خالتىلاردىكى قۇم قاتمىسىنىڭ ئېغىرلىقى ئارتىپ كەتكەچكە، بىچارىلەرنىڭ قەددى خۇددى يادەك ئېگىلىپ كېتەتتى. ھاۋانىڭ ئەپتىمۇ كۈندە نەچچە قېتىم ئۆزگىرىپ تۇراتتى. ئىككى ياندىكى تىمتاسلىقتا چۆمگەن قاقاس تاغ تىزمىلىرى بەزىدە گويا ئۇلارغا رىقابەت ئېلان قىلىۋاتقاندەك ۋە بەزىدە ئۇلارنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك ھالەتتە كۆزگە چېلىقاتتى. ئاتلىق قىلىچچىلار ئەترىتىدىكىلەر ھەيۋە قىلىپ، قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، رەھىمسىزلىك بىلەن قۇمچىلارنى تىنىم تاپماي ئىشلەشكە مەجبۇرلايتتى. ئاسىي قوشۇندىكىلەر بۇ خىل زورلاشلارغا زادىلا چىدىماي، قەستەن ئىشنى ئاقسىتىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ يېرىم يولغا كەلگەندە ياڭ جىئېر چارچاپ ھالىدىن كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، چوڭ بىر تاشقا يۆلىنىۋالدى.

— مېڭىش، چاققان مېڭىش. دەم ئالىدىغان ۋاقىتقا تېخى خېلى بار.

باشقىلارمۇ ياڭ جىئېرغا ئەگىشىپ، ئەترەتتىكىلەرنىڭ مەجبۇرلىشىغا پىسەنتمۇ قىلىپ قويماي، تاشقا يۆلىنىپ تۇردى. قايسىبىر قۇمچى ئاسىي قوشۇندىكىلەرنى دورىغاچقا، قىلىچچىلار ئەترىتىنىڭ ئىككى ئەزاسىدىن دۈمبا يېدى. ئۇنىڭ تېنى يەرگە چاپلىشىپ قالغان، ئۇستىدىكى ئېغىرلىق بىلەن مىدىرلىغۇدەك ھالى قالمىغان، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ نامىنى شېپى كەلتۈرۈپ،

ئۇلاردىن گۇناھىنى تىلەيتتى.
دېمەك، بۇگۇن بىرەر ئادەمنىڭ ئۆلۈشىدە گەپ يوق، ھاۋامۇ بۇ خىل ئېھتىماللىقتىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر بەرگەن، خېلىدىن بۇيان جامالىنى پىنھان تۇتۇپ كېلىۋاتقان قۇياشمۇ بۇلۇتلار ئارىسىدىن پارلاپ چىقىپ، سوغۇق كۈلۈپ تۇراتتى. ياڭ جىئېر تېرە تاسمىنى يېشىپ، يەلكىسىدىكى تېرە خالتىنى ئىرغىتىپ تاشلىۋەتتى ـ دە، ئۇلار تەرەپكە قاراپ قەدەم تاشلىدى. بۇ ھالدىن تەشۋىشلەنگەن قوشۇندىكىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ئۇنىڭغا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قۇلاق سالماي، بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن بايىقى ئۆكتەملەرنىڭ بىرىنىڭ تۇمشۇقىغا كەلتۈرۈپ بىر مۇشت قويدى. قارشى تەرەپ ھودۇقۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ھودۇقۇشى قورققانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭلۇقىدىن ھەيران قالغاندىكى ھودۇقۇش ئىدى. يەنە بىر ئۆكتەم قولىدىكى كالتەكنى بىلەن ئۆزىگە قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ياڭ جىئېرنى نىشانغا ئالدى. پېشانىسىغا تەگكەن كالتەكنىڭ ئاغرىقىنىمۇ سەزمىگەن ياڭ جىئېرنىڭ قولى ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ بېلىدىكى قىلىچنى سۇغۇرىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇ شۇ ئان قىلىچنى ئۇنىڭغا قارىتىپ شىلتىغانىدى، ئۇنىڭ قۇلىقىنى شىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ دەرھال كەينىگە چېكىنىشىگە، ياڭ جىئېر ئىز قوغلاپ قىلىچنى ئۇنىڭغا قارىتىپ شىلتىۋەردى. قىلىچتىن نۇر چاقناپ كىشىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلاتتى. تۇيۇقسىز قارشى تەرەپ يەرگە ئوڭدىسىغا چۈشتى، يۈزى، بەدەنلىرىدىن قان تەپچىرەيتتى، بۇ ھالنى كۆرۈپ قورقۇنچقا چۈشكەن يەنە بىرى قۇيرۇقىنى خادا قىلدى. ھېلىقى تاياق يېگەن قۇمچى جەسەتنىڭ قېشىغا تىزلاندى ـ دە، غەلىتىلا ئاۋازدا يىغلاشقا باشلىدى. ياڭ جىئېر مەغرۇرلۇق بىلەن بىر چەتتە تۇراتتى. بۇرادەرلىرى كېلىپ ئۇنى ئورىۋېلىشتى. ئەتراپتىكى قۇمچىلارمۇ يەلكىسىدىكى تېرە خالتىلارنى چۈرۈپ تاشلاپ، ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى.

بىرى، تۈيۈقسىز ۋارقىرىدى:
— قارنىمىز چىقىلدى.
— چىپىۋەت، سەن مېنى چىپىۋەت، بەرىبىر بىر ئۆلۈم، — بايىقى تاياق يېگەن قومچى دەرھال كېلىپ ئۇنىڭ تىزىدىن قۇچاقلىدى.
ياڭ جىئېر قىلىچىنى تاشلاپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزماقچى بولدى. لېكىن، گويا بىر دۆۋە لايدەك يۆلىگىلى زادىلا بولمىدى.
— سەن جاڭ لاۋخۇنىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭ، — ياشقا چوڭراق بىر قومچى ئەلەم بىلەن يىغلىۋەتتى، — جاڭ لاۋخۇ چوقۇم ھازىرلا كېلىپ جېنىمىزنى ئالىدۇ دېگىنە، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟
— ئىسىيان كۆتۈرەيلى، كۆپچىلىك بىرلىشىپ قارشى تۇرايلى.
— سېنىڭ گېپىڭ ئوسۇرۇقتا تەڭ، جاڭ لاۋخۇ بىر قىلىچتا ئالتە ئادەمنىڭ كاللىسىنى بىراقلا ئالالايدۇ، كىمدىمۇ ئۇنىڭغا قارشى چىققۇدەك جۇرئەت بار دەيسەن؟ بۇگۈن سىلەر ئۆلمىسەڭلار، ئەتە بىزنىڭ بېشىمىز ھېلىقى دەرەخكە ئېسىلىدۇ، بۇرادەرلەر، بىز ئۆلسەك بولمايدۇ، بىز جاڭ لاۋخۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىشىمىز كېرەك. قېنى تۇرايلى، بۇ نىيىتى بۇزۇقلارنى ئۆلگۈچە ئۇرايلى.
بىردەمنىڭ ئىچىدىلا نەچچە يۈزلىگەن جۇپ قول گويا ئاسماندىن چۈشكەن تۆمۈر تىرناقلاردەك، ئاسىي قوشۇندىكىلەرگە قاراپ سوزۇلدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار كۆندە تاياق يەيدىغانلاردىن بولۇپ، ئەزەلدىن باشقىلارنى ئۇرۇپ باقمىغانىدى. بۇ قېتىمقىسى بىر قېتىملىق كوللېكتىۋىزملىق روھ ئىدى.
— ئۇرايلى، ئۇلارنى ئۆلگۈچە ئۇرايلى، — كىمدۇر بىرىنىڭ چاقىرىقى ئاڭلاندى.
تۈيۈقسىز ياڭ جىئېر يەرگە دۈم چۈشۈپ، ھوشىدىن كەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ بېشىغا بىر تال تاش كېلىپ تېگىپ، ئۇنىڭ شۇ

پەيتتىكى بارلىق رەزىل پىلانلىرىنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرۇۋەتكەندى. چۈشتىن كېيىن ئۇ ئىزغىرىن شامالدىن ئەندىكىپ كۆزىنى ئاستا ئاچتى. ئاسمان شەپەق رەڭگە كىرگەن، ساناقسىز بۇلۇت پارچىلىرى قانغا تولغان كۆزگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭمۇ كۆزى قىزارغان، ئەتراپتىكى بارلىق نەرسىلەرمۇ قىزغۇچ كۆرۈنەتتى. قۇمچىلار كېتىپ قالغان، ئەتراپتا ئۆزىدىن باشقا بىرەر تىرىك جان قالمىغاندەك قىلاتتى. لېكىن، ئۇ بۇرادەرلىرىنى يەنىلا هايات دەپ قارايتتى. گەرچە ئۇلار مىدىرلىماي ياتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ قانلىق تېنى ئارقىلىق قىپقىزىل رەڭلىك بىر دۇنيا ياراتماقچى بولغاندەك، ياكى بولمىسا قانلىرىنى خۇشاللىق بىلەن ئېقىتىۋېتىپ، پۈتۈن دۇنيانى ئۆز تومۇرلىرىغا، پۈتۈن بەدىنىگە سولىماقچى بولغاندەك ئۈمىدلىك كۆرۈنەتتى. ئۇ هەربىر جەسەتنىڭ ئالدىدا جەمئىي ئوتتۇز بەش قېتىم ئۇزاقتىن - ئۇزاق تۇردى، كۆزلىرىدە لىق ياش، قەلبىدە قىساس ئوتى لاۋۇلدايتتى. ئەتراپ قارايغانىدى.

ئۇ جاڭ لاۋخۇنى ئىزدەپ بارماقچى بولدى. ئۇ جىلغىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى ئەگىپ يۇرگەن قويىۇق تۇمانغا تىكىلدى. دەھشەتلىك ۋارقىراپ ئەتراپنىڭ تىمتاسلىقىنى مەڭگۈلۈككە قوغلىۋەتمەكچى بولاتتى. لېكىن، ئۇنىڭغا ماغدۇرى يەتمەيتتى، نەپەسى يېتىشمەيتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ جىلغىدىن چىقىپ كېتەلمەسلىكىنى ئويلاپ ئۆزىنى هەرهالدا تۇتۇۋالدى - دە، ئايىغى ئاستىدىكى قان ئېرىقچىسى ۋە قان ئۈيمىلىرىغا تىكىلدى. قان ئۈيمىلىرىنىڭ بەزىلىرى تېخى قاتمىغانىدى. ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، باشتا قانلارنى هىدلاشقا باشلىدى، تۈيۇقسىزلا ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ قانلارنى سۈمۈرۇپ، يالاپ، شوراشقا باشلىدى. بىر چاغدا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قان ئۈيۈپ قالغان يۈزىنى سۈرتۈپمۇ قويماي، بايىقى تۇمانغا تىكىلدى. كۆزلىرىدە هېلىهەم ياش، قەلبىگە ئاچچىق ئەلەم هۆكۈمران

ئىدى. ئۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇردى ۋە جەسەتلەرگە قاراپ خىتاب قىلدى:

— سىلەرنى ئۆلتۈرگەن ئاشۇ ئادەملەرنىڭ قېنىنى تۆكۈش ئۈچۈن مەن سىلەرنىڭ قېنىڭلارنى ئىچتىم.

ئەتىسى سەھەردە جاڭ لاۋخۇ ئۆز كەپىسىنىڭ ئالدىدا ياڭ جىئېرنى كۆردى، ياڭ جىئېرنى قىلىچچىلار ئەترىتىدىكىلەر باغلاپ قويغانىدى. ئۇ جاڭ لاۋخۇنى كۆردى ـ دە، دەرھال تىزلاندى ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرمەسلىكنى، بۇنىڭدىن كېيىن قۇمچى بولماسلىقنى ئۆتۈندى، جاڭ لاۋخۇ قىشنىڭ نەشتەردەك سوغۇقىغا قارىماي، تاۋاردىن يېپىنچا ئارتىۋالغان، مەيدە تۈكلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى ھەربىر تال تۈكتىن ئۇنىڭ باشقىلاردىن قارامىلىقىنى، تەلۋىلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ياڭ جىئېر ئۇنىڭ قول ئاستىدا مەڭگۈ بىر سادىق چاپارمەن بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇ قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى ۋە قېشىدىكى بىرىنىڭ قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ياڭ جىئېرنىڭ باغلىقىنى كېسىۋېتىپ، ئالدىغا تاشلىدى، ياڭ جىئېر قىلىچنى دەرھال ئېلىپ، ئۇنى پېشانىسىغا تەگكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن بايىقىدەك تىزلىنىپ، جاڭ لاۋخۇغا ئۈچ قېتىم باش ئۇردى.

— بىرەر ئادەمنىڭ كاللىسىنى كۆرۈشۈش سوۋغىسى قىلىشىڭ كېرەك.

— كىمنىڭكىنى؟

— كىمنىڭكىنى خالىساڭ شۇنىڭكىنى.

ياڭ جىئېر ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى. ئارىلىقتىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ قۇمچىدىن بىرىنىڭ كاللىسىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. بۇ بىچارە ئۇ ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەن تۇنجى قۇمچى ئىدى.

ياڭ جىئېر ئاتلىق قىلىچچىلار ئەترىتىگە كىرگەندىن كېيىن، جاڭ لاۋخۇ ئۇنىڭ قاراملارچە ئادەم ئۆلتۈرۈشىگە قارشى تۇرۇپ كەلدى. چۈنكى، ئادەم كۈچى ئازىيىپ كەتسە، ئالتۇن قېزىش مىقدارىغا بىۋاستە تەسىر قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

بىر يىلى جاڭ لاۋخۇ يۇرتىغا قايتىپ مال - مۈلۈكلىرىنى جايلاشتۇردى، ئۆيلەندى، بۇ ھال ياڭ جىئېر ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئەترەتتىكى بىرنەچچەيلەن بىلەن ئالتۇن چايقىغۇچى ئىككى يۈزدىن ئارتۇق قۇمچىنى ھەيدەپ، ئىلگىرى ئۆزىنىڭ بۇرادەرلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان جىلغىغا كەلگەندە، باھانە تېپىپ قۇمچىدىن بىرنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىۋەتتى. باشقىلار تاياق يېگەن بىچارىگە ۋاكالىتەن ھال ئېيتتى. لېكىن، ئۇ كىم ھۆرۈنلۇق قىلسا شۇ ئىشنى ئاقساتقانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، دەپ گەپنى كېسىۋەتتى ۋە تاياق يېگەن قۇمچىغا ئىچ ئاغرىتىپ ھال ئېيتقان قۇمچىلارنى بىر چەتكە يىغىپ ساناپ كۆرۈۋىدى، دەل ئون تۆت چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ قۇمچىلارنى ئارام ئېلىشقا بۇيرۇدى ۋە بېلىگە ئورىۋالغان ئۇزۇن تېرە تاسمىنى يەشتى. باشقىلار ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن مەقسىتىنى چۈشىنەلمىگەچ، ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ بىرمۇبىر باغلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ خىل جازانىڭ كالتەك يېگەندىن يېنىك ئىكەنلىكىنى، ھەممىدىن مۇھىمى بىردەم بولسىمۇ دەم ئېلىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ رايىغا قويۇپ بەردى. چۈنكى، ئۇلار ئارام ئېلىشقا تولىمۇ موھتاج ئىدى. ئۇلارنىڭ يەلكىسىدىكى خالتىلار چۈشۈرۈۋېتىلدى.

ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ئايرىم - ئايرىم ئۇشۇقىدىن، قوللىرى ئارقىغا قايرىلىپ باغلاندى. ئاندىن تېرە تانا باغلانغۇچىنىڭ بوينىدىن ئايلاندۇرۇلۇپ، ئاشقان قىسمى بىلەن قالغانلىرى ئاشۇ شەكىلدە بىر - بىرىگە ئارىلىقى ئۈچ چى قالدۇرۇلۇپ، بىر رەت چېتىلىپ باغلاندى. ئىشلار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تانىنىڭ

ئىككى ئۇچى ئىككى تەرەپتىكى چوڭ تاشقا چىڭ قىلىپ مۇقىملاشتۇرۇلدى. ئاردىن بىرى دەسسەپ تۇرالماي يىقىلىپ چۈشتى ۋە نەپىسى قىسىلىپ، خۇددى ئاپتاپتا قېلىپ ئۇسساپ قاغجىراپ كەتكەن قېچىر دەك چىرقىراپ كەتتى. ئىككى يېنىدىكى قومچىلارنىڭمۇ بوينى تانا بىلەن چىگىلگەچكە، ئۇلارنىڭمۇ ھالىغا ۋاي ئىدى. ياڭ جىئېر ئۆزىنىڭ بۇ دەسلەپكى غەلىبىسىدىن كېرىلىپ كەتكەنىدى. باغلاقتىكى قومچىلار پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزلىرىنىڭ بوينىدىكى تانىنىڭ ئەجەل سىرتمىقى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. يىقىلىپ چۈشكەن قومچى تېخىچىلا ئۆزىنى رۇسلىيالماي تېپچەكلەيتتى. تېپچەكلىگەنسېرى تانا ئۇنىڭ گېلىنى تېخىمۇ چىڭ قىساتتى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىدىكى قومچىلارنىڭمۇ ھالى بەتتەر بولۇپ، تىللىرى ئىتتىككىدەك ساڭگىلاپ، بۇرۇن تۆشۈكى كېڭىيىپ كەتكەنىدى. باشقا قومچىلار ئۇلارنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق تۇرقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭمۇ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك قەدەملىرىنى ئىتتىكلىتىشكە باشلىدى. دېمەك، تەشۋىشلىنىش تۇيغۇسى ئۇلارغا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغانىدى. ياڭ جىئېر ئۆزىنىڭ بۇ نادىر ئىجادىيىتىدىن مەستخۇش بولغان ھالدا بىر چەتتە ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. راستىنى دېگەندە، بۇ جازالاش ئۇسۇلىنى ئەسلىي ئۇ ئىجاد قىلمىغان، يۇرتىدا ئىجارە ھەققى ۋە ئاشلىق تاپشۇرۇشقا قارشى تۇرغان دېھقانلارنى يامۇل دەل مۇشۇنداق ئۇسۇلدا جازالىغانلىقىنى كۆرگەنىدى. ئەينى چاغدا ئۆزىمۇ بۇ جازانىڭ تەمىنى تېتىشقا تاسلا قالغان - يۇ، لېكىن ئۇستاتلىق بىلەن قۇتۇلۇپ قېلىپ، ئەسكەرلىككە قاتناشقانىدى.

يىقىلىپ چۈشكەن بايىقى قومچى جىمىپ قالغانىدى. سول تەرەپتىكى قومچى تانىنى ساغرىپ كەتكەن چىشلىرى بىلەن چىشلەپ ھە دەپ ئۆزگە تارتاتتى. شۇندىلا بوينىغا چۈشىدىغان بېسىم ئاز - تولا يېنىكلەيتتى. يىقىلىپ چۈشكىنىنىڭ بولسا

نەپەسلىنىشى تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بىر پەستىن كېيىن ياڭ جىئېر ئۇنىڭ بوغۇلۇپ ئۆلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، بويىندىكى تانىنى كېسىۋەتتى ۋە يان تەرەپتىكىلەرنىڭ باشلىرىنى يەنە چېتىپ قويدى. تانىنى چىشلىۋالغان ھېلىقى قۇمچى تېخىچىلا بوشاشمىغان بولۇپ، تانىنى يەنىلا ئۆزى تەرەپكە چىشلەپ سۆرەيتتى. يان تەرەپتىكى قۇمچىنىڭ بويىندىكى تانا دائىرىسى تېخىمۇ كىچىكلەپ، كۆزلىرى كالىنىڭكىدەك پۇلتىيىپ، نەپەس يولى ئېتىلىپ، ئاغزىغا ھاۋا كەپلىشىپ قالغاندى. ئەكسىچە، تانىنى چىشلىۋالغان ھېلىقى قۇمچى ئۆزىنى خېلىلا ئازادە ھېس قىلاتتى. نەپەس يولىمۇ ھەرھالدا راۋان ئىدى، تېرە تانا ئۇنىڭ ئېڭىكىنىڭ ئاستىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇنىڭ يېنىدىكى قۇمچى يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ بەدىنى تارتىشىپ قالغاندى، ياڭ جىئېر ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۆلۈكنىڭ جاۋغىيىدا قېتىپ قالغان قانلار، پۇلتىيىپ چىققان كۆزى، كۆكىرىپ كەتكەن كالپۇكلىرى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرەتتى. تانىنى چىشلەپ ھايات قالغان قۇمچى ئالەمچە ئۆتۈنۈش ئىلكىدە ياڭ جىئېرغا تىكىلدى. چۈنكى، ئۇ ئاران دېگەندە قۇتۇلغان تانىنىڭ يەنە باشقىدىن بويىنغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ياڭ جىئېر ئۇنىڭغا قايىل بولغان ھالدا كۈلۈپ قويۇپ، نېرىغا كەتتى. بۇ چىڭ تارتىلغان تانىدىن بىر ئادەم قۇتۇلسا چوقۇم بىر ياكى ئىككى ئادەم يىقىلىپ بايىقىدەك ئۆلەتتى. پەقەت باغلاقتىكى بارلىق قۇمچىلارنىڭ ھەممىسى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بۇ ئازابنى تەڭ تارتىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ بويىندىكى ئېغىرلىقنى يېنىكلىتىمەن دېمەي، شەخسىيەتچىلىكتىن كېچىپ، چىشى ئارقىلىق تاكتىكا ئىشلەتمىگەندە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ھايات قېلىش ئېھتىماللىقى كۈچلۈك ئىدى. لېكىن، قۇمچىلار بۇ ھەقتە

قىلچىمۇ ئويلانمايتتى. ئۆزىنىڭلا ھايات قېلىشى نىيىتىدە تىركىشەتتى. ياڭ جىئېر ئارقىغا قاراپ، ھايات قالغان بىرنەچچىسىنىڭ ھېلىھەم ئاغزىدا تانا چىشلىۋالغانلىقىنى كۆردى. ھەممىسىلا تاننى ئۆزى تەرەپكە چىشلەپ تارتاتتى. بىر ـ بىرىگە ھەرگىز يول قويمايتتى. پۈتۈن كۈچى، پۈتۈن ۋۇجۇدى، پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبارى بىلەن تىركىشەتتى. ئۇستىبېشى تەر تەپتىدىن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. شۇ پەيتتە ئۇلاردىن بىرى ھالسىزلىنىپ ياردەمگە چاقىراي دەپ ئاغزىنى ئەمدىلا ئۆمەللىگۈچە، تېرە تانا تېخىمۇ قىسىپ، شۇ ئان ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى ئارقىغا تارتىلىپ يەرگە دۈم چۈشتى. بۇ ھالدىن مەمنۇنلۇق ھېس قىلغان ياڭ جىئېر ئۆز يولىغا ماڭغاچ ناخشا باشلىدى.

تاغلاردا تۇرۇپ، ئېتىزلاردا ھەم،
يومېشچىكنى ئۆلتۈرگەن باتۇر ھېلىھەم.
قىزىل يىپەك ياغلىق قولىدا،
قورساق تويسا بولار مۇتتەھەم.

چۈشتىن كېيىن ياڭ جىئېر قۇمچىلارنى نازارەت قىلىپ بۇ يەردىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ قەلبىدىكى مەمنۇنىيەت تۇيغۇسى چېكىگە يەتكەنىدى. بۇ چاغدا ھېلىقى ئون تۆت كىشىنىڭ ئالتىسىنىڭ ئاغزىدا تېرە تانا چىشلەكلىك بولۇپ، گەرچە ئۇلار تىرىك يەر دەسسەپ تۇرغان بىلەن كۆزلىرىدىن نۇر، ۋۇجۇدىدىن ھارارەت قېچىپ تىرىك مۇردىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

— ئەتە سىلەرنىڭ ئارام ئېلىشىڭلارغا رۇخسەت، — دېدى ئۇ غالىبلارچە.

ھايات قالغان ئالتىسى ئەتىسى راست دېگەندەك ئىش ئورنىدا كۆرۈنمىدى، كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەدە ياڭ جىئېر يەنە ئۇلارنىڭ

قولى بىلەن توّت قوْمچىنىڭ كاللىسىنى ئالدى. ئەھۋال موْنداق بولغانىدى: ئىككى قوْمچى جاڭ لاۋخوْ يوق پوْرسەتتىن پايدىلىنىپ پاچىقىنى يېرىپ، ئىچىگە ئالتوْن ئوْۋاقچىلىرىنى تىقىپ، ئوْستىدىن رەخت پارچىسى بىلەن ئوراپ قاچماقچى بولغان. بىراق، هازىرقى نازارەت جاڭ لاۋخوْ بار چاغلاردىكىدىنموْ قاتتىق ئىدى. ياڭ جىئىر ئوْلارنى تاغ جىلغىسى بىلەن دەريا ئېقىنى توْتاشقان جايدىن توسوْۋالدى. ئوْلار قورقوْپ كەتكىنىدىن تىزلىنىمەن دەپموْ تىزلىنالمايتتى. يالۋوْرىمەن دەپموْ يالۋوْرالمايتتى. پەقەت يەرنى باغاشلاپ ياتقىنىچە بەزگەكتەك تىترەيتتى. ياڭ جىئىر تاكتىكا ئىشلىتىپ، ئوْلارنى ئوْز قولىدا جازالىماي، قېشىدىكىلەرگە تاپشوْروْپ بەردى ۋە جاڭ لاۋخوْ ئوْنىڭغا توْنجى قېتىم كوّروْشكەندە بەرگەن هېلىقى بارماقچىلىق ئالتوْننى كوّرسىتىپ توْروْپ دېدى:

— بىرىڭلار ئىككى قوْمچىنىڭ كاللىسىنى ئالالىساڭلار، سىلەرنى قويوْپ بېرىمەن، يەنە ئالتوْن بىلەن موْكاپاتلايمەن.

ئىككى قاچقوْن ئورنىدىن تەستە توْروْپ، بىرپەس داڭ قېتىپ توْروْپ قالدى.

— ناۋادا سىلەر ئوْنداق قىلمايدىكەنسىلەر، مەن سىلەرنى هەرگىز تىرىك قويمايمەن.

ياڭ جىئىر بېلىدىكى قىلىچىنى سوْغوْروْشى هامان ئوْ ئىككى بىچارە يوْگوْروْپ بېرىپ ئوْنىڭ پوْتىغا سوّيدى. شوْنداق قىلىپ ئوْنىڭ قىلىچىنى ئەكەتكەن بايىقى ئىككى قوْمچى تاڭ سوْزوْلوْش ئالدىدا، تېخىچىلا جىلغا ئېغىزىدا ئوْزلىرىنى ساقلاپ توْرغان ياڭ جىئىرغا توّت ئادەمنىڭ كاللىسىنى تاپشوْردى. شوْنداقتىموْ ئوْلار ياڭ جىئىرنىڭ گېپىدىن يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شوْڭا، ئوْلار ئوّزلىرىنى ئوْنىڭ ئالدىغا ئېتىپ، ئوْنىڭغا يەنە بىر قېتىم يېلىندى. ياڭ جىئىر قاقاهلاپ كوْلگىنىچە دېدى:

— پىقىر گېپىدە تۇرىدىغان ئادەم. قېنى ئېلىڭلار.

ياڭ جىئېر ھېلىقى ئالتۇننى ھاياتى ئۆز قولىدىكى ئىككى بىچارىنىڭ قولىغا تاشلاپ بەردى. ئۇلار بۇ قارام نازارەتچىنىڭ شاپائىتىدىن ئالەمچە خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا باش ئۇردى. ئۇلار بېشىنى كۆتۈرگەندە ياڭ جىئېرنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. مانا بۇ قۇمچىلارنىڭ ئالتۇنلۇقتىن شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تۇنجى قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك قېچىشى ئىدى.

جاڭ لاۋخۇ يۇقىرىقى ئىككى ئىشتىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن ئۇنى ئىچىگە چۇشۇپلا كەتتى. بۇ ئۇنىڭ ھېلىقى ئۆلۈپ كەتكەن قۇمچىلارغا ئىچىنىڭ ئاغرىشىدىن ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ھەيۋىسىنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولغان ھەسەت ئىدى. ئۇ ياڭ جىئېرنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى ياكى ئۇنىڭ قىلىچىنى تارتىۋېلىپ، مەيلى قايسىبىر قىلىچچى ئۆلتۈرسە بولىۋېرىدىغان قۇمچى قىلىپ قويۇش نىيىتىگە كەلدى. لېكىن، ئۇ ئالتۇن پەشتاقتىكى لەخمە قۇرۇلۇشىنى ئېسىگە ئېلىپ، ياڭ جىئېرنىڭ ھەيۋىسىنىڭ ئۇ يەردە ئەڭ ئۇنۇملۇك ۋاستە بولۇپ قالىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرۈپ ئاخىر پەيلىدىن ياندى.

جاڭ لاۋخۇ خوتۇن ئېلىپ، ئۆي - ئوچاقلىق بولدى. بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى تاللىشى ئىدى. ئۇ بۇ نەس باسقۇر ئالتۇنلۇقتا يىگىرمە نەچچە يىل جان تىكىپ ئىشلىدى. بۇ يىللاردا ئۇ تىنچ - خاتىرجەم ئۆتكەن بىرەر كۈننىمۇ ئەسلىيەلمەيتتى. دېمەك، ئالدىنقى ئۆمرى جاپا تارتىش، جان بىلەن ئوينىشىش بىلەن ئۆتۈپتۇ. ئەمدىلىكتە، كېيىنكى يېرىم ئۆمرىنى ھۇزۇر - ھالاۋەت ئىلكىدە يايراپ ئۆتكۈزسە نېمە بوپتۇ؟ ئۇ چوقۇم بىر كۈنى ئۆزىنىڭ ئالتۇنلۇقىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئېھتىمال، ئۇ كۈن ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ۋە تاللىشى بويىچە بەلگىلەنمەسلىكى مۇمكىن. ئۇ ئۆزى خەنزۇ بولغاچقا، ما بۇفاڭنىڭ ئۆزىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمەيدىغانلىقىنى، پەقەت

قولىدىكى ئالتۇنغىلا قىزىقىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ھازىر ئىلگىرىكى چاغلارغا قارىغاندا، ئالتۇن پەشتاقتا كولانغان لەخمىنى تولاراق ئويلايتتى. چۈنكى، ئۇ بۇ لەخمىنىڭ كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ بىردىنبىر تاللىشى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى دەل ئۈچ يىل كېچىكتى. ئۈچ يىل داۋامىدا ئۇنىڭدىن ئالىلىبۇرۇن گۇمانلانغان ما بۇفاڭ دائىم يوشۇرۇن پايلاقچى ئەۋەتىپ ئۇنى كۆزەتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆز نىيىتىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئىش باشلىمىغانىدى. ئۇنىڭ لەخمە كولاشتىكى مەقسىتى ما بۇفاڭنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. زاماننىڭ كۆندە نەچچە رەت ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۈمىدىمۇ قەلبىدە بىخ پېتى قېلىۋەردى، ياڭ جىئېر بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ غەرىزىنى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرۇپ مەقسىتىگە يەتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆلتۈرگەن قۇمچىلارنىڭ سانى دەل مۇدەل ئوتتۇز تۆتكە يەتكەن، پەقەت بىرىلا كەم ئىدى. ئۇ ئالدىرىمايتتى. چۈنكى، سۆڭەك ـ سۆڭەكلىرىگە سىڭىپ كەتكەن ئىنتىقام ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق ئېغىر ـ بېسىقلىق ئاتا قىلغانىدى.

ئۈچ يىلدىن كېيىنكى بىر يازلىقى، جاڭ لاۋخۇ ياڭ جىئېرنى تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ ياغاچ ئۆيىگە چاقىرتىپ سورىدى:

— ناۋادا قۇمچىلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ قالسا قانداق قىلىسەن؟

ياڭ جىئېر ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى. ئۇنى تېخىمۇ تېڭىرقاتقىنى بۇ تەكەببۇر، تەلۋە غوجايىنىنىڭ بۇ سوئالنى پەقەت ئۆزىدىن سورىغىنى ئىدى. ئۇمۇ ئۇستاتلىق بىلەن ياندۇرۇپلا سورىدى:

— سەن مېنىڭ قولۇمدىكى قىلىچنى تارتىۋالماقچىمۇ؟

— مەن سېنى بۇ يەردىن تېزراق كەتسىكەن دەيمەن، — جاڭ لاۋخۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن جاۋاب بەردى.

ياڭ جىئېر ئالدىدىكى بۇ زومىگەرنى ئۆزىگە چاقچاق قىلمىۋاتىدۇ، دەپ پەرەز قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئازلا ئۆتمەي ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە يەتتى. يەنى، جاڭ لاۋخۇ ئۇنىڭ پاراسىتى ۋە قارامىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۆلىمىنىڭ تېگىگە يوشۇرۇپ قويغان ئالتۇنلارنى يۇرتىغا يۆتكىمەكچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

ياڭ جىئېر بۇيرۇققا بىنائەن قىلىچىلار ئەترىتىنىڭ ئالتە ئادىمىنى باشلاپ ئالتۇنلۇقتىن ئايرىلدى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال ئىدى. چۈنكى، ئەمدىلىكتە ئۇ قۇمچىلار بىلەن سۈركىلىشمەيتتى. ئۇلار تاڭغۇت جىلغىسىدىن ئايرىلىپ ئىككىنچى كۈنى قەدىمىي ئالتۇنلۇقتىكى قەتلىئام ئاخىر باشلاندى. جاڭ لاۋخۇ ھەر كۈنى ئەللىك ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىشتەك سۈرئەت بىلەن قۇمچىلارنى قىرىپ تۈگىتىشكە رەسمىي كىرىشكەنىدى. دەسلەپتە قۇمچىلار باشقا غەيرىي خىيالدا بولمىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئېھتىمال غوجايىنىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلغان. ئۆزلىرىنىڭ بۇ جەھەتتە قىلمىشى بولمىغاچ ھەرھالدا ئۆزلىرىدىن خاتىرجەم ئىدى. مانا مۇشۇنداق بىخۇدلۇق بىلەن قىلىنغان قەتلىئام ئۇدا يەتتە كۈن داۋاملاشتى. ئۈچ يۈز ئەللىك كاللا ئاللىبۇرۇن ھېلىقى دەرەخنىڭ شاخ ۋە ئاچىماقلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ بولغانىدى. ئەمدىلىكتە ھايات قالغان قۇمچىلار ئەجەل ئوقىنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى كېچىكىپ ھېس قىلىشماقتا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مىڭدىن ئارتۇق قۇمچى بىر ئاخشامدىلا پېتىراپ كەتتى. ئەمدىلىكتە قەتلىئام قوغلاپ قىرىش شەكلىنى ئالغانىدى. سوغۇق نۇر چېچىپ تۇرغان قىلىچلار باياۋاننىڭ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى تىمىسقىلايتتى. بۇ قېتىملىق دەھشەتلىك قەتلىئامدا تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قالغان پەقەت بىرنەچچىلا كىشى ئامان قالدى.

دەل مۇشۇ پەيتتە بۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇقنىڭ سىرتقى ۋەزىيىتىدە ھاكىمىيەت ئالمىشىشتەك ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتاتتى.

ياڭ جىئېر ۋېيزى كەنتىگە كېلىپ، ئالتۇنلارنى جاڭ لاۋخۇنىڭ خوتۇنىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولدى. جاڭ لاۋخۇنىڭ بوۋاق كۆتۈرۈۋالغان خوتۇنى ئالتۇنلارنى قىلچە بىخەستەلىك قىلمىغان ئاساستا ساناپ، مىسقاللاپ ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، سۇپا ئاستىغا يوشۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ چاغدا ما بۇفاڭنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ تەيۋەنگە قاچقانلىق خەۋىرى ئەتراپقا يۇر كەتكەن بولۇپ، بىللە كەلگەن ھېلىقى چاپارمەنلەر قويرۇقىنى خادا قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئالتۇنلاردىن قانچىلىك ئالغانلىقى نامەلۇم، قىلمىچلىرىنى تاشلاپ، باشقىچە ياسىنىپ ئۆز يۇرتلىرىغا تىكىۋەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى. پەقەت ياڭ جىئېر قاچماي سادىقلىق بىلەن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ساداقىتىدىن تەسىرلەنگەن ئايال غوجايىن ئۇنىڭغا قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى ئېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ مۇشۇ ئەنسىز كۈنلەردە ئىگە - چاقىسىز، يۆلەنچۈكسىز قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى، ئەلۋەتتە.

ئارىلىقتىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن جاڭ لاۋخۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇقتىن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قېشىدا ھەتتا قوغدىغۇچىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. چۈنكى، ئاتلىق قىلمىچىلار ئەترىتى ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تارقىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ياڭ جىئېرنىڭ قىيىن كۈنلەردىمۇ ئۆزىدىن ئايرىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يانچۇقلىرىنى ئالتۇن بىلەن توشقۇزۇۋەتتى. بۇ ئۇنىڭ ساداقىتىگە قىلغان ھۆرمىتى ئىدى. ياڭ جىئېر دەرھال تىزلىنىپ ئۇنىڭغا ئۈچ قېتىم باش ئۇردى. ھاياجان ئىلكىدىكى جاڭ لاۋخۇ بۇنىڭ تەزىيە مۇراسىمى ئىكەنلىكىنى بىلمەي،

خوتۇنـىغا هاراق، قورۇمـا تەييارلـىتىپ، بـۇ ئاسىي قـوشۇندىكى ئەزىمەت بىلەن قول بېرىشىپ ئاكا ـ ئۇكا بولۇشماقچى بولـدى. ئىچىشىش باشلاندى. جاڭ لاۋخۇنىڭ كۆڭلى يېرىم، يۈرىكى غەزەپ ئىلكىدە ئۆرتىنەتتى.

ـــ يەنە، كوممۇنىستلار غەلىبە قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىمىز قانداق بولۇپ كېتەر؟

ـــ شۇنچە كۆپ ئالتۇنلىرىڭ تۇرسا يەنە نېمىگە غەم يەيسـەن؟ ـــ ياڭ جىئېر چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.

ـــ نېـمىگە كـۈلىسەن؟ سېـنىڭمۇ خۇن قەرزىڭ بار، سەنمـۇ ئوتتۇز تۆت قۇمچىنىڭ خۇن قەرزىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما، مەن بۇنى قاچان ئاشكارىلىغۇم كەلسە شۇ چاغدا ئاشكارىلايمەن.

ياڭ جىئېر بۇ سۆزنى ئىچىدە پىچىرلىدى: «يەنە بىر ئادەمنىڭ جېنى كەملىك قىلىدۇ.»

ـــ ئېيتىپ باقە، مەن ساڭا ئاش بەردىم، سېنى ئەتىۋارلىدىم. بۇ نېمە ئـۈچۈن؟ يەنە دەپ بـاقە، مەن ئەيـنى چاغدا نـېمە ئۈچـۈن ھېلىقى چەۋەندازنىڭ كاللىسىنى ئالدىم؟ زادى نېمە ۋەجدىن؟

ياڭ جىئېر بېشىنى چايقىدى.

ـــ مېـنىڭچـە، سەن ياخـشـىلىـق قـىلغـاننى بىـلـمەيدىـغـان ئوخشايسەن، راست گەپنى قىـلسام، ئەيـنى چاغدا مـەن پۈتۈنلـەي كوممۇنىستلارغا ياخشى بولسۇن دەپ شۇنداق قىلغان. سىلەرنىڭ ئەيـنى چاغـدا ئـىسيـان كـۆتۈرۈشۈڭـلار كـومـمـۇنـىسـتـلارنىڭ قۇترىتىشىدىن بولغان. دېمەك، سىلەر كوممۇنىست، ما بۇفاڭنىڭ پايلاقچىسى بۇ ھەقتە تازا ئېنىق توختالغان.

ـــ ئۇ راستتىنلا جۆيلۈپتۇ، ـــ ياڭ جىئېر ئۆزىنى ئاقلىدى، ـــ بىز ھەتتا كوممۇنىستلارنىڭ يۈزىنىڭ ئاق ياكى قـارىلىقىنىمـۇ بىلمەيمىز.

ـــ ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئاسىيلىق قىلىسىلەر؟

ـــ لۇجاڭ بىزنىڭ يىگىجاڭنىڭ خوتۇنـىغا پوخۇرلـۇق قىلىـپ

قويغىنى ئۇچۇن يىگىجاڭ قوشۇن باشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ يېڭىلىپ قالغاچقا قاچتۇق. قاچقانسېرى قوشۇندىكىلەرنىڭ قاچقىنى قېچىپ، ئۆلگىنى ئۆلۈپ، تىرىپىرەن بولۇپ، ئاخىرىدا بىزنىڭ لىيەنىمىزدىن يېرىمىمىز قاپتىمىز. سەن بىزنى كوممۇنىست دېسەڭ ئاڭلىغانلار قوڭدا كۈلۈپ كەتمەمدۇ؟

— ھازىر قايسى ۋاقىت، سەن يەنىلا تەن ئالمايۋاتىسەن، سېنىڭدىن سوراپ باقاي، قوشۇنۇڭدىكىلەرنى كىم ئۆلتۈردى؟

— قۇمچىلار ئۆلتۈردى.

— شۇنداق، مەن جاڭ لاۋخۇ ئاشۇ خەتەردىن سېنى قوغداپ قالدىم. كوممۇنىستلارنىڭ ئادىمىنى قوغداپ قالدىم. دېمەك، مەن كوممۇنىستلارغا ئەڭ سادىق.

— مەنمۇ شۇنداق دەپ قاراي ئەمىسە.

— بۇرادەر، مەن ساڭا بىر قەدەھ تۇتاي.

ياڭ جىئېر قەدەھنى قولىغا ئېلىپ بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى، جاڭ لاۋخۇنىڭ خوتۇنى بالىسىنى قۇچاقلىغىنىچە سۇپىنىڭ بۇلۇڭىدا تۇگۇلۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. جاڭ لاۋخۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى:

— مەندە ئالتۇن دېگەن ساناقسىز، كوممۇنىستلار قانچىلىك ئالىمەن دېسە شۇنچىلىك بېرىمەن.

ياڭ جىئېر لام - جىم دېمەستىن، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇخلاپ، يېرىم كېچە بولغاندا ئاستا ئورنىدىن قوپۇپ، قىلىچىنى ئالدى - دە، جاڭ لاۋخۇ ياتقان ئۆيگە كىرىپ ھېچ ئىككىلەنمەيلا قول سالدى. شارتلا قىلغان ئاۋاز بىلەن جاڭ لاۋخۇنىڭ تېنى ئىككى پارچە بولۇپ جىمىقتى. ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن ئوغلىنىڭ قورقۇپ يىغلىغان ئاۋازى ۋە ۋارقىراشلىرى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتكەنىدى. ياڭ جىئېر سۇپا ئاستىدىن بىرنەچچە پارچە ئالتۇننى ئېلىپ قويىنىغا سالدى - دە، ھەش - پەش دېگۈچە قاراڭغۇلۇق قوينىغا سىڭىپ كەتتى.

ئۇ سەھەرنىڭ تۇمانلىرىنى يېرىپ ئۆتۈپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ھۆكۈمەتنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئىشەنچ بىلەن قەدىمىنى داۋاملاشتۇردى. ھېلىقى ئالتۇنلار ۋە جاڭ لاۋخۇنى جەھەننەمگە ئۇزاتقانلىقى ئۇنىڭ كۆرۈشۈش سوۋغىسى ئىدى. لېكىن، ئارىلىقتىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ چوتنى خاتا سوققانلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، ھايات قالغان قومچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن ئۇ جىنايەتچىگە ئايلىنىپ، تۈرمىگە نەق ئون يەتتە يىل قامالدى.

بەشىنچى باب

# ئالتۇن يۇلتۇزلۇق جەسەت سۆڭىكى

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان خەۋەرلەر تارقىلىپ يۇرمەكتە ئىدى.

— جاك بۇسەن كېتىپتۇ. ئۇ بۇرادەرلىرى ۋە ئالتۇن پەشتاق بىلەن خوشلىشىپ، گۇساڭلارنىڭ كۆزىدىن يىتىپتۇ.

ئۆزىنى ھەر يىلى قەدىمىي ئورمانغا كېلىپ تىجارەت قىلىمەن، دەۋالغان بىر تىجارەتچىنىڭ ئېيتىشىچە، جاك بۇسەننى شامال ئۇچۇرتۇپ قەدىمىي ئالتۇنلۇقنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئىچىگە ئاپىرىۋېتىپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەردە ئالتۇن كۆپ ئىمىش، تەلۋە جاك بۇسەن ئۇ يەرنى يالغۇز ئىگىلىۋاپتىمىش.

— ئۇ بىر قىزچاقنى ئېلىۋالماپتۇمۇ؟

— قىزچاق؟ ئۇنىڭ شۇنداق بىر چوكىنى بولىدىغان، سېتىۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق.

— سېتىۋېتىپتۇ؟

— سېتىۋەتتىمۇ ياكى بېرىۋەتتىمۇ، بۇنىسى تېخى نامەلۇم، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ قېشىدا يوق. چۈشتىن بۇرۇن مەن ئۇ قىزچاقنىڭ لەمپە ئاستىدا ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۇم.

گۇساك ئاكىنىڭ خۇشاللىقىنى سۆز بىلەن ئىپادىلەش قىيىن ئىدى. چۈنكى، ھۆسن - جامالدا تولغان لۇ قىزچاق ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىلكىگە ئۆتكەنىدى. ئۇ ھېلىقى تىجارەتچىدىن

گۈللۈك باش ياغلىق سىتىۋالدى ۋە ئالتۇن پەشتاقتىكى تاش ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدا گىدەيگىنىچە خېلى ئۇزاق تۇردى.

گۇساڭلارنىڭ ئەزەلدىن قول ياغلىق ئىشلىتىش ئادىتى يوق ئىدى. شۇڭا، چاپانلىرىنىڭ يەڭلىرى دائىم پارقىراپلا تۇراتتى. ئۇستىدىكى كىيىمى كونىرىغانسېرى پارقىراپ، تارشىدەك قېتىپ ھەقىقىي دېھقانىنىڭ سالاھىيىتىنى، نامراتلىقىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. مۇشۇ كۈنلەردە گۇساڭ ئاكىنىڭ بېلىدە يېڭى بىر قول ياغلىق پەيدا بولۇپ قالدى. قول ياغلىقىنىڭ گۈلى چوڭ ھەم چىرايلىق بولۇپ، بۇرادەرلىرى گۇساڭ ئاكىنىڭ كۆرگىنى كۆپ، نەزەر دائىرىسى كەڭ، دەپ بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپمۇ يۈرمىدى. ئۇ قول ياغلىقنى يانچۇقىغا سېلىۋېلىپمۇ يۈرمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ يانچۇقىنى پاكىز دېگىلى بولمايتتى. تاماكا ھىدىنى دېمىگەندىمۇ، ئاچچىق تاماكا ئۇۋاقلىرى تولا ئىدى. تۈنۈگۈن يانچۇقىغا ھورنان سالغىنى ئېسىدە، بۈلتۈر چاغاندا يەپ ئېشىپ قالغان بىر پارچە سېمىز گۆش ئۇنىڭ يانچۇقىنى بۇلغىۋەتكەن بولسىمۇ، پىسەنتىگە ئېلىپ قويمىغانىدى. ناۋادا بۇ ياغلىقنى پاسكىنا قىلىپ قويسا، لۇ قىزچاقنىڭ ئاشۇ نازۇك، بىغۇبار كۆڭلىگە ئازار بەرگەنلىك بولىدۇ، ئەلۋەتتە! ئۇ چوقۇم لۇ قىزچاقنىڭ قېشىغا بېرىشى كېرەك. باشقىلار مەسخىرە قىلغان تەقدىردىمۇ چوقۇم بېرىشى كېرەك. گۇساڭ ئاكا كالىلىسى ئاددىي ئادەملەردىن ئەمەس، يامانلىغان گادايىنىڭ خۇرجۇنىغا زىيان، دېگەندەك ھازىر ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئەڭ يۇرۇشكەن، ئوشۇقى ئالچۇ چۈشكەن كۈنلىرى.

— گۇساڭ ئاكا، گۈللۈك ياغلىق ئېلىپ نېمە قىلىسەن؟ — كىمدۇر بىرى قەستەن سورىدى.

بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ جىلىڭ تۇزلەڭلىكىگە، يەنى گۈل بەدەنلىك چوكانىنىڭ قېشىغا بارماقچى ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار ئىدى. چاقچاقنى قىلغانىكەن، چىڭىغا چىقىرىپ قىلغان ياخشى، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىلكىدىكى مەنىسىز تۇرمۇشقا ئاز -

تولا خۇرۇچ كېتىدۇ ـ دە، ئەلۋەتتە!
— ئىشلىتىمەن.
— ئەكېلە، باشتا مەن ئىشلىتىپ باقاي.
جوۋ لىتۇڭ ياغلىقنى تارتىۋالدى ـ دە، بېشىغا ئوراپ، ناخشىسىنى باشلىدى:

جىمجىت كېچە، تولغان ئاي
خوتۇنۇڭ بىلەن مەن ياتاي.

گۇساڭ ئاكا ئۇنىڭ ناخشىسىغا ئىختىيارسىز جور بولدى ـ يۇ، دەرھال ئەقلىگە كېلىپ ۋارقىرىدى.
— ھۇ، ئەبلەخ، لۇ قىزچاق ئايدەك گۈزەل، لاتاپەتلىك تۇرسا، باشقىلار بىلەن قانداقمۇ قالايمىقان ياتسۇن؟
— ياتىدۇ، ياتىدۇ، — بىرنەچچىسى تەڭ ۋارقىرىدى.
— بېرىپ ئاپاڭ بىلەن يات!
گۇساڭ ئاكا ئۇلارغا تىل سالدى. چۈنكى، ئۆزىنىڭ سۆزۈك سۇدەك، ئالتۇندەك ھەقىقىي ھېسسىياتىنى بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، جاپادىمۇ ـ ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولغان، بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان بۇرادەرلىرى، يۇرتداشلىرى چۈشەنمەيۋاتاتتى. ئۇ پەقەت ئۆزىنى ئۆزى چۈشىنەتتى. پەقەت ئۆزىلا بۇ دۇنيادىكى قەلبى پاك، دىلى ساپ ئىنسان ئىدى. بۇلاق كۆزلۈك، قاشتاشتەك سۈزۈك بەدەنلىك لۇ قىزچاق بولسا خام يەۋالغۇدەك بىباھا قىز ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا داغ تەگكۈزۈشكە ھەرگىز بولمايتتى.
— قايتىپ كەل، ياغلىقنى دەرھال قايتۇرۇپ بەر.
ئۇ جوۋ لىتۇڭغا قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى. ئۇ ياغلىقنى خۇددى ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنى ئاسراپ، قەدىرلىگەنلىك بىلەن باراۋەر كۆرۈپ ئېتىخارلىناتتى. لېكىن، ئاشۇ ئېتىخارى جوۋ لىتۇڭ تەرىپىدىن ئىككى پارچە قىلىپ يىرتىپ تاشلاندى. ئۇ جان

ئاچچىقىدا جوۋ لىتۇڭنىڭ كۆتىگە كۈچەپ تەپتى، ئەكسىچە جوۋ لىتۇڭ ياغلىقنى قايتۇرۇپ بەرمەسلىك ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئاچچىقىنى چىقىرىۋاتاتتى.

— قانداق قىلىمەن؟ ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ — ئاچچىقلانغان هالدا تىرىكىپ سورىدى ئۇ ياغلىقنىڭ يىرىمىغا قاراپ.

— يەملەيلى، شۆلگەي بىلەن يەملەيلى، — بايىقى تېپىك زەربىسىدىن يىقىلىپ چۈشكەن جوۋ لىتۇڭ ئۆمىلەپ قوپۇپ قولىدىكى يىرىم پارچە ياغلىقنى تىلى بىلەن هۆللەشكە باشلىدى.

گۇساڭ ئاكا ياغلىق پارچىسىنى تارتىپ ئالدى - دە، سىلكىپ، قېقىپ باقتى. لېكىن، خەپرۇك ئارىلاشقان شۆلگەينى چىقىرالمىدى. كىيىمىگە سۈركىۋىدى، كىيىمىدىكى توپا - چاڭ ياغلىقنى تېخىمۇ پاسكىنا قىلىۋەتتى. ئۇ ئاچچىق بىلەن ئاغزىنى بۇزۇپ، پۈت - قوللىرىنى ئىشقا سېلىپ، جوۋ لىتۇڭنىڭ راسا ئەدىپىنى بەرمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن مەككار جوۋ لىتۇڭنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئەتراپتىكىلەر بۇ هالدىن قاقاهلاپ كۈلەتتى. گۇساڭ ئاكىنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، ياغلىق پارچىلىرىنى تاشلىۋەتتى. ياغلىق پارچىلىرى هاۋادا لەيلىگىنىچە شامالللارغا ئەگىشىپ نەلەرگىدۇر يوقالدى. گۇساڭ ئاكا ئەلەم بىلەن بىرپەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئازلا ئۆتمەي قەلبىنى تۇيۇقسىز بىر خىل تەسۋىرلىگۈسىز تەشنالىق تۇيغۇسى ئىلكىگە ئېلىۋالدى. چۈنكى، ئۇ چارچىغان، ئارام ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئېنىقىنى دېگەندە، لۇ قىزچاقنىڭ ئۆيىدىكى هېلىقى مېهرى ئىللىق سۇپا، ئادەمنى مەستخۇش قىلىدىغان خۇش پۇراقلىق يۇمشاق ياستۇق ۋە قىزچاقنىڭ تولغان كۆكسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يېنىشقا باشلىدى. جاڭ بۇسەن قىزچاقنى ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىۋەتكەن، ئەگەر قىزچاق خالىسىلا، ئۇلار مەڭگۈ بەخت هۇزۇرىنى سۈرەتتى.

شۇنىڭ بىلەن گۇساڭ ئاكىسىنىڭ ئۇنى ئىزدەپ بېرىش خىيالى بارغانچە كۈچىيىشكە باشلىدى. ۋاھالەنكى، ئۇ بۇ يەردىن خالىغانچە ئايرىلسا زادىلا بولمايتتى. چۈنكى، بۇرادەرلىرىنىڭ تەقدىرى ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. ئاشۇ سىرلىق رەڭلىك، قورقۇنچلۇق مىتالغا بولغان كۈچلۈك ئېتىقاد ئۇنىڭ تاللىشىنى ۋە ئەركىنلىكىنى تامامەن ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى.

گۇساڭلارغا ئايانكى، ۋېيزىلىقلار بىلەن ئېلىشىش ئۇلارنىڭ جىق ۋاقتىنى زايە قىلىۋەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇلار توپ - توپ بولۇشۇپ، باشقا تەۋەككۈلچىلەر كولاپ ئۆلگۈرەلمىگەن يەرلەرنى ئىگىلەشكە باشلىدى. چۈنكى، ئۇلار يەنىمۇ چوڭقۇرراق كولىسا ئالتۇنلارغا ئېرىشىشكە ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئۇلار تەلۋىلەرچە ئالتۇن ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن گۇساڭ ئاكا ھەيران ئىدى. چۈنكى، ئۇلار بۇيرۇقسىز ھالدا ئىشقا كىرىشكەن، شەخسىيەتچىلىك ۋەسۋەسىسى بىلەن ئالجىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، قائىدە بويىچە ئۇلار بىر يەرگە يىغىلىپ، نەزىر سۇپىسى قوپۇرۇپ، ئەجدادلىرىغا قەسەم بېرىپ، بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈچ چىقىرىپ كولاپ تاپقان ئالتۇنلارنى ئورتاق بۆلۈشۈشى كېرەك ئىدى. ۋەھىمە ۋە خەتەر ھۆۋلاپ تۇرغان، ئۆلۈم ھىدى پۇراپ تۇرغان شارائىتتا ناچار بۇنداق ئىشلاردا، ھەركىمنىڭ خالىغانچە توپتىن ئايرىلىشىغا، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايتتى. ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى پەقەت تاماق يېگەندە، گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، ئارام ئېلىپ ئۇخلىغاندىلا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ، ئالتۇن كولاش مەسىلىسىگە كەلگەندە ھەربىر كىشى ئۆز - ئۆزىگە غوجا بولۇۋالغانىدى.

— ھەممىڭ توختاش، دەرھال بۇ يەرگە يىغىلىش!

گۇساڭ ئاكا ئۇلارغا قاراپ ۋارقىرايتتى. لېكىن، ئۇلار ھەممىنى ئۇنتۇغان، خۇددى قۇلاقلىرى پاڭ بولۇپ قالغاندەك، ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئارىدىن بىرەرسى بولسىمۇ بېشىنى

كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. پەقەت شاماللارلا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك، خۇددى ئەركىلىگەندەك ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى سىيپاپ، چاچلىرىنى يەلپۈيتتى.

— تېز بۇياققا كېلىپ يىغىلىش!

ئەمدىلىكتە بايىقى شامالارمۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى يىراقلارغا قوغلىماقتا ئىدى. ئالتۇن كولاۋاتقانلار خۇددى دائىم ئاڭلاپ تۇرىدىغان ھايۋانلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ھەيران قالمىغاندەك يەنىلا باش چۆكۈرۈپ، ئورەك كولاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇنىڭ قويقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، تەخمىنەن يېرىم مېتىرچە كولانغان بىر ئورەكنىڭ يېنىغا كېلىپ ۋارقىرىدى:

— ئاڭلىدىڭمۇ دەيمەن؟

— نېمىنى؟ — جوۋ لىتوۇڭ ئۇنىڭغا قاراپ چەكچەيدى.

— ھۇ، دۆت چوشقا، ئالتۇن تاپسىمۇ نەگە ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغان خۇنپەر، مۇشۇنداق قارىسىغا كولاۋەرسەڭ بولامدۇ؟

— نېمىشقا بولمايتتى؟ — جوۋ لىتوۇڭ ياندۇرۇپلا سورىدى.

— ھەممىڭ دەرھال يىغىلىش!

گۇساڭ ئاكا باشقىلارنى چاقىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى. جوۋ لىتوۇڭغا بۇ بۇيرۇق ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىگەندەك، ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. دېمەك، ئۇن - تىنسىز رىقابەت ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان، كىم ئالتۇن تاپسا شۇ ئەڭ ھۆرمەتكە ئېرىشىدىغاندەك، ئەڭ ياخشى يەرنى ئىگىلەپ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا باي بولۇپ كېتىدىغاندەك شېرىن خىياللار ئىلكىدە مەست بولۇپ، ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي ئورەك كولايتتى.

گۇساڭ ئاكا ئۇلارنى چاقىرىپ هاردى، جوۋ لىتوۇڭنىڭمۇ ئۆزىنىڭ بۇيرۇقنى ئىلىك ئالمىغىنىنى كۆرۈپ، ئاچچىق ئەلەم بىلەن بېشىنى ئاستا چايقاپ قويدى. گەرچە بۇ ئامالسىزلىق ئۇنى كاچاتلاپ تۇرسىمۇ، ئۇ بۇ ھالدىن دەرھال ئەقلىنى تاپقاندەكمۇ بولدى. چۈنكى، باشقىلار ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى خاتا

چۈشىنىۋاتاتتى، ئۇنى ھەممە ئىشقا چات كىرىۋالدى، دەپ ئۇنىسىز ئاغرىنىۋاتاتتى. ئۇ ئەتراپقا يەنە بىر قېتىم ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە قارىۋەتكەندىن كېيىن ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ قويدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزى ھەقىقىي تاۋلانغان بىر ئەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكى، ھاياتى ۋە كەلگۈسىنى دەپ دەشنام يەپ، ئارتۇق ئازاب تارتىشنىڭ يەنە نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ھازىر ئۇنىڭ بىر قولى كاردىن چىققان، باشقىلاردەك ئورەك كولاپ، توپا ئاتالمايدۇ، باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ، ۋارقىراپ بۇيرۇق سوقۇشتىن باشقا ئىش قولىدىن كەلمەسمۇ؟ ئۇخلاش كېرەك، نەس باسقان ئاشۇ ئالتۇنلارنىلا ئەمەس، بۇ ۋاپاسىز دۇنيانىمۇ بىراقلا ئۇنتۇش كېرەك.

ئۇ ئالدىغا قاراپ ماڭدى، شۇ پەيتتە ئۇ خۇددى كۆڭۈلسىزلىك ئىلكىدىن ئالەمچە خۇشاللىق تاپقاندەك بىر خىل ئۆزگىچە تۇيغۇ بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق نىشانسىز ھالدا بىر ئۇمۇر ئورەك كولىسىمۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. بۇنداق بىر توپ قاپاقباشلار بىلەن ۋاقتىنى، زېھنىنى زايە قىلغاندىن كۆرە بەخىرامان ئۇخلاپ، تاتلىق، تاتلىق چۈش كۆرگەن تېخىمۇ ئەۋزەل! بىراق، ئۇخلاش ئۇچۇنمۇ ئەلۋەتتە ياخشى يەرنى تاللاش كېرەك. ئالتۇننى ئويلىمىغان بىلەن خوتۇن ـ قىزلارنى ئويلىماي بولمايدۇ ـ دە، ئۇ پەشتاقتىن ئايلىنىپ چۈشۈۋېتىپ ئىختىيارسىز يەڭگىسىنى ئويلاپ قالدى.

ـــ ئۇكام، قاچانلىققا ئۆيلىنىسەن؟ ئاتا ـ ئانىمىز بالدۇر كەتتى، ئاكاڭ بولسا پالەچ بولۇپ ياتتى، مەنمۇ ساڭا كۆڭۈل بۆلۈپ كېتەلمىدىم.

يەڭگىسى دائىم ئۇنىڭغا شۇنداق دەيتتى.

ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى: «يەڭگە، ئەمدى خاتىرجەم بولىسىڭىز بولىدۇ، ئاكامنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالسىڭىزلا، مەن سىزدىن مەڭگۈ خۇش!»

باياۋاندا داۋالغۇش بولۇۋاتاتتى. باياۋان ئاتموسفېراسىدىكى نادامەت ۋە جۇشقۇنلۇق سىمفونىيەسى ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ چېھرىدە، كۆزلىرىدە نامايان ئىدى. شامال توختىغان، قۇياش نۇرى قايتىدىن زېمىن مەخلۇقاتلىرىغا بىر خىل خاتىرجەملىك ئاتا قىلاتتى. ئەتراپ ئاستا - ئاستا قاراڭغۇلۇققا چۆممەكتە، قاراڭغۇلۇق خۇددى ساھىبجامالنىڭ كۆزىگە، ئالتۇن ۋەسۋەسىسى بىلەن قارىيىپ كەتكەن تەۋەككۇلچىلەرنىڭ يۈرىكىگە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى.

ئالتۇن پەشتاقنى ئىگىلىگەن بۇ بىر توپ تەلۋىلەرنىڭ ئالتۇن كولايمىز دەپ ئېرىشكىنى دۆۋە - دۆۋە جەسەت ئۇستىخانلىرى ئىدى. كىشىنى ھەممىدىن ھەيران قالدۇرىدىغىنى بۇ ئۇستىخانلار شۇنچىلىك جىق ئىدىكى، يەرنى پەقەت ئىككى مېتىر ئەتراپىدا كولىسىلا ماڭدامدا بىر ئۇچرايتتى. مۇشۇنداق چوڭ كۆلەمدىكى ئالتۇن پەشتاق كىشىگە خۇددى ساناقسىز جەسەت ئۇستىخانلىرى توپىدىن ھاسىل بولغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. كىشىلەر بۇ ھالدىن ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىدىكى كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان، مېھرى ئىسسىق ئالتۇنلار تەبىئىي رەۋىشتە ئەمەس، بەلكى نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئىنسانلارنىڭ ئۇستىباشلىرىدىكى زىبۇ - زىننەتلەرنىڭ بارا - بارا توپلىنىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن غەيرىي بىر چۈشەنچىگە كېلىپ قالغانىدى.

كۆچ - قۇۋۋەت، قان - تەر، تەۋەككۇلچىلىك روھ، شۇنداقلا ئۇزاق مەزگىل دېھقانچىلىق قىلىپ چېنىققان بىر جۈپ قول ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى دەسمايىسى ئىدى. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدەك كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كېپەك ئالتۇنلار يوق. قۇم تاسقاپ ئالتۇن ئايرىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. پەقەت ئۇلارنىڭ بەش ئەزاسى ئالتۇن ئىزدەشنىڭ رادار سۈپەت ئەڭ ياخشى قورالى ئىدى. ئۇلارنىڭ قىسماق كۆزلىرى توپا - تاشلار ئارىسىدىكى ئۇستىخانلار ئارىسىنى تىمىسقىلايتتى. بەزىلەر خۇددى

تەجرىبىلىك ئالتۇن قازغۇچىلاردەك قولىقىنى يەرگە چاپلاپ، پىنھاندىكى ئالتۇنلارنىڭ شەپىسىنى تىڭشىغۇدەك. بەزىلەرنىڭ بۇرنى ئاپشاركىنىڭكىدەك سەزگۈرلىشىپ كەتكەن، ئۇلار شۇ تۇرقىدا تەبىئەت بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇلار شۇ پەيتتە تەپەككۇرىدىن، ئىدراكىدىن ئايرىلغان، پەقەت سەزگۈ ئەزاسى ئارقىلىقلا تەقدىرى ئۈچۈن ھەممىنى ئۇنتۇغان، زېمىننىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئۆز تەلەيلىرىنىڭ قوچاق ئېچىشىنى ياكى ئاشۇ نازۇك ھالەتلەر ئىلكىدە رەت قىلىنىشقا سەزگۈرلۈك بىلەن توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئاۋارە ئىدى.

ئۇلار ئاخىر ھېرىپ ـ چارچىدى، كۆزلىرىنى، چېھرىنى كېچەلمەسلىك، چۈشكۈنلۈك ۋە ئازابلىنىش ھېسلىرى ئىلكىگە ئالغانىدى. ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى تەشنالىق، شۇنداقلا ئامالسىزلىق ئۇلارنىڭ يېرىلىپ كەتكەن كالپۇكلىرى ئارىسىدىن، بۇرۇنلىرىدىن ئېغىر تىنىق ۋە نەپەس بولۇپ ئەتراپقا تارايتتى. ئۇلار ئەمدى كۆز ئالدىدىكى بۇ جەسەت ئۇستىخانلىرىنىڭ كىملەرنىڭ ئىكەنلىكى، بۇ يەرگە قاچان كۆمۈلگەنلىكى، نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ كۆمۈلگەنلىكى، بۇ يەردىكى ۋەھىمىلىك ھالەت ۋە كىشىنى قايغۇغا سالىدىغان كۆرۈنۈش ئەمدىلىكتە ئۇزلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇشى نېمە سەۋەبتىن؟ دېگەندەك خىياللار بىلەن ئەتراپقا، بىر ـ بىرىگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلەتتى. پەقەت ئالۋاستىلار، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان مۇشۇ يەرنى ماكان قىلىپ كەلگەن ئەرۋاھلارلا بۇ سىرلارنى يېشىپ بېرەلىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلار ئاشۇ ئاپپاق ئۇستىخانلارنىڭ غوجىسى، بۇ يەردىكى بارلىق سىرلار ئۇلار ئۈچۈن بەش قولدەك ئايان! ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە يىغىپ قويۇلغان قۇرۇق ئۇستىخانلار ئاي يورۇقىدا پىيالىدەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ئاپپاق چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، ئۇلارغا قاراپ كۇلۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئەتراپتىكىلەر ۋەھىمە ئىلكىدە تۆت ئەتراپقا ئالاقزەدىلىك بىلەن قارايتتى. ئەرۋاھلارنىڭ

مەسخىرىلىك كۈلكىسى ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدىلا ئاڭلىناتتى. قورۇق ئۆستىخانلاردىن تارقىلىۋاتقان فوسفورلۇق نۇر بىلەن ئەتراپ كىشىگە دوزاخ كۆرۈنۈشىنى ئەسكە سالاتتى. ئالتۇن پەشتاق ئۆزىنىڭ سەلتەنەتىنى يوقاتقانىدى. كىشىلەر بۇ ھالەتلەرگە زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەي، بايىقى ئۆزلىرى كولاپ قويغان ئورەكلەرگە بىرنەچچىسى بىر توپتىن بولۇپ كەپلىشىپ ئولتۇرۇپ، دىر - دىر تىترىگىنىچە، جان قايغۇسىغا چۈشكەنىدى. لېكىن، گۇساڭلار خۇددى دېيىشىۋالغاندەك ئاستىلا ئۆڭكۈر ئىچىگە توپلاشتى.

تۈن نىسپىدە خۇددى گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمگەن ئالتۇن پەشتاق تەرەپتىن تۇيۇقسىز كىملەرنىڭدۇر ئاياغ تىۋىشى ۋە كۇسۇرلاشقان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قارىغاندا ئالتۇن پەشتاققا باشتا كەلگەن ھېلىقى ئۇزۇن ساقاللىق ئادەملىرىنى باشلاپ بۇ يەردىن كەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. يېرىم يولدا قوشۇلغان باشقا تەلۋىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشكەندەك قىلاتتى. دېمەك، ئۇلار ئورەك كولاش ئارقىلىق بىساناق ئالتۇنلارغا ئېرىشىپ، راھەت - پاراغەتتە ياشاشتەك شېرىن چۈشلىرىنىڭ بىراقلا بەربات بولغانلىقىنى ھەقىقىي ئېتىراپ قىلغاندەك قىلاتتى. ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ نېسىۋىسى ئەمەلىيەتتە قۇم قاتلاملىرىدا! قۇم دۆۋىلىرىنى جىلىڭ دەرياسىنىڭ مۇقەددەس سۈيى بىلەن چايقىغاندىلا، ئۇلارنىڭ قان - تەرى ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدۇ، لېكىن بۇ قېتىم بۇ بىر توپ تەلۋىلەرنىڭ كاللىسى قىزىپ، ئالتۇن ۋەسۋەسىسى بىلەن بۇ ئەقەللىي قائىدىنىلا ئەمەس، ھوش - كاللىسىنىمۇ يوقىتىپ قويغانىدى. ئاي مۆكۈپ، يۇلتۇزلار خىرەلەشكەنىدى. بايىقى دوزاخ كۆرۈنۈشلىرىمۇ كۆزدىن يىتىپ، ئەتراپ بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتقان، شامالنىڭ كۈچى ئاجىز ئىدى. گۇساڭلار تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن، ئېگىز - پەس ئاڭلىنىۋاتقان خورەك ئاۋازى ئۆڭكۈر ئىچىنى بىر ئالغانىدى.

تۇن نىسپى. يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇراتتى. گۇساڭلار ئىچىدىكى ئەڭ سەزگۈر جوۋ لىتۇڭ تۇيۇقسىز چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئەتراپتا خورەك ئاۋازىدىن باشقا تىۋىش يوق ئىدى. ئۇ ئۆڭكۈر تورۇسىغا تىكىلگىنىچە ئۆزىنىڭ بايا قانداق ئويغىنىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ئويلانغاچ، ياستۇق قىلىپ ياتقان پاختىلىق چاپىنىنى سىلاپ قويدى. قەلبىنى بىردە ساراسىمىگە، بىردە ئاجايىپ گۈزەل شېرىن خىياللارغا بەند قىلىپ كېلىۋاتقان ئالتۇنلار ئۆز پېتى تۇراتتى. ئۇ قورۇشۇپ كەتكەن تىلى بىلەن قاغجىراپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى خاتىرجەم ھالدا ئاستا يالاپ قويدى. ئۇ ئۇسسىغان، شۇنداقلا سىيگۈسى كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھورۇنلۇق بىلەن چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ، ئۆڭكۈر ئېغىزى تەرەپكە قاراپ قويدى. بىر خىل ئۆزگىچە ئالتۇن رەڭ ئۆڭكۈر ئىچىگە كىرگىنىچە ئۇنى سىرتقا تارتىۋاتقاندەك ئارامبەخش تۇيغۇسى بىلەن ئاستا مېڭىپ سىرتقا چىقتى ۋە كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئەتراپقا خېلى نەزەر تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن بايىقى ئالتۇن رەڭدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇ بېشىنى ئاستا چايقاپ تۇرۇپ، سىيىشكە تەرەددۇتلاندى، ئەتراپ گۆردەك جىمجىت، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ سىيگەندىكى ئاۋازىلا ئەتراپتىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئېھتىمال خورەك ئىلكىدىكى ئالتۇن قازغۇچىلار ئەتىدىن باشلاپ نەگە بېرىپ نەدە تۇرۇشىنى، نېمە ئىش قىلىشىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن، چۈنكى ئۇلاردىكى تەرتىپ، ئىنتىزام ئەمدىلىكتە تامامەن كۆچىدىن قالغانىدى. سەركىسى يوق پادىنىڭ تەقدىرى ئەزەلدىن بەلگىلىنىپ بولغان، جوۋ لىتۇڭ ئاشۇ خىياللار بىلەن راھەتلىنىپ سىيدى ـ دە، ۋۇجۇدى ئىختىيارسىز سوغۇق تىترەپ كەتتى ھەمدە بايىقى ئۇيقۇلۇق ھالەتتە كۆرگەن ئالتۇن رەڭنىڭ ئەسلىدە يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەمدىلىكتە ئاشۇ يۇلتۇزلار پەقەت ئۇنىڭغىلا كۆز قىسىپ نازلانغاندەك، كۆزىنى غەلەت قىلىشقا باشلىدى.

— ئاھ، ئالتۇن !

ئۇ ھاياجان بىلەن ۋارقىرىۋەتتى ـ دە، ئالدىغا قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى، بىر پەستىن كېيىن ئەتراپنى ئاپپاق جەسەت ئۇستىخانلىرىنىڭ قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ۋەھىمىلىك توۋلىۋەتتى. كۆزىنى غەلەت قىلغان يۇلتۇزلار توپى ئۇنىڭدىن بارا ـ بارا يىراقلىشىپ، ئالتۇن رەڭمۇ ئاستا ـ ئاستا غايىب بولدى. ئۇنى قورقۇنچ بېسىپ، دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ خېلى ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆڭكۈر ئاغزىنى زادىلا تاپالمىدى. ئۇ دەرھال توختاپ ئۆز ـ ئۆزىنى تىڭشاپ باقتى. دېمەك، ئۇ يولدىن ئادىشىپ قالغانىدى. لېكىن، ئەتراپتا جىمىيىپ تۇرغان كۈمۈش نۇرلار ئۇنى ئەرۋاھلار ئۇۋىسىدىن كېسىپ ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ ۋەھىمە، ئالاقزەدىلىك ۋە ئامالسىزلىق ئىلكىدە ئايىسىنىڭ نامىنى شېپى كەلتۈرۈپ قايتا ـ قايتا توۋلىدى. ئۇ نائىلاج بارلىق ئۈمىدىنى ئىككى پۇتىغا باغلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى چەبدەس، چاققان پۇتلىرى ئەمدىلىكتە خۇددى تاشتەك ئېغىر، لىمدەك قاتتىق بولۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا زادىلا بوي بەرمەيتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە بەتبەشىرە ئالۋاستىلار كۆرۈنەتتى. ئالۋاستىلارنىڭ تارشىدەك قوللىرى ئۇنىڭ گېلىدىن بوغۇۋاتقاندەك، پۇتلىرى بىلەن تېپىۋاتقاندەك ئۇنى تۇگەشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ ئەمدىلىكتە ئايىسىنىڭ نامىنى ئەمەس، بوۋىسىنىڭ، ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ، تەڭرىنىڭ، گۇەن يۇ غوجامنىڭ، بايلىق ئىلاھىنىڭ، ئۆز نۆۋىتىدە ئاسماندا ئېسىپ قويغاندەك ساڭگىلاپ تۇرغان ئايغا قاراپ، چاڭئې پەرىشتىنىڭ ئىسمىنى شېپى كەلتۈرۈپ يېلىناتتى، ۋارقىرايتتى، ئۇنىڭ يېلىنىشلىرى ھەتتا بىرەرسىنىمۇ تەسىرلەندۈرەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن، ھېچقانداق مۆجىزە يۈز بەرمەيۋاتاتتى. ئۇ ھالسىزلانغان ھالدا زوڭزىيىپ قالدى، دەل شۇ ۋاقىتتا بىر قارا كۆلەڭگە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئايلىنىپ ئالدىغا كەلدى. جوۋ لىتۇڭ بۇ تۇيۇقسىزلىقتىن تېخىمۇ ھوشىنى يوقىتىپ، ئورنىدىن تۇرماقچى

بولۇۋىدى، كۆلەڭگە ئىشارەت بىلەن ئۇنى قوزغالماسلىققا بۇيرۇدى.

— بۇ يەردە ئەرۋاھتەك نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟

جوۋ لىتوڭ بۇ تونۇش ئاۋازدىن بىرئاز ئېسىگە كېلىپ، ئۇنىڭغا تەپسىلىي قاراپ چىققاندىن كېيىن، بۇ ناتونۇش كۆلەڭگىنىڭ لى چاڭجيۇ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. لېكىن، تاشتەك قاتتىق بىرنەرسە بېشىغا تېگىشى بىلەن جوۋ لىتوڭ ۋارقىرىغىنىچە يەرگە دۈم چۈشتى. لى چاڭجيۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ، تېزلىك بىلەن ئۇنىڭ پاختىلىق چاپىنىنى سالدۇرۇشقا باشلىدى، سەھەر ھارپىسىدىكى قاراڭغۇلۇق قانخور ئادەمنىڭ قارىيىپ كەتكەن يۈزىگە ئوخشايتتى. ھېلىقى ئالتۇنلار ھەش - پەش دېگۈچە جەھەننەمگە يول ئالغان بىچارە جوۋ لىتوڭنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن لى چاڭجيۇنىڭ قوينىغا يۆتكەلدى. بىردەملىك خۇشاللىق ئىلكىدىكى لى چاڭجيۇنى تۇيۇقسىز سوۋار باستى - دە، ئورنىدىن قوپۇپلا قاچتى. ئۇنىڭ قەلبىنى قامال قىلغان بايىقى ۋەھشىيلىك ۋە قاراملىقلار ھېلىھەم كۆزلىرىدە ئەكس ئېتەتتى.

لو قىزچاق ئىشىكنى ئاچقاندا ئەتراپ ئاللىبۇرۇن يورۇپ كەتكەن، قۇياش جىلىنىڭ دەرياسى تەرەپتىن سوزۇلۇپ تاغ چوققىسىغا قونغانىدى. قۇياش نۇرى ئاق شەمشاد دەرىخىنى باغاشلىغان، يوپۇرماقلار ئالتۇن رەڭدە پارقىرايتتى. شۇنداقلا دەرەخ ئاستىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان تەمبەل كىشىنىڭ تۇرقىنى ھەقىقىي نامايان قىلىپ تۇراتتى.

قىزچاق ھودۇققان ھالدا ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. چېھرىدىن غەم - قايغۇ بىلىنىپ تۇرغان قىزچاق كۆزىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلگەنلىكىنى سورىدى.

— مەن سىزنى ساقلىغىلى نەۋاق، — گۈساڭ ئاكا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، — قىزچاق، سىز ئەمدى ماڭا تەۋە بولدىڭىز، — ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن يۇمۇلۇپ كەتكەنىدى، — ئېرىڭىزنىڭ دېيىشىچە، ئەمدى مەن سىزنىڭ ئېرىڭىز بولدۇم.

ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن ھالدا بايا ئۇ كەلگەن تەرەپكە سوغۇق نەزەر تاشلىغاچ پىچىرلىدى:

— قارىغاندا، يەنە تاياق يېگۈڭىز كەپ قاپتۇ ـ دە؟

— قىزچاق... — ئۇ بۇ قېتىم زورمۇزور كۈلۈمسىرىدى.

— نېمە قىلماقچىسىز؟

— ئۇسساپ كەتتىم. ئازراق ئۇسسۇزلۇق بەرگەن بولسىڭىز.

قىزچاق ئۇندىمەي بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن، يەنىلا ئۇسسۇزلۇق ئالغىلى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. گۈساڭ ئاكىمۇ تىۋشىسىز ھالدا ئۆيگە كىرىۋېتىپ، قاچا كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان لۇ قىزچاققا دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇ پۈتۈن بەدىنىنىڭ ئوتتەك قىزىپ تەرلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۇسسۇزلۇقنى بىرنەچچە يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن، تەر تېخىمۇ قويۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەتتىكى بويىچە تەرلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈشكە باشلىدى ۋە لۇ قىزچاقنىڭ ئۆزىگە لۆڭگە تەڭلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يۈرىكى ئىللىق بىر سېزىمدىن تېپچەكلەپ كەتتى. ئۇ ھاياجان بىلەن لۆڭگىنى ئېلىپ تەرلىرىنى سۈرتۈشنىمۇ ئۇنتۇپ، قولىدىكى لۆڭگىگە بىرپەس تىكىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قاراپ پىچىرلىدى.

— قىزچاق...

— نېمە قىلماقچىسىز؟ — ئۇ چىنىنى ئېلىۋېتىپ ئۇنىڭغا شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ بىردەمدىن كېيىنلا ئىككى ھورنانىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى.

— قورسىقىڭىز ئاچقاندا يەرسىز.

گۈساڭ ئاكا ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىدىن ئۇنى

خالىمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىمۇ ھېچقانداق ئۆزگىچە ئىپادە يوق، قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكتىن ئەنسىرەۋاتقاندەكلا قىلاتتى. ئۈمىد يوق، ئەمدى ئۈمىد يوق، دەپ ئويلىدى ئۇ ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە، شۇ پەيتتە ئۇنىڭ قەلبى خۇددى مۇشۇ كەڭ كەتكەن باياۋاندەك قاغجىراق ئىدى.

— تېز كېتىڭ، بولمىسا ئۆزىڭىزگە يەنە ئارتۇقچە ئىش تېپىۋالىسىز، — دېدى قىزچاق ئۇنىڭغا قاراپ، — ئاپال خەق دېگەن نەزىرىڭلاردا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، سىلەرگە ئالتۇن بولسىلا بولدى.

— ئۇنداق دېمەڭ، سىز مېنىڭ، ئۆزىڭىزنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيمەن دېسىڭىزمۇ، سىز ھامان ماڭا تەئەللۇق.

— مېنىڭ ئېرىم بار، — قىز ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى ـ دە، ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى يېپىۋەتتى.

گۇساڭ ئاكا چۈشكۈنلۈك بىلەن ئىشىك ئالدىدا بىرپەس ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. بايىقى سۇس گۈللۈك ياغلىق ھېلىھەم ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ قولىدىكى تەرلەرنىڭ ئۇنى پاسكىنا قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، ياغلىقنى يېنىك قېقىپ قويدى ۋە يۇزىگە ئاستا سۈرتۈپ ئىشتىھا بىلەن پۇراشقا باشلىدى. سۇس ئەتىر چېچىلغان ياغلىق ئۇنىڭ تەسەۋۋۇردا لۇ قىزچاقنىڭ كۆكسىدىن كېلىدىغان مەستخۇش پۇراققا ئوخشايتتى. لېكىن، ئۇنىڭدا ئىشىكنى ئېچىپ كىرگۈدەك جۈرئەت يوق ئىدى. تۇيۇقسىزلا ئىشىك ئېچىلىپ تەبەسسۇم ئىلكىدە چىرايلىق كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەن لۇ قىزچاق ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتىدىغاندەك شېرىن خىياللارغا چۆككەن بۇ بىچارە بايقۇش ئۆزىنىڭ ئىشىك ئالدىدا قانچىلىك تۇرغانلىقىنى سەزمەيتتى. ئارىلىقتىن قانچىلىك ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، تۇيۇقسىز بىر ناتونۇش كىشى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ ئۇنى پۈتلاپ يەرگە يىقىتتى. يەنە بىر كىشى دەرھال كېلىپ قولىدىكى

يوتقان بىلەن ئۇنى چۈمكىۋالدى. ئۇ تىپچەكلەيتتى. لېكىن، يوتقان بەكلا مەھكەم چۈمكەلگەچكە، ئۇنىڭ يۇلقۇنۇپ چىقىشىغا پەقەتلا ئىمكان يوق ئىدى.

— كىمسەن؟ — ئۇ تىپچەكلەپ تۇرۇپ سورىدى.

بىرپەستىن كېيىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا تامنىڭ نېرىسىدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك سۇس بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— گۇساڭلاردىنمەن، ئۆلۈشنى خالامسەن ياكى ياشاشنى؟

ئامالسىزلىق ئىلكىدىكى گۇساڭ ئاكا كۆپ سۆزلەپ ئۆلارنىڭ چىشىغا تېگىشنى خالىمىدى بولغاي، لام ـ جىم دېمىدى. ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى.

— ھايات قېلىشنى خالىساڭ، ئاستا ئورنۇڭدىن تۇر، ئۆلۈشنى خالىساڭ يەنە تىپچەكلە، كالتەك بېشىڭغا تەڭلەكلىك. تىپچەكلەيمەن دېسەڭ ئىختىيارىڭ.

ئۇ بىكاردىن ـ بىكار ئۆلۈپ كېتىشنى ھەرگىز خالىمايتتى. شۇڭا، ئۇ تەۋەككۈلچىلىك بىلەن كۆچىنى يىغىپ قاتتىق بىرنى ۋارقىرىدى ـ دە، يوتقاننى كۆچەپ قايرىدى ۋە ئۇستىگە مىنىۋالغان ئادەمنى ئىتتىرىپ يىقىتىۋېتىپ، ئەمدى قاچاي دەپ تۇرۇشىغا، قانداقتۇر بىرنەرسە كېلىپ تەگكەندەك قىلدى ـ دە، يەرگە باشقىدىن دۈم چۈشتى. يارىلانغان قولى بەدىنى ئاستىدا قېلىپ، ئاچچىق ئاغرىق مېڭىسىگىلا چىقىپ ئازاب بىلەن ئىڭرىۋەتتى.

دېمەك، ئۇ باشقىدىن ئىسكەنجىگە ئېلىنغانىدى. ئۇ قاياقتىندۇر لۇ قىزچاقنىڭ ئېچىنىشلىق چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. چۈنكى، قىزچاق بۇ قېتىممۇ ئۆزىنىڭ سەۋەبى بىلەن بىراۋدىن تاياق يەۋاتقاندەك ۋە ياكى ئۆزىنى ئۆلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يالۋۇرۇپ، ئۆلارنىڭ چىشىغا تەگكەنلىك سەۋەبى بىلەن خورلىنىۋاتقاندەك بولۇپ، كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. خۇددى ئېغىر بىر تاش بېسىۋالغان تۈيغۇدا ئازابلىناتتى. ۋاقىت،

شۇنداقلا شەيئىلەر ئۇنى قىستاپ، قۇياش نۇرىمۇ چۈشمەيدىغان بىر بۇلۇڭغا تاشلىۋەتكەندەك، ئۆمۈرۋايەت ئىنسانلار ئارىسىغا قايتىپ كېلەلمەيدىغاندەك ھېسسىيات ئىلكىدە پۈچىلىناتتى.

— گۇساك، ئەگەر ھايات قېلىشنى خالىساڭ، جېنىڭنى ئالتۇن بىلەن تېگىشىمىز.

ئۇ بۇ سۆزنى دەۋاتقان كىشىنىڭ جاك بۇسەن ئىكەنلىكىنى سەزدى. شۇنىڭ بىلەن لام ـ جىم دېمەي خۇددى ئۆلۈكتەك جىم يېتىۋالدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا لۇ قىزچاقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئۇنىڭ ئالتۇنى بولانغان، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

يوتقان ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئېلىۋېتىلدى. جاك بۇسەن ئۇنىڭ ياقىسىدىن تارتىپ تۇرۇپ سورىدى:

— بولاندى؟ كىم بولىدى؟ تېز ئېيت! مەن گېپىدە تۇرىدىغان ئادەم. ناۋادا مېنى ئالدىمىساڭلا چوقۇم ھايات قالىسەن.

جاك بۇسەنىنىڭ يېنىدا تۇرغان شي مەنتاڭ قولىدىكى كالتەكنى ئۇزۇن بىر ئورۇندۇققا كۆچەپ ئۇرۇپ ھەيۋە كۆرسىتىشكە باشلىدى. گۇساك ئاكىنىڭ ۋۇجۇدىغا باشقىدىن تىترەك ئولىشىپ ۋارقىراپ تۇرۇپ ئۆتۈندى:

— مېنى قويۇۋېتىڭلار!

جاك بۇسەن قولىنى قويۇۋەتتى. لېكىن، شي مەنتاڭ ئۇنى ھازىرلا ئۇرۇپ يىقىتىۋېتىدىغاندەك يەنىلا ھەيۋە كۆرسىتىۋاتاتتى. گۇساك ئاكا ئۇنىڭ قولىدىكى كالتەككە قاراپ قويۇپ لۇ قىزچاققا تىكىلدى ـ يۇ، ئەلەم بىلەن دەرھال بېشىنى ساڭگىلىتىۋالدى.

— راستىنى دېمەمسىز؟ ئالتۇنىڭىزنى بولاپ كەتكەن زادى كىم؟ — لۇ قىزچاق ئۇنىڭغا قاراپ ئۆتۈنۈش بىلەن سورىدى. ۋاھالەنكى، بۇ ئۆتۈنۈش گۇساك ئاكىغا ئازراقمۇ غەيرەت ئاتا قىلالمىدى.

— مېنى قويۇۋەتسەڭلار، مەن جوۋ لىتۇڭدىن ئالتۇنلارنى

تارتىۋېلىپ سىلەرگە ئەكېلىپ بېرىمەن، ــ دېدى ئۇ بىرپەستىن كېيىن.

شې مەنتاڭ بايىقى ھەيۋىسىنى توختاتقان بولدى. گۇساڭ ئاكىنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، يەردە ئۆمىلەشكە باشلىدى. لېكىن، يەنىلا بۇ بىر توپ تەلۋىلەرنىڭ مۇشت - تېپىكىدىن قۇتۇلالمىدى. ئۇ ھوشىدىن كەتتى. جاڭ بۇسەن ئادەملىرىگە بۇيرۇپ ئۇنى ئورمانغا ئاپىرىپ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئارقان بىلەن دەرەخكە ئېسىۋەتتى. ئۇلار لىيەن شىنىڭ قىساسىنى ئېلىۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇلار گۇساڭلار لىيەن شىنى دەل مۇشۇنداق قىيىنىغان، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ توپ بېشىمۇ دەل شۇنداق ئازابلىنىشى كېرەك، دەپ قارايتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار ئالتۇن پەشتاق تەرەپكە قاراپ ئاتلاندى. قالايمىقانچىلىقتا ئۇلار ئادەم بولۇپ تۆرەلگەنىكەن، سەمىمىي، مېھرىبان بولۇش كېرەك، دېگەن مەسىلىگە سەل قارىغانىدى. لۇ قىزچاق ئەنە شۇنداق سەمىمىي، مېھرىبان ئىدى. ئۇلار بۇ يەردىن ئايرىلغان ھامان لۇ قىزچاق شەمشادلىققا قاراپ قەدەم تاشلىدى...

تاڭ سەھەر، گۇساڭلار پەشتاق يېنىغا يىغىلىپ ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ بىر ئاخشامدىلا غايىب بولغانلىقى ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جوۋ لىتۇڭنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇ چاغدا لى چاڭجيۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئادەم باشلاپ ئۇنى ئىزدەشكە كەتتى. ئۇلار پەشتاقتىن بىرەر چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر قاپتالدىن جوۋ لىتۇڭنىڭ جەسىتىنى ئانچە قىينالمايلا بايقىدى. ئۇلار جوۋ لىتۇڭنى ئالتۇن قازغۇچىلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن، دېگەن گۇمان بىلەن ئۇنىڭ زادى نېمە سەۋەبتىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە تالىشىپمۇ ئولتۇرمىدى. چۈنكى، ئۇلار جوۋ لىتۇڭنى ئېھتىمال ئۇلارنىڭ چىشىغا، ئۇلارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ مۇشۇ ئاقىۋەتكە قالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ

قىياس قىلاتتى. چۈنكى، ئادەتتە ئالتۇنغا ئېرىشەلمىگەن تەلۋىلەرنىڭ بەزىدە تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى خۇددى چاپىنىدىكى توپىنى قېقىۋەتكەندەكلا ئاددىي ئىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جوۋ لىتۇڭنىڭ جەسىتىنى كۆمۈپ قويۇپ ئالتۇن پەشتاققا قايتتى. كۇتۇلمىگەندە، ۋېيزىلىقلار خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالتۇن پەشتاقنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن چىقىپ كەلگىنىدە، گۇساڭلار ھېچنېمىگە قارىماي، دەرھال ئالتۇن پەشتاق تۆپىلىكىگە قاراپ چاپتى ۋە ئازلا ئۆتمەي ئوڭغۇل - دوڭغۇل تۆپىلىكتە بىرنەچچە رەتكە تىزىلدى. ئەڭ ئالدىغا قاۋۇلراقلىرى، ئوتتۇرىسىغا ياشقا چوڭراقلىرى، ئەڭ ئارقىسىغا بۇرۇتى تېخى خەت تارتمىغان شاكىچەكلەر تىزىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۇرجەك، جوتۇ، كالتەك - توقماق كۆتۈرۈۋالغان، كۆزلىرىدىن ئۆچمەنلىك ئوتلىرى يالقۇنلايتتى. ۋېيزىلىقلار پەشتاققا يېقىنلاپلا قالغانىدى. ئۇلارنىڭ قەھرلىك ۋارقىراشلىرى گۇساڭلارنى ساراسىمىگە سېلىپ، ئۇلارنى ئۆرتتۆپە قىلىۋەتتى. لېكىن، ئاز ئۆتمەيلا ئۇلار يەنە قارشى تەرەپكە قاراپ يۇزلەندى.

ئۆزئارا قىرغىن قىلىش باشلىنىپلا، قىيقاس - چۇقان ۋە ئازابلىق ئىڭراشلار ئەتراپنى لەرزىگە سېلىپ، باش - كۆزلەر يېرىلىپ، كىيىملەر يىرتىلىپ، قانلار چاچرايتتى. ئۆلۈكلەر ماڭدامدا ئۇچرايتتى. بىرپەستىن كېيىن ۋېيزىلىقلار ئارقىغا يانغان ئېقىندەك جاڭ بۇسەن تەرەپكە قاراپ چېكىندى. جاڭ بۇسەن ئۇلارغا سوغۇق بىر قارىۋېتىپ، قولىدىكى گۇرجەكنى يەرگە سانجىدى - دە، زوڭزىيىپ ئولتۇردى. ئۇ بۇ قېتىملىق ھۇجۇمنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى ئويلىمىغانىدى. گۇساڭ ئاكا ھېلىقى دەرەخكە مەھكۇم قىلىنغاندىن كېيىن، توپ بېشىدىن ئايرىلغان گۇساڭلار خۇددى سەركىسى يوق ئۆچكىلەردەك پاتىپاراق بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغان جاڭ بۇسەننىڭ يۇز

تېرىلىرى ئەلەم ۋە نومۇستىن تارتىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ دەرھال ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمنى تەشكىللەشكە تۇتۇندى.

قوي سويدۇق، قوي سويدۇق،
ئىت ئۆلتۈرۈپ، قوي سويدۇق.
قۇشقاچلارنى ئۈركۈتۈپ،
ئاناڭ قوينىغا قوغلىدۇق.

قەھرلىك ھۇررا ئاۋازلىرى يەنە بىر قېتىم كۆتۈرۈلدى. دېمەك، ۋېيزىلىقلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق شىددەتلىك ھۇجۇمى رەسمىي باشلانغانىدى. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى ھۇجۇمى دەسلەپكى قېتىمقىغا ئوخشاش مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن جاڭ بۇسەنىنىڭ مەقسىتى ھەر ھالدا ئەمەلگە ئاشقانىدى. چۈنكى، ئۇ ئەۋەتكەن شى مەنتاڭ بىلەن بىرنەچچە قاۋۇل ئەزىمەت ئىككى گۇساڭنى تۇتۇۋالغانىدى. بۇنى كۆرگەن گۇساڭلار ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ ۋەھشىيلەشتى. ۋېيزىلىقلار بولسا جاڭ بۇسەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قولىدىكى قورالىرىنى ئوينىتىپ، ئۇلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشاتتى. ئەمدىلىكتە گۇساڭلار تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتكەن بولۇپ، پەسكە قاراپ ھۇجۇمنى تېزلەتتى. تۇيۇقسىز بىر ۋارقىراش بىلەن بىر كاللا پېلەكتىن ئۈزۈلگەن خەمەكتەك يەرگە چۈشۈپ دومىلىدى، ئارقىدىنلا يەنە بىر كاللىمۇ يۇمىلاپ بېرىپ نەلەردىندۇر ئورۇن ئالدى. باشسىز گەۋدىدىن چاچراپ چىققان قىپقىزىل قان ئۇلارنىڭ يۈزىنى بويىۋەتكەنىدى. ئۇ كاللىلار ئەسلىدە بايا شى مەنتاڭ ئەسىرگە ئالغان ئىككى بەختسىز گۇساڭنىڭ بېشى بولۇپ، بۇ ئىككى بىچارە بۇرادەرلىرىنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولالمىغانىدى. ئىككى كاللىنىڭ ئاقىۋىتى باشقا گۇساڭلار

ئۇچۇن ئاگاھلاندۇرۇش بولدى، بۇ ھالدىن بەزىلەر ھودۇققىنىچە تىترەپ كېتىشتى. ئەمدىلىكتە ۋېيزىلىقلارنىڭ جان ئالغۇچى گۇرجەكلىرى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ھەيۋە كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. لى چاڭجيۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئارقىغا بىرنەچچە قەدەم چېكىنىدى. ئۇ مۇشۇنداق ۋەھىمىلىك قالايمىقانچىلىقتىمۇ ئۇچىسىدىكى چاپىنىنى ۋېيزىلىقلارنىڭ سالدۇرۇۋېلىشىدىن قورققاندەك چاپىنىنىڭ ئالدىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ قاماللىۋېلىپ ئەتراپىغا ئوغرىدەك قارايتتى. بۇنداق چاغلاردا بىرەر ئادەم چېكىنىسىلا، چوقۇم باشقىلارغىمۇ پىسخىكا جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە! شۇنىڭ بىلەن گۇساڭلار تۇيۇقسىزلا پاتىپاراق بولۇپ چېكىنىشكە باشلىدى. ئۇلار يۈزلىرىدىكى قان داغلىرىنى سۈرتۈپ، تېخى ئۇھ دېمىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاللىبۇرۇن پەشتاقنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇلار بىرەر ھاياتلىق يولىنى ئىزدەپ، ئۈمىد بىلەن تۆت ئەتراپقا قارايتتى. بولۇپمۇ توپ بېشىنى ئەتراپتىن ئىزدەيتتى. دېگەندەك، گۇساڭ ئاكا پەشتاقتا ئۆمىلەپ چىقىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. ئەكسىچە، گۇساڭلار ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە، قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان مۇسكۇللىرىغا، يۈز - كۆزلىرىدىكى يارا ۋە كۆكۈچ ئىششىقلارغا ھاڭۋاقىنىچە داڭ قېتىپ قاراپ تۇراتتى. گۇساڭ ئاكىنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ئېڭەكلىرى ئۇچلىنىپ، ئاغزىدىن قان تەپچىرەيتتى. ئالدى بىلەن لى چاڭجيۇ ئېسىنى تېپىپ دەرھال ئۇنى يۆلىۋالدى. ئارقىدىن باشقىلارمۇ ئاستا - ئاستا ئۆزىگە كېلىپ ئۆزلىرىگە تۇيۇقسىز ئۈمىد ئاتا قىلغان توپ بېشىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇلار گۇساڭ ئاكىنى يۆلەشتۈرۈپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، نۆۋەتتىكى ئېلىشىشقا باشقىدىن قانداق يۈزلىنىش توغرىسىدا ئۇنىڭدىن ئەقىل سورىماقچىدى. بۇ

ۋاقىتتا ۋېيزىلىقلار قايتىدىن ھەرىكەتكە كەلگەن، ئۇلارنىڭ چاقماقتەك ھەرىكىتى گۇساڭلارنىڭ يۇرىكىگە قايتىدىن ۋەھىمە ئوتىنى يېقىۋەتكەنىدى. ئۇلار گۇساڭ ئاكىنىڭ تەدبىردىن ئۆزلىرىنىڭ ئاللىقاچان مەغلۇبىيەت گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى، بۇ يەردىن دەرھال ئايرىلىش ئالدىدا پەشتاقنىڭ قاپتىلىدىن غەيرىي بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك قىلدى. شۇ ئان لى چاڭجيۇنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشى بىلەن، ئۇلار تۆت دانە قول تىراكتورنىڭ توپا ـ چاڭ توزۇتۇپ، ئۆزلىرى تەرەپكە ئۇچقاندەك كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز يول ئاچتى. بىراق، سۇڭ جىنچېڭ ھەيدىگەن ئەڭ ئالدىدىكى باشچى تىراكتور ئۇلار ئېچىپ بەرگەن بوشلۇقتىن ماڭماي، ھەممە تەرەپكە تەڭ دوقۇرۇپ، ئاردىن بىر گۇساڭنى ئۇسۇپ يىقىتىۋەتتى. باشقىلار چېكىنىشكە باشلىدى. ئاردىن بىرنەچچىسى گۇساڭ ئاكىنى يۇدۇگىنىچە سەپكە قوشۇلدى. سۇڭ جىنچېڭ بارغانچە روھلىنىپ، بىر پۇتى بىلەن ئورۇندۇققا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ھە دېگەندىلا تىراكتور تېزلىكىنى ئاشۇراتتى. بۇ ۋاقىتتا قالغان ئۈچ تىراكتورمۇ تاپ بېسىپ يېتىپ كەلدى. قاغجىراق، جىمجىت چۆللۈكتە بىرونېۋىكتىنمۇ ئۈن ھەسسە سۈر ـ ھەيۋە كۆرسىتىۋاتقان تىراكتورلار توپا ـ چاڭ توزۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىماقتا ئىدى. ئەزەلدىنلا تەلۋە خاراكتېرلىك ۋېيزىلىقلار تىراكتورلارنىڭ ئارقىدىن ئالا ـ تاغىل ۋارقىراپ، كۆز ئالدىدىكى بۇ ئەڭ قاباھەتلىك ۋە ئېچىنىشلىق بولغان قىرغىنچىلىقنى مەدھىيەلەۋاتقاندەك كەيپىيات بىلەن تاپ بېسىپ كېلەتتى. بۇ تانكا سۇپەت تىراكتورلارنىڭ ئارقىسىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا سۈرئىتى ئەڭ تېز كېتىۋاتقىنى يەنىلا جاڭ بۇسەن ئىدى. ئۇ قولىدىكى گۇرجىكىنى ئويناتقىنىچە، قول تىراكتور قوغلاپ ماڭغان ھۇجۇم نىشانىغا قاراپ تاپ بېسىپ ئىلگىرىلەيتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا، ئۇ قولىدىكى

گورجەك بىلەن بىرسىنى ئۆرۈپ يىقىتتى ۋە ئۇنىڭ مەيدىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ، قىچىپ كېتىۋاتقان باشقا گوساڭلار تەرەپكە مەغرۇرلۇق بىلەن قارىدى ۋە پۇتى ئاستىدىكى بىتەلەيدىن سورىدى:

— تېز ئېيت ! جوۋ لىتوڭ دېگەن كىم؟

ئۇنىڭ پۇتى ئاستىدا توپىغا مىلىنىپ ياتقان كىشى ئۇنىڭغا قاراپ يېلىندى:

— ئاكا، مېنى ئۆلتۈرمىگەن بولسىڭىز، مەندە ئالتۇن بار، ھەممىنى سىزگە بېرەي.

جاڭ بوسەن راستلا ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن چوڭ بىر پارچە ئالتۇننى چىقىرىپ ئۆزىگە تەڭلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ گوساڭلارنىڭ قولىدا خېلى كۆپ ئالتۇن بار دەپ ئىشىنەتتى.

— ئالتۇنلارنى نەدىن تاپتىڭ؟

— بۇ ئالتۇنلار جوۋ لىتوڭنىڭ، مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. چۈنكى، ئۇ سىلەرنىڭ ئادىمىڭلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەچكە، مەنمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم.

جاڭ بوسەن ئىككى قەدەم چېكىنىپ، خۇشاللىق ئىلكىدە بىرپەس تۇرۇپ قالدى ۋە ئازلا ئۆتمەي يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئاسمانغا باققىنىچە ۋارقىرىدى:

— ئاھ، تەڭرىم، سېنىڭ ماڭا قىلغان مەرھەمىتىڭگە رەھمەت ئېيتىمەن، مەن ئۇنى تۇتقاندا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدا ئالتۇن بارلىقىنى بايقىمىغان بولغىيدىم.

ئۇ شۇ پەيتتە بەخت ـ ئامەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھېلىقى قىزىل تۇلكىنى ئەسلەپ قېلىۋاتاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قارىسىنى بولسىمۇ يەنە بىر قېتىم كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىۋاتاتتى. ئەتراپنى تۇمان قاپلىغانىدى. ئۇ قېشىدىكى تۇتقۇننىڭ قېچىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى ۋە گورجەك بىلەن ئۇنىڭ

كۆتىگە كېلىشتۇرۇپ بىرنى قويدى. تۇتقۇن يەرگە يېتىۋالدى ـ دە، قىمىرلىمىدى.

— يوقال، خۇنپەر، پېقىر جاڭ بوۋاڭ جانغا ئەمەس، بەلكى ئالتۇنغا ھېرىسمەن، — جاڭ بۇسەن ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېلىپ ئالتۇنلارنى چاپىنىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالدى.

گۇساڭلار چېكىندى. ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان بۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇق يەنە باشقىدىن ۋېيزىلىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ تۆت بۇرادىرى قول تىراكتور ئاستىدا چەيلىنىپ جان تەسلىم قىلغانىدى. بىراق، تەقدىرنىڭ ئارغامچىسى ھامان چەكلىك ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ، دېگەندەك ئاشۇ قاتىللىق قورالى بولغان تىراكتورلار ۋېيزىلىقلار ئۈچۈن باسقۇچ خاراكتېرلىك غەلىبە ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا ئۆز نۆۋىتىدە ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەتكەنىدى. ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىگە بەكلا ئىشىنىپ كېتىپ سەزگۈرلۈكىنى يوقاتقان، شۇنداقلا گۇساڭلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتكەن يەنە بىر ۋېيزىلىقنىڭ تىراكتورى سۇڭ جىنچېڭنىڭمۇ ئالدىغا ئۆتۈپ، ھەتتا ئۇنىڭدىن خېلىلا يىراقلىشىپ كەتكەنىدى. جاڭ بۇسەن سىگنال بېرىپ، يەنى گۇرجەكنى قازاننىڭ تۈۋىگە ئۇرۇپ، بۇرادەرلىرىنى يىغقان ۋاقىتتا ھېلىقى تەلۋە سىگنال ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى قەستەن ئاڭلىماسقا سېلىۋالدىمۇ، ئىشقىلىپ گۇساڭلارنى توختىماي قوغلاپ كېتىۋاتاتتى. ناۋادا ئۇنىڭ تىراكتورىنىڭ چاقى يېرىلىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ ئاللىبۇرۇن گۇساڭ ئاكىنى تىراكتورغا باستۇرۇۋەتمەكچىدى. ئۇ ئاچچىقىدا تەگرىنى تىللاپ قويۇپ، تەگرىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىدىمۇ ـ قانداق؟ گۇساڭلار تۇيۇقسىزلا ئارقىغا ئۆرۈلۈپ يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭلاپ بولۇشقا ئۇلگۇرمەيلا بېشىغا تەگكەن جوتۇنىڭ ئەجەللىك زەربىسى بىلەن قىيسىيىپ قالدى ۋە تىراكتورنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭلا ئۇنىڭمۇ

ئاۋازى ئۆچتى. ئاسماننى بۇلۇت، زېمىننى تۇمان قاپلىغان، ئەتراپ ئۇبدانلا تىنچىپ قالغانىدى. ھەر خىل قىياپەتلەردە سۇنايلىنىپ ياتقان جەسەتلەر ئادەمنىڭ ئىچىنى سېرىلدۇرسا، قان ھىدى ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئىلىشتۇراتتى. تىمتاسلىق ئىلكىدىكى بۇ ئۆزگىچە ھالەت يەنە بىر قېتىملىق قىرغىنچىلىقنىڭ ۋەھىمىسىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

# ئالتىنچى باب

## لەخمە

نەزىر سۇپىسى يەنە ياسالدى. ئەرشكە، بۇدداغا، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارغا، شۇنداقلا ئەجدادلار روھىغا سىغىنىپ نەزىر قىلىش ئەلمىساقتىن ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. چۈنكى، ئۇلار ھامان ۋەھىمە ۋە ماماتلىق ئىلكىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ ساداقەت ـ ۋاپادارلىقلىرى ۋە ئىلتىجالىرى ئارقىلىقلا، مۇقەددەس ئىلاھلار بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ، جىن ـ شاياتۇنلار بىلەن ئىجىل ـ ئىناق ئۆتەلەيدىغان ئەڭ ئىخلاسمەن بىر ئەۋلاد كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كەلمەكتە.

ئەلۋەتتە، جاڭ بۇسەننىڭ بۇ جەھەتتە ئۆزگىچە يەنە بىر مەقسىتى بار، ئۇ بولسىمۇ ئاشۇ نەزىر ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئەجدادلارنىڭ سېھرىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئاشۇ نەچچە يۈز كىشىنىڭ قەلبىنى بىر يىپتا باغلاپ، كاللەك، كاللەك ئالتۇنلارغا ئېرىشىش ئىدى. ئىنسان ھاياتى ئۆملۈك ۋە خاتىرجەملىك ئاساسىدا كۆكلەيدۇ، خۇددى پارلاپ تۇرغان تولۇن ئاينى يۇلتۇزلار ئوراپ چىمىرلىغاندەك! ئېھتىمال، گۇساڭلارنىڭ بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيىتى مۇشۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئېھتىمال، يىراق قەدىمكى زاماندا بۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇقتا ياشىغان كوللېكتىپ پارچىلىنىپ، قېرىنداشلار ئارىسىدىكى قىرغىنچىلىق تەكرارلانغان بولۇشىمۇ

مۆمكىن. راستىنى دېگەندە، بۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىق جاڭ بۇسەننىڭ ئالتۇن پەشتاقنى جان تىكىپ قولغا ئېلىش ئارزۇسىغا ئەڭ ياخشى پىلىك بولۇپ بەرگەندى.

ئاشۇ يىراق قەدىمكى دەۋردە، بۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇقنى ئالتۇن ۋەسۋەسىسى قاپلىغان، زېمىن تۇغقان يەتتە دانە كاللەك ئالتۇن خۇددى پادىشاھنىڭ قاشتاش تامغىسىدەك قەبىلىلەر ھوقۇق ـ ھەيۋىسىنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ، ئۇنى كىم قولغا چۈشۈرسە، شۇ كىشى شەرتسىز تاڭغۇت قەبىلىسىنىڭ شاھ ـ سۇلتانى بولۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنىدى. ئاشۇ يەتتە كاللەك ئالتۇن ئاخىر بېرىپ، تەبىئىي ھالدا بۇ تىنچ ماكاندىكى بارلىق ئۇرۇش ـ جېدەلنىڭ خېمىرتۇرۇچىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. تاڭغۇت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى قازا قىلغاندىن كېيىن ئاشۇ كاللەك ئالتۇنلارغا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى گۇڭ لاڭ ۋارىسلىق قىلدى. بۇنىڭغا ئۇچىنچى ئوغلى زادىلا قايىل بولماي قوشۇن تارتىپ چىقتى. دەھشەتلىك ئۇرۇش ئۇزاق يىللارغىچە سوزۇلۇپ كەتتى. ئاقىۋەتتە ئۇچىنچى بەگزادە جى خاۋئېر غالىب كېلىپ ئاكىسى گۇڭ لاڭنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. لېكىن، كاللەك ئالتۇنلار گۇڭ لاڭنىڭ چېدىرىدىن تۇيۇقسىزلا غايىب بولغانىدى. گۇڭ لاڭنىڭ ئاغچىسى جى خاۋئېرنىڭ قىناشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ھېلىقى ئالتۇنلارنىڭ لەخمىگە يوشۇرۇپ قويۇلغانلىقىنى ئاشكارىلىۋەتتى. شۇ يىلى قىشتا جى خاۋئېر قوشۇننى باشلاپ لەخمە بويلاپ تىنتىپ، لەخمىنىڭ ئاللىبۇرۇن سېرىق توپىلار بىلەن تىندۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، لەخمىنى كولاپ كاللەك ـ كاللەك ئالتۇنلارنى ئالەمگە نامايان قىلماقچى بولدى. لەخمىنىڭ دىيامېتىرى تەخمىنەن ئون مېتىر ئەتراپىدا، چوڭقۇرلۇقىنى قىياس قىلغىلى بولمايتتى. ئۇلار لەخمىنى ئىككىنچى يىلى مارت ئايلىرىغىچە توختىماي كولىدى. ئاخىر لەخمە تېگىدىن ئۈچ دانە گىرانت تاش كۆرۈندى. ئۇ تاشلار پىرامىدا شەكلىدە تىزىلغانىدى. گۇڭ لاڭنىڭ

ئاغچىسىنىڭ ئېيتىشىچە، كاللەك ئالتۇنلار دەل ئاشۇ گىرانىت تاشلارنىڭ ئارىسىدا ئىكەنمىش! قوشۇندىكىلەر ھېلىقى ئۈچ پارچە گىرانىت تاشنى كولاپ چىقارماقچى بولۇپ تۇراتتى، كۈتۈلمىگەندە جىلىڭ دەرياسى كۆتۈرۈلۈپ، ھېلىقى تەبىئىي جىلغا ئارقىلىق ئېتىلىپ كېلىشكە باشلىدى. ئازلا ئۆتمەي لەخمە لاي ـ لاتقىلار بىلەن باشقىدىن تىنىپ كەتتى. گىرانىت تاش بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان چېرىكلەر ھەش ـ پەش دېگۈچە، جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ كەتتى. لەخمە جايلاشقان تۆپىلىكمۇ شۇنىڭدىن بۇيان ئالتۇن پەشتاق دەپ تەرىپلىنىشكە باشلىدى. كېيىن بۇ يەر كىشىلەر تەرىپىدىن نۇرغۇن قېتىم قېزىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى خوشۇت موڭغۇللىرىنىڭ ئاخىرقى ئاقساقىلى ئۇلانخادا غوجامنىڭ خانىۋەيران بولغانلىق ھېكايىسى ھەممىدىن مەشھۇر. ئۇلانخادا ئەزىمەتلىرىنىڭ شانلىق ئىش ـ ئىزلىرى تا ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە؛ بولۇپمۇ ئۇلانخادا غوجامنىڭ نامى تىللاردا داستان! ئۇ ھازىرمۇ يېرىم ئەۋلىيا دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، جىلىڭ دەرياسى قانچىلىك ئۇزۇن بولسا، ئۇنىڭ زېمىن چېگراسىمۇ شۇنچىلىك ئۇزۇن، ئۇنىڭ داڭقى ۋە ئابرۇيىمۇ ئەنە شۇنداق يىراقلارغا تارقالغان. شۇ قېتىم ئۇ كاللەك ئالتۇنلارنى كولاش ئۈچۈن يېقىن ـ يىراقتىن نۇرغۇنلىغان قارا ئەمگەك كۈچلىرىنى ياللىغانىدى، ناۋادا كاللەك ئالتۇنلار قولغا كەلسە، ئۇ ئىشلەمچىلەرگە يۈز سەردىن ئىنئام قىلماقچىدى. قۇترىغان يولۋاستەك قاۋۇل ئەزىمەتلەر بۇ يەردە نەق ئۈچ ئاي تەر تۆككەن بولسىمۇ، لېكىن ئەجرى بىكارغا كەتتى. چۈنكى، ھېلىقى گىرانىت تاشلار كۆرۈنگەن ھامان جىلىڭ دەرياسىنىڭ سۈيى ۋەھشىيلىك بىلەن يەنە ھۈنىرىنى كۆرسەتتى. بارلىق مال ـ مۈلۈكلىرىنى بىراقلا دوغا تىككەن شور پېشانە ئاقساقال ئەلەم بىلەن ئەرشىنىمۇ، پەرشىنىمۇ تىللايتتى. كۆز ياشلىرى قۇرۇپ، ئۈنىمۇ پۈتۈپ كەتكەنىدى.

ۋاقىت گويا ئاتقان ئوق، بۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇق ئىچىدە خۇددى بىر سېھىرلىك يوشۇرۇن كۈچ باردەك، بارغانچە كۆلەملىشىپ، يېگانە ئالتۇن پەشتاقمۇ بارغانچە ئېگىزلەپ، مۇقەددەس تۇسكە كىرىپ، پۈتمەس ـ تۈگىمەس قايغۇ ـ ھەسرەتلەرنىڭ شاھىتىغا ئايلاندى. تەڭرىنىڭ مەخپىيىتى مۇقەددەستۇر. ئالتۇن پەشتاق ئاشۇ مۇقەددەس مەخپىيەتلىكنىڭ سىمۋولى ئىدى. بىراق، ئالتۇن قازغۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئالتۇن پەشتاقتىكى كەچمىشلەر پەقەت ئۇلارغا «گىرانت تاش كۆرۈنسىلا قىيان كېلىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت سىر ۋە ۋەھىمىنى قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ سىرنى ئېچىشقا بولغان غەيرەت ـ شىجائىتىنى ئاللىقاياقلارغىدۇر ئۇچۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇلار يەنىلا تارىخنى ئېتىراپ قىلمايتتى. چۈنكى، بۇ يەردىكى كەچمىشلەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تەسىرلىك ھېكايىگە تىمسال ئىدى. ئۇلار ھېكايە دېگەننى ئادەم توقۇيدۇ، دەپ قارايتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاشۇ ھېكايىلەر نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. لېكىن، جاك بۇسەن بۇ ھېكايىنى ھەقىقىي بولغان ئىش دەپ، دائىم ئېسىدە ساقلاپ كېلىۋاتاتتى، بۇ بەلكىم ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئۇلانخادا غوجامغا ئەگىشىپ لەخمە قازغانلىقى ۋە ياكى دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىدىنلا ئويغانغان قىزىقىش ئەمەس، بەلكى ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇنىڭدىكى رومانتىك مۇشكۇلاتقا، جاپالىق تۇرمۇشقا تەۋەككۇل قىلىشتەك ئەقىدىسىدىن ئىدى.

نەزىر تۈگىگەندىن كېيىن، جاك بۇسەن يەردىكى تاش ھالەتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە ھېلىقى ئېقىن ئىزىنىڭ يۆنىلىشىگە ئاساسەن، ئاخىر قەدىمىي لەخمىنىڭ ئورنىنى مۇقىملاشتۇردى. كېيىنكى ئۈچ كۈندە ئۇ بۇرادەرلىرىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، جىلىنىڭ دەرياسىنىڭ خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارالغان يېرىگە توسما ياساتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى بۇ ئارقىلىق لەخمە قېزىلىشقا باشلىغاندا ئېقىننىڭ لەخمىگە كىرىپ كەتمەسلىكى، شۇنداقلا بىخەتەرلىك ئۈچۈن ئىدى.

بولۇپمۇ بۇ ئارقىلىق كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزماقچىدى.

قاش قارايغان چاغدا، توسما پۈتكەن، تاماقمۇ پىشقانىدى. بۇرادەرلەر تاش غارنىڭ ئالدىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ قاچىسىدىكى سۇيۇقئاشنى پۈۋلەپ تۇرۇپ ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۇمۇرەتتى. ھور ئۆرلەپ تۇرغان، ئىستىن قارىيىپ كەتكەن ھېلىقى چوڭ قازان بەزىلەرنىڭ كۆزىگە بارغانچە كىچىكلەپ، ئىچىدىكى سۇيۇقئاش بارغانچە ئازىيىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇلارنىڭ خۇددى كېكەچتەك بولۇپ قالغانلىقىدىكى سەۋەب بەكلا ئاددىي، يەنى ئۆزى ئاشنى بىر قوشۇق ئاز ئىچسە، باشقا بىرسى چوقۇم بىر قوشۇق ئارتۇق ئىچەتتى. پەقەت جاڭ بۇسەنلا لام - جىم دېمەي، ئۇلارنىڭ ئاچ كۆزلەرچە تاماق يېيىشىگە قاراپ تۇردى. گەرچە ئۇنىڭ ھېلىقى نەس باسقۇر ئوپقان كېسىلى باشقىدىن قوزغىلىش خەۋپى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆزىنى سالماق كۆرسىتەتتى. بۇ يەردىكى تاماقلىنىش پەقەت ھاياتلىق ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى بايلىق ئۈچۈن ئىدى. ئۇ ھېلىقى ئۈچ پارچە گىرانىت تاشنى قەمەرىيە 12 - ئايغىچە كولاپ چىقىرىشنى پىلانلىغانىدى. شۇڭا، گورۇپپىلار ئارىسىدا ۋەزىيىتىنىڭ ئېغىر - يېنىك بولۇپ قېلىش سەۋەبى بىلەن كۆرۈلىدىغان زىددىيەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن گورۇپپا ئەزالىرىنى ياخشى تەڭشەش ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. شۇنىڭ بىلەن جاڭ بۇسەن ئۆتكۈرگە كىرىپ ئۆزىنىڭ ئورۇن - كۆرپىلىرى ئارىسىدىن دەپتەر بىلەن كونا بىر ماي قەلەمنى ئىزدەپ تېپىپ، بۇرادەرلىرىنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى، ياش پەرقى قاتارلىق جەھەتلەردىن ياخشى تەھلىل قىلىپ، ئۇلارنى گورۇپپىلارغا بۆلدى. بۇ جەھەتتە ئۇ سوڭ جىنچېڭدەك ھىيلىگەرلەرنىمۇ مىجەز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مۇۋاپىق تەڭشىدى. ئۇنداقتا ۋاڭ زېنخۇۋنىچۇ؟ باشقىلار ئۇنىڭ دېھقانچىلىقتىن باشقا ئەمەلىي ئىشلارغا زادىلا كارغا كەلمەيدىغان لاياقەتلىك گۆشباش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئاچچىقى يامان،

تېرىككەك شى مەنتاڭنى تەڭشەش ئۈنىڭغا خېلىلا تەس كەلدى. ئۇنى قەغەز يۈزىدىلا يەتتە ـ سەككىز قېتىم تەڭشىگەن بولدى. ئەنە شۇنداق ئەتراپلىق كۆزىتىش، ئىنچىكە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق گورۇپپا ئەزالىرىنىڭ يېڭى تىزىملىكى تەييار بولدى. ئۇ ئۆڭكۈردىن چىقىپ، بۇرادەرلەرنىڭ قاچىلىرىنى قويۇشۇپ، ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنى يەڭلىرىگە ئېرتقاچ، يەنىلا جىمجىتلىق ئىلكىدە ئەسنەۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بايىقى تىزىملىكنى كۆپچىلىككە ئالدىرىماي ئېلان قىلدى. كۆپچىلىك ئويلىمىغان يەردىن ئاڭلىق ھالدا ئۆز گورۇپپىلىرىغا ئۇيۇشتى. ھەركىم ئۆزىنى باشقىلارنىڭ كارغا كەلمەس، نان قېپى دەپ ئويلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

— پىكرىڭلار بارمۇ؟ ئەگەر پىكرىڭلار بولمىسا مۇشۇنداق بېكىتتۇق.

جاڭ بۇسەن ئىشنى ئۇستىلىق قىلىپ تېزلا پۈتكۈزۈۋەتمەكچىدى. لېكىن، ۋاڭ رېنخوۋ ئۇنىڭ خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىنى بۇزۇۋەتمەكچى بولدى.

— مەن شى مەنتاڭ بار گورۇپپىغا بارمايمەن، تىكەن ھامان پۈتقا كىرىدۇ، بىزنىڭ ئەزەلدىن ئېقىمىز كېلىشمەيدۇ.

باشقىلارنىڭ ئۇنى پەس كۆرمىگەنلىكى ئەسلىي ئۇنىڭ تەلىيى ئىدى. ئەكسىچە، ئۇ باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايۋاتاتتى. جاڭ بۇسەن ئۇنىڭغا نەشتەردەك تىكىلىپ سورىدى:

— ئۇنداق بولسا قايسى گورۇپپىغا بارغۇڭ بار؟

— سۇڭ جىنچېڭ بار گورۇپپىغا.

— ئالمايمىز. ئۇنىڭ بىزگە كېرىكى يوق، — سۇڭ جىنچېڭ كۈتۈلمىگەندە ۋارقىرىدى.

— ئۇنداق بولسا مەن بىرىنچى گورۇپپىغا باراي، — ۋاڭ رېنخوۋنىڭ يۈزى ئىزا تارتقانلىقتىنمۇ ۋە ياكى ئاچچىقلانغانلىقىدىنمۇ قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— ئۆردەكنىڭ ئىرغاڭلىشى ئۆزىگە تايىن، ئوت ئۆچسە كۈلى

قالدۇ، بىز ئۇنى بىلەلمەيمىز.
ۋاڭ رېنخوۋ بىچارىلەرچە زوڭلا ئولتۇرۇپ قالدى ۋە پەس ئاۋازدا:
— مېنى كېرەك قىلمىساڭلار، كەتكىنىم ياخشى، — دېدى.
ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ تۇرغان شي مەنتاڭ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تىللاپلا كەتتى.
— ھۇ، ھايۋان، ھەممە ئىشتا ئۆزىنىلا ئويلىغان، قىيان كەلگۈچە تۇغان تۇتقان ياخشى، سېنى باي قىلىمىز دەپ كەتمىنىڭنى بىز چاپساق بولامتى؟ كەتسەڭ تېز كەت، سەن بولمىغانغا ھېچ ئىش قىلالمايدۇ دەپ قالما، — ئۇ ئۆزىگە ھاي بېرەلمەي يېڭىنى تۇرۇپ ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن ئېتىلدى. قېشىدىكىلەر ئۇنى توسۇۋالدى.
جاڭ بۇسەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى. شەھەر ئالماق ئاسان، باشقۇرماق تەس، دېگەندەك ئۇنى تۇيۇقسىزلا غەم بېسىۋالغانىدى.
— شي مەنتاڭ، ئىت ئۇرساڭمۇ ئىگىسىگە باق، دېگەن گەپ بار، بۇرادەرلەرنى مەن تەكلىپ قىلىپ كەلگەن، سەن ئۇلاردىن بىرنى قوغلىساڭ، مەن قورساق كۆپۈكۈمنى ئۆيۈڭدىكىلەردىن ئالىمەن.
ۋاڭ رېنخوۋغا ئوبدانلا جان كىرىپ قالغانىدى. ئۇ شي مەنتاڭغا قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى. بۇ ھالدىن شي مەنتاڭنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، باشقىدىنلا ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى.
— رېنخوۋ، ئەركەك بولساڭ ئورنۇڭدىن تۇر، يۈت - قولۇڭ پالەچ بولمىغاندىن كېيىن سەنمۇ مەيدانغا چىق، ئۇنىڭ سېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكىنىنى كۆرۈپ باقاي.
ۋاھالەنكى، ئۇ دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى دەپ بويۇمدا قاپتۇ، دېگەن كۇنگە قېلىشىنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغانىدى. چۈنكى، لامزەللە ۋاڭ رېنخوۋ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، بېشىنى كالىدەك

سىلىپ ھۆمۈدىگىنىچە پەشتاقتىن چۈشۈپ باراتتى.
— قايتىپ كەل! — سۈك جىنچىپك ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى.
— ئادەم ئۆلگەننى كۆرگۈم يوق، — ۋاڭ رېنخۇۋ ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، قەدىمىنى داۋاملاشتۇردى.
سۈك جىنچىپك ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى توسۇۋالدى.
ھەقىقىي ئەزىمەت بوزەكنى بوزەك قىلمايدۇ، دېگەندەك شى مەنتاڭنىڭ ئالا كۆچۈكلىرى كېتىپ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى. جاڭ بۇسەن ئۇنىڭغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ تۇيۇقسىز كۈلۈپ كەتتى.
— مەنتاڭ، ئەگەر بىگىسلىك بولسا ھەممىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت، ئىككىمىز قالساقلا بولدى، ئالتۇنلارنى ئىككىمىز بۆلۈشىمىز ئەمەسمۇ؟
— مېنىڭدىن تويغان بولساڭ، گېپىڭنى ئوچۇق قىل، مەن ئۇنداق باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدىغانلاردىن ئەمەس.
— كېتەمسەن؟ باشقىلار كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، لېكىن ساڭا رۇخسەت يوق، مۇشۇك چېغىدا ئاسلىنىنى ئاسرايدۇ، سېنىڭ رولۇڭ چوڭ، بىز ۋېيىزىلىقلار دەل سەندەك يۈرەكلىك توپ بېشىغا موھتاج.
— سەن مېنى مازاق قىلىۋاتامسەن؟
— ئەگەر سۆزۈمنى مازاق دەپ چۈشەنسەڭ مەيلى، چوقۇم كۆتۈرۈشۈڭ كېرەك. مەن باش بولاي، سەن ماڭا ياردەمچى بول، قانداق؟
ئەتراپتىكىلەر داڭ قېتىپ قالغانىدى. ئالدى بىلەن ئۆزىنى رۇسلىۋالغىنى سۈك جىنچىپك بولدى.
— ياخشى، بۇ قارارنى مەن ھىمايە قىلىمەن، باشقىلارمۇ ھەم شۇنداق. كۆپچىلىك، قانداق دېدىم؟
بىرپەستىن كېيىن «ھە، ھىم» دېگەندەك ئاۋازلار ئاڭلاندى. لېكىن، بۇنى ئۇلارنىڭ ھەقىقىي چىنپۈتكىنى دېگىلى بولمايتتى. بۇ تۇيۇقسىزلىقتىن بىرپەس تېڭىرقاپ قالغان شى

مەنتاڭ بېشىنى چايقىدى، جاڭ بۆسەننىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئۇنىڭ مەيدىسىگە مۇشتلىدى.

— يوقال، يارىماس، تېز يوقال، مەن ئادەمنى خاتا تونۇپ قاپتىمەن.

— توپ بېشى، سەن توخۇنى سۇمۇرغ چاغلاپ قالدىڭ.

— مەن سۇمۇرغنى ئەلۋەتتە سۇمۇرغ دەيمەن.

شې مەنتاڭ بىرپەس جىمىپ قالغاندىن كېيىن تۆۋۇقسىز بېشىنى كۆتۈردى.

— بولىدۇ، دېگىنىڭچە بولسۇن! — ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېلىپ خىتاب قىلدى.

— مەن باش بولسام ئەلۋەتتە مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە خاس قائىدە ـ بەلگىلىمەم بولىدۇ، گەپنى يۇزمۇيۇز، ئوچۇق دېگەن ياخشى. تارقىلىپ كېتىشنى خالايدىغانلار هازىرلا قۇيرۇقىنى قولتۇقىغا قىسسۇن، ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا كىرىشىمىز، كىم بويۇنتاۋلىق قىلىدىكەن، مەن ئۇلارنىڭ خوتۇننى ئانىسىغا قوشۇپ، كۆزىگە كۆرسىتىپ قويىمەن. خوتۇنى يوقلارنىڭ پېيىنى قىرقىۋېتىمەن.

— مەن سېنىڭ ئۇلارنى بوزەك قىلالماسلىقىڭدىن ئەنسىرەيمەن، — جاڭ بۆسەن كۈلۈمسىرىگىنىچە ئەتراپتىكىلەرگە دېدى، — سىلەرمۇ شې فامىلىلىكتىن قورقۇپ كەتمەڭلار، ناۋادا ئۇ سەۋەبسىز ناهەق ئادەم ئۇرسا، مەن ئۆزۈم سۈرۈشتۈرۈۋالىمەن. كۆپچىلىككە قوم خالتا قىلىپ ئېسىپ بېرىمەن، لېكىن سىلەرمۇ دىققەت قىلىڭلار، بولۇپمۇ ئۇنىڭ چىشىغا ئورۇنسىز تېگىپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. قېنى كۆپچىلىك، پىكرىڭلار بارمۇ؟ ياخشى، يوق بولسا ئۆڭكۈرگە كىرىپ ئۇخلايلى.

خۇشاللىق خاپىلىقنىڭ ئانىسى دېگەن هېكمەتنىڭ ئۆزى بىر ھەقىقەت. جاڭ بۆسەن شې مەنتاڭغا قاراپ كۈلدى، قەدىمى

ئالتۇنلۇقنىڭ كۆزدىكى سوغۇق تېمپېراتۇرىسىدا كۆلكە ئاۋازىمۇ كىشىگە سوغۇق ئاڭلىناتتى.

— ئەتىلىككە بۇرادەرلەرنى دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرەيلى، چۈشتىن كېيىن هورنان پىشۇرۇپ، تۇگرە تۈگەيلى، بۇرادەرلەر ئوبدانراق تويۇنۇۋالسۇن.

— دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، تېرىقچىلارنىڭ مىجەزى تۇراقسىز كېلىدۇ، يەنىلا چىڭ تۇتقىنىمىز ياخشى، بوش قويۇپ بەرسەك بېشىمىزغا چىقىۋېلىشتىن يانمايدۇ.

شى مەنتاڭ قاپقارا قولى بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتكەچ ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى سالاھىيىتىنى يۈرىتىپ قويدى. جاڭ بۇسەن بېشىنى چايقاپ قويدى ۋە ئىچىدە پىچىرلىدى: بۇلاق سۈيىنى توسۇپ تۇرغانمۇ ياخشى، ناۋادا توسۇپ تۇرمىسا قۇرۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

ئون كۈندىن بۇيان لەخمىنى كولاش ئىشى جاڭ بۇسەننىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ بىر ھەسسە تېز بولۇۋاتاتتى. ئۇ سەگەكلىك بىلەن گۇرۇپپىلارنىڭ ئىشلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلاتتى. بولۇپمۇ ھەل قىلمىسا بولمايدىغان بەزى ئىشلارنى ئاساسلىق تۇتاتتى. جۈملىدىن گۇساڭلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ۋە ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش چارىلىرىنى ئىزدەش ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىدى. بەزى چاغلاردا ھەتتا بىردەم بولسىمۇ دەم ئېلىۋېلىشقا ۋاقىت چىقىرالمايتتى. ھېلىمۇ ئۇنىڭ تەلىيىگە شى مەنتاڭدەك غوللۇق ياردەمچىسىنىڭ بولۇپ قالغانلىقى ئۇنىڭ ئامىتى ئىدى. چۈنكى، ئىش باشلاپ ھازىرغىچە بۇرادەرلەر ئارىسىدا ئۆزئارا توقۇنۇشىدىغان، زىددىيەتلىشىپ قالىدىغان ئىشلار تېخى بايقالمىغانىدى. جاڭ بۇسەن بۇنىڭدىن خۇشال ئىدى. ئۇ شى مەنتاڭنى گۇرۇپپىدىكى ئەمگەك كۈچى ئەمەس، ھەقىقىي ياردەمچىسى ئورنىدا كۆرەتتى. بەزى چاغلاردا ئىككىسى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، بۇرادەرلەر بىلەن بىرنەچچە سائەت

ئىشلەپ قوياتتى. بۇ خىل ئەھۋال شى مەنتاڭنىڭ ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتۇپ، كۈندىلىك ئىشلارنى تېخىمۇ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئادا قىلاتتى. شى مەنتاڭ ئىلگىرى ئادەم باشقۇرۇپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ بۇ قېتىم بۇ ئورۇنغا قويۇلۇشى كۆتكىنىدىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق ئىش ئىدى. شۇڭا، مەسئۇلىيەتنى سادىقلىق بىلەن ئورۇنلاشتا ئاجايىپ ئاكتىپ، شۇنداقلا قاتتىق قول ئىدى.

— ئۈچىنچى گۇرۇپپا ئىككىنچى گۇرۇپپىغا قارىغاندا دەلمۇدەل ئىككى چى چوڭقۇرلۇقتا كولىغان.

— لامزەللە ۋاڭ رېنخوۋ يەنە ھۇرۇنلۇق قىلىۋېتىپتۇ، مەن ئۇنى شاپىلاق بىلەن جازالىدىم.

شى مەنتاڭ ئىش ئارىلىقلىرىدا جاڭ بۇسەنگە كۈندىلىك ئىشلارنى تولۇق دوكلات قىلىپ، ئۆزىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنىڭ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقانلىقىنى پۈرىتىپ قوياتتى. جاڭ بۇسەنمۇ ئۇنى ماختاپ ئۇچۇرۇش پۇرسىتىنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيتتى. گۇرۇپپىلار ئارىسىدىكى رىقابەت كەسكىن ئىدى، ئىسمېنا ئالماشقان گۇرۇپپا ئالدىنقى گۇرۇپپىدىن ئېشىپ كېتىش ئۈچۈن ھېچبولمىسا يېرىم چى چوڭقۇرلۇقتا كولاش ئۈچۈن جان تىكەتتى. ئەگەر ئۇنداق بولماي قالسا، ئىسمېنا ئالمىشىشقا يول قويۇلمايتتى، لاي ـ تاش تارتىش ئىشلىرىمۇ ئوڭۇشلۇق ئىدى، كەندىر ئارغامچا ياغاچ جاھازىغا ئورنىتىلغان سىيرىلما چاق ئارقىلىق كونترول قىلىنىدىغان بولۇپ، تارىختىكى بىرنەچچە قېتىملىق ئالتۇن قېزىش جەريانلىرىغا سېلىشتۇرغاندا كۈچىنى تېجەش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش جەھەتتە ئىلغار ئىدى. كىشىلەردىكى قىزغىنلىقتا پارتلاتقۇچ دورىلارنىڭ ھەيۋىسى قوشۇلۇپ، لەخمە تۆت جاڭ چوڭقۇرلۇقتا كولىنىپ بولدى. كىشىلەرگە ھاردۇق يەتكەن، خۇشاللىنارلىقى، قەدىمى ئالتۇنلۇقنىڭ لەخمە تېگى كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى. جاڭ بۇسەن ئۆز ئورۇنلىرىدا ئارام ئېلىۋاتقان بۇرادەرلىرىگە ئەتىكى دەم

ئېلىش ئۇقتۇرۇشىنى ئېلان قىلىپ بولۇشىغا، سۇڭ جىنچېڭ ئۇنى لەخمە يېنىغا باشلاپ كەلدى ۋە كەندىر ئارقان بىلەن بېلىدىن باغلاپ لەخمىگە ساڭگىلاتتى. ئارىلىقتىن مىنۇت ئۆتمەي جاڭ بۇسەننىڭ پۇتى سۇغا چۆكتى، سۇ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتاتتى، سۇ ئادەمنىڭ تىزىغىچە كېلەتتى، ھەممىدىن قورقۇنچلۇقى، لەخمىنىڭ تېمىدا بىرنەچچە تۆشۈك پەيدا بولۇپ قالغانىدى، مۇقىملىقنى يوقاتقان لەخمە تاملىرىنىڭ ھەر ۋاقىت ئۆرۈلۈپ چۈشۈش خەۋپى بار ئىدى، شي مەنتاڭ جاڭ بوسەنگە تەكەببۇرلۇق بىلەن تىكىلدى، ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن ئۆزىنىڭ خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغانلىقى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— راستىنلا جىنىڭدىن تويدۇڭمۇ؟

شي مەنتاڭ جاڭ بۇسەننىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلمىدى.

— ئالتۇن ئۈچۈن ئۆلۈشكە ئەرزىيدۇ.

— توپ بېشى، ھايات قىممەتلىك، ئۇنداق دەپ كەتمىگىن، — بۇ ۋاڭ رېنخوۋنىڭ ئاۋازى ئىدى.

جاڭ بۇسەن ۋاڭ رېنخوۋغا سوغۇق بىر نەزەر تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، شي مەنتاڭغا بۇيرۇق قىلغاچ ئارغامچىنى يېشىۋەتتى.

— تېز چىق.

يەتتە - سەككىز بۇرادەر ئۇلارنى ئورىۋالغان، ھە دەپ بىر - بىرىنى ئىتتىرەتتى، شي مەنتاڭ ئۆزىنى ئالدىغا ئېتىپ، ئارغامچىنى كۈچەپ ئالدىغا تارتتى.

— ھېچكىمنىڭ چىقىشىغا رۇخسەت يوق. توپ بېشى، ماختىغان قىز تويدا چىچىپتۇ، دېگەندەك ئۇلارنى يامان ئۆگىتىپ قويمىغىن.

جاڭ بۇسەن ئارغامچىنى ئۆزى تەرەپكە تارتىۋىدى، شي مەنتاڭ ئۇنى ئىتتىرىپ لەخمە تېمىنىڭ تۈۋىگە ئاپىرىپ قويدى. نەم توپىلار لەخمە تۈۋىگە، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا سۇغا توختىماي چۈشەتتى، ھەربىر چۈشكەندە سۇ يۈزىدە چەمبىرەكچىلەر ھاسىل بولۇپ، تۆت ئەتراپقا كېڭىيەتتى، جاڭ بۇسەن سۇ يۈزىنىڭ

قىيسىيىۋاتقانلىقىنى، لەخمىنىڭ ھەتتا پۈتكۈل يەر شارىنىڭ قىيسىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— مەنتاڭ، گېپىمنى ئاڭلا، ئالتۇننى ھامان ئادەم قازىدۇ، ئادەم ئۆلسە ھەممە بىر اقلا تۈگەيدۇ.

بۇ ئىلتىماسنىڭ جاڭ بۇسەننىڭ ئېغىزىدىن چىقىشى كۈتۈلمىگەن ئىش ئىدى. شې مەنتاڭ ھودۇقۇپ قالدى، ۋاڭ رېنخوۋ ئېتىلىپ بېرىپ كەندىر ئارقاننى بىلىكىگە باغلاپ ئۈستىگە قاراپ ۋارقىرىدى.

— تارتىڭلار، تېز تارتىۋېلىڭلار.

ئارىلىقتىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، لەخمە ئىچىدىكى سۇ بارغانچە كۆپەيمەكتە. شاپىلاق، شاپىلاقتەك تۇپا يارچىلىرى سىيرىلىپ چۈشۈپ، لەخمە ئىچىدىن بىر خىل ۋەھىمىلىك ئاۋاز ئاڭلىناتتى. تۆشۈك ئېغىزى خۇددى دوزاخ ئىشىكىگە ئوخشاش ۋەھىمىلىك ئىدى. باشقىلار تارتىپ چىقىرىلغان بولۇپ، لەخمىدە پەقەت جاڭ بۇسەن بىلەن شې مەنتاڭلا قالغانىدى.

— مەنتاڭ، ئالدى بىلەن كىم چىقسۇن؟ — جاڭ بۇسەن ئارقان بىلەن دەرھال ئۆزىنى باغلىدى - دە، قوشۇپ قويدى، — ئالتۇن قېزىش ئۈچۈن مەن بولمىسام مۇتلەق بولمايدۇ.

— مەن بولمىساممۇ زادى بولمايدۇ، — شې مەنتاڭ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى - يۇ، ئارقاننى تالاشمىدى.

— ئەگەر ساڭا بىرەر كېلىشمەسلىك كېلىپ قالسا...

— ئۆلۈمۈمنى ئاز تىله، قېنى چىق.

شې مەنتاڭ ئۇنى كۆچەپ ئىتتىرەتتى. جاڭ بۇسەن بىلىكىگە تايىنىپ يۇقىرىغا ئېسىلاتتى. بىر چاغدا شې مەنتاڭ ھالسىز ھالدا يۇقىرىغا قاراپ، جاڭ بۇسەننىڭ خەۋپتىن قۇتۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى. لەخمە ئىچىدىكى سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى، نەم تۇپىلار لەخمە تۈۋىگە سىيرىلاتتى، سۇ دولقۇنى ئۇنى خۇددى ئەزرائىل ئالدىغا يالاپ ئېلىپ

كېتمۋاتقاندەك، قەيەرلەرگىدۇر ئېتىلىۋېرەتتى. سۇ ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ بېلىگىچە كېلىپ قالغانىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ئەندىكىپ قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ، سۇغا چۆكتى ۋە سۇدىن بىرنەچچە يۇتۇم ئىچىپلا يەنە دەرھال ئورنىدىن تۇردى، ئۆزىنى ھازىرلا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك سېزەتتى.

شۇ مەنتالىق ئۆلمىگەنىدى، بۇرادەرلىرى قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆڭكۈرگە ئېلىپ كىرگەندە، يۈزلىرى خۇددى ئۆلۈكنىڭكىدىنمۇ بەتتەر بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان، بارلىق تۈيغۇلىرى غۇۋالىشىپ كەتكەنىدى. بىرھازادىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ ئۈمىدسىز كۆزى جاك بۇسەنگە تىكىلدى ۋە كېكەچلەپ دېدى:

— مەن، مەن ئۇ يەردە ئالۋاستى كۆردۈم، قىزىل، قارا، كۆك، ئاق، ئىشقىلىپ ھەر خىل رەڭدىكى ئالۋاستى، لەخمە ئاستىدىكى ئۆڭكۈر ئىچىدە.

جاك بۇسەن دەرھال ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ، ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قارىدى، ئۆڭكۈر ئىچىدە ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنىڭغا تەنبىھ بەردى.

— ئاغزىڭنى يۇم، يوق گەپ قىلما.

— توپ بېشى، مەن ئىلىكى قاتقان پۇتۇنسۇرۇك بىر ئەر تۇرۇپ، سېنى ئالداپ نېمە قىلاي؟ ئىشەنمىسەڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى.

— مەن ھەرگىز ئىشەنمەيمەن.

جاك بۇسەن ئۆڭكۈر تېشىغا چىققاندا، بۇرادەرلەر ئۇ يەر - بۇ يەردە يانپاشلاپ يېتىشقان، بەزىلىرى ئىڭغىر - ئىڭغىر ئۇھ تارتاتتى. بەزىلىرىنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، ئالتۇن كاللەكلىرىنى قېزىش ئىشى لەخمە ئاستىدىكى سۇ بىلەن ئاللىقاياقلارغا ئېقىپ كەتكەندەك قىلاتتى. دېمەك، ئۇلارنىڭ روھى چۈشكۈنلىشىپ، ئۆزلىرىنى تاشلىۋەتكەنىدى. بۇ ھالدىن

غەزەپلەنگەن جاڭ بوسەننىڭ ئولارنى چايناپ پوركوۋەتكوسى كېلىپ كەتتى. شونىڭ بىلەن ئو بىلىنى تۇتۇپ مەردانىلىك بىلەن ۋارقىرىدى:
— ئالتون قىزىش بەئەينى تىرىقچىلىق قىلىشقا ئوخشايدو، ئورۇق سالمىساڭ ھوسۇل ئالالمايسەن.
تۇيۇقسىز ئاڭلانغان خونۇك بىر ئوھسىنىش ئونىڭ سۆزىنى بۆلۈپ قويدى.
ئو ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىۋىدى، سوك جىنچىك لايغەزەللىك بىلەن بىلجىرلاۋېتىپتو.
— سونى توسويالمىغاندىكىن، ئالەمچە ياخشى گەپ بولسىمو، ھامان ئارتوقچە، قورۇق سۆز بىلەن قورساق تويمايدو، ئالتون قازغىلى تېخىمو بولمايدو.
جاڭ بوسەننىڭ ئاچچىقتىن گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ چىشلىرى كىرىشىپ كەتتى.
— بو ياققا كەل!
سوك جىنچىك بو قېتىم ئۆزىنى تاياققا ئاتاپ قويغاندەك، دادىل قەدەم بىلەن ئونىڭغا يېقىنلاشتى.
— سىنىڭچە، مىنىڭ بايىقى سۆزلىرىم ئارتوقچە ئىكەن - دە؟ قارىغاندا، سەن بۇرادەرلەرنى تارقىلىپ كەتسون دەيدىكەنسەن - دە؟
— يىلىمدەك سىغىز لاي بىلەنمو سونى توسوپ قالالمىغاندىن كېيىن تارقىلىپ كەتكىنىمىز تۇزۇك ئوخشايدو.
— سىغىز لاي؟ — جاڭ بوسەن بىرپەس تورۇپ قالدى ۋە قارشى تەرەپنىڭ بىلەرمەنلىك قىلىپ، ئۆزىنى ئوسال قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، ئونى كېلىشتورۇپ بىر موشت سالدى، لېكىن كۆڭلىدە بو لايغەزەلدىن مىننەتدار ئىدى. سىغىز لاي ئادەتتە ئاق ۋە قارا ئىككى خىل رەڭدە بولىدو، قارا سىغىز لاي شىلىمشىق يىلىم، ئېقى بولسا قورۇق يىلىم دەپ ئاتىلىدو، بولار ئادەتتە جىلىڭ دەرياسى ۋە ئونىڭ ئىككى قىرغىقىدا كۆپ

ئۇچرايدۇ، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇ دەريا سۈيى بىلەن جىلىنىڭ تاغلىرىدىن ئېقىپ كېلىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر يەرگە يىغىلغان بولىدۇ. ئالتۇن قازغۇچىلار ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش رولىنى بايقىغان، يەنى ئوت قالاش، چىنە - قاچا يەملەش، قۇم چايقايدىغان چايقىغۇچنى مۇقىملاشتۇرۇش قاتارلىقلاردا ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ، لېكىن ھېچكىممۇ ئۇنىڭ سېمونت بىلەن ئوخشاش خۇسۇسىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ۋېيزىلىقلار قول تىراكتورلىرىنى دەرھال ئىشقا سېلىپ، سېغىز لايلارنى يۆتكەپ كەلدى ۋە ئۇنى نۇرغۇنلىغان يېلىم كېسەكچىلىرىگە ئايلاندۇرۇپ، لەخمە ئاستىدىكى تۆشۈكچىلەرگە كەپلەشكە باشلىدى. شۇ ئارقىلىق لاي، قۇمنىڭ يۆتكىلىپ كېتىشىنىڭ ئۇنۇملۈك ئالدىنى ئالماقچى بولدى. بۇ ئىشنى بىرنەچچە كۈن لايچىلىق قىلىپ، ئۇستىكارغا ئايلانغان سۈك جىنچېك ئۇستىگە ئېلىپ ئورۇنلىدى. خەتەر قانچە چوڭ بولغانسېرى، جاڭ بۇسەن بىر تەرەپتىن ئۆز ھاياتىنى قوغداشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن تاكى كاللەك ئالتۇنلارنى كۆرمىگۈچە، ئۆلۈم خەتىرىگە قارىماسلىقنى ئويلايتتى.

تېخىمۇ مۇشەققەتلىك بولغان قېزىش ئىشى يەنە باشلاندى. لەخمە ئاستىدىن يەر ئاستى سۈيى ئۈزۈكسىز ئۆرلەيتتى. ئىلگىرى قۇرۇق قۇم ۋە قۇرۇق توپىلار قېزىلغان بولسا، ئەمدىلىكتە ھەربىر چېلەكنىڭ ئىچى سېمونت سۈپەتلىك لاي ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرادەرلەرنىڭ پۇتى ئاشۇ سوغۇق لاي - لاتقىلار ئىچىدە تۇرغاچقا، ئاسانلا بوغۇم ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ چىدىغۇسىز ئاغرىيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلاردا چېنىنى چىڭ چىشلەپ ئىشلىمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئەمدىلىكتە بەزىلەر يالغاندىن ئاغرىغان بولۇپ ئىشنى ئاقسىتىپ قويۇۋاتاتتى. شۇنداق، ئۇلارنىڭ بەزىسى ھەقىقەتەن ئاغرىپ

قالغانىدى.

شي مەنتاڭ ئۆڭكۈر ئىچىدە زېرىكىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بالدۇرراق كېسەلدىن ئۆرە بولۇپ، كۆز ئالدىدا دۆۋە - دۆۋە ئالتۇن كاللەكلىرىنى كۆرۈشنى، ئۆز قولى بىلەن سىلاشنى، ئالدى بىلەن ئۆزىگە تېگىشلىكىنى ئايرىۋېلىپ، ئاندىن باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىشنى ئۈمىد قىلاتتى. مەيلى يالغان ياكى راست ئاغرىغانلار بولسۇن، جاڭ بۇسەننىڭ ئۆزلىرىنى ئىشتىن قوغلىۋېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ۋاھالەنكى، ئۇلار ئەنە شۇنداق شېرىن خىياللار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىدىكى ئىشنى ئىلگىرى - كېيىن توت كۈن زارىقىپ كۈتكەن بولسىمۇ، جاڭ بۇسەننىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە بىرەر ئېغىز سۆزىنى ئاڭلىمىدى، ھەتتا ئۇنىڭ بىرەر قېتىم ئاچچىقلىنىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمىدى، ئەكسىچە ئۇلار بارغانچە ئەزىزلىنىپ، ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم جاڭ بۇسەننىڭ سالام - سائەتتىگە ئېرىشىدىغان قىممەتلىك مېھمانلارغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جاڭ بۇسەن ئۇلارنىڭ ئاز دېگەندىمۇ، ئىككى ۋاقلىق تاماقنى ئۆزى توشۇيتتى. بۇ ھالدىن بەزىلەر ئەنسىرەپ قېلىۋاتاتتى، ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئۇلار چوقۇم بىر كۈنى تەسىرلىنىپ، يەنە تەشەببۇسكارلىق بىلەن لەخمە تېگىگە چۈشۈشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار لەخمىدىكى سوغۇق سۇ ۋە ئېغىر جابدۇقلارنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ماماتلىقنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىنى، گۈرجەكنىڭ تاشقا تەگكەندىكى ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرىدىغان ھېلىقى ئاۋازنىڭ بەئەينى دوزاختىن كېلىدىغانلىقىنى ئەسكە ئالاتتى. تولۇن ئاي ئۆز جامالىنى بۇلۇت چۈمپەردىلىرى ئىچىگە يوشۇرغان تىمتاسلىق ئىلكىدىكى مەلۇم بىر ئاخشىمى، ئاشۇنداق ۋەسۋەسىگە چۆككەن ئۈچ كىشى ئالتۇن پەشتاقتىن تىۋىشسىزلا ئايرىلدى.

ئەتراپ يورۇغانىدى. ئۇلارنىڭ قاچقانلىقىنى ئالدى بىلەن شي مەنتاڭ بايقاپ قالدى، ئۇ ماغدۇرسىز ھالدا دەلدەڭشىگىنىچە

ئۆڭكوردىن چىقىپ تېخى ئەمدىلا لەخمىدىن چىققان جاك بوسەنگە بو خەۋەرنى يەتكوزدى. ئەكسىچە، جاك بوسەن ئونى تارتىپ، يۆلەپ دېگودەك خالىي بىر جايغا ئەكەلدى، ئارىلىقتىن بىرەر ئاش پىشىم ئۆتكەندىن كېيىن پەشتاقنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن شي مەنتاڭنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازى ئاڭلاندى. لەخمە تېگىدە ئىشلەۋاتقان ئون نەچچە بورادەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلارنىڭ ھەممىسى خوددى بىر توپ ھەرىدەك، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ئولاشتى. شي مەنتاڭ بو چاغدا ئاللىبورون باغلىۋېتىلگەن، ئوستىباشلىرى يىرتىلغان، مەيدىسىدىن قان تامچىلايتتى. جاك بوسەن كۆپچىلىككە قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھو ئاناڭنى، قېنى بورادەرلەر، ئېيتىپ بېقىڭلارچو؟ قاچاقچى بولغان خونپەرلەرنىڭ جازاسىنى بېرىش كېرەكمو - يوق؟

كۆپچىلىك بو تويوقسىزلىقتىن گاڭگىراپ، خوددى بىر توپ گاس - گاچىلاردەك مۆلدورلەپ قاراپ قالغانىدى.

— قائىدە - تەرتىپلىرىمىزگە رىئايە قىلمىغانلار بايقىلىدىكەن، شي مەنتاڭ تورماق ھەتتا ئاۋالوكسوۋارا بولسىمو ھەرگىز يوز - خاتىر قىلمايمەن.

ئو قولىدىكى دەرەخ شېخى بىلەن شي مەنتاڭنىڭ دومبىسىگە يەنە بىرنەچچىنى ئورۇۋەتتى.

— بو ھارامزادە ئەلۋەتتە جازالىنىشقا تېگىشلىك، — كىشىلەر ئارىسىدىكى ۋاڭ رېنخوۋ شي مەنتاڭغا قاراپ كولدى، — مېنىڭچە، ئونى ئوروپ ئۆلتوروش كېرەك.

شي مەنتاڭنىڭ ئادەتتىكى چاغلاردىكى ئۆكتەملىكى، بولۇپمو ئۆزىنىڭ تەكرار - تەكرار بوزەك قىلىنغانلىقى ھېلىھەم ئونىڭ كۆز ئالدىدا ئىدى. دېمەك، بو قېتىم قىساس ئېلىش پورسىتى ئونىڭغا قوچاق ئاچقانىدى.

— ئوروپ ئۆلتوروش؟ بو ئونىڭغا يېنىك بولۇپ قالىدو، ئىككىڭلار كېلىپ ئونى ئۆڭكور ئىچىگە ئەكىرىپ باغلىۋېتىڭلار، — جاك بوسەن چىشلىرىنى غوچورلاتقاچ ئارقىغا ياندى، سوك

جىنچىكى ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

— توپ بېشى، مەن سىزنىڭ چامباشچىلىق ماھارىتىڭىزنى سەل چاغلاپ قاپتىمەن، ئات، ئۆكۈزدەك كۈچلۈك شىر مەنتاڭنى خۇددى چوشقىنى باغلىغاندەك مىدىرلىيالماس قىلىپ قويغىنىڭىزنى كۆرۈپ ھەقىقەتەن ساڭا قايىل بولدۇم.

جاڭ بۇسەن مەغرۇرلۇق بىلەن سۆز كۈلۈمسىرەپ قويدى ـ يۇ، دەرھال ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلدى.

— مېنىڭ مەخپىيەتلىكىم پەقەت ساڭىلا ئاشكارا، ناۋادا ئالا كۆڭۈللۈك قىلىدىكەنسەن، سېنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيمەن.

سۆڭ جىنچىڭ ھىيلىگەرلىك بىلەن كۈلدى.

— ھەددىم ئەمەس، ئىشەنسەڭ، مەن كىچە ـ كۈندۈز سىزنىڭ غېمىڭدە.

جاڭ بۇسەن ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى. ئەمەلىيەتتە سۆڭ جىنچېڭدىن باشقا ھەرقانداق بىر كىشى بايىقى ئىشلارنىڭ جىسمانىي ئازاب ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى ھەرگىزمۇ قىياس قىلالمايتتى. شىر مەنتاڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ ئاز ـ تولا ئازار يېسىمۇ، لېكىن زىيىنىدىن پايدىسى كۆپ، تازا كۆڭۈلدىكىدەك سودا ئىدى. چۈنكى، ئۇ شۇنىڭ بىلەن لەخمە ئاستىغا چۈشۈپ قېيىنلىشتىن، جىن ـ شاياتۇنلار بىلەن يۈزلىشىشتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. گەرچە جاڭ بۇسەن ئەڭ ياخشى مەدەتكارى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئازاب ۋە مۇشكۈلاتلار ئالدىدا بەربىر ئاجىز. ئۇ بىر قېتىم ئۆلۈپ تىرىلدى، بۇ دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆز مەنپەئەتى ۋە ھالاۋىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، دېمەك، ئۇ ھېلىقىدەك ۋەھىمە ۋە كۈلپەتلەردىن ئاللىبۇرۇن جاق تويغان !

قېزىش ئىشلىرى ئىزچىل داۋاملاشماقتا، ھالبۇكى، جاڭ بۇسەننىڭ ئەقىل ئىشلىتىشى بىلەن يەنە باشقىدىن يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈلگەن بۇرادەرلەردىكى روھىي قىزغىنلىق، ھاۋانىڭ سوۋۇشى ۋە قېزىش ئىشلىرىنىڭ بارغانچە مۇشكۈللىشىپ كېتىشى بىلەن كۈندىن ـ كۈنگە سۇسلاپ بارماقتا ئىدى، ھاۋا

سوۋۇپ يەرلەر توڭلاپ قاتقان، بۇرادەرلەرگە ھاردۇق يەتكەندى، بۇرادەرلەر قەلبىدىكى قىزغىنلىق ۋە رىقابەت ئېڭىغا تويۇنغان تەۋەككۇلچىلىك روھى ئەمدىلىكتە ئۇمىدسىزلىك ئىلكىدە ئۆڭمەكتە، ھالسىرىماقتا ئىدى. بىرىنچى گۇرۇپپا بىر چى قازغان بولسا، ئىككىنچى گۇرۇپپا ئىسمىنى ئالماشقاندا، ئۆزئارا پىچىرلىشىپ مەسلىھەتكە كېلەتتى: ھۇرۇنلۇق قىلماسلىقنىڭ ئۆزى غەلىتىلىك، بىزمۇ ھە ـ ھۇ دەپ ئىككى چى ئەتراپىدا كولاپ بولدى قىلايلى. ئۈچىنچى گۇرۇپپا گەرچە بىرەر يېرىم چى كولاشنى ئويلاشسىمۇ، لېكىن ماغدۇرسىز، بولۇپمۇ كەيپىيات تۇراقسىز بولغاچقا، ئاز ـ تولا نەيرەڭ ئىشلىتىپلا مەسئۇلىيەتتىن قاچاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر خىل بىنورمال كەيپىيات ھەقىقىي باش كۆتۈرۈپ، ئىشنىڭ سۈرئىتى ۋە سۈپىتىگە ئېغىر تەھدىت بولۇپ قالغانىدى. ئامالسىز قالغان جاڭ بۇسەن گۇرۇپپىلار چوقۇم گۇرۇپپىلارغا ئاخىرىغىچە ئەگىشىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. مەيلى قانداق بولمىسۇن، لەخمە تېگىدە ئۇ يەنىلا باشلامچىلىق بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەيتتى. جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق سۇ ئۇنىڭ پۇتلىرىغا خىرىس قىلاتتى. پۇتلىرى سوغۇق سۇنىڭ مەرھەمەتتى بىلەن قېتىپ كۇيۇشۇپ ئاغرىغاندا، نائىلاج تىزلىنىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولاتتى. تىنىمسىز ھالدا ئۇلتۇرۇپ ـ قوپۇپ جان پىدالىق بىلەن ئىشلەش جەريانىدا، جوتۇلار گەپكە كىرىپ، توپىلار بوشاپ، تاشلار پارچىلىنىپ، ئەتراپتىكى بىر توپ گۇرجەكلەرگە ئىش تېپىپ تۇراتتى. چېلەكلەرگە قاچىلانغان تاش ـ داشقاللار بىردەم ـ بىردەم قۇرۇقدىلىپ تۇراتتى، جاڭ بۇسەن چىشىنى چىڭ چىشلەپ ئىشلەش بەدىلىگە گۇرۇپپىلارنىڭ سۈرئىتى ھەرھالدا باشتىكى ئىزىغا چۈشكەن بولدى، لېكىن ئۇ گۇرۇپپىلارنىڭ ئىككى ئايلىنىشى بىلەن، يەنى تاماق يەپ ئاز ـ تولا ھاردۇق ئالغانى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئالتە قېتىم لەخمە تېگىگە چۈشۈپ ئاخىر ھاردۇق يېتىپ ماغدۇرسىز ھالدا لەخمە ئىچىگە يىقىلدى.

باشقىلار ئۇنى شۇ ھامان لەخمىدىن تارتىپ چىقىرىپ، ئۆڭكۈر ئىچىگە ئەكىردى، ئۇ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى شىپ مەنتاڭغا تىكىپ ئاستا پىچىرلىدى.

— مەنتاڭ، ماڭا يەنە بىر قېتىم ياردەم قىل، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان خېلى ئوبدانلا ھاردۇق ئېلىۋالدىڭ. لەخمىگە چۈشۈپ بۇرادەرلەرگە يېتەكچىلىك قىلغان بولساڭ، ئىش ھەرگىز ئاقساپ قالمىغان بولسا، مەن ئازراق ئۇخلىۋالاي.

— ھەي، پاقا ھەرگىزمۇ سەركە بولالمايدۇ، بۇرادەرلەرنىڭ نەزىرىدىن قالغان تۇرسام، ئەمدىلىكتە قانداقمۇ كۆپچىلىككە باشچىلىق قىلالايمەن؟

ئۆڭكۈر ئىچىدە كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، ئازلا ئۆتمەي ئارام ئېلىۋاتقان سۇڭ جىنچېڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مېنىڭ شىپ مەنتاڭنى ئەيىبكە بۇيرۇغىنىم ئەمەس، لېكىن ئۇ ھازىر تاتلىقى يوق خەمەك، تەمى يوق تەرخەمەككىلا ئوخشاپ قالدى. مېنىڭچە... — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ پىخىلداپ كۈلدى.

— گېپىڭنىڭ ئاخىرىنى دېمەمسەن، لامزەللىلىك قىلماي.

سۇڭ جىنچېڭ مەيدىسىگە مۇشتلىدى:

— مەن ساڭا ياردەمچى بولسام دەيمەن.

جاڭ بۇسەن دەرھال بېشىنى چايقىدى:

— سېنىڭ يېشىڭ بۇنىڭغا كىچىكلىك قىلىدۇ، قەلەمتىراش بىلەن پىچاقنىڭ ھەرھالدا پەرقى بار.

— مەن ئۇ چوشقىلارنىڭ گېپىگە كىرمەسلىكىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. مېنىڭ ئامالىم بار.

جاڭ بۇسەن بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن تۈيۇقسىز قارار قىلدى:

— بولىدۇ، تەلىپىڭگە قوشۇلدۇم. قانچىلىك كولاش مۇھىم ئەمەس، لېكىن بۇرادەرلەرنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ھەممىدىن

مۇھىم.

جاڭ بۇسەن ئۆزىنى باشقىدىن تېرە كۆرپىگە تاشلاپ كۆزىنى يۇمدى، ئۇنىڭ ئەمدىلىكتىكى بىردىنبىر خىيالى بالدۇرراق ئۇخلاش، بىردەم بولسىمۇ ھەممىنى ئۇنتۇش ئىدى.

ئەرلىرىنىڭ قايتىپ كېلىش مۇددىتى ئاللىبۇرۇن توشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ۋېيزى كەنتىدىكى خوتۇنلار مەھەللىنىڭ ئېغىزىغا، دەرەخ ئاستى ۋە ئېشىك ئالدىدا توپلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ يولىغا تەلمۈرەتتى. تالاش ـ تارتىش قىلاتتى، ئەنسىرەش، دەككە ـ دۈككە، سېغىنىش ۋە زارىقىپ كۈتۈش ئىلكىدىكى ھېسسىيات ئۇلارنى موللا تاپقاق، پالچى، پېرىخون قىلىۋەتكەنىدى. بىر ـ بىرىدىن تەسەللى ئىزدەيتتى، ئۇخلىسىمۇ چۈشلىرى بۇزۇلۇپ، ئازاب بىلەن تولغىناتتى، ۋاڭ رېنخوۋنىڭ خوتۇنى ھەرھالدا باشقىلارغا قارىغاندا ئىش كۆرگەن، يۈرەكلىكرەك ئايال بولغاچقا، باشقىلار بىلىپ ـ بىلمەي ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭمۇ كەيپىياتى باشقىلارنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. پال بېقىپ، تۈگىمەس خىياللار بىلەن تەسەللى ئىزدىگەنسېرى كۆڭلىنىڭ تېخىمۇ بىسەرەمجان بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان بۇ ئايال ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— ئەڭ ياخشىسى بىز ھەممىمىز ئالتۇنلۇققا بېرىپ، بالىچاقىسى، ئائىلىسىنى ئۇنتۇغان ئاشۇ بىر توپ ۋاپاسىزلارنىڭ ئۇ يەردە زادى نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ باقايلى، قانداق دەيسىلەر؟

ئەتراپ جىمجىت، ئەتىگەندىن بېرى ئېغىزلىرى خۇددى كۈھىقاپنىڭ ئېغىزىدەك ئېچىلىپ كەتكەن بۇ خوتۇنلارنىڭ ئېغىزلىرى تۇيۇقسىزلا پۈتۈپ قالغاندەك، ھېچكىممۇ ئۈندىمەي بېزىرىپ قاراپ تۇراتتى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاخىر بىرى ئۆكتە قوپتى:

— بارغۇڭ كەلسە ئۆزۈڭ بار، مېنىڭ ئېرىم تېخى ئۆلمىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ يۈرىكى بىر خىل شۇملۇقتىن ئېغىپ كەتتى ۋە ئالدىدا تۇرغان بۇ مىشچانلارغا ئىپادىسىز قاراپ قويغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز ئىچىدە ئويلاپ قالدى: ئەجەبا، مېنىڭ ئېرىم ئۆلگەنمىدۇ؟ چوتنى ئالدىراپ سوقۇشما، كىمنىڭ ئېرىنىڭ ئەرۋاھقا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كېيىن بىلىمىز، ئۇ بايىقى خوتۇننىڭ سۆزىنى ھەقىقەتەن ھار ئالغانىدى. شۇ كۈنى ئۇ چۈش كۆردى، چۈشىدە چىرايىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بىر توپ كىشى ۋېيىزى كەنتىگە قايتىپ كەپتۇدەك، ئۇلار كەنتنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن يەنە غايىب بولۇپ كېتىپتىمىش.

بۇ قاباھەتلىك چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغان ئايال ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن چۈشىدە كۆرگەن سىيمالارنى ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ ئەرۋاھى دەپ جەزملەشتۈردى. ئۇنداقتا نامىشەرىپنى قالدۇرماي، چىرايىنىمۇ كۆرسەتمەي خوشلاشقىلى كەلگەن زادى كىمنىڭ ئەرۋاھىدۇ؟ ئىشقىلىپ، ئۇ ئەرۋاھنىڭ رېنخوۋنىڭ بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، رېنخوۋ ئەرۋاھقا ئايلىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، چوقۇم ئۆيگە قايتىپ كېلىدۇ، ئۇ چۈشىدە كۆرگەن مەنزىرىلەرنى يەنە بىر قېتىم كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقتى. ئېنىقكى، ھېلىقى ئەرۋاھلاردىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ باقمىدى، لېكىن ئۇ ئاشۇ خىرەلىكلەر ئىچىدىن كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىدا بىرپەس ئىككىلىنىپ تۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئېھتىمال، ئۇ ئەرۋاھنىڭ ئۆزىگە قىلىدىغان سۆزى بارمۇ ـ قانداق؟ ۋېيىزىلىق ئەرلەر ئىچىدە ئۇنى چىن قەلبىدىن سېغىنىدىغان يەنە كىممۇ بار دەيسىز؟ ئۇ ئويلىغانسېرى تەشۋىشلىنەتتى، قانچە ئەستايىدىل ئويلىغانسېرى ھېلىقى چىرايىنىڭ بارغانچە ۋاڭ رېنخوۋنىڭ چىرايىغا ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى تىكەنلىشىپ كەتتى. دېمەك، ئۇنى قورقۇنچلۇق بىر خىل گۇمان ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۆز ئورنىدا زادىلا ئولتۇرالماي

قىلىۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بوپىسىنى تېڭىپ، يەيدىغىنىنى غەملەپ، يولغا چىقىشقا تەييارلاندى ـ يۇ، ئۆزىنىڭ ئاجىز بىر ئايال ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل ئىككىلىنىش بىر نەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ئاخىر يەنە بىر قېتىم قەتئىي قارارغا كېلىپ، سەپەرگە ئاتلانماقچى بولدى.

كۆز سەھىرى تەبىئەتنى باغاشلىغان، ئىزغىرىن شامالدا ئەتراپ تىمتاسلىققا چۆمگەن مەھەلدە، يۇرىكى قەدىرلىك ئېرى ئۇچۇن گۇپۇلدەپ سوقۇپ تۇرغان بىر ئايال ناھىيە بازىرىغا كېلىپ، ئالتۇنلۇق قېشىدىكى كەنتكە ئىككى كۈندە بىر قېتىم ئاپتوبۇس قاتنايدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلدى. ئۇنىڭ يېنىدا پەقەت يەتتە يۈەنلا بار ئىدى، بەش يېرىم يۈەنگە بېلەت سېتىۋېلىپ، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك گىرەلىشىپ كەتكەن ئۆزگىچە بىر خىل كەيپىيات بىلەن بۇ كىچىككىنە كەنتكە يېتىپ كەلدى، شۇ كېچىنى دالىدىدا ئاران ئۆتكۈزۈپ، تاڭ ئاتقان ھامان تاڭغۇت جىلغىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ تۆتىنچى كۈنى چۈشتە قەدىمىي ئالتۇنلۇق جايلاشقان جىلغا تۇزلەڭلىكىدە پەيدا بولدى.

قەدىمىي ئالتۇنلۇققا كېلىپ باقمىغان كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئالتۇنلۇق ھەرقانداق ۋاقىتتا ئادەمزاتسىز، ئېغىر سۈكۈت ئىلكىدىكى تىمتاس چۆللۈك ئىدى.

چۈش. غەيرىي، تەبىئىي مەنزىرىلەر ئالتۇندەك قۇياش نۇرى ئاستىدا كۆزنى قاماشتۇراتتى، رېنخوۋنىڭ خوتۇنى شۇنى ھېس قىلدىكى، پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە يەرلەرنىڭ چۈش پەيتى ئوخشاش، ئاسماندىكى پارلاپ تۇرغان قۇياش يۇمىلاق، نۇرى يېقىشلىق ۋە بىباھا! ئۇنىڭدا يەنە قۇياش نۇرى بىلەن زېمىن تەپتىدىن ھاسىل بولغان ئالتۇن رەڭ گىرەلەشمىسىدىن ئاسمان رەڭگارەڭ تۇسكە كىرگەندەك، بىردە خۇشبۇي، بىردە قاڭسىق پۇراۋاتقاندەك، بەجايىكى، قولنى سوزۇپلا ئاشۇ نۇر دولقۇنلىرىنى

تۇتۇۋالغىلى بولىدىغاندەك غەيرىي بىر ئۆزگىچە تۇيغۇمۇ شەكىللەنمەكتە ئىدى. ئۇ ئىختىيارسىز قولىنى ئۇزارتىپ بايىقى نۇر دولقۇنلىرىنى قامالىماقچى بولدى، لېكىن تىرناقلىرى ئالىقانلىرىغا پېتىپ سەل ئاغرىق ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلى ھەقىقەتەن تەسكىن تېپىپ قالغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، ئۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇقتا بارلىق نەرسىلەرنى، ھەتتا ھاۋانىمۇ قولىدا تۇتالايدىغانلىقىغا ئىختىيارسىز ئىشىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ بىرنەچچە خوتۇننى كۆرۈپ، ئۇلارنىمۇ ئەرلىرىنى يوقلىغىلى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىپ، كۆڭلى خېلى ئارام تېپىپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېرىنى يوقلاپ ئەمەس، ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالغىلى كەلگەنلىكىنى تامامەن ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئاشۇ خوتۇنلارنىڭ يەنىلا بۇتتەك قېتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇققا قەدەم باسقاندىكى ھېلىقى قورقۇنچ ۋە ھودۇقۇشنىڭ قايتىدىن قەلبىنى ئىسكەنجىگە ئېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، دەرھال قەدىمىنى ئۇلار تەرەپكە يۆتكىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇ ھېلىقى خوتۇنلاردىن ۋېيزىلىقلارنىڭ ئۇچۇرىنى سورىۋىدى، ئۇلار ناھايىتى سوغۇق تەلەپپۇزدا ئۆزىنى ۋېيزىلىق دەپ ئاتىۋالغان بىرەرسىنىڭ ئۆزلىرىنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئىزدەپ كەلمىگەنلىكىدىن داتلاپ ئۇنىڭغا سوغۇق تەگدى.

— ئۇلارنىڭ ئۇينىشى بار، — ئۇلار يان تەرەپتە قىيسىيىپ ئۆرۈلۈپ چۈشەيلا دەپ قالغان كېسەك ئۆيلەرنى ئىشارەت قىلدى.

— كىممۇ؟

— بىلمەيمىز، ئۇ خوتۇن بىز بىلەن ئالاقە قىلمايدۇ.

رېنخوۋنىڭ خوتۇنى لۇ قىزچاقنىڭ شۇ ئۆيدە تۇرىدىغانلىقىنى قىياس قىلدى، بېرىپ قارىۋىدى، ئىشىكنىڭ قۇلۇپلانغانلىقىنى كۆردى ۋە بىرپەس ساقلاپ بېقىپ مەقسەتسىز ھالدا ئالدىغا قاراپ قەدەم تاشلىدى.

— ھەي، قەدىمىي ئالتۇنلۇقتا نەچچە ئون مىڭ ئادەم

كوللېكتىپ يۈرىدۇ. نەگە بېرىپ ئىزدىمەكچىسىز؟ — تۇيۇقسىز ئارقىدىن بىر خوتۇننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. رېنخوۋېنىڭ خوتۇنى ئىزىدا توختاپ قالدى.

— مەيلى، كېتىۋەرسۇن، ئەرلەرنىڭ نەدە تۇرۇپ، نەلەردە يۈرۈشىنى پەقەت ئېقىن سۇلا بىلىدۇ، دەپتىكەن. ھەي، خوتۇن، سەن مۇشۇ دەريا ئېقىنىنى بويلاپ تۆۋەنگە قاراپ مېڭىۋەرسەڭ، ئېھتىمال ئىزدىگەن ئادىمىڭنى ئۇچرىتىپ قېلىشىڭ مۇمكىن، — دېدى ئارىدىن بىر ئايال.

ئۇ ھېلىقى ئايال كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى، دەرۋەقە بىر ئېقىن دەريا خۇددى باشقىلارنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك، يېنىك شىلدىرلاپ، ئاستا ئېقىۋاتاتتى. ئۇ ھېلىقى خوتۇنغا مىننەتدارلىق نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، دەرھال دەريا قېشىغا كەلدى ـ دە، يۈز ـ كۆزلىرىنى ھۇزۇرلىنىپ يۇيۇپ، بىرپەس دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، دەريا ئېقىنىغا ئەگىشىپ يۈرۈپ كەتتى. ناۋادا ۋېيزى كەنتىدە مۇشۇنداق بىرەر دەريا بولۇپ قالغان بولسا، قۇرغاقچىلىقنىڭ دەرد ـ ئەلىمىنى ھەرگىز تارتمىغان بولاتتۇق، دەپ ئويلاپ قالدى، دەريا بولغانىكەن، چوقۇم يېشىللىق بولىدۇ، زىرائەت ئوخشايدۇ، كىشى ئۆزىنىڭ ھېرىپ ـ چارچىغىنىنىمۇ بىلمەيلا قالىدۇ، يۇيۇنۇپ تۇرسا ئادەم پاكىز ۋە ساغلام بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمدىلىكتە، ئۇ ئۆزىنى ئازاراقمۇ چارچىمىغاندەك، ھېچقانداق يول يۈرمىگەندەك، كەيپىياتىنىڭمۇ كۆتۈرەڭگۈ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ھەتتا ئېرى ئانچە يىراق بولمىغان دالدىدا ئۆزىنى ساقلاۋاتقاندەك تۇيغۇدا يۈرىكى تېپچەكلەيتتى، ئۇنداق بولمىسا ئاۋۇ ياپيېشىل ئورماندىكى كۆلەڭگىلەر ئادەمنىڭ بولماي ھايۋانىنىڭمىدى ئەممىسە؟ ئايال دىمىقىدا كۈلۈپ قويدى، لېكىن ئۇ ھېلىقى كۆلەڭگىلەرنىڭ ئەسلىدە ۋېيزىلىقلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان گۇساڭلارنىڭ ئىكەنلىكىنى ئەسلا بىلمەيتتى. گۇساڭلارمۇ كېلىۋاتقان خوتۇننىڭ ۋېيزىلىقلاردىن بىرىنىڭ

خوتۇنى ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتى. پەقەت ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغىنى، تەنھا بىر خوتۇننىڭ خەتەرگە قارىماي، بۇ چۆللۈكتە خۇددى سەيياھلاردەك ئايلىنىپ يۈرۈشى ئىدى.

— قارىغاندا، بۇ يەرگە تېخى ئەمدىلا كەلگەن ئوخشايدۇ، — دېدى گۇساڭ ئاكا بۇرادەرلىرىگە.

ئايال ئۇلارغا قىزىقىش ئىلكىدە نەزەر تاشلىغىنىچە كېلىۋاتاتتى. گۇساڭ ئاكا ئالدىغىراق ئۆتۈپ ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى، ئايال دەرھال قەدىمىنى توختاتتى.

— نەگە بارماقچى، جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ؟

— مەن ئېرىمنى ئىزدەپ كەلگەن.

— بۇ يەردىكى ھەممىمىز سېنىڭ ئېرىڭ بولىمىز، — ئارىسىدىكى بىرى قاقاھلاپ كۈلدى.

— تېز قايتىپ كەتكىن، ئەڭ ياخشىسى جىلىڭ تۈزلەڭلىكىگە بېرىپ ساقلاپ تۇر، ئېرىڭ چوقۇم سېنى ئىزدەپ بارىدۇ، — گۇساڭ ئاكا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى.

— ئاكا، مېنىڭ ئېرىم ۋېيزى كەنتىدىن، سىز ئۇلارنى كۆردىڭىزمۇ؟

ئورمان ئىچىدىكىلەرنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتكەندى، ئۇلار ھودۇققىنىچە بىر - بىرىگە قارايتتى. چۈنكى، ۋېيزىلىق خوتۇننىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالتۇن قېزىش دائىرىسىگە كىرگىنى خۇددى بىر پارچە گۆشنىڭ ئاچ بۆرىنىڭ ئاغزىغا تاشلاپ بېرىلگىنىگە ئوخشاش ئىش ئىدى. ئەكسىچە، ئايال ئۇلارنى ئاڭلىمىدى، دەپ قارىدى بولغاي، بايىقى سوئالىنى تەكرارلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگە بىرنەچچە تەلۋە ئورمان ئىچىدىن چىقتى - دە، ئۇنىڭغا نەشتەردەك تىكىلدى. ئايال ۋەھىمە ئىچىدە ئارقىغا بىرنەچچە قەدەم چېكىنىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتى.

— ئاكا.

— بۈگۈن سېنىڭ ئاشۇ ئاكاڭ بەدىنىڭدىن يۈز تۆشۈك

ئېچىۋەتمىسە ھېساب ئەمەس، — ئارىدىن بىرسى ۋېيىزىلىقلاردىن ئالالمىغان بارلىق قىساسىنى پەقەت مۇشۇ خوتۇندىن ئالماقچى بولغاندەك، ئۆچمەنلىك بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئۇنىڭغا گۆلەيدى.

رېنخوۋنىڭ خوتۇنى ئەمدىلىكتە ئارتۇقچە ئويلاپ تۇرمايلا ئارقىغا ئۆرۈلدى ـ دە، بەدەر قاچتى. بايىقىلار ئۇنى قوغلاي دەپ تۇرۇشىغا، گۇساڭ ئاكا ئۇلارنىڭ يولىنى توستى.

— بىر ئاجىز خوتۇننى بوزەك قىلىش ئەركەكنىڭ ئىشى ئەمەس.

— دېمەك، سەن ھەقىقىي ئەر، چۈنكى سەن خوتۇنلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى بىلىسەن، شۇنداقمۇ؟ — ئارىدىن بىرسى ئاڭلىغۇدەك قىلىپ پىچىرلىدى.

باشقىلار يىراقلاپ كېتىۋاتقان بايىقى خوتۇننىڭ ئارقىسىدىن تىل قويۇۋېتەتتى. ئۇلار بىرھازا تىللىغاندىن كېيىن قاقاھلاپ كۈلۈشكىنىچە، بىر ـ بىرىنىڭ مەيدىلىرىگە مۇشتلاپ قويىدى. چۈنكى، ھېلىقى خوتۇننىڭ قۇيرۇقىنى خادا قىلىشى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پۈتكۈل ۋېيىزىلىقلارنىڭ مەغلۇبىيىتى، ئۆزلىرىنىڭ بولسا ھالقىلىق پەيتتىكى ئەڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى ئىدى.

رېنخوۋنىڭ خوتۇنى شۇ قاچقىنىچە ئاخىر جىلىڭ تۇزلەڭلىكىگە كېلىپ، ماغدۇرسىزلانغان ھالدا كونا بىر كېسەك ئۆي ئالدىغا يىقىلدى. ئۆيدىن ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن چىققان ناتونۇش ئايال سۆزلەپلا كەتتى.

— نېمە بولدى، قاراقچىغا ئۇچراپ قالدىڭمۇ نېمە؟ بارمىغىن دېسەم زادىلا ئۇنىمىدىڭ.

— ئاچا، ئېرىمنى تاپالمىدىم، بۈگۈن ئاخشامنى نەدىمۇ ئۆتكۈزەرمەن؟

ئۇ ئايال گەپ قىلماستىن ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي قايتىپ چىقتى ـ دە، ئۇنىڭغا دېدى:

— ئەگەر راستىنلا ئامالسىز قالغان بولساڭ، ئۇنداقتا

ئىككىمىز بىر سۆيىدا ئۆخلىماي ئامال يوق.

ۋاڭ رېنخوۋنىڭ خوتۇنىنىڭ كۆزلىرىدىن مىننەتدارلىق ياشلىرى تامچىلايتتى، ئۇنى ھەممىدىن تەسىرلەندۇرگىنى ئايال ئۇنىڭ كەچلىك تامىقى ئۈچۈن ئاددىي بولسىمۇ بىر چىنە شورپا، بىر دانە پىلتە قويماق تەييارلاپ بەرگەنىدى، بۇنداق پەيتتە قورساقنىڭ ئەستەرلەنگەنلىكىنىڭ ئۆزى بىر ئامەت ئىدى، رېنخوۋنىڭ خوتۇنى شۇ پەيتتە بۇ مېھرىبان ئايالنىڭ ئاق كۆڭۈل ۋە سېخىيلىقىنى مەدھىيەلەشكە راستتىنلا سۆز تاپالمايۋاتاتتى.

ئۇلار ئاخىر يېتىپ قېلىشتى، تۈن نىسپىدە كىملەردۇر ئىشىكنى قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى، ئىشىك ئېچىلىش بىلەن ناتونۇش، تەمبەل كەلگەن ئۈچ ئالتۇن قازغۇچى كىرىپ كەلدى ۋە ناتونۇش بىر ئايالنىڭ ئۆزلىرىگە قورقۇمسىراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قىزىقىش ئىلكىدە ئۆي ئىگىسى ئايالدىن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىدى. ئۆي ئىگىسى ئايال ئۇنىڭ يولۇچى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتمۇيدى، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. بۇ چاغدا رېنخوۋنىڭ خوتۇنى كىيىملىرىنى كىيىپ، يوتقانغا ئورىنىپ، بىر چەتتە تىترەپ تۇراتتى.

— بۇگۈن ھەقىقەتەن تەلىيىمىز كەلگەن ئوخشايدۇ، ئالتۇندىنمۇ ئامەت بار، — بومبا ساقاللىق بىرسى سۆيىگە يېقىنلاشتى. ئۆي ئىگىسى ئايال ئۇنى توسۇۋېلىپ ئالىقىنىنى تەڭلىدى.

— خاتىرجەم بول، ساڭا چوقۇم كۆپ بېرىمىز.

— زادى قانچىلىك؟ — ئايال ئالدىراپ سورىدى.

بومبا ساقاللىق ئىككى بۇرادىرىگە قايرىلىپ قاراپ قويدى. ئارىدىن بىرسى بېگىز بارمىقىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

— بولمايدۇ، سىلەر مېنىڭ ياخشىلىقىمنى ئۇنتۇپ قالساڭلار بولمايدۇ، كېيىن مەن يەنە سىلەرنى تېخىمۇ يېڭى مەئىشەتلەردىن بەھرىمەن قىلىمەن.

— ئۇنداق بولسا يەنە بىرنى قوشۇپ قويايلى، بۈگۈنكى

ئامىتىمىزنىڭ ئاتىغىنى بولۇپ قالسۇن.

بومبا ساقاللىق قويۇن يانچۇقىدىن چوڭ بىر تۇگۈنچەكنى چىقىرىپ ئاۋايلاپ ئاچتى ـ دە، ئىككى تال چوكا ئالتۇننى ئۇنىڭ ئالدىغا ئاتتى. ئايال ياندىكى ئىككىسىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلىپ كۆز ئۇيناتقۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېلىقى ساقاللىق تەقەززالىق بىلەن ۋاڭ رېنخوۋنىڭ خوتۇنىغا خۇددى ئاچ بۆرىدەك ئېتىلدى. بىراق، ۋاڭ رېنخوۋنىڭ خوتۇنى قاتتىق چىرقىراپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن جان تىكىپ ئېلىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا يېلىناتتى. شۇ ئاندا يەنە بىرسى كېلىپ ۋاڭ رېنخوۋنىڭ خوتۇنىنىڭ قولىنى قايرىدى. بومبا ساقاللىق مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئۇستىباشلىرىنى بىراقلا سالدۇرۇۋەتتى. ھېچقانداق ئامالى قالمىغان بىچارە ئايال پەقەت شۇ چاغدىلا ئېرىنىڭ «ئالتۇنلۇقىقا قەدەم باسقان ئادەم شۇ ئان ئادەملىكنى يوقىتىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئەسكە ئېلىپ، ئازاب بىلەن ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى. چۈنكى، ئۇ ھېلىھەم ئادەم ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ جىسمىنى ھەرقانداق بىر يات كىشىنىڭ ئىگىلىۋېلىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ، ئەلۋەتتە! ئايال ئۇستىدىكى ئادەم سۈپەت ھايۋاننى چىشلەيتتى، ئۇسەتتى، تېپەتتى، ئۇ قېچىپ كېتىشنى، قارىيىپ كەتكەن تورۇسنى يېرىپ چىقىپ يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىشنى ئويلايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىگە خۇددى كانىدەك چاپلىشىۋالغان بۇ ئېيىق سۈپەت يالماۋۇزنى بىرنەچچە قېتىم ئۇستىدىن ئىرغىتىپ تاشلاپ، ۋارقىراپ، چىرقىراپ ئۇنى خېلىلا ھودۇقتۇرغانمۇ بولدى. ۋاھالەنكى، ئاخىرىدا زادىلا كۈچ ئېلىشالماي خۇددى قاپقانغا چۈشكەن بىچارە بۆجەندەك تېپىرلاپ، بارا ـ بارا ھالسىزلىنىشقا باشلىدى. كۈچتۈڭگۈر بومبا ساقاللىق ئۇنىڭ تېنىنى تامامەن قامال قىلىپ ئىشنى باشلىغاندا، بىچارە ئايال ئاللىبۇرۇن ھالىدىن كەتكەن، بېشى قېيىپ، ئەلەملىك ياشلىرى توختىماي ئاقاتتى. ئېھتىمال، ئۇلار ئۇنىڭ بۇ بىچارە ھالىتىنى كۆرمىدى ياكى كۆرسىمۇ

كۆرمەسكە سالدى بولغاي، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالمىشىپ چىقىۋاتاتتى. بىرپەستىن كېيىن ئۇلار بۇ تۇنجى ئۇلجىدىن زېرىكتى بولغاي، نەزىرىنى ئۆي ئىگىسى ئايالغا ئاغدۇردى، بىراق ئۇ ئايال رايىشلىق بىلەن كۆزىنى پارقىرىتىپ ئۇلارنىڭ تېگىدە پەرۋاسىزلىق بىلەن سۇنايلىنىپ ياتاتتى.

تاڭ سۈزۈلگەندە ئاخىر ئۇلار ئۆيدىن ئايرىلدى. ئۆي ئىگىسى ئايالمۇ نەگىدۇر يوقالدى، ۋاڭ رېنخوۋنىڭ خوتۇنى ئۆمىلەپ قوپۇپ، كىيىملىرىنى كىيىپ، ئاستا دەسسەپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى.

— ھەي، نەگە بارىسەن؟ — ئۆي ئىگىسى ئايال بىر قۇچاق ئوتۇننى قۇچاقلىغىنىچە قېيىنزارلىق تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى، ۋاڭ رېنخوۋنىنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن خېلى بىرپەس تىكىلدى. ئۇ ئايال ئوتۇنلارنى ئىشىك تۈۋىگە دۆۋىلەپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن كەنتىڭلاردىكىلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆردۈم، ئۇلار ھازىر ئالتۇن پەشتاقتا ئورۇنلىشىپتۇ، توپ بېشىنىڭ ئىسمىنى جاڭ بۇسەن دەمدۇ نېمە؟ ئەنە ئاۋۇ بۇلۇت سايە تاشلاپ تۇرغان جاي شۇ.

بىچارە ئايال ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە تەپسىلىي بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن قەدىمىنى تەستە يۆتكىدى.

— بۇگۈن كەچ يەنە كېلەمسەن؟ — ئۆي ئىگىسى ئايال بىزەڭلىك بىلەن سورىدى.

ۋاڭ رېنخوۋنىڭ خوتۇنى تۇيۇقسىز بۇرالدى ـ دە، ئۇنى كېلىشتۈرۈپ بىر شاپىلاق سالدى، ئۇ ئايال تۇمشۇقىنى تۇتۇپ، ھاڭۋاقىنىچە تۇرۇپلا قالغانىدى. ۋاڭ رېنخوۋنىڭ خوتۇنى قەددىنى رۇسلاپ يولىغا راۋان بولدى. بىچارە ئايال بۇ قەدىمى ئالتۇنلۇققا قەدەم بېسىشى بىلەن ئاياللىق ئىپپىتىدىن ئايرىلدى. غۇرۇرى دەپسەندە قىلىندى، بۇ ئىشلارنى ئۇ ھەرگىزمۇ ئويلىمىغانىدى، قەدىمىي ئالتۇنلۇق دەرۋەقە ئادەملەر تالىشىدىغان

تىلسىم ماكانمۇ؟ ئەگەر ئۇ ئىرىنى ئۇچرىتىپ قالسىلا، ئۇنى بۇ يەردە بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇزماي ئەكېتىش ئارزۇسىدا ئىدى. چۈنكى، بۇ قاباھەتلىك ماكاندا يەنە بىر ئاخشام تۇرسا، ئۆزىنىڭ كېلەچىكىنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. رېنخوۋ، ھەي رېنخوۋ، سەن نېمىدەپ بۇ يىرتقۇچلار ماكانىغا كەلگەنسەن؟ مەن مەجبۇرلىغانلىقىم ئۈچۈنمۇ؟ مەن سېنى، ياق، سېنىلا ئەمەس، ئۆزۈمنىمۇ خارلىدىم. مېنىڭ سېنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىمنى يۈرىكىڭ تۇيمىدىمۇ؟ سەنمۇ بىر تۇپاقتەك ئەر تۇرۇپ ئۆزۈڭنىڭ خوتۇنىنىمۇ قوغدىيالمىدىڭمۇ؟ لەنەت ساڭا، مىڭلارچە لەنەت!

قەلبى سۇنغان بۇ بىچارە ئايال تەسۋىرلىگۈسىز ئازاب ئىلكىدە خۇددى تاڭ سەھەرنىڭ تىۋىشىسىز شامىلىدا قالغان ياپراقتەك تىترىگىنىچە ئېغىر قەدەم تاشلايتتى.

## يەتتىنچى باب

# جىلىڭ دەرياسى بويىدا

جاڭ بوسەن قايسىبىر ئايالنىڭ يۆتىلى بىلەن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئاستا كۆزىنى ئېچىپ تورۇستا ساڭگىلاپ تۇرغان ھىڭگاڭ چىشلىق تاغ جىنىسلىرىغا قارىغىنىچە ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە يېتىپ قالغانلىقىنى پەقەتلا ئەسلىيەلمەي قالدى. چۈنكى، ئۇ خاتىرىسىنى يوقاتقاندەك، ئۆزىنى بۇ دۇنياغا تېخى يېڭىلا تۆرەلگەندەك سېزەتتى. كاللىسىدا پەقەت ئانىسىنىڭ ئىللىق پەپىلەشلىرىلا ساقلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ خىرەلىك ئىلكىدىكى شاپتۇل چېچەكلىرى رەڭدىكى چىرايىغا قارىدى.

— ئويغاندىڭىزمۇ؟

بۇ يېقىملىق ئاۋاز ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تاراپ، ئۆزىنى خۇددى ئانا قوينىدا ئەللەيلىنىۋاتقاندەك بىغۇبار سەزدى. قارىغاندا، ئۇخلاپ قالغان ئوخشىمامدىمەن، دەپ ئويلىغان جاڭ بوسەن ئاخىر روسلىنىپ ئولتۇردى ۋە كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئىختىيارسىز تولۇقلىدى:

— سىز؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟

لو قىزچاق بۇ تۇيۇقسىزلىقتىن چۆچۈپ كەتتى ۋە ئاستا پىچىرلىدى:

— سۇڭ جىنچېڭ مېنى چاقىرىپ كەلدى، ئاڭلىسام ئاغرىپ قاپسىز.

— مەن ئاغرىپ قالدىم؟ ياق، ياق، مەن ئاغرىمىدىم، ھېچقانداق كېسىلىم يوق، — ئۇ ئەتراپىغا ئەنسىزلىك بىلەن قارىدى، — بۇرادەرلەر قېنى؟ تارقىلىپ كەتتىمۇ؟ ئاھ، تەڭرىم، مەن بۇ يەردە قانداق يېتىپ قالدىم؟

ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ سىرتقا ماڭماقچى بولۇۋىدى، لۇ قىزچاق دەرھال كېلىپ ئۇنى توسۇۋالدى. ئۇ بۇرىلىپلا قىزنى ئىتتىرىۋەتتى ـ دە، ئالدىغا قاراپ بىرنەچچە قەدەم ماڭدى، ماڭدى ـ يۇ، قىزچاقنىڭ يىقىلىپ چۇشكەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال كېلىپ قىزنى يۆلىدى، قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولۇۋىدى، جاڭ بۇسەن ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. قۇرغاقلىشىپ يېرىلىپ، قان ئۇيۇپ قالغان لەۋ قىزچاقنىڭ يۇمران، خۇشبۇي يۈراپ تۇرغان مەڭزىلىرى تامان ھەرىكەتتە ئىدى. قىزچاقنىڭ ۋۇجۇدى ئىختىيارسىز تىكەنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ بوينىنى تولغاپ تۇرۇۋالدى. ئۇزۇن، يارىشىملىق چاچلىرى يەردە سۆرىلىپ، ئۆزىنىڭ پۇتى ئاستىدا قالغان، خۇددى بىرسى ئارقىدىن كېلىپ چېچىنى كوچەپ تارتىۋاتقاندەك ئاغرىيتتى. ئۇ بىر ئامال قىلىپ ئارقىسىغا قارىۋىدى، بىرەر كىشىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. قىز ئاخىر ئۇنىڭ قۇچاقلاشلىرىغا مايىللاشماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا يۈزلەنگەندە، جاڭ بۇسەن ئاللىبۇرۇن نەلەرگىدۇر غايىب بولغانىدى.

قۇياش بۇگۈنمۇ سېخىيلىق بىلەن نۇر چېچىۋاتاتتى. قۇياش نۇرىنىڭ شاپائىتى بىلەن جاڭ بۇسەن تولۇق ئېسىگە كەلگەن، كۆزلىرىمۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەنىدى، توپا ـ چاڭغا مىلەنگەن بىر توپ باشلار ئۇنىڭغا قاراپ ئېگىلەتتى.

— توپ بېشى، بىزنىڭ كېتىشىمىزگە قوشۇلغان بولساڭ، — شى مەنتاڭ باش بولۇپ ئۇلتىماتۇم تاپشۇرغانىدى.

— نېمە بولدى؟ سىلەرگە زادى نېمە بولدى؟ كەتمەكچىمۇ ـ سىلەر؟ كاللەك ئالتۇنلاردىن كەچتىڭلارمۇ؟ ئاھ، تەڭرىم، ئاشۇ كاللەك ئالتۇنلار پۇتىمىزنىڭ ئاستىدىلا تۇرماقتا. كۆرمەيۋاتامـ

سىلەر؟ — جاڭ بوسەن بۇ تويۇقسىزلىقتىن تېڭىرقىغان ھالدا ئۇلارغا تىكىلدى.
— كولىمايمىز، بولدى، ئۇ ئالتۇنلاردىن كەچتۇق. چارچاپ كەتتۇق، چارچاپ ئۆلەيلا دېدۇق، — بۇ يەنە شۇ شىپ مەنتاڭنىڭ ئاۋازى ئىدى، ئۇنىڭ بۇ سۆزى بۇرادەرلەرنىڭ كۆڭلىدىكى گەپ بولغاچ، ئۇلار باشلىرىنى توختىماي لىڭشىتاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ۋاڭ رېنخوۋنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:
— ئۆيدىن ئايرىلغىلى ئۇزاق بولدى، خوتۇنلىرىمىز ئۆيدە يالغۇز قالغان، ئەنسىرەيمىز.
— ئەنسىرەيدىغان نېمىسى بار؟ مۇشۇك ئەپقېچىپ كېتەمتى، ئەمەلىيەتتە ئۆزۈڭلار خوتۇنلىرىڭلارنى سېغىنغان گەپ.
— شۇنداق، سېغىندۇق، سەن سېغىنمىدىڭمۇ، توپ بېشى؟
جاڭ بوسەن ئۆز ياردەمچىسى سۇڭ جىنچېڭنىڭ ئېغىزىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ۋە غەزەپتىن بوغۇلۇپ، چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. لېكىن، سۇڭ جىنچېڭ ئۇنىڭغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى. جاڭ بوسەن بۇ خۇنپەرنىڭ يەنە قانداق ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتى. راست گەپنى قىلغاندا، ئامالسىز قالغان جاڭ بوسەن شۇ پەيتتە بۇ ئىشنى قانداق قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇشنى زادىلا بىلەلمەي قىيىنىلاتتى.
سۇڭ جىنچېڭ كۇتۇلمىگەن بىر تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى:
— توپ بېشى، بۇرادەرلەرنى تارقىلىپ كەتمىسۇن دېسەڭ، ھېچبولمىغاندا، بىزنى بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بەر، سەن لۇ قىزچاق بىلەن ئۆڭكۈردە قېلىپ، ئالتۇن پەشتاققا كۆز - قۇلاق بول، بىز ئالتۇنلۇقنى ئايلىنىپ كېلەيلى، بىرەر مېكىيانغا ئۇچراپ قالساق ئەجەب ئەمەس.
بۇ سۆز خۇددى تويۇقسىز چېقىلغان چاقماقتەك جاڭ بوسەننى چۆچۈتۈۋەتتى. چۈنكى، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىماقچى بولۇۋاتقان ھىيلىگەر سۇڭ جىنچېڭنىڭ بۇ ھىيلىسى ھەرھالدا ئەقىلگە مۇۋاپىقتەك قىلاتتى. ئەمدىكى گەپ قانداق قىلغاندا

ئۇلارنى ئۆز يولىدا قايىل قىلىش ئىدى، جاك بوسەن ئۆزىنى خېلىلا بېسىۋالدى. قېتىپ كەتكەن يوربكى، ئاچچىقتىن كىرىشىپ كەتكەن موسكۇللىرى ئاستا - ئاستا يۇمشىماقتا ئىدى. گەپنىڭ راستىنى دېگەندە، ئۇ خېلىلا كاللا قاتۇرۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن سۆڭ جىنچېڭنىڭ ئامالىدەك بىرەر ياخشى چارىنى زادىلا ئويلاپ يېتەلمىگەنىدى. ناۋادا بۇ ئەبلەخنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش كۆرمىگەندە، چوڭ ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىن گەپ ئاچقىلى بولمايتتى. ئۇ كۆپچىلىككە بىرپەس تىكىلگەندىن كېيىن ئازاب ئىلكىدە سورىدى:

— دېمەك، سىلەر راستىلا خوتۇن سېغىنىپ كەتكەن ئوخشىمامسىلەر؟

ئەتراپ تىمتاس، سۆكۈت ئىلكىدىكى كۆپچىلىك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇشاتتى.

— مەندە خوتۇن بار، مەن ئۇنى سىلەرگە تۇتىمەن، — جاك بوسەن كۇتۇلمىگەندە باشقىلارنى بىراقلا ھەيران قالدۇرۇپ، ئۆڭكۈر تەرەپكە قاراپ قەدەم تاشلىدى ۋە دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئەلەم بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىنتوناتسىيەسى خېلىلا مۇلايىملىشىپ قالغانىدى، — ئەمەلىيەتتە مەن بۇ ئىشنى ئىلگىرىلا ئويلىغان، لو قىزچاق نېمە ئۇچۇن بۇ يەردە تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالدۇ؟ پەقەت سىلەردىن ھال سوراش ئۈچۈندۇر!

كىشىلەر توپى تەۋرىنىشكە، داۋالغۇشقا باشلىغان، تالاش - تارتىش ۋە غودۇراشلار ئەتراپنى بىر ئالغان بولۇپ، ھەركىم ھەر خىيالدا ئىدى، راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ توپا - چاڭ چىرايلىرى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. بۇ ھالدىن ھەرھالدا ئۇمىدلەنگەن جاك بوسەن ئۆڭكۈر تەرەپكە قاراپ مەغرۇرانە قەدەم تاشلىدى ۋە ئازلا ئۆتمەي لو قىزچاقنىڭ قولىدىن تارتىپ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— قېنى، ئىشنى باشلاڭلار، مېنى ۋاقىتلىق ئۆلدىگە

چىقىرىۋېتىشكەنلار بولدى.
جاڭ بۆسەن راستىنلا كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقى چىرايىدىن ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئەكسىچە، لۇ قىزچاق نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، خوتۇنسىراپ كەتكەن بۇ بىر توپ تەلۋىلەر ئالدىدا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. تەلۋىلەر بىر ـ بىرلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتقىنىچە، ئالدىدىكى تەييار ئولجىغا ئاچ كۆزلەرچە تىكىلگەنىدى.
دەل شۇ پەيتتە سۇڭ جىنچېڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:
— توپ بېشىمىز كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى دەپ لۇ قىزچاقنى تۇتۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، كىمكى ئەتە ياكى ئۆگۈن يەنە كېتىمىز دەپ ئۆكتەملىك قىلىدىكەن، ئىتنىڭ كۆنگە قېلىپ، چاقماق چېقىپ ئۆلسۇن، ھەممە ئىش تەرتىپ بىلەن بولغىنى ياخشى، قېنى قولۇڭلارنى كۆتۈرۈڭلار، مەن سىلەرنى رەتكە تۇرغۇزىمەن.
ئەتراپ تۇيۇقسىز گۈردەك جىمىپ كەتتى. سۇڭ جىنچېڭ نائىلاج چاقىردى:
— شې مەنتاڭ، قېنى سەن؟ ھەممىدىن قاغجىراپ كەتكىنى ئەسلىدە سەن ئىدىڭغۇ؟ قېنى قولۇڭنى كۆتۈرمەمسەن؟
شې مەنتاڭ چۆچۈپ دېگۈدەك ئالدىراپ ئۆزىنى ئاقلىدى:
— مەن شۇنداق دېگەنمۇ؟ خاتا ئاڭلاپ قالغان ئوخشايسەن ! مەن شۇ چاغدا ئوسۇرۇۋاتقانىدىم.
سۇڭ جىنچېڭ مەغرۇرلۇق بىلەن جاڭ بۆسەن تەرەپكە قاراپ قويۇپ، دەرھال كۆپچىلىككە يۈزلەندى:
— ئوسۇرۇۋاتمىغانلار بولسا قېنى قولۇڭلارنى كۆتۈرۈڭلار، ۋاڭ رېنخوۋ قېنى سەن؟
— مەن، مەن ھايۋان ئەمەس! — ۋاڭ رېنخوۋمۇ دەرھال ئىنكاس قايتۇردى.
ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئاخىر چۈشەنگەن لۇ قىزچاقنىڭ

كۆزلىرىدىن ئەلەملىك ياشلىرى قۇيۇلاتتى. ئۇ ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە جاڭ بۇسەنگە ئېيتىلدى:

— ئىپلاس، ھايۋان، سەن مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭ؟

جاڭ بۇسەن بۇتتەك قاتقىنىچە لۇ قىزچاقنى مەيلىگە قويۇپ بەرگەنىدى. سۇڭ جىنچېڭ دەرھال بېرىپ لۇ قىزچاقنى قولىدىن سۆرىگىنىچە ئۇنى ئۆڭكۇرگە ئەكىرىپ قويۇپ ئالدىراپ يېنىپ چىقتى. جاڭ بۇسەن شۇندىلا سۇڭ جىنچېڭنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ، يېنىك ئۇھ تارتىپ قويىدى، لېكىن ئىچىدە پىچىرلىدى: «ھۇ ئۆلگۇر ئەبلەخ، سېنىڭ بۇ ئىشلىرىڭنىڭ ياخشىلىق ياكى يامانلىقتىن بېشارەت ئىكەنلىكىنى پەقەت بىر تەڭرىلا بىلىدۇ.»

جاڭ بۇسەن خېلىلا يېنىكلەپ قالغان بولۇپ، ئۇياق ـ بۇياققا ماڭغاچ سۆز باشلىدى:

— كىمنىڭ كىرگۈسى كەلسە خاتىرجەم كىرىۋەرسۇن، مەن سىلەرگە ئىجازەتنامە تارقىتىپ بېرىمەن، تارقىلىپ كېتىش ياكى كەتمەسلىكنى ئۆزۈڭلار قارار قىلىڭلار، ۋىجدان بىلەن ئىش كۆرسەڭلار، ھەممىدە سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار ھېساب.

— توپ بېشى، گېپىڭ راستمۇ؟

بۇ سوئال ئۇنى خېلىلا گاڭگىرىتىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇنداق بولسا بۈگۈن ئاخشام لۇ قىزچاق مېنىڭ.

جاڭ بۇسەن يەنىلا بېشىنى لىڭشىتتى ۋە بۇ قاپ يۈرەكنىڭ ئەسلىدە گەپ ئوينىتىپ ئۆزىنى ئالىيجاناب كۆرسەتكەن ۋاڭ رىنخۇۋ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— چىقسام چىقتىم، بەربىر بىر كۈنى لەخمە تېگىدە ئۆلىدىغان گەپ، بىر كۈن بولسىمۇ كۈلۈپ ياشا دەپتىكەن، — دېدى ۋاڭ رىنخۇۋ ئۆزىگە تەسەللى بەرگەچ.

شى مەنتاڭ جاڭ بۇسەننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ سورىدى:

— سەن راستتىنلا قوشۇلدۇڭمۇ؟

جاڭ بوسەن ئۇنىڭ يۈز مۇسكۇللىرىنىڭ تارتىشىپ، كۆزلىرىدىن شەھۋەت ئوتى ئۇچقۇنداپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— بۇ ئىش بىلەن سىنىڭ نېمە ئىشىڭ؟ ھالىڭغا بېقىپ ھال تارتقىنىڭ ياخشى.

— سەن ئۇنى كېرەك قىلمىغاندىن كېيىن ئۇ ئەلۋەتتە مېنىڭ.

— سېنىڭ؟ كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— پەرۋەردىگارىم، — شې مەنتاڭ ئۆزىنى زادىلا تۇتالماي مۇشت كۆتۈردى.

جاڭ بوسەن ئۆزىنى قاچۇرغاچ، پۇرسەتنى تۇتۇپ تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭغا ھەملە قىلىپ كەلدى. لېكىن، سۇڭ جىنچېڭ ئۇلارنى ئاجراتتى:

— ئۇرۇشماڭلار، بولدى قىلىڭلار، بىر ئادەم ئۆلدى دېگەنلىك ئەمگەك كۈچىدىن بىرى ئازايدى دېگەن گەپ. توپ بېشى، تونۇگۈن كەچتىن باشلاپ لەخمە تېگىدىن چىقىۋاتقان سۇ توختىدى.

جاڭ بوسەن دەرھال ئۇنىڭ قولىنى قېقىۋېتىپ، ئۆڭكۈر ئالدىدىكى گۇرجەكتىن بىرنى ئېلىپ شې مەنتاڭغا قاتتىق بىر شىلتىۋىدى، گۇرجەك ئۇنىڭغا تەگمىدى، ئىككىنچى قېتىم شىلتىشىگە، گۇرجەك قولىدىن چىقىپ كېتىپ، يىراققا ئۇچۇپ كەتتى. جاڭ بوسەن دەرھال ئۆزىگە كېلىپ سۇڭ جىنچېڭنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ ئالدىراپ سورىدى:

— بايا نېمە دېدىڭ؟

— ھېچنېمە دېمىدىم.

— سۇ چىقمايۋاتىدۇ؟ توپىلار قۇرۇدى؟

سۇڭ جىنچېڭ بېشىنى لىڭشىتتى، لېكىن ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى جاڭ بوسەننى زادىلا رازى قىلالمىدى.

— ئېھتىمال، توپىلار قۇرۇغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ھېچكىم قىياس قىلىپ بولالمايدۇ، كىم بىلسۇن، ئەتىلىككە سۇ يەنە ئۆرلەپ كېتەمدۇ

تېخى؟

— چاققان، تېز بولۇڭلار، توپ ئېتىڭلار، دەرھال توپ ئېتىڭلار! — جاك بۇسەن ھاياجان ئىلكىدە ۋارقىرىدى.

شۇ پەيتتە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ھەتتا قەلبىدىكى ھەممە نەرسە، لۇ قىزچاقنىڭ ھاقارەتلىرى، شى مەنتاڭ ۋە سۇڭ جىنچېڭغا بولغان ئۆچمەنلىكلەر خۇددى توزغاقتەك ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەندى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىردىنبىر ئويلايدىغىنى، قىزىقىدىغىنى پارقىراپ تۇرغان دۆۋە - دۆۋە ئالتۇنلار ئىدى. باشقىلارمۇ خۇددى ئۇنىڭدىن زەرەتلەنگەندەك ئۆزلىرىنى لەخمە تەرەپكە ئېتىشتى. بولۇپمۇ شى مەنتاڭ بۇ ھالدىن تولىمۇ خۇشال بولۇپ، جاك بۇسەننىڭ بايىقى بۇيرۇقىنى دەرھال بەجا كەلتۇرۇش ئۇچۇن قول ئاستىدىكىلىرىنى سەپەرۋەر قىلاتتى. ئۆز نۆۋىتىدە جاك بۇسەنگە ۋاڭ رېنخوۋنىڭ ئەڭ ياخشى توپچى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىشنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى.

جاك بۇسەن ئۇنىڭ تەۋسىيەسىگە قوشۇلغان بولغاچقا، ئۇ دەرھال ۋاڭ رېنخوۋنى قولىدىن تارتىپ لەخمە يېنىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلدى:

— قېنى چۇشە! — ئۇ قولىدىكى ئارغامچىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى.

ۋاڭ رېنخوۋ ئۇنىڭ قار - بوران ئۇچۇپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ تېنى ئىختىيارسىز تىكەنلىشىپ كەتتى. بىراق، ئۇ ئىدىيەدە تەييارلىق قىلىۋېلىشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا، شى مەنتاڭ ئۇنى كەندىر ئارقان بىلەن بېلىدىن باغلاپ، ئاللىبۇرۇن لەخمىگە چۇشۇرمەكچى بولۇپ تۇراتتى.

مانا ئەمدى سىيرىلما چاقنىڭ غىچىرلىشىغا ئەگىشىپ بىچارە ۋاڭ رېنخوۋ لەخمە تېگىگە قاراپ ساڭگىلاشقا باشلىدى. لېكىن، لەخمە تۇۋىگە يەنە يىگىرمە نەچچە مېتىر قالغاندا، كەندىر ئارقان تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ كەتتى.

ئۆڭكۈر ئىچىدە سۈنايلىنىپ ھوشسىز ياتقان ۋاڭ رېنخۇۋ ئاخىر ھوشىغا كەلدى ۋە سۇڭ جىنچېڭغا ئۆزىنى يۆلەشكە ئىشارەت قىلىپ، نۇرسىز كۆزلىرىنى ئۆزىگە خەيرخاھلىق، ئىچ ئاغرىتىش ئىلكىدە قاراپ تۇرغان يۇرتداشلىرىغا تىكتى ۋە يېلىنىش ئاھاڭىدا پىچىرلىدى:

— مەن كۆردۈم، دۆۋە - دۆۋە ئالتۇنلارنى كۆردۈم، ھەرگىز تارقىلىپ كەتمەڭلار، ھەرگىز، ھەرگىز تارقىلىپ كەتمەڭلار، مەن سىلەرگە باش ئۇراي...

ۋاڭ رېنخۇۋ يەرگە ئۆزىنى تاشلىدى - يۇ، ئۆزى بايا تەسۋىرلىگەن دۆۋە - دۆۋە ئالتۇنلارغا تىكىلگەن سۈلكەت بىلەن قېتىپ قالدى. ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك يىغا ئاۋازى ئۆڭكۈر ئىچىنى لەرزىگە سالغانىدى. سۇڭ جىنچېڭ ئۇنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ، ئۆز ئورنىغا تۇزەپ ياتقۇزۇپ قويدى. شې مەنتاڭ يۈتىغا شاپىلاقلاپ، چېچىنى قاماللاپ ئاھ ئۇراتتى. بىر جۈپ كۆزى خۇددى قۇرۇپ كەتكەن كونا قۇدۇقتەك مۆلدۈرلەپ تۇراتتى. سۇڭ جىنچېڭ سىرغىپ ئاققان ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئۆلگۈرەلمىگەن ئالىقىنى بىلەن شې مەنتاڭغا تەسەللى بەرگەندەك ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئىككى قېتىم ئېرتىپ قويغان بولدى. شۇ ئان مۆجىزە يۈز بەرگەندەك شې مەنتاڭنىڭ كۆزىدىن ئىسسىق ياشلار قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ تىترەيتتى، خۇددى باشقىلارنىڭ قايغۇسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئازابىنى بېسىۋاتقاندەك يۇلقۇنۇپ - يۇلقۇنۇپ تىترەيتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ ھەقىقەتەن يىغلاۋاتاتتى، يىغلىغاندىمۇ ھەقىقىي ئازابلىنىپ، قايغۇلۇق ياش تۆكۈپ، ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتاتتى. دېمەك، ئۇنىڭ مەڭزىنى ئىسسىق ياشلىرى سۆيۈپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئەكسىچە، ئۆڭكۈر سىرتىدىن ئاڭلانغان توپ ئاۋازى بىلەن تەڭ ساناقسىز تاش پارچىلىرى لەخمە ئىچىدىن سىرتقا ئېتىلىپ خۇددى بايرام ئاخشىمىدىكى كۆكنى بىر ئالغان ساليوت گۈللىرىدەك ئەتراپقا چېچىلاتتى. جاڭ بۇسەن ئىختىيارسىز مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ۋە لۇ قىزچاقنىڭ ئۆزى

تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.
— مەن كەتتىم، — لۇ قىزچاق ئاستا پىچىرلىدى.
— كېتىسىز؟ سىز ئاشۇ ئالتۇنلارغا ئىنتىزار ئىدىڭىزغۇ؟
— بۇنچە كۆپ ئەرلەر...
— پەقەت ئاشۇ ئەرلەر بولغاچقىلا سىز ئالتۇنغا ئېرىشەلەيسىز، — ئۇ كۆيۈنگەن هالدا قىزنىڭ يۈزىنى سىلاپ قويدى، لۇ قىزچاق ئارقىغا ئۆرۈلۈشىگە، جاڭ بۇسەن ئۇنى ئىتتەردى ۋە پىچىرلىدى:
— كەتسىڭىز كېتىڭ، يىرتقۇچ هايۋانلاردىن ئېهتىيات قىلىڭ.
جاڭ بۇسەن سۆزىنى تۈگىتىپلا، بۇرادەرلىرىنى لەخمە ئاستىغا چۈشۈپ، تاش، لاتىلارنى تازىلاشقا بۇيرۇدى. قىزچاق ئالتۇن پەشتاقتىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، كىمنىڭدۇر ساقلاپ تۇرغان شەپ مەنتاڭنى كۆرۈپ قالدى.
— قىزچاق.
لۇ قىزچاق ئۇنىڭغا نەشتەردەك تىكىلدى.
— ۋاڭ رېنخوۋ ئۆلدى.
— هەي...
— سەن ئازابلىنىشنى بىلەمسەن؟
— مەن هەممىنى سىز ئۈچۈن قىلدىم.
— گېپىڭنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا، ۋاڭ رېنخوۋنى راستىنلا سەن قەستلىگەن ئوخشىمامسەن؟
— مەن باشقىلارغا خالىغانچە زىيانكەشلىك قىلىدىغان ئۇنداق ئىپلاسلاردىن ئەمەس، ئەمەلىيەتتە مەن قانداق ئۇسۇلدا ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ھەققىدە ئويلىنىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئارقان ئۈزۈلۈپ كەتتى.
— تەڭرىنىڭ كۆزى بار، سەنمۇ ھەرگىز ياخشىلىق كۆرمەيسەن.
— مېنى خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىز، مەن نېمە ئىش قىلسام

سىز ئۇچۇن قىلىمەن.
— كىم سىنى شۇنداق قىل دەپتۇ؟
— بولۇپمۇ سىز مېنى ئۇنداق قىل دېمىگەن، — ئۇ كۆزىدىكى ياشلىرىنى سۈرتتى، — مەن بەرىبىر ئۆلىمەن، بۈگۈن ئۆلمىسەم ئەتە چوقۇم ئۆلىمەن، پەقەت سىز ئېغىز ئاچسىڭىزلا مەن ھەرقاچان ئۆلۈشكە تەييار.
— نېمىدەپ ئۆلەتتىڭ؟ ئەر بولۇپ قالغىنىڭغا لەنەت، كىم سىنى ئۆلسۇن دەپتۇ؟ ئەڭ ياخشىسى ئوبدان ياشاپ، ياخشى ئادەم بول، مەن شۇندىلا سېنىڭدىن خۇشال بولىمەن.
— سىز مېنى يەنە ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈردى، دەپ قارامسىز؟
— ياق، كىمنىڭ ئۆلۈپ، كىمنىڭ ياشىشى تەڭرىنىڭ ھۆكۈمىدىكى ئىش. بۇنىڭغا ئىنساننىڭ قۇدرىتى ئەسلا يەتمەيدۇ.
شى مەنتاڭ ياشلىرىنى ئېرتىۋېتىپ كۈلگەندەك قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى يىغلىغاندىنمۇ بەتتەر بىچارە ئىدى. لۇ قىزچاق لەخمە ئەتراپىدا چېپىشىپ يۈرگەن بايىقى تەلۋىلەرگە بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، دەرھال يولىغا راۋان بولدى.
تولۇن ئاينىڭ ئەسكەرتىشى: يىراق جىلىڭ تۈزلەڭلىكىدىكى تاغ چوققىسىدا قاشتاشتەك ئاجايىپ سۈزۈك نۇر پارلاپ تۇرىدۇ، ئاي نۇرى شۇ تەرەپكە قاراپ تەلپۈنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىرلىق، ئەمما ئۇلۇغ بىر قەدىمىي كېچە ئاستا ـ ئاستا تاڭ بىلەن ئالمىشىدۇ.
شۇ پەيتتە شى مەنتاڭنىڭ كاللىسى ئاللىبۇرۇن قۇرۇقدىلىپ قالغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ۋاڭ رېنخوۋغا قىلغان زىيانكەشلىكىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمايتتى. لېكىن، خىرەلىشىپ كەتكەن ئەسلىمىلىرى ئۇنىڭغا ئاشۇنداق بىر قەبىھ مەقسەتنىڭ ئىلگىرى ئۇنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ قولىغا ئاللىبۇرۇن سىڭىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ۋاڭ رېنخوۋغا قول سالغان شۇ پەيتتە ئۇ بىر ئازمۇ ئىككىلەنمىدى، تېنىدىكى ھەرقانداق بىر ئورگانىزىم كېيىنكى ۋىجدان ئازابى ئۇچۇن تېگىرقاپ قالمىدى. يوقىتىشتىن

ئىبارەت تۇيغۇ بوشلۇقىدا ئۆلۈمنىڭ قاباھەتتى بىلەن ۋەھشىيلىكىنىڭ گىرەلەشمىسىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. ھەممە ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ ئۆزى قول سالغان كىشىنىڭ ئەمەلىيەتتە ياۋاش يۇرتدىشى ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، پۇشايمان ئىلكىدە قىلدەك تولغىنىپ، ئەتراپىغا ئەنسىزلىك بىلەن قارايتتى. خىيالىدا بەئەينى بارلىق يۇرتداشلىرىنىڭ نەپرەتلىك نەزىرى، تىل - ئاھانىتىدە قالغاندەك ئازابلىناتتى. كەچ شامىلى ئۇنى سەگىتكەندەك قىلدى ۋە قايتىپ بېرىپ ئۇخلاش ياكى لەخمىگە چۈشۈپ ئىشلەش توغرىسىدا ئويلانغاچ بېشىنى كۆتۈرۈشىگە، لۇ قىزچاقنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ چاپتى.

— قىزچاق، تېخى ماڭمىدىڭمۇ؟

قىزچاق توختاپ قالدى، تېنى خۇددى شامالدا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك تىترەيتتى. شې مەنتاڭ ئۇنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشىدىن ئەنسىرەپ دەرھال بېرىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى، قىزنىڭ تېنى ھېلىھەم جالاقلاپ تىترەيتتى.

— قىزچاق...

قىز ئۇنىڭ بىلىكىنى قاتتىق چىشلىگەنىدى. شې مەنتاڭ ئاغرىققا چىدىماي ئۇنى قويۇپ بەردى. قىز ئېسەدەپ تۇرۇپ يىغلىدى:

— ئالتۇنلۇققا قەدەم باسقانلىكى كىشى ھايۋانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەنتاڭ، مېنى نېمە قىلماقچىسەن؟ — ئايال ئۇنى تونۇۋالغانىدى. لېكىن، شې مەنتاڭ يەنىلا ئۆز خىيالىدا ئىدى، ئايال سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن رېنخوۋنى يوقلاپ كەلدىم.

— رېنخوۋ؟ مەن سىزگە ئېنىق دېدىمغۇ؟ ئۇ ئۆزى چۈشۈپ كەتتى.

ئايال ئۇنى ئەنسىزلىك بىلەن سىلكىشلىدى.

— ئۇ نەگە چۈشۈپ كەتتى؟

شۇ مەنتاڭ ئەندىكىپ كەتتى، چۈنكى ئۇمۇ ئەمدىلىكتە بۇ ئايالنى تونۇغانىدى، ئۇ ئەنسىزلىك ئىلكىدە خۇددى بۇتتەك قېتىپ قالدى. پۈتۈن بەدىنىدىن سوغۇق تەر قۇيۇلاتتى.

— مەنتاڭ، تېز ئېيت، رېنخوۋ قېنى؟ مەن رېنخوۋنى كۆرگىلى كەلدىم.

شۇ مەنتاڭ بۇ ئايالنى ئۆزىدىن ھېساب ئالغىلى كەلگەن دەپ ئويلاپ قالغاچقا، بۇرۇلۇپلا جاڭ بۇسەن تەرەپكە قاراپ قاچتى. ئايال ئۇنى قوغلاپ ئەمدىلا بىرنەچچە قەدەم يۈگۈرۈشىگە، كۈتۈلمىگەندە، بىر ئورەككە پۇتى كىرىپ قېلىپ يىقىلىپ چۈشتى. جاڭ بۇسەن دەرھال ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

— ئاكا، — ئايال ئورنىدىن تۇردى، — مەن رېنخوۋنى ئىزدەپ كەلدىم، مەن ئۇنى ئەكەتمەكچى.

— ئەكەتمەكچى؟ ھەي كېچىكىپ قاپسىز، ئۇ ئاللىبۇرۇن كېتىپ قالدى.

بۇ كۈتۈلمىگەن جاۋابتىن خوتۇننىڭ كاللىسى تورمۇزلىنىپ، ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەيۋاتاتتى.

— كېتىپ قالدى، بالدۇرراق كەلگەن بولسىڭىز، ئۇنى كۆرەلەيتتىڭىز.

— ئۇ كەتتى؟ — ئايال غەيرەتكە كېلىپ ئاخىر ئېغىز ئاچتى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلار ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى.

جاڭ بۇسەن شۇ ئان ئەقلىنى تېپىپ گەپنى بۇرىدى:

— شۇنداق، شۇنداق، ئۇ كېتىپ قالدى، ئۆيگە قايتتى، سىلەر يولدا ئۇچرىشالماي قاپسىلەر - دە؟ — ئۇ ئايالنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنىڭ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەسلىكىنى تۇيۇقسىز ھېس قىلىپ قالغانىدى.

توپنىڭ ئاۋازى تېخى بايىلا ئەتراپنى بىر پەس لەرزىگە سېلىۋەتكەنىدى. ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى جاپا - مۇشەققەتلىك كۈنلىرى ئاز كۈن ئۆتمەي كەلمەسكە كېتىشى،

پارقىراپ تۇرغان ئالتۇنلار ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتىشى مۇمكىن. دەل مۇشۇنداق پەيتتە ۋاڭ رېنخۇۋ ئۆلۈپ، كۇتۇلمىگەندە ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇنى ئىزدەپ كەلدى. بۇ ئايالنىڭ كۆز يېشى، دەرد - ھەسرىتى چوقۇم ۋېيزىلىقلارنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ، ئۇلارنىڭ تەستە كەلگەن غەيرىتىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. جاڭ بۇسەن دەرھال ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى.

— سىز بۇ يەردىن دەرھال قايتىڭ، بۇ ئەسلىدىلا ئايال خەق تۇرىدىغان جاي ئەمەس، سىز جىلىڭ تۇزلەڭلىكىگە باردىڭىزمۇ؟ ئۇنداقتا سىز ئايلىنىپ قايتىڭ. بىرىپ لۇ قىزچاقنى ئىزدەڭ، ئۇ تېخى بۇ يەردىن بايىلا كەتتى، ئەڭ ياخشىسى، ئۇ يەردە بىر - ئىككى كۈن ئارامىڭىزنى ئېلىۋېلىپ قايتسىڭىز تېخى ياخشى. ئېھتىمال رېنخۇۋ بۇ ۋاقىتچە ئۆيگىمۇ يېتىپ بارغاندۇ، — جاڭ بۇسەن ئۇنىڭ كەتمەي جېدەل چىقىرىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

— لۇ قىزچاقنىڭ ئۆيىدە يەيدىغان، ئىچىدىغان ھەممە نەرسە تەييار. قارىمامدىغان، چارچىغىنىڭىزدىن كۆزلىرىڭىز چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ، سىز يەنىلا ياخشىسى لۇ قىزچاقنىڭ يېنىدا بىرنەچچە كۈن ئوبدان ئارام ئېلىپ ئۆزىڭىزگە كېلىۋېلىڭ، قاراڭغا، تاڭ ئاتايلا دەپ قالدى، بۇ تۇرقىڭىزنى باشقىلار كۆرۈپ قالسا ئۆزىڭىزگىمۇ ياخشى ئەمەس.

جاڭ بۇسەننىڭ ئەنسىرەشلىرى ھەش - پەش دېگۈچە ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەندى. چۈنكى، ئايال ئېرىنىڭ قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئاللىبۇرۇن كېچىلەپ بولسىمۇ تاڭغۇت چوڭ جىلغىسىنى كېسىپ، ئۆيىگە تېزرەك قايتىش نىيىتىگە كەلگەندى.

— ئاكا، مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ، مەن قايتىمەن، — ئايال دەرھال ئارقىسىغا قايرىلىپ يۈگۈرگىنىچە بىردەمنىڭ ئىچىدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. لېكىن، كۈتۇلمىگەندە يەنە بىر توپ گۇساڭلارغا يولۇقۇپ قالدى، گۇساڭلارمۇ ئۇنى تونۇۋالغانىدى.

ئالتۇن پەشتاقنى قولدىن بېرىپ قويغان گۇساڭلار يەنىلا

نىيىتىدىن يانمىغان، دەسلەپكى كۈنلەردە ئورمانغا بېكىنىۋېلىپ، ھەر ۋاقىت پەشتاقتا ھۇجۇم قىلىشقا تەييار تۇردى. ۋېيزىلىقلارنىڭ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، كۆتۈلمىگەن بەدەللەرنى تۆلىگەنلىكى ئۈستىگە، باي بولۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرستىنى ۋېيزىلىقلارغا تۇتقۇزۇپ قويۇش ئۇلار ئۈچۈن ھاقارەت ئىدى. پەقەت ئۆزلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ۋېيزىلىقلاردىن غالىب كېلىشنىڭ خەتىرىنى ئۇلار ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئىشنى پايلاقچى ئەۋەتىپ ۋېيزىلىقلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشتىن باشلىدى. ئۇلار ۋېيزىلىقلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلاتتى. تۇرۇپ كۈلگۈسى كېلەتتى، بىراق ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى قورتتەك غاجىلاۋاتقىنى يەنىلا تەسۋىرلىگۈسىز غەزەپ - نەپرەت ۋە چىدىماسلىق ئىدى. ئۇلار بەزىدە ئۆز دۈشمەنلىرىنى شېرىن چۈش كۆرۈۋاتىدۇ، نەتىجىدە ھەممىدىن قۇرۇق قالىدۇ، دەپ ئۆزلىرىگە تەسەللى بېرىشەتتى - يۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۈتۈلمىگەن بايلىققا ئېرىشىپ قېلىشىدىن ۋەھىمە يەپ پۈچىلىناتتى. ئەلەم بىلەن ئېغىر - ئېغىر ئۇھ تارتاتتى.

بۈك - باراقسان قېيىنزارلىق گۈساڭلارنىڭ يوشۇرۇنۇش بازىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن دەسلەپتە بۇ ھالىسىرىغان، چۈشكۈنلەشكەن قوشۇننىڭ ئارام ئېلىۋېلىشى، كېسەللىرىنىڭ، يارىلىرىنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن مەردلىك بىلەن قوينىنى كەڭ ئاچتى. شاخ - شۇمبا، تال - چىۋىقلىرىنى، ياپيېشىل يوپۇرماقلىرىنى ناخشا - ئۇسسۇلغا سېلىپ قىزغىنلىق كۆرسەتتى، ئۆزىنى قىلچە كۆزگە ئىلماي ۋاتقانلىقىنى، ئاتا قىلغان بارلىق ئۈستەكلىرىنىڭ ئۇلارغا ھېچقانداق خۇشاللىق بېغىشلىيالمىغانلىقىنى، يەنىلا ئۇلارنىڭ ۋايساپ، داتلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندى. يۈرىكى ئاغرىپ، قەلبى ئازابلاندى. ئەكسىچە، مېھمانلىرىنىڭ قارا نىيىتى بارغانچە تەرەققىي قىلىپ، يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلمەكتە

ئىدى. مەلۇم بىر كۈنى گۈساڭ ئاكا ئۆزىنى زادىلا كونترول قىلالمىدى. تاڭ سەھەرنىڭ سالقىن ساپ ھاۋاسى كىشىگە ئارام بېغىشلايتتى. دەل شۇ پەيتتە، يېقىندىن بۇيان ھەتتا ئۆزىدىنمۇ خۇدۇكسىرەيدىغان بولۇپ قالغان لى چاڭجيۇ گۈساڭ ئاكىغا چوڭ چىنىدە ئۇسسۇزلۇق تۇتتى. گۈساڭ ئاكا تۇيۇقسىز ئۇنىڭدىن ھېلىقى كۈنى جاڭ بۇسەننىڭ قولىدىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى سوراپ تۇرۇۋالدى. ئېنىقىنى دېگەندە، گۈساڭ ئاكا بۇ ئىشنىڭ ئەمەلىيىتىنى راستتىنلا بىلمەيتتى. لېكىن، ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەر ئۇنىڭ گۆر ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشىدىكى سەۋەبنىڭ ھاياتىغا ئەرزىگۈدەك قىممەتتىكى بىرەر نەرسىنى جاڭ بۇسەنگە سوۋغا قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويغانىدى.

لى چاڭجيۇ توپ بېشىنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزىدىن ئەيمىنىپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قېلىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ غەيرىتىگە ئېلىپ ئۆزىنى ئاقلىدى:

— مېنى تەڭرىم ئۆز پاناھىدا ساقلاپ قالدى.

— ئاغزىڭغا پوق! — توپ بېشى بۇ يەردە ئالتۇندىن باشقا يەنە ھېچقانداق نەرسىنىڭ ئادەمنىڭ جېنىغا ئارا تۇرالايدىغانلىقىغا ھەرگىز ئىشەنمەيتتى.

— ئالتۇن تېپىۋالدىڭمۇ نېمە؟ — گۈساڭ ئاكا ئۇنىڭغا نەشتەردەك تىكىلدى.

— ھەرگىز ئۇنداق ئىش يوق.

— پاختىنىڭ ئىچىدە چوغ ساقلىغىلى بولمايدۇ، راستىڭنى ئېيت، يۈرىكىڭنى سۇغۇرۇۋېلىپ، قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويماي يەنە.

— بايا دېدىمغۇ؟ ئۇنداق ئىش ھەرگىز يۈز بەرمىدى.

لى چاڭجيۇ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ئىشتىنىنى سىرىدى ـ دە، كۈچەپ ئىنجىقلىغىلى تۇردى. لېكىن، قانچە قىلغان بىلەن بىرەر تېمىممۇ سۈيدۈك چىقاي دېمەيتتى. گۈساڭ ئاكا ھېلىھەم

ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى، لى چاڭجيۇ توپ بېشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يەنىلا ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىنى يوشۇرۇن كۆزىتەتتى، ئەمەلىيەتتە ئىشنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا پەقەت بىر نەچچە قەدەم قالغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. لېكىن، توپ بېشىنىڭ چىرايىدا خۇددى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاش ھېچقانداق غەيرىي ئىپادە يوق ئىدى.

چۇش پەيتىدە گۇساڭ ئاكا كۆپچىلىكتىن پىكىر ئالدى:

— ھۆكۈمەت ئادەملىرىنى ئىزدەپ باقساق، قانداق دەيسىلەر؟

ئەمەلىيەتتە بۇ تەكلىپنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتىنىڭ يوقلۇقى ھەممىگە ئايان ئىدى.

— بۇ يەر يېزىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلار باشقۇرالامتى؟ ئەگەر باشقۇرالىغان بولسا بۇ يەردىكى ئىشلار باشقىچە بولاتتى.

— بىرىپ باققىنىمىز بارمىغىنىمىزدىن ياخشى، بۇ يەردە ساقلاپ ئولتۇرغان بىلەن قىساسىمىزنى ئالالامتۇق؟

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ باشقىلارمۇ پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. قېيىن دەرەخلىرى بېشىنى چايقىغىنىچە ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى بارلىق ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئۇزىتىپ قويدى. ئۇلار جىلىنىڭ تۇزلەڭلىكىگە كېلىپ قاتار - قاتار تاش ئۆيلەر ئارىسىدىن ئالتۇنلۇقنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ ۋىۋىسكىسى ئېسىلغان ئۆينى ئاسانلا تاپتى. گۇساڭ ئاكا ئىشىكنى خېلى بىرھازا ئۇرغاندىن كېيىن ئادەتتىكىدەك كىيىنگەن، بېشىدا بىنەپشە رەڭ تاتۇقى بار بىر ياش ئىشىكنى ئاچتى. خاپىلىق تېپىپ تۇرغان كۆزلىرى بولسا قىسىلىپ كەتكەنىدى. گۇساڭ ئاكا قۇرۇق گەپنى قويۇپ، ۋېيزىلىقلارنىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدىن ۋايساپ كەتتى. يىگىت ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا سورىدى:

— سىلەرچە بىز بۇ ئىشنى قانداق ھەل قىلساق بولار؟

— ئۆلگەنلەرگە خۇن تۆلەش كېرەك. قاتىللارنى جازالاپ بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

— چاۋاك ھەرگىزمۇ بىر قولدىن چىقمايدۇ، سىلەر ئۇلارنىڭ

چىشىغا تەگمىگەن بولساڭلار، ئېھتىمال ئۇلارمۇ سىلەرگە چېقىلمىغان بولاتتى.

بۇ گەپتىن گۇساڭ ئاكىنىڭ ئېغىزى ئېتىلىپ قالدى.

— بىز دېگەن دېھقان، بىزگە سىلەر ئىگە بولمىساڭلار، كىم ئىگە بولاتتى؟ ئېيتىپ باقە، زادى كىم بىزگە ئىگە بولىدۇ؟ — ئارىدىن بىرى غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

— بولىدۇ، — ھېلىقى ياش قولىنى سىلكىدى، — مەن ھازىرلا ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ قاتىلنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئېيتاي، ئىگىلىۋالغان يەرنىمۇ سىلەرگە قايتۇرۇپ بەرسۇن، شۇنداق قىلسام بولامدۇ؟

ھېچكىم لام - جىم دېمىدى.

— قاراڭلار، سىلەرمۇ بۇنىڭغا بىرنەرسە دېيەلمەيۋاتىسىلەر، ئەجەبا، ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمگە كىرەمتى؟ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەن نېمىدىم؟ — ئۇ بۇگۈن تولىمۇ گەپتان بولۇپ كەتكەنىدى، — بولدى قىلىڭلار، بۇ يەردە ھەر يىلى ئادەم ئۆلۈش دېگەن بولۇپ تۇرىدۇ، قاتىلنىڭ بىر ئادەم ئەمەسلىكى ھەممىگە ئايدىڭ، بايام دېگىنىمدەك، چاۋاك ھەرگىز بىر قولدىن چىقمايدۇ، تۇتۇش كېرەك بولسا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا تۇتۇش كېرەك. ئۇلارنى تۇتۇپ كەلسەك نەگە سولايمىز؟ قانۇنمۇ ئۇنچىلىك كۆپ ئادەمنى بىر تەرەپ قىلىپ كېتەلمەيدۇ، بۇ قائىدىنى سىلەرمۇ خېلى ئوبدان بىلسەڭلار كېرەك.

— بىز بىلمەيمىز، — ئارىدىن بىرى ئۆكتە قوپتى.

— بىلمىسەڭلار مەن سىلەرگە يەنە بىر قېتىم دەپ بېرەي.

گۇساڭ ئاكا ئاچچىقتىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

— ئەگەر سىلەر بۇ ئىشقا راستىنلا ئىگە بولمىساڭلار، ئۇ چاغدا بىزمۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرمەي قويمايمىز.

— قۇدرىتىڭلار يەتسە ئۇلارنىڭ يېنىغا ھازىرلا بېرىڭلار، — ئۇ يىگىت بۇ سۆزنى پىسەنتىگە ئالمىغان ھالدا ئىشىكنى ياپتى.

گۇساڭ ئاكا كۆپچىلىككە يۈزلەندى. كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتى

چاقنايتتى. بۇرادەرلىرىنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ مىستەك پارقىراپ، ئىزغىرىن شامالدا يېرىلىپ كەتكەن يۈزلىرى ھېلىھەم ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز يۇيۇپ تانغا ئېسىپ قويغان يوتقان كىرلىكىگە، ئۇنىڭ ئەتراپىدا دانلاپ يۈرگەن بىر توپ توخۇغا چۈشۈپ قالدى ۋە دەرھال بېرىپ كىرلىكنى قولىغا ئالدى ــ دە، بۇرادەرلىرىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

ــ ئۆلتۈرۈڭلار، توخۇلارنىڭ بىرىنى قويماي ئۆلتۈرۈڭلار.

بىراق، كۆپچىلىكنىڭ كەيپىياتى سولغۇن، ئىنكاسى تولىمۇ ئاستا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، زېھنىنى ئەرزىمەس كىچىك ئىشلارغا سەرپ قىلىشنى ھېچكىممۇ خالىمايتتى.

ــ ئامال قىلىپ باشقا يەردىن ئالتۇن قىزىشنى ئويلاشمىساق، بۇ يىللىق بارلىق ئەجرىمىز بىكار كەتكەن بولىدۇ، ــ كىمدۇر بىرى غودۇرىدى.

ــ ئۇنداق بولسا قازمامسىلەر؟ ــ گۇساڭ ئاكا غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەنىدى.

تۇيۇقسىز باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ھېلىقى يىگىتنىڭ بېشى كۆرۈندى.

ــ ۋېيزىلىقلار ئالتۇن پەشتاقنى ئىگىلىۋالغان ئەمەسمىدى؟ ئۇلار پەشتاق قاپتىلىدا لەخمە كولاۋاتقان ئەمەسمىدى؟ ئۇنداقتا ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش بەكلا ئاسانغۇ؟ ئۇلار لەخمىنى كولاۋەرسۇن، سىلەر يۇقىرى ئېقىندىكى ئامبارنىڭ سۈيى بىلەن ئۇلارنى باستۇرۇۋەتسەڭلار بولمامدىمۇ؟

ــ سۇ بىلەن باسقۇن قىلىش؟

ــ شۇنداق، كىم ئۇلارغا سىلەرنى بوزەك قىلسۇن دەپتىكەن؟

گۇساڭ ئاكا ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قىياسىچە، بۇ ئەقىل تازا جايىدا بولۇپ، خۇشاللىقتىن گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ بۇرادەرلىرىگە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن غالىبلارچە كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئىچىدە خۇشال ئىدى، چۈنكى ئۇ بۇ تەدبىر ئارقىلىق ۋېيزىلىقلارنىڭ ئەدىپىنى راسا بېرىپ، نومۇسىنى

يۈيالايتتى. گۇساڭ ئاكا بۇ ئاجايىپ ئىشقا ئاتلىنىش ئالدىدا لۇ قىزچاقنى يوقلاشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ لۇ قىزچاقنىڭ ئىشىكىدە چوڭ بىر قۇلۇپنىڭ ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئەتراپتىن خېلى ئىزدەپمۇ ئۇچرىتالمىدى ـ دە، كۆزى قىيمىغان هالدا قايتىپ كەلدى ۋە لى چاڭجيۇنى سۈرۈشتۈردى. باشقىلار ئۇنىڭ قېيىنئاتىلىرىنىڭ جيياڭنىڭ دىيارىغا كىرىپ، ھازىر... قېيىنئاتا... دوكلات قىلدى. ئۇنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى پەملىگەن توپ بېشىنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن چوڭ ئىش ئالدىدا ئۆزىنى يەنىلا سالماقلىق بىلەن تۇتۇۋالدى.

— ئۇنىڭ ئەدىپىنى قايتىپ كېلىپ بېرىمىز. ئۇ خۇنپەرنىڭ قانىتى بولسىمۇ ھېچ يەرگە ئۇچۇپ كېتەلمەيدۇ.

دەل پەيتىدىكى ھىيلە ـ نەيرەڭ ئاتا قىلغان كۈچ ـ قۇدرەت بىلەن گۇساڭلار دەرھال نىشانغا قاراپ ئاتلاندى. ئەمەلىيەتتە، لى چاڭجيۇ ھېچ يەرگە كەتمىگەن بولۇپ، گۇساڭلار ئۇنى ئىزدىگەن بولسىلا، ئۇنى قېيىنئاتىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈرەلەيتتى. لى چاڭجيۇ سىيگۇسى كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شۇ قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆزىنى بويىغانىدى. دېمەك، ئۇ مۇشۇ تەدبىر ئارقىلىق ئۇلاردىن بىردەم بولسىمۇ يىراق تۇرۇش مەقسىتىگە يەتكەنىدى. ئۇ قولى بىلەن ئالدىنى قاماللاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ چىقىش يولى ھەققىدە توختىماي پىكىر يۈرگۈزەتتى. ئۇ ئۆز ئادەملىرىنى بەكلا سادىدا ئويلاپ، ئۇلارنى چوقۇم تاڭغۇت جىلغىسىدا ساقلاپ تۇرىدۇ، دەپ چوتنى خاتا سوققانىدى. شۇڭا، ئۇ كەچ كىرگۈچە ساقلاپ، ئاندىن خاتىرجەم ھالدا قەدىمىي ئالتۇنلۇقتىن ئايرىلماقچى بولغانىدى.

ئاخىر ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باستى، ئۇ ئەمدىلا كېسەك ئۆيلەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز بىر ناتونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى:

— كىم سەن؟

ئىشتانغا چىقىرىۋەتكۈدەك قورقۇپ كەتكەن لى چاڭجيۇ بۇ ئاۋازنىڭ قاياقتىن كەلگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي، ئەمدى قاچاي دەپ تۇرۇشىغا، بىرسى ئۇنى توسۇۋالدى. ئۇ قارشى تەرەپنىڭ ئۆز ئادەم ئەمەسلىكىنى بايقىغاندىن كېيىنلا كۆڭلى بىرئاز تەسكىن تاپقاندەك بولدى.

— هوي ئوغرى، كىمنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلىدىڭ؟

— مەن ئوغرى ئەمەس، يولۇچى.

— ئوغرى بولمىساڭ نېمە ئۇچۇن بۇنچىلىك هودۇقىسەن؟

بومبا ساقال ئۇنىڭ ئۇنچىلىك مۇھىم ئادەملەردىن ئەمەسلىكىنى پەملىدى ۋە ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ، ئەرزىگۈدەك هېچنېمە تاپالمىغاندىن كېيىن سورىدى:

— يولۇچى بولساڭ، بۇ يەردە نېمىدەپ تىمىسقىلاپ يۈرىسەن؟

— ئالتۇنلۇقتا كەلگەنلەر يەنە نېمە قىلاتتى؟ مەن گۆشاڭلاردىن.

— ئالتۇن پەشتاقنى ئىگىلىۋالغان گۆشاڭلاردىن ئىكەنسەن ـ دە؟ بۇرادەر، ماڭا ئەگەشكىن، تۇرقۇڭدىن قارىغاندا، خېلى ئىشقا يىشىپ قالغاندەك تۇرىسەن.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى بۇ بومبا ساقاللىق ئەرزان ئەمگەك كۈچلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئالتۇن قازىدىغان توپ بېشلاردىن ئىدى. نۆۋەتتە ئۇ خېلى ئوبدان بىر پارچە يەرگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئەمگەك كۈچىگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى.

— كۆنلۈك ئىش ھەققىڭ ئىككى يۈەندىن بولسۇن، ياتاق ـ تاماقتىڭنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرىمەن، گەپىنىڭ ئوچۇقىنى باشتا قىلسام، ئالتۇن بۆلۈشكەندە كىم جىق تەر تۆكسە شۇ نەپ ئالىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، ساقىلىغا تۇكۇرۇپ قالغىنى قالغان، — ئۇ گەپ ئارىلىقىدا ئون يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى، — بۇنىڭغا تاماكا ئېلىپ چەك.

لى چاڭجيۇنىڭ قولى قىچىشىپ تۇرسىمۇ، لېكىن پۇلنى ئېلىشقا پېتىنالمايۋاتاتتى.

— ياخشىلىق قىلغاننى بىلمەيدىكەنسەن، — بومبا ساقاللىق پۇلنى قايتىدىن يانچۇقىغا سالدى ـ دە، ئارام ئېلىشقا كىرىپ كەتتى.

لى چاڭجيۇ كېسەكلىك كونا ئۆيگە تىكىلگىنىچە، ئويلىنىپ قالغاندىن كېيىن تەشۋىش ئىلكىدە ئىشىكنى چېكىپ ئۆيگە كىردى. ئىشتىنىنى سېلىۋاتقان بومبا ساقاللىق ئىشتانبېغىنى باشقىدىن كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە تىكىلدى.

— مەن ئىشلەيمەن.

بومبا ساقاللىق ھېلىقى ئون يۈەننى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تاشلىۋېدى، ھودۇقۇپ كەتكەن لى چاڭجيۇ پۇلنى تۇتالمىدى.

— قائىدىمىز قاتتىق، ئالدىنئالا دېيىشىۋالغىنىمىز ياخشى، — دېدى ئۇ يەردىكى پۇلنى ئېلىۋاتقان لى چاڭجيۇغا ئەسكەرتىپ، — نىيىتىنى بۇزۇپ، شۇملۇق قىلغانلار قامچىلىنىدۇ. ياخشى ئويلان.

— مەن باشتا سىناپ كۆرەي.

— سىناپ كۆرۈشكە بولمايدۇ، ئىشلەيمەن دەيدىكەنسەن، ئاخىرىغىچە ئىشلىشىڭ كېرەك. تاڭغۇت جىلغىسىدىلا بولىدىكەنسەن، سەن مېنىڭ ئادىمىم دېگەن گەپ، مەن سېنى قانداق قىل دېسەم شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك.

ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى ئورەك كولاپ، قۇم تاسقاشتىن باشقا ئىش ئەمەس ئىدى. بۇنداق كۇلپەتلەرنى لى چاڭجيۇ ئاللىبۇرۇن تارتىپ بولغان، گۇرجەك ئوينىتىپ، جوتۇ چاپالمىغانلار ھەرگىزمۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق دېھقان بالىسى بولالمايدۇ، ئۇ ئەنە شۇنداق خىياللار ئىلكىدە يەردىن تېرىۋالغان بايىقى پۇلنى يانچۇقىغا سالدى، بىر قولى بىلەن ئىشتانبېغىنى چىڭ تۇتۇۋالغان بومبا ساقاللىق ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىگە مۇشتلاپ قويدى. لى چاڭجيۇ ئۇنىڭغا قورقۇمسىراپ قارىدى، بومبا ساقال قاقاھلاپ كۈلگىنىچە دېدى:

— مانا بۇنى جاھانغا بېقىپ ئىش تۇتۇش دەيمىز، ئۆكتەملىك قىلساڭ قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىلىۋال.

ئۇ ئۆيدىن چىقماقچى بولۇۋىدى، يوتقاننىڭ ئىچىدىن بىر ئايال بېشىنى چىقىرىپ ئاغرىنغان ھالدا دېدى:

— بولدى، قايتىپ كەتمىگىن، بۈگۈن ئاخشام مۇشۇ يەردە يېتىپ قال، بىزگە كاشىلىسى يوق.

شۇ ئاخشىمى لى چاڭجيۇ ئۇلار بىلەن بىر سۇپىدا يېتىپ قالدى، تازا قىرانىغا يېتىپ ئېچىرقاپ كەتكەن بىر جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ يوتقان ئىچىدىكى ئاۋازلىرىدىن ئۇ قۇلىقىنى يۇپيۇرۇپ، كۆزىنى چىڭ يۇمغىنىچە تەتۈر قاراپ يېتىپ باقتى. لېكىن، ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيگەندىن، تېشىدا كۆيگەن يامان دېگەندەك، كۆچلۈك ھەۋەس ۋە شەھۋەت ئوتىدا زادىلا تولغىنىپ ياتالمايۋاتاتتى. تۈن نىسپىدىن ئۆتكۈچە ھېلىقى بومبا ساقاللىق ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈدا ئۈچ قېتىم ئاتاكىغا ئۆتكەن بولدى ۋە ئاخىرىدا خۇددى كېۋەزدەك سولىشىپ، خوتۇننىڭ ئۈستىدىلا يېتىپ قالدى. ئايال ئەكسىچە تېخى قانمىغان بولۇپ، قېشىدىكى يېڭى مالغا قاراپ كۆزىنى قىسقىنىچە ئۈستىدىكى بومبا ساقاللىقنى ئىتتىرىۋېتىپ، لى چاڭجيۇنىڭ يوتقىنىغا كىرىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى، لى چاڭجيۇ ئۇ ئەردىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۇنىنىمۇ چىقىرىشقا پېتىنالماي ئۇنى ئىتتىرەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن بومبا ساقاللىق ئويقۇلۇق كۆزىنى ئېچىپ مازاق قىلدى.

— نېمە؟ سېنىڭ نەرسەڭ ئىشلىمەمدۇ؟

لى چاڭجيۇ ئۇنىڭ سۆزىدىن رىغبەتلىنىپ خوتۇننىڭ ئۈستىگە ئەمدىلا چىقىشىغا، ئۆزىنى كونترول قىلالماي كۇسىرىنى بۇلغىۋەتتى.

— ھۇ يارىماس!

ئايال ئەلەم بىلەن ئۇنىڭغا قاتتىق بىر ئالىيىپ قويۇپ، بىر چەتكە بېرىپ ئۇيقۇغا كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، لى چاڭجيۇ بۇ

كېچە تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىدى، تاڭ ئاتارغا يېقىن كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنىۋىدى، كۈتۈلمىگەندە بومبا ساقاللىق ئۇنىڭ قۇلىقىدىن سوزدى.

— ئۇيقۇڭنى تېز ئېچىپ، مەن بىلەن تېز ماڭ، مەن لامزەللە ئەبلەخلەرگە تولىمۇ ئۆچ.

ئۇ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆزىنى بىرھازا ئۇۋۇلىدى ۋە پۇشايمان ئىلكىدە پىچىرلىدى: «بۇ خۇنپەر ھېيلىتىن مېنى خۇددى دادامدەك ئۇرۇپ - دۆشكەللىسە، كېيىنچە ھالىم قانداق بولۇپ كېتەر؟»

— توپ بېشى، ئەڭ ياخشىسى، مەن يەنىلا بولدى قىلسام بولغۇدەك.

— بۇ يەر خالىغاندا كېلىپ، خالىغاندا كېتىدىغان مېھمانخانا ئەمەس، — ئايالنىڭ كوتۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بولدى قىلىمەن؟ نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟

بومبا ساقال ئۇنىڭ پۇتىغا كۈچەپ تەپتى، ئاغرىق ئازابىغا چىدىمىغان لى چاڭجيۇ يەردە ئولتۇرۇپلا قالدى. ئايال ساغرىسى بىلەن ئىتتىرىپ ئىشىكنى ئېچىۋەتكەن ھامان، سوغۇق تاڭ شامىلى ئۆيگە كىرىپ ئۆيدىكىلەرنى بىراقلا سەگىتىۋەتتى. دېمەك، تاڭ شامىلى ئۆي ھاۋاسىنى ساپلاشتۇرۇپ، ئۇيقۇسى قانمىغانلارنىڭ ئۇيقۇسىنى، كېچىچە ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنلەرنىڭ ھېرىش - چارچاشلىرىنى بىراقلا سىرتقا قوغلاپ چىقارغانىدى. توپ بېشى لى چاڭجيۇنى تارتىپ قوپقۇزۇۋەتتى. بۇ چاغدا ھېلىقى ئايالنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كەتكەنىدى:

— يوقىلىش، ھەممىڭ يوقىلىش، ھاماچاڭنىڭ قايتىدىن ئۇيقۇسى كېلىۋاتىدۇ.

ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ يولىغا راۋان بولدى، لى چاڭجيۇ خۇددى قوقاس دەسسىۋالغاندەك ناھايىتى تەستە قەدەم يۆتكەيتتى. بومبا ساقاللىق بولسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىتتىرەتتى.

گۆساڭلار ئورۇنسىز قان تۆكۈلىدىغانلىكى بارلىق ئىشلاردىن بىراقلا قول ئۈزۈپ، يولسىز تەلۋە ۋېيىزلىقلارغا تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە ھەقىقىي تەۋە بولغان ئالتۇنلۇقنى تاپقانىدى. ئۇلار تاپقان ئالتۇنلۇق جىلىڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا بولۇپ، جىلىڭ تۈزلەڭلىكىدىن يىراق ئەمەس ئىدى. خۇددى بۇ يەر كونىلارنىڭ: «جىلىڭ دەرياسى جىلىڭ تۈزلەڭلىكىدىن باشلىنىدۇ، يۇقىرىقى كۆل سۈيى ئون مىڭ گەز كېلىدۇ، ئېقىنلىرى كۈمۈشتەك، چەشمىلىرى ئۈنچىدەك، جىلۋىلىرى يۇلتۇزدەك، سۇزۇكلۇكى ئەينەكتەك ئاجايىپ ھەيۋەتلىكتۇر» دېگەن سۆزىگە تولىمۇ باب كېلەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئېگىزلىكتىكى كۆل بىرنەچچە قەدىمىي كۆلچەكلەردىن تەركىب تاپقان، ئۇ ئەلۋەتتە جىلىڭ دەرياسىنىڭ بېشى ئەمەس، شۇنداقلا كونىلار ئېيتقاندەك ئۈنچىلىك سىرلىقمۇ ئەمەس ئىدى. كۆلچەكلەردە سۇ ساقلىناتتى. دېمەك، بۇ ھال ئىلگىرى بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. كۆلچەكلەرنىڭ كۆلىمىدىن ئېيتقاندا، بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان كىشىلەرنىڭ سانىمۇ نەچچە ئون مىڭدىن ئېشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. جىلىڭ دەرياسى ئەتىيازدا ئۆرلىگەندە، دەريا سۈيى كۆلچەكلەرگە باشلىناتتى. سۇ ئازلاپ كەتكەن پەسىللەردە كۆلچەكلەردىكى سۇ كىشىلەرنىڭ بەھۇزۇر ئىچىشى، خاتىرجەم تېرىقچىلىق قىلىشى، سۇغىرىشى ئۈچۈن يېتىپ ئاشاتتى. نۆۋەتتە كېلىپ قالغاندا، بەزى زىيانلىق ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلەتتى. بولمىسا تارىختىكى بىرنەچچە قېتىملىق لەخمە كولاشتەك داغدۇغىلىق ئىشلار مەغلۇپ بولمىغان بولاتتى، «گىرانت تاش كۆرۈنسە، كەلكۈن كېلىدۇ» دېگەن سۆزمۇ بالايىئاپەتتىن دېرەك بېرىدۇ، دېگەن بېشارەت تاكى بۈگۈنگىچە تارقالمىغانمۇ بولاتتى. جىلىڭ دەرياسىنىڭ ئېقىن مىقدارىمۇ چەكلىك بولۇپ، يىغىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن چوڭ ئېقىنغا ئايلىنىپ، ھېلىقى كۆلچەكلەر ۋە تەبىئىي ئېرىقچىلار

ئارقىلىق غايەت زور كەلكۈن ھاسىل قىلاتتى. گۇساڭلار ئەجدادلار ئىختىراسىدىكى بۇ ئەپلىك جۇغراپىيەلىك ئورۇنغا كېلىپ جايلاشتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھەر كۈنى جىلىڭ دەرياسى بويىدا ئالتۇن تاسقايتتى، يەنە بىر قىسمى خۇددى شىمالىي يۇلتۇز تۇركۇمىدەك ئىستىخىيەلىك جايلاشقان قەدىمىي كۆلچەكلەر ئۇچۇن تەر تۆكەتتى. دېمەك، كۆلچەكلەرگە تۇتىشىدىغان ئېرىقلارنى باشقىدىن چېپىش ۋە ئۇلارنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇش، تەبىئىي ئېرىقچىلار بىلەن كۆلچەكلەر تۇتىشىدىغان جايلارغا توسما ياساش، سۇ يىغىلغاندىن كېيىن توسمىنى ئېچىۋېتىش قاتارلىق بىر قاتار جەريانلار ئارقىلىقلا كەلكۈن ئاندىن ئالتۇن پەشتاققا ئۇدۇل بارالايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار ئۇزۇكسىز پايلاقچى ئەۋەتىپ، ۋېيزىلىقلارنىڭ لەخمە كولاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزىتىپ، كەلكۈن قويۇپ بېرىش پۇرسىتىنى كۈتەتتى. بۇ جەريانلاردا نەچچە يۈز ئادەمنىڭ تاسقاپ تاپقان ئالتۇنلىرى تېخى ئۇن ئالتە سەرگە يەتمىگەنىدى.

گۇساڭلار بىلەن لۇ قىزچاقنىڭ تۇرالغۇسىنىڭ ئارىلىقى ئاران ئىككى چاقىرىم كېلەتتى. ئوتتۇرىسىدا قېيىنزارلىق بولۇپ، جىلىڭ دەرياسى قېيىنزارلىقنى كېسىپ ئۆتەتتى، گەرچە سېغىنىش ئوتلىرى لاۋۇلداپ تۇرسىمۇ، لېكىن گۇساڭ ئاكا لۇ قىزچاقنى قايتا ئىزدەپ بارمىدى، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا، لۇ قىزچاق ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىن بەكلا يىراقلاپ كەتكەندەك، قىزچاقنى جاڭ بوسەننىڭ قولىدىن تارتىۋېلىشقا كۆزى يەتمەيدىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا، نائىلاج رېئاللىقتا تەن بەرگىنىچە، ئەلەم بىلەن تولغىنىپ كېتەتتى. گەرچە لۇ قىزچاقنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭلى بولسىمۇ، لېكىن قىزچاق ئۇنىڭ ئۇچۇن پەقەت سۇدىكى ئاي شولىسى، چۈشتىكى مەۋھۇم سىما، شۇنداقلا كۆرۈپ ھوزۇرلىنىشقا بولىدىغان، تۇتۇشقا، پۇراشقا بولمايدىغان شۇنداق بىر سېھىرلىك گۈل ئىدى. ئۇ پەقەت ئالتۇنغا ئېرىشكەندىلا، ئاندىن ھاياتىدىكى خوتۇن ئالالماسلىقتەك

ئىچىنىشلىق تارىخقا ھەقىقىي تۇردە خاتىمە بېرەلەيتتى. پەقەت مۇشۇ تۇيغۇلا ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا تەسكىن بولالايتتى. شۇنداقلا مەسۇم بىر ئۇمىد ئىلكىدە يۈرەكلىرى تىپچەكلەپ كېتەتتى، ئۆزى ئۇچۇن، ۋېيزىلىقلارنىڭ كەلگۈسى ئۇچۇن مېھرى ئىسسىق، سېھىرلىك ئالتۇننىڭ شېرىن چۈشى ئىلكىدە، لۇ قىزچاقنى بىر ئاماللار قىلىپ ئۇنتۇغان دەل ئاشۇ كۈنلەردە لۇ قىزچاق ئۇيلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە پەيدا بولۇپ قالدى.

شۇ كۈنى تاڭ تېخى يورۇمىغان، ئۇلار ۋېيزىلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى يوشۇرۇن كۆزىتىۋاتاتتى، ئۇلار ۋېيزىلىقلارنىڭ سېزىپ قېلىشى بىلەن ئەجەللىك زەربىگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەر قېتىم يىگىرمە، ئوتتۇز ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئەھۋال ئىگىلەشكە باراتتى. شۇ كۈنى ئۇلار يېرىم يولغا كەلگەندە، بىر كىشىنىڭ قەدەم تىۋىشىنى ئاڭلاپ، ۋېيزىلىقلار پايلاقچى ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ دەرھال يوشۇرۇندى. بولۇپمۇ، ئۇلار مۇشۇ كۈنلەردە ۋېيزىلىقلارنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئالتۇنلۇقنى، بولۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەخپىيىتىنى بايقاپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى.

— ئۇنى مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا جەھەننەمگە يولغا سالايلى، — كىمدۇر بىرسى گۇساڭ ئاكىغا ئاستا پىچىرلىدى.

— ۋېيزىلىقلار ئىكەنلىكىگە ھازىرچە بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ.

گۇساڭ ئاكا ئالىبۇرۇن ئالۋاستىنىڭ تۇرقىغا كىرىۋېلىشتەك ياخشى بىر ئامالنى ئويلاپ قويغانىدى. چۈنكى، قەدىمىي ئالتۇنلۇقتىكى قورقۇنچلۇق ئالۋاستىلارنىڭ ۋەھىمىسى ھەرقانداق قاپ يۈرەك ئەزىمەتنىڭمۇ يۈرىكىنى تىترەتمەي قالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۈزىگە ئاق سېغىز لاي سۈركەپ، قولىدىكى مەشئەلگە ئوت ياقتى. ئوتنىڭ يورۇقىدا كۆزلىرى پارقىراپ، بۇرنى لىپىلداپ، تىلى ساڭگىلاپ تۇرغان ئاجايىپ بىر

بەتبەشىرە مەخلۇق غەلىتە كۈلكە ئاۋازى بىلەن پەيدا بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ بايىقى كۈلكە ئاۋازى قانداقتۇر بىر ياۋۇز مەخلۇقنىڭ ھۇۋلىشىغا ئۆزگىرىپ، ھەتتا ئۆز كىشىلىرىنىڭمۇ يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋەتتى. ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ھالدا ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بايىقى كۈلەڭگە كۆز ئالدىدىكى بۇ سۈرلۈك ۋەھىمىدىن قاتتىق چۆچۈپ چىرقىرىۋەتتى. بۇنىڭ ئايالنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى دەرھال پەرق ئەتكەن گۇساڭ ئاكا دەرھال ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى.

ناتونۇش ئايال ھوشسىز ياتاتتى. گۇساڭ ئاكا ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كۆك رەڭ، ئاق گۇللۇك كۆڭلىكىنى كۆرۈپ، خۇددى كۆز پەسلىدىكى غازاڭنىڭ يەرگە چۈشكەندىكى ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۆزىنى شۇ ئان يۇمىۋالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دەرھال ئايالنى ئاستا سىلكىپ، تىنىقى بارلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن قولىقىنى ياقتى، ئۇنى قورقۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ قويمىغانلىقىنىڭ ئۆزى شۇ تاپتىكى بەختسىزلىك ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بەخت ئىدى. گۇساڭ ئاكا ئۆزىنىڭ ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويغانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىۋاتاتتى. ئۇ ئايالنى ئاستا كۆتۈرۈپ قوچىقىغا ئالدى، باشقىلار ئايالنى تارتىشتۇرۇپ بېقىپ، يەنە داۋاملىق ئالتۇن پەشتاق تامان يوشۇرۇن يۈرۈشنى داۋام ئەتتى.

گۇساڭ ئاكا كەچنىڭ سوغۇق شامىلىنىڭ ئايالغا تالاپەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەندەك، ئۇنى بىر تۇپ دەرەخنىڭ ئاستىغا ياتقۇزۇپ، ئەتراپتىن يۇمران ئوت - چۆپلەرنى يۇلۇپ كېلىپ، ئۈستىگە ئاۋايلاپ ياپتى، ئۇنىڭ قېشىدىكى ياۋا گۇللەر شامالغا ئەگىشىپ نازلىق ئىرغاڭلاپ، سوغۇق پەسلىنىڭ تۇن يېرىمىدىكى ھاياتلىقنىڭ ئەڭ گۈزەل كارتىنىسىنى سىزىپ چىقماقتا ئىدى.

گۇساڭ ئاكا ئۇنىڭ قېشىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا مەستانىلىك بىلەن باققىنىچە، ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى ئاجايىپ

ئۆزگىچە بولغان مۇھەببەتلىك تۇيغۇنىڭ قايتىدىن يالقۇنلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. تۈن پەيتىدىكى پۈتكۈل دۇنيا ئۇنىڭ كۆزىگە ئايلىنىپ كەتكەن، ئەتراپ تىمتاس ئىدى. ئۇمۇ بىر ۋاپا ئەھلى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ خىل مۇھەببەتلىك ۋە ھاياجانلىق مىنۇتلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى. خۇددى ئۇيقۇدىكى پەرىشتىدەك ھوشسىز ياتقان بۇ ساھىبجامال شۇ تاپتا ئۆزىدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدىغاندەك، شۇنداقلا ئۆزىمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسا بىر مىنۇتمۇ ياشىيالمايدىغاندەك ئۆزگىچە مېھىرلىك تۇيغۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى پۈتۈنلەي ئەسىر قىلىۋالغانىدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۇيقۇدىكى بۇ پەرىشتىنى باغرىغا باسالمايدۇ؟ پەرىشتىنىڭ تولغان كۆكسى ئۇنىڭ ئەقلىنى لال قىلاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ سېھىرلىك كۆكسى تىۋىشسىز ھالدا تىنىمسىز كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ باغرىغا ئىنتىلەتتى. پەقەت ئۇ پەرىشتىنىڭ كۆڭلىكىنى قايرىسىلا، ئاشۇ بىر جۈپ سېھىرلىك ئالمىنىڭ ھۇزۇرى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي مەنسۇپ بولاتتى. لېكىن، ئۇ يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋالدى، چۈنكى ئاشۇ بىر جۈپ ئالما ئۇيقۇدىكى پەرىشتىنىڭ ئۆزىگە تۇتقان تەسۋىرلىگۈسىز گۈزەل بەدىئىي سۈرىتى ئىدى. ھەرگىزمۇ باشقىلار تالاشسا بولىدىغان بايلىق ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ بىرەر ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، شۇ ئان ئۇ ئايالدىن كۆزىنى قاچۇردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ قاتتىق تېپچەكلەيتتى. ئەكسىچە، لۇ قىزچاق بولسا ئاشۇ زىددىيەتلىك تۇيغۇلاردىن تامامەن مۇستەسنا ھالدا دەريا تەرەپكە يۈزلىنىپ ھوشسىز ياتاتتى. ئاينىڭ سۇ يۈزىدىكى سېھىرلىك نۇرى ئۇنىڭ چېھرىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇۋەتكەنىدى. پەرىشتىنىڭ كۆزلىرى ھېلىھەم يۇمۇلغان، يېرىم ئېچىلغان ئاغزىدىن چىققان چۈشىنىكسىز پىچىرلاشلىرىدىن ئۇنىڭ ھوشسىز يېتىپمۇ يۈرىكىنىڭ يەنىلا بايىقى ۋەھىمىلىك كۆرۈنۈش ئىلكىدىن قۇتۇلالمىغانلىقىنى قىياس قىلغىلى بولاتتى. دەرياغا يۈزلىنىپ

تۇرغان گۇساڭ ئاكىنىڭ قاۋۇل بەستىنىڭ سۇدىكى ئەكسى دەريا سۈيىنىڭ كىچىك ـ كىچىك دولقۇنلىرىدا توختىماي تەۋرىنەتتى. باياۋاننىڭ تۈن نىسپىدىكى ئىزغىرىن شامىلى ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئوتلۇق ھاياجىنىنى ھەرگىزمۇ پەسلىتەلمىگەن ئاشۇ ئۈنتۈلغۇسىز دەقىقىلەرنىڭ بىرىدە، گۇساڭ ئاكا دەرھال ئۆرۈلۈپ، ھوشسىز ياتقان قەلبىدىكى ساھىبجامالغا يەنە بىر قېتىم مەستانىلەرچە تىكىلىپ تۇرۇپ كەتتى. تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، قولىنى ئۇنىڭغا ئۇزارتتى ـ يۇ، ۋۇجۇدى ئىختىيارسىز توك سوقۇۋەتكەندەك تىترەپ كەتتى. ئاھ، تەڭرىم! ئۇنىڭ يۈرىكى بىر تۇرۇپ ئوت بولۇپ يالقۇنلىسا، بىر تۇرۇپ مۇز بولۇپ قاتاتتى، ئوت بىلەن سۇ ئەزەلدىن سىغىشقان ئەمەس، لېكىن ئوتنىڭ يالقۇنلۇق جىلۋىسى بىلەن سۇنىڭ ياقۇتتەك ئۆزگىچە جىلۋىسى ئوخشاشلا گۈزەللىكنىڭ مەڭگۈلۈك تىمسالى! ئۇ تۇيۇقسىز ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەينىگە داجىدى.

ئاي نۇرى كۆزنى قاماشتۇراتتى، ئاسمان يوپۇقى خۇددى تۈت ئەتراپتىكى تاغ چوققىسىغا يېپىلغاندەك، دۇنيا خۇددى غايەت زور يا كەبى ئىگىلگەندەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئايال ئاخىر ھوشىغا كېلىپ، كۆزىنى باشتا كۆككە، ئاندىن ئەتراپتىكى ئورمانغا، ئاي نۇرى ئەكس ئېتىپ تۇرغان دەريا ئېقىنىغا تىكتى ۋە بايا يۈز بەرگەن قاباھەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، تېنى ئىختىيارسىز جۇغۇلداپ كەتتى، ئۇ ئاستا رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئەتراپقا يەنە بىر قېتىم تىكىلدى. گۇساڭ ئاكا يىراقتىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئايال ئاستا ـ ئاستا ئۆرە تۇرغاندەك قىلدى ـ يۇ، يەنە تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشتى. گۇساڭ ئاكا ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى ئاستا يۆلىدى، ئايال ئېسىگە كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

— گۇساڭ ئاكا.

ئايال ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى، ئاياللار ئەزەلدىن كۆز يېشىغا ئىشىنىدۇ، ئاچچىقلانسىمۇ، ئازابلانسىمۇ، خۇشال بولسىمۇ، ياش

تۆكىدۇ، ئۇنداقتا بۇ ئايالنىڭ ھازىرقى كۆز يېشى زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئۇ ئىختىيارسىز ئۆزىدىن سورايتتى. باياۋاننىڭ سوغۇق ئاخشىمى ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇراتتى.

ۋېيىزىلىقلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىۋاتقان گۇساڭلار سەھەر پەيتى بىلەن قېيىنزارلىقتا قايتىدىن يوشۇرۇندى. ئاسمان گۇمبىزى دەسلەپتە ئاقىرىپ، كەينىدىن قوغۇشۇن رەڭگە كىرىپ، ئاندىن سۇس ھاۋا رەڭگە، ئارقىدىن سۇت رەڭگە كىرگەندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا ئاقىرىشقا باشلىدى. دەل شۇ پەيتتە ۋاڭ رېنخوۋنىڭ خوتۇنى جىلىڭ دەرياسى بويىدا پەيدا بولدى ۋە ئەتراپقا تەپسىلىي بىر نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن، قېيىنزارلىققا، يەنى گۇساڭلار يوشۇرۇنغان دائىرىگە كىرىپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە، ئايال گۇساڭلارنى تۇيۇقسىز بايقاپ قالغان، ئەكسىچە قېچىشقا ھېچقانداق ئىمكانىيىتى قالمىغانىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ پۇت ـ قولىدا ماغدۇر قالمىغان، ئۆزىنى تەڭرىگە تاپشۇرۇپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئايال بولۇپ قالغىنى، يەنە كېلىپ ۋېيىزىلىق بولۇپ قالغانلىقى گۇساڭلار ئۈچۈن يېتىپ ئاشقۇدەك ئەڭ ياخشى باھانە ئىدى. ئايال ئاخىر چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان ھالدا تەقدىرگە تەن بېرىپ، لام ـ جىم دېمەي، لاغىلداپ تىترىگىنىچە دۈگدىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چېھرىدىن ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئايالللارغىلا خاس قورقۇمسىراش بۇ بىر توپ ياۋايىلارنىڭ ۋەھشىي خاراكتېرىنى تېخىمۇ ئاۋۇندۇراتتى. دېمەك، بۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇقتا مېھىر ـ شەپقەتتىن ئەزەلدىنلا ئەسەر يوق ئىدى !

— ئېرىڭنى تاپالىدىڭمۇ؟

— ئىشتىنىنى سالدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن سورىمامسەن؟

كىمدۇر بىرى ئايالنى ئاستىلا ئارقىسىدىن قۇچاقلاپ كۆتۈردى، بىچارە ئايالنىڭ گەۋدىسى ھاۋادا ئېسىلىپ قالغان، ھە دەپ تېپچەكلەيتتى، لېكىن ھېچقانداق ئۈمىدكە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، ياشلىق كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. دېمەك، ئۇنىڭ كۆز

ئالدىدىكى باياۋان، بايىقى ۋەھشىيلەر توپى، شۇنداقلا بايىقى ئۆزگىچە ئاسمان رەڭگىمۇ غايىب بولغانىدى. بايىقى ۋەھشىيلەر ئۇنى قورشاپ ئوتتۇرىغا ئېلىشىۋالغان، كۆزلىرىدە شەھۋەت ئوتى چاقنايتتى. شۇ پەيتتە، بۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇق ئۇلارنىڭ بايلىق تېپىش، ئۆچ ئېلىش، شۇنداقلا كۆڭلۈل ئېچىش سەھنىسىگە ئايلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇلار شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، نېمىلەرنىدۇر ۋارقىرىشىپ، قوللىرىنى ئىشقىلاپ، خۇددى كۈي يۇراپ قالغان بۇقىدەك توپا تىلغاپ، بۆرىدەك ھۇۋلاپ ئادىمىيلىكىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى. ئايالنىڭ كۆزىدىن سىرغىۋاتقان ئەلەملىك ياشلىرى توختايدىغاندەك قىلمايتتى.

— مېنى قويۇۋېتىڭلار، مېنى قويۇۋېتىش !

ئايالنىڭ بىچارە ئۆتۈنۈشلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرەلىگەن بىلەن بۇ بىر توپ ۋەھشىيلەرنىڭ ھېچ نەرسىگە كېلىپ قويمايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە جاھان قارىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ جاھاننىڭ دۇم كۆمتۈرۈلۈپ چۈشۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى. چۈنكى، ئۇ پەقەت شۇندىلا كۆز ئالدىدىكى بۇ تەسۋىرلىگۈسىز ئار - نومۇستىن ۋە قەلبىدىكى ئازابتىن بىراقلا قۇتۇلۇپ كېتەلەيتتى. ئۇ ۋاڭ رېنخوۋنى ئەسلىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەتكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۆڭلى خېلىلا تەسكىن تېپىپ قالدى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ بىر توپ ۋەھشىي ياۋايىلار تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىنىۋاتقانلىقىنىمۇ ئىدراك قىلالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. ئۇ چەكسىز ئەلەم ئىلكىدە ئېرىدىن ئۆزىنى كەچۈرۈشنى تىلەپ، ئۆز ئىپپىتىنى ساقلاشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مۇدھىش قەدىمىي ئالتۇنلۇقنىڭ ئۇنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئەينەن دېمەكچىدى. ھېچقانداق ئادىللىقتىن، مېھىر - ۋاپادىن ئەسەر يوق بۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇق يەر شارىنىڭ سىرتىدىكى ئەنە شۇنداق ناپاك بىر زېمىن ئىدى.

ئەڭ ئاخىرقى بىر تەلۋە ھاسىرىغىنىچە ئۇنىڭ ئۇستىدىن قوپتى، ئۇنىڭ ئەلپازىدىن تېخى قانمىغاندەك بىر خىل ئەپسۇسلۇق ئەكس ئېتەتتى، چۈنكى ئۇ ئاستىدىكى بۇ ئايالنىڭ ئاللىبۇرۇن نەپەستىن قالغانلىقىنى تېخى بايىلا سەزگەنىدى.

— تېز ماڭايلى، — دېدى ئارىدىن بىرسى ئەنسىزلىك بىلەن.

ئۇلار قورقۇپ قالغانىدى. دەرۋەقە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىكى ئارقىلىق ساپساق بىر ئايالنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىغا ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى، چۈنكى ئۇلار بۇ ئەرلىكىنىڭ ھاياتلىق ئاپىرىدە قىلىدىغانلىقىغا، ئەكسىچە ئادەم ئۆلتۈرمەيدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى، ئۇلار كۆز ئالدىدىكى بۇ كۈتۈلمىگەن ھالدىن ئۆرتۈپە بولۇشۇپ، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا نەلەرگىدۇر يوقالدى.

بۇ ۋاقىتتا ۋاڭ رېنخوۋنىڭ خوتۇنى يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئېرىگە ئاخىرقى بىر قېتىم نىدا قىلدى - دە، ئەلەم بىلەن جان تەسلىم قىلدى. لېكىن، ئۇ ئۆلۈم ئالدىدا چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت بىلەن سىغىنغان ئېرىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۆزىنى ئەجەل دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇرغانلىقىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدى...

سەككىزىنچى باب

# كەلكۈن

كىشىنى ئەندىكتۈرىدىغان سوغۇق شامال قارارلىشىپ قالغان قانداقتۇر بىر خىل ۋەھىمىدىن دېرەك بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. سولغۇنلۇق ئىلكىدىكى ئېغىر بۇلۇت ئاتا قىلغان قار باياۋاننى پۈركىمەكتە. قەدىمىي ئالتۇنلۇقمۇ تىلغانىغان باغرىنى ئەرشكە كەڭ يېيىپ، تەبىئەتنىڭ بۇ مەئىشەتلىرىگە زارىقىپ باقماقتا ئىدى. مانا بۇ كۆز ئاخىرىدىكى بىر قېتىملىق چوڭ قارنىڭ بۇ زېمىنغا بولغان ئۆزگىچە شاپائىتى ئىدى. قار ئۇچقۇنلىرى تىۋىشسىز لەپىلدىمەكتە. سوغۇق ئېقىم ئالتۇن پەشتاقنى پەپىلىمەكتە. تاش غاردىكى تاماق ئېتىپ ئېشىنغان چوغ تەپتى ئەتراپتىكىلەرنىڭ دۈگدىيىپ تىترەشلىرىگە ھېچقانداق ھارارەت ئاتا قىلالمايتتى. لەخمە سىرتىدىكى بۇرادەرلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىمۇ سوغۇقتىن ئۆز رىتىملىرىنى يوقاتقان، ئىشلىرى پەقەتلا ئىلگىرى باسمايۋاتاتتى. لېكىن، ئىش توختاپ قالسا بولمايتتى، چىداشلىق بېرىپ چىشنى چىڭ چىشلەش ئۇلارنىڭ بىردىنبىر تەدبىر ـ چارىسى ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا جاڭ بۇسەن ئۆزىگە ئەڭ زور دەرىجىدە غەيرەت بېغىشلاپ، ئالدىنقى سەپتىن پەقەتلا ئايرىلمىغانىدى. ئۇ تىنىمسىز ئىشلەپ باشقىلارغا ئۈلگە بولۇۋاتاتتى، ئەڭ زور چىدام بىلەن كېيىپياتنى تەڭشەپ، مۈرىتى كەلگەندە، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئانچە ـ مۇنچە چاقچاقمۇ قىلىپ قوياتتى.

ئەمەلىيەتتىمۇ، جاڭ بۇسەننى چىدامچانلىقتا تالانت ئىگىسى دەپ تەرىپلىسە ھەرگىزمۇ ئارتۇق كەتمەيتتى.

— مۇقەددەس ئوچاقتىكى ئادەمگىياھى قىيام بولۇش ئالدىدا، بىز ئۇنى مىڭ تەستە بۇگۇنگىچە قايناتتۇق. ئۇۋغا چىقساڭمۇ سەۋرچان بول، دېگەن گەپ بار! گۇلنىڭمۇ تىكىنى بار، ئەمدى بولغاندا ئىرادىمىز بوشىشىپ قالسا تۆككەن قان - تەرىمىز بىكارغا كېتىدۇ.

ئۇ بۇ سۆزنى ئۇرغۇلۇق قىلىپ، ئىشەنچ بىلەن تەكرارلايتتى. ئۇنىڭ قەلب ھەسرىتىنى چۈشەنگەن سۇڭ جىنچېڭ ناخشا باشلىدى:

تۇلپار تاغنىڭ ئۇستىدە
مىلتىقىڭنى بەتلەپ قوي.
ئاتالمىساڭ توشقاننى،
مىنمە تۇلپار، بولدى قوي.

سۇڭ جىنچېڭ ناخشىدىن توختاي دېمەيتتى. باشقىلارمۇ بۇ تاكتىسىز، يېقىمسىز ناخشىنى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ غىڭشىپمۇ قوياتتى. ئۇلار خۇددى ماغدۇرىدىن كەتكەن قېچىر ئۇستىدىكى ھارغىن سەييياھتەك، ئىش ئورنىنى چۆرگىلەپ، زادىلا كېتەلمەيتتى. ئاخىر بىر كۇنى ئۇلار خەتەرنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزلىرىگە قاراپ كۇلۇمسىرەۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى. خەۋەر يېتىپ كەلگەندە، جاڭ بۇسەن تاماق يەۋاتقان بولۇپ كۆڭلى بىئارام ئىدى.

— كۆردۈم، كۆردۈم.

ئۇ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان سۇڭ جىنچېڭغا يۈزلەنگىنىچە، قولىدىكى قاچىنى ئاستا يەرگە قويۇپ قويدى.

— گىرانت تاش، دەل ئۇچ پارچە ئىكەن، ئۇستىدە پالتا ئىزى بار ئىكەن.

جاڭ بوسەن لەخمە ئىچىگە چۈشتى. ھېلىقى ئۈچ پارچە گىرانىت تاش ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولغاندا، ھاياجاندىن ئۇنىڭ پۇت ـ قولىدا ماغدۇر قالمىغانىدى. گىرانىت تاشلار پىرامىدا شەكلىدە تىزىلغان، پارقىراق ئىدى. ھەربىر گىرانىت تاشتا پالتىنىڭ چاپقاندىكى ئىزى قالغان. قارىغاندا، بۇ ئىلگىرىكىلەر قالدۇرغان ئىز بولۇشى مۇمكىن. ئۇ تاشلارغا بىرھازا نەزەر سالغاندىن كېيىن تاشقا يامىشىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن سىلاپ كۆرۈشكە باشلىدى. تاش ئوتتۇرىسىدىكى يېرىق پەقەت بىر سۇڭ كەڭلىكتە بولۇپ، مەيلى قانداقلا قارىغاندا، ھېچقانداق يورۇقلۇق كۆرگىلى بولمايتتى. شي مەنتاڭ جوتۇ بىلەن ئۇنى قومۇرماقچى بولۇۋىدى، جاڭ بوسەن ئۇنى دەرھال توختىتىۋېلىپ، بۇيرۇدى:

— سەن دەرھال تۆپىگە چىقىپ سۇڭ جىنچېڭغا ئېيت، نەزىر سۇپىسىغا ئوت ياقسۇن، ئوت قانچە ئۇلۇغ بولسا شۇنچە ياخشى.

بۇمۇ بىر بەلگىلىمە ئىدى. غەلىبە يېقىنلاشقان ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلەردە سەن ئىلاھلارغا ئىشەن ياكى ئىشەنمە، چوقۇم ئوت يېقىشىڭ شەرت. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئوت يالقۇنى چوقۇم ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈلۈشى، يالقۇنلاپ چىققان ئىسلار بۇلۇتلار بىلەن چىرمىشىپ كېتىشى كېرەك. پەلەككە كۆتۈرۈلگەن ئوت بولسا ھاياجان، بەخت ـ سائادەت ۋە ئامەتنىڭ سىمۋولى، ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ ئىرادىسى، غالىبلارنىڭ شانۇشەۋكىتى، ھارغىنلارنىڭ ھاردۇقى تامامەن ئاشۇ ئوت يالقۇنىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. تاڭغۇتلار ئەنە شۇنداق دەپ قارايتتى، ئۇلانخادا غوجامۇ شۇنداق قىلغان، جاڭ بوسەنمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ ياققان ئوتى ئىلگىرىكىلەرنىڭكىدىن تېخىمۇ يالقۇنلۇق، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

بىر سائەت ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ ئوت يالقۇنىنىڭ ئاللىبۇرۇن پەشتاق ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندا،

لەخمىدىكى بارلىق ۋىيىزىلىقلار ئەرشتىكى ۋە پەرشتىكى بارلىق ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارغا، ئەجداد روھىغا چوقۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە تاشلىنىپ ياتقان جوتۇ ـ گۆرجەكلىرىنى قوللىرىغا ئېلىشىپ، ئاجايىپ ئۆزگىچە شېرىن ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر بىلەن ھېلىقى ئۈچ پارچە گىرانىت تاشنى قومۇرۇشقا باشلىدى. ئالتۇن كاللەكچىلىرىنىڭ ئاشۇ تاشلارنىڭ ئارىسىدا ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ناۋادا تاشلار بۇنچىلىك قېلىن ۋە ئېغىر بولمىسا ئىدى، ئىلگىرىكىلەر ئاللىبۇرۇن ئۆز مەقسەتلىرىگە يەتكەن بولاتتى. جاڭ بۇسەن بۇ ئامىتىدىن ئىپتىخارلىناتتى. ھەتتا بۇ تاشلارنىڭ ئىلتىپاتىدىن مەھرۇم قالسا گۇناھ بولىدۇ، دەپ ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرەتتى. پىرامىدا شەكلىدە تىزىلغان تاشلارنىڭ ئارىسىدىكى يېرىقچىلار ئاخىر ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئاستا ـ ئاستا كېڭىيىپ، تۇيۇقسىزلا سوغۇق بىر خىل ھاۋا ئۇلارنىڭ تىنىقلىرىغا ئۇرۇلدى. بۇ ھال خۇددى ئۇلارغا يەر ئاستىدىكى جەننەت خۇددى مۇشۇ تاشلارنىڭ ئاستىدا ئۇلارغا ئىشىك ئېچىپ تۇرغاندەك تىلسىم تۇيغۇلارنى ئاتا قىلماقتا ئىدى. جاڭ بۇسەن ھاياجان ئىلكىدە ھاسىرىغىنىچە، قېشىدىكى بىرسىگە دەرھال ئۇستىگە چىقىپ، يەنە ئىككى دانە لوم تۆمۈر ئېلىپ چۈشۈشكە، شۇنداقلا يەنە بىرنەچچە بۇرادەرنى ياردەمگە چاقىرىشقا بۇيرۇدى. بىراق، بىردەمدىن كېيىن لەخمە ئىچىدىن چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈلدى.

— كەلكۈن كەلدى! كەلكۈن كەلدى!

بۇ ئاۋازلار خۇددى قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك، ياق، پەقەت جاڭ بۇسەننىڭ بېشىغا تۇيۇقسىز تەگكەن تاشتەك ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى، ئازلا ئۆتمەي ئۇنىڭ قۇلىقىغا خۇددى ئالتۇن پەشتاق ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك، تېخىمۇ سۈرلۈك بىر خىل ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ساڭگىلاپ تۇرغان ئارغامچىنى بېلىگە چىڭ باغلىۋالدى. ناۋادا، ئىلگىرى كولىغان ئايلانما توسما بولمىغاندا، لەخمە ئىچىدىكىلەرنىڭ ھاياتى

ئاللىبۇرۇن تۈگەشكەن بولاتتى. سۇ ئېقىمى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك بولۇپ، تەبىئىي جىلغا ۋە ئېرىقچىلاردىن كېلىۋاتقان جىلىڭ دەرياسىنىڭ سۈيى خۇددى ۋەھشىي يىلاندەك تولغىنىپ، ئايلانما توسمىغا كېلىپ ئۇرۇلۇپ، توسما ئالدىدىكى مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى يالماپ يۇتۇشقا باشلىغانىدى. ئەسلىدىكى ئايلانما توسما بۇ رەھىمسىز كەلكۈنگە ھەرگىزمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. جاڭ بۇسەن بۇرادەرلىرىگە قابىللىق بىلەن قوماندانلىق قىلىپ، ئۇلارنى دەرھال ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، ئالتۇن پەشتاقتىن تاش يۆتكەپ كېلىشكە بۇيرۇدى. توسما گەۋدىسىمۇ ئېگىزلەۋاتاتتى، ئەكسىچە سۇمۇ تەڭ ئېگىزلىمەكتە ئىدى. كەچ كىرگۈچە سۇ ئېقىنىمۇ ئاستا ـ ئاستا پەسلەشكە باشلىدى. ئالتۇن پەشتاق قاپتىلى ھەرھالدا بىر پەس جىمىپ قالغانىدى. ئەمدىلىكتە بۇ بىر توپ تەلەيسىز بەندىلەر ھېرىش ـ چارچاش ئىلكىدە، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارغا پەس ئاۋازادا ھەمدۇسانا ئوقۇيتتى. نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشاتتى، ئاردىن بىرى ئۇن سېلىپ يىغلىۋىدى، ئاران تۇرغان بىرنەچچىسى ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ھەممىدىن قىزىقارلىقى، ھەممە ئىشتىن خۇشاللىق ئىزدەپ كۆڭلىنى ھەر ۋاقىت شاد ئېتەلەيدىغان سۇڭ جىنچېڭ بىلەن شى مەنتاڭنىڭمۇ ئېسەدەپ يىغلاشلىرى ئۇلارنىڭ يىغىسىغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. جاڭ بۇسەن ئۇلارغا مەسخىرە نەزىرى بىلەن تىكىلگەندەك قىلغان بىلەن، كۆز قارىچۇقلىرى ئىختىيارسىز ياشقا تولغانىدى. ئۇ يېشىنى دەرھال يېڭى بىلەن ئوغرىلىقچە ئېرتىۋېتىپ، كۆپچىلىكنى ئۆڭكۈرگە كىرىپ تاماقلىنىشقا بۇيرۇدى. تاماقتىن كېيىن ئۇ بىرنەچچە قاۋۇل، قورقماس بۇرادىرىنى باشلاپ، كېچە قاراڭغۇسى بىلەنمۇ كارى بولماي، گىرانىت تاشلارنى قومۇرۇشقا ئاتلاندى. گىرانىت تاش كۆرۈنۈش ھامان كەلكۈن كەلدى. ھازىرچە كەلكۈننىڭ ئالدى ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇرادەرلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى توسۇۋالغىلى بولمايتتى. جاڭ بۇسەننىڭ نۆۋەتتە

ھەممىدىن بەتتەر ئەنسىرەيدىغىنى گۇساڭلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى ئىدى. بۇنداق چاغلاردا كىشىنى ئاسانلا غەپلەت باسىدۇ، بۇنىڭ كۇتۇلمىگەن ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىمەك ھەقىقەتەن تەس.

ئۇلار تاش ئۆڭكۈرگە قايتىپ كىردى. بۇ چاغدا بۇرادەرلەردىكى خۇشاللىق بىلەن بىئاراملىق تۇيغۇسى ئۆزگىچە زىددىيەتلىك بولۇپ، زادىلا ئايرىۋالغىلى بولمايتتى. سىرتتىن تۇيۇقسىز ئاڭلانغان دەھشەتلىك كەلكۈن ئاۋازى ئۇلارنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى. بۇ قېتىم كەلكۈن ئېقىمى تېخىمۇ دەھشەتلىك بولۇپ، ئالدىنقى قېتىمقىدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. بۇرادەرلەر دەرھال ئۆڭكۈردىن چىقىپ كۆردىكى، قېلىن ۋە ئېگىز مۇستەھكەملەنگەن ئايلانما تۇسمىدىن ھېچ كۈتۈلمىگەندە تۆشۈكچە پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئارقىدىنلا قورقۇنچلۇق گۈمۈرۈلۈش ئاۋازى بىلەن تەڭ تۇسمىنىڭ بىر تەرىپى ئېچىلىپ، دەھشەتلىك ئېقىن بىلەن ئارىلىشىپ كەلگەن تاش ـ تۇپىلار بىچارىلەرنىڭ تېنى، روھى، ئىشقىلىپ ئۆزلىرىگە تەۋە بولغان بارلىق تەئەللۇقاتلىرىنى ئېچىنىشلىق يىغا ـ زارلىرى بىلەن قوشۇپ ئاللىقاياقلارغىدۇر ئېقىتىپ كەتتى. قورقۇنچلۇق شاۋقۇن ئىلكىدىكى دەھشەتلىك كەلكۈن لەخمە بويى بىلەن تەڭلەشمەكتە، ئۇمىد ۋە تەقدىر بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ھېلىقى ئۈچ دانە گىرانت تاشنى پۇتۇنلەي يۇتۇپ كېتىش ئالدىدا ئىدى. دېگەندەك، ئازلا ئۆتمەي كەلكۈن ئېقىنىغا ئەگىشىپ كەلگەن تاش ـ تۇپا، قۇملار بىلەن لەخمە بىراقلا تىنىپ، كەلكۈن سۈيىمۇ لەخمە ئىچىدىن بۇلاق سۈيى كەبى ئۆرلەپ، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا بايىقى لەخمىدىن ھېچقانداق ئەسەر قالمىغان، كەلكۈن سۈيى يەنىلا بايىقى سۈرئەت بىلەن ئالتۇن پەشتاق تامان ئۇلغايماقتا ئىدى. بۇ چاغدا پەشتاق ئۈستىدىكىلەر كۆز ئالدىدىكى بۇ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشكە ھاڭۋاقتىلارچە قاراپ قېتىپ قېلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ بىرەرىمۇ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئاللا ـ تۇۋا كۆتۈرمىدى، ھەتتا بىرەرىمۇ يىغلىغاندەك قىلمايتتى، پەقەت روھى چىقىپ

كەتكەندەك، ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە هايات قېلىش ئۈمىدىنىڭ يوققا چىققانلىقىدەك ھەقىقەت ئالدىدا كۆز ئالدىدىكى كەڭ باياۋاننىڭ، تاغلارنىڭ، پۈتكۈل زېمىنىنىڭ قارا رەڭدە ئۆزلىرىگە ھومىيىپ قاراپ تۇرغانلىقىغا قاراپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇراتتى، نەزىر سۈپىسىغا يېقىلغان ئوت يەنىلا لاۋۇلداپ كۆيمەكتە. گىرانت تاش كۆرۈنۈش بىلەن يېتىپ كەلگەن كەلكۈن ئۈچ ئاي ھەپىلىشىپ قېزىپ چىققان لەخمىنى بىراقلا تىندۇرۇپ، قولغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان مېھرى ئىللىق، سانسىزلىغان سەرلەپ ئالتۇنلارنى ئەنە شۇنداق ھەش - پەش دېگۈچە يۇتۇپ كەتكەنىدى. بىراق، تاغلاردىن ئۇشقىرتىپ كېلىۋاتقان سوغۇق شاماللار بارغانچە ئەدەپ كېتىۋاتاتتى، قەلبى قۇرۇق، كۆز ئالدى قاراڭغۇ، روھى سولغان بۇ بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئىسسىق قانلىرى كەلكۈن سۈيىگە قوشۇلۇپ كەتكەندەك قىلاتتى، ئىنسان قەلبى خۇددى باياۋاندەك كەڭرى، قاردەك ئاق كېلىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا تۇرغان جاڭ بۇسەن ئەلەم بىلەن قاتتىق ئۇھ تارتتى. ئەلەملىك يىغا ئاۋازى يۇرىكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن خۇددى كۆز ئالدىدىكى كەلكۈندەك ھۆركىرەپ چىقماقتا ئىدى. سانسىزلىغان ئېقىنلار ھامان بىر ئېقىن بولۇپ قوشۇلىدۇ. ئاياغ ئاستىدىكى تۇپراق ھامان نەملىشىدۇ. لېكىن، ئالتۇن پەشتاق ھامان يەنە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. چۈنكى، ئۇ ئەزەلدىن مەڭگۈلۈك ئۈمىدنىڭ جانلىق سىمۋولى. ھامان كىشىلەردىكى ھەۋەسنىڭ مەڭگۈلۈك كۈرەش مەيدانى. تاڭ ئېتىپ، قۇياش كۆتۈرۈلگەنىدى. جاڭ بۇسەن ئاخىر زېمىستان قىشنىڭ بۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇققا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلدى. ئاپپاق قارلار قۇياش نۇرىدا پارقىراپ، ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچاتتى. مانا بۇ باياۋان قۇياش نۇرى بىلەن ئاپپاق قارنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھەقىقىي ماكانى ئىدى.

— سىلەر ئەمدى قايتىپ كېتىڭلار، ئۆيۈڭلاردىكىلەر سىلەرنى ساقلاۋاتىدۇ، — جاڭ بۇسەن بۇ سۆزنى ھەممىسىگە بىر قېتىم تەكرارلاپ چىقتى. ئەكسىچە، باشقىلارنىڭ جاۋابى پەقەت ئۇنىسىز باش لىڭشىتىش بولدى.

پەقەت سۇڭ جىنچېڭلا ئۇنىڭدىن دادىللىق بىلەن سورىدى:

— سەنچۇ؟ سەن نەگە بارىسەن؟

— كەلكۈن كەلگەن تەرەپكە بېرىپ كۆرۈپ كېلەي، قىش پەسلى تۇرسا، يامغۇر ياغمىسا ياكى قار ئېرىمىگەن تۇرسا، دەريا سۈيى نېمە سەۋەبتىن ئۆرلەپ كېتىدۇ؟ بۇنىڭغا مېنىڭ ھېچ ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ.

— تاش كۆرۈنسە كەلكۈن چوقۇم كېلىدۇ، تەڭرىم ئۆز پاناھىدا ساقلىمىسا، ئىنسانغا ئامال يوق، دېگەن شۇدە.

— بۇ قېتىم مەن تەقدىرگە ھەقىقەتەن تەن بەردىم. كېيىنكى ئىشلارغا بىرنېمە دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، جىلىڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ باقاي، بۇتخانىغا يولۇقسام، شام يېقىپ كۆجە كۆيدۈرىمەن، ئەۋلىياغا يولۇقسام تىزلىنىمەن. ئىشقىلىپ بۇ سىرنىڭ تېگىگە يەتمەي قويمايمەن.

— ئۇنداقتا مەن سەن بىلەن بىللە باراي.

بۇ قېتىم جاڭ بۇسەن باش لىڭشىتتى.

كەلكۈن ئېقىنى يالمۇەتكەن ئىزلارنى بويلاپ، ئالغا قاراپ يېگىرمە چاقىرىمچە ماڭغاندا، جىلىڭ تۇزلەڭلىكى بىلەن جىلىڭ تاغ تىزمىسىغا بارغىلى بولىدۇ. شۇ تاپتا ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان قارلىق چوققىلار بۇ ئىككى سەيياھقا مەنستمەسلىك نەزىرى بىلەن تىكىلگەندى. جىلىڭ دەرياسى دەل ئاشۇ يەرنىڭ تۈۋىدىن باشلىناتتى. تاغ ئېتىكىدىكى ئارىلاشما قېيىنزارلىق بىلەن دەريانىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى قېيىنزارلىق بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ، خۇددى قەدىمىي ئالتۇنلۇقنىڭ بىر جۈپ يېشىل كۆزىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. بۇ يەرنىڭ تۇزۇلۇشى ئېگىزلىككە تەۋە بولغاچقا، شامال كۈچى زور، شۇڭا جىلىڭ دەرياسى

قىرغىقىنى ئاللىقاچان مۇز تۇتۇپ كەتكەن، مۇزلۇق قىرغاق ئىلگىرى قىزىلغان بىرنەچچە ئۆستەڭ بىلەن ھېلىقى قەدىمىي كۆلچەكلەرگە بىۋاسىتە تۇتاشقان، كۆلچەكلەرمۇ خۇددى تىزما قاپاقلاردەك بىر ـ بىرىگە چېتىلىپ كەتكەن بولۇپ، مۇز تۇتقان، كۆرۈنۈشىدىن كۆلچەكلەرگە تېخى يېقىنىدىلا سۇ قاچىلانغان، ئەينەكتەك سىلىق مۇز ئۈستى خۇددى يورۇتىلغا قايتقان سەيياھنىڭ بورنىغا ئۆز مەھەللىسىدىكى توخۇ كاتەكلىرىدىن چىققان تونۇش سېسىق پۇراقتەك تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ. ۋېيىزى كەنتىدىكى كۆلچەكلەر كىشىلەرنى ئىچىملىك بىلەن قامداش ئۈچۈن قېزىلغان.

جاڭ بوسەن كۆلچەكلەرگە تىكىلگىنىچە، بىرپەس تۇرۇپ كەتتى. كاللىسىدا ھەر خىل خىيال، تۇرلۇك گۇمان. سوڭ جىنچېڭ يەردىن بىر تال تاشنى ئېلىپ مۇزلۇق كۆلچەككە قارىتىپ ئېتىۋىدى، تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاۋاز جاڭ بوسەننى تەگسىز خىياللار ئىلكىدىن رېئاللىققا قايتۇرۇپ كەلدى.

— كۆلچەك قۇرۇق ئىكەن، مۇز ئاستى قۇرۇق ئىكەن، قارىغاندا، بىرەرى كۆلچەكتىكى سۇنى قويۇۋەتكەن ئوخشايدۇ.

جاڭ بوسەن پەقەت شۇندىلا ھەربىر كۆلچەكنىڭ يېنىدىن ئېچىلغان تۆشۈكلەرنى بايقىدى. كۆلچەكتىكى سۇلار ئاشۇ تۆشۈكلەردىن ئېقىپ تۈگىگەچكە، ئۈستىدىكى مۇز شۇ پېتى ساقلىنىپ قالغانىدى. ھەقىقىي ئەھۋالدىن ۋاقىپلانغان جاڭ بوسەننىڭ بېشى قېيىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى.

ئۆلار قاتتىق غەزەپ ـ نەپرەت، تەسۋىرلىگۈسىز ئۆچمەنلىك ئىلكىدە، ئېغىر قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ ئارقىغا ياندى. قەدىمىي ئالتۇنلۇقنىڭ گۇگۇم پەيتى ئۆلارنىڭ قەلبىنى قورتتەك غاجىلاۋاتقان غەزەپ ـ نەپرەتتىن ئۆرنەك ئالغاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. قىزغۇچ تۇمان خۇددى ئاسماندىن زېمىنغا قاراپ ئېسىلىپ تۇرغاندەك، بەجايىكى ئاسمان گۇمبىزىنى تىرەپ

تۇرغاندەك كىشىگە ئاجايىپ ئۆزگىچە تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى.

ئاۋالىۇكسۇۋاراغا مەلۇم بولسۇنكى، ئاسمان ئۆرۈلۈپ، يەر كۆمتۈرۈلۈپ، ئالەمنى قىيان بېسىپ، ئەۋلىيالاردىن مېھىر - مۇھەببەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇقتا ئۇرۇش - جېدەل، قان تۆكۈش ھەرگىز ئۇزۇلمەيدۇ. جاڭ بۇسەن يەنىلا ھېلىقى بېلى قاتقان ھەقىقىي ئەزىمەت! ئۇلار قېيىنزارلىق قېشىدا بارلىق ۋېيزىلىقلارنىڭ تېخىچە تارقالماي، ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. دېمەك، ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتمىغان، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمىي ئالتۇنلۇقتىكى باشپاناھى بولغان بۇ ئىككىسىنى ساقلاپ تۇرغانىدى. جاڭ بۇسەن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قانداقتۇر بىر ئىشنى سەمىگە سالماقچى ئىكەنلىكىنىمۇ سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاپ قالغانىدى. ئۆزىمۇ بايا سەزگەن مەخپىيەتلىكنى ئۇلارغا ئاشكارىلاشقا ئالدىراۋاتاتتى، شي مەنتاڭ جاڭ بۇسەننىڭ ئالدىغا بىرىپ ئەمدىلا ئېغىز ئاچاي دەپ تۇراتتى، كۇتۇلمىگەندە، گۇساڭلار قېيىنزارلىقتىن چىقىپ، ئالتۇن پەشتاق تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

جاڭ بۇسەن شي مەنتاڭنىڭ قولىدىكى گۇرجەكنى قولىغا ئالدى ۋە خۇددى گۇساڭلارنىڭ يۈرىكىگە سانجىۋاتقاندەك يەرگە غەزەپ بىلەن سانجىدى.

— تەڭرىم مېنى قان تۆكۈشكە بۇيرۇدى. ئەمەل قىلماي ئامالىم يوق.

شي مەنتاڭ گۇرجەكنى ئۆزىگە تارتقاچ ۋارقىرىدى:

— بىزمۇ قىساس ئۇچۇن تارقىلىپ كەتمىدۇق. ئۇلارنىڭ جېنىنى ئاستا - ئاستا ئالامدۇق ياكى بىراقلا قاپساپ ئىشنى تۈگىتەمدۇق؟

— بىراقلا؟

— ئالتۇنلۇقتىكى تۇمەنلىگەن ئالتۇن قازغۇچىلارنى چاقىرىپ كېلىپ، ئىشنى بىر قېتىمدىلا تۈگىتەيلىمىكىن،

دەيمەن.

— توغرا دەيسەن، — جاڭ بوسەنگە ئەگىشىپ بورادەرلەرنىڭ ھەممىسى نەپرەت بىلەن قاقاھلاپ كۈلدى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسى خۇددى تاغلارنى تىترەتكۈدەك جاراڭلىق ئىدى. شى مەنتاڭ گۇساڭلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنىڭ ئالدىدا، چوقۇم لۇ قىزچاقنى قايتۇرۇپ كېلىش لازىملىقىنى جاڭ بوسەننىڭ سەمىگە سالدى. جاڭ بوسەن بۇ تەكلىپنى ئاڭلاپ، شى مەنتاڭنىڭ بۇ ئىشنى تولىمۇ ئەتراپلىق ئويلىغانلىقىغا چىن دىلىدىن قايىل بولدى.

ۋېيزىلىقلار ئاپپاق قارلارنى غارسىلدىتىپ دەسسەپ، قەدىمىي ئالتۇنلۇقنىڭ مەرھەمىتى ئۇچۇن ھەممىنى ئۇنتۇغان ئالتۇن قازغۇچىلارغا ئەڭ قورقۇنچلۇق مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ، ئۇلارنى قايىل قىلىش ئۇچۇن ئەتراپقا تارقالدى. جاڭ بوسەن ئۇلار بىلەن تاڭ ئېتىشنىڭ ئالدىدا قېيىنزارلىق يېنىدا ئۇچرىشىشقا كېلىشىپ، جىلىڭ تۇزلەڭلىكىگە قاراپ راۋان بولدى.

جاڭ بوسەن ھېلىقى بىرنەچچە كورپۇس تاش ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدىن ئالتۇنلۇقنى باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ ئىشخانىسىنى تاپتى.

— گۇساڭلار بىزنىڭ كاللەك ـ كاللەك ئالتۇنلىرىمىزنى بۇلاپ كەتتى، ئالتۇن پەشتاقتىكى لەخمىدە ئالتۇنلار ھەددى ـ ھېسابسىز ئىكەن.

جاڭ بوسەن ئۇلارنىڭ گۇمانلىنىشۋاتقانلىقىنى سېزىپ، لى چاڭجيۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان ئالتۇننى قوينىدىن چىقىرىپ، ئىككى قوللاپ ئۇلارغا تەڭلىدى.

— قاراڭلار، مەن پەقەت مۇشۇ بىرنىلا يوشۇرۇپ قالالىدىم. ئەسلىدە ھۆكۈمەتكە سېتىپ بېرىش ئۇچۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان ئالتۇنلىرىم بۇنىڭ بىلەن جەمئىي يەتتە كاللەك ئىدى. يەنە بىر خالتا كېپەك ئالتۇننىمۇ ئۇلار بۇلاپ كەتتى.

— بۇنچىلىك ئالتۇن نېمىگە ئەرزىيتتى؟ سىلەر تۇگمىنى تۆگىدەك كۆرسەتمەكچىمۇ؟ — ئارىدىن بىرى ئۇنىڭ قولىدىن ئالتۇننى ئالدى - دە، ئارقىسىغا چېكىندى، — سىلەر ئالتۇنلارنى ھۆكۈمەتكە ھەرگىز ئۆزۈڭلار خالاپ سېتىپ بەرمەيسىلەر، — ئۇ ئارقىسىغا چېكىنىپ بېرىپ دەرھال ئىشىكنى ئاچتى - دە، سىرتقا قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى.

ئايالىلار تۇغۇلۇشىدىنلا ئۆيگە مەھكۇم بولۇپ، زارىقىش ئىلكىدە كۈن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تەقدىرى، بۇ توپىلىق ئۆي قانداقمۇ لو قىزچاقنىڭ ئۆيى بولسۇن؟ ئۆي بولغانىكەن، ئەلۋەتتە ئۆيدىن قىزچاققا تونۇش بولۇپ كەتكەن ئەرنىڭ ھىدى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرۇش كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئۇ خالاپ كۆڭلىنى بەرگەنلەر ئۇنىڭ بىلەن تەقدىرداش بولالمىدى، ئۇنى ئازابقا تاشلاپ، كۆزدىن غايىب بولدى، مېھىر - مۇھەببەت نېمىدېگەن ئازابلىق بولىدۇ - ھە! ئۇ گۇساڭ ئاكىغا ئۈمىدىنى بېغىشلىغانىدى، ئۇنى ئۆزىگە مەڭگۈلۈك يۆلەنچۈك دەپ تاللىغانىدى. گۇساڭ ئاكا ھەقىقەتەن ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھەيۋەتلىك، يىمىرىلمەس، مەڭئىشەتلىك، ئاجايىپ ئۈمىدلىك تاغ ئىدى.

گۇساڭ ئاكا ئالتۇن پەشتاقنى ئىگىلىگەن كۈنى ئۇنى ئەكېتىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەنىدى.

ئۇ غۇۋا چىراغ يورۇقىدا خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ، سۇپىنى سىلاشتۇرغاچ تۇيۇقسىز پىچىرلىدى: يىغىشتۇرغۇدەك يەنە نېمە بار ئىدى؟ چۈنكى، بۇ ئۆيدىكى بارلىق نەرسىلەر جاڭ بۇسەننىڭ، مەن پەقەت ئۆزۈمگىلا تالىق يورىكىمنى ئېلىپ، كەتسەملا بولدى. ئۇ كىمنىڭدۇر ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك قىلدى - دە، دەرھال سىرتقا چىقتى، مەلۇم بىر ئەرنىڭ قارىسىنى كۆرگەندەك قىلىپ، يۈرىكى ئىختىيارسىز تېپچەكلەپ، ۋۇجۇدى ھاياجان ئىلكىدە تىترەپ كەتتى.

— گۇساڭ ئاكا، گۇساڭ ئاكا، بۇ سىزمۇ؟

سوغۇق بىر ئېقىن ئۆي ئىچىگە غۇيۇلداپ كىرمەكتە ئىدى.
— گۇساڭ ئاكا.
— ھىم؟
— تېز كېلىڭلا.
قارشى تەرەپ لام - جىم دېمەي، ئۆز ئورنىدا بۇتتەك قېتىپ تۇراتتى. قىز خىيالىدا گۇساڭ ئاكا چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، دەرھال كېلىپ ئۆزىنى قۇچىقىغا ئېلىشىنى زارىقىپ كۈتۈۋاتاتتى. قىز ئاخىر يىغىملىق توۋلىدى:
— مەن سىزنى كۆردۈم، سىز ئەنە، ئەنە.
قارشى تەرەپتىن يەنىلا نە تىنىش، نە سادا ئاڭلانمايتتى.
— ئەگەر ئەمدى كەلمىسىڭىز، سىز بىلەن كەتمەيمەن.
قىز ئۇ ئەرنى قاراڭغۇدا ئۆزىگە مەستانىلەرچە قاراۋاتىدۇ دەپ ھېس قىلىپ ئىختىيارسىز يۈزلىرى ئوت ئېلىپ، لەۋلىرىنى يېنىك چىشلىدى ۋە بېشىنى پەس قىلىۋالدى. چۈنكى، ئۇ يىگىتنىڭ ھامان ئاچ بۆرىدەك ئېتىلىپ كېلىپ، ئۆزىنى باغرىغا بېسىپ، بەللىرىدىن قاماللاپ، يۈزلىرىگە سۆيۈپ، قۇلاقلىرىغا تاتلىق پىچىرلاپ، مەستخۇش قىلىۋېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئېنىقىنى دېگەندە، ئۇ مۇشۇ دەقىقىلەرنى ساقلىغىلى نەۋاق، لېكىن ھېچ ئويلىمىغان يەردىن، كېلىشىنى ھەرگىز خالىمايدىغان بىر ئەر تۇيۇقسىز ئېتىلىپ كېلىپ، ساقال باسقان تۇمشۇقىنى ئۇنىڭ مەڭزىگە سۈركىدى. ئۇنىڭ تىنىقىدىن كېلىۋاتقان سېسىق پۇراق ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى. ئۇ ھەيرانلىق ۋە ھودۇقۇش ئىلكىدە ئۆزىگە كەلدى ۋە ئىختىيارسىز گۇساڭ ئاكىنىڭ ئىسمىنى يەنە بىر قېتىم توۋلىۋەتتى. پەقەت جاڭ بۇسەن ئۇنىڭ كېلىنى رەھىمسىزلىك بىلەن سىققاندىلا، ئۇ باياتىن ئۆزىنىڭ يېنىكلىك قىلىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى.
— سەن ئۇنىڭ بىلەن كەتمەكچىمۇ؟
لۇ قىزچاق ۋۇجۇدىنى تىترەك بېسىپ، بېشىنى چايقىدى.
— ھۇ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان قانجۇق. مەن سېنى ئەمەس،

سىنىڭ روھىڭنى نېرۋاناغىلا ئۇزىتىپ قوياي.

جاڭ بۇسەن قاۋانلاشقانىدى. ئۇ ئەمدىلىكتە ھېلىقى لەخمىدىكى ئالتۇنلارغا ئېرىشەلمىگەنلىكىنى لۇ قىزچاقتىن كۆرۈۋاتاتتى. كۆز ئالدىدا خۇددى بىچارە توشقاندەك تېپچەكلەپ تۇرغان بۇ ئايال خۇددى ھېلىقى ئاپەتنىڭ، يەنى ھېلىقى كەلكۈن ئاپىتىنىڭ يىلتىزى، بەخت ـ تەلىيىنى سۈپۈرۈپ تاشلىغان سامادىكى نىجىس سۈپۈرگە يۇلتۇزى ئىدى. دېمەك، لۇ قىزچاق ئاللىبۇرۇن ئۆزلىرىگە خائىنلىق قىلغان مەلئۇن، ئۇ چوقۇم گۇساڭلارنىڭ سۈيىقەستىدىن ئاللىبۇرۇن خەۋەردار. ئاشۇ مەخپىيەتلىكنى ئۆز يۇرتلۇقلىرىغا ئالدىن خەۋەر قىلمىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئۇنى دەرھال ئەرۋاھقا ئايلاندۇرۇۋېتىشنىڭ ئەڭ يېتەرلىك پاكىتى. ئۇ تۇيۇقسىز قوللىرىنىڭ تاشنىمۇ تالقان قىلىۋەتكۇدەك ماغدۇرلۇق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى. لېكىن، لۇ قىزچاقنىڭ بويىنى تولىمۇ نازۇك ۋە تولىمۇ ئىنچىكە ئىدى. بۇ ھال جاڭ بۇسەننى ئىختىيارسىز ھودۇقتۇرۇپ قويدى. ئىلگىرىكى چاغلاردا لۇ قىزچاق ئۆزىنىڭ قوينىدا خۇددى يىلاندەك تولغىنىپ، تەسۋىرلىگۇسىز لەززەت ئىلكىدە نۇرغۇن قېتىم خۇددى كەپتەر باچكىسىدەك ئۇنلەپ، ئۇنى ئۆزىگە رام قىلغانىدى. كېچە ـ كۈندۈز چىرمىشىپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا، قىزنىڭ ئاشۇ سۈتتەك ئاق، يۇمشاق بەدەنلىرىنىڭ ھارارىتىدە ئۆزىنىڭ خۇددى شامدەك ئېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى نەچچە قېتىملاپ ھېس قىلغانىدى. رايىشلىق بىلەن مېھىر ـ شەپقەت بىر تۇغقان دەپتىكەن. لۇ قىزچاق ئىلگىرى ئىنتايىن رايىش ۋە مېھىر ـ شەپقەتلىك، جاڭ بۇسەنمۇ ھەم شۇنداق ئىدى. مانا ھازىر جاڭ بۇسەندە بۇلاردىن قىلچىلىكمۇ ئەسەر قالمىغانىدى. لېكىن، قىزچاق تولىمۇ بىچارە، يەنىلا ئىلگىرىكىدەك بەكمۇ ئاجىز كۆرۈنەتتى. ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ ۋاپاسىزلار، خائىنلار چوقۇم جازاغا تارتىلىشى كېرەك. ئۇنداقلارنى پەقەت بوغۇپ ئۆلتۈرۈشكىلا بولامدۇ؟ ئۇ ئۆز ـ

ئۆزىگە شۇنداق سوئاللارنى قوياتتى. بىراق، قولىدىكى بايىقى كۆچ ـ ماغدۇر قالمىغان، ئىلگىرى لۇ قىزچاقنىڭ ئۇستىدىن سىيرىلىپ چۈشكەندىكى مىنۇتلارغا ئوخشاش مۇسكۇللىرىمۇ بوشىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئىلگىرىكى ئاشۇ ئۇنتۇلماس بەختلىك دەقىقىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، قوللىرىنىڭ ئالدىبۇرۇن ئۇنىڭ بويىنىدىن ئاجراپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالدى. ئۇ دەرھاللا ئۆزىنىڭ ھالقىلىق پەيتتە كۆڭۈلچەكلىك قىلىپ قويۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى بۇنداق ئاسانلا كەچۈرۈۋەتمەي، ئۆلگۈدەك قىيناپ، ئازابلاش قارارىغا كېلىپ، شۇ ئارقىلىق مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى.

— بار، بېرىپ گۇسالڭ ئاكاڭنى ئىزدە، ئۇ سېنى بىر قۇچاق ئالتۇن بىلەن ئالتۇن پەشتاقتا ساقلاۋاتىدۇ، — ئۇ شۇنداق دېگەچ ئوچاق يېنىدىكى ئوتۇن باغلايدىغان ئارقاننى قىڭراق بىلەن ئوتتۇرىسىدىن ئىككى قىلىپ، ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم قىلىپ باغلىۋەتتى.

قورقۇنچ ئىچىدە لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان بىچارە مەزلۇم ئۇن ـ تىنسىز ياش تۆككىنىچە ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەيتتى. چۈنكى، ئۇ جاڭ بۇسەننىڭ چىشىغا تېگىپ ئۆزىگە تېخىمۇ ئارتۇقچە بالا ـ قازا تېپىۋېلىشتىن ئەنسىرەيتتى.

جاڭ بۇسەن ئۇنى سىرتقا سۆرەپ چىقىپ يەرگە دومىلىتىۋەتتى ۋە مەسخىرىلىك كۈلدى.

— ئۆمىلە، ئۇنىڭ قېشىغا ئۆمىلەپ بار، ئەگەر ئۆلمىسەڭلا گۇساڭلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتىسەن.

لۇ قىزچاق مەڭزىنى مۇزدەك قارغا يېقىپ، ئىسسىق ياشلىرىنى تۆككىنىچە جاڭ بۇسەنگە قارىغان شۇ پەيتتە، كۆز ئالدىدىكى بۇ ۋەھشىي قاۋاننىڭ چىرايى بارغانچە غۇۋالىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. قىزچاق پۈتۈن كۈچىنى بىلىكى ۋە تىزىغا يىغىپ، چىشىنى چىڭ چىشلىگىنىچە ئالغا قاراپ ئۆمىلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن، پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن

غەزەپ ـ نەپرەت تۆكۈلەتتى. قار ئۈستىدە خۇددى ھارغىن كالىنىڭ سۆرەم سۆرىگەندىكى قالغان ئىزىدەك، ئۆزگىچە شەكىلدىكى ئىزلار ئاستا ـ ئاستا ئۇزىراپ بارماقتا ئىدى.

جاڭ بۇسەننىڭ غەزەپتىن تاتىرىپ كەتكەن يۈز مۇسكۇللىرى ئىختىيارسىز تارتىشاتتى. ئۇ قىزچاقتا ئىچ ئاغرىتىپ، تۇيۇقسىزلا ئەخمەقلەرچە ئىش قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، دەرھال كۆزىنى باشقا ياققا قاچۇردى. ئازلا ئۆتمەي قويۇق تۇمان ئىچىدە نەلەرگىدۇر غايىب بولدى.

جاڭ بۇسەن يېرىم يولدا تاغقوت جىلغىسىدىن يولغا چىققان، لېكىن تاغلارنى قار قاپلىغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۆز ئۆيلىرىگە يېتىۋېلىش مەقسىتىدە كېتىۋاتقان بىر توپ ئالتۇن قازغۇچىلارغا ئۇچرىدى ۋە ئۇلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېغىز ئېچىپ، ئارقىدىن ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە بېشىنى چايقىدى.

— بارغىنىڭلار بىلەن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسىلەر، گۇساڭلار تېخى قايتىپ كەتمىدى، ئالتۇنلار ھېلىھەم تاش ئۆڭكۈردە، ئۇلارنىڭ كۆزى ئالتۇنلارغا تېخى تويمىدى.

ئەمەلىيەتتە بۇ بىر توپ كىشىلەرمۇ گۇساڭلارنىڭ ئالتۇن پەشتاقتا تۇيۇقسىزلا بېيىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، بۇ خەۋەرگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، تازا ئىچى پۇشقانىدى. مۇشۇ كۈنلەردە باي بولماق ئاسانمۇ؟ ئەجەبا، گۇساڭلار بايلىق ئىلاھىنىڭ ئاسراندى باللىرىمىكەن! نەچچە يۈز يىلدا ئاران بىر قېتىم نېسىپ بولىدىغان ئامەتكە پەقەت گۇساڭلارنىڭلا ئۇچراپ قالغىنى قىزىق ئىش ـ دە.

ئۇلار ھاۋانىڭ رەھىمسىز ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. چوڭ قار يېغىشىغا ئاز قالغانىدى. ھېلىمۇ مۇشۇ كۈنلەردىكى سوغۇق تېمپېراتۇرا ئۇلارنىڭ نېرۋىلىرىنىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يەنە بىر ئارمىنى ئۆيلىرىگە بالدۇرراق قايتىۋېلىش ئىدى.

— بىرنەچچە كۈن ھايال بولغانغا نېمە بولاتتى؟ بىز ھەرگىز ئالدىراپ بەل قويۇۋەتمەسلىكىمىز، ئالتۇنلۇقنىڭ ئەسلىي بەلگىلىمىسى بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك.

بۇ بەلگىلىمىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى، مەيلى كىم بولسۇن، كۆپرەك ئالتۇنغا ئېرىشكەنىكەن، چوقۇم باشقا ئالتۇن قازغۇچىلارغىمۇ نېسىۋە ئايرىپ بېرىشى شەرت ئىدى. بولمىسا ھەركىمنىڭ ئالتۇنلارنى زورلۇق بىلەن بۇلىۋېلىش، ھەتتا بۇ يولدا قان تۆكۈش ھوقۇقىمۇ بولاتتى. گۇساڭلار شۇنچە كۆپ ئالتۇنغا ئېرىشكەنىكەن، چوقۇم بۇ ئەقەللىي قائىدىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئالتۇنلاردا ئالتۇنلۇقتىكى بارلىق جاپاكەش ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ تېگىشلىك ھەققى بار، ئەلۋەتتە.

بۇ بىر توپ كىشىلەر ئۆز خىياللىرى بىلەن ئاۋارە ئىدى. دەل شۇ ھالقىلىق پەيتتە جاڭ بۇسەن كونا نەيرىڭىنى يەنە ئىشقا سېلىپ، بىر كاللەك ئالتۇننى قويىنىدىن چىقىرىپ، كۆز - كۆز قىلىپ، بۇنى گۇساڭلارنىڭ ئۆزىگە ھەدىيە قىلغانلىقىنى سۆزلەپ كەتتى. ئۇلار بۇ ھالدىن گۇساڭلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بايلىق ئىلاھىنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەنلىكىگە ئاخىر ئىشەندى. جاڭ بۇسەن كەتكەندىن كېيىن ئۇلار ناۋادا بالدۇرراق ئىش كۆرمىسە، ھەممە ئالتۇنلارنىڭ بىكاردىن - بىكار باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ، پۇشايماندا قالىدىغانلىقى ھەققىدە ئۆزلىرىنىڭ توپ بېشىغا ئەرز ئېيتىپ، ئۇنى قايىل قىلماقچى بولۇۋىدى، ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ھاياتى بىلەن ئوينىشىپ يۈرىكى قېتىپ، كۆڭلى قارىيىپ كەتكەن توپ بېشىمۇ بۇگۈن ئۇلارنىڭ پىكرىگە ئىنتايىن رايىشلىق بىلەن قوشۇلغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەرھال يۈنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئاجايىپ زور ئۈمىد - ئارزۇلار بىلەن ئالتۇن پەشتاققا قاراپ ئاتلاندى. يولدا ئۇلار نۇرغۇنلىغان توپلارنىڭمۇ ئوخشاش يۈنىلىش تامان كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قەدەملىرىنى ئىتتىكلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن باشقىلارمۇ ھەرگىز بوش كېلىدىغاندەك قىلمايتتى، ئەنە شۇنداق ئۇنسىز

رىقابەت ئىلكىدىكى سەپەردە، ئۇلار گۇساڭلارنىڭ ھەقىقەتەن دۆۋە ـ دۆۋە ئالتۇنلارغا ئېرىشكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەنگەن، بۇ ئەمەلىيەتتىن كىم گۇمانلانسا، «قارىغاندا، ئۇ ئالتۇنلارنى يالغۇز يۇتۇۋالىدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن خىيال بىلەن سۈرئىتىنى تېخىمۇ ئىتتىكلىتەتتى.

ۋېيزىلىقلارنىڭ نەق بىر سوتكا ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىشى نەتىجىسىدە، ھاۋانىڭ سوۋۇپ كېتىشى بىلەن ئالدىراپ ئۆيلىرىگە قايتماقچى بولغان مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئالتۇن قازغۇچىلار ئەسلىدىكى پىلانلىرىدىن كېچىپ، ئالتۇن پەشتاق تەرەپكە قاراپ ئەنە شۇنداق چۇمۇلىدەك ئاقماقتا ئىدى. ھەسەت، ئاچ كۆزلۈك ۋەسۋەسىسىدە قورۇلۇپ كەتكەن چىرايلار خۇددى گۇساڭلارنى ھاپلا قىلىپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ھاڭدەك ئېچىلغان مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئېغىزلار ئەمەلىي ئىشتىن ئەسلا خەۋىرى يوق ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ تېنىنى جۇغۇلداتماي قويمايتتى. باياۋان ئەنە شۇنداق سۈرلۈك قىياپەت بىلەن ئۆزگىچە قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى جوتۇ ـ گۈرجەكلىرىدىن سوغۇق نۇر ئەكس ئېتەتتى. چاڭگىلىشىپ كەتكەن چاچ ـ ساقاللار ئىزغىرىن شامالدا ئېغىر يەلپۈنەتتى. جاڭ بۇسەن ئەنە شۇ كىشىلەر ئارىسىدا گۇساڭلارنىڭ قولىدىن ھايات قالغان لى چاڭجيۇنى تۇيۇقسىز ئۇچرىتىپ قالدى. لى چاڭجيۇمۇ بايىقى سۆلكەتتىكى بىر توپ كىشىلەر ئارىسىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ توپ بېشى ھېلىقى بومبا ساقاللىق ئىدى. لېكىن، بومبا ساقاللىق خېلىلا تەجرىبىلىك توپ بېشىلاردىن بولغاچ، ئالتۇن پەشتاققا بېرىش ـ بارماسلىق توغرىسىدا تېخىچە ئېنىق بىر قارار چىقارمىغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، بومبا ساقال يەنە بىر قېتىم باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىشنى، شۇنداقلا ئالتۇن پەشتاققا بېرىپ، ئالدىنقى قېتىمقىدەك بىكاردىن ـ بىكار ئەھمىيەتسىز قۇربان بېرىپ قايتىشتىن بەكلا ئەنسىرەيتتى. جاڭ بۇسەن ھېلىقى قىزىقتۇرۇش

تاكتىكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئىشقا سالغاچ، بومبا ساقاللىق بىلەن لى چاڭجيۇنىڭ چىراي ئىپادىسىگە يوشۇرۇن سەپسالماقتا ئىدى. لېكىن، بومبا ساقال ئۇنىڭ سۆزلىرىگە يەنىلا ئىشەنچ قىلالمايۋاتقاندەك قىلاتتى. جاڭ بۇسەن دەرھال تۈمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، قوينىدىكى ھېلىقى ئالتۇننى چىقىرىپ، يەنە بىر قېتىم گەپ ئۇيناتتى. ئۇ بۇ ھەرىكىتىنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. چۈنكى، توپتىكىلەر بۇ ئالتۇنغا نىيىتىنى بۇزسىلا، ئۇنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھاياتى بولۇپ قالاتتى. ھاياتلىق ئەلۋەتتە ئالتۇندىن قىممەتلىك، لېكىن بومبا ساقاللىقنىڭ نەزىرىدە جاڭ بۇسەن ئۆزىگە ئوخشاشلا ھەقىقىي بىر ئالتۇنچى، بۇنداق كىشىلەر يات كىشىلەر ئالدىدا ئۆز ئالتۇنلىرىنى قورقمايلا چىقىرالىغانىكەن، دېمەك بۇ ئۇنىڭ بۇنچىلىك ئالتۇننى پەقەتلا كۆزگە ئىلمىگىنى، قويمىغىنى، ئەلۋەتتە.

— بۇنچىلىك ئالتۇن دېگەن نېمىتى؟ پەقەت ئالتۇن پەشتاقتا بارساڭلارلا ھەرگىز قۇرۇق قول قالمايسىلەر !

بومبا ساقاللىق جاڭ بۇسەننىڭ سۆزىگە ئاخىر ئىشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى ۋە جاڭ بۇسەننىڭ يېڭىدىن تارتتى:

— مەن ياڭ جىئېر ئاسانلىقچە باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيتتىم. بۈگۈن ساڭا ئىشەنگەن بولاي، ئەگەر مېنى ئالداپ قويساڭ، بۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇقتا كۆرۈشۈپ قالىمىز دەپ ئويلىما.

ياڭ جىئېر؟ جاڭ بۇسەن بۇ قاباھەتلىك ئىسىمنى ئاڭلاپ، خۇددى يەر شارىدىن ئاللىبۇرۇن غايىب بولغان غايەت زور بىر نامەلۇم تاغ تۇيۇقسىز كۆز ئالدىدىلا پەيدا بولۇپ قالغاندەك، يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئېنىقكى، بۇ تاغ پەقەت جاڭ بۇسەن ئۈچۈنلا قايتا پەيدا بولغانىدى. تاغ ئۈستىدىكى قورام تاشلاردىن، كۆرۈمسىز قارا بۇلۇتلاردىن، ئاشۇ بۇلۇتلار ئارىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ تۇرغان تاغ چوققىسى ۋە تاغ چوققىسىنى

باغاشلىغان ئاپپاق قارلاردىن ئۆلۈم ھىدى پۇراپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇ بۇ تاغنىڭ قاباھىتىدىن ھەرگىزمۇ قورقۇپ قالمايتتى، پەقەت ئەپسۇسلىنىدىغىنى، بۇ چەكلەنگەن تاغقا ئىلگىرى چىقىپ باقمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئاشۇ تۈمەن يىللىق قارلارنى نەپرىتى ئارقىلىق ئېرىتىۋېتەلمىگەنىدى، ئۇ تومتاقلا قىلىپ سورىدى:

— نېمە ئۈچۈن ئالتۇنلۇقتا كۆرۈشەلمىگۈدەكمىز؟ سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئالتۇنۇڭنىڭ كويىدا بول، بۇلاق بىلەن دەريا سۇيىنىڭ ئېقىنى باشقا، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ يانچۇقىنىڭ كويىدا بولاي. گېپىمگە ئىشىنەمسەن، ئىشەنمەمسەن، ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى، راست گەپنى قىلغاندا، مەنمۇ ئۇنداق كالىدەك ياۋاشلاردىن ئەمەس.

ياڭ جىئېر ئۇنىڭ يەلكىسىگە مۇشتلىغاچ، قايىللىق بىلەن ئۇنى سۆز ئارقىلىق سىناشقا باشلىدى:

— ياۋاشلار ھەرگىزمۇ باي بولالمايدۇ، ئەگەر باي بولۇپ قالساڭ، چوقۇم پەخەس بول. پەقەت مەن ئۆلسەملا سېنىڭ سەپسەتەڭ كارغا كېلىدۇ. سەن ھازىر يولۇڭغا ماڭ، بىز كېلەر يىلى كۆرۈشەيلى، تۇرقۇڭدىن ئەزىمەتلەرگە خاس سالاپەت بالقىپ تۇرىدۇ. بۇ قېتىم ئالتۇنۇڭغىمۇ، جېنىڭغىمۇ چېقىلماي.

— كېلەر يىلى؟ — جاڭ بۇسەن ئۇنىڭغا نەشتەردەك تىكىلدى ۋە بىگىز بارمىقى بىلەن پۇتى ئاستىنى كۆرسەتتى، — مەن سېنى دەل مۇشۇ يەردە ساقلايمەن.

— بولىدۇ.

ياڭ جىئېر ئۇنىڭغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، بۇرادەرلىرىنى ئالتۇن پەشتاق تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەشكە ئىشارەت قىلدى. پەقەت مۇشۇلا بۇيرۇقنى كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەر توپى خۇددى بىر - بىرىنى قوغلاشقاندەك، ئالتۇن پەشتاق تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. لى چاڭجيۇ قەستەن ھەممىنىڭ ئارقىسىدا قالغانىدى. ياڭ جىئېر بىلەن جاڭ بۇسەن خۇددى دېيىشىۋالغاندەكلا، ئۇنىڭ

ئالدىدا پەيدا بولدى. ياڭ جىئېر تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ئۇشۇقىغا زەردە بىلەن تېپىۋىدى، بىچارە لى چاڭجيۇ ۋايسىغىنىچە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپلا قالدى ۋە چىشىنى چىڭ چىشلەپ ئورنىدىن ئاستا تۇردى.

— ھۇ، ئىتنىڭ كۈچۈكى، ھارام كۈچۈڭدىن ئەمدى پايدىلىناي دېسەم، كۆز بويامچىلىق قىلىۋاتامسەنغۇ؟ مەن تاشلاپ بەرگەن يەم ـ خەشەكلەرنى قۇسۇپ چىقار، چاققان قۇس دەيمەن، قۇسۇپ چىقىرالمىساڭ، ياۋاشلىق بىلەن ئارقامدىن ماڭ.

لى چاڭجيۇ ئۇنىڭغا بىچارىلەرچە يېلىندى:

— ماڭغۇدەك ماغدۇرۇم قالمىدى، ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن.

— ئۆلۈپ كەتمەي دېسەڭ، ئارقامدىن ماڭ، بولمىسا بۇرنۇڭدىن چۇلۇك ئۆتكۈزۈپ سۆرەپ ماڭماي يەنە.

ئامالسىز قالغان لى چاڭجيۇ ئېغىر قەدەملىرىنى تەستە يۆتكىدى، جاڭ بۇسەن ئۇنى دەرھال توختىتىۋالدى ـ دە، ياڭ جىئېرغا دېدى:

— ئۇ بارسا ھەرگىز بولمايدۇ، ئۇ دېگەن گۇساڭ.

— كىم بولۇشى بىلەن كارىم يوق، ماڭا ياللانغانىكەن، چوقۇم مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىشى شەرت.

— گېپىمنى چوقۇم ئاڭلايدۇ، دەپ ئىشەنچ قىلالامسەن؟ كىممۇ ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاغزىنى شاپىلاقلىسۇن؟ ئۇنىڭ ساڭا ئەگىشىپ ئۆز تويىنىڭ ئالتۇنلىرىنى بۇلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

— ئەگەر ئۇ گېپىمگە كىرمىسە، ئۇ چاغدا مەن ئۇنى ھەرگىز تىرىك قويمايمەن.

— ياخشى ئىش بولسا تالىشىپ قىلغۇلۇق. سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن ئۇنى بىر تەرەپ قىلىۋېتەي، قانداق دەيسەن؟

ئۇ جاڭ بۇسەنگە قاراپ بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سورىدى:

— سەن ئۇنى كېرەك قىلماقچىمۇ؟

جاڭ بوٛسەن بېشىنى چايقىدى.

— كۆپ ئەمەس، مېنىڭ يوٛەن بېرىپ ئوٛنى ئەكەت، — ياڭ جىئېر ئوٛنىڭغا قولىنى تەڭلىدى.

— مېنى تار يولدا قىستىما، كېلەر يىلى كۆرۈشكەندە پوٛلوٛڭنى ئېلىۋال، پوٛلنى بېرەلمىسەم ئالتوٛنلىرىڭنى ئوغرىلىغان گوٛناھكار ئوغرى بولاي.

ياڭ جىئېر بىرپەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن بايىقىدەك كۆزىنى قىستى ۋە جاڭ بوٛسەننىڭ يەلكىسىگە شاپىلاقلىدى:

— بولىدوٛ، ئوٛنداق بولسا شوٛنداق كېلىشتوٛق. كېلەر يىلى قەدىمىي ئالتوٛنلوٛقنىكى ئوٛروٛشنى ئىككىمىز قىلايلى، بوٛرادەرلىرىڭدىن كۆپرەك باشلىۋال، كاللىلىرىنى ئېلىۋېلىشنى ئوٛنتوٛپ قالمىغاي.

— مېنىڭ موٛشوٛ كاللامىلا يېتىپ ئاشىدوٛ.

— ئارتوٛقلوٛق قىلىسا، ماڭا بالدوٛرراق سوۋغا قىلىۋەت، — ياڭ جىئېر سۆزىنى توٛگىتىپ لى چاڭجيوٛغا قاراپموٛ قويماي يولىغا راۋان بولدى. لى چاڭجيوٛ خوٛددى ئىگىسىز قالغان بىچارە ئېشەكتەك، بىر چەتتە بويىنىنى قىسىپ لام - جىم دېمەي توٛراتتى.

— مەن بىلەن ماڭغىن، ھەرگىز زىيان تارتمايسەن، — دېدى جاڭ بوٛسەن تەبەسسوٛم بىلەن ئوٛنىڭغا تىكىلىپ.

موٛشوٛ كوٛنلەردە تاياق - توقماق، تىل - ئاھانەتنىڭ ئازابىنى يەتكوٛچە تارتىپ، يوٛرەكزەدە بولوٛپ كەتكەن بىچارە لى چاڭجيوٛ ئوٛنىڭغا ئەگىشىشكە ھەرگىزموٛ پېتىنالمايۋاتاتتى، جاڭ بوٛسەن كوٛلوٛمسىرىگىنىچە ئوٛنىڭغا تەسەللى بەردى. جاڭ بوٛسەننىڭ ئىللىق موٛئامىلىسى ئالدىدا ئامالسىز قالغان لى چاڭجيوٛ ئوٛنىڭغا ياۋاشلىق بىلەن ئەگەشتى. ئەمەلىيەتتە، ئوٛ ئالىلىبوٛروٛن ئۆز توپىدىن ئايرىلىپ قالغان بىچارە قوٛش بولوٛپ قالغانىدى. ناۋادا ئوٛ يەنە بىر قېتىم كىشىلەر توپىدىن ئايرىلىپ قالسا، بوٛ قەدىمىي ئالتوٛنلوٛقتىن ھەرگىزموٛ چىقىپ كېتەلمەي، خوٛددى

يامغۇرغا تەشنا بولغان قاقشال گىياھتەك يېگانىلىك ئىلكىدە ھاياتىدىن ئايرىلىشى ئېنىق ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ خۇددى تىكەنگە دەسسەپ كېتىۋاتقاندەك، قەدەملىرىنى ساناپ دېگۈدەك دەسسەيتتى. ئۆزى ئۇچۇن ئالاھىدە تەييارلانغان قاپقانغا بارغانچە يېقىنلىشىۋاتقاندەك، قورقۇنچلۇق تۇيغۇدا يۈرىكى ئەنسىز دۇپۇلدەيتتى. لېكىن، ئۇ توختىۋېلىشقا ئامالسىز ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى تىۋىشسىز شەپە تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ۋە ۋەھىملىك ئىدى.

جاڭ بۇسەننىڭ قارىسىنى يىراقتىنلا بايقىغان شي مەنتاڭ ئېتىلىپ بېرىپ سورىدى:

— لۇ قىزچاق قېنى؟

— كەتتى.

جاڭ بۇسەننىڭ چىشلىرى سوغۇقتىن توختىماي كاسىلدايتتى. شالاڭ ئىنچىكە قاشلىرى ۋە كىرپىكلىرىنى قىرووۋ باغلاپ كەتكەن بولۇپ، كۆزلىرى ئارانلا مۆلدۈرلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاپ بېسىپ كېلىۋاتقان لى چاڭجيۇ قوللىرىنى يەڭلىرىگە تىقىۋالغان، دۈگدىيىپلا قالغانىدى. جاڭ بۇسەننىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان ۋېيزىلىقلار جاڭ بۇسەننىڭ بايىقى سۆزىنى ئاڭلاپ، ھەيرانلىق ئىلكىدە سوئال نەزىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. جاڭ بۇسەننىڭ چىرايى ئەمدىلىكتە شۇ تاپتىكى ھاۋا رايىدىنمۇ بەتتەر ئۇساللىشىپ كەتكەن بولۇپ، بېشىنى ئازاب بىلەن لىڭشىتتى.

— ئۇ كەتتى، گۇساڭلارنى ئىزدەپ كەتتى.

ئۇنىڭ سۆزى شي مەنتاڭنىڭ مېڭىسىدىن ئوت چىقىرىۋەتكەندەك، كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالماي قالغانىدى.

— كەتتى؟ ئۇ نېمە ئۇچۇن كېتىدۇ؟

جاڭ بۇسەننىڭ زوۋان سۇرمىگەنلىكىنى كۆرگەن شي

مەنتاڭنىڭ غەزىپى تېخىمۇ تېشىپ، دەرھال جاڭ بۇسەننى كۆچەپ نوقۇۋىدى، تۇيۇقسىزلىقتىن ھودۇقۇپ كەتكەن جاڭ بۇسەن چاقچاقلىق بىلەن سەكرەپ قوپۇپ، ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋەتتى. خۇددى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ كەتكەن شى مەنتاڭ ھەرھالدا ئۆزىنى بىر ئاز تۇتۇۋېلىپ، جاڭ بۇسەنگە نەشتەردەك تىكىلدى. غەزەپتىن چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرى خۇددى بۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇقنىڭ تۇن نىسپىدەك تېخىمۇ سۇرلۇكلىشىپ كەتكەنىدى.

— بولىدۇ، سېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسا مېنىڭ كارىم بار، مەن گۇساڭلارنىڭ قېنىنى ئىچمىگۇچە، ھەرگىز ۋېيزى كەنتىگە قايتمايمەن.

شى مەنتاڭ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى توسۇۋالغىنىغا قارىماي، كۆچتۇڭگۇرلۇكىگە تايىنىپ يول ئاچتى. لېكىن، دەل شۇ پەيتتە، سۇڭ جىنچېڭ ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىۋېلىشىغا، شى مەنتاڭ ئۇنىمۇ دەس كۆتۈرۈپ يانغا تاشلىۋەتتى. ئۆزىمۇ قاتتىق زورۇقۇپ كەتكەچكە يىقىلىپ چۇشكىلى تاس قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ قاراملىقىدىن پۇتى ئاستىدىكى قارلار توزۇپ، يەرلەر تىلغىنىپ كەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە، باشقىلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىراپلا قېلىشتى-يۇ، لېكىن بىرەرىمۇ ئۇنى قوغلاپ بېرىپ توسۇۋېلىشقا پېتىنالمىدى. خۇددى ئۇلار شى مەنتاڭنىڭ كۆكرەك كېرىپ چىقىپ قىساس ئېلىشى، بولۇپمۇ لۇ قىزچاقنى قايتۇرۇپ كېلىشى تامامەن يوللۇقتەك ياكى بولمىسا مۇشۇ ئىش ئۇچۇن ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشى ھەقلىقتەك، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەنە شۇنداق ئۆزگىچە ھالەت بىلەن قاراپ قېلىشقانىدى. دەل شۇ چاغدا جاڭ بۇسەننىڭ ھەيۋىتى خۇددى چاقماقتىنمۇ ئارتۇق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئوت يېقىش كېرەك، كىم بىزنىڭ ئالتۇنلارغا ئېرىشىشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلغانىكەن، ئۇ ھەرگىز بۇ

ئالتۇنلۇقتىن ھايات چىقىپ كېتىشىنى ھەرگىز خام خىيال قىلمىسۇن.

جاڭ بۇسەن دەرھال ئېتىلىپ بېرىپ ياڭ جىئېرغا ئوخشاش لى چاڭجيۇنىڭ ئوشۇقىغا كۈچەپ بىرنى تەپمەكچى بولۇۋىدى، ئاڭغىچە لى چاڭجيۇمۇ ئۇستاتلىق قىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ تىزلاندى. ئەتراپتىكىلەر پەقەت شۇندىلا جاڭ بۇسەن باشلاپ كەلگەن كىشىگە نەزىرىنى ئاغدۇردى.

— ئاكا...

— سىلەر سۇ قويۇپ بەرگەن بولساڭلار، بىز قان ئاققۇزىمىز. قېنى كىم ئاخىرغىچە كۆلەيدىكىن، ماۋۇ گۇساڭ مۇناپىقنى دەرھال باغلاڭلار، چاققان باغلاڭلار، ياخشىسى قىپيالىڭاچ قىلىپ باغلاڭلار!

ئەتراپتىكىلەر لى چاڭجيۇغا قاراپ ئېتىلدى. لى چاڭجيۇ بولسا ئۇلارغا يالۋۇرۇپ باش ئۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، دەرھال بېشىنى قار دۆۋىسىگە تىقىۋالماقچى بولۇۋىدى، كىمدۇر بىرى تېخىمۇ شىددەت بىلەن كېلىپ ئۇنىڭ گېلىغىلا دەسسىدى، شۇ ئان بىرنەچچە تەمبەل يىگىت ئۇنى يېشىندۇرۇپ باغلاشقا، باشقىلار ئوت يېقىشقا تۇتۇندى. ئازلا ئۆتمەي يەنە بىر غايەت زور ئوت يالقۇنى ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلدى. قىيىنزارلىق ئاتا قىلغان شاخ - شۇمبىلار يالقۇنى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، چاراسلاپ كۆيگىنىچە، جاڭ بۇسەننىڭ چىرايىدىكى رەھىمسىز تارىخ ئاتا قىلغان قورۇق ۋە تاتۇقلارغا سايە تاشلىماقتا ئىدى. ئۇ باشتا شىۋىرغانغا يۈزلىنىپ بىرپەس تۇردى، ئارقىدىن ئاسمانغا بىرپەس تىكىلگەندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا نېرىدا توختىتىپ قويۇلغان قول تىراكتورنىڭ يېنىغا ئېتىلىپ بېرىپ، كوزۇپتىكى بىر خالتا ئۇننى كۆتۈرۈپ ئېلىپ، يەنە بىر قولىدىكى كىچىك گۈرجەك بىلەن خالتىنى كۈچەپ يىرتىۋەتتى. شۇ ئان ئاپپاق ئۇنلار يېرىقتىن يەرگە تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ يەنىلا يېنىك بولۇپ

قالغانلىقىنى ھېس قىلدى بولغاي، خالتا يېرىقىنى يىرتىپ، ئىككىگە پارچىلاپ ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇلاڭلىتىشقا باشلىدى. باشقىلارمۇ ئۇنى دوراپ تىراكتوردىكى خالتىلارنى يىرتىپ ئېلىپ ئاسمانغا قارىتىپ، پۇلاڭلىتىشقا باشلىدى. بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا شۇئىرغان ئاق بورانغا ئايلىنىپ، قار ئۇچقۇنلىرى ئاق ئۇنلار بىلەن ئارىلىشىپ، ئەتراپىنى قورقۇنچلۇق دۇنياغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئەمدىلىكتە چېكىنىش يولى قالمىغانىدى. چۈنكى، ئۆزلىرىنىڭ قان تەرى بەدىلىگە كەلگەن ئاشلىقلار يەنە ئۇلارنىڭ ئۆز قولى ئارقىلىق باياۋانغا سورۇۋېتىلمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ چۈشىنىكسىز ھەرىكىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى تولىمۇ قەبىھ بولۇپ، ئاشلىقنى ئۆزىنىڭكىنى ئەمەس، چوقۇم گوساڭلارنىڭكىنى يېيىش، گوساڭلارنىڭ قېنىنى ئىچىپ، بىر چىشلەم بولسىمۇ ئۇلارنىڭ گۆشىنى يېيىش، ئۇلارنىڭ يېغى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇنلىرىدىن خېمىر يۇغۇرۇپ، گىرانت تاشلارغا يېقىپ چەلپەك قىلىپ پىشۇرۇش ئىدى.

ۋېيزىلىقلارنىڭ كۆڭلى نەپرەت ئىلكىدە تېخىمۇ قارىيىپ بارماقتا ئىدى. ئەنە شۇنداق بىر دەملىك ياۋايىلارچە مەشغۇلاتتىن كېيىن ئۇلار يانغىن ئەتراپىغا يىغىلدى. يانغىن يېنىدا چەمبەرچاس باغلىۋېتىلگەن بىچارە لى چاڭجيۇ ئانىسىدىن تۇغما ھالەتتە، ئاللىبۇرۇن ئېسىنى يوقىتىپ قويغانىدى. قولىغا پىچاق ئېلىۋالغان جاڭ بۇسەن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى سوزۇپ تۇرۇپ كېسىۋالدى ۋە يېنىدىكىلەرگە پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ سورىدى:

— كىم يەيدۇ؟

ھېچقانداق سادانى ئاڭلىمىغان جاڭ بۇسەن ئۇنى ئوتقا قارىتىپ تاشلىۋەتتى.

لى چاڭجيۇ نەشتەردەك ئاغرىق ئازابى بىلەن تەڭ ھوشىغا كەلگەنىدى. بېشى قىڭغىيىپ بوينى تارتىشىپ قېلىۋاتاتتى، ئاغزىغا لۆڭگە تىقىپ قويۇلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق

ۋارقىرىغان ئاۋازى بۇرۇن تۇشۇكىدىن ئېتىلىپ دېگۇدەك
چىقاتتى. بەزىدە ئۇ خۇددى باچكىدەك ئېچىنىشلىق ئۇنلەيتتى،
بىچارىلەرچە غودۇرايتتى، مەھكۇملۇق ئىلكىدىكى ئاۋازى خۇددى
شامال ساندۇقچىسىدىن ئوتقا قاراپ پۇركۇلۇۋاتقاندەك كىشىگە
ئاجايىپ تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى.

يەنە بىر پىچاق ئۇرۇلۇش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ دوۋسۇنى
يېرىلدى. قاتتىق ئاغرىق ئىلكىدىكى لى چاڭجيۇنىڭ كۆزلىرى
ئالىيىپ پۇتۇن بەدىنى قانغا بويىلىپ، قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەن
چىرايى تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە بەترەڭلىشىپ كەتكەنىدى.

جاڭ بۇسەن رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ ئۇرۇقدىنىنى
كېسىۋېلىپ ئەتراپتىكىلەرگە قارىتىپ پۇلاڭلىتىپ قويغاندىن
كېيىن ئوتقا تاشلىۋەتتى. ئاندىن ۋەھشىلىك بىلەن چوڭ
يوتىسىدىكى بۆلجۈڭ گۆشلىرىنى شىلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ
ھەرىكىتى سالماق بولۇپ، كېسىۋېلىنغان ھەربىر پارچە گۆشكە
تازا بىر سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئوتقا
تاشلايتتى. ئۇنىڭ شۇ پەيتتىكى تۇرقى خۇددى ئەڭ تەجرىبىلىك
قاسساپتىن ھەرگىزمۇ قېلىشمايتتى. گۆش پارچىلىرى ئوتقا
چۇشۇش بىلەن تەڭ قويۇق بۇس چىقىرىپ پاراسلاپ كۆيۈپ
تۇگەيتتى. قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتكەن يەر لاۋۇلداپ
كۆيۈۋاتقان ئوت بىلەن ھۆسن تالىشاتتى، ئۇزاق ئۆتمەي ئاپپاق
ئۇستىخانلار مانا مەن دەپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئەكسىچە جاڭ
بۇسەن پىچاق بىلەن ئۇستىخانىنىمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن
غىرداشقا باشلىدى. گۆشسىز ئۇستىخاندىن چىققان ئاپپاق
قىرىندىلار پىچاققا چاپلىشاتتى، بۇ چاغدا لى چاڭجيۇنىڭ تاقىتى
ئەڭ ئاخىرقى چەككە يەتكەن بولۇپ، جېنى ھەلقۇمغا كېلىپ،
نېرۋىلىرى ئاستا ـ ئاستا بىر ـ بىرلەپ ئۈزۈلۈپ، ئورگانىزملىرى
ئاغرىق ئازابىنى سەزمەس بولۇپ قالغانىدى. جاڭ بۇسەن ھاردى
بولغاي، ئورنىدىن تۇرۇپ قولىدىكى پىچاقنى سۆڭ جىجېڭغا
قارىتىپ تاشلىدى ۋە قوشۇپ قويدى:

— كېسىش نۆۋىتى ئەمدى ساڭا كەلدى.

سوڭ جىنچېڭ دەرھال ئونىڭ بورنىنى تۇتۇپ تىڭشاپ بېقىپ، ئونىڭ يەنە ئاز ـ تولا تىنىقى بارلىقىنى سېزىپ، پىچاقنى كۆچەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ يۈرىكىگە تىقمۇەتتى. لېكىن، پىچاقنى تارتىپ چىقىرىۋالماي، جەسەتنى بېلىدىن تۇتۇپ ئېگىز كۆتۈردى ـ دە، لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ئالدىرىماي بېرىپ، قار ئۇستىدە چېچىلىپ تۇرغان قۇرۇق شاخ ـ شۇمبىلاردىن تېرىپ كېلىپ، كۆيۈشكە باشلىغان جەسەت ئۇستىگە تاشلىدى. ئوت كۆچى ئالىلىبۇرۇن قىيامىغا يېتىپ، لاۋۇلداۋاتقان يالقۇن پەلەككە تاقاشقاندى. ۋېيزىلىقلار يولغا چىققانىدى، ئۇلار يەتكۈدەكلا يېمەكلىك ئېلىۋېلىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ، ئالتۇن پەشتاق تامان راۋان بولدى. ئارقىغا تاشلاپ قويغىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە قايتىشتىن ئىبارەت شېرىن خىيالى ۋە قار ـ مۇزلۇق دالادا مېڭىشتىن ئىبارەت رولىنى ئالىلىبۇرۇن يوقاتقان ھېلىقى تۆت دانە قول تىراكتور ئىدى...

# توققۇزىنچى باب

# قار

گۇساڭلارنىڭ ئالتۇن پەشتاقنى باشقىدىن ئىگىلىشىدىكى مەقسىتى، گويا بىر خىل ئۆزگىچە غەيرىي ماختانچاقلىق ئۇچۇندەكلا قىلاتتى. ئۇلار ھازىر قولدىن بېرىپ قويغان يەرنى قايتىدىن قولغا ئالدى. دېمەك، ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا بىردىنبىر غالىبىيەتچى. مانا ئەمدى ئۇلار ئالتۇن پەشتاقتىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن چېكىنمەكچى، كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ھېلىقى ئالتۇنلارنىڭ ئۆز قولىدا ياكى يەر تېگىدە بولۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەمدىلىكتە ھېچقانداق ئالاقىسى يوق.

ئۇلار ئالتۇن پەشتاقتا غالىبلارچە گىدىيىپ، مەغرۇرلارچە قاقاھلاپ كۈلۈشمەكتە، چۈنكى ئۇلار شۇنداق قىلىشقا تامامەن ھەقلىق، ئۇلار ئۇچۇن بۇ غەلىبىنىڭ قولغا كېلىشى ئاسان توختىمىغان. گۇساڭ ئاكا غەربىي قاپتالدىكى لەخمە گەرچە لاي ـ لاتقا، توپا ـ تاشلار بىلەن ئالىلىبۇرۇن تولۇلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن لەخمە ئېغىزىدىكى بەزى قالدۇق يېرىق ـ تۆشۈكچىلەرنىڭ يەنىلا باشقىلارنىڭ نەزىرىنى قوزغايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بىرنەچچە بۇرادىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، يەنە باشقىدىن تولۇلىۋەتتى. ئەمدىلىكتە باشقىلار لەخمە ئېغىزىنى ئىزدىمەكچى بولسا، چوقۇم ئالتۇن پەشتاقنىڭ ھەممە يېرىنى يەنە بىر قېتىم ماتىلاپ ئىزدەپ چىقىشقا توغرا كېلەتتى. گۇساڭ ئاكا يەنىلا كۆڭلىنى توختىتالماي، ياندا تۇرغان چوڭ بىر

تاشقا ۋېيزىلىقلار تاشلاپ كەتكەن داش قازاننىڭ قارا قىرىندىلىرى بىلەن تۆۋەندىكى سۆزلەرنى يېزىپ قويدى.

«1982 ـ يىلى ۋېيزىلىق جاڭ بوسەننىڭ يېتەكچىلىكىدە مىڭلىغان ئالتون قازغۇچىلار بۇ يەردە نەچچە يۈز مېتىرلاپ لەخمە قازغان بولسىمۇ، ئېرىشكىنى ئالتون بولماستىن، پەقەت ئۈچ پارچە گىرانىت تاش بىلەن ھەسرەت ـ نادامەت بولغان. بۇ كېيىنكىلەر ئۈچۈن يادنامە!»

گۇساڭ ئاكا خەتلەرگە يەنە بىر قېتىم سىنچىلاپ چىققاندىن كېيىن، رازىمەنلىك بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. خەتنىڭ مەزمۇنى گەرچە ئاز ـ تولا كۆپتۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاددىي مەزمۇن ئارقىلىق باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ ھېچقانداق رولى بولمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايدىڭ ئىدى. ئۇ مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ئالتۇن تەلۋىلىرىگە نەچچە مىڭلىغان ئالتون قازغۇچىلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرسىمۇ، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى، شۇڭا ئارتۇقچە ئاۋارە بولماسلىقنى ئىشەندۈرۈش ئىدى. باشتا ئۇنىڭ بۇ چۈشىنىكسىز ھەرىكەتلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ تۇرغانلار خەتنىڭ مەزمۇنىنى ھەقىقىي چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى ئالقىشلاپ ماختاپ كېتىشتى. چۈنكى، ئۆزلىرىگە نېسىپ بولمىغان ئۇنداق بايلىقنىڭ باشقىلارغا تەۋە بولۇپ كېتىشىنى ئۇلار ھەرگىز ئۈمىد قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئالتۇن پەشتاقتىن ئايرىلىش مىنۇتلىرى يېتىپ كەلگەنىدى. لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى ھېچ توختاي دېمەيتتى. ئۇلارنىڭ كەنتىدىمۇ ئاپپاق قارلار باغاشلىغان يوللار، ئېتىزلار بارغۇ؟ توخۇلار قاقاقلىشىپ، ئىتلار ھاۋشىپ، موريلاردىن قويۇق ئىسلار كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان، ئايالارنىڭ ناز ـ كەرەشمىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەرلەر قوينىدىكى لەززەتلىك تولغىنىشلىرى دەۋرەپ تۇرغان ئاشۇ ماكان ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ يىراقتا ئىدى. لېكىن، ئاشۇ يىراقتىكى ئىللىق ماكاننىڭ بايىقى ئۆزگىچە تەسۋىرلىرى

ھېلىھەم ئۇلارنىڭ خىيالىدا، ئەسلىمىسىدە، ھەتتا كۆز ئالدىدىلا ئىدى. لەمپىلەرگە ئۇۋا سالغان خەۋەرچى قۇشلار ئۆز تىلىدا «ئاكام كەلدى، ئاكام كەلدى» دەپ خۇش خەۋەر يەتكۈزۈۋاتقاندەك تۇيغۇلار ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئاللىقانداقتۇر شېرىن ھېسلارغا ئورايتتى. دېمەك، بۇرادەرلەر ئۆيلىرىگە قايتىشقا ئالدىرايتتى، راست دېگەندە، ھازىرلا يۇرتى تامان قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كەتكۈسى كېلەتتى. ئەسلىدە ئۇلار تاش ئۆتكۈردە بىر ئاخشام قونۇپ، ئەتە سەھەردە يولغا چىقماقچى بولغانىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ تاقىتى قالمىغان، شىۋىرغانلىق قار ئۇلارنىڭ ھەپسىلىنى قويمىغان، ئوزۇقلۇقمۇ تۈگەپ قالغانىدى. ھەممىدىن مۇھىمى، ئالتۇن پەشتاقتا يېقىلغۇ قالمىغان بولۇپ، بۇ قەھرىتان سوغۇقتا كەچنى ئۆتكۈزۈشمۇ قىيىن بولغاچقا، دەرھال يولغا چىقىش قارار قىلىنغانىدى. ئەلۋەتتە، گۇساڭ ئاكىنىڭ ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بېجىرمىسە بولمايدىغان يەنە بىر ئەڭ چوڭ ئىشى بار، ئۇ بولسىمۇ، لۇ قىزچاقنى دەرھال قايتۇرۇپ كېلىش ئىدى. ئاكىسى ئاللىبۇرۇن پالەچ بولۇپ قالغان، يەڭگىسى ھېلىھەم ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ، يەڭگىسىنىڭ دائىم دەيدىغان «قاچانلىققا ئۆيلىنىسىز» دېگەن سۆزى ھېلىھەم ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپ تۇرىدۇ.

ئۇلار پەشتاقتىن چۈشۈشكە جابدۇنۇۋاتقاندا، ئالتۇنلۇقنى باشقۇرۇش پونكىتىدىكىلەر تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇلار گۇساڭلارغا گۇمانىي نەزىرى بىلەن خېلى بىرپەس تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئاستا يېقىنلاشتى. گۇساڭ ئاكا ئۇلارنىڭ ئالتۇن ۋەسۋەسىسى بىلەن ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن سەزگەنىدى.

— سىلەر ئالتۇنى بارلارنى ئىزدىمەكچى بولساڭلار، بۇ يەرگە كېلىپ نېمە قىلىسىلەر؟ بۇ يەردە پەقەت قولىدا ئالتۇنىنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان گۇساڭلارلا بار.

— بىز دەل سىلەرنى ئىزدەپ كەلدۇق.

بۇ سۆزنى قىلغان يىگىت ئۇلارغا تونۇشلۇق ئىدى، نېمە سەۋەبتىندۇر بۇگۈن ئۇنىڭ چىرايى بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر ئۇسال كۆرۈنەتتى.

— بىزنى ئىزدەيسىلەر؟ شۇنداق، بىز بۇ يەرنى سوغا باستۇرۇۋەتتۇق. لېكىن، ھېچقانداق ئۆلۈم - يېتىم ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىدى.

— ئۇ ئىشلار بىلەن بىزنىڭ كارىمىز يوق، بىز پەقەت ئالتۇننىلا باشقۇرىمىز.

— سىلەر ئوردىنىڭ دەرۋازىسىنى ئەمەس، كەپىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ قاپسىلەر، ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسى جاڭ بۇسەندە.

— جاڭ بۇسەن دېگىنىڭ كىم؟

— ۋېيزىلىقلارنىڭ توپ بېشى، ھىيلىگەرلىكتە ئۇچىغا چىققان ئەبلەخ.

— سىلەردە ئالتۇن بولمىسا ئالتۇن پەشتاقتا كېلىپ نېمە قىلىسىلەر؟ — ھېلىقى يىگىت ئالدىراپ سورىدى.

— ئالتۇن پەشتاققا كېلىشىمىزدىكى مەقسەت يەنىلا ئالتۇن ئۈچۈن، — گۇساڭ ئاكا مەردانىلىك بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى، — ئىشەنمىسەڭلار كېلىپ ئاختۇرۇڭلار، — گۇساڭ ئاكا ۋاقىتنى سۇرمەسلىك ئۈچۈن گەپنى ئۇدۇللا قىلدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر ھەممىدىن مۇھىمى ئالتۇندىنمۇ نەچچە ھەسسە قىممەتلىك لۇ قىزچاق ئىدى.

پونكىتتىكىلەرنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، گۇساڭلار ئۇلارنى ئالداۋاتقاندەك قىلمايتتى. ئۇلاردا ئالتۇن بار دېيىلگەندىمۇ، بۇ ئۇلارنىڭ دۆۋە - دۆۋە قۇملارنى تاسقاپ مىڭبىر جاپادا تاپقان قان - تەر بەدىلى ئىدى. ئۇلار شۇنداقتىمۇ تاش ئۆتكۈردىن ئۆمىدىنى ئۈزمىگەن، ئاز - تولا نەپكە ئېرىشەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ئالتۇن ھەققىدە بىرەر پايدىلىق ئۇچۇرغا ئېرىشىپ قېلىش ئۈمىدىدە ئىدى. بولمىسا جاڭ بۇسەن

ئۆزلىرىنى ئالداپ قويغان بولىدۇ، ئۇ خۇنپەرنىڭ يېنىدىكى ئالتۇن ئاز ھېسابلىغاندىمۇ يىگىرمە مىڭ يۈەنگە يارايدۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا گۇساڭلار ئالتۇن پەشتاقتىن ئايرىلىپ جىلىڭ تۇزلەڭلىكىدىكى ھېلىقى كېسەك ئۆيلەر تامان راۋان بولدى. بۇ سەپەر داۋامىدا ئۇلارغا ئالدىراپ كېتىۋاتقان بىر توپ ئالتۇن قازغۇچىلار ئۇچرىدى.

— قايسى ۋاقىت بولدى، يەنە بارماقچىمۇسىلەر؟ قار - مۇزلارنىڭ يولۇڭلارنى ئېتىۋېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىڭلار، — گۇساڭ ئاكا ئۇلارغا قاراپ توۋلاپ قويدى.

— بىزنى نىيىتىمىزدىن ياندۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولما، گۇساڭلارنىڭ بېيىپ كەتكىنىنى، ئالتۇن پەشتاقتا ئالتۇنلارنىڭ دۆۋە - دۆۋە بولۇپ كەتكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ؟ قارىغاندا، سىلەرمۇ گۇساڭلىقلاردىن ئۇلۇشۇڭلارنى ئالغان ئوخشايسىلەر، قوينۇڭلار ئالتۇنغا توشۇپ كەتكەن بولسا، ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش ئەترىتىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ گۇساڭ ئاكا چۆچۈپ كەتتى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلارمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تونۇپ قېلىپ، توقۇناق بالاغا قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، چىرايى تاتىرىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇلارغا ئۇچراۋاتقانلار بارغانچە كۆپەيمەكتە ئىدى. گۇساڭلار ئامال بار ئۆزلىرىنى سالماق تۇتۇپ ئۇلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ قەدەملىرىنى تېزلەتمەكتە ئىدى.

ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار ئاخىر مەنزىلگە يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە گۇساڭ ئاكىنى ساقلاۋاتقىنى گۆردەك جىمجىتلىق ۋە بىر خىل بۇرۇقتۇرمىلىق ئىلكىدىكى ھېلىقى كونا ئۆيلەر ئىدى. گۇساڭ ئاكا ئۇمىدسىزلىك بىلەن ئەتراپقا بىرپەس تىكىلگەندىن كېيىن قوللىرىنى ئىشقىلاپ بۇرادەرلىرىگە ئۆتۈنۈش بىلەن دېدى:

— مېنى بىردەم ساقلاپ تۇرغان بولساڭلار، مەن ھازىرلا كېلىمەن.

بۇرادەرلەر ئۇنىڭ لۇ قىزچاقنى ئىزدەپ بارماقچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ تەلىپى گەرچە ئۇلارغا پەقەتلا خۇشياقمىسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ نائىلاج باشلىرىنى لىڭشىتتى.

— بۇ يەردە ساقلاپ توڭلاپ تۇرغاندىن كۆرە، بىزمۇ سەن بىلەن بىللە بارايلى، — ئارىدىن بىرى بۇ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇۋىدى، باشقىلارمۇ يوللۇق ھېس قىلىپ توپ بېشىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

دەل شۇ پەيتتە ئۇلار تېخى بىرنەچچە سائەت ئىلگىرى خوشلاشقان ئالتۇن پەشتاقتا بىر مەيدان قانلىق قىرغىنچىلىق تېخى ئەمدىلا ئاخىرلاشقانىدى. ئەينى چاغدا ۋېيزىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەچچە ئونمىڭلىغان ئالتۇن قازغۇچىلار ئالتۇن پەشتاققا چىقىپ، تۆت ئەتراپنى ئىزدەپ، ئوڭ - تەتۈر قېزىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئالدام خالتىغا چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتىشكەنىدى. چۈنكى، ئالتۇن پەشتاقتا ئۇلار كۈتكەن ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكىسى پەقەت ئاپپاق قار، سوغۇق مەنزىرە، بورۇقتۇرما كەيپىيات ئىدى. ئۇلار قەلبىدىكى غەزەپ - نەپرىتى زادى كىمدىن كەلگەن، ئۇنى قانداق چىقىرىشنى بىلەلمەي بىر - بىرىگە ئەلەملىك تىكىلەتتى.

— ئانا - مانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتمەي، قارىغاندا، بىز بۇ يەرگە جېنىمىزنى تۇتۇپ بەرگىلى كەلگەن ئوخشايمىز.

بومبا ساقالنىڭ ئاچچىق ئەلىمىدىن باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەخمەق قىلىنغانلىقىنى، ھەتتا ئۆزلىرىنى ئالدىغان نائەھلىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جېنى بىلەنمۇ ئويناشقانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلىپ ئاچچىقتىن تولغىناتتى. دەل شۇ پەيتتە ئالتۇنلۇقنى باشقۇرۇش پونكىتىدىكىلەر غەربىي قاپتالدىكى تاش

ئۆڭكۈردىن بىر - بىرلەپ چىقتى. ئۇلار ئۆڭكۈرنى خېلى بىرپەس تىنتىپ چىققاندىن كېيىن خېلى كۆپ گۇمانلىق پەرەزلەرنى ئاغدۇرۇپ، بەزى قىياسلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئاخىر دەرھال تاڭغۇت جىلغىسى ئېغىزىغا بېرىپ، جاڭ بۇسەن دېگەن ھېلىقى ھىيلىگەر ئەبلەخنىڭ ئالدىنى توسۇشنى قارار قىلغانىدى. چۈنكى، بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، پەقەت جاڭ بۇسەنلا ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ سىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرەلىشى مۇمكىن ئىدى. ھېچ بولمىغاندا، ئۇنىڭ قولىدىكى ئالتۇنلارنى مۇسادىرە قىلىۋېلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئۇلار ئۈچۈن ئاجايىپ زور غەلىبە ئىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئاستا بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى، چۈنكى ئۇلار ئۆڭكۈردىن چىقىپلا ئۆزلىرىنىڭ يولىنىڭ توسۇلۇپ قالغانلىقىنى ئالدىراپ ھېس قىلدى. تاتۇقى بار ھېلىقى يىگىت بالايىئاپەتنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ ھىجىيىپ تۇرغانلىقىنى سەزگۈرلۈك بىلەن تونۇپ يەتتى - دە، دەرھال ئۈستىدىكى فورمىسىنى ئالماشتۇرۇۋالدى ۋە پەس ئاۋازدا:

— ئىتنىڭ كۈچۈكلىرىنىڭ ئەلپازىغا قارىمامدىغان، ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلمىغىنىمىز ياخشى، كىم ئۇلارنىڭ پۇتىنى يالاپ، ئايىغىغا تىزلانسا ئىختىيارى، — دېدى - دە، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

ئۇنىڭ قىياسى توغرا ئىدى، چۈنكى ئۇ ئىلگىرى بۇنداق ئىشلارغا يولۇقۇپ باققان، ئۇنىڭ تاتۇقىمۇ ئەنە شۇ كېلىشمەسلىكلەرنىڭ يالدامىسى ئىدى. لېكىن، ئۇ ئۆز جان ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ كېتىپ، بۇگۈنكى بۇ ۋەقەنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسىنى مۆلچەرلىيەلمىگەنىدى. بۇ چاغدا ئالتۇن پەشتاقتىكىلەرنىڭ قەلبىدە ھۆكۈم سۈرگىنى ئورتاق غەزەپ، ئورتاق غالجىرلىق ئىدى. باشقۇرۇش پونكىتىدىكىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى غالجىرلاشقان ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىنى قاپلىۋالغان تۇمانلارنى تۇيۇقسىز نەلەرگىدۇر قوغلىۋەتكەندەك بولۇپ، قەلبىنى قۇرتتەك غاجىلاۋاتقان غەزەپ - نەپرەتلەر ھەر

ھالدا بىر دەم بولسىمۇ بېسىقىپ قالغاندەك قىلاتتى.
ناۋادا بۇ يەردە ئالتۇن بولمىسا، ئالتۇن كولاشنى ئۆزلىرىنىڭ بۇرچى ـ مەجبۇرىيىتى قىلىۋالغان بۇ كىشىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتى نېمە؟ بۇ سوئال ئالتۇن قازغۇچىلارنى ئەلۋەتتە ئويلاندۇراتتى، ھەممىدىن مۇھىمى، بۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇقتا، ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىدا باشقۇرۇش پونكىتىدىكىلەر ئەسلىدىنلا ئارتۇقچە بىر توپ لەقۋالار ئىدى. ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى ئالتۇنچىلارنىڭ ھوقۇقىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى بىلەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلارنىڭ تۇنجۇقۇپ يېتىشى بىلەن باراۋەر ئىدى.
بۇ ۋاقىتتا گۇساڭلارنى ئىزدەپ تاپالمىغان ۋېيزىلىقلار جاڭ بۇسەننىڭ قوماندانلىقىدا باشقا تەرەپكە يۆتكەلگەندىن سىرت، باشقا ئالتۇن قازغۇچىلار دەرھال كېلىپ پونكىت خادىملىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋېلىشتى. پونكىتتىكىلەر ئۇلارغا تىزلانمىدى، ئۇلارغا يېلىنىپ يالۋۇرمىدى، ئەكسىچە، يۇرىكىنى قاپتەك قىلىپ ئۇلارنى ئالتۇن چىقىرىشقا قىستىدى. قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ بايىقى سۇر ـ ھەيۋىلىرى نېمە ئۈچۈندۇر خۇددى توزغاقتەك توزۇپ كەتكەن بولۇپ، «بىزدە ئالتۇن يوق، ئالتۇنلارنى كۆرمىدۇق...» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۆزلىرىنى ئاقلاۋاتاتتى.
— ئۇرۇڭلار، ئەجەللىك يېرىگە ئۇرۇڭلار !
تۇيۇقسىزلا توپنىڭ ئارىسىدىن ياڭ جىئېرنىڭ ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى مۇشۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇقتا ئۆتكەن بولغاچقا، تەجرىبىسى مول، قورقۇمسىز ۋە پاراسەتلىك ئىدى. مىجەزىدىكى كاجلىق ۋە خاراكتېرىدىكى ھىيلىگەرلىك ئۇنى باشقىلارغا قارىغاندا، ھەر يىلى تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ ئارتۇق پايدا ـ مەنپەئەتكە ئېرىشتۇرەتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئادەتتە پونكىتتىكى ئۆز مەسئۇلىيىتىگە سادىق ھەرقانداق بىر خادىممۇ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئارتۇقچە چات كىرىۋالمايتتى، ئىلگىرىكى بىرنەچچە يىلدا ئۇ

دۆلەت خەزىنىسىگە ئالتۇن تاپشۇرماسلىق سەۋەبى بىلەن ئۆزىنى ئۇلاردىن قاچۇرۇپ يۈردى، بۇرادەرلىرىنى ئارقىسىغا ئەگەشتۇرۇپ يۈرۈپ ئۇلارنىڭمۇ ھالىنى قويمىدى. دېمەك، ئۇ ئۆزى بەگ ئۆزى خان بولۇپ ئۆگىنىپ قالغانىدى. ئۇ توختىماي ۋارقىراپتتى، لېكىن باشقىلار ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك ھېچ يەردە شۇنداق تۇرۇشۇپ خېلىلا يىراققا ئەكەتكەنىدى.

— ئۇرۇڭلار، ئۆلگۈچە ئۇرۇڭلار، — ئۇنىڭ ئەمدىكى تەلەپپۇزى ھەقىقىي تۇردىكى بۇيرۇق تۈسىنى ئالغانىدى.

ئالتۇنچىلار ئەمدىلىكتە ئۇلارغا قاراپ ئېتىلدى. ناۋادا پونكىتتىكىلەر بىر - بىرلەپ يىقىلسا، ئالتۇنلار شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالىدىغاندەك ئەلپازدا بىلەن بىر - بىرىدىن قاراملىشىپ كەتكەنىدى.

ئىچىنىشلىق تووۋلاشلار، مۇشت - تېپىك، تاياق - توقماق ئاستىدىكى تەنلەر، كۆز چاناقلاردىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قان - ياشلار، ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي چاينالغان تىللار، يېرىلغان باش، كۆكەرگەن بەدەن، چەكچەيگەن كۆزلەر ئاخىر بېرىپ ئېغىر ۋە ئازابلىق تىنىقلار بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپاتتى. پونكىتتىكى ئالتە نەپەر خادىم بىردەمنىڭ ئىچىدە نىمجان قىلىپ قويۇلغانىدى. تاياق زەربىسىدىن تىتىلىپ كەتكەن گۆشلەر ئارىسىدىن چىقىپ قالغان ئاپپاق ئۇستىخانلار بەكمۇ ئىچىنىشلىق ئىدى. ياڭ جىئېر بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە بېشىنى چايقاپ قويدى، چۈنكى ئۇ ئۆز قولى بىلەن بىرەرىنىڭ ئەدىپىنى بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاھ ئۇراتتى. چاچرىغان قانلار ئارىسىدا ئالتۇن كۆرۈنمەيتتى، يىرتىلغان كىيىملەر ئارىسىدىمۇ ئالتۇن يوق ئىدى، تۇيۇقسىزلا غالجىرلىشىپ كەتكەن ئالتۇنچىلار خۇددى بايا ئالتۇن پەشتاققا چىقىپلا ئالدانغىنىنى بىلىپ تېڭىرقاپ قالغاندەك، بىرپەس ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قېلىشقانىدى. ياڭ جىئېر ۋاقىتنى ئارقىغا سوزمايلا، بۇرادەرلىرىنى باشلاپ پەشتاقتىن چۈشۈپ كەتتى.

باياۋان گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمگەنىدى.

سامادىكى بۇلۇتلار تۆۋەنگە بېسىپ كېلىپ، قول بىلەن تۇتۇۋالغۇدەك ئېگىزلىكتە تۇراتتى. بىردىنلا بوران ئۇشقىرتىپ قار ئۇچقۇنلىرى ئەدەشكە باشلىدى. بېشىنى خۇددى غايەت زور ئالىقان بېسىپ تۇرغاندەك ۋەھىمە ئىچىدە قالغان ئالتۇنچىلار قار ئاپتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

قەدىمىي ئالتۇنلۇق ئالىلىبۇرۇن ساناقسىز قار دۆۋىلىرى بىلەن ئۆزگىچە يېقىمسىز سۇلكەتتە زېمىننى باغاشلىغان، تىنىمسىز لەپىلدەپ چۇشۇۋاتقان قار گۇللىرى قار دۆۋىلىرىگە يەنە بىر ئۆزگىچە مەنزىرە ئاتا قىلاتتى. بۇ خىل تەبىئىي كۆرۈنۈش كىشىلەردىن ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى كۆتۈرۈۋەتكەندەك قىلىسمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. دېمەك، نەچچە ئونمىڭلىغان ئالتۇن تەلۋىلىرىنىڭ شۇ پەيتتىكى بىردىنبىر ئورتاق ئارمىنى تاڭغۇت جىلغىسىنى تېزلىك بىلەن كېسىپ ئۆتۈش ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇلارنىڭ قار دۆۋىلىرى ئاستىدا قېلىپ ھاياتىدىن ئايرىلىشى مۇقەررەر ئىدى. جاڭ بۇسەن يېتەكچىلىكىدىكى قىساسكار ۋېيزىلىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا توپتىكىلەر ئالتۇن پەشتاقتىن ئايرىلىشقا باشلىدى. دېمەك، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا پارقىراق ئالتۇنلارنىڭ مېھرى، بايلىق ئىلاھىنىڭ قىزىقتۇرۇشلىرى ئۆز رولىنى يوقاتقان، پەقەت ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت بىردىنبىر تۇپ مەقسەت ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم تاللىشى ئىدى. ئۇلار بايا ئالتۇن پەشتاققا قانداق سۈرئەت بىلەن ئاياغ باسقان بولسا، ئەمدىلىكتە يەنە ئاشۇ سۈرئەت بىلەن ئاپپاق قارلارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ، ئۆز مەنزىللىرى تامان چېكىنمەكتە ئىدى.

تاڭغۇت قار ئاپتى ئۆزىنىڭ كۆلىمى ۋە سۈر - ھەيۋىسى بىلەن قەدىمىي ئالتۇنلۇقتىكى بارلىق غالجىرلىق ۋە ياۋۇزلۇقلارنى بىر - بىرلەپ ھاپ قىلىپ يۇتۇۋالدى.

ئەپسۇسلىنارلىقى، تەقدىر ئۇلارغا ئاتا قىلغان قىممەتلىك ۋاقىت ئالتۇن پەشتاق ۋە ئۆزلىرى قويغان ئوت سەۋەبى بىلەن تولىمۇ كېچىككەنىدى، ئالتۇنلار بەئەينى تۈلكە كەبى ئۇلارنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن بولسا، ئۆلۈم ھىدى پۇراپ تۇرغان ئاپپاق قارلار ئۇلارنى تاڭغۇت چوڭ جىلغىسىنىڭ ھاڭدەك ئېچىلىپ تۇرغان ئېغىزىغا باشلاپ بارماقتا ئىدى.

قاش قارايغان چاغ. قار كۆچۈشكە باشلىغانىدى. ئونمىڭلىغان ئالتۇن قازغۇچىلار جىلغىدىكى يىلان كەبى ئەگرى - بۈگرى تار يوللارنى بويلاپ، تېزلىك بىلەن يولنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. ھەممىلا كىشى ئالدىراق مېڭىشنى ئويلايتتى، چۈنكى ئارقىدا قېلىش ئۇلار ئۈچۈن ئۆلۈمدىن بېشارەت ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە ئاز - تولا ئالتۇن ۋە ياكى پۇل - پۈچەك دېگەندەك نەرسىلەر بار ئىدى، بەزىلىرى قۇرۇق قول بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئاز - تولا پۇختىلىۋالغانلارنىڭ سۈرئىتى ئەمدىلىكتە ئاشۇ قۇرۇق قول قالغان بىچارىلەردىن تەبىئىي ھالدا ئاستا بولۇۋاتاتتى. ياڭ جىئېردا ئالتۇنمۇ، پۇلمۇ بار ئىدى، شۇڭا ئۇ باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قالغانىدى. ئاسمانىنىڭمۇ، زېمىنىنىڭمۇ، شۇنداقلا سەپەردىكى بارلىق ئالتۇنچىلارنىڭ چىرايىدىمۇ ئەنسىرەش، قورقۇش ئالامەتلىرى ئەكس ئېتەتتى. ياڭ جىئېرنىڭ پەرىزىدىكى بالايىئاپەت يېقىنلاپ قالغان بولۇپ، پەقەت ئىككى تەرەپتىكى قورام تاشلارلا تىرەپ تۇرمىسا، گويا ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ زادىلا ماڭغۇسى كەلمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئالتۇنلۇققا قايتىپ كەتكۈسى بار ئىدى - يۇ، لېكىن ئاخىرقى قارارغا تېخى كېلەلمىگەنىدى. ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئۆزى بېسىپ كەلگەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن يولغا نەزەر تاشلىدى. ئارقىدا بىرەر كىشىنىڭمۇ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. لېكىن، بىرنەچچە قىزىل تۈلكە ئۇنىڭغا ئىز بېسىپ ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ قەددىنى رۇسلاپ تۈلكىلەرنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىشىنى كۈتۈپ بىرپەس تۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن

شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى، چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن قىزىل تۈلكىنىڭ بەخت ـ سائادەتتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىغا زادىلا ئىشەنمەي كەلگەنىدى. ئۇ تۇيۇقسىز بىر خىل غايىۋى ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ تەسىرىدە تۈلكىلەرنىڭ ئۇزۇقلۇق ئىزدەپ ئۆزىگە ئەگىشىۋالغانلىقىنى ئېسىگە ئالغاندەك قىلدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئۇزۇقلۇقى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى، چۈنكى ئۇ قاۋۇل ھەم كۈچتۈڭگۈر ئىدى. ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايتتى. ھەربىر ھۈجەيرىسىنىڭ، ئورگانىزمىنىڭ يەنىلا ئاجايىپ ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىگە، ھەربىر مويىنىڭمۇ پارقىراپ تۇرىدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ھەربىر ئوي ـ خىيالى ئاجايىپ بىر خىل كۈچلۈك ئىنتىلىش، بىر خىل ۋەيران قىلىش ياكى بەرپا قىلىش ۋەسۋەسىدە جۇشقۇنلايتتى. ئۇنىڭ قان ـ تومۇرلىرىدىكى مەۋج ئۇرۇپ تۇرغىنى «O» تىپلىق قان ئىدى. دېمەك، تۈلكىلەرنىڭ ئۇزۇقلۇقى ئۆزى ئەمەس، بەلكى كاللىسىنىڭ سۆيى بار ئاۋۇ بىر توپ ئالتۇن قازغۇچىلار بولۇشى كېرەك. ئۇ مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ ئىشەنچ بىلەن يېنىك تىنىپ قويدى. بۇ چاغدا تۈلكىلەرمۇ ئىزىدا توختاپ قالغان، بايىقى ھۇۋلاشلاردىن ئەسەر يوق ئىدى. تۈلكىلەر بويۇنلىرىنى تولغاپ، سوركىلىشىپ ئېغىر ـ ئېغىر تىناتتى. ئاشۇ ھۇزۇرلۇق ۋە سىرلىق تىنىقلىرى، نۇرلىنىپ كەتكەن كۆزلىرى ئەتراپقا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلەتتى. قىزغۇچ مويلىرى پارقىرايتتى، تۇيۇقسىز ئۇلار تىنىمسىز دەۋرەپ، قاباھەتلىك ھۇۋلاپ، بىرپەستىن كېيىن قەدىمىي ئالتۇنلۇق تەرەپكە قاراپ چېپىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ شۇ پەيتتىكى تۇرقى خۇددى كۆيۈپ تۇرغان كەچكى شەپەققىلا ئوخشايتتى.

ياڭ جىنئېر كىشىلەر ئۇزاپ كەتكەن تەرەپكە نەزىرىنى ئاغدۇردى. ئالتۇن قازغۇچىلار ئۇنىڭدىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىدى. ئۇ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن سەپىرىنى داۋام ئەتتى.

تەخمىنەن يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئۇ يەنە ئالدىغا تىكىلگىنىچە ئىختىيارسىز توختاپ قالدى.

قار رەسمىي كۆچۈشكە باشلىغانىدى.

سىرلىق تاغ تىزمىلىرى بوغما يىلان كەبى ئۆزىراپ ـ قىسقىراۋاتقاندەك قورقۇنچلۇق سادا چىقىراتتى. ساناقسىز ئاق يۇلتۇزلار سارقىماقتا. قار تۇمانى جىلغا ئاسمىنىنى خۇددى بۇلۇت كەبى قاپلىغان، تاغ چوققىلىرىدىكى مۇز پارچىلىرىدىن پەيدا بولغان غايەت زور مۇز كاللەكلىرى تۆۋەنگە دومىلايتتى. شىۋىرغان بىلەن بايىقى ئاۋازلار تاغلارغا ئۇرۇلۇپ ئەكس سادا قايتۇراتتى. غايەت زور قار ـ مۇز ئاقمىلىرى خۇددى قوترىغان يولۋاستەك نەرە تارتاتتى، كىشىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق توۋلاشلىرى، ئاھ ئۇرۇشلىرى، ئاللا ـ توۋا كۆتۈرۈشلىرى بىلەن جىلغا ئىچى قىيامەت قايىمغا ئايلىنىپ قالغانىدى. كىشىلەرنىڭ جەسەتلىرى، تەندىن ئاجرىغان باش ۋە قول ـ پۇتلار ھەممە يەرگە چېچىلغانىدى. ئاز ئۆتمەيلا ئادەملەرنىڭ قارىسى يىتىپ، ئېچىنىشلىق ئاۋازلار پەسكويغا چۈشۈپ، بارلىق مەۋجۇداتلار قار ئاستىغا مەھكۇم بولغانىدى. دېمەك، تەبىئىي ھالدىكى تىمتاسلىق بۇ زېمىننى، يەنى تاڭغۇت چوڭ جىلغىسىنى ئىلكىگە ئېلىپ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان رەھىمسىزلىك بىلەن تىلغانغان باياۋاننىڭ جىسمى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا خۇددى يەر شارىنىڭ كۆكسىدىكى قاباھەت بۇلۇقىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

بۇ دەل ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدىكى مەلۇم قىش پەسلى يەر شارىدا، يەنى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق پاجىئەلىك ھەرىكەت ئىدى. سانسىزلىغان ئالتۇن قازغۇچىلار چىڭخەي، گەنسۇ، شىنجاڭ، سىچۈەن، نىڭشىيا قاتارلىق بەش ئۆلكىدىن كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇنلىرى مۇشۇ قېتىملىق ئېچىنىشلىق ئاپەتتە جېنىدىن جۇدا بولۇپ، ھەتتا جەسىتىگىمۇ ئىگە بولالماي، بۇ ئالەم بىلەن ئەنە شۇنداق ئازاب بىلەن ئېچىنارلىق

خۇشاللاشقانىدى. ئۇلارنىڭ ئاھۇزارلىرى، كەچمىشلىرى ئاشۇ قاباھەتلىك دەقىقىلەرگە سىڭىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا - ئاستا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىنمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. كېيىنكى يىللاردا ئەرلىرىنى، قېرىنداشلىرىنى ئىزدەپ كەلگەن كىشىلەر قاتتىق سېغىنىش ۋە ئەلەم ئىلكىدە بۇ يەرنىڭ تىۋىشلىرىغا قۇلاق سېلىپ، ئېغىر - ئېغىر ئۇھ تارتاتتى، ھەرقانداق بىر ئادەم، بولۇپمۇ ئاياللار ئاشۇ قىسمەتلىك پەيتلەردە، ئەرلىرىنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ بۇ قاباھەتلىك زېمىندا تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئاجىزلىق قىلاتتى.

ئىمتاسلىق يېتىپ كەلگۈچە، ياڭ جىئېر ئۆز ئورنىدا مىدىرلىماي ئۈن - تىنسىز جىم تۇردى. پەقەت يېرىم كېچە بولغاندىلا، ئاندىن ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ماماتلىقتا ھەرگىزمۇ ئېرەن قىلمايدىغان كەيپىياتتا ئىدى. ئاسمان ئۆرۈلۈپ، تاغلار كۆمتۈرۈلۈپ كېتىشى بىلەنمۇ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك قىلاتتى. سەھەر بىلەن تەڭ ئۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇردى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ قەدىمىي ئالتۇنلۇققا قايتىپ كېتىشى توغرۇلۇقمۇ باش قاتۇرۇپ يۈرمەي، شىۋىرغانغا يۈزلىنىپ، ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىكى تەجرىبە ۋە قاراملىق ئۇنىڭغا ئارا تۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە، ھەربىر كۆچكەن قارنىڭ ئارىسىدا چوقۇم ئارىلىق بولاتتى، تاڭ سەھەرنىڭ ئەڭ سوغۇق پەيتىدە، يەنى قار - مۇزلار بىلەن تاغ گەۋدىسى گىرەلەشكەن چاغلاردا، بەزى ئېھتىماللىقلارنىڭ يۈز بېرىشى تەبىئىي ئىدى. ئۇنىڭ قەدەملىرى بارغانچە تېزلىشىپ، قاش قارايغۇچە ئالدىدىكى ئەڭ خەتەرلىك بىرنەچچە تاغنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئاخىر ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى - دە، قەدىمىي ئالتۇنلۇق تەرەپكە قاراپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. ھەربىي ئۆزگىرىشكە قاتنىشىشتىن تاكى ئاتمىش ئىككى ياشقا كىرگۈچە بولغان بۇ ئۇزۇن ئارىلىقتا، ئۇ تۇنجى قېتىم ئىسسىق

يېشى بىلەن روھىدىكى قاباھەتلەرنى يوْيماقتا ئىدى.

ناۋادا لوْ قىزچاق داۋاملىق ئۆمىلەۋەرگەن بولسا چوقوْم باشقىلارنىڭ بايقىۋېلىشىدا گەپ يوق ئىدى. ئوْ دەل بىر كېچە ئۆمىلەپ يول باستى، ئاخىر ئالتوْن پەشتاقنىڭ قارىسى كۆروْنگەندىلا توختىدى، گويا ھاياتلىقنىڭ ئاخىرقى چېكىگە بېرىپ قالغاندەك موْدھىشلىق ئىچىدە، ئوْنىڭ كۆزىگە ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ ئاق رەڭدە كۆروْنەتتى، كالىلىسى قوْروْق، ھەددىدىن ئارتوْق چارچاش ۋە پوْت ـ قولىلىرىنىڭ جاندىن ئۆتكوْدەك سىرقىراپ ئاغرىشىدىن باشقا، ئوْنىڭدا ھېچقانداق سەزگوْ يوق ئىدى. روھ بىلەن تەن ئارىسىدىكى ئازاب موْھەببەتنىڭ شېرىن دەقىقىلىرىگە ئايلىنىپ، ئوْنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتوْروْۋاتقاندەك قىلاتتى. ئوْ شوْ پەيتتە ئۆزىنى خوْددى ئاسماندا لەيلەپ يوْرگەن قار ئوْچقوْنلىرىدەك سەزمەكتە ئىدى. راستىنى دېگەندە، ئوْ ئۆزىنىڭ بوْ يەرگە قانداق ئۆمىلەپ كەلگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيتتى، باشتا ئوْ ئۆزىنىڭ غوْروْرى ۋە جاڭ بوْسەنگە بولغان كوْچلوْك نەپرىتىنىڭ سېھرى بىلەن ئۆزىگە كوْچ ـ ماغدوْر ئاتا قىلدى. ئاندىن قاتتىق ھارغىنلىق ئىلكىدە، نېرۋا ھوْجەيرىلىرى بارغانچە سەزگوْرلوْكىنى يوقىتىپ، ھەرىكىتى ئاستا ـ ئاستا شەرتلىك رېفلېكسىتەك بىر خىلدا داۋاملىشىشقا باشلىدى. ئىشقىلىپ، ئوْ ئۆزىدىكى بارلىق جاسارەت ۋە غەيرەتنى بىراقلا ئىشقا سالدى. ئەمدىلىكتە ئوْنىڭ پوْت ـ قوللىرى بىراقلا ماغدوْرسىزلىنىپ، داۋاملىق ئۆمىلەشكە پەقەتلا قوْربى يەتمەيۋاتاتتى. شوْنىڭ بىلەن ئوْ يوْزىنى موْزدەك قارغا يېقىپ، بىرپەس ئارام ئالغان بولدى. ئېنىقكى، ئوْنىڭ تېنىنىڭ ھارارىتى يەرنىڭ ھارارىتىدىن پەرقلەنمەيتتى. قار ئوْچقوْنلىرى ئوْنىڭ ئىزلىرىنى ئاللىبوْروْن كۆموْۋەتكەن بولوْپ، ئەمدىلىكتە ئوْنىموْ ئاپپاق موردىغا ئايلاندوْروْۋېتىش ئالدىدا ئىدى. دېمەك، كەڭ كەتكەن باياۋاندا يەنە بىر قار دۆۋىسى كۆپىيىش ئالدىدا توْراتتى.

— گۈساڭ ئاكا... — ئۇ ئىختىيارسىز پەس ئاۋازدا توۋلىدى. ئۇنىڭ قەلبى بىر خىل مۇھەببەتلىك تۇيغۇنىڭ ئىلكىدە ئاستا داۋالغۇپ، تومۇرلىرىدىكى سوۋۇپ كەتكەن قانلىرى تۇيۇقسىز ھارارەتلىنىپ، يۈرىكىدە يادلاپ كېلىۋاتقان يىگىتنىڭ چېھرى كۆز ئالدىدا نامايان بولغاندەك تۇيغۇ بىلەن يېقىملىق كۈلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ خىيال بوشلۇقىدىكى گۈساڭ ئاكىمۇ شۇ پەيتتە ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭغا باقماقتا ئىدى. لۇ قىزچاق ئەنە شۇ تاتلىق خىياللار ئىلكىدە تەبەسسۇم بىلەن ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار بارغانچە قېلىنلاپ بارماقتا ئىدى. قىزچاق چۈش كۆرۈۋاتاتتى، چۈشىدە بىر ئۆمۈر بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋە ئارزۇ قىلغان بارلىق كۆرۈنۈشلەر، ئۇنتۇلماس دەقىقىلەر بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن، كەچمىشلىرى خۇددى باھار شامىلىدەك يېقىملىق ۋە ئۇنتۇلغۇسىز ئىدى. لېكىن، ئەڭ ئاخىرقى چۈشى قاباھەتلىك ئىدى. يەنى كىمدۇر بىرى لاۋۇلداپ تۇرغان قىپقىزىل تۆمۈر توقماقنى ئۇنىڭ كۆكسىگە تىقىۋەتتى، شۇ ئان ئۇ ئېغىر تولغىنىپ دەرھال كۆزىنى ئاچتى. ئۇ خۇددى گېلىغا سوغۇق بىر ئېقىم كەپلىشىپ قالغاندەك ئېغىر نەپەس ئالدى. سۇس بىر يورۇقلۇق ئۇنىڭ كۆزىنى چاقىقاندەك، ئىككى تامچە ياش خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك يەرگە سىرغىدى. ئۇ ئۆزىنى پۈركىۋالغان قار دانچىلىرىغا رەھمەت ئېيتىشنى ھەرگىز خىيالىغا كەلتۈرەلمەيتتى. شۇنداقلا قار سەۋەبىدىن تېنىنىڭ بىردەم بولسىمۇ ئاز ـ تولا ئىللىپ قالغانلىقىنىڭ سىرىغا ھەرگىز يېتەلمەيتتى. مەيدىسىدىكى خىرقىراق ئەمدىلىكتە بارغانچە ئەزۋەيلەشكە باشلىغانىدى. ئۇنىڭ خىرقىراشلىرى ۋە ئۇزۇك ـ ئۇزۇك نەپەسلىرىلا ئۇنىڭ ھاياتلىقىنىڭ بىردىنبىر ئىپادىسى ئىدى. ئۇ بېشىنى سىگار يان قىلىپ ئۆزىدىن ئەللىك قەدەم نېرىدىكى گۈساڭ ئاكا ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىنىڭ بۇتتەك قېتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندەك قىلدى. نېمە ئۈچۈندۇر شې

مەنتاغمۇ ئۇلارغا ھورپەيگىنىچە قاراپ تۇراتتى، ئۇ ئۇلارغا بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن باشقىدىن كۆزىنى ئاستا يۇمۇۋالدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى يەنىلا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.

شې مەنتاغنىڭ ئۇستىباشلىرىنى قار باسقان، قولىغا بىسى پارقىراپ تۇرغان گۇرجەك تۇتۇۋالغان بولۇپ، خۇددى ۋەھشىي شىردەك غەزەپ بىلەن ئۇلارغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— لۇ قىزچاقنى قايتۇرۇپ بېرىش، تېزدىن قايتۇرۇپ بېرىش.

شې مەنتاڭ جىلىك تۇزلەڭلىكى، ئالتۇن پەشتاق ۋە تاغئوت چوڭ جىلغىسىنى ئىككى قېتىم كېزىپ چىقتى. ئۇ گۇساڭلار بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتدا ئەگەر بۇگۇنكى ھايات ـ ماماتلىق كۇرەشكە ئاتلانغىنىدا، ئۆز ھاياتىنىڭ ھېچقانداق قىممىتىنىڭ قالمايدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ لۇ قىزچاقنى ياخشى كۆرگىنىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى بارغانچە ھېس قىلماقتا ئىدى.

ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ تۇرغان گۇساڭ ئاكىنىڭ قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن، تومۇرلىرىدىكى قانلىرى مۇزلاپ كەتكەندەك بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەيتتى.

— بىزمۇ ئىزدەۋاتىمىز، ئىزدەۋاتىمىز.

شې مەنتاڭ بايىقى ئەلپاز بىلەن يەنە بىر قېتىم ۋارقىرىدى. گۇساڭ ئاكا بۇ قېتىم ھېچقانداق ئىپادە بىلدۇرمەي، بېشىنى ئاستا چايقاپ قويدى. بۇ ھالدىن شې مەنتاغنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى ۋە ئېتىلىپ بېرىپ گۇساڭ ئاكىنى يىقىتىۋەتتى ۋە قولىدىكى گۇرجەكنى كۆتۈرۈشكە، كىمدۇر بىرى دەرھال كېلىپ ئۇنى ئارقىدىن چىڭ قۇچاقلىۋالدى. گۇساڭ ئاكا ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ، ئۇنىڭ قولىدىن گۇرجەكنى تارتىۋالدى ـ دە، ھەيۋە بىلەن پۇلاڭلىتىپ قويدى. شې مەنتاڭ ئۇنىڭ بارغانچە بەترەڭلىشىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا ئېرەن قىلمىغان ھالدا قاراپ قويدى ـ دە، شىددەت بىلەن يۇلقۇنۇپلا ئارقىسىدىكى كىشىنىڭ

پۈچقىقىدىن تارتىپ ئۇنى يەرگە يىقىتىۋەتتى، ئۇنى راسا كەلتۈرۈپ بىرنى تېپىۋەتكەندىن كېيىن، بۆرىلىپلا گۇساڭ ئاكىغا باشقىدىن ئېتىلدى. گۇساڭ ئاكا چەبدەسلىك بىلەن قولىدىكى گۈرجەكنى ئۇدۇللىغانىدى، گۈرجەكنىڭ پارقىراپ تۇرغان بىسى دەل ئۇنىڭ بېشىغا تەگدى، شۇ ئان شي مەنتاڭنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، قانداقتۇر بىر قارا رەڭلىك نەرسىنىڭ يەرگە چۈشكەنلىكىنى سەزدى، دىققىتىنى ئۇنىڭغا ئاغدۇرۇپ كۆردىكى، ھېلىقى نەرسە ئۆزىنىڭ بىر پارچە باش تېرىسى ۋە بىر تۇتام چېچى ئىدى. ئۇ تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ خۇددى قەپەستىكى قاۋاندەك ھۆرپىيىشكە باشلىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا گۇساڭ ئاكا قولىدىكى سوغۇق نۇر چېچىپ تۇرغان گۈرجەكنى يەنە بىر قېتىم كۆچەپ تىقىۋىدى، گۈرجەك دەل ئۇنىڭ بوغۇزىغا كېلىپ سانجىلدى. شۇ ئان شي مەنتاڭ ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىۋاتقاندەك قاتتىق سەسكىنىپ كەتتى، ئېنىقكى قاراڭغۇلۇق ئۇنى تامامەن ئىلكىگە ئېلىۋالغان، غايەت زور شەكىلسىز بوشلۇق ئۇنىڭ بارلىق ئىدراكىنى يۇتۇپ كېتىۋاتقان ئاشۇ پەيتتە، ئۇ خۇددى پەيدەك يېنىك سىلكىنىپ، مەۋھۇم بىر بەخت ئىلكىدە ئاستا يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ كاللىسى تېنىدىن ئاجراپ قارلىق يەرگە دومىلاپ چۈشتى، كۆزلىرى بولسا بۇ دۇنيانىڭ بارلىق گۈزەللىكى ۋە رەزىللىكلىرى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىۋاتقاندەك، مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇراتتى. جەسىتى خۇددى ئۆزىنىڭ تېنىنى قاسساپقا ئاتا قىلغان كالىدەك قانغا مىلىنىپ ھور ئۆرلەپ تۇراتتى. ئېھتىمال بۇ قانلار كېلەركى باھار پەسلىدە ئېرىپ جىلىڭ دەرياسىغا قوشۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن.

گۇساڭلار خۇددى بۇتتەك قېتىپ تۇرۇشاتتى. توپ بېشى قولىدىكى گۈرجەكنى تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە قارغا پۈركىنىپ ياتقان لۇ قىزچاق بايىقى قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەرنىڭ تەكلىپ قىلىنمىغان گۇۋاھچىسى

سۇپىتىدە ماغدۇرسىز تولغىناتتى. گوياكى شەكىلسىز بىر چوڭ ئىغىز ئۇنىڭ كاللىسىدىكى بارلىق ئەسلىمىلىرىنى يالماپ يۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا خىرىس قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ۋارقىراشنى ئويلىغان بولسىمۇ مۇزلاپ، قېتىپ كەتكەن تىللىرى چىشلىرىغا يۆتىلىشىپ ھېچقانداق ئاۋاز چىقىرالمىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئۆزىنىڭ چۈش كۆرمەيۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. كۆزلىرى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ چوڭ، نۇرلۇق ۋە ئۆتكۈر بولۇپ، گۇساڭ ئاكا ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىنىق سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەن زەھەرلىك يىلاندەك كۆرۈنەتتى. ئەرلەر نېمە ئۈچۈن بۇنداق قەبىھ ۋە ۋەھشىي بولىدىغاندۇ؟ ھاياتقا نىسبەتەن ئۇنىڭ ھازىرىنىڭ ئۆزىدە پەقەت مۇشۇلا سوئالى بار ئىدى. قار ئۇچقۇنلىرى شىپ مەنتاڭنىڭ جەسىتىگە قوناتتى. ئەتراپ قالايمىقان چوڭقۇر ئىزلار بىلەن تولغانىدى. بۇ ئىزلار يەنە قەيەرلەرگىچە سوزۇلۇپ بارار؟ ئەتراپتىكىلەر گۇساڭ ئاكىغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلگەنىدى. گۇساڭ ئاكا غەربىي قاپتالدىكى تاش ئۆڭكۈرگە نەزىرىنى ئاغدۇردى. ئۇ ئەمدى كۆپچىلىكنى ئۆزىگە داۋاملىق ئەگىشىشكە زورلىيالمايتتى، زورلاشقىمۇ پېتىنالمايتتى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىگە ئەگىشىشنى چىن قەلبىدىن ئارزۇلايتتى، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يەنە بىر ئۈمىدى چوقۇم ئۆڭكۈرگە بېرىپ قاراپ بېقىش ئىدى. چۈنكى، ئۇ لۇ قىزچاقنىڭ ئامالسىز ئەھۋالدا قالمىسىلا، ئۆيدىن ئايرىلمايدىغانلىقىدىن ھەرگىز شۈبھىلەنمەيتتى. ئۇ ئۆيدە بولمىغانىكەن، چوقۇم ئۇ ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىدۇ، ئەتراپتىكىلەر توپ بېشىنىڭ نەگە بارماقچى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىپ بولۇشقانىدى. ئۇلار ھازىر پەقەت توپ بېشىغىلا ئەگىشىدۇ، بۇ جەھەتتە كۆپچىلىك بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئالدىبۇرۇن ھېس قىلىپ بولغان، پەقەت ھەيۋەتلىك مۇز تۈۋرۈكلەر، قاتتىق شىۋىرغان ۋە ساناقسىز قار دۆۋىلىرى پايانسىز كەتكەن دېڭىزدەك ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، تەھدىت سېلىپ تۇرغىنى تۇرغان.

ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى بىردىنبىر تاللىشى قەدىمىي ئالتۇنلۇقتىن ئايرىلماسلىق، شۇڭا ئۇلار يەنە بىر قېتىملىق قار ئاپىتى كېلىش ئالدىدا ئۆزلىرىنى خۇددى قىشلىق ئۇچەككە كىرگەن ھاشاراتلار توپىدەك دالدىغا ئېلىش كېرەك.

ئۇلار شۇ مەقسەت بىلەن قەدەملىرىنى يۆتكىدى. گۇساڭ ئاكا مىننەتدارلىق بىلەن ئۇلارغا بىرھازا تىكىلگەندىن كېيىن، نىشان تامان دادىل قەدەم تاشلىدى.

دەل شۇ چاغدا لۇ قىزچاقمۇ ئۇنىڭ ئۆزىدىن تېخىمۇ يىراقلاپ كېتىۋاتقان سىيماسىغا ئۇنسىز تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ تىلى خېلىلا ئەيۋەشكە كېلىپ قالغان بولۇپ، ناۋادا ئۇ ئېغىز ئېچىپلا قالسا، شامال كۈچى شۇ ھامان ئۇ ئاۋازنى گۇساڭلارنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزۈشتە گەپ يوق ئىدى. لېكىن، ئۇ يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. پەقەت ئۇلارنى ئاشۇ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇزىتىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزى غايەت زور ئۈمىدسىزلىك ۋە ھەسرەت ـ نادامەت ئىلكىدە، ئىلگىرىكى ئاق كۆڭۈل گۇساڭ ئاكىنىڭ ئۆز قەلبىدىن مەڭگۈلۈككە چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئەپسۇستا ئىدى. لېكىن، ئۇ يەنىلا گۇساڭ ئاكىنىڭ ئۆز قەلبىدىن ئۆزىمۇ ھەيران قالغۇدەك يىراققا كېتىشىنى پەرۋەردىگاردىن تىلەيتتى. لۇ قىزچاق ئېڭىكى ۋە بىر جۈپ بىلىكى ئارقىلىق خۇددى يارىلانغان ئوۋ رەھىمسىز ئوۋچىنىڭ قولىدىن قېچىپ كېتىۋاتقاندەك ئۆمىلەشكە باشلىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزى بايا ئۆمىلەپ كەلگەن تەرەپكە قاراپ ئۆمىلىگىنىچە، بۇ نەس باسقۇر ئالتۇن پەشتاقتىن يىراقلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كەينىدىكى ئىزلار بارغانچە ئۇزىراپ بارماقتا ئىدى. ئەرلەر نېمە ئۈچۈن بۇنداق قەبىھ كېلىدىغاندۇ؟ ئۇ يەنىلا ئاچچىق خىيال سۈرۈۋاتاتتى، ئۇنىڭ شۇ پەيتتىكى خىياللىرى خۇددى ئىنسانىيەتنىڭ ئالتۇن ئۈچۈن سۈرگەن خىياللىرىدەك تولىمۇ ئۇزۇن، تولىمۇ ئۇزۇن ئىدى.

قەلبىدە ئۆچمەنلىك ۋە قىساس ئوتلىرى بالقىپ تۇرغان ۋېيزىلىقلار بۇ چاغدا ھېلىھەم شىۋىرغانلىق بۇ كەڭ دالادا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭلىغان ئالتۇن تەلۋىلىرى توپ - توپ بولۇپ ئالتۇن پەشتاقتىن چېكىنگەندە، تاڭغۇت جىلغىسىغا قاراپ يۈگۈرۈلۈپ ماڭغاندا، جاڭ بۇسەن يەنىلا بۇرادەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ھەممە يەرنى تىمىسقىلاپ گۇساڭلارنى ئىزدەپ يۈرەتتى. ئۇلار شۇ مەقسەت بىلەن جىلىڭ تۇزلەڭلىكىگە، تاڭغۇت جىلغىسىغا نەچچە رەت باردى، قېيىنزارلىقنى نەچچە قېتىم كەزدى، تۈيۈقسىز ئەتراپ جىمىپ، باياۋاندىكى ئادەم تۇرماق ئۇچار قۇش ۋە ھايۋانلارنىڭمۇ ئىزناسى يىراقلا ئۆچۈپ، ئالتۇن پەشتاق گويا دولقۇنسىز دېڭىزغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئاپپاق قار دۆۋىلىرى تولىمۇ بىغۇبار كۆرۈنەتتى. ئىلگىرىكى قانلىق مەنزىرە ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىلىرى نەلەرگىدۇر غايىب بولغانىدى. تەڭرى بۇ دۇنيانى ۋېيزىلىقلارغا ئوڭچە تاشلاپ بەرگەندەك، ئۇلار خۇددى بۇ زېمىننىڭ بىردىنبىر غوجىسىدەك كەيپىياتتا يولنى داۋاملاشتۇراتتى. جاڭ بۇسەن ئىختىيارسىز قەدىمىنى ئاستىلاتتى ۋە ئازلا ئۆتمەي جايىدا جىملا بولدى. قالغانلار دەرھال ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى، جاڭ بۇسەن ئۇلارغا سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ قويدى. راست گەپنى قىلغاندا، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق رەھىمسىز ئىدى. چۈنكى، ئۇلار تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان بىر خىل غايەت زور يوشۇرۇن كۈچ بىلەن مۇشۇ يەرگە مەھكۇم قىلىنغانىدى. تاڭغۇت قار ئاپىتى توغرۇلۇق، بولۇپمۇ ئاپەت داۋامىدىكى ئۆلۈم - يېتىم، قاباھەت ۋە ۋېيزىلىقلار ھەققىدە ئىلگىرىكىلەر ئىلگىرى يازما خاتىرىلەر قالدۇرغان، ناۋادا ئۇلار بۇ يەردە ئاچلىقتىن ۋە ياكى سوغۇقتىن توڭلاپ ئۆلۈش قىسمىتىگە يولۇققان تەقدىردىمۇ، تارىختىكى ئادەتتىكى بىر ئاپەتلىك جەريان بولۇپ قالاتتى.

— توپ بېشى، سېنىڭچە گۇساڭلار نەگە كەتكەن بولۇشى مۇمكىن؟ — بىرسى ئۇنىڭدىن پەس ئاۋازدا سورىدى.

— ئۆلگىلى كەتتى.

ئەتراپتىكىلەر جاڭ بوسەننىڭ سۆز ئورانىدىن ئونىڭ غەزىپىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئونىڭدىن قايتا سوئال سوراپ يۈرمىدى، تۇيۇقسىز سوڭ جىنچېڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— قاراڭلار، ئەنە، ئەنە، گوساڭلار.

ئارىدىن بىرنەچچىسى قولىدىكى گۈرجەك - جوتۇلىرىنى يۆلەڭلاتقىنىچە ئالتۇن پەشتاق تەرەپكە قاراپ ئىتىلدى. جاڭ بوسەن يەنىلا بوتتەك قېتىپ تۇراتتى، بايىقىلار قەدەملىرىنى توختىتىپ ئونىڭغا بۇرۇلۇپ قارىدى.

— بولدى، بارماڭلار، — جاڭ بوسەن ئۇلارغا ۋارقىرىدى ۋە نەزىرىدە بارغانچە پاكارلاپ، كىچىكلەپ كېتىۋاتقان ئالتۇن پەشتاقتا ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە بىرھازا تىكىلدى، بۇ قېتىمقى ئاپەتتە ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىشلارنىڭ خۇددى بىر توپ چۇمۇلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئەھمىيەتسىز تالىشىشلاردەك ئاخىرلىشىشى ئونىڭغا كۈلكىلىك تۇيۇلماقتا ئىدى. قارلىق دالىنىڭ بۇلۇتلۇق ئاسمىنى ئۇلارغا سوغۇق نىگاھ تاشلايتتى. بۇ يەردىن تېزدىن ئايرىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن جاڭ بوسەن ئۆزىنى ھەر ۋاقىت ھىيلە - نەيرەڭ، ئەقىل - پاراسەت بىلەن تەمىن ئېتىشكە تەييار تۇرىدىغان سوڭ جىنچېڭغا نەزىرىنى ئاغدۇردى ۋە بۇيرۇق قىلدى:

— تېز بول.

— ئالتۇن پەشتاققا چىقامدۇق؟

— ياق، دەرھال بۇ يەردىن كېتەيلى.

سوڭ جىنچېڭ بېشىنى چايقىدى.

— ئەمدى ئۆلگۈرەلمەيمىز.

— ئۆلگۈرەلمىسەكمۇ چوقۇم مېڭىشىمىز كېرەك.

سوڭ جىنچېڭ ئەتراپتىكى سوغۇقتىن غال - غال تىترەپ تۇرغان بۇرادەرلىرىگە قاراپ دېدى:

— مېنىڭچە ئەڭ ياخشىسى ئۆڭكۈرگە كىرىپ دالدىلىنايلى.
— ئۇ يەرنى گۇساڭلار ئالللىبۇرۇن ئىگىلىۋالغان.
— ئالتۇن پەشتاقنىڭ شەرقىي قاپتىلىدىكى ئۆڭكۈر ھېلىھەم قۇرۇق.
جاڭ بۇسەن ئاچچىق كۈلۈپ، يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن كىچىك بىر پارچە قار ئۇچقۇنى كېلىپ ئۇنىڭ بوغۇزىغا كىرىپ ئۇنى يۆتەلدۈرۈۋەتتى. سوڭ جىنچېڭ غەيرىي بىر شامال ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلدى ــ دە، تەقەززالىق بىلەن سورىدى:
— توپ بېشى، بىز بۇ يەردە ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرامدۇق؟
— ماڭايلى، بۇ يەردە يەنە نېمىدەپ تۇرغۇلۇق، تېز ئاتلىنايلى، — جاڭ بۇسەننىڭ ئاۋازىنى سوڭ جىنچېڭدىن باشقىلار ئاڭلىيالمىغاندەك قىلاتتى.
— بۆسۈپ چىقايلى، گۇساڭلاردىن ئۆڭكۈرنى تارتىۋېلىشىمىز كېرەك. بىز ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بەرمىسەك دەھشەتلىك قار چوقۇم بىزنىڭ ئەدىپىمىزنى بېرىدۇ، كىممۇ بۇ يەردە ئۆلۈشنى خالىسۇن؟ — جاڭ بۇسەن باشقىلارنىڭ ئۇز سۆزىنى ئاڭلىيالمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ قولىنى پۇلاڭلاتتى. سوڭ جىنچېڭ ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى:
— ئەگەر قايتىپ كەتمەكچى بولساق چوقۇم يېرىم يولدا جېنىمىزدىن ئايرىلىمىز.
جاڭ بۇسەن ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي ئايىغى ئاستىدىكى قارلارنى قارسىلدىتىپ دەسسەپ بىرنەچچە قەدەم ماڭمايلا، بۇ ناپاك زېمىننىڭ ئۆزىنى بىراقلا ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى سەزگەندەك بولدى. لېكىن، ئۇ قەدىمىنى يەنىلا توختاتمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان بىر توپ كىشىلەر ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە قاراشلىق ئىدى. زېمىننى قاپلىغان، شۇنداقلا ئايىغى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان ئاپپاق قارلار

تولىمۇ ساپ ۋە پاكىز ئىدى. پاكىزلىقىدىن كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرەتتى. كىشىنىڭ قەلبىنى ئېزەتتى، ئاز ئۆتمەي جاك بۇسەن ئارقىسىدىكىلەرنىڭ بارغانچە ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى، يىراقتا، قار ـ مۇز قاپلىغان جىلىڭ دەرياسى تەرەپتە سۇڭ جىنچېڭ باشچىلىقىدىكى بۇرادەرلەر ئەمدىلىكتە قەدەم ئېلىشتىنمۇ قالغانىدى. ئۇ كۆز ئالدىنى قاپلىغان تۇمانلارنى قولى بىلەن قوغلاپ بارلىق كۈچىنى ئېغىزىغا يىغىپ دېگۈدەك قاتتىق ۋارقىرىدى. ئۇ مۇشۇ ۋارقىراش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاۋاتقاندەك، كۆز ئالدىدىكى سۆيۈملۈك ئالتۇن پەشتاق بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— قايتىپ كېتىڭلار، — ئۇ ئاخىر بىر قارارغا كەلگەندەك قىلاتتى، — ھەممىڭلار سۇڭ جىنچېڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭلار، راست دەيسىلەر، تاڭغۇت جىلغىسىدىن ئۆتكىلى بولمايدۇ.

ئۇنىڭ قېشىدىكى ئاللىبۇرۇن ئالغا ئىلگىرىلەش ئىرادىسىدىن قالغان بىرنەچچە بۇرادەر يەنىلا ئۇنىڭغا ئۈمىدلىك تىكىلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئاپپاق قار ئىچىدىكى ماغدۇرسىز پۇتلىرى سوغۇقتىن تىترەيتتى. پۇتىلا ئەمەس، پۈتۈن ۋۇجۇدى غال ـ غال تىترەيتتى. تىللىرى ئاساسەن ھەرىكەتتىن، ئۆز رولىدىن قالغان، قاردەك ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىدا قورقۇش، ھودۇقۇش ئالامەتلىرى ئەكس ئېتەتتى.

— مەن ماڭدىم. ھامان بىر ئۆلۈم دەپتىكەن، لېكىن مەن گۇساڭلارنىڭ قولىدا ئۆلۈشنى ھەرگىز خالىمايمەن، — جاك بۇسەن ئۆز نىشانى تامان ئاستا قەدەم تاشلىدى.

ئەتراپتىكى بايىقىلار ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇلار تاكى ئۇزۇك ـ ئۇزۇك تۇمانلار جاك بۇسەننى، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدلىرىنى كۆمۈپ تاشلىغانغا قەدەر بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە ھاڭۋېقىپ تۇرغان بۇرادەرلىرى توپىغا قاراپ سولغۇن ھالدا يېقىنلاشتى. تۇيۇقسىز

بىر قىزىل تۈلكە قار ئۈستىدىكى پۇت ئىزلىرىنى قۇيرۇقى بىلەن سۈپۈرگىنىچە قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، يەنە شۇنداق تېز غايىب بولدى.

تەخمىنەن ئۈچ سائەتلەردىن كېيىن جاڭ بۇسەن ئاخىر جىلىڭ تۈزلەڭلىكىگە يېتىپ كەلدى. ھېلىقى بىرنەچچە كورپۇس تاش ئۆيلەر يەنىلا ئۆز پېتى سۇرلۇك كەيپىياتتا تۇراتتى. تاش ئۆيلەرنىڭ غوجايىنلىرى، يەنى قەدىمىي ئالتۇنلۇققا كېلىپ ئەزەلدىن مەۋجۇت بولمىغان تەرتىپنى ئاتاقتا قوغداۋاتقان ھېلىقى پونكىت خادىملىرى، ئۇششاق - چۇششەك تىجارەتچىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەردىن كەتكەندەك قىلاتتى. ئېھتىمال، بەزىلىرى ئۆلگەن بولۇشى، بەزىلىرى ھېلىھەم قەدىمىي ئالتۇنلۇقتىن ئايرىلىش سەپىرىدە ۋە ياكى قېيىنزارلىقتا تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن، بارلىق تاش ئۆيلەر ئوخشاشلا قار ئاستىدا قالغان، كېسەك ئۆيلەردىكى ئاياللارمۇ نەلەرگىدۇر غايىب بولغانىدى. كونا تاملار، يىرتىلغان پەردىلەر، ئۆتمۈشتۈك بولۇپ كەتكەن تورۇسلار كىشىگە بىر خىل بىسەرەمجانلىق تۇيغۇسى بېرەتتى. لو قىزچاقنىڭ كېسەك ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولۇپ، بارلىق نەرسىلەر قالايمىقان ئىدى. ھەتتا سۇپا ۋە ئوچاقلارمۇ ئۆرۈلۈپ ئىسكەتىدىن كەتكەنىدى. قورسىقى ئېچىپ ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن جاڭ بۇسەننىڭ ئەمدىلىكتە ھېچ يەرگە مىدىرلىغۇسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئاچ بۈركۈتنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدەك ۋەھىملىك كۆزلىرى بۇ ۋەيرانە ئۆينىڭ ھەممە يەرلىرىنى بىرپەستىلا تىمىسقىلاپ چىقتى. ئەتراپ جىمجىت ئىدى، ئاپپاق قار ئۇچقۇنلىرى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۇنىڭ ئىزلىرىنى كۆمۈپ تاشلىغانىدى. ئۇ ئەتراپنى خېلى بىرپەس كۆزەتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىز ئەمەس، بەلكى يېگۈدەك بىرنەرسە ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. كېسەك ئۆينىڭ خارابىسىغۇ بار، لېكىن لو قىزچاقنىڭ ئۆزى قېنى؟ ئەجەبا، لو قىزچاقمۇ خۇددى ئۆزىنىڭ مۇشۇ ۋەيرانە ئۆيىدەك ئەمدىلىكتە مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەسمۇ؟ ئۇ بۇ ھاياتىدا

تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىۋاتاتتى،
ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭدا ئەزەلدىن خوتۇن - قىزلارغا نىسبەتەن
مېھىر - مۇھەببەت يېتەرسىز بولسىمۇ، لېكىن ھازىرنىڭ ئۆزى-
دە لۇ قىزچاق ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بولغان بولسا ئېھتىمال ئۇنىڭ
قەلب گۆرلۈكىدىكى بايىقى ھېس - تۇيغۇلار ئويغانمىغان
بولاتتى. ئۇ ئىشىكتەك بىر يەردىن كېسەك ئۆيگە كىردى، قەدەم-
لىرى خۇددى لۇ قىزچاقنىڭ ئىللىق، ئاپپاق بەدىنىگە، تولغان
يوتىلىرىغا پۇتلىشىۋاتقاندەك ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ئۆزىنىڭ بۇ
ئۆيگە، ئۆينىڭ غوجايىنىغا بولغان ھېسسىياتى ھەرھالدا چىن
ئىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ پۇتى قار ئاستىدا قالغان كونسېرۋا
قۇتىسىغا تېگىپ كەتتى، قۇتىنىڭ ئېغىزىغا كەپلەپ قويغان
بىنەپشە رەڭلىك باش پىيازدەك ھېلىقى نەرسە ئۆز پېتى تۇراتتى،
يېشىل يۇمران غول ھېلىھەم ئىچىدە ئىدى، بوۋايلارنىڭ ساقى-
لىدەك ئاق ئىنچىكە يىلتىزلار قۇتا ئىچىدە ئۆز كۆركەملىكى
بىلەن نامايان ئىدى. لېكىن، قۇتا يېرىلىپ كەتكەن بولۇپ،
ئىچىدىكى غول چىلانغان ئاق ھاراق ئېقىپ تۈگىگەنىدى. بۇ جاڭ
بۇسەنىنىڭ جىلىنىڭ تۈزلەڭلىكىدىكى تاغدىن تېرىپ كەلگەن
تاڭغۇت ئادەمگىياھى ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇنداق ئادەم-
گىياھ بىر تاغدا پەقەت بىرسىلا بولۇپ، ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك
ئىمىش. كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ پەرۋەردىگار تۈلكىلەرگە
ئىنئام قىلغان خاسىيەتلىك مېۋە بولۇش سۈپىتى بىلەن تۈلكى-
لەرنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى، كۆپىيىپ ئەۋلاد قالدۇرۇش ئاسا-
سىمىش. ناۋادا بىرەر ئەركەك بۆرە ئۇنى يېگەندە، بۇ كەڭ باياۋان-
دىكى بارلىق چىشى بۆرىلەر قورساق كۆتۈرۈپ ئەۋلاد قالدۇرار-
مىش. جاڭ بۇسەنىنىڭ تەلىيى كېلىپ ئۇنىڭغا ئېرىشكەندىن
كېيىن ئۇنى قۇتىدىكى ھاراققا چىلاپ تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈش
ئۈچۈن قىلمىغىنى قالمىغانىدى. ئادەتتە ئۇ لۇ قىزچاق بىلەن
يوتقانغا كىرىشنىڭ ئالدىدا بۇ ئابىھاياتتىن بىر يۇتۇم ئىچىۋې-
لىشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايتتى. دېمىسىمۇ، بۇ خاسىيەتلىك دورى-

نىڭ ئۇنۇمى شۇنچىلىك ئىدىكى، ئۇنىڭ كۆچىدە كېچىنى لو قىزچاق بىلەن لەززەت ئىچىدە ئۆتكۈزەتتى، مانا ئەمدىلىكتە بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى يىراقتا قالغان، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىلكىدىكى باياۋاندا مەۋجۇت بولۇپ قالغىنى پەقەت گۆردەك تىمتاسلىق، خالاس. ئۇ بىلىنى ئېگىپ ئۇنىڭغا بىرپەس تىكىلدى ۋە ئۇنى ئاۋايلاپ قولىغا ئېلىپ شۇ ئارقىلىق لو قىزچاقنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىۋاتقاندەك لەززەتلىك خىياللارغا غەرق بولدى. جاڭ بۇسەن ئادەمگىياھنى ئاۋايلاپ قولىغا ئېلىپ قوينىغا سالدى ـ دە، پۈتۈن كۆچىنى پۈتىغا يىغىپ ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ قېيىنزارلىقتىن كېسىپ ئۆتتى. ئۇ يول بويى ھەربىر دەرەخنى تۇتۇپ قەددىنى رۇسلاپ ماڭغاچقا، ياقىلاپ ماڭغان ھەربىر دەرەختە قول ئىزى قالدى. ئۇ قېيىنزارلىقنىڭ چېتىگە چىقىپ توختىدى، چىراغ نۇرى چاقناپ تۇرغان يىراقتىكى يۇرتىغا تەلمۈرگەندەك ئالدىدىكى تاش ئۆيلەرگە تەلمۈرۈپ قارىدى، ئايغى ئاستىدىكى قار دۆۋىلىرى خۇددى ئاسمانغا بېقىپ ياتقان، ئېنىقراق ئېيتقاندا، باغلاپ يەرگە ياتقۇزۇپ قويغان پالۋاننىڭ تۇرقىغا ئوخشايتتى. ئۇ ئاغزىدىن ئاپپاق ھور چىقىرىپ قېشىدىكى دەرەخكە يۆلەندى. شۇ تاپتا ئۇ ئادەم مۇشۇنداق پەيتتە نېمىلەرنى ئويلىشى مۇمكىن دېگەن سوئال بىلەن ئاۋارە ئىدى. بولۇپمۇ لو قىزچاقنىڭ پۈت ـ قولى باغلاقلىق ئەھۋال ئاستىدا قانداق ئۆمىلەپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە خىيال سۈرەتتى. لو قىزچاق چوقۇم ئۆلدى دەپ چىنپۈتتى ئۇ ئىچىدە، چۈنكى قاتتىق سوغۇق ۋە چىداپ تۇرغۇسىز ئاچلىق ئازابى خۇددى قانخور جاللاتتەك لو قىزچاققا رەھىم قىلمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇنداق تۇرۇپ ئۇ يەنە نېمە ئۈچۈن لو قىزچاقنى ئويلايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىگە شۇنچە قىزىقىدۇ؟ ئالتۇن چۈشى بەربات بولدى، تاڭغۇتتىكى قار ئاپىتى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق قىساسقا خاتىمە

بەرگەندىن كېيىن، جاك بوسەن ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئويلايدىغان ئادىمىنىڭ يەنىلا لو قىزچاق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ شۇ خىياللار بىلەن قەدىمىنى ئاستا يۆتكىدى. تاش ئۆيلەرنىڭ ئىللىقلىقى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن مەيلى قانچىلىك يىراقلىقتا بولمىسۇن، ئۇ چوقۇم ئاشۇ تاش ئۆيلەرگە ئۇمىدىنى باغلىشى كېرەك. چۈنكى، بۇ ئۇنىڭ ھايات قېلىشىدىكى بىردىنبىر تالالىشى، لېكىن ئۇ تۇيۇقسىز يەرگە يىقىلدى. ئورنىدىن قوپۇشقا خېلى كۈچەپ باققان بولسىمۇ، لېكىن پەقەتلا كۈچ ئىشلىتەلمايۋاتاتتى، مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كېتەمدۇ؟ ئۇ ئەلەم بىلەن ئۆز ـ ئۆزىدىن تەكرار سورايتتى، دەل شۇ پەيتتە يېنىدىكى دەرەخ قار توپىنىڭ ئېغىرلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي سۇندى ـ دە، چوڭ بىر شاخ كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا تەگدى. جاك بوسەن بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن ھوشىدىن كەتتى.

ئېھتىمال، ئۇ ھوشىغا كېلەلمەسلىكى مۇمكىن، ئۇ شۇ تاپتا جەھەننەمگە بارىدىغان يولنىڭ دەل يېرىمىدا ھاسىرايتتى، چىرايى تونۇشلا بىر ئەرۋاھ كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ، ئۇنىڭ يول ھەققى تاپشۇرمىسا، ھەرگىزمۇ ئەزرائىلنىڭ جامالىنى كۆرەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ كۆز ئالدىدا ھەقىقەتەن شۇنداق بىر يولنىڭ تۇرغانلىقىنى، ئۇ يولنىڭ پاتمىي ئالەمدىكى يولغا ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ يەنىلا غال ـ غال تىترەيتتى. شۇ تىترەك سەۋەبىدىن ئۇنىڭ ئۇستىدىكى قارلار يەرگە قاراپ سىرغىيتتى. ئەتراپتىكى تۇمانلار ھەر تەرەپكە تارايتتى، ئەمدىلىكتە ھېلىقى ئەرۋاھنىڭ چىرايى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئەسلىدە ئۇ جاك بوسەنگە: «مەن سېنى تونۇيمەن، سەن ھېلىقى قېشىدا ئالتۇن ساقلاپ يۈرگەن كىشىغۇ؟» دەپ پىچىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ سوغۇقتا مۇزلاپ تارشىدەك قېتىپ كەتكەن قوللىرىنى قوينىغا سېلىپ، ھېلىقى

كاللەك ئالتۇننى ئالدى ـ دە، ئۇنىڭغا تىترەپ تۇرۇپ تەڭلىگەچ يالۋۇردى:

— ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى قويۇپ بەرگەن بولساڭ.

ھېلىقى ئەرۋاھ ئۇنىڭ قولىغا قاراپمۇ قويماي سورىدى:

— سەن تاڭغۇت جىلغىسىدىن چىقىپ كەتمەكچىمۇ؟

ئۇ بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى، لېكىن قولىدىكى ھېلىقى ئالتۇن يەرگە چۈشۈپ كەتكەنىدى.

— دېمەكچى، سەن چىقىپ كېتەلەيسەن. مېنىمۇ بۇ يەردىن ئاچىقىپ كېتەلەمسەن؟ سەن ھەر يىلى دېگۈدەك ئالتۇنلۇققا كېلىسەن، تەجرىبەڭمۇ بار، مېنى ئاچىقىپ كېتەلەمسەن ـ يوق؟

ئۇ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى، ھېلىقى ئادەم دەرھال كېلىپ ئۇنى سىلكىشلىدى. ئۇنىڭ مۇزلاپ قېتىپ كەتكەن كاللىسى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلمەكتە ئىدى. بىر چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلىقىنى، تاتۇقى بار بىر يىگىتنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى سەزگەندەك بولدى.

— گەپ قىلمامسەن؟ مەن پەقەت سېنى ئىزدەپلا بۇ يەرگە كەلدىم.

— مېنى ئىزدەپ؟

— پەقەت سەنلا مېنى بۇ يەردىن ئاچىقىپ كېتەلەيسەن، ئالتۇننىڭ ئىشىنى سۈرۈشتۈرمىگەن بولاي، — ئۇ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بايىقى ئالتۇننى ئېلىپ جاڭ بۇسەننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— ئالتۇن؟ — جاڭ بۇسەننىڭ يۈز مۇسكۇللىرى تارتىشىپ كەتكەنىدى. قولىدىكى ئالتۇن يەنە يەرگە چۈشۈپ دومىلاپ كەتتى، — ئەگەر ئالتۇننى ئالغۇڭ كەلسە ئېلىۋەر، ماڭا پەقەت بىر قاچا ئۇسسۇزلۇق بەرسەڭلا بولدى.

ئۇسسۇزلۇقنى ئۇنىڭغا تەييارلاپ بەرگەن يىگىتنىڭ ئەمدىلىكتە قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، يەردىكى بايىقى ئالتۇنمۇ

نەلەرگىدۇر يوقالغانىدى. جاك بۇسەن ئۇسسۇزلۇقنى ئىچىپ بولۇپ قاچىنى يەرگە ئۇرۇپ چىقتۇەتتى ـ دە، سىرتقا چىقىپ بىرپەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن باياۋان ئىچىگە سىڭىپ كەتتى.

بۇ ئىككىنچى كۈنى سەھەردىكى ئىش ئىدى.

جاك بۇسەن كاللىسى گاراڭ هالدا يولنى داۋام ئېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ قار ئۈستىدىكى ئىزلىرى خۇددى ئۇنىڭ بەدىنىگە يىلاندەك يامىشىۋاتقاندەك، كەڭ دالا بارغانچە تارىيىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ قورسقى ئېچىپ تارتىشىپ كەتكەن، ئاشقازىنى لۆمۈلدەپ كېتىۋاتاتتى. دېمەك، ئاچلىق ئازابىغا ئەمدىلىكتە زادىلا بەرداشلىق بەرگىلى بولمايۋاتاتتى، ئۇنىڭ بەدىنى ماغدۇرسىز تىترەيتتى، ئىككى يەلكىسىنى ئىككى قورام تاش بېسىۋالغاندەك، ياتقۇسلا كېلەتتى، تىللىرى ساڭگىلاپ، كۆزلىرى پۇلتىيىپ، قورسقى ئاچچىق كوركىرايتتى. هېلىقى نەس باسقۇر ئاچارچىلىق يىللىرىدىن قالغان، لېكىن خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان قوزغالماي كېلىۋاتقان ئوپقان كېسىلى قوزغالغانىدى. ناۋادا بىرەر يەيدىغان نەرسە تېپىپ، قورسىقىنى ئالدىمىسا، خۇددى بەزگەكتەك تىترەپ، هەتتا هاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېسىگە قويىنىدىكى هېلىقى ئادەمگىياھ غولى كەلدى ـ دە، دەرهال ئېلىپ ئاغزىغا سېلىپ گاچىلدىتىپ چايناشقا باشلىدى. دەل شۇ پەيتتە مۆجىزە يۈز بەرگەندەك كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، چۈنكى ئۇ يېقىنلا بىر يەردە خۇددى ئوتقاشتەك كۆيۈپ تۇرغان بىر پارچە شەپەقنى كۆرۈۋاتاتتى، شەپەق جىلمىيىپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئۇ كۆزىنى تېخىمۇ يوغان ئېچىپ هېلىقى شەپەق پارچىسىنىڭ باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى كىشىنى مەهلىيا قىلغۇدەك بىر توپ تۈلكە ئىكەنلىكىنى كۆردى. قىشنىڭ قەهرىتان سوغۇقلىرىدىمۇ ئۆلارنىڭ قىپقىزىل مويلىرى پارقىراپ، ئاپپاق قاردا تېخىمۇ چىرايلىق ۋە كۆركەم كۆرۈنەتتى. تۈلكىلەرمۇ ئالتۇن

قازغۇچىلارغا ئوخشاش قار ئاپىتىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان بولۇپ، كوللېكتىپ ھەرىكەت قىلىش خاراكتېرى ئۇلارغا باشقىدىن ھاياتلىق ئاتا قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ ھەرىكەت قىلىشتىكى ئەڭ ئاساسلىق مەقسىتى يەنىلا يېمەكلىك ئىزدەش، ئاچ قالماسلىق ئىدى. تۈلكىلەر ئاز دېگەندىمۇ ئەللىك - ئاتمىشتىن كەم ئەمەس ئىدى. ئۇلار بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ توپلىشىۋېلىشى يېمەكلىك ئۈچۈن بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇلار بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ؟ جاڭ بۇسەن قار كېچىپ ئۇلارغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى.

بايىقى شەپەق بىردىنلا نۇرغۇنلىغان شەپەق پارچىلىرى بولۇپ ئايرىلدى، تۈلكىلەر ئىنسانلار ئالدىدا ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك، ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئادەمگە ياۋاشلىق بىلەن بىرپەس تىكىلگەندىن كېيىن ئەتراپقا تارىلىپ، كەينىگە ئاستا چېكىنىشكە باشلىدى ۋە ئاسمانغا قاراپ بىرنەچچە قېتىم ھۇۋلىغاندىن كېيىن نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. تۈلكىلەرنىڭ پۇتلىرى ئاستىدا ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولۇپ كەتكەن قار دائىرىسىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە تۈلكە ماياقلىرى كۆزگە چېلىقاتتى. بولۇپمۇ قېتىپ قالغان قان ئىزلىرى ئاپپاق قار ئۈستىدە يېلىنجايتتى. پۈتۈنسۈرۈك ئادەم ئىسكىلىتى تولىمۇ ۋەھىملىك كۆرۈنەتتى، قار قونغان قانلىق گۆش پارچىلىرى قېتىپ كەتكەنىدى. ئەتراپ تۈلكىلەرنىڭ ئىزلىرىغا تولغان، تۈلكىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن كىشى چوقۇم بۇ ئىزلارنى دوزاختىن چىققان ئالۋاستىلارنىڭ ئىزىمىكىن دەپ قالاتتى. بولۇپمۇ تۈلكىلەرنىڭ قوزۇقتەك ئۆتكۈر چىشلىرى تىتىۋەتكەن كىيىم ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى. كىيىمنىڭ رەختى تېگى كۆك، گۈلى ئاق بولۇپ، ئاپپاق قار بىلەن ھۆسن تالاشقاندەك دەرىجىدە كۆركەم ئىدى. بولۇپمۇ كىيىمدىكى كۆك رەڭ خۇددى قويۇق بۇلۇتلار ئارىسىدىكى كۆك ئاسمان پارچىسىدەك تولىمۇ سۆيۈملۈك كۆرۈنەتتى. مانا بۇلار بىچارە لۇ

قىزچاقتىن قالغان بارلىق نەرسىلەر ئىدى. جاڭ بوسەن كۆز ئالدىدىكى بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەرگە قاراپ، بىرپەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز سوغۇق كۇلۇپ قويدى. ئۇ ئۆزىگە كۇلۇۋاتاتتى، بارلىق ھايات قالغان كىشىلەر ئۇچۇن كۇلۇۋاتاتتى، ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى خۇددى ئالۋاستىلار دۇنياسىدا ياشاۋاتقاندەك، بارلىق ھاياتلىق پەقەت مۇشۇ ئالۋاستىلار ماكانىدىن ئۆرنەك ئېلىۋاتقاندەك سېزەتتى، ئەمەلىيەتتە ئۆلۈم ھەرگىزمۇ قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئەڭ قورقۇنچلۇقى قىساس ئۇچۇن ياشاش! خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش، ياڭ جېئىر ۋە گۇساڭ ئاكىغا، قەدىمىي ئالتۇنلۇقتىكى ئۆزى كۆرگەن بارلىق ئالتۇن قازغۇچى ئەزىمەتلەرگە ئوخشاش.

ئارىلىقتىن خېلى بىرپەس ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئاخىر يولىنى داۋام قىلدى. تاڭغۇت جىلغىسىدىن چىقىپ كېتەلمەسلىكىنى كۆڭلى تۇيۇپلا تۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا بۇرادەرلىرىنى، ئالتۇن پەشتاقنى ئويلاۋاتاتتى.

ۋېيزىلىقلار ئەمدىلىكتە ئېگىزگە پەقەتلا يامىشالماي، چاپلىشىپلا قالغانىدى. ئالتۇن پەشتاقنىڭ شەرقىدىكى قارلىق يانباغرىدا ئاشۇ نەچچە يۈزلىگەن ئەزىمەت خۇددى يىرىم جان چار يىلاندەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تۆۋەنگە سىيرىلىپ، ئاخىر يەنە بىر يەرگە يىغىلدى. ئۇلار ھاسىراش، ئاھ ئۇرۇش ئىلكىدە ئالتۇن پەشتاققا ئۈمىدسىزلىك بىلەن تىكىلەتتى. ئۆزئارا قول تۇتۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تېخى ئەزرائىلنىڭ ئالىقىنىغا مەھكۇم ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيتتى. غەربىي قاپتالدىكى ئۆڭكۈردە گۇساڭلار بار بولۇپ، شەرقىي قاپتالدىكى ئۆڭكۈرنى ئىگىلەش مەقسىتىدە ئىدى. شۇڭا، بىر ئاماللار قىلىپ باشقىلارنى ئۆڭكۈرگە يېقىنلاشتۇرماسلىق ئۇچۇن چارە ـ تەدبىر ئىزدەيتتى. ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ بىردىنبىر ھاياتلىق يولى ئىدى.

ئۆڭكۈر ئېگىزدە، خۇددى ئۆزىگە تىكىلگەن ئادەملەردەك،

كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، پەستىكىلەرگە سوغۇق نەزەر بىلەن قاراۋاتقاندەك سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

— ئۆلۈشنى ئويلىمىساڭلار، يامىشىڭلار... يا... يامىشىڭلار.

سۈڭ جىنچېڭنىڭ ئەمدى گەپ قىلغۇدەك ماغدۇرىمۇ قالمىغانىدى. ئۇ بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆزىگە پەقەت هايات قېلىش ئۈچۈن ئەگەشكىنىنى، مۆرىتى كەلسە ئۆزى ئۈچۈن ئۆلۈشكىمۇ رازى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا بەل قويۇۋەتسە بولمايتتى. ئەڭ ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە ئۇلار ئۈچۈن باش قاتۇرۇشى، ئىرادىسىدىن هەرگىز قايتماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇ غەيرىتىنى يىغىپ باشقىلارنىڭ ئالدىدا يەنە بىر قېتىم يۇقىرىغا يامىشىپ، ئەمدىلا ئون مېتىرچە ئۆرلىشىگە، تۇيۇقسىز قۇلىقىغا كىرگەن ناهايىتىمۇ مەيۈس بىر ئاۋازدىن قولى تېخىمۇ ماغدۇرسىزلىنىپ تۆۋەنگە سىيرىلىپ چۈشتى ۋە كۈچلۈك چايقىلىشتىن ئۆزىنى كونترول قىلالماي قالدى. هېلىقى ئاۋاز شامال يۆنىلىشى بويىچە تۇمانلار ئارىسىدىن كېلىۋاتاتتى، ئۇ گۇساڭ ئاكىنىڭ تەمبەل كەلگەن يەنە بىر گۇساڭ بىلەن ئۇنىڭدىن ئانچىمۇ يىراق بولمىغان قار دۆۋىسى يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى.

— يەيدىغان نەرسە بارمۇ؟

گۇساڭ ئاكا ئۇنىڭغا قاراپ هالسىز تۇۋلىدى. ۋېيزىلىقلار هەيرانلىق بىلەن ئۇلارغا تىكىلدى.

— سىلەردە يەيدىغان بىر نەرسە بارمۇ، دەپ سوراۋاتىمەن.

— بار، — سۈڭ جىنچېڭ ناهايىتى تەستە ئېغىز ئاچتى ـ يۇ، ماغدۇرسىزلىق بىلەن كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

— ماڭا ئەگىشىڭلار، غەربىي قاپتالدىن ئاسان چىققىلى بولىدۇ.

باشقىلار سۈڭ جىنچېڭنىڭ چىراي ئىپادىسىگە قاراپ ئىش كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تىكىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ بېشى قېيىپ يەرگە يىقىلدى. هاياتلىق يولىدا ئەزرائىلغا قىلچىمۇ باش ئەگمەيدىغان روھ ۋە كۈچ ئۇنىڭغا تەسەللى ۋە ئۈمىد

بېغىشلاۋاتقان شۇ پەيتتە، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھاياتلىق نۇرى باشقىدىن جىلۋە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېنىدىكى قار دۆۋىسىگە ئۆمىلەپ چىقىپ، نەپىسى قىسىلغان ھالدا ئەتراپىتىكىلەرگە قارىدى. كەڭ دالىنىڭ سوغۇق ۋە ساپ ھاۋاسى ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلاتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى پۈتۈن كائىنات بارغانچە قاراڭغۇلىشىپ، رومانتىكىغا تويۇنغان ئالتۇن بىلەن ئۆتكەن ھاياتى خۇددى ئاپتاپتا قالغان قاردەك خىيالىي ئېرىۋاتاتتى. بېشى بولسا پەسكە ساڭگىلاپ، بىر ئۆمۈرلۈك پىكىر - خىيالى خۇددى پەيدەك قەدىمىي ئالتۇنلۇق ئاسمىنى تامان كۆتۈرۈلدى. بۇ مەڭگۈ تارقىماس بۇلۇت ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ روھى شاماللارغا ئەگىشىپ نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى...

ۋېيىزلىقلار بىر - بىرىگە قارىشاتتى، ياش تۆكەتتى. ئۇلارچە بولغاندا، سۇڭ جىنچېڭ ئۆلمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئۇلار جەسەتنى كۆتۈرۈپ بايىقى ئىككى گۇساڭغا ئەگەشكىنىچە ئالغا قاراپ ئاتلاندى. غەربىي قاپتالدىكى بارلىق گۇساڭلار ئۈنسىز ھالدا ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. ئۇلاردىكى يىمەكلىكلەر ئۇلار ئۇچۇن تۈتىيا ئىدى. ئىككىنچى بىر تاڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا بۇ بىر مەيدان قاباھەتلىك قار ئاخىر توختىدى، بۇلۇتلار تارقاپ، ئەتراپ قۇياش نۇرىغا چۆمدى، دولقۇنسىز، شەكىلسىز ۋە رەڭسىز دېڭىز سۈيىدەك بىپايان قەدىمىي ئالتۇنلۇقنى جىمجىتلا يۇتۇپ كەتكەن، تونۇگۈنكى قۇياش نۇرى ئاستىدىكى سۈرەن - چوقانلار بۈگۈنكى مەيۈسلۈكتە ئەتىۋارىنى يوقاتقانىدى. قەدىمدىن تارتىپ ئاق رەڭدىكى تىنچلىقنىڭ تىنىقى بار، ھەممە يەر ئىلگىرىكى يارقىنلىقا، گۈزەللىككە تويۇنغانىدى...

# ئونىنچى باب

# قىزىل تۈلكە

قەدىمىي ئالتۇنلۇقتا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىر تۈركۈم ئاياللار كەلدى، گەرچە ئۇلار ئەرلىرىنى، ئوغۇللىرىنى رەھىمسىز قار ـ مۇزلارنىڭ يۇتۇپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق بىلسىمۇ، لېكىن ئۇلار تاڭغۇت چوڭ جىلغىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ جىلىڭ تۈزلەڭلىكىگە كېلىپ، ئەرلىرىنى ئىزچىل مەپتۇن قىلىپ كەلگەن بۇ پايانسىز باياۋاننى كۆرۈپ بېقىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئۇلار ئەرلىرىنىڭ بۇ يەردە ئۆزلىرىنى گول قىلىپ، تەسۋىرلىگۈسىز سېغىنىش ۋە چۈشكۈنلۈك ئىلكىدە كۈنلىرىنى ساناپ دېگۈدەك ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلەتتى، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك قۇياش نۇرى ئاستىدا، گۈرجەك ـ جوتۇلىرىنى ئوينىتىپ، قارا تەرگە چۆمۈلۈپ، مەستەك پارقىراپ، تۈنلەرنى تاتلىق خىيال، شېرىن چۈش ۋە تىنىمسىز خورەك ئىلكىدە ئۆتكۈزگەنلىكىنىمۇ بىلەتتى، ئالتۇنلۇقتىكى بەزىدە قېنىق، بەزىدە سۇس كۆرۈنۈۋاتقان تاغ تىزمىلار ئەسلىدە ئۇلارنىڭ سىيماسى ئەمەسمۇ؟ جىلىڭ تۈزلەڭلىكىدە يەنە ئاياللاردىن قالغان پۇراقلار ۋە قار ـ مۇزلار ئېرىگەندىن كېيىن كۆرۈنۈپ قالغان ئەستىلىكلەر ھېلىھەم مەۋجۇت، ئاھ بىچارە ئەرلەر، بىز سىلەرنىڭ ئايال زاتىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىڭلارنى ئېنىق بىلىمىز. شۇنداقلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، بىز سىلەرنى بۇ يەرگە بۇزۇق ئاياللارنى ھىدلاپ، قەلبىڭلاردىكى تاقەتسىزلىك ۋە ئاچ

كۆزلۇكۇڭلارنى بىسىشىڭلار ئۇچۇن ئۇزاتقانمۇ؟ ئالتۇن! ئالتۇن دېگەن ئىتتىنىڭ پوقى ئەمەسمۇ؟ ئىتتىنىڭ زەھەرلىك پوقىنىڭ جىنىڭلارنى ئالغىنى بىزنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىڭلارنىڭ جىنىنى ئالغانلىق بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟ ئالتۇن ھەقىقەتەن بىزنىڭ كۆزىمىزدىن قان ـ ياش ئاققۇزدى. كۆز ياشلىرىمىز جىلىنىڭ دەرياسىنى ئۇلغايتىپ، كۆز ياشلىرىمىز ئارقىلىق شەمشادزارلىقنى يېشىللاشتۇرۇپ كەلدۇق. پەلەكمۇ كۆز ياشلىرىمىزغا گۇۋاھ! ئەنە شۇنداق كۆز ياشقا تويۇنۇپ جىلۋىلىنىپ تۇرغان مۇز گۈللىرى بەئەينى قان رەڭگىدە پورەكلىگەن. ئالتۇن رەڭلىك يوپۇرماقلار ۋە ئۆز ھۆسنىگە تويۇنغان مودەنگۈللەر خۇددى ماماتلىقتىكى روھنىڭ شەنىگە چىچىلغان قەغەز پۇللارغا ئوخشايدۇ.

بۇ دەل ئىككىنچى يىلى ياز پەسلى ئىدى.

باياۋان ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئارتۇق تىمتاسلىققا غەرق بولغانىدى، لېكىن ئايالالارنىڭ قەلب يارىسىغا ۋە دەرد ـ ئەلەم-لىرىگە مەلھەم بولغۇدەك ئۆزگىچە مۆجىزىدىن ھېچقانداق ئەسەر يوق ئىدى. ئۇلار تۇمان قاپلىغان بىر كۇنى سەھەردە تەسۋىرلى-گۇسىز ئىزتىراپلار ئىلكىدە، جىلىنىڭ تۇزلەڭلىكىدىن ئايرىلىپ، خۇددى ۋابادىن قاچقان بەختسىزلەردەك، بىر ـ بىرىنىڭ ئىزىنى تاپ بېسىپ، يولىنى داۋام قىلاتتى. تۇنجى تۇركۇمدىكى ئايالالار تاڭغۇت جىلغىسىغا يېتىپ كەلگەندە، خۇددى لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان بىر پارچە ئوت كەبى يېلىنجاۋاتقان بىرنەچچە تۇلكە توپى ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇۋالدى. سەزگۈر تۇلكىلەر ئەتراپىدىكى ھەرقانداق ئىشنى سېزىپ، ئىدراك قىلىپ تۇراتتى، بۇ يىل باياۋانغا كەلگەن ئەرلەرگە قارىغاندا، ئايالالارنىڭ ھەسسىلەپ كۆپ ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئازاب ئىلكىدە پۇچۇ-لىنىپ كەتكەن ئايالالار جۇملىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن بىلىۋالغاندەك قىلاتتى، ئۇلار ئايالالارنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇلار نەيرەڭ ئىشلىتىۋاتقاندەك، قىپقىزىل

مويلىرىنى پارقىرىتىپ، ھەيۋىسىنى نامايان قىلماقتا ئىدى. ئايااللار قورقۇنچ ئىلكىدە توختىدى. ئارقىسىدىكىلەر تۈركۈملەپ يېتىپ كېلىش بىلەن بۇ بىر توپ ئاجىزەلەرنىڭ سانى ھەسسىلەپ ئېشىپ، تۇلكىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈشكە جىمجىت ماسلاشماقتا ئىدى. كۈتۈلمىگەندە، يەنە بىرنەچچە توپ تۇلكە نەلەردىندۇر يېتىپ كېلىپ، ئايااللارنىڭ يۈرىكىگە تېخىمۇ قورقۇنچ ھېسلىرىنى سېلىپ، قاتتىق ھۇۋلىشىپ، ئەتراپنى توختىماي ئەگىيتتى، توپتوغرا بىر قىش ئادەم گۆشى ۋە قان ھىدىغا تويۇنغان بۇ قانخور مەخلۇقلار ياز پەسلىنىڭ يېقىشلىق ھاۋاسى ۋە مەيىن شامالىرىدا ئۆزلىرىنىڭ باشقىدىنلا ئېچىرقاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇلار ئايااللارغا خۇددى ئاپپاق، سېمىز گۆشلەرگە مەستانە بولغاندەك، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ كۆز تىكەتتى، خۇمارى تۇتقاندەك، ئاسمانغا قاراپ خۇددى ئاجايىپ ھاياجان، ئۈمىد ئىلكىدە ئالتۇن ئۇچۇن پەرۋانە بولغان، مانا ھازىر يەر تېگىدىن مەڭگۈلۈك ماكان تۇتقان ئالتۇن-چىلارنى چاقىرىۋاتقاندەك ھۇۋلايتتى. ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ تاقى-تى تۈگەپ، خۇددى لاۋۇلداپ تۇرغان ئالتۇن زەنجىردەك ئۆزلى-رىگە ھاڭۋېقىپ تۇرغان ئايااللارنى ئاستا - ئاستا چەمبەر دائىرى-سىگە ئالغانىدى، بۇ ھالەت ئاجايىپ ئۆزگىچە، گۈلچەمبىرەكلەر لايىھەسى خۇددى يەرگە يېيىپ قويۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. دېمەك، ھەربىر ئايال بىردىن گۈلچەمبىرەكتەك ھالەتتە نامايان ئىدى. بۇ بىر توپ يىرتقۇچلارنىڭ ياۋۇزلارچە تۇرقى ئالدىدا ئايااللارنىڭ قورقىنىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترەك بېسىپ، كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەن، ئاۋازلىرى خۇددى يىغلاۋاتقان گۈدەكنىڭ ئاۋازىدەك چىقاتتى، ھېلىگەر تۇلكىلەر ئۇلارنىڭ قورقۇۋاتقانلى-قىنى ۋە ئۆزلىرىگە يېلىنىش نەزىرىدە تەلمۈرۈۋاتقانلىقىنى سېزىۋالغانىدى. شۇڭا، يۈرەكلىرى پۈتۈن ھالدا ئۇلارنى بىر - بىرىدىن قىزغانغاندەك سۈرئىتىنى تېزلەتتى، ئايااللار چىرقىراشقىنىچە ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلى-

دى. ئەكسىچە، ھەربىر توپ تۆلكىلەر ئەمدىلىكتە ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇيۇشۇپ قايسىدۇر قېچىپ كېتىۋاتقان بىردىن ئايالغا شىددەت بىلەن ئېسىلاتتى، بىچارە ئاياللار يىقىلغان ھامان پۈتكۈل بەدىنى قانغا بويىلىپ، تېنى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا قۇرۇق ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ قالاتتى، باشقا ئاياللار جېنىنىڭ بارىچە قاچاتتى، كۆزلىرى قانغا تولغان يىرتقۇچ تۆلكىلەر ئۇلارنى تاپ بېسىپ قوغلايتتى، ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق مىنۇتلار ئىلكىدە بۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇق ھەش ـ پەش دېگۈچە قان ھىدى گۇپۇلدەپ تۇرغان قاباھەتلىك بىر ماكانغا ئايلىنىپ قالدى، قۇياش خىرەلەشكەن، نۇرى زېمىن تەرىپىدىن سۇمۇرۇۋېلىنغانىدى. شۇڭا، باياۋان ئوتتەك قىزىق، بەجايىكى، پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئىسسىقلىق ئوچىقىغا ئايلانغانىدى.

بۇ يىل دۇنيادىكى بارلىق تۆلكىلەر بۇ يەرگە يىغىلغاندەك قىلاتتى، ئۇلارنى سان ـ ساناقسىز ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ قان، گۆش ھىدى بۇ يەرگە قىزىقتۇرغان بولسا، ئاياللىرىنى ئۇلارنىڭ ئەرۋاھى بۇ يەرگە چىللاپ كەلگەنىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەنھا قالغان روھى ئۇلارنىڭ ھەمراھ بولۇشىغا موھتاج ئىدى. تۆلكىلەر پەرۋەدىگارنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلغان ئاساستا سادىقلىق، مېھىر ـ شەپقەت بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىۋاتاتتى.

ئارىدىن بىر ئايال ھېرىپ ماغدۇرسىزلىنىپ، تۇيۇقسىز يىقىلدى، شۇ ئان ئون نەچچە تۆلكە ئۇنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ، قۇيرۇقلىرىنى شىپپاڭلىتىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى، ئېھتىمال، ئايالنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى ئۇلارنى مەھلىيا قىلىۋالغان بولسا كېرەك، ئايالنىڭ ئازراق بولسىمۇ كۆڭلىنىڭ سېرىقىنى كۆرۈۋېلىشىغا يول قويغان، ئوپچە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە مەدھىيە ئوقۇۋاتقاندەك قىلاتتى. تۇيۇقسىز قوپال ئاڭلانغان ئاۋاز بىلەن چىرايىنى قويۇق ساقال باسقان تەمبەل بىر كىشى خېلىدىن بېرى ئۆزىگە باشپاناھ بولغان قېلىن ئورماندىن

چىقىپ، ئۇلار تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ ھالدىن تەشۋىشلەنگەن تۈلكىلەر دەرھال باشقىدىن سەپ تۈزۈپ، يەنە بايىقى قىزغىن ھالەت بىلەن ئاستا ـ ئاستا تارقىلىشقا باشلىدى. ئارىلىقتىن ئاز ئۆتمەي ھېيلىگەرلىكتە ئۈچىغا چىققان بۇ ۋەھشىي، لېكىن كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرگۈدەك سۈلكەتتىكى يىرتقۇچلار باشقىدىن بىر يەرگە يىغىلىپ، كوللېكتىپ يەل قويۇۋەتتى. دېمەك، بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا كۆچلۈك سېسىق پۇراق ئەتراپنى قاپلاپ، تۈيۈقسىز تۇمەن سەرلەپ ئالتۇنلار بېشىغا يېغىپ، كاللىسى گاراڭلىشىپ، بېشى قايغان بومبا ساقاللىقمۇ كۆتۈلمىگەندە، يەرگە چاپلىشىپ ياتقان بايىقى چىرايلىق ئايالنىڭ ئۈستىگىلا يىقىلدى، بۇ چاغدا ئايال كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ ھە دەپ تېپىرلايتتى. خىيالىدا بولسا تۈلكىلەر ئۆزىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تولغان بىر جۈپ كۆكسىنى ئىزدەۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئىدى، ئايال ئۇنى تېپەتتى، چىڭ تۇگۇۋالغان مۇشتلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇراتتى. بومبا ساقاللىق دەرھال ئۆزىنى رۇسلىۋالدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزارتتى.

— قوپۇڭ.

ئايال ئاستا كۆزىنى ئاچتى، بومبا ساقاللىق سېسىق ئۇسۇرۇپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىپ مەغرۇرلۇق بىلەن قويرۇق شىپپاڭلىتىپ كېتىۋاتقان تۈلكىلەرگە قاراپ قويۇپ، بايىقى سۆزىنى تەكرارلىدى:

— ئورنىڭىزدىن قوپۇپ، مەن بىلەن مېڭىڭ.

ئايال بېلىنى رۇسلاپ ئەتراپقا قورقۇمسىراپ نەزەر تاشلىدى ۋە ئاستا ئورنىدىن تۇردى، بومبا ساقاللىق ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا مەستانىلىك بىلەن تىكىلىپ قالدى، ئايال ئۇيالغىنىچە ئاستا يەرگە قارىۋالدى، بومبا ساقاللىق دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ـ دە، ئورمان تەرەپكە قەدەم تاشلىدى، ئايال رايىشلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشتى. دېمەك، ئۇ تۈلكە بىلەن ئەر زاتىدىن

كىيىنكىسىنى تاللىغانىدى.

يىراقتىن پارتلاش ئاۋازى ئاڭلىنىپ، چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولغان باياۋاننى تۇيۇقسىزلا لەرزىگە سېلىۋەتتى، ئىس ۋە چاڭ ـ توزانلار ساماغا كۆتۈرۈلۈپ سۈزۈك ھاۋانى بۇلغاپ، ئاسماننىڭ يېرىم بۆلىكى كۇل رەڭ ۋە سېرىق رەڭگە، يېرىمى ئۆز ھالىتىدە سىرلىق بىر كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغانىدى. بومبا ساقاللىق قەدىمىنى توختىتىپ: «ئاياللارنى قوشلىغاندىكى ئاۋاز ئاڭلىنىۋاتىدۇ» دېدى. بۇ ھەرقانداق ئايالنى سۇر باستۇرىدىغان سۆز ئىدى، ئۇ ئايالنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، ئىس ـ توزان كۆتۈرۈلگەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

جاڭ بۇسەن ياڭ جىئېرنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئايالنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، قولىدا پارتلاتقۇچ دورا بار ئىدى. پارتلاتقۇچ دورىنى ئۇ ئۆزى ھاراق بوتۇلكىسىغا قاچىلاپ ياسىغان، پىلىكىگە ئوت ياقسىلا ئۇنۇمى كارامەت ئىدى، ھەرقانداق ھىيلىگەر، ياۋۇزلۇقتا ئۇچىغا چىققان تۈلكە بولسىمۇ، تىرىك قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىمۇ ئۆز ھامىيلىقىغا ئالغان نەچچە يۈز ئايال ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىدى. شۇڭلاشقىمىكىن ئاشۇ نەچچە يۈز جۈپ قارا كۆزلەرنىڭ نەزىرىدە، ئۇ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك، باتۇرانە قىياپەتتە نامايان ئىدى.

— كەلدىڭمۇ؟

— تۈلكىلەرنى پارتلاتماقچىمەن.

— ئالتۇنلاردىن ئۈمىدىڭنى ئۈزدۈڭمۇ؟

— تۈلكىلەرنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچىمەن.

جاڭ بۇسەننىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى ئاجايىپ ئۇرغۇلۇق بولۇپ، قارشى تەرەپنىڭ بومبا ساقىلى ئۇنىڭغا خۇددى تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىدەك كۆرۈنەتتى، جاڭ بۇسەننىڭ بۇ قېتىم ئالتۇنلۇققا كېلىشىدىكى مۇددىئاسى بىچارە لۇ قىزچاقنى ۋەھشىيلىك بىلەن قىيما ـ چىيما قىلىۋەتكەن كۆز ئالدىدىكى تۈلكىلەرنى

مەرھۇمەنىڭ گۆرىگە ھەمدەمنە قىلىش ئىدى.
— ئۇنداق قىلالمايسەن!
— سەن تۇلكىلەرنىڭ بالىسىمىدىڭ؟ ئىشىمغا ئارىلاشما.
ياڭ جىئېر ھېلىقى ئايالنى بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ خۇددى ئۇرۇشقاق خورازدەك ئۇنىڭغا گۆلەيدى.
— ئەگەر سەن تۇلكىلەرنى يەنە پارتلىتىمەن دەيدىكەنسەن، ئۇنداقتا مەن سېنىڭ تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن.
— ئىختىيارىڭ، مەن بەرىبىر پارتلىتىشنى باشلىۋەتتىم.
ياڭ جىئېر يەڭلىرىنى شىمايلىغان، قولىغا خەنجەر ئېلىۋالغانىدى. جاڭ بۇسەن ئۇنىڭ ھوجۇمغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۆزىنى قاچۇرۇپ يەرگە تايىنىۋالدى. خەنجەر ئۇنىڭ بېشىنى يالاپ دېگۈدەك ئۆتۈپ كەتتى. ياڭ جىئېر ھوجۇمنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى بېسىۋالدى ـ دە، چېكىسىگە بىر مۇشت ئۇردى، جاڭ بۇسەن بۇلتۇر ئۆزىنىڭ ياڭ جىئېر بىلەن قايتا ئۇچرىشىش ھەققىدىكى كېلىشىمنى ئەسكە ئالدى ۋە بېشىنى سىگار يان قىلىپ ئېغىز ئاچتى:
— ئاكا، مەن گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن.
ياڭ جىئېر ئۇنى يەنە بىر مۇشت ئۇرۇۋېتىپ ئورنىدىن قوپتى ـ دە، ھېلىقى ئايال تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئالدى تەرەپ قېلىن ئورمان، ئورماندىن ئۆتكەندە جىلىڭ دەرياسى، دەريانى بويلاپ ماڭغاندا، دەل جىلىڭ تۇزلەڭلىكىگە يېتىپ بارغىلى بولاتتى.
بۈگۈن ئاخشام ئۇلار جىلىڭ تۇزلەڭلىكىگە كېلىپ ئارام ئالدى، سەھەر تۇمانى ئەتراپنى قاپلىغان شۇ پەيتتە چىرايلىق، تولغان بىر ئايال ئىلگىرى ئالتۇن باشقۇرۇش پونكىتى دەپ ئاتالغان ھېلىقى تاش ئۆيدىن ئاستا سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، غىپپىلا قىلىپ شەمشادلىقا كىرىپ كەتتى، ئارقىدىنلا نامەلۇم بىر قارا كۆلەڭگە خۇددى ئەرۋاھتەك ئىشىك ئەتراپىنى بىر پەس تىمىسقىلاپ چىققاندىن كېيىن، ئاستا ئۆيگە كىردى. ياڭ جىئېر

ھېلىھەم ئۇخلاۋاتاتتى، لېكىن ئۇ بىر خىل خىرەلىك ئىلكىدە كىمدۇر بىرىنىڭ يوتقاننى ئېچىۋەتكەنلىكىنى تۇيغاندەك قىلدى ۋە ئايالىنى قايتىپ كىرگەن چېغى دەپ، ئاستا ئۆرۈلۈپ ئۇنى قۇچاقلاش ئۈچۈن قولى بىلەن خېلى سىلاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى تاپالمىدى ۋە بوغۇق ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— ئاپپىقىم، يېقىنراق كەلگىن.

جاڭ بۇسەن دەرھال سۇپىدىن چۈشۈپ يوشۇرۇندى. بىرپەستىن كېيىن ياڭ جىئېرنىڭ يېنىك پۇشۇلداۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ يېنىك ئۇھ تارتىپ قويدى ۋە قوينىدىن مۇشتۇمچىلىك كېلىدىغان، كەندىر تانا بىلەن ئورالغان بىر بولاقنى ئۇنىڭ چوڭ يوتىسى تەرەپكە قويدى. ئاندىن بولاق پىلىكىنى ئاۋايلاپ تاكى ئىشىك سىرتىغىچە ئوبدان جايلاشتۇردى، تەييارلىقلار پۈتكەندى، جاڭ بۇسەن كەيپىياتىنى سەل تەڭشىۋالغاندىن كېيىن پىلىككە ئوت يېقىش بىلەن پىژىلدىغان بىر خىل ئاۋاز جاڭ بۇسەننىڭ كۆتكىنىدەك ئۆي ئىچىگە كىرىپ كەتتى، جاڭ بۇسەن دەرھال ئىشىكنى ئېتىپ ئۆزىنى شەمشادلىققا ئاتتى، ھېلىقى ئايال ئاپپاق كاسىسىنى بازارغا سالغان ئۆپكىدەك قىلىپ ئىنجىقلاپ ئولتۇراتتى، ئۇ جاڭ بۇسەننى كۆرۈپلا ھودۇقۇپ ئىشتانبېغىنى قاماللاپ ئورنىدىن قوپتى، جاڭ بۇسەن ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ دېدى:

— كەتكىن، لېكىن ئۆيگە كىرمە، — ئايالنىڭ تۇرقىدىن ئۆيگە قايتقۇسى باردەك قىلاتتى، جاڭ بۇسەن ئۇنىڭ بىلىكىنى تارتتى، — ئالتۇنلۇقتىن چىقىپ كەتكۈڭ يوقمۇ؟ مەن بىلەن ماڭ.

ئايالنىڭ پۈتى خۇددى يەرگە مىخلاپ قويۇلغاندەك، ئۆزى بولسا بۇتتەك قېتىپ تۇراتتى، دەل شۇ پەيتتە «گۇم» قىلغان دەھشەتلىك پارتلاش ئاۋازى بىلەن پۈتكۈل باياۋان لەرزىگە كەلدى.

— ناۋادا ئۇ ھايۋان بولمىغان بولسا، مېنىڭمۇ بۇ «ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىقى» بولمىغان بولاتتى، ئاڭلاۋاتامسەن؟ ئەڭ

ئاخىرقى قېتىملىقى دەيمەن ! بۇ مېنىڭ ئاخىرقى قېتىم ئادەملەرگە زىيانكەشلىك قىلىشىم.
جاڭ بۇسەن سۆزىنى تۈگىتىپ، ئۇنى يەنە بىلىكىدىن تارتتى، ئايال بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن رايىشلىشىپ قالغانىدى.

ئايال جاڭ بۇسەننىڭ كۆڭۈل قويۇپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى ۋە غەمخورلۇقى بىلەن ئاخىر تاڭغۇت چوڭ جىلغىسىدىن ئايرىلدى، جاڭ بۇسەن سەپەر جەريانىدا ئۇنىڭغا ھېچقانداق يامان غەرەزدە بولمىدى، كۆرۈمسىزرەك بولسىمۇ، لېكىن ياخشى ئادەمدەك قىلىدۇ، دېگەندەك خىياللار بىلەن كۆڭلىنى توختاتقان ئايال جاڭ بۇسەنگە ئەگىشىپ ۋېيزى كەنتىگە كىرىپ كەلدى.
ئايال توي قىلىپ ئىككى ئايدىن كېيىن ئېرى ئالتۇنلۇققا كەتكەن، قورسىقىدىمۇ قالمىغانىدى، قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىسى ياشىنىپ قالغانىدى. ئۇ كېلىنلەرنىڭ ئۇچىنچىسى، ئۆز ئۆيىدە بولسا ئالتە قىزنىڭ بىرى ئىدى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلدى ـ يۇ، ئۇنىڭغا ئۇنچىلىك ۋاي دەپ كەتمەيتتى، ئېرىنىڭ ئۆيىدىكىلەر بولسا ئۇنى چىرايلىق دەپ، سۆغا چىقسىمۇ كۆز ـ قۇلاق بولاتتى، ئەمدى جاڭ بۇسەنگە ئەگىشىپ ئىلگىرىكى بويۇنتۇرۇقلاردىن بىراقلا قۇتۇلغانىدى. ھەرقانداق ئايال توي قىلىش يېشىغا يەتكەن ھامان ئۆزىگە جورا تاللايدۇ، ئىلگىرى كۆڭلىگە پۈككىنى ئۆزىگە جورا بولالمىدى، ئۆزى لايىق كۆرگىنى ئۆلۈپ كەتتى، شۇنداق ئىكەن، ئۇ ئۆزىگە باشقىدىن ھەمراھ تاللاشقا تامامەن ھەقلىق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىرقى قارارغا كېلىپ، جاڭ بۇسەننىڭ پېشىگە ئېسىلىشنى لايىق تاپتى، جاڭ بۇسەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ ئايال گەرچە لۇ قىزچاقتەك خۇش پىچىم، نازۇك بەدەنلەردىن بولمىسىمۇ، لېكىن ھەرھالدا بەدىنى تولغان، كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان چوكانلار تىپىدىن ئىدى. شۇڭا، ئۇ كۆڭلىنى توختىتىپ، بۇرۇنقى ئەسەبىي

خىياللاردىن ۋە قاراملىقلىرىدىن قول ئۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ، ئاخىرقى يېرىم ئۆمرىنى تىنىچ، خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش نىيىتىگە كەلگەنىدى. بارلىق زېھنىنى ۋە كۈچىنى ئۆزى كۆتۈرە ئالغان تېرىلغۇ يەرگە ۋە ئائىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا قارىتىمەن دەپ ئويلايتتى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئايال بارلىق ناز ـ كەرەشمىلىرىنى تولۇق نامايان قىلىپ، جاك بۇسەننىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان ياخشىلىقىغا يارىشا ئاجايىپ لەززەتلىك جاۋاب قايتۇرغان بولدى. جاك بۇسەن بۇ يېڭى ئايالى بىلەن تولۇق بىر كېچە ھەپىلەشتى، بەزىدە ئەسەبىيلىشىپ، ئۇنىڭغا ئاچ بۆرىدەك تاشلانسا، بەزىدە ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگىنىچە تىنچىپ قالاتتى، بەزىدە ئىختىيارسىز لىق قىزچاقنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئېغىر ـ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قوياتتى...

ئىككىنچى يىلى ئايال جاك بۇسەنگە ناھايىتىمۇ ئوماق بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى، تېخى يېشىغا يەتمەي تۇرۇپلا دادا، ئاپا، دەپ گۈڭشىلىرى ئۇلارغا تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىق ئاتا قىلدى، جاك بۇسەن ئوغلىنى بويىنىغا مىندۈرۈشكە ئامراق ئىدى، ئوغلىنىڭ ئەرلىكى بويىنىغا تېگىشى بىلەن ئۆزىنىڭ قۇدرىتىدىن ئىپتىخارلىنىپ، ئوغلىدىن پەخىرلىنىپ كېتەتتى، ئۇ ئوغلىنىڭ بويىنىغىلا سىيىۋېتىشىنى ئارزۇلايتتى، ئوغلىنىڭ سۈيدۈكىنى ئىللىق ئېقىن، بويىنىنى، بەدىنىنى مۇنبەت ئېتىز كەبى تەسەۋۋۇر قىلاتتى، ئوغلى ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك سىيىپ قويسا، ئايال دەرھال كېلىپ بالىنى قولىغا ئالاتتى ـ دە، يۇمشاق لۆڭگە بىلەن ئېرىنىڭ بويىنىنى، بەدەنلىرىنى سۈرتۈپ كېتەتتى، ھەر قېتىم ئايالىنىڭ قولى كىيىمى ئىچىدە ھەرىكەتلەنگەندە، جاك بۇسەننىڭ غىدىقلىرى كېلىپ سۆيۈنۈپ كېتەتتى.

ئوغلى بەختلىك ھالدا چوڭ بولماقتا ئىدى. ئوماقلىقى ۋايىغا يەتكەن بەش ياش مەزگىلىدە، ئۇنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى بارا ـ بارا يېتىلىشكە باشلىدى. گەپ ـ سۆزلىرى ئوماق ۋە تاتلىق

ئىدى. ئەقەللىي بولغان ئىشلارنىڭ ئاز ـ تولا تېگىگە يېتىپ، ياخشى ـ يامان ئىشلارغا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى بارا ـ بارا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ خۇددى كېپىنەكتەك شوخ ئىدى، كۆنبويى كەنت يوللىرىدا چېپىپ، ئېگىزلىكلەرگە يامىشىپ، باللار بىلەن قوغلىشىپ ئويناپ ھارمايتتى، بىر كۈنى ئوغلى يۈز ـ كۆزلىرىدىكى توپا ـ چاڭ، كىيىملىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن لاي، توزانلار دەستىدىن تونۇغۇسىز ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئاپىسى دۇنيادىكى بارلىق ئاياللارغا خاس خاراكتېرى بىلەن ئۇنى تىللاپ كەتتى، ئوغلىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قاقتى. ئوغلى بولسا كەپسىزلىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، توپا ـ لاي قوللىرىنى قازانغا ئۇزارتتى، چۈنكى ئۇ قازاندا دائىم يەيدىغان نەرسىلەرنىڭ تەييار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، جاڭ بۇسەن بىر چەتتە تۇرۇپ ئوغلىغا مەستلىكى كەلگەن ھالدا پىخىلداپ كۈلدى، ئوغلى بۇ ھالدىن ئىلھاملىنىپ، كىملەردىندۇر ئۆگىنىۋالغان قوشىقىنى باشلىدى:

نەرسەم مېنىڭ ئۇزۇندۇر ئۇزۇن
سېنىڭكىدىن چوڭدۇر تاشقىم
پاتماس ھەتتا ئۈچ ئېغىز ئۆيگە...

جاڭ بۇسەن قوشاقنىڭ ئاخىرىنى ياقتۇرمىدى ـ دە، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:

— بازارغا كىرىپ، كەمپۈتنى چايناپ، قەندالەت ئېلىپ، سوغۇق سۇ ئىچىپ.

— چوڭى قېرىغىنىنى، كىچىكى يىگىت بولۇپ قالغىنىنى بىلمىگەن. بازارغا كىرىپ نېمە قىلماقچىسىلەر؟ — ئايال ئەجەبلەنگەن ھالدا سورىدى.

ئوغۇل دەرھال دادىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى ـ دە، سورىدى:

— دادا، قاچانلىققا بازارغا بارىمىز؟
بازارغا بېرىش دېگەنلىك كىچىكلەر ئۈچۈن بايرام دېگەنلىك ئىدى.
— ئاپاڭ بىزنى قاچان بېرىڭلار دېسە، شۇ چاغدا بارىمىز، — جاڭ بۇسەن ئايالىغا قاراپ ھىجايدى، ئايال ئوغلىنى ئۆزىگە تارتتى.
— كېلەر يىلى بېرىڭلار.
— ياق، بولمايدۇ.
— ئەتىلىككە بېرىڭلار.
— ياق.
جاڭ بۇسەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتتى.
— ھازىرلا يولغا چىقىمىز.
بۇ سۆزدىن خۇشاللىقىنى باسالمىغان ئوغۇل كىچىككىنە مۇشتۇمى بىلەن دادىسىنى مۇشتلاپ كەتتى، ئايال ئاشخانىدىن يەيدىغان ئاز ـ تولا نەرسە ئاچىقىپ ئېرىگە تەڭلىدى.
— شەھەرگە بېرىپ ـ كەلگۈچە، ئارانلا ئۈچ ـ تۆت سائەت كېتىدۇ، قورسىقىمىز ئېچىپمۇ كەتمەس.
— يەپ بولالمىساڭلار قايتۇرۇپ كېلىڭلار، بۇ دېگەن كۆتۈرەلمىگۈدەك كېلىدىغان ئالتۇن ئەمەس، — ئايال قولىدىكى نەرسىلەرنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا تاشلىدى.
جاڭ بۇسەن ئوغلىنى يېتىلەپ يولغا چىقتى. تېخى كەنت ئېغىزىدىن چىقماي تۇرۇپلا ئوغلىنى يەلكىسىگە مىندۈرۈۋالدى، ئايال ئۇلارغا مەستلىكى كەلگىنىچە ئۇزىتىپ قالدى. بۇ دەل بارچە يېشىللىق ئالەمنى قاپلىغان باھار پەسلى بولۇپ، نامراتلىق ۋە زېرىكىش ئىلكىدىكى ئەرلەر ئالتۇنلۇققا قاراپ ئاقماقتا ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسى ئالتۇندا ئەمەس، ئەكسىچە تۈلكىدە ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، تاغ تۈلكى-سىنىڭ تېرىسى چوڭ شەھەرلەردە خېلىلا ئەتىۋارلىق ئىمىش. چۈنكى، تاغ تۈلكىسىنىڭ مويى پارقىراق، رەڭگى كۆركەم

بولۇپ، كەم ئۇچرايدىغان تەبىئىي رەڭلىك ئەتىۋارلىق ھايۋان دەپ تەرىپلىنىپ كېلىنىۋاتاتتى. تاڭغۇت تۈلكىسىنىڭ تېرىسى ئەمەلىيەتتىمۇ ھەرقانداق نەرسىگە سېلىشتۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يۇمران، ئىللىق، پارقىراق، سىلىقلىقى بىلەن كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلسا، تېرىسىدىن بىر خىل سېھىرلىك نۇر تاراپ، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ئادەمزاتنىڭ تۇرقىغا ئاجايىپ ئۆزگىچە سۇلكەت ئاتا قىلاتتى، شۇڭا ئۆلكىلىك ماددىي ئەشيالار شىركىتى ھەرقايسى ناھىيەلەرگە سېتىۋېلىش ئورنى تەسىس قىلغان بولۇپ، بىر پارچە تۈلكە تېرىسىگە نەقلەشتۇرۇلگەن ئۈچ يۈەن پۇل ئۆزىنىڭ ئازلىقىغا قارىماي، كىشىلەرنىڭ يورغىسىنى چىقىرىۋەتكەنىدى. دېمەك، ناھىيە بازىرىنىڭ ھەممىلا يېرىگە ھەر يەر، ھەر يەرلەردىن كەلگەن توپ - توپ دېھقانلار يىغىلىۋېلىشقانىدى. شۇ تاپتا ئۇلار قەدىمىي ئالتۇنلۇققا يولغا چىقىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. جاڭ بۇسەن ئۇلارغا ئادەتتىكىدەكلا قاراپ قويۇپ ئالدىدىكى توپنى يېرىپ ئۆتتى، ئوغلى بولسا ھېلىھەم ئۇنىڭ بوينىغا مىنىۋالغان بولۇپ، يانچۇقى بىلەن قولىدا لىق كەمپۈت، ئېغىزىدىن بولسا شۆلگەي ئاقاتتى.

— سىيمەن، — ئوغلىنىڭ ئاغزىدىن تامغان شۆلگەي ئۇنىڭ بېشىنى بۇلغىۋەتكەنىدى.

— سىيىۋەر.

ئوغلى پەرۋاسىزلىق بىلەن سۈيدۈكىنى قويۇۋەتتى، جاڭ بۇسەننىڭ دۈمبىسى سۈيدۈك بىلەن ھۆل بولۇپ كەتتى، لېكىن بۇ ھال ئۇنىڭ پەسەنتىگە كەلمىگەندەك قىلاتتى.

— سۇ ئىچىۋېلىڭلار، مۇزدەك، تاتلىق سۇ.

جاڭ بۇسەن يەلكىسىدىكى ئوغلىنى دەرھال يەرگە چۈشۈرۈپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە بېرىپ گاز سۈيىدىن سېتىۋالدى، ئوغلىنىڭ ئاغزى ئەمدىلىكتە خېلى بېسىقىپ قالغان بولۇپ، ئەتراپتىكىلەرنى كۆزىتىۋاتقان بىر جۈپ كۆزى ياشانغان بىر

كىشىگە كېلىپ تۇختىدى. بۇ كىشىنىڭ بويى خۇددى ئۆزىنىڭكىدەك پاكار، لېكىن بەستى قاۋۇل، بېشىمۇ چوڭ بولۇپ، ئۆسكىلەڭ، چۇپۇر چاچلىرى بىلەن تېخىمۇ چوڭ كۆرۈنەتتى، قارىداپ كەتكەن يۈزى خۇددى مايلىق قازاندەك پارقىراق، كىرلىشىپ، پاختىسى چىقىپ كەتكەن تۇگمىسىز چاپىنىنى خۇددى ئۇستىدىن بىرنەچچە يىللاپ سالمىغاندەك كۆرۈنەتتى، كەندىر ئارغامچا بىلەن بېلىنى چىڭ باغلىۋالغان بۇ قېرىنىڭ ئېچىلىپ قالغان مەيدىسىدىكى تاتۇقنىڭ بىر ئۇچى گېلىغا تۇتاشسا، يەنە بىر ئۇچى تاكى كىندىكىگە تاقىشىدىغاندەك قىلاتتى. قېرى ھەرھالدا ئىشتان كىيىۋالغاندەك قىلغان بىلەن پۇتلىرى كۆرۈنمەيتتى، ئىنچىكىلەپ قارىغان كىشى ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ئاستىنقى قىسمىنىڭ بىراقلا يوق ئىكەنلىكىنى، بەدىنىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە قان ـ يىرىڭ چىقىپ تۇرغان تۆشۈك بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە پوق ـ سۈيدۈكلەرمۇ ئاشۇ تۆشۈكتىن جايىنى تاپىدىغاندەك قىلاتتى، سېسىق پۇراق ئەتراپنى بىر ئالغان، بىرەرىنىڭ يېقىنلىشىشى خېلى بىر گەپ ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر تېرە قولاقچا قويۇپ قويۇلغان بولۇپ، ئىككى قولىقى سالپىيىپ تۇراتتى، قېرى تەستە ئېڭىشىپ يەردە تۇرغان پارچە پۇللارنى تېرىۋېلىپ، قولاقچىسىغا سالاتتى. كۆڭلى يۇمشاق، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر بۇ بىچارىگە ئىچ ئاغرىتىپ، پارچە ـ پۇرات پۇللارنى ئۇنىڭ قولاقچىسىغا قارىتىپ ئاتاتتى. كۆپىنچىسى قولاقچا ئىچىگە چۈشمەيتتى.

ئۇنىڭ ئېغىزىدىن تەستە چىقىۋاتقان، مەزمۇنى پەقەت ئۆزىگىلا ئايدىڭ، ئاھاڭى خۇددى پاشا غوڭۇلدىغاندەك يېقىمسىز بىر ناخشا ئاۋازى بۇ بىچارە قېرىنىڭ يولدىن ئۆتكەنلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ مېھىر ـ شاپائىتىگە بولغان ئىلتىجاسى ئىدى.

بالا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن دەرھال ئۆرۈلۈپ دادىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى. لېكىن، دادىسى كۆرۈنمەيتتى، ئۇ نەزىرىنى بايىقى بىچارە قېرىغا ئاغدۇرۇپ،

دادىسىنىڭ ئاشۇ قېرىنىڭ ئالدىدا، باشقىلارغا قارىغاندا ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنراق تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئوغلى دەرھال بېرىپ دادىسىنىڭ پۇتىغا يۆلىنىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئالما رەڭ گازلىق سۇنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئىرىسلىدى. دادىسى تۇيۇقسىز قولىنى قويۇۋېتىۋىدى، ئوغلى پۇلاڭگىدە ئارقىسىغا ئۈچۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دادىسىغا يىغلاپ قورقاق سالماقچى بولدى، لېكىن دادىسىنىڭ پەرۋاسىز ھالدا قېرىغا تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دادىسىنىڭ پۇتىغا يەنە بىر قېتىم يېپىشتى، قېرى ئەتراپتىكىلەرگە قاراپمۇ قويماي گاراڭ ـ گۇرۇڭ ئاۋازدا ناخشىسىنى باشلىدى.

تاغدا تۇرۇپ، تۇزلەڭلىكتە يەر،
يومېشچىكنى ئۆلتۈرگەن ئوغۇل بالا، ئەر،
كۆپكۆك تاۋار، قىپقىزىل ياغلىق،
نېنىڭنى يېگەن پۇشتۇڭنىمۇ يەر.

— ياڭ جىئېر!

ھېلىقى قېرى ئۇنىڭغا ئېرەنسىزلىك بىلەن مۇنداقلا قاراپ قويدى.

— ياڭ جىئېر، سەن بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟

قېرى ناخشىسىنى توختىتىپ، قوللىرىنى ئىشقىلاپ قويۇپ، قولاقچىسىدىكى پۇللارنى ھە دەپ قوينىغا سېلىشقا باشلىدى.

جاڭ بۇسەن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ خەنجەر بىلەن تىلىنىپ كەتكەن يۈزىدىكى تاتۇقىغا باشقىدىن تىكىلدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ چىھرىدىكى غەيرەت ۋە جاسارەت، بەردەم ۋە قاۋۇللۇقتىن بېشارەت بېرىدىغان ئالامەتلەردىن ئەسەرمۇ قالمىغان، يۈز مۇسكۇللىرى بىر تەرەپكە يىغىلىپ قالغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، خۇنۇكلىشىپ، گويا كىشىلىك ھاياتىكى بارلىق قاراڭغۇلۇقلار شۇ يەرگىلا يىغىلىپ

قالغاندەك بەتتەرلىشىپ كەتكەنىدى.
— ياڭ جىئېر، سەن مېنى تونۇيالمىدىڭمۇ؟ — جاڭ بۇسەن ئۇنىڭ خاتىرىسىنى يوقىتىپ قويغانلىقىدىن ئەنسىرەيتتى.
قىرىنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلار دەرھال رەتلەنگەندەك ھالەتتە سوغۇق كۈلۈپ قويدى ۋە بايا ناخشا ئېيتقاندىكى تەلەپپۇزدا سورىدى:
— سەن نېمە ئۈچۈن مېنى بىر اقلا پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتمىدىڭ؟ يېنىك بولۇپ قالدى دەپ ئويلىمىدىڭمۇ؟
جاڭ بۇسەن سەمىمىيلىك بىلەن بېشىنى چايقىدى.
— تەڭرىنىڭ ئىرادىسى شۇنداق ئوخشايدۇ، مەن سېنى تۇنجى كۆرگەندىلا تونۇۋالغانىدىم. چۈنكى، سەن داداڭغا بەكمۇ ئوخشايسەن، جاڭ لاۋخۇ سېنى ئاپىرىدە قىلىپ زىيان تارتماپتۇ، پاھ، قارىغاندا جاڭ لاۋخۇ نەۋرىلىك بولغان ئوخشىمامدۇ؟
بۇ سۆزنى ئاڭلىغان جاڭ بۇسەننى تۇيۇقسىز سوئال بېسىپ، ئوغلىنى دەرھال قۇچىقىغا ئېلىۋالدى، چۈنكى ياڭ جىئېر ئۇنىڭغا تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ قورۇق ئوتتۇندەك تاراقشىپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئوغلىنىڭ بەدەنلىرىنى تىتما ـ تىتما قىلىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى. ئەكسىچە قىرى ئىللىق كۈلدى.
— ئىسمىنى نېمە قويدۇڭ؟
— شۈەنسو.
— ھەم تاقاق، ھەم قۇلۇپ دېگەن مەنىدە. بۇ ئىسىم جاڭ لاۋخۇنىڭ نەۋرىسىگە ماس كەلمەپتۇ.
قىرى سۆزىنى تۈگىتىپ قولى بىلەن يەرگە تايىنىپ بەدىنىنى ئالدىغا ئىتتىرىپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. ھەر قېتىم ئالدىغا قاراپ كۆچكەندە، خۇددى يادەك ئېگىلىپ ئاندىن ئارقىغا سەنتۈرۈلۈپ، ئارقىدىن يۈنىلىشىنى توغرىلاپ، ئاخىرىدا بىلىكى بىلەن بەدىنىنى يەنە ئالدىغا ئىتتىرىپ، يەرنى سىيپىغىنىچە كېتىۋاتاتتى، ھەر قېتىم ئىلگىرىلىگەندە بۇرۇن تۈشۈكلىرى

كېڭىيىپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ، لەۋلىرى تىترەپ كېتەتتى، چىداپ بولغۇسىز بۇ خىل ئازاب ئۇنى ئەنە شۇنداق تونۇغۇسىز، يېگانە بىر خىل مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. بۇ هالدىن ئەجەبلەنگەن جاڭ بۇسەن توختىماي پىچىرلاپ ئۆزىدىن سورايتتى: كۆز ئالدىمدىكى بۇ مەجرۇھ ئەينى يىللىرى قەدىمىي ئالتۇنلۇقنى قولىدا ئوينىتىپ يۈرگەن هېلىقى ئەزىمەت شۇمۇ؟

ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ توپاقتەك قامىتىنى مۇشۇنداق نىمجان هالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان كىشى ئۆزى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ غەلىبە مېۋىسىدىن هۇزۇرلىنىپ كۈلۈشكە هەقلىق ئىدى. ئەكسىچە ئۇ ئىختىيارسىز ئازابلىق تىنىپ قويدى. ئۇنىڭغا ياڭ جىئېر خۇددى بىر پارچە ئەينەكتەك كۆرۈنۈۋاتاتتى، جاڭ بۇسەن ئاشۇ ئەينەكتىن ئۆزىنى ۋە ئوغلىنى كۆرۈۋاتقاندەك قىلىۋاتاتتى، بىر خىل بەتبۇي پۇراق قېرىنىڭ ئارقىسىدىن خۇددى هېيلىگەر تۈلكە باشقىلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قېچىپ كېتىۋېتىپ قويۇپ بەرگەن ئوسۇرۇقنىڭ هىدىغا ئوخشايتتى، جاڭ بۇسەن خۇددى پۈتكۈل دۇنيا مۇشۇ سېسىق پۇراق ئىچىدە قالغاندەك تۇيغۇدا، كۆڭلىنىڭ ئېلىشىپ، بېشىنىڭ ئىختىيارسىز قېيىۋاتقانلىقىنى هېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ بېشىنى تۇتتى، ئوغلى بولسا هېچنېمىدىن خەۋەرسىز گازلىق سۇنى هۇزۇرلىنىپ ئىچىۋاتاتتى.

قاش قارايغان چاغدا جاڭ بۇسەن ئوغلىنى يەلكىسىگە مىندۈرگىنىچە، ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئايال تاماقنى ئاللىبۇرۇن ئېتىپ قويغان بولۇپ، تاماق يېگەچ ئوغلىدىن سورىدى:

— ساپاقلىق كەمپۈت قېنى؟

— يەپ بولدۇم.

— گازلىق سۇچۇ؟

— ئىچىپ بولدۇم.

جاڭ بۇسەن كۈتۈلمىگەندە ئوغلىنى بىر شاپىلاق قويۇپ سۈپىدىن ئۇچۇرۇۋەتتى ۋە ۋارقىرىدى:

— ئاپاڭغا ئازراق بولسىمۇ ئاشۇرۇپ قويۇشنى بىلمەمتىڭ؟

بۇ تۇيۇقسىزلىقتىن ئوغلى قىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى، ئايال دەرھال سۇپىدىن ئۈمىلەپ دېگۈدەك چۈشۈپ، ئوغلىنى باغرىغا باستى ۋە شاپىلاق تېگىپ قىزىرىپ قالغان ئېڭىكىنى سىلىغاچ تەئەججۈپ بىلەن سورىدى:

— بۈگۈن سىزگە نېمە بولدى؟

— ھېچنېمە بولمىدى، — جاڭ بۇسەن قولىدىكى چوكىنى ئۈستەلگە قويدى ۋە ياڭ جىئېرنىڭ «بۇ تەڭرىنىڭ جازاسى، ھەرقانداق ئىشنىڭ تارتقۇلۇقى بار» دېگەن سۆزىنى بىرمۇبىر ئەسلەشكە باشلىدى. تۇيۇقسىز ئىشىكتىن كىرگەن سوغۇق شامال ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى.

كۈز پەسلى دەل ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ قايتىپ كېلىدىغان پەسلى. بۇ يىل ئۇلارنىڭ ئامىتى كەلمەي، مىڭ تەسلىكتە ئەكەلگەن تۇلكە تېرىلىرى ئۆلچەمگە يەتمەي، موينىڭ رەڭگى پارقىراق ئەمەسكەن، قىزىل ئەمەسكەن، ساپلىقىدا مەسىلە باركەن، يۇمشاق، يەڭگىل، ئىللىق ئەمەسكەن دېگەن سەۋەبلەر بىلەن ئۇلارنى چۈشكۈنلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. ئادەم گۆشى، ئادەم قېنى بىلەن كۆزىنىڭ يېغىنى يېگۈدەك سېھىرگە تولغان تۇلكە تېرىلىرىنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ ياكى ئۆز تەبىئىيلىكىگە قايتماقتا ئىدى. تېرىچىلەر باھانى ھە دەپ تۆۋەنلىتەتتى، ئالتۇنچىلار بولسا شەھەرلىكلەر بىزنى پەس كۆرۈپ كولدۇرلىتىۋاتىدۇ، دەپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى.

تېرە سېتىۋېلىش ئىشى توختاپ ـ توختاپ داۋام قىلماقتا ئىدى. بۇ يىل ياسىلىپ ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىشكە تەييارلانغان ئامبارلاردا تۇلكە تېرىلىرى بېسىلىپ ياتاتتى، ئەنە شۇنداق كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان تېرە سېتىۋېلىش خىزمىتى ئاخىرلىشىش ئالدىدا، تېرە سېتىۋېلىش خادىملىرى ھېلىقى قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تەبىئىي رەڭگە تويۇنغان يۇمشاق، پارقىراق، ئىللىق بولغان تۇلكە تېرىسىنى بايقاپ قالدى ھەمدە

سۇرۇشتۇرۇش ئارقىلىق يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەردە بۇ خىل تېرىلەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپتى، لېكىن ئۇلار ھازىرچە ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالغان بولۇپ، باھانىڭ ئۆسۈشىنى ياكى بولمىسا خۇسۇسىي تىجارەتچىلەرنى كۆتۈۋاتقاندەك قىلاتتى، تېرە سېتىۋالغۇچى خادىملار ئەمدىلىكتە جىددىيلىشىپ قېلىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ھەرقايسى يېزا، بازار، كەنتلەرگىچە بېرىپ بىر تەرەپتىن سۈرۈشتۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ھەقىقىي مال بولسا بىر دانىسىنى يىگىرمە يۈەندىن ئاتمىش يۈەنگىچە باھا بىلەن سېتىۋېلىشقا باشلىدى، لېكىن بەختكە قارشى ئۇلار ئاشۇ ئاجايىپ قىممەتلىك بولغان تېرىلەرنى ئاۋايلاپ سىلاپ، كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىپ يۈرگەندە، ئارقا تەرەپتىن تېخىمۇ ئۆزگىچە بولغان نۇرلۇق يالقۇن كۆتۈرۈلدى. ئەسلىدە ئامبارغا ئوت كەتكەنىدى. ئاسان ئوت ئالىدىغان تېرىلەر بىردەمنىڭ ئىچىدىلا دەھشەتلىك يالقۇنغا ئايلىنىپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا، ئامبار بىلەن بىر ۋاقىتتا قەد كۆتۈرگەن تۇرلۇك ماللار ماگىزىنى ۋە ئامبارنىڭ ئارقىسىدىكى ئاپتوموبىل بېكىتى رەھىمسىز يالقۇننىڭ ئۇلجىسىغا ئايلانغانىدى. ئەمدىلىكتە بېنزىن ۋە كىرسىننىڭ شاپائىتى بىلەن خۇددى غايەت زور ئوت يىلانغا ئايلانغان بايىقى رەھىمسىز يالقۇن ۋە قاپقارا ئالۋاستىغا ئايلانغان ئىس - تۇتەكلەر ئىشىك - دېرىزىلەردىن پۇرقىراپ چىقماقتا ئىدى. قىپقىزىل دېڭىز ئۇستىدە ئاق - قارا ئارىلاشقان قويۇق بۇلۇت دەۋرەيتتى. ناھىيە بازىرىدا ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى بولمىغاچقا، ئوتنى ئادەم كۈچىگە ئەمەس، داس - چېلەكلەرگە تايىنىپ ئۆچۈرۈشكە توغرا كەلدى. كىشىلەر بىر نىيەت بىر مەقسەتتە ئوتنى ئاخىر ئۆچۈرۈۋالدى. ئېگىز - پەس سېلىنغان ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى ھەرھالدا بۇ قېتىمقى غايەت زور ئوت ئاپىتىدىن ئامان قالغان بولدى، ئەپسۇسلىنارلىقى، ئېگىز - ئېگىز بېسىلىپ ياتقان تاۋار ماللار ۋە ئاپتوموبىل بېكىتىدىكى

ماشىنىلار ئاللىبۇرۇن بىر دۆۋە تاشلاندۇققا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئەتراپتىكى كىشىلەر كېيىنچە تۇلكە تېرىلىرىنىڭ كۆل قالدۇقلىرىنى ئېتىزلىقلىرىغا ئاپىرىپ ئوغۇت قىلىپ تۆكۈۋالدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئىككىنچى يىلى زىرائەتلەر ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئوخشاپ كەتكەنمىش. بۇ ھالنى ئىلگىرىكىلەر ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالماسمىش.

تېرە سېتىۋالغۇچى خادىملار ۋېيزى كەنتىگە كەلگەندىن كېيىن ھەيرانلىق بىلەن شۇنى بايقىدىكى، ئالتۇنلۇققا بارغانلىكى ھەربىر ئائىلىدە ئاز بولغاندىمۇ ئۈچتىن ئارتۇق تۇلكە تېرىسى بار ئىدى. شۇڭا، ھەربىرى ئاتمىش يۈەنلىك نەق باھا بىلەن يىغىۋېلىندى. پەقەت ئىككى كۈن ئىچىدىلا خاماندىكى ھېلىقى قورۇق ئامبارغا نەچچە يۈزلىگەن تۇلكە تېرىسى ئۈستى-ئۈستىلەپ بېسىۋېتىلدى، پەقەت جاڭ بۇسەنلا ئۆيىدە ئايالى ئېتىپ بەرگەن تاماقنى تويغۇچە يەپ، سېلىپ بەرگەن ئورنىدا قانغۇچە ئۇخلىدى.

— قولۇڭدىكىنى نەدىن ئالدىڭ، ئوغرىلىدىڭمۇ؟ — جاڭ بۇسەن ئوغلىدىن پەرۋاسىزلىق بىلەن سورىدى.

ئوغلى قولىدىكى تۇكلۇك تۇخۇم (ياغاچ توپقا يىپ يۆگەپ ياسىلىدۇ)غا قاراپ ھودۇقىنىچە جاۋاب بەردى:

— تېپىۋالدىم.

— نەدىن تېپىۋالدىڭ، راستىڭنى ئېيت!

— خاماندىن تېپىۋالدىم.

— ئاناڭنى... باشقىلار ئويناپ بولۇپ تاشلاپ قويغان نەرسىنى ئۆيگە ئەكېلىپ قۇچاقلاپ ئويناۋاتامسىنا، ماڭ! نەدىن ئەكەلگەن بولساڭ شۇ يەرگە ئاپىرىۋەت، ئادەمنىڭ يۈزىنى چۈشۈرمەي.

ئوغلى يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى. ئايالى ئاغرىنغىنىچە غودۇڭشىدى:

— ئۇ تېخى گۆدەك بالا تۇرسا، نېمىنى بىلەتتى؟ ئۇنى ئوغرى قىلىپ قويدىڭىزغۇ ئەمدى.

جاك بۇسەن ئۈندىمىدى ـ يۇ، تىت ـ تىت بولغان ھالدا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭچە ئايالىنىڭمۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭمۇ دېگىنى توغرا ئىدى. چۈنكى، ھەر ئىككىلىسى بالىنىڭ غېمىنى يەۋاتاتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن خامان تەرەپتىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلدى. نەچچە يۈزلىگەن تۈلكە تېرىلىرى ئالدىنقى قېتىمقىدەك ئوت ئىچىدە قالغانىدى. جاك بۇسەن بۇ قېتىم ئۆيىدىن چىقىپ توغرا قىلغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئوت ئۆچۈرۈش ھالەكچىلىكىدىكى كىشىلەر توپىغا ئىچى تارلىق بىلەن قوشۇلدى. ئوتقۇ ئۆچۈرۈلدى، لېكىن، تۈلكە تېرىلىرى پۈتۈنلەي كۈلگە ئايلانغانىدى. ئامبارنىڭ تورۇسلىرىمۇ كۆيۈپ تۈگىگەن بولۇپ، يېرىم كۆيگەن لىملارنىڭ بەزىلىرى مۇئەللەقتە ئىس چىقىرىپ، بەزىلىرى ئۆرۈلۈپ يەرگە ياكى تاملارغا تىرىلىپ قالغانىدى. جاك بۇسەن باشقىلاردەك ئۇ يەردە ھاڭۋېقىپ تۇرماي، دەرھال نەق مەيداندىن يىراقلاشتى، كۆز ئالدىدا بولسا ياڭ جىئېرنىڭ ھېلىقى قورقۇنچلۇق مەجرۇھ قىياپىتى نامايان ئىدى. ئەمەلىيەتتە ياڭ جىئېر ئۇنىڭدىن ئانچە يىراقتا بولمىغان بىر تۈپ قارىياغاچنىڭ ئاستىدا ئولتۇراتتى. يۈزىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ تېرەنلىگەن، ئىششىغان قاپاقلىرىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپتىكىلەرگە تىكىلگىنىچە، ھېلىقى تىلەمچىلەر ناخشىسىنى ئېيتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

پارتلاش سەۋەبى بىلەن بىر جۈپ پۈتىدىن ئايرىلغان بۇ مەجرۇھ قېرىنىڭ قاتتىق ئاغرىق ئازابىغا چىداپ، بۇ يەرگە ئۆمىلەپ دېگۈدەك كېلىشى جاك بۇسەننىڭ ھېچ كاللىسىدىن ئۆتمەيۋاتاتتى، ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋالدى، قەلبىنى بولسا بىر خىل قورقۇنچلۇق تۇيغۇ چىرمىۋالغانىدى. ياڭ جىئېر بۇ يەرگە تىلەمچىلىك قىلغىلى كەلگەنىدى، پەقەت جاك بۇسەنلا ئۇنداق دەپ قارىمايتتى، قېرى قارىياغاچنىڭ قارىيىپ كەتكەن يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرى قېرىنىڭ ناخشىسىغا تەڭكەش

ئىدى. ھەتتا يوپۇرماقلار شاماللارغا ئەگىشىپ ھەش - پەش دېگۈچە لەيلەپ چۈشۈپ ئىللىق يەرنى سۆيمەكتە ئىدى. قارىياغاچنىڭ ئارقىسى بولسا تىك يار، يەنى تېرەنمۇ ئەمەس، چوڭقۇرمۇ ئەمەس بىر جىرا ئىدى. كۆيۈپ كۈل بولغان ئامبار ئالدىدا كىمدۇر بىرى تەڭرىگە دادلاپ يىغلاۋاتاتتى. جاك بۇسەن بۇ ئوتنى تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى دەپ قارىمايدۇ، بۇنى تەڭرىدىن كۆرمىگەندە ئۇنداقتا كىمدىن كۆرۈش كېرەك؟ تۇيۇقسىز كىمدۇر بىرى تازا تۈك باسمىغان بىر سۆزنى دېدى:

— ھەممە ئىشنى تەڭرىگە ئارتىشقا بولمايدۇ، ئوتنى ئادەم قويمىغان بولسا ئەجەبلەنسەك بولىدۇ.

— كىم؟ بىلمىگەندىن كېيىن قالايمىقان سۆزلىمە، — دېدى جاك بۇسەن دەرھال.

— مەن بىلىمەن، مەن بىلىمەن، — خۇددى كىچىك بالىنىڭكىدەك زىل بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

نېمىدېگەن باتۇرلۇق - ھە! بىرسى ئوت قويغانىكەن، بىرسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن. بايىقى ئاۋازنىڭ ئىگىسى مەغرۇر كۈلۈپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇ بايىقى سۆزنىڭ قانداق ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، دېمىسىمۇ ھەممىنىڭ كۆزى شۇنىڭدا ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ تۇيۇقسىزلا ئاجايىپ قالتىس زاتقا ئايلىنىپ قالغانىدى.

— شۆەنسو، قالايمىقان سۆزلىمە، — جاك بۇسەن زەردە بىلەن ۋارقىرىدى. ئوغلى مۇغەمبەرلەرچە بېشىنى چايقىدى:

— مەن قالايمىقان سۆزلىمىدىم، ئەھۋالنى كۆرگىنىم راست.

— كىم؟ — تېرە سېتىۋالغۇچىلاردىن بىرى دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى. شۆەنسو قاپقارا كۆز ئالمىسىنى بىر ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، توشقاندەك تېزلىك بىلەن يۈگۈرۈپ قېرى قارىياغاچ تۈۋىگە كەلدى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشكەنىدى.

— مانا مۇشۇ بوۋاي.

— شۆەنسو، سېنىڭ كۆرگىنىڭ بۇ بوۋاي ئەمەس.

شۆەنسو بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ دادىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى راست گەپ قىلغىلى قويمايۋاتقانلىقىغا ھەيران ئىدى.

— سەن ئۇنىڭ ئامبارغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆردۈڭ، شۇنداقمۇ؟ — ھېلىقى تېرە سېتىۋالغۇچى ئۇنىڭ بېشىنى سىلىغاچ زوڭزىيىپ ئولتۇردى.

شۆەنسو بېشىنى چايقىغاچ دادىسىغا تىكىلدى. جاڭ بۇسەنمۇ بېشىنى چايقىغاچ ئوغلىنى ئېغىز ئاچماسلىققا ئۈندەۋاتاتتى.

— ئۇ ئامبارغا كىرمىسە ئوتنى قانداق قويىدۇ؟ — ھېلىقى تېرە سېتىۋالغۇچى ئاستا پىچىرلىدى.

بۇ چاغدا شەيتانچاق باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئىشەنمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تاقەتسىزلىك بىلەن سىرنى ئاشكارىلىۋەتتى:

— ئۇ قولىدىكى بوتۇلكىنى دېرىزىدىن تاشلىۋىدى، شۇنىڭ بىلەن...

جاڭ بۇسەنىنىڭ كۆزى قانغا تولدى. ئىلگىرىكى چاغلاردىكى قارام، شەپقەتسىزلىكلىرى، قەدىمىي ئالتۇنلۇقتا قالغان ياۋايىلىقلىرى ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ يۈرىكىگە، تومۇر - تومۇرلىرىغا قايتىدىن مۇجەسسەملەشمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ مۇشتۇملىرى چىڭ تۈگۈلگەن، قول ۋە گۇرەن تومۇرلىرى پارتلاپ كەتكۇدەك دەرىجىدە كۆپۈپ كەتكەنىدى. شۆەنسو بولسا تەئەججۇپ ئىلكىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

كىمدۇر بىرى ياڭ جىنئېرغا ئېتىلىپ، ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى مازلىرى چىقىپ قالغان پاختىلىق چاپىنىنى تارتىپ يىرتىۋىدى، بىلىگە چىگىۋالغان بوتۇلكىلار مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ قالدى. بوتۇلكىلارغا ئاق رەخلىك پارتلاتقۇچ دورىلار قاچىلانغانىدى. بۇ چاغدا ياڭ جىنئېرنىڭ كەيپىياتى يەنىلا ئىلگىرىكىدەك خاتىرجەم بولۇپ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە تىكىلگىنىچە ناخشىنى باشلىدى:

كۆك تاۋار، قىزىل ياغلىق.
ئېشىكنى يېگەن پۇشتۇكنىمۇ يەر.

غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن تېرە سېتىۋالغۇچى ئۇنىڭ يەلكىسىدىن تۇتۇپ كۈچەپ تىپىپ ۋارقىرايتتى:

— نېمە ئۈچۈن ئوت قويىسەن؟ تېز دېمەمسەن؟

— ئۇرە، ئۇرە، ئەجەللىك يېرىگە ئۇر! — ئورتاق غەزەپتىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى قەدىمىي ئالتۇنلۇققا بېرىپ كەلگەن بىر دېھقان ھەيۋە بىلەن ۋارقىرىدى. ھەممەيلەن دېگۈدەك ئۆزلىرىنى تۇتالماي ھەرىكەتكە كەلگەنىدى. مۇشت - تېپىكنىڭ ئازابى بىلەن ياڭ جىئېرنىڭ ئېچىنىشلىق ۋايساشلىرىدىن جاڭ بۇسەننىڭ يۈرىكى سىرقىراپ كەتتى. ئۇ ئەزەلدىن مۇنداق تۇيغۇغا كېلىپ باقمىغانىدى.

— بولدى، ئۇرماڭلار! — ئۇ ئاخىر ئۆزىنى تۇتالماي بۇيرۇق ئاۋازدا ۋارقىرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى ھەتتا بىرەرسىنىڭ قېتىغىمۇ كەپ قويمىغانىدى.

— ناھىيە بازىرىدىكى ئامبارغىمۇ دەل مۇشۇ ئەبلەخ ئوت قويغان، راست دېدىممۇ؟ قېنى تېز دېگىنە، سەن قانچىلىك قىممەتتىكى مۈلۈكنى كۆيدۈرۈۋەتتىڭ، بىلەمسەن؟ نەچچە يۈز مىڭ يۈەنلىك، بىلەمسەن خۇنپەر؟ — بۇ سۆز خۇددى ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك ئۈنۈم بېرىپ، ياڭ جىئېرنى ئۇرۇپ - تېپىۋاتقانلارنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى تېخىمۇ ئۇرلىتىۋەتكەنىدى.

جاڭ بۇسەن چىشىنى چىڭ چىشلىۋالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىگە، ئوغلىغا، ئالدىدىكى ئاشۇ رەھىمسىز، قانخور كىشىلەرگە نەپرەتلىنەتتى. شۇنداقلا ئىگە - چاقىسىز، ھەتتا ئۆزىنى قوغداشلا ئەمەس، باشقىلارنىڭ ئازراق بولسىمۇ ھېسداشلىقىنى قوزغاش ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي قالغان ياڭ جىئېرغىمۇ نەپرەتلىنەتتى. ئۇ ئىلگىرى ئەنە شۇنداق نەپرەتلەر بىلەن يېرىم

ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى. ئۇ بىگۇناھلارغىمۇ ئۇۋال قىلىپ باققان، قانغا قان، جانغا جان ئېلىپمۇ باققان، مانا ئەمدى ھەممىسى ئاخىرلاشتى. جۇملىدىن ئۆيىدىكىلىرىگە ۋە ياڭ جىئېرغا بولغان ئۆچمەنلىكلىرىمۇ بىراقلا ئاخىرلاشتى. ئۇ قەدىمي ئالتۇنلۇقنى يىراقلارغا تاشلىۋەتتى. ئارزۇ - ئارمانلىرىنىمۇ ئاللىقاياقلارغىدۇر ئىرغىتىپ تاشلىۋەتتى. ئۇ ئۆزگىرىپ بېقىشنى، ھېچ بولمىغاندا ئادەتتىكى بىر تېرىقچى دېھقان بولۇپ بېقىشنى، تىنىچ - خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشنى ئويلاپ كەلگەنىدى. لېكىن، كۆز ئالدىدىكى رەھىمسىز رېئاللىق ئۇنى ئىنتايىن ئەپسۇسلۇقتا قويغانىدى. ئۇ ئاخىر ئۆزگەردى، لېكىن ئوغلى ئۆزگەرمىدى، ئوغلى ياخشى ئىش قىلىشنى ئۆگەنمەي، باشتىلا ئۆگەنگىنى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش بولدى. ئەلۋەتتە ياڭ جىئېر ئۆلۈشكە، چېپىلىشقا تېگىشلىك! بۇنى ئەلۋەتتە ئوغلىدىن كۆرۈشكە بولمايدۇ، ئوغلىنىڭ ئەسكىلىكى دادىغا باغلىق. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى كېچىكىپ ئىلكىگە ئالغان مېھىر - شەپقەت ۋە رەھىمدىللىك خۇددى ئالتۇن پەشتاقتىكى ئىسكىلىت دۆۋىسىدىن كۆتۈرۈلگەن كۆكۈچ فوسفوردەك ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەنىدى...

كىشىلەر ياڭ جىئېرنى «بىر، ئىككى، ئۈچ» دەپ بىرلىكتە تۇۋلاشقىنىچە ئېگىزگە كۆتۈرۈپ قېرى قارىياغاچنىڭ ئارقىسىغا ئاپىرىپ تاشلىغان ھامان ياڭ جىئېرنىڭ كىچىككىنە دۆڭلۈككە ئوخشاش بەدىنى تىك ياردىن پەس جىلغا تامان موللاقلاپ چۈشۈپ كەتتى. ئازلا ئۆتمەي جىلغا ئاستىدىن «گۈپ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. جاڭ بۇسەن شۇ ئان سەكرەپ بېرىپ تىك يارنىڭ لېۋىدىن پەسكە بويۇنداپ قارىدى. تۆۋەننى تويا - چاڭ قاپلىۋالغان بولغاچقا، ئۇ ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى، ھېچنېمىنى كۆرەلمىگەنسېرى ئالدىغا سوزۇلۇپ، خۇددى قاقىردەك تېخىمۇ بويۇنداشقا تېۋىناتتى. بۇ ھالدىن شۈەنسو قورقۇپ قالدى، ئۇ

ئۆزىنىڭ ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزىنىڭ بۇنداق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىشىنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۆزىمۇ ئاشۇ مەجرۇھ بوۋايدەك ئاقىۋەتكە قالىدىغاندەك قورقۇنچلۇق تۇيغۇ قەلبىنى قاپلىۋالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال بېرىپ دادىسىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋالدى، تۇيۇقسىز جاڭ بۇسەننىڭ ۋەھىمىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھۇ، ھايۋان، مەن ئەمدى سەندەك باقسىمۇ مال بولمايدىغان ھايۋاننى بېقىپ نېمە قىلاتتىم؟ ھۇ قاتىل ئەبلەخ، سەنمۇ جازايىڭنى چوقۇم يەيسەن.

جاڭ بۇسەن ئوغلىنىڭ چېچىدىن تارتىپ، ئۇنىڭ قورقۇنچ ئىلكىدىكى ئېچىنىشلىق يىغىسىغىمۇ قۇلاق سالماي، كېلىشتۇرۇپ بىرنى تەپتى.

— ئۆلە... ئۆل!

دادىسىنىڭ ھەسرەتلىك ئاۋازى بىلەن يەرگە پوكلا چۈشكەن بالا قايتىدىن سەنتۈرۈلۈپلا جىلغىغا موللاقلاپ چۈشۈپ كەتتى ۋە ئازلا ئۆتمەي «گۇپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئەتراپ گۆردەك جىمىپ كەتتى.

— تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى، بالىنى خاتا تېپىپ قويۇپتىمەن، — جاڭ بۇسەن ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىغىنىچە بۇتتەك قېتىپ تۇراتتى، بايىقى قاباھەتلىك چۈش ئىلكىدىن ئەمدىلا ئويغىنىۋاتقان كىشىلەر تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن يەنە بىر قېتىملىق قاباھەتتىن ھاڭ - تاڭ بولغىنىچە كۆزلىرىگە ئىشەنمەي ھاڭۋېقىپ تۇراتتى.

ئىككى تامچە ئىسسىق ياش جاڭ بۇسەننىڭ كۆزىدىن سىرغىدى. ئاشۇ ئىككى تامچە ياش قارا رەڭدە ئىدى، ئاشۇ ئىككى تامچە ياش جاڭ بۇسەننىڭ كۆزىدىكى نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىكلەرنى، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگىنىچە تۆپىلىكتىكى سۇر ۋە سارغۇچ كەلگەن تىك قىياغا سىڭىپ كەتتى. زېمىن تىمتاس ئىدى. ئېغىر سۈكۈت

ئىلكىدە ئۇمىدسىز ئاققان كۆز ياشلارغا گۇۋاھ بولۇپ ئۇزاق، ئۇزاق ئۇھسىناتتى...

ئۈچ كۈندىن كېيىن بىرنەچچە ساقچى ۋېيزى كەنتىدە پەيدا بولدى. ئۇلار جىنايەتچىنى قانات ئاستىغا ئالغان، شۇنداقلا ئۆز ئوغلىنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن جاڭ بۇسەننى قولغا ئالماقچىكەن. لېكىن، جاڭ بۇسەن ئاللىبۇرۇن بۇ يەردىن غايىب بولغانىدى. دېمەك، ئۇ قايغۇ ـ نادامەت ئىلكىدىكى ئايالىدىنمۇ بىراقلا ۋاز كېچىپ قەدىمىي ئالتۇنلۇققا يول ئالغانىدى. چۈنكى، ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ تاللاش قانۇننىڭ سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئامالى ئىدى. لېكىن، ئۇ قەدىمىي ئالتۇنلۇقتىكى تۇرمۇشنىڭ قانۇننىڭ جازاسىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتى.

بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، تاڭغۇت قەدىمىي ئالتۇنلۇقىدىكى ئۇزاق، شۇنداقلا سوغۇق بولغان قىشنىڭ قاراڭغۇ ۋە جىمجىت كېچىلىرىنىڭ بىرىدە، گۈزەل، قىيپاش ئويمانلىق ۋە ئۆلۈم پۇراپ تۇرغان تۆپىلىكتە بىر يېگانە تۇلكە ئېچىنىشلىق، شۇنداقلا قورقۇنچلۇق ھۇۋلاپ ئەتراپنى تىترەتمەكتە ئىدى. سوغۇق نۇر چېچىپ تۇرغان ئاي بۇ ئازابلىق ئاۋازغا بەرداشلىق بېرەلمىگەندەك، پۈتكۈل ئاسمانغا مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرىنى سەپمەكتە ئىدى. ئاشۇ پارقىراق ياش تامچىلىرى ئاسماندىكى جىمىرلاپ پارلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار توپى ئىدى...

قاقاسلىق شۇنىڭدىن كېيىن ھەقىقىي تۇردە ئۆلۈپ باقمىدى، ھەسرەتلىك ھۇۋلاش گۆردەك جىمجىتلىقنىڭ، تەبىئىي شاۋقۇن ـ سادالاردىن ھاسىل بولغان كۈيلەرنىڭ ئورنىنى ئالغانىدى. ئالتۇنلۇققا كىرىپ ـ چىقىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ جاڭ بۇسەننىڭ ئاۋازىمىش. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، جاڭ بۇسەن ھېلىھەم ئالتۇن پەشتاقنىڭ غەربىي قاپتىلىدىكى تاش ئۆڭكۈرنى ماكان قىلىپ ياشاۋاتقانمىش. ئۇ ئادەتتە ۋالىلداپ

تۇرغان قىپقىزىل تۈلكە تېرىلىرىنى ئارتىۋالارمىش. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ تۈلكە تېرىسى ئەمەس، بەلكى جاڭ بۇسەننىڭ بەدىنىدىن ئەنە شۇنداق چىرايلىق تۈلكە مويلىرى ئۆسۈپ چىققانمىش!

هايات ئۆز ئوقىدا داۋاملاشماقتا. قەدىمىي ئالتۇنلۇق ھىلىھەم كىشىلەرنى ئازدۇرماقتا. ھەر يىلى غايەت زور مىقداردىكى پارقىراق ئالتۇنلار بەزىلەرگە ھىلىھەم نېسىپ بولماقتا. شۇڭا، ئۇ يەردە ئۇرۇش - چېپىش ھەرگىزمۇ ئۈزۈلمەيدۇ، كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرى بۇرۇنقىدەكلا مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدۇ.

جاڭ بۇسەننىڭ خوتۇنى ئۆلۈۋېلىش ئىلىكىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن، ئاخىر باشقا بىر دېھقانغا ياتلىق بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي پەرزەنتلىك بولدى. ئۇ تولىمۇ تۇغۇمچان ئاياللاردىن بولۇپ، بىر قېتىمدىلا قوشكېزەك ئوغۇل تۇغۇپ باشقىلارنى تاڭ قالدۇرۇۋەتتى. قوشكېزەكلەر كۈندىن - كۈنگە بېقىش تېپىپ خۇددى ياۋا تايچاقلاردەك شوخ، چېچەن چوڭ بولماقتا ئىدى. تاغ - دەريالارنىڭ مەئىشەتلىرى ئۇلار ئۈچۈن پۈتمەس - تۈگىمەس ھاياتلىق مەنبەسى ئىدى.

ياز، ئىللىق قۇياش نۇرى باياۋانغا ئۆزگىچە گۈزەل تۈس ئاتا قىلغانىدى. ئامېرىكىلىق مۇتەخەسسىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بايلىق تەكشۈرۈش ئەترىتى تاڭغۇت قەدىمىي ئالتۇنلۇقىغا كىرىپ كېلىشى بىلەن بۇ يەردە بىر قېتىملىق خەلقئارالىق قانلىق دېلو يۈز بەردى. قاتىل كىم؟ قاتىل نەدە؟ پۈتۈن دۇنيا پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. قەلەمكەشلەر ئېيتىدۇلەركى، ئىنسانلار بىلمەي قالىدىغان سىرلىق ئىشلار ئىنتايىن كۆپ، ئۆز - ئۆزىنى بىلمىگەنلىك ھەممىدىن ئازاب!

ئاكىسى ئۇنىڭ قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كېسەلنى داۋالىتىشنى ساقلىمايلا كېتىپ قالدى. چۈنكى، ئۇ گۇساڭ ئاكا قەدىمىي ئالتۇنلۇقتىن قايتىپ كەلگەن

شۇ يىلى جان ئۈزگەندى. يەڭگىسى قېيىنئىنىسىنىڭ ھالىدىن ھېلىھەم ياخشى خەۋەر ئېلىۋاتاتتى.

— توي قىلىڭ، بىر ئامالىلارنى قىلىپ بولسىمۇ تويىڭىزنى قىلىۋېلىڭ.

— يەڭگە، مەن كىمنىمۇ ئالارمەن؟

— كىم سىزگە تېگىشنى خالىسا شۇنى ئالامسىز؟

ئۇ ئىچىدە پىچىرلاپ قوياتتى: «مەن تويۇمنى قىلغۇچە قېرىپ كاردىن چىقىدىغان ئوخشايمەن.»

ئۆيدە ئۇ بىردىنبىر ئەر، يەڭگىسى بولسا بىردىنبىر ئايال ئىدى. ئەرلەر قىلىشقا تېگىشلىك بارلىق ئىشلارنى ئۇ گەپ يوقلا قىلاتتى. ئايالمۇ بارلىق ئاياللار قىلالايدىغان بارلىق ئىشلارنى تامامەن قىلالايتتى. ئايالنىڭ تېنى ساغلام، ھېرىش - چارچاشنى ئەسلا بىلمەيتتى، كېچىلىرى يىڭنە ئىشلىرىنى قىلغاندا، ھەتتا تاڭنىڭ قانداق ئېتىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالاتتى، قېيىنئىنىسى بىغەمرەك بولۇپ، ئېتىزدىن قايتىپ كېلىپلا، ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇخلايتتى. يەڭگىسى تاماقنى چاقىرغاندىلا ئۆندەرەپ قوپۇپ ئايغىنى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭ ھۇجرىسى شەرق تەرەپتە، غەرب تەرەپتىكىسى يەڭگىسىنىڭ ھۇجرىسى ئىدى. غەربىي ئۆي ئاتا - بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان بولۇپ، ئەمدىلىكتە كېيىنكىلەرگە قانداق مىراس قالدۇرۇش بىر مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن يەڭگىسى ئۇنىڭغا بىر جۈپ يېڭى ئاياغ سوۋغا قىلدى. ئاياغنى يول يۈرۈشتە ئىشلىتىدۇ، ئۇنداقتا ئۇ نەگە بېرىشى كېرەك؟ ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى ۋە بىر كۈنى ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— يەڭگە، مەن ماڭماقچىمەن، — ئەسلىدە ئۇ «سىز ئەمدى كەتسىڭىز بولاتتى يەڭگە... » دېيىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

— ئالتۇنلۇققا بارامسىز؟

ئۇ بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى، ئىچىدە بولسا بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇ يەرگە قەدەم باسمايمەن، دەپ ئويلىدى.

ئاربلىقتىن بىر ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھېچ ماڭاي دېمەيتتى، يەڭگىسى بولسا ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىللىق مۇئامىلىدە ئىدى، گەپ ـ سۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر خىل يېقىملىق مەنە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— گۇساك ئۇكام، كەچلىرى ئۇخلىغاندا يوتقانىنى ياخشى يېپىنىۋېلىڭ، شامال دارىپ قالمىسۇن.

— ھىم.

نېمە ئۈچۈنلۈكى نامەلۇم، شۇ كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا زادىلا چىقىپ كەتكۈسى كەلمەي، يەڭگىسىنىڭ ئىسسىق يوتقىنىغا يۆلەنگىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى. يەڭگىسى ئۇنى ئويغاتمىدى، تۈن يېرىم بولغاندا ئۇ ئاستا كۆزىنى ئېچىپ ھېچقانداق تىۋىش سەزمىگەندىن كېيىن، قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ھۇجرىسىغا قايتىپ چىقتى ـ دە، كىيىملىرىنى دەرھال سېلىپ يوتقان ئېچىگە كىردى. لېكىن، يوتقان ئېچىدە كىمدۇر بىرى ياتاتتى، ئۇ سىلاشتۇرۇپ كۆرۈۋىدى، يوتقان ئېچىدىكى باشقا بىرسى بولماستىن، دەل يەڭگىسى بولۇپ چىقتى. كۈتۈلمىگەن بۇ خىل ئۇچرىشىشتىن ھودۇققان گۇساك ئاكا كېيىنكى قەدەمنى قانداق ئېلىشنى بىلەلمەيلا قالغانىدى. بىر پەستىن كېيىن يەڭگىسى يوتقاننى ھىملەپ ئاستا پىچىرلىدى:

— سىز ياخشىسى غەربىي ئۆيگە چىقىپ ئارام ئېلىڭ.

قېيىنئىنىسى دەرھال ئۆزىنى ئېشىك تەرەپكە ئاتتى. يۈرىكى بولسا پەرىشانلىق ئىلكىدە گۈپۈلدەيتتى.

ئۇلارنىڭ ھۇجرىلىرى شۇنداق قىلىپ ئالمىشىپ قالدى. ئاربلىقتىن يەنە بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى، راستىنى دېگەندە، بۇ بىر ئاي باشقا چاغلارغا قارىغاندا، تولىمۇ تەستە ئۆتكەندەك قىلاتتى. تاماق ئەزەلدىن غەربىي ئۆيدە ئېتىلەتتى. يەڭگىسى تاماقتىن كېيىن قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇشقا تۇتۇش قىلاتتى، ئۇزاق ئۆتمەي جىنچىراغ يېقىلاتتى، قېيىنئىنىسى سۇپىدا سوزۇلۇپ يېتىپ، يەڭگىسىگە قىيا باققاچ ئۇھ تارتىپ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا

يەڭگىسى قولىدىكى چىنىنى چايقىغاچ سوراپ قويانتى:

— نېمە بولدى؟

— ھېچنېمە.

— ئۇنداق بولسا ئۇخلاڭ.

— ماقۇل يەڭگە.

بۈگۈن ئۇنىڭ ئاۋازى باشقىچىلا چىقىپ كەتتى، يەڭگىسى قولىدىكى دەسمال بىلەن قازاننى پاكىز سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن ئاستا كېلىپ سۈپىنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى ۋە غۇۋا چىراغ يورۇقىدا يىگىنە ئىشى قىلماقچى بولدى، دەل شۇ چاغدا قېيىنئىنىسىنىڭ يېنىك خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى، شۇنىڭ بىلەن يەڭگىسى ئۇنىڭ ئايغىنى سالدۇرۇپ، يوتقاننى ئاستا يېپىپ قويدى، كۆتۈلمىگەندە قېيىنئىنىسى ئورنىدىن قوپتى.

— يەڭگە.

— نېمە بولدى؟

گۇساڭ ئاكا يوتقاننى ئىرغىتىپ تاشلىۋەتتى ـ دە، يەڭگىسىنىڭ قولىنى ئاستا تۇتتى، يەڭگىسى بۇ تۇيۇقسىزلىقتىن چۆچۈگەندەك قىلدى ـ يۇ، لېكىن يېنىك تىنىپ قويدى، شۇ پەيتتە ئۇنىڭ ۋۇجۇدى خۇددى شامدەك ئېرىپ، كۆزلىرى غۇۋالىشىپ كېتىۋاتاتتى.

شۇ كېچىسى ئۇلار بىر ياستۇققا باش قويۇپ ھەممىنى ئۇنتۇدى...

بىراق، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنىڭ قويىندا ياتقان بۇ ئايال ئۇنىڭ نەزىرىدە مەڭگۈ ئۆزىنىڭ يەڭگىسى ئىدى. مەرھۇم ئاكىسىنىڭ سىيماسى ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئىدى. باشقىلار نېمىلەرنى دەپ كېتەر؟ ئاھ يەڭگە، جېنىم يەڭگە، سىزنى ئەمرىمگە ئېلىش خۇددى ئۇيانسىزلىق بىلەن ئۆمۈرلۈك پەرىشانلىقنى ئەمرىمگە ئېلىش بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟ باشقىلارنىڭ ئۆمۈرلۈك مەسخىرىسىگە قېلىش ئاسانمۇ دەيسىز؟

بىر قېتىملىق ئۇنتۇلغۇسىز شېرىن كېچىدىن كېيىن ئۇ تەسۋىرلىگۇسىز پۇشايمان ئىلكىدە بۇ يەردىن كېتىش خىيالىغا كەلگەنىدى. لېكىن، نەگە بېرىش كېرەك؟ يەنىلا ئالتۇنلۇققا بېرىش كېرەكمۇ؟ ئۇ ئىككى بارمىقىدىن ئايرىلغان قولىغا قارىشىغا، پۈتكۈل ۋۇجۇدى تىترەپ، يۈرىكى ئېغىپ كەتتى، ئاشۇ قاباھەتلىك قارغىش تەگكەن يەرگە بېرىش كېرەكمۇ؟ ئۇنى سۈر بېسىپ ئىختىيارسىز كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ئىككىنچى كۈنى تاماقتىن كېيىن ئۇ شەرقىي ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن تاقىۋەتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەرقىي ئۆينىڭ ئىشىكى كېچە - كۈندۈز تاقالدى، يەڭگىسى يالغۇز ھالدا غەربىي ئۆينىڭ سۇپىسى لېۋىدە نەق بىر ياز يىغلاپ چىقتى. كۈز كەلدى، يەڭگىسى ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن پېتى ئىككىنچى قايتىپ كەلمىدى، تەنها قالغان گۇساڭ ئاكىنىڭ يەلكىسىدىكى ئېغىر يۈك ئىرغىتىپ تاشلىنىپ خېلى ئوبدانلا يېنىكلەپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئېتىزغىمۇ چىقماي كەنت يولىدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ بىرنەچچە بىكار تەلەپلەر بىلەن چاقچاقلىشىپ يۈرۈپ، بىلىپ - بىلمەي ھەزىلكەش ئاتىلىپ قالدى.

بەزى چاغلاردا ئۇ ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىياللارغا چۆمۈپ كېتەتتى. ئەينى يىللاردا ئۆزىنىڭ قەدىمىي ئالتۇنلۇقنى سوراپ يۈرگەن چاغلىرىنى ئەسلەپ، ئېغىر ئۇھسىنىپ قوياتتى، ئەمدىچۇ؟ ھۇرۇنلىشىپ، مۇسكۇللىرى بوشاپ، پۇت - قوللىرىدا ماغدۇرمۇ قالمىدى. ئۇ ئازابلىناتتى، ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى، ئىختىيارسىز ھالدا لۇ قىزچاقنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ قوياتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كېچىدىكى پەرىشانلىق ئىدى. تاڭ ئاتسىلا يەنە ئوخشاشلا ئاپتاپقا قاقلىنىپ، ئۆز كۆلكىسىنى كۆلۈپ يۈرۈۋېرەتتى. قىشتىكى قۇياش نۇرى ئۇنىڭغا ئاجايىپ يېقىشلىق تۇيۇلاتتى. شۇڭا، گۇساڭ ئاكا كەنت يولىنى تەنها ئىگىلەيتتى. قىزىقارلىق ئىشلار داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇراتتى. گۇساڭ ئاكا بەزىدە باش رولچى بولۇپ مەيدانغا چىقسا، بەزىدە قوشۇمچە رولدا

پەيدا بولاتتى. ئۇ ئاشۇ جەريانلاردا خوتۇن ئېلىپ نەسىل قالدۇرۇشتەك ئەڭ مۇھىم ئىشنىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇپ بارماقتا ئىدى. ئۇ قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، قۇياش نۇرىغا قاقلىنىپ، بوش، بىكار يۈرۈپ خۇددى ئەڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋاتقان بولۇمسىز بوۋايغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭچە بولسا بۇ خىل ئاغرىق ـ سىزلاقسىز، غەمسىز، ئازابسىز، ھېچقانداق ئارزۇ ـ ئۈمىدسىز تۇرمۇش تولىمۇ راھەت ئىدى. ناۋادا سەكسەن يىل ئۆمۈر كۆرەلىسەم ئۇنداقتا يەنە ئەللىك يىل مانا مۇشۇنداق راھەت ئىچىدە ياشايمەن، دەپ ئويلايتتى، بەزى چاغلاردا، ئۇنىڭ كۆڭلى ئەنە شۇنداق خاتىرجەم، كەيپى ئىنتايىن ياخشى ئىدى. خۇددى قەدىمىي ئالتۇنلۇقتىن كىلو ـ كىلولاپ ئالتۇن تېپىۋالغاندەك. لېكىن، ھېچ ئويلىمىغان يەردىن بىر كۈنى يەڭگىسى بىر ئوغۇل بوۋاقنى ئېمىتكىنىچە قايتىپ كەلدى. بۇ ھالدىن ئۇنىڭ كۆڭلى تۇيۇقسىز تەشۋىشكە چۈشۈپ قالدى.

ــ يەڭگە، سىز... ياتلىق بولدىڭىز؟

ــ كىمگە ياتلىق بولاتتىم؟

ــ ئۇنداقتا... ــ ئۇ بوۋاققا نەزىرىنى ئاغدۇردى.

ــ قارىمامسىز؟ چاسا يۈز، قوي كۆزلۈك، چوڭ ئېغىز، كىمگە ئوخشايدىغاندەك قىلىدۇ؟

ــ ئۇ... ئوخشايدۇ...

ــ ئىنچىكىلەپ قاراپ بېقىڭ، كىمگە ئوخشايدىكەن؟

ــ بىلمەيمەن.

ــ ۋاي تەڭرىم، نېمىدەپ ئاڭقىرالمايدىغانسىز؟ بۇ سىزنىڭ پۇشتىڭىز.

ــ مېنىڭ؟ ــ گۇساڭ ئاكىنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى.

ــ سىزنىڭ بولمىسا يەنە كىمنىڭ بولاتتى؟

بوۋاق قىرقىراپ يىغلاپ كەتتى. يەڭگىسى ئۇنى سۈپىغا ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە يوتقان يېپىپ قويغاندىن كېيىن

تاماقفا تۇتۇش قىلدى.
— يەڭگە...
— مېنى ئەمدى يەڭگە دەپ چاقىرماڭ.
گۇساڭ ئاكا ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىمۇ، يەڭگىسىنىڭ ئىسمىنى چاقىرالمىدى، چۈنكى بۇ ھوقۇق پەقەت ئاكىسىغىلا تەۋە، باشقىلار چاقىرسا گۇناھ بولاتتى. گۇساڭ ئاكا ھاڭۋاقىنىچە يەڭگىسىگە قاراپ تۇراتتى.
تاماق يېيىلىپ بولدى. ئۇ شەرقىي ئۆيگە ئەمدىلا ماڭماي دەپ تۇرۇشىغا، يەڭگىسى ئۇنى توسۇۋالدى.
— بالىلىق بولۇپ قالغان تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىگە ئىزا تارتىسىز؟ بىللە ئۇخلايمىز.
گۇساڭ ئاكا ئامالسىز ئۇنىڭ بىلەن يېتىپ قالدى. يېرىم كېچىدە ئۇ يەڭگىسىنىڭ نازلىق خۇلقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ھېلىقى پۇشايمانلىق ئىشنى يەنە بىر قېتىم قىلىپ سالدى.
— سىز باشقىلارنىڭ ئۆسەك سۆزىدىن قورقۇۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟
ئۇ ھاسىرىغىنىچە بېشىنى چايقىدى ۋە پىچىرلىدى:
— يەڭگە، مەن سىزنى بېقىپ كېتەلمەيمەن.
— قاۋۇل بىر ئەر تۇرۇپ، قايسى يۈزىڭىز بىلەن بۇ سۆزنى قىلىۋاتىسىز؟
ئۇ جىمىپ قالدى، ئارىلىقتىن يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئالتۇنلۇقتا بارىدىغانلىقى ھەققىدە ئېغىز ئاچتى. ناۋادا ئالتۇن قازالمىسا تۆلكىدىن بىرنەچچىنى ئوۋلاپ ئۇنىڭغا ۋە بوۋاققا كىيىم راسلاپ بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتتى، يەڭگىسى ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ قارشىلىق كۆرسەتمىدى، ئۇنىڭچە بولغاندا ئەر دېگەن ئائىلىسى ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق جان كۆيدۈرۈشى كېرەك ئىدى.
ئۇ مەنزىل تامان يول ئالدى. لېكىن، ئۇ ئاللىبۇرۇن ئىلگىرى چاغلاردىكى باتۇرلۇق ۋە شىجائىتىدىن قالغان، ئەكسىچە،

قەدىمىي ئالتۇنلۇق بولسا هامان ئاجىزلارنىڭ مەھشەرگاھى ئىدى. يەڭگىسى ئۇنى ھېلىھەم ھايات، پەقەت ئۇ بىر ئۆينىڭ تۆۋرۈكى بولۇشقا مۇناسىپ كەلمەيدىغان بولۇمسىز ئەر بولغاچقا، بىزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، نەلەردىدۇر تىلەمچىلىك قىلىپ جېنىنى جان ئېتىپ يۈرىدۇ، دەپ قىياس قىلاتتى. ئۇ يەنىلا ئۇنى كۈتەتتى، ئۇنى تاكى ئاداققىچە كۈتمەكتە ئىدى...

قىش كېتىپ باهار كەلدى، يىللار ئەنە شۇنداق بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە ئىدى ...

# دېڭىز تۈنۈگۈن ئارقىغا ياندى

(رومان)

## بىرىنچى باب

# ئىگىزلىك

چىڭخەي ـ شىزاڭ ئىگىزلىكىگە ياغقان تۇنجى قار سوغۇق ئىقىمىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ، پۈتۈن جۇڭگو قىش پەسلىنىڭ نادامەتلىك دەملىرى بىلەن ئىغىر ـ ئىغىر تىنىشقا باشلىدى. ئەسكەرلەر ئارىسىدا ئاز ـ تولا تەۋرىنىش يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ كىچىككىنە تەۋرىنىش بۇ زېرىكىشلىك كەيپىياتقا ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەنىدى. دېكابىرنىڭ باشلىرىدا، باش ئىشتاب، گېنېرمۇ ـ لىخاسا ماي يەتكۈزۈش تۈرۈۋبا لىنىيەسى قۇرۇلۇش تۆەنىنى جىددىي تەشكىللەپ، چېڭدۇ، لەنجۇ، نەنجىڭدىكى قىسىملاردىن بىر مىڭ بەش يۈز ئوفىتسېر ـ ئەسكەرنى ئاجرىتىپ، چىڭخەينىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قاقاسلىقتا جايلاشقان گېئېرمۇ شەھىرىگە يىغدى. ئەسلىدىكى گېئېرمۇ ـ لىخاسا ئارىلىقىدىكى ئون نەچچە ھەربىي پونكىتمۇ مۇشۇ قۇرۇلۇش تۆەنىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى كوئىنلۇن تېغى، كېكشىل تېغى، تاڭگۇلا تېغى، شىمالىي شىزاڭ تۈزلەڭلىكى، نيەنچىڭ ـ تاڭگۇلا تېغى ۋە لىخاسا ئويمانلىقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، لىخاساغا تۇتىشىدىغان يېقىلغۇ ماي تۇرۇۋبا لىنىيەسى ياساش ئىدى.

بىراق، مەن كېتىدىغان بولغاچقا، يۈك ـ تاقلىرىمنىمۇ تېڭىپ بولدۇم، سەممىيلىك ۋە ياسالمىلىقتا تويۇنغان خوشلىشىش رەسمىيەتلىرىمۇ ئاخىرلاشتى. ناۋادا مەن قىسمدا

داۋاملىق تۇرسام، يېڭىدىن تەشكىللىنىۋاتقان قوْرۇلۇش تۇەنگە تەقسىم قىلىنىشىم ئېنىق ئىدى. مېنىڭ ئادەم بارمايدىغان جايدا ياشلىق باھارىمنى خازان قىلغۇم يوق، شۇڭا ئىككىلەنمەيلا كەسىپ ئالماشتۇردۇم. مېنىڭ كەسىپ ئالماشتۇرۇشۇمۇ قىسمغا كىرگەن چاغدىكىگە ئوخشاش ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش ئارقىلىق ھەل بولدى. ئەمدىلىكتە ئۆزۈمدىن سورايتتىم: كېچە ئاسمىنى پارلاپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلار بىلەن بېزەلگەن لىخاسا ئەمدى تۇرمۇشۇمدىن بىراقلا غايىب بولۇپ كېتەرمۇ؟ بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قارا تاغلار، غۇۋالىق ئىلكىدىكى رەڭدار تۇغلارغا مۇجەسسەم بولغان مۇقەددەس ئېتىقاد، قاراڭغۇ ھەم جىمجىتلىق باغاشلىغان جايلاردىكى سىرلىق كۆرۈنۈشلەر، جەننەت، يەنى ئىنسانلارنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى خىيالىي كارتىنىلار، يېڭى ھاياتلىق ئىلكىدىكى ئېگىزلىكتە جان تالىشىۋاتقان قۇلۇلە قاپلىرىدىن تارقالغان نۇرلار، «تەڭداشسىز خاسلىق»قا تويۇنغان دەردمەن خەلقنىڭ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىشتىكى تىلسىم ماكانى، ئىنسانلار بىلەن ئېجىلداش بولغان كوچىلاردىكى ئىتلار، جېباڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئەگرى - بۈگرى پەلەمپىيىدىكى بەش پۇڭلۇق تەڭگىنى سەدىقە ئۈچۈن تاشلايدىغان يېرىقچىلار ۋە ھېلىقى سۇرلۇك بۇتلار، خىلۋەتتىكى ئەرۋاھلار، ئازاب - ئوقۇبەت ئىلكىدىكى يۈكسىلىش، ھاياتلىقتىكى پاسىللار كۆز ئالدىمدا قايتىدىن نامايان بولماسمۇ؟

مېنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قىيپقىلىشقا ئۈندىگەن كىشى مۇئاۋىن لېيەنجاڭ خۇا لاۋيۈ بولدى. ئۇ گېئېرمۇغا بېرىپ قۇرۇلۇش تۇەنى، 1 - يىڭ، 4 - لىيەنىنىڭ كوماندىرى بولۇش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغانىدى. ئۇ ماڭا نەسىھەت قىلدى:

— يەرلىككە قايتمىغىن، بىز بىللە بېرىپ داۋاملىق ھەمكارلىشايلى.

مەن بېشىمنى چايقىدىم، چۈنكى مەن ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدىم، بۇنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيتتى. ئۇ يەنە:

— قۇرۇلۇش تۇەنىدە كادىرلار كەمچىل، تۆت لىيەنگە كادىرلارنى بىرلا قېتىمدا تولۇق سەپلەپ بېرىدىغان ئەھۋاللار ئاز كۆرۈلىدۇ، يەنە كېلىپ يىلڭ، تۇەنلەردىمۇ كوماندىر ۋە مۇئاۋىن كوماندىر ئىشتاتلىرى بار. سەن تېزلا ئۆسەلەيسەن، — دېدى.

مەن يەنىلا بېشىمنى چايقىدىم. ئۇ خاپا بولۇپ تىللاپ كەتتى. مەن پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇ تۆت لىيەنگە يېتەكچى ۋە مۇئاۋىن يېتەكچى قويمىغانلىقىنى بىلگەنىدىم. بىراق، ئۇ نېمىشقا ماڭا قىزىقىپ قالغاندۇ؟ مەن مۇئاۋىن يېتەكچى بولغىلى ئىككى يىل بولدى. مەيلى سىچۈەن ـ شىزاڭ تاشيولى بولسۇن ياكى يېرىم يىل بۇرۇنقى لىخاسادا مۇداپىئەدە تۇرۇش بولسۇن، خىزمەت جەريانىدا ئۇنىڭ بىلەن سىردىشىپ باقمىغانىدىم، ئۇ مېنى يېزىقچىلىق ۋە نۇتۇقتا قابىلىيىتى بار دەپ بىلىشى مۇمكىن، ئەجەبا، ئۇ يەنە مۆجىزە ياراتماقچى بولغان بولسا ماڭا ئۆزى ئۇچۇن شان ـ شەرەپ تەرجىمىھالى يازدۇرماقچىمىدۇ؟ گەرچە مەن ئۇنىڭ مۆجىزە يارىتالايدىغانلىقىغا ئىشەنسەممۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلالمايمەن.

ئۇنىڭ بىلەن قورۇق پاراڭ سېلىشقۇچە، يولۇمغا ماڭغىنىم مىڭ ئەۋزەل.

كۈتۈلمىگەندە مۆجىزە يۈز بېرىپ، ئالتە يىلدىن كېيىن بېھىش ماكان بەرپا قىلىشتەك تارىخىي خاراكتېرلىك چاغلار ئاخىرلىشىپ، گېئېرمۇدىن لىخاساغا بەش خىل يېقىلغۇ ماي يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، تەقدىر مېنى يەنە خۇا لاۋيۈ بىلەن ئۇچراشتۇردى. مەن بىر مۇخبىر، دوست، شۇنداقلا ھاياتلىقتىكى بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتىم بىلەن نېمىنى ئىزدەۋاتىمەن؟ كوئېنلۇن تېغى، كېكشىل تېغى، تاڭگۇرا تېغى، شىمالىي شىزاڭ تۈزلەڭلىكى، نيەنچىڭ ـ تاڭگۇرا تېغى ۋە لىخاسا ئويمانلىقى ئارىسىدا كېتىۋاتىمەن، يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ بولغان ماي تۇرۇبىسى ئۈستىدە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىۋاتىمەن، مەن ماي پومپىسى

جايلاشقان سوغۇق تاش ئۆيدە ئولتۇرۇپ، تۇيۇقسىز شۇنى ھېس قىلدىم، قەدىمكى رىۋايەتلەردە روھلار دۆلىتى دەپ تەسۋىرلەنگەن بۇ جايدا مېنى ئۆزىگە ئەڭ مەپتۇن قىلىۋالغىنى، مۇشۇنداق مېڭىۋېرىپ بىر كۈنى تىرىلىۋېتىدىغان جانلىق مەخلۇقلاردىن ئىبارەت.

قىسىم تاڭغۇرا تېغىنىڭ چوققىسىغا چىققاندا، گۇگۇم چۈشكەن، قۇياش روھلار دۆلىتىنىڭ قاقاس زېمىنىغا ئاخىرقى نۇرىنى چاچماقتا. كەلدۇقمۇ؟ مۇشۇ يەر شۇمۇ؟ شامالدا سىلكىنىپ تۇرغان چېدىر ئالدىدا بىرنەچچە ئادەم تۇراتتى. ئۇلار جۇۋىسىغا چىڭ يۆگىنىۋالغان ھالدا سېپى بۇزۇلۇپ كەتكەن قىسىمغا ئېپادىسىز قاراپ تۇراتتى. بىرىنچى پەيىنىڭ كوماندىرى فاڭ كوەن ئۇنلۇك سورىدى:

— ليەنجاڭ، بۇ يەر ھەربىي پونكىتمۇ؟

ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەي ھامان تۇيۇقسىز كەلگەن سوغۇق شامال ئۇنىڭ يۈزىگە نەشتەردەك سانجىلدى. ئۇ ئېگىلىپ قولى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋالدى. قان ئۇنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن ئېقىپ چىقتى.

— كۆزۈڭلارنى يۇمۇۋېلىڭلار!

لیەنجاڭ خۇا لاۋيۇ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى ۋە ئەتراپنى ئىنچىكە تەكشۈرۈشكە باشلىدى. باش قېيىش، دېمى سىقىلىش، نەپەس يېتىشمەسلىك، ماغدۇرسىزلىنىشلار ئېگىزلىكتە دائىم يۈز بېرىدىغان ئىشلار بولغاچقا، ئۇ بۇ جەھەتتە تەجرىبىلىك ئىدى. بىراق، ئۇ كۆزدىن قان چىقىش، پۈتۈن بەدەن ئىششىپ كېتىش ئەھۋاللىرىغا يولۇقۇپ باقمىغانىدى. ئۇ مۇئاۋىن لیەنجاڭ شۇرۇدانىڭ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ، لۆڭگە بىلەن ئېغىز - بۇرنىنى ئېتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، لۆڭگىنى دەرھال ئېلىۋەتتى.

— ئەسلىدىمۇ ئوكسىگېن يېتىشمەيدىغان تۇرسا، بۇنداق قىلساڭ جېنىڭدىن ئايرىلىسەن.

شۇ رۇدا چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ:

— سىزمۇ كۆزىڭىزنى يۇمۇۋېلىڭ، بۇ ئۆزىنى كۆرسەتمەيدىغان يەر ئەمەس، — دېدى.

— لیەنجاڭ بولغاندىكىن، مەن ئوتتۇرىغا چىقمىسام كىم چىقىدۇ؟ سېنىڭمۇ ئۆزۈڭنى كۆرسەتمەيدىغان ۋاقتىڭ كەلدى، بېرىپ قاراپ باق، ھەربىي پونكىتتىكىلەر بىزنى قانداق تائام بىلەن كۈتۈۋالىدىكىن؟ ياتاقنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇمۇ، سوراپ باق.

مۇئاۋىن لیەنجاڭ ئاستا قەدەملەر بىلەن چېدىرغا قاراپ ماڭدى. خۇا لاۋيۇ كۆپچىلىككە قاراپ ۋارقىرىدى:

— بوران پەسەيدى، كۆزۈڭلارنى ئاچساڭلار بولىدۇ، ماڭا قاراڭلار، توغرا، بۇ ھېچ گەپ ئەمەس، مېنىڭ كۆزۈم ھەممىڭلارنىڭكىدىن روشەن ھەم چوڭ، ئۆزۈممۇ روھلۇق... — ئۇ قەستەن كۆزىنى ئوينىتىپ قويدى، — كۆردۈڭلارمۇ؟ مەنمۇ تۇنجى قېتىم تاڭگۇلا تېغىدىن ئۆتكەندە كۆزۈمدىن قان چىققان، سىلەرنىڭكىدىنمۇ كۆپ چىققان، كۆزنى قان بىلەن يۇيۇپ تۇرسا روشەنلىشىدۇ، ئېقىپ چىققىنى زىيادە قان، قان تۆكۈشتىن قورققان ئادەم قانداقمۇ ئەسكەر بولالايدۇ؟ ئۇنداقلار ئۆيىگە قايتىپ بالىسىنى باقسۇن.

ليەنجاڭنىڭ يۈزسىزلىكىمۇ ياكى ئۆلارنىڭ ھەربىيلەرگە خاس بۇرچ تۇيغۇسى كۆچەيدىمۇ، بۇ گەپ ھەممەيلەننى سەگىتىپ قويدى، پەقەت بىرىنچى پەيدىكى ما داچۇنلا «نەدىكى بالىنى باقىدۇ؟ مېنىڭ يا بالام بولمىسا» دەپ غۇدۇراپ قويدى.

— ما داچۇن، گېپىڭ بولسا ئۇنىلۇك دېگىن، ئەگەر قىزنقچىلىق قىلىپ كۆپچىلىكنى ھەر كۇنى كۇلدۇرەلىسەڭ، سېنى ئۇچىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئالدۇرىمەن، — دېدى ليەنجاڭ.

ما داچۇن بوينىنى قىسىپ:

— مەن قىزىقچىلىق قىلمىدىم، پەقەت «مېنىڭ بالام يوق، بالا باققۇممۇ يوق» دېدىم، ئەمەلىيەتتە مەن كۆپرەك قان ئاققۇزۇشنى خالايمەن، قۇرۇلۇش ئۇچۇن كېچەلمىگۇدەك يەنە نېمە بار؟ جېنىمنى سېلىپ بېرىشكىمۇ رازى، ئۆلۈپ كەتسەم، قايتا تىرىلىپ داۋاملىق ئىشلەيمەن، — دېدى ۋە كۆزىدىن ئاققان بىرنەچچە تامچە قاننى قولى بىلەن سۇرتۇۋېتىپ، ھاۋاغا قارىتىپ سىلكىدى.

شەھەردىن كەلگەن ئەسكەر جۇ دۇڭشيا كۇلۇۋىدى، خۇا لاۋيۈنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى:

— نېمىگە كۇلىسەن؟ ھەربىي تۇرۇپ قائىدە ئۇقمايدىغان، ئۇنىڭدىن كۆرە... — ئۇ «قايتىپ بالاڭنى باقساڭ بولمامدۇ» دېمەكچى بولدى - يۇ، دەرھاللا گېپىنى ئۆزگەرتىپ، — يۇرتۇڭغا قايتىپ كوچا چىڭدىساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى ئالىيىپ.

— بىز يول چىڭداش ماشىنىسى بولمىساق؟ يەنە كېلىپ يۇرتىمىزدا تاشيول يوق، ھەممىلا يەر تاغلىق... — دېدى ما داچۇن كۇسۇرلاپ. بىراق، بۇ قېتىم ئۆز ئاۋازىنى ئۆزىمۇ ئاڭلىيالمىدى.

جۇ دۇڭشيا كۇلۇۋاتقان چىرايىنى پۇرۇشتۇرۇپ تۇرۇپ:

— ليەنجاڭ، مەن يولنى كۆپ چىڭدىغان، پايدىسى بولمىدى، ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ يەردە ھايات قېلىپ ھەقىقىي ئەزىمەت بولغۇم

بار، — دېدى.

— ئەزىمەت بولغۇڭ بولسا، ياۋاش بول، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، غىتمەكتەك غىلجىڭلاپ يۈرىدىغان ئەزىمەت نەدە بار ئىكەن؟

— مېنىڭچە، ما داچۇن خىزمەت كۆرسەتكەنلىك خۇش خەۋىرىنى بالدۇرراق يۇرتىغا يەتكۈزسۇنمىكىن، — جۇ دۇڭشيا يەنە بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋىدى، كەينىدە تۇرغان فاڭ كۈەن ئۇنى توقۇپ قويدى. ئۇ كەينىگە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سەن قورقمىساڭمۇ بولىدۇ.

— نېمە؟ مەن ھېچكىمدىن قورقمايمەن، بىراق ئۇ دېگەن ليەنجاڭ، سېنىڭ تەڭ كوچا چېڭدىشىپ بېرىدىغان بۇرادەرلىرىڭ ئەمەس، ئۇنى ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك، — دېدى فاڭ كۈەن چاقچاق بىلەن.

— مەن ليەنجاڭ دەپ لاپ ئۇرسا بولامدىكەن؟ قان بىلەن كۆزنى يۇسا روشەنلىشىدۇ، دېگەن نېمە گەپ ئۇ؟ ھەممىسى قۇرۇق گەپ.

جۇ دۇڭشيا سۆزلەۋېتىپ بېشىنى چايقىدى، ئۇنىڭ بېشى ئاغرىشقا باشلىغانىدى. بۇ ھالنى خۇا لاۋيۈ سېزىپ قالدى، بۇ چاغدا باشقا ئەسكەرلەرنىڭمۇ باشلىرىدا نورمالسىزلىق كۆرۈلۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

— بېشىڭلار ئاغرىۋاتامدۇ؟ بۇ يەردە باش ئاغرىمىسا غەلىتىلىك ھېس قىلساڭلار بولىدۇ، — دېدى خۇا لاۋيۈ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، — ھەرقايسى پەيلەر ئادىمىڭلارنى يىغىڭلار، چېچىلىپ يۈرمىسۇن. ليۇ شېڭشېڭ، كىم سېنى ئۆلتۈر دېدى؟ تۇرە، بىرىنچى پەينىڭ كوماندىرى ناخشا باشلا، كۆپچىلىكنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ قويايلى، نېمە؟ گاچا بولۇپ قالدىڭمۇ؟ — ئۇ فاڭ كۈەننىڭ ئاغزىنى ئېچىپلا تۇرغانلىقى كۆرۈپ «پوق قورساق!» دەپ تىللاپ قويدى ۋە ئۆزى باشلىدى:

— ئىنقىلابىي ھەربىيلەر، بىر - ئىككى!

«ھەپچۇش!» لىۇ شىڭشىڭنىڭ قاتتىق چۇشكۇرۇشىدىن باشقىلارمۇ چۆچۈپ كېتىشتى. جاراڭلىق ئاۋازدا ئېيتىلىۋاتقان ناخشىمۇ پەسىيىپ قالدى، فاڭ كۈەن بېرىپ لىۇ شىڭشىڭنى يۆلىدى ۋە سورىدى:

— زوكام بولۇپ قالمىغانسەن؟

تاغقا چىقىشتىن بۇرۇن ئەسكەرلەرگە زۇكامدىن ساقلىنىش توغرىسىدا تەربىيە سۆزلەنگەنىدى. چۈنكى، بۇ يەردە زۇكام بولۇپ قالسا، ئاسانلا ئۆپكە ياللۇغى بولۇپ قېلىپ، ئۆلۈش نىسبىتىمۇ يۇقىرى بولاتتى. فاڭ كۈەن سەل جىددىيلىشىپ قالدى. لىۇ شىڭشىڭ ئۆزىنى ئازادە تۇتقان قىياپەتتە، مەجبۇرىي كۈلگەچ فاڭ كۈەننى ئىتتىردى:

— چۇشكۇرۇپ قويغانغىمۇ بۇنچىلىك جىددىيلىشىپ كېتەمسىلەر؟ ليەنجاڭ، مەن نۆۋەتچىلىك قىلاي.

خۇا لاۋيۈ رۇخسەت قىلماي تۇرۇپلا، جۇ دۇڭشىيا خۇا لاۋيۈنىڭ ئالدىغا ئۆتتى.

— يەنىلا مەن قىلاي، — فاڭ كۈەن چاقچاقلىق بىلەن جۇ دۇڭشىيانى ئىتتىرىۋەتتى، — مەنلا قىلالايمەن دەپ قالما.

خۇا لاۋيۈ فاڭ كۈەننىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى، بۇ رۇخسەت قىلغانلىق ئىدى. ئۇ يەنە جۇ دۇڭشىياغا قاراپ دېدى:

— ياخشى، مۇشۇنداق بولۇش كېرەك. بۇ يەردە ياشىغاندىكىن، روھلۇق ياشاش كېرەك، — ئۇ دەرھاللا پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتتى، — سەپكە قايت، بۇنىڭدىن كېيىن سەپتىن رۇخسەتسىز چىقىشقا بولمايدۇ.

«سەپ؟ قاراپ باقە ئەسكەرلىرىڭگە؟ ئورنىدىمۇ تۈزۈك تۇرالمىسا، جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆزىغۇ. سەپ دەپ كەتكىنىنى!» جۇ دۇڭشىيا بۇ گەپنى ئۈنلۈك دېگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ئۇ ئىچىدە شۇلارنى پىچىرلىغاچ سەپكە قايتىپ كەلدى.

— ئىنقىلابىي ھەربىيلەر ئەستە تۇتايلى...

فاڭ كۈەننىڭ ئاۋازى ئاجىز ھەم رىتىمسىز ئىدى. قولىمۇ

شامالدا قالغان دەرەخ شېخىدەك پۇلاڭلاشقا باشلىدى.

— توختات! — خۇا لاۋيۈ ۋارقىرىغىنىچە فاڭ كۈەننى بىر چەتكە ئىتتىردى ۋە ئۆزى باشلىدى. گەرچە ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىشى ۋە ھەرىكەتلىرى رىتىم، ئۇداردىن يىراق بولسىمۇ، لېكىن جانلىق ھەم روھلۇق ئىدى. كۆپچىلىكمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىراشقا باشلىدى. ئۇلار بىر ناخشىنى ئىككى قېتىم ئېيتىپ بولدى، بىراق لىيەنجاڭ يەنىلا توختىماي ئېيتىۋاتاتتى. يەنە كېلىپ بارغانسېرى جانلىق ئېيتىشقا باشلىدى. مۇشۇنداق نەپەس ئېلىشمۇ قىيىن مۇھىتتا بۇنداق قىلىش ئوكسىگېن يېتىشمەسلىكنىڭ ئازابىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدىغان بولسىمۇ، بىراق خۇا لاۋيۈنىڭ مەقسىتى كۆپچىلىكنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش ئىدى. بۇ چاغدا ما داچۇندىن باشقىلار قىزغىن كەيپىياتقا چۆمگەن، سوغۇق ھاۋادا قانلىرى قىزىشقا باشلىغانىدى. ئۇلار پەقەت ناخشا ئېيتقاندىلا، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدىغاندەك ھېسسىياتتا ئىدى.

ما داچۇنمۇ ئېيتىۋاتاتتى. بىراق، ئۇ باشقىلاردەك قىزغىن ئەمەس، پەقەت ئۇلارغا ئەگىشىپلا قويۇۋاتاتتى.

بىرىنچى، سۆزلەشكەندە سەمىمىي بولىمىز.
ئامىمىنىڭ ئالدىدا مەغرۇرلانمايمىز.
ئىككىنچى، سودىدا ئادىل بولىمىز،
...
يەتتىنچى، خانىم ـ قىزلارغا چېقىلمايمىز.
...

تۇيۇقسىز ما داچۇن ئۆزىنى بۇ كوللېكتىپىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ بىچارە ئادەمدەك ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ ئەمدىلا ناخشىغا ئەگەشمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز بىرىنىڭ يىقىلىپ چۈشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى، بىرقانچە ئەسكەر يىقىلغان ئەسكەرنى

يۈلىۋالدى. لېكىن، خۇا لاۋيۈ نۆۋەتچىلىكنى توختاتمىغاچقا، قالغانلار يەنىلا ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. پەقەت ناخشا ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىنلا، خۇ لاۋيۈ ئاندىن يىقىلغان ئەسكەرنىڭ يېنىغا كەلدى.

يىقىلىپ چۈشكىنى ليۇ شېڭشېڭ ئىدى. ئۇ فاڭ كۇەننىڭ قۇچىقىدا كۆزىنى يۇمغان ھالدا ياتاتتى. فاڭ كۇەننىڭ سىلكىشى بىلەن ئۇ ئاستا كۆزىنى ئاچتى.

— تېخى قاراڭغۇ چۈشمەپتۇغۇ؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ پەس ئىدى، — بايا جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدىم.

— قەيېرىڭ بىئارام بولۇۋاتىدۇ؟

— پۈتۈن بەدىنىم ئاغرىۋاتىدۇ... — ليۇ شېڭشېڭ ئۆزىدىن ئەھۋال سوراۋاتقان ئادەمنىڭ ليەنجاڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھاللا، — ھېچقىسى يوق، مېنى يۆلىمەڭ، ئۆزۈم تۇرالايمەن، — دېدى.

— دەرھال قايناق سۇ ئەكېلىڭلار.

— مەن باراي، — جۇ دۇڭشيا چېدىر تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

— ئېگىزلىككە تۇنجى چىققاندا مۇشۇنداق بولىدۇ، ئەنسىرەپ كەتمەڭلار، ناخشا ئېيتقانغىمۇ ئادەم ئۆلۈپ قالامتى؟ — دېدى خۇا لاۋيۈ كۆپچىلىككە قاراپ، بۇ بىر خىل رىغبەتلەندۈرۈش ھەم بىر خىل بۇيرۇق ئىدى. بىراق، باشقىلار بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئۇلارنىڭ كۆزى قورۇق قول كەلگەن جۇ دۇڭشياغا تىكىلدى.

— قايناق سۇ يوقكەن، ھەربىي پونكىتتىكىلەر تەييارلاپ قويماپتۇ.

— نېمە؟ مۇئاۋىن ليەنجاڭ قېنى؟

— ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

خۇا لاۋيۈ چېدىرنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشىگە، مۇئاۋىن

لېيەنجاڭ شۇ رۇدا بىر قارىمۇتۇق كادىر بىلەن چېدىردىن چىقتى. خۇ لاۋيۈ شۇ رۇدانىڭ چىرايىغا قاراپمۇ قويماستىن، ھېلىقى قارىمۇتۇق ئادەمنى سوراققا تارتىشقا باشلىدى:

— بۇگۇن كېلىدىغانلىقىمىزنى بىلمەمسىز؟ ھەربىي پونكىت نېمە قىلىدىغان جاي؟ ئەسكەرلەرنى كۈتۈۋالىدىغان جاي ئەمەسمۇ؟ ھەتتا سۇمۇ تەييارلاپ قويماپسىلەر؟ بۇ قانداق پوزىتسىيە؟ ئۆزۈڭلار نېمە ئىچىسىلەر؟ سىز بۇ پونكىتنىڭ باشلىقىمۇ؟

قارىمۇتۇق كادىر سالماقلىق بىلەن ئالدىرىماي جاۋاب بېرىشكە باشلىدى:

— ئىسمىم ۋاڭ تيەنچى، بۇ پونكىتنىڭ لىيەن دەرىجىلىك مۇئاۋىن باشلىقى. ئەگەر سىز لېيەنجاڭ بولسىڭىز، ئۇنداقتا دەرىجىمىز تەڭ ئەكەن، بىراق مېنىڭ خىزمەت تارىخىم سىزنىڭكىدىن ئۇزۇن بولۇشى مۇمكىن. پونكىت باشلىقىغا كەلسەك، ئۇ ئۆتكەن ھەپتە يۇرەك كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ ئۆلۈپ كەتتى، ئۆلگىنىمۇ ياخشى بولدى، جاپا تارتمايدىغان بولدى. بۇ ئىشنى بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، تۇەندىكىلەرمۇ بىلمەيدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە تېلېفونمۇ، ماشىنىمۇ يوق، خەت سېلىش ئۈچۈن يېرىم ئاي ۋاقىت كېتىدۇ. پونكىت باشلىقىنىڭ خەت سالغۇدەك ئۇرۇق - تۇغقىنىمۇ يوق. ئىشقىلىپ، بىزنىڭ پونكىتتا ئۆلۈپ كەتكەن ئۇ بىرلا ئادەم ئەمەس، سىلەرنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىڭلاردىن مەن خەۋەرسىز. يا بۇ ئايدا، يا بولمىسا بۇ يىل ئىچىدە كېلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغانىدىم. ھەربىي پونكىت ئەسكەرلەرنى كۈتۈۋالىدىغان جاي، بۇنى توغرا دېدىڭىز، سۇ مەسىلىسىگە كەلسەك، سۇ مەنبەسىنىڭ بارلىقى بار، جەنۇبقا ئون كىلومېتىر ماڭسىڭىز، چوڭ - كىچىك ئون نەچچە كۆل بار، بىراق سۈيى تۇزلۇق. شىمالغا سەككىز كىلومېتىر ماڭساڭلار بىر سازلىق ئۇچرايدۇ. ئۇ يەردىن تاتلىق سۇ تاپقىلى بولىدۇ، بىراق ئۇ يەردە سۇغۇر جەسىتى كۆپ، سۇغۇرلارنىڭ

قانداق ئۆلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ئەگەر كېسەل چاشقاننى يەپ ئۆلگەن بولسا، چوما بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ سۇنى ئىچەمسىلەر، بىلمىدىم. ئەگەر ئىچسەڭلار، مەن ئەكېلىپ بېرەي. پونكىتتىكىلەر ئادەتتە ئۆڭكۈر سۈيى ئىچىدۇ، ھازىر يامغۇر ياغمىغاچقا، ئۆڭكۈر سۈيى قۇرۇپ كەتتى، ھازىر بىز سىلەر ئەكەلگەن سۇغا قاراشلىق بولۇپ قالدۇق. ياردەم قىلالارسىلەرمىكىن بىلمىدىم، يەيدىغانغا سېرىق پۇرچاق، كالا گۆشى كونسېرۋاسى بار.

ۋاڭ تيەنچىننىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاپ، خوا لاۋيۈنىڭ كۆڭلى بىر ئاز يۇمشاپ قالدى بولغاي، گەپ قىلالماي قالدى. ئۇ ئوكسىگېن كەمچىل مۇھىتنىڭ ئازابىدىن يۈزى قارىداپ، ئىششىپ كەتكەن بۇ مۇئاۋىن پونكىت باشلىقىغا قاراپ، كۆڭلىدىكى ئاچچىقى يېنىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر قىلالايدىغىنى، بۇ خىل ناچار تۇرمۇش مۇھىتىنى ئەسكەرلەرگە سەزدۇرمەسلىك ئىدى. ئەسلىدىمۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئىشەنچى سۇسلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— چوقۇم ئامال قىلىشىمىز كېرەك، بەربىر قايتىپ كېتەلمەيمىز ـ دە.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى شۇ روۋدا.

— نېمىشقا دەپ سوراۋاتامسەن؟ ئەجەبا، سەن بىر ئەسكەر تۇرۇپ، جەڭ مەيدانىدىن قاچماقچىمۇ؟

— بىراق، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى بىز ئويلىغاندىن كۆپ ناچار ئىكەن. بىز بايا مەسلىھەتلەشتۇق، ھازىر قايتىپ كېتىش ئىشىنى يۇقىرىغا دوكلات قىلىشىمىز كېرەك. ئارقا سەپ ئىشلىرى كاپالەتكە ئىگە بولغاندا، ئاندىن كېلەيلى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ھازىر بىردىنبىر سۇ مەنبەسى بۇ يەردىن قىرىق كىلومېتىر يىراقلىقتىكى گىلادەندوڭ مۇز بۇلىقى ئىكەن. بىز چوقۇم ئەسكەرلەرنىڭ يېرىمىنى سۇ توشۇشقا ئەۋەتسەك بولىدىكەن، بۇنداق بولغاندا، پەقەت ھاياتلىقنى ساقلاپلا

قالالايدىكەنمىز، بىز بۇ يەرگە قۇرۇلۇش قىلغىلى كەلگەن، ھەرگىزمۇ ئادەم ياشاشقا مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغىلى كەلمىگەن.

— بۇنى كىشىلەر ئالىلىبۇرۇن ئىسپاتلاپ بولدى، — خۇا لاۋيۈ ۋاڭ تيەنچىگە قارىدى، — سىزنىڭ تەجرىبىڭىز بار، سىز دەپ بېقىڭا؟

— ئەلۋەتتە، ئەڭ ياخشى ئۇسۇل قايتىپ كېتىش، قايتىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئەسكەرلىرىڭىز بىر قېتىم سۇ ئەكېلىپ بەرسۇن. سىز كوماندىر، تاڭگۇرا تېغىدا ئەسكەر باشقۇرۇش جاننى باشقۇرغان بىلەن باراۋەر، جان ھەممىدىن مۇھىم، ئويلىشىپ بېقىڭ.

خۇا لاۋيۈ خۇددى بىر مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك، كۆك ئاسمانغا ۋە كەڭ دالىلارغا نەزەر تاشلىدى. ئەكسىچە، رېئاللىقتىكى جەۋپ ۋە مىسكىنلىكتىن باشقا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكىسى يەنە تەبىئەتنىڭ ھاياتلىققا بولغان سۇر - ھەيۋىسى ۋە ئېتىبارسىز ھالىتى ئىدى. ئۇ قاتتىق مەيۈسلەندى، شۇنداقتىمۇ ئىنسانلار تاشقى دۇنيانىڭ يوقىتىش خەتىرىگە ھەر دائىم دۇچار بولۇپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھامان قەدىر - قىممىتى بولىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالاتتى.

— ماقۇل، سۇ ئەكېلەيلى، پەقەت ھايات قالغاندىلا، ئاندىن قۇرۇلۇش قىلغىلى بولىدۇ، مۇھىمى يەنىلا سىز! — خۇا لاۋيۈنىڭ كۆزى ۋاڭ تيەنچىگە تىكىلدى، — كەچلىك تاماقنى دەرھال تەييار قىلىڭ، بىز سېرىق پۇرچاق يېمەيمىز، چۈپ يەيمىز، بىز ئەكەلگەن سۇنى سىزگە بېرەيلى، يەتمىسە تۇزلۇق سۇنى ئارىلاشتۇرۇڭ، بۇنىڭدا تاماققا تۇز سېلىپمۇ ئولتۇرمايسىز. يەنە، ماڭا بىر ئىشتا ياردەم قىلىڭ، سىز بۇ پونكىتقا كەلگىلى نەچچە يىل بولدى؟ بەش يىل؟ كۆپ ئەمەسكەن، بوپتۇ، بىر پارچە خىزمەت دوكلاتى يېزىپ، ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەيدىكەن.

ــــ مېنى يالغانچىلىق قىل دېمەكچىمۇ؟
ــــ قانداقلا ئويلىسىڭىز مەيلى، مۆرىتى كەلگەندە تەڭرىمۇ يالغان ئېيتىپ قويىدۇ.
ــــ ئۇنداقتا، بۇ گېپىڭىزنى ئاشۇ تەڭرىگە ئېيتىڭ، مېنىڭ ۋەزىپەم سىلەرنىڭ تامىقىڭلارغا مەسئۇل بولۇش، باشقىسى بىلەن كارىم يوق، ــــ ۋاڭ تيەنچى سۆزىنى تۈگىتىپ چېدىرغا كىرىپ كەتتى.
خۇا لاۋيۈ كۈلۈپ قويۇپ، مۇئاۋىن ليەنجاڭنى بۇيرۇدى:
ــــ قىسمىنىڭ ياتىقىنى سەن ئورۇنلاشتۇرغىن.
ــــ يەنىلا سىز ئورۇنلاشتۇرۇڭ.
خۇا لاۋيۈ ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قويۇپ باشقا گەپ قىلمىدى. شۇ رۇدا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن، چېڭدۇ ھەربىي رايونى 808 ـ تەتقىقات ئورنىدا بەش يىل ئىشلىگەنىدى. ئۇنىڭ كەسپى ماس كەلمىگەچكە، قىسىمدىن چېكىنىپ بېيجىڭغا كەتمەكچى بولغان، لېكىن رەھبەرلەر ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇنى جازالاپ، قورۇلۇش تۈەنىنىڭ ئاساسىي قاتلام لىيەنىگە بېرىشنى بۇيرۇغانىدى. خۇا لاۋيۈ بۇنداق ئادەمدىن يەنە قانچىلىك ئۈمىد كۈتەلىسۇن؟

چۆللۈكتە توختىماي چىقىۋاتقان تاغنىڭ سوغۇق شامىلى چېدىرنى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەك گۈركىرەيتتى، ئەسكەرلەر خالىغان يەرگە كۆرپىسىنى سېلىپ، جۇۋىسىنى يېپىنىپ يېتىشاتتى، ئۇلار بۇ يەرگە كەلگۈچە توققۇز كۈن يول يۈرگەن بولسىمۇ، بىراق تۇرقىدىن ئۇخلايدىغاندەك قىلمايتتى، ئۇلارنىڭ نە ئۇسسۇزلۇق ئىچكۈسى، نە تاماق يېگۈسى يوق ئىدى. ئۇلار چارچاپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن بەدىنىنى يەرگە چاپلاپ، ئۈن ـ تىنسىز يېتىشاتتى، بۇ ھال بەلكىم بۇ يەردىكى كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى بولسا كېرەك. ئىلگىرى ـ كېيىن ئاڭلىنىۋاتقان يۆتەل ئاۋازى ۋە كۆزلەردە قالغان قان

يوقۇندىلىرى بىر خىل ۋەھىمىدىن دېرەك بېرەتتى. بىراق، ئۇلار ئازلا ئۆتمەي نەپىسى يېتىشمەي قىلىۋاتقاندەك بىئارامسىزلىنىشقا باشلىدى، بىرقانچە ئەسكەر چېدىردىن چىقىپ، سوغۇق ھاۋانى تويماي سۈمۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئۆپكىسى تېخىمۇ سىقىلىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. دەل شۇ چاغدا خۇا لاۋيۆ ئىسقىرتىپ تاماق تەييار بولغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. ئەسكەرلەر مىدىراپمۇ قويمىدى، سىرتقا چىققانلارمۇ قايتىپ كىردى. تاماق يېيىش ئۇلارغا بىر خىل جازادەك بىلىنمەكتە ئىدى. لېكىن، ئۇلار بۇ جازانى تارتماي زادىلا ئامالى يوق ئىدى. ئىنسانلار تويىدىن ناھايىتىمۇ يىراق بولغان بۇ كىشىلەر ئارىسىدا، خۇا لاۋيۆنىڭ ئىرادىسىلا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە تۈرتكە بولالايدىغاندەك قىلاتتى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ ئۇرۇنۇشى ئۈنۈم بېرىپ، ئەسكەرلەر بىرلەپ، ئىككىلەپ سىرتقا چىقىپ، پونكىتنىڭ ھور چىقىپ تۇرغان دېرىزىسىگە بويۇنداپ قاراشتى. ئۇزاق ئۆتمەي خۇا لاۋيۆنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— تېز تاماقلىرىڭلارنى يەڭلار، مېنىڭمۇ يېگۈم يوق، بىراق تاماق يېمىسەك، ئاتا ـ ئانىمىز بەرگەن بۇ تېنىمىزگە ھەرگىز يۈز كېلەلمەيمىز.

بىرنەچچە پەيجاڭ ئاۋۋال ماڭدى، ئەسكەرلەر ھېلىقى دېرىزىدىن تاماق ئېلىشقا باشلىدى. فاڭ كۈەن باشتا قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرگە، ئاندىن قاچىسىدىكى تاماقىقا قاراپ قويۇپ، قاچىسىدىكى چۆپنى چوكا بىلەن ئاغزىغا تىقىشقا باشلىدى. ئەمدىلا نەچچە چوكا يېۋىدى، كۆڭلى ئاينىغاندەك بولۇپ ئاغزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى ۋە ليۇ شېڭشېڭنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— قېنى يېگىن، ئوخشاپتۇ...

ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا، بايا يېگەن تاماقنى بىراقلا ياندۇرۇۋەتتى. ليۇ شېڭشېڭ ئۇنىڭ قولىدىكى قاچىنى ئېلىۋالدى ۋە بىر قولىدا ئۇنى يۆلىگەچ خۇا لاۋيۆگە قارىدى. خۇا لاۋيۆ تاماق قاچىسىنى كۆتۈرۈپ كەلدى ۋە ھېچ ئىش بولمىغاندەك سۆز

باشلىدى:

— تاماق دېگەن ياخشى نەرسە، ھەرقانچە بىئارام بولغان بىلەنمۇ يېيىش كېرەك. ئەتە قورۇلۇشنى باشلايمىز، تېخى ئىشلىمەي تۇرۇپلا، يىقىلىپ چۈشسەك بولمايدۇ، مەن باشلامچى بولاي، مەن بىر قاچا يېسەم، سىلەر يېرىم قاچا يەيسىلەر، مەن ئىككى قاچا يېسەم، سىلەر بىر قاچا يەيسىلەر، مەن ئالتە قاچا يېسەم، سىلەر ئۈچ قاچا يەيسىلەر. خۇددى گېپىئېرمۇدىكىگە ئوخشاش، ھەربىر ئادەم چوقۇم ئۈچ قاچا تاماق يېيىشى كېرەك، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، تاماقتا ئىشتىھا بىلەن تېگىش قىلدى. قاچىدا بىر تال چۆپ قالغاندا، چوكىسىنىمۇ ئىشلەتمەستىن قولى بىلەن ئېلىپلا ئاغزىغا سالدى.

— يەنە بىر قاچا!

ئۇ 2 ـ پەيناڭنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىكى قاچىنى ئالدى ـ دە، قاچىدىكى تاماقنى ھەش ـ پەش دېگۈچە يالماپ يۇتۇۋەتتى.

بەشىنچى قاچا تاماقنى يەۋاتقاندا، ئاچچىق مۇچ ئۇنى يۆتەلدۈرۈۋەتتى. ئۇ بىرقانچە قېتىم قاتتىق يۆتەلگەندىن كېيىن يەنە يېيىشكە باشلىدى.

— قانچە قاچا يېدىم؟ بەش قاچىمۇ؟ يەنە بىر قاچا قاپتۇ، ئەكەل، — ئۇ باشقىلارنىڭ ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى.

— مەن ئەكېلىپ بېرەي، — باشقىلارغا ئوخشاش ھاڭۋېقىپ قالغان جۇ دۇڭشيا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاشخانىغا ماڭغاندى، بىر تەرەپتە قاراپ تۇرغان مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى ۋاڭ تيەنچى ئۇنى توسۇۋالدى.

— ئۇنى ئۆلسۇن دەمسەن؟

— ئۇ يەيمەن دەۋاتسا، ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئاچ ئەرۋاھقا ئايلىنىپ قالمىسۇن، — جۇ دۇڭشيا قەستەن ۋاڭ تيەنچىنى ئىتتىرىۋەتتى ۋە ئۇسۇپ قويۇلغان بىر قاچا تاماقنى

ئاشخانا دىرىزىسىدىن ئېلىپ، قوش قوللاپ كۆتۈرگىنىچە لىيەنجاڭنىڭ ئالدىغا كەلدى.

خۋا لاۋيۈ قاچىنى قولىغا ئېلىپ ئەمدىلا يەي دەپ تۇرۇشىغا، ۋاڭ تيەنچى يۈگۈرۈپ كېلىپ قاچىنى بىر قويۇپ يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى.

— جىنىدىن تويغان ئادەم ياخشى باشلىق بولالمايدۇ، بۇ يەردە قورساق كۆپۈش ئاچ قالغاندىنمۇ خەتەرلىك.

خۋا لاۋيۈ ئۇنى راسا بىر تىللىماقچى بولدى ـ يۇ، ئاغزىنى ئېچىشقا پېتىنالمىدى، چۈنكى ئاشقازىنىدىكى ئاچچىق ئاش سۈيى دەۋرەشكە باشلىغانىدى. ئازراقلا دىققەت قىلمىسا، يېگەن تاماقنىڭ يېنىپ كېتىشى ئېنىق ئىدى. ئۇ قانغا تولغان كۆزىنى ۋاڭ تيەنچىگە تىكتى. جۇ دۇڭشىيا بىر قاچا تاماقنى ئەكېلىپ، يېيىشكە باشلىدى ۋە سۆز باشلىدى:

— ئوخشاپتۇ، بۇ جاھاندا بۇنىڭدەك ئوخشىغان تاماقنى تاپقىلى بولمايدۇ، لىيەنجاڭ بىر قاچا تاماقنى ئاز يېدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن يەۋېتەي، مەن تۆت قاچا يەيمەن، بۈگۈن ئاخشام ئۆلۈپ قالمىساملا، ئەتە يەنە يەيمەن. قېنى سىلەرمۇ يەڭلار.

خۋا لاۋيۈ بۇرىلىپ پەيجاڭلارغا قارىدى:

— ئەسكەرلەر ئالدىڭلارغا ئۆتۈپ كەتسە يۈزۈڭلار قىزارمامدۇ؟

باشقا ئەسكەرلەرنىڭمۇ بەس ـ بەستە دىرىزە تۈۋىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پەيجاڭلار نائىلاج ئۇلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلدى. بىراق، بەزىلەر تاماقنى نەچچە چوكا يەپلا، قۇسۇشقا باشلىدى. خۋا لاۋيۈ ئۇلارغا قاراپ قويۇپ باشقا گەپ قىلمىدى، چۈنكى قۇسۇش ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىغان ئىش. ئادەم نېمە ئۈچۈن تاماق يەيدۇ؟ ياشاش ئۈچۈن! بىراق، تاماق يېمەي، تاماق يېگەندىنمۇ ئارتۇق ئازادىلىك ھېس قىلىدىغان ئىش بولسا، نېمىدەپ تاماق يېيىشكە مەجبۇرلىغۇدەك؟ ئۇمۇ ئادەم، ئۇمۇ تاماق يېيىشنىڭ ئازابى ۋە راھىتىنى تېتىپ باققان. ئاچارچىلىق يىللىرىدا، ئۇ توغرا يول بىلەن قورساق تويغۇزغىلى

بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ، كېيىندىن بىلىق ئوغرىلاپ يېگەن. ئۇ چاغلاردا ھەرقانداق بىر ئادەم تاماق يېگۈسى كەلمەيدىغان چاغلارمۇ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان! ئۇ تاماق يېگۈسى كەلمىسىمۇ، زورمۇزور يېيىشنىڭ قانچىلىك ئازاب ئىكەنلىكىنى ئەمدىلىكتە ھەقىقىي ھېس قىلدى. ئاچلىقتىن توقلۇق يامان، دېگەن ھېكمەت نەقەدەر ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ـ ھە! ئۇنىڭ بەش قاچا تاماقنى قانچىلىك مۇشەققەتتە يەپ بولغانلىقىنى پەقەت بىر ئۆزىلا بىلىدۇ. ئۇ تاماقنى ئاشقازىنىغا ئەمەس، كاللىسىغا يېگەندەك، بىئاراملىق بىلەن بايىقى ئويۇننى ئوينىدى، باشقىلارغا تاماق يېگۈزۈش ئۈچۈن بولسىمۇ، چوقۇم شۇنداق قىلىش كېرەك! ئەگەر ۋاڭ تېيەنچى توسۇۋالمىغان بولسا، ئۇ يەنە يېگەن بولاتتى. چۈنكى، تاماق يېمىسە قورۇلۇشنى باشلىغىلى بولمايدۇ ـ دە. ئەتە قورۇلۇشنى چوقۇم باشلاش كېرەك. ئۇ شۇلارنى ئويلاۋاتقاندا، ئاشقازىنىدىكى بىئاراملىق يەنە باشلاندى. ئۇ دەرھال چېدىرغا كىرىپ يېتىۋالدى، بايىقى بىئاراملىق ئاز ـ تولا بېسىلغاندەك بولدى. بۇ چاغدا فاڭ كۈەن كىرىپ، ليۇ شېڭشېڭنىڭ قان قۇسقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. خۇا لاۋيۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سورىدى.

— تاماقنىڭ سەۋەبىدىنمۇ؟ — فاڭ كۈەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى، — بولدى يېمىسۇن!

— ليەنجاڭ، ئاچچىقلىنىپ نېمە قىلىسىز؟ تاماقنى زورلىغىلى بولمايدۇ. مەن تېخى ئۈچ قاچىمۇ يېمىدىم.

— مەن سىلەرنى يىقىلىپ چۈشمىسۇن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن. بىر ئادەم يىقىلىپ چۈشسە، بارلىق ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى بوشاپ كېتىدۇ. ئەتە قورۇلۇشنى باشلايمىز. شەكىلگە بولسىمۇ، مىدىراپ قويمىساق بولمايدۇ. مەقسەت قورۇلۇشتا ئەمەس، بەلكى مۇشۇنداق جاپالىق يەردىمۇ ئوخشاشلا قورۇلۇش قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشىمىز كېرەك. باشقىلاردەك بىر كۈن ئىشلەپ، ئون كۈن يېتىۋالساق بولمايدۇ، بولدى، سەن

بىرىپ كادىرلارغا خەۋەر قىل، يىغىن ئاچىمىز.

يىغىندا 1 ـ ، 2 ـ پەي تەييارلىق قىلىپ ئەتە قورۇلۇشنى باشلايدىغان، 3 ـ پەي خوا لاۋيۇ بىلەن بىرىپ سۇ ئەكىلىدىغان بولدى. ئەلۋەتتە سۇ ئەكىلىش ئۈچۈن مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى يول باشلىغۇچى تىپىپ بەرمىسە بولمايتتى. بۇ قارارغا شۇ رودا قەتئىي قارشى تۇردى، بىراق باشقىلار ئۇنىڭ گىپىگە قۇلاق سالمىغاچقا، ئامالسىز ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ھەربىي پونكىت چېدىرىغا كىرگەن خوا لاۋيۇ چېدىر ئىچىدە ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. چېدىر سىرتىدا ئون يەتتە ياشلاردىكى بىر ئەسكەر رىمۇنىنى تۈزىگىنىچە، كۈلۈپ تۇراتتى.

ـــ مۇئاۋىن پونكىت باشلىقىنى ئىزدەمسىز؟ ئۇ ئادەملەرنى باشلاپ سۇ توشۇغىلى كەتتى.

ـــ سەن بارماپسەنغۇ؟ ـــ سورىدى خوا لاۋيۇ.

ـــ مەن سىلەردىن خەۋەر ئالىمەن.

ـــ ھالىمىزدىن بىر كىچىك بالا خەۋەر ئالامدا؟

ـــ مەن تاغقا چىققىلى خېلى بولدى، سىلەردىن تەجرىبىلىك، ـــ دېدى ئۇ كىرلىشىپ كەتكەن جۇۋىسىنى مەھكەم يېپىنچاقلاپ سالماق قىياپەتتە، ـــ ھەيران قالماڭ، تاغقا يېڭى چىققانلار ئاسانلا خەتەرگە ئۇچرايدۇ، ئۆلگەنلەرنىمۇ جىق كۆرگەنمەن.

ـــ قالايمىقان بىلجىرلىما، ئەسكەرلەرنىڭ رايىنى ياندۇرىدىغان مۇنداق سۆزلەرنى يەنە دەيدىغان بولساڭ، ئەدىپىڭنى بېرىمەن.

ـــ ئەسكەرلەرنىڭ رايى ئۆزلۈكىدىن يېنىپ كەتمەيدۇ، ئەسكەرلەرنى سىزدەك قىيىنىغان نەدە بار؟

بۇ تەنقىدنى ئاڭلاپ، خوا لاۋيۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ ئەمدى قايتاي دەپ تۇرۇشىغا ھېلىقى ئەسكەر:

— كەتمەڭ، بىرەم پاراڭلىشايلى، — دېدى.
— نېمىنى پاراڭلىشىسەن؟ ئۆيىقۆڭنى ئۇخلا، يالغۇز قورقساڭ، بىزنىڭ يېنىمىزغا بارغىن.
— قورقۇش؟ ها - ها - ها.. نەچچە قېتىم گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كەلگەن ئەزىمەت تۇرۇپ، يەنە نېمىدىن قورقاتتىم؟ ئۆلۈپ كەتكەن پونكىت باشلىقى تىرىلىپ قالمىسىلا، ھېچنېمىدىن قورقمايمەن.
خۇا لاۋيۈ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى:
— ئىسمىڭ نېمە؟
— فېڭ گاۋچۈەن.
— ۋاقتىڭ بولسا بىزنىڭ چېدىرغا بېرىپ، ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويغىن.
— مەن يا مەدداھ بولمىسام، گېپىمنى كىم ئاڭلايتتى؟
— ئەگەر مەدداھ بولساڭ، سېنى بالا قىلىۋالاتتىم.
— بۇنىڭغا ئاتا - ئانام قوشۇلمايدۇ. يەنە كېلىپ سىز بەك ياش تۇرسىڭىز؟
— ياش بولسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ ياشلار ئىرادىلىك كېلىدۇ.
— كۆرەرمىز، ئۇزاق ئۆتمەي سىزنىڭ ئىرادىڭىزنىمۇ بوران - چاپقۇنلار بوشاشتۇرۇپ قويىدۇ، — فېڭ گاۋچۈەن سۆزلىگەچ قوشۇپ قويدى، — ئاڭلاڭ، بەزىلەر جېدەللىشىۋاتقان ئوخشايدۇ.
خۇا لاۋيۈ شۇنچە دىققەت قىلغان بولسىمۇ، شامالنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدى.

ئاخىر كەچ كىردى. كۆيۈپ تۇرغان شەپەق بىپايان دالىنى باغاشلىغان، يىراقتىن دولقۇنسىمان كۆرۈنىدىغان تاغ تىزمىلىرى ئاسمان گۈمبىزىنى تىرەپ تۇرغاندەك سۇلكەتتە. پۈتۈن كائىنات سوۋۇپ كەتكەن، سوغۇق ئېقىم كەڭ دالىنى ئىلكىگە ئېلىپ، جۇڭگونىڭ غەربىدىكى بۇ ئېگىزلىككە كەلگەن يۈز نەچچە ئەسكەرنىڭ سولغۇن كەيپىياتىنى دولقۇندەك چايقىماقتا. ئەنە

شۇنداق كەيپىياتتا ئۇلار ئۆيقۇ ئالىمىگە سەپەر قىلىش ئالدىدا ئۇھسىنماقتا. ما داچۇننىڭ بىر ئادىتى بار، ئۇخلاشتىن بۇرۇن هال رەڭ كۇندىلىك خاتىرىسىنى بىر قېتىم ۋاراقلاپ چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە، كۇندىلىك خاتىرىگە ھېچنېمە يېزىلمىغان، پەقەت ئايالىدىن كەلگەن خەتلەرلا چاپلاپ قويۇلغان. ئۇ ئۇخلاشتىن ئىلگىرى بۇ خەتلەرنى ئوقۇسا قەلبى شادلىققا تولىدۇ، ئارزۇ - ئارمانلىرى قاناتلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئارزۇسى ھەم ئېنىق ھەم ئەمەلىي. پەقەت ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ ئۆيىگە قايتىپ، خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈشنى، دادىسىغا ۋاپادار بولۇپ، ئىككى سىڭلىسىنىڭ ھالىدىن مۇمكىنقەدەر ياخشى خەۋەر ئېلىشنىلا ئويلايدۇ. ئۇ ئەسكەر بولغىلى يەتتە يىل بولدى، ناۋادا ماي يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى قۇرۇلۇش تۇەنى تەشكىللەنمىگەن بولسا، ئۇ ئاللىبۇرۇن ھەربىي سەپتىن ئايرىلىپ يۇرتىغا قايتقان، ئايالىمۇ ھامىلىدار بولۇپ بولغان بولاتتى. ئالدىنقى يىلى ئۇ تۇغقان يوقلىغىلى قايتقاندا، ئايالى ھامىلىدار بولغان، بىراق بالا تۇغۇلۇپلا ئۆلۈپ قالدى. بالا قانداق ئۆلۈپ قالدى؟ ئۇنىڭ بۇلارنى ئويلىغۇسى يوق. ئۇ بۇنى قەلبىنىڭ ئۆزى مەخپىي دەپ بىلگەن ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇپ قويغان. تاڭگۇرا تېغىنىڭ تۇنجى كېچىسىدىمۇ ئۇ شۇنداق قىلدى، ئوخشىمايدىغان يېرى بۇگۇن ئۇ خاتىرىسىگە ئايالىغا ئەۋەتىدىغان خەت يازدى. خەتنى ئايالىغا يازغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەقسىتى ياشىنىپ قالغان دادىسىدىن ئەھۋال سوراش ئىدى. بۇنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ يوتقان ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئۆيلىرىگە خەت يېزىشقا باشلىدى. چۇنكى، ئۇلارمۇ ئۇخلىيالماي، ئائىلىسىنى سېغىنىپ، خىياللار ئىلكىدە تولغىناتتى. بىراق، ئۇلار تۇيۇقسىز كاللىسى توختاپ قالغاندەك، نېمە يېزىشنى بىلەلمەي قېلىشقانىدى. جۇ دۇڭشيا شۇنچە ئويلاپ بىر تال خەتمۇ يازالماي قەلەمنى چۆرۈۋەتتى ۋە ما داچۇنگە:

— سېنىڭ كاللاڭ ئۆتكۈر، خەتنى قانداق يېزىشنى بىلمەي

كاللام قېتىپ كەتتى. خېتىڭنى ماڭا بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ بەرگىنە، — دەپ يېلىندى.
ما داچۈن ئاغزىدىكى تاماكا ئىسنى پۈۋلىۋېتىپ خاتىرىنى ياپتى ۋە:
— ئايالىمغا يېزىپ بەرگەن خەتنى ئاپاڭغا ئەۋەتسەڭ، ئاپاڭ «ئۆزۈمگە ئاشنا تۇغۇپتىمەن» دەپ ئويلاپ قالامدۇ؟ — دېدى چاقچاق قىلىپ.
بۇ چاقچاق ئانچە قىزىقارلىق بولمىسىمۇ، لېكىن جۇ دۈڭشيا بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب قايتۇردى:
— دېمەك، ئاپاڭ سېنىڭ ئاشناڭكەن ـ دە؟
ما داچۈن لايىقىدا جاۋاب تاپالماي، جۇ دۈڭشياغا نەپرەت بىلەن تىكىلدى. جۇ دۈڭشيا ما داچۈنگە قاراپ كۈلدى.
— ئاناڭنى...
— نوچى بولساڭ ئادەم تىللىما.
— ئەدىپىڭنى بېرىمەن تېخى، — ما داچۈن تاماكىسىنى يەرگە ئاتتى.
— نېرۋاڭدىن چاتاق چىققان ئوخشىمامدۇ؟
— سېنىڭ نېرۋاڭدىن چاتاق چىقىپتۇ. بۈگۈن بىز بىلەن قارشىلىشىدىغان ئىش بولسىلا قىلدىڭ. كىم سېنى ناخشا باشلىسۇن دېدى؟ كىم سېنى باشلامچى بولۇپ تاماق يېسۇن دېدى؟ يېڭى ئەسكەر تۇرۇپ، ليەنجاڭنى كۆزگە ئىلمىساڭ مەيلى، بىراق بىزدەك كونا ئىنقىلابچىلارنى ھۆرمەتلىمىسەڭ بولمايدۇ. ئەگەر تاياق يېمەي دېسەڭ، يالغاندىن كېسەل بولۇۋال، ئەڭ ياخشىسى ساقايمايدىغان كېسەل بولۇۋال، سېنى تاغدىن چۈشۈپ داۋالىتىمىز دەپ، شۇ باھانىدە بىزمۇ قايتىپ كېتىمىز.
— باشقىلارنىڭ كۆزىنى بوياشنى ئاتا ـ ئانام ماڭا ئۆگەتمەپتىكەن.
— ئۆنداقتا تايىقىڭنى يەيسەن.
— ئىختىيارىڭ، بىراق ئېسىڭدە بولسۇن، مېنى ئۇرۇپ

ئۆلتۇرۇپلا قويمىساڭ، چوقۇم ئەنتىمنى ئالىمەن، بۇگۇن بولمىسا ئەتە، بۇ يىل بولمىسا كېلەر يىلى، مەن بىكارغا تاياق يېمەيمەن، چۈنكى مەن دېگەن ئەركەك.

— بۇ يەردە ئاياللار بولمىسا، ئەركەكلىكىڭنى پەش قىلىپ نېمە قىلىسەن، كۆيلەپ قالغان ئوخشىمامسەن؟

— سېنى كۆرسەملا ھېسسىياتىم قوزغىلىپ كېتىدۇ.

كۆپچىلىك كۇلۇشۇپ كەتتى. ما داچۈن: «مېنى ئۇرۇشقا مەجبۇرلاۋاتامسەن» دېگىنىچە بىرىپ جۇ دۇڭشيانى بىر مۇشت سالدى ۋە يىقىلىپ چۈشكەن جۇ دۇڭشيانىڭ دۈمبىسىگە تەپتى. جۇ دۇڭشيا قارشىلىق قىلماي يەردە ياتاتتى، كۆپچىلىك ما داچۈننى توسىۋالغاندىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇردى:

— بىر مۇشت ئۇرۇپ، بىرنى تەپتىڭ، بۇنى چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىمەن، ئاناڭنى، مەن ھازىرچە سەندەك كۈچتۈڭگۈر ئەمەس، بىراق سەنمۇ مەڭگۈ شۇنداق تۇرىۋەرمەيسەن.

— جاھىللىقىنى قارا، — ما داچۈن ياستۇقنى بىر تەپتى ۋە ياستۇق ئاستىدىكى پىچاقنى ئالماقچى بولۇۋىدى، ليۇ شىڭشىڭ توسىۋالدى:

— لاۋ ما، ئۇرغۇڭ بولسا مېنى ئۇر، ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇرۇپ بېرەي. نېمە؟ پىتنىلمايۋاتامسەن؟ ئۇنداقتا گېپىمنى ئاڭلاپ، ئۇيقۇڭنى ئۇخلا.

ليۇ شىڭشىڭ سۆزلىگەچ ما داچۈننى ئىتتىرگەنىدى، ئەكسىچە، ئۇنى مىدىرلىتالماي ئۆزى يىقىلىپ چۈشتى. باشقىلار ئۇنى ئالدىراش يۆلەپ تۇرغۇزدى. بۇ چاغدا پەيجاڭ فاڭ كۇەن كىرىپ كەلدى ۋە ئەھۋالنىڭ بىنورمال ئىكەنلىكىنى بايقاپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. كۆپچىلىك ھېچنېمە دېيىشمەي جۇ دۇڭشياغا قارىدى.

— ئۇيقۇمىز كەلمەي، ئوينىشىۋاتىمىز، — دېدى جۇ دۇڭشيا.

— ئۇيقۇڭلار كەلمىسىمۇ ئۇخلاڭلار، ئەتە ئىش باشلايمىز، دىققەت قىلىڭلار، ياستۇقنى ئېگىز قويۇڭلار، ئاستىڭلار قىلىن

بولسۇن، نىپىز يىپىنىڭلار، تۈز يىتىپ ئۇخلاڭلار.
ما داچۇن ئاڭلىمىغانغا سېلىپ ئايىغىنى كىيىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى ۋە ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە لىيەنجاڭغا سوقۇلۇپ كەتتى.
— لىيەنجاڭ، مەن سىزنى ئىزدەپ ماڭغانىدىم، — دېدى ئۇ ئارانلا.
جۇ دۇڭشيا دېرىزە پەردىسىنى ئاچتى ۋە كۆكتىكى جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قارىغىنىچە:
— ئاھ، شامال! تاڭگۇراغا كەلگەنلىكىمنى ئاپامغا تېزرەك يەتكۈز، ئاپا، سىزگە خەت يازالمىدىم، كۆڭلۈمنى چۈشىنىڭ، ئامان بولغانسىز، — دېدى ئۇرغۇلۇق قىلىپ.
— بولدى قىلە، — خۇا لاۋيۈ ۋارقىرىدى، — غىدىقىمىنى كەلتۈرمەي. خۇددى تاڭگۇراغا ئۆلگىلى كەلگەندەك، ئۆلمەيسەن! ھەربىي پونكىتتىكىلەر شۇنچە ۋاقىت بۇ يەردە تۇرۇپ بىر ئۆبدان ياشاۋاتمامدۇ؟ كىممۇ سەندەك ۋاي ئاپام، ۋاي دادام دەپ قاقشاپ بېقىپتۇ.
جۇ دۇڭشيا ئۆزىنىڭ ھەسرەتلىك كەيپىياتىنى ئىپادىلىمەكچى بولۇۋىدى، خۇا لاۋيۈ ھەممىنى يوق قىلدى. ئۇ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاغرىنغان قىياپەتتە:
— لىيەنجاڭ، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ سىزدە ئازراقمۇ شېئىرىي ھېسسىيات يوقكەنغۇ؟ — دېدى.
— شېئىر ئوقۇيالايمەن دەپ چوڭچىلىق قىلما، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا مەنمۇ شېئىر يېزىپ باققان، مەكتەپنىڭ قارا دوسكىسىدىمۇ ئېلان قىلىنغان، ئىچىدىكى ئىككى مىسرا شېئىر ھازىرمۇ ئېسىمدە، «دېڭىزدىن سۇ ئالسام دېڭىز قۇرۇپ كەتتى، ئازراق سىيىپ قويسام، دېڭىز تېشىپ كەتتى.»
جۇ دۇڭشيا كۈلۈپ كەتتى:
— شېئىرغا ئازراق ئوخشاپتۇ، بىراق...
— بولدى، گەپ قىلما، ئەمدى ئۇخلاڭلار، ئەتە ۋاقتىدا

تۇرالمىساڭلار، كاساڭلارغا ئۇرىمەن.

باشقىلار كىيىملىرىنى سېلىشقا باشلىدى، ما داچۇن يەنىلا ئىشىك تۈۋىدە تۇراتتى. خۋا لاۋيۈ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— نېمىشقا ئۇخلىمايسەن؟

— لىيەنجاڭ...

بۇ چاغدا جۇ دۇڭشيا گېلىنى قىرىپ قويۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى: «ھەر كېچىسى يالقۇن ئالدىدا خىيالغا چۆكىمەن، ئىنگلاندنىڭ تاغلىرىغا كېلىپ قالغاندەك، ئۆتكەن ئىشلار يۈرىكىمنى موجۇيدۇ...»

— نېمىدەپ بىلجىرلاۋاتىسەن؟

— بۇ دېگەن ئامېرىكىنىڭ ناخشىسى.

— بولدى، ئاغزىڭنى يۇم، — خۋا لاۋيۈ ما داچۇنگە قارىدى، — نېمە ئىشىڭ بار؟

— لىيەنجاڭ، بايا ئادەم ئۇرۇپ قويدۇم. مېنى جازالاڭ، قانداقلا جازالىسىڭىز مەيلى، ئىشقىلىپ جۇ دۇڭشيا كۆزۈمگە سىغمىدى.

شام نۇرىدا خۋا لاۋيۈنىڭ چىرايىنىڭ يېرىمى قارا، يېرىمى ئاق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، قېلىن كالپۇكلىرى تىترەپ تۇراتتى، ئۇ جۇ دۇڭشيادىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىۋىدى، جۇ دۇڭشيا:

— ھېچ ئىش يوق، ئوينىشىپ قويدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى ۋە كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قاتتىق بىر ئەسنەپ قويدى.

— ئۇنداق ئەمەس، مەن راستىنىلا ئۇردۇم، مەن ئادەم ئۇرغاچقا، قىسىم مېنى قايتۇرۇۋېتىشى كېرەك، راستىنى ئېيتسام، مەن بىر جېدەلخور، بىرىنىڭ كاساپىتى مىڭغا دەپتىكەن، مېنى يەنىلا قىسىمدىن چېكىندۇرۇۋېتىڭ.

خۋا لاۋيۈ ئۆزىنى تەسلىكتە بېسىۋېلىپ، تۈرۈلگەن مۇشتۇمىنى ئاستا ئاچتى:

— ياخشى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە تۇرسا، سەن يەنە نەگە باراتتىڭ؟

— تاغدىن چۈشۈپ كېتىشنى ئويلىمىغان بولسام، ئادەم ئۆرمىغان بولاتتىم.

خۇا لاۋيۇ بىرپەس تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— 1 - پەيىنىڭ كوماندىرى، ئۇنى بەندخانىغا سولاپ قوي، — دېدى ۋە سىرتقا قاراپ ماڭدى.

بەندخانا ئەمەلىيەتتە چېدىرنىڭ سىرتىدىكى ئويمان - دۆڭ يەرگە خۇا لاۋيۇ چېگرا سىزىقى سىزىپ، تۆت بۇرجىكىگە توپا دۆۋىلەپ قويغان يەر بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا قۇم قاچىلانغان خالتا بار ئىدى. بەند قىلىنغانلار بۇ خالتىغا يۆلىنىپ ئۇخلىسا بولاتتى. خۇا لاۋيۇ فاڭ كۆەنگە ما داچۈننى بەندخانىغا ئەكىرىشكە بۇيرۇدى، ئارقىدىن يەنە فاڭ كۆەنگە جۇ دۇڭشيانى چاقىرىپ كېلىشنى ھەم ما داچۈننىڭ جۇۋىسىنى ئالغاچ كېلىشنى ئېيتتى.

— قانداق؟ — خۇا لاۋيۇ مەسخىرە قىلغاندەك قاراپ تۇرغان ما داچۈنگە تىكىلدى، — كاللاڭ قىزىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، بۇ يەردە سەگىدىۋال.

— مېنى قانداقلا جازالىساڭلار مەيلى، بىراق مېنى قايتۇرۇۋەتمىسەڭلار، جېدىلىم ھەرگىز تۈگىمەيدۇ.

— سېنىڭ جېدەل تېرىش ھوقۇقۇڭ بار، مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئامالىم بار، ياخشىراق ئويلاپ باققىن، كىم زىيان تارتىدىكىن؟

كېچىدىكى سوغۇق شامال تاغدىن - تاغلارغا ئۇرۇلۇپ، گۇركىرەپ چىقماقتا. خۇا لاۋيۇ فاڭ كۆەننىڭ قولىدىن جۇۋىنى ئېلىپ، ما داچۈنگە تاشلاپ بەردى ۋە جۇ دۇڭشياغا دېدى:

— سەن خېلى ئەقىللىك. قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىسەن، چاۋاڭ ھەرگىز بىر قولدىن چىقمايدۇ، سەنمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغىن، مەنمۇ ھەم!

— بوپتۇ، بەربىر ئىچىدىمۇ ئۇخلىيالمايمەن. ئەمەلىيەتتە مەن سىزنىڭ يۈزىڭىزنى قىلدىم، ئەسلىدە تاياق يېگەنلىكىمنى سىزگە ئۇقتۇرماي دېگەن، بۇ ئىشنى ئۆزۈم ھەل قىلالايتتىم،

ھامان بىر كۈنى مەن ئۈنىڭدىن ئېشىپ كېتىمەن.

— ئىرادەڭ خېلى چىڭكەن - ھە؟ — ئۇ قايرىلىپ فاڭ كۆەننى قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇدى.

شۇ كۈنى كېچىسى خۇا لاۋيۆ جازاغا تارتىلغان بۇ ئىككىسى بىلەن مەھكەم يېپىشىپ ئولتۇرۇپ، يۇلتۇزلۇق ئاسمان بىلەن ئۈنسىز سىرداشتى. يۈرەك تىۋىشى شامالLARغا جور بولدى. ئەمەلىيەتتە، پەقەت خۇا لاۋيۆلا ئۇلارنى قىزىق - قىزىق پاراڭلارغا تۇتاتتى، لېكىن ئۇ ئىككىسى خۇددى گاچا بولۇپ قالغاندەك، لام - جىم دېمەي، قېلىن جۇۋىلىرىغا پۈركىنىپ، دۈگدىيىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغانىدى.

تاڭ سۈزۈلدى. قاتلامموقاتلام تاغ ئومۇرتقىلىرى خۇددى نەچچە يۈز مىڭ يىللار ئىلگىرى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن دىنازاۋۇرلاردەك بۇ كەڭ دالاغا تېخىمۇ سېھىرلىك مەنزىرە ئاتا قىلغان. يىراقتىكى روھلار دۆلىتى ئاسمىنىدىكى ئاق رەڭلىك قۇياش كۈل رەڭ سېرىق كەلگەن ھاۋادا خۇددى جەننەتنىڭ ئىشىكىدەك كۆرۈنمەكتە.

ئەسكەرلەر سەھەردە گۇدۇك چېلىنماي تۇرۇپلا، بىرلەپ، ئىككىلەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. ئۇلار بەندىخانىدىكى ئەھۋالنى كۆرۈپ جىمىپ كېتىشتى. بىراق، جىمجىتلىق ھەرگىزمۇ بوشاڭلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. بىر كېچە ئۇيقۇسىزلىق ۋە باش ئاغرىقىنىڭ ئازابىدىن كېيىنمۇ ئۇلار يەنىلا روھلۇق ئىدى. ئادەمنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدىغىنى ئۇلارنىڭ كۆزىدىن قان ئېقىشتەك ئالامەتلەر توختاپ قالغانىدى.

سەھەرنىڭ سوغۇق شاملى جاندىن ئۆتمەكتە، فاڭ كۆەن باش بولۇپ، تەييارلاپ قويغان بارلىق يازلىق، قىشلىق كىيىملەرنى كىيىۋالدى. باشقىلارمۇ ئۇنى دوراپ ھەممە كىيىمنى كىيىشكە باشلىدى، بىراق ئۇلار يەنىلا توڭلاۋاتاتتى. سوغۇق ھاۋا ئۇلارنىڭ بوينىدىن كىرىپ پۈتۈن بەدىنىنى مۇزلاتماقتا. ليۇ شېڭشېڭ

سوغۇققا چىدىماي ياستۇق لۆڭگىسىنى بويىنىغا يۆگەپ، ئادەملەر توپى ئىچىگە قىستىلىپ كىردى. پەقەت جۇ دۇڭشيالا چىداپ تۇراتتى، ئۇ ما داچۇنگە ئوخشاش بەند بىكار قىلىنغاندىن كېيىن چېدىرغا كىرىپ يوتقانغا يۆگىنىۋالمىدى، بەلكى ئەتىگەنلىك مەشىق قائىدىسى بويىچە جۇۋىسىنى سېلىۋېتىپ، دالىغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ: «بىر، ئىككى، بىر» دەپ ئۆزىگە كوماندا بېرىپ يۈگۈرەيتتى. ئۇ كۆپچىلىكتىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن يەنە ئۆزىگە: «ئارتقا بۇرال» دەپ كوماندا بېرىپ، يۈگۈرگىنىچە قايتىپ كەلدى.

— تېز جۇۋاڭنى كىي، ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئىش مەيدانىغا بېرىپ ئۆل، — دەپ ۋارقىرىدى ليەنجاڭ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، يۈگۈرگۈدەك مادارىم بولغاندىكىن، ئۆلۈپ قالمايمەن.

بىر ياندا ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرغان ليۇ شىڭشىڭمۇ جۇۋىسىنى سالماقچى بولدى ـ يۇ، توختاپ قالدى. ئۇنىڭ جۇغى كىچىك، 3 ـ نومۇرلۇق جۇۋا ئۇنىڭغا خېلىلا چوڭ كېلىپ قالغانىدى.

— ئادەم بىلەن ئادەمنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى ئوخشىمايدۇ، يىقىلىپ چۈشمىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەركەك! — باشقىلاردىن خېلىلا كېيىن ئورنىدىن تۇرغان مۇئاۋىن ليەنجاڭ شۇ رۇدا قول ياغلىقى بىلەن كۆزىنى سۈرتكەچ، ليۇ شىڭشىڭغا تەسەللى بېرىپ قويدى.

— ئەزىمەتلەر، تاماق پىشتى، مۇزتاغ دىگەن خىسلەتلىك تاغ، مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى سىلەرگە خىسلەتلىك سۇ ئەكەلدى. بۇ سۇنى ئىچسەڭلار تېنىڭلار ساغلام بولۇپ، يۈز ياشقا كىرىسىلەر! — فېڭ گاۋچۈەن ئاشخانا دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى.

خۇا لاۋيۈ شۇندىلا مۇئاۋىن پونكىت باشلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ قويۇش كېرەكلىكىنى ئويلاپ، چېدىرغا قاراپ ماڭدى.

— بۈگۈن ئىشقا چىقساڭلار، بولمايدۇ، — دېدى ۋاڭ تيەنچى ئۇنىڭ ئىغىز ئېچىشىنى ساقلىمايلا.

— بىز ئۇچۇن غەم يېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— سىز ئۇچۇن غەم يەۋاتقىنىم يوق، بۈگۈن سۇ ئەكېلىشكە ئادەم ئەۋەتىشىڭىز كېرەك، ئادەم قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى، ئەمدى بىزدىن ئۇمىد كۈتۈپ ئولتۇرساڭلار ئاچ قالىسىلەر.

— بىر پەينى ئەۋەتسەك قانداق؟ ئۇلار بىر قېتىم ئەكەلسە ئۇچ كۈنگە يېتىدۇ.

— بولمايدۇ، سىز باشلىق تۇرۇپ، ئەسكەرلىرىڭىزنى ئىت، ئېشەكتەكلا كۆرەمسىز نېمە؟ ئۇلار يېيىش - ئىچىشتىن باشقا، يۇزىنى يۇيمامدۇ، چىشىنى چوتكىلىمامدۇ؟ — ۋاڭ تيەنچى بىر جاۋۇر گۇرۇچ، سېرىق پۇرچاق قاينىقىنى دېرىزە ئالدىدىكى ئۇستەلگە قويدى ۋە سايلىق بىلەن جاۋۇرنىڭ چۆرىسىگە نەچچىنى ئۇرۇپ قويدى.

— ئامال يوق، مەن پەقەت بىر پەي ئادەملا چىقىرالايمەن.

بىر كېچىلىك بەندىتىن كېيىن ما داچۇن خېلىلا ئىغىر - بېسىق بولۇپ قالغانىدى. تاماق ۋاقتىدا ئۇمۇ باشقىلاردەك زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، لىق ئۇچ قاچا شوۋىگۇرۇچنى ئىچىۋەتتى. دېمەك، ئۇ بۇ قېتىم ليەنجاڭدىنمۇ كۆپ ئىچكەنىدى. تاماقتىن كېيىن ئۇ جۇۋىسىنى سېلىۋېتىپ، پاختىلىق چاپىنىنى كىيىپ، بېلىدىن چىڭ باغلىدى - دە، شىرمەت سۇپەت قەددىنى كېرىپ ئەترايقا تىكىلدى.

ئەسكەرلەر يىغىلدى. ئىش باشلاشتىن بۇرۇن چوقۇم سەپەرۋەرلىك قىلىش كېرەك. بىراق، خۇا لاۋيۈ ئادىتى بويىچە، رىغبەتلەندۇرىدىغان گەپلەرنى قىلماي ئۇدۇللا مەقسەتكە كۆچتى:

— بۈگۈن قۇرۇلۇشنى باشلايمىز، مەن سىلەرگە ۋەزىپە بۆلۈپ بەرمەيمەن، ئاۋۋال ئىختىيارىي ئىشلەڭلار، بەزىلەر تاڭگۇراغا چىققاندا، ھەر ۋاقىت پەخەس بولۇش، يولنى ئاستا مېڭىش،

ئالدىرىماي ھەرىكەت قىلىش، تاماقنى ئاز يېيىش كېرەك، دەيدىكەن، بۇمۇ باشقىلارنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن دېيىلگەن گەپلەر. بىراق، ھازىر قورۇلۇش بىزدىن يېڭى تەجرىبىلەرنى تويلاشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا بىز پۇختا قەدەم تاشلاپ، ئىشنى تېز قىلىپ، تاماقنى كۆپ يېيىشىمىز كېرەك. بۇ ئۆزىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە قويغان تەلىپىمىز، قىلالامدۇق ـ يوق؟ بۇ ئۆزىمىزگە باغلىق، — ئۇ قېقىپ قويغان قوزۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. — مانا مۇشۇ يەردىن باشلاپ، جەنۇبقا قاراپ كولايمىز، بەك تارقىلىپ كەتمەڭلار.

بۇ چاغدا، مۇئاۋىن ليەنجاڭ شۇ رۇدا چېرتيوژ سىزىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن قولى بىلەن گورجەكنى ئېلىپ، ئىككى قوزۇق ئارىلىقىغا ئىككى تال سىزىق سىزدى.

— ئۇنىڭدىن باشقا، — دېدى خۋا لاۋيۈ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىز ئون كىشىلىك ئۆلگە ئەترەت تەشكىللەيمىز، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى قورۇلۇش سۈرئىتى ۋە سۈپىتىدە كۆپچىلىككە ئۆلگە بولۇشتىن ئىبارەت. ئۆلگە ئەترەتنىڭ ھەر كۈنلۈك، ھەر سائەتلىك ئىلگىرىلەش نىشانى بولۇشى كېرەك. يەنى ئۇلار جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ، ھەممىدە ئۆلگە بولۇشى كېرەك. كىم قاتنىشىدۇ؟ ئۆزۈڭلارنى يورەكلىك ھالدا مەلۇم قىلساڭلار بولىدۇ.

1 ـ پەيىنىڭ پەيجانى فاڭ كۇەن تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى، ئارقىدىن قالغان ئىككى پەيجاڭمۇ قول كۆتۈردى. جۇ دۇڭشيا قول كۆتۈرمەيلا، فاڭ كۇەننىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرۇۋالدى. خۋا لاۋيۈ بەشىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققۇچىنىڭ ما داچۈن بولىدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن خۋا لاۋيۈ ئۆزۈن يىل ئەسكەر باشقۇرغان، قاتتىق قول بولغاندىلا ياخشى ئەسكەر تەربىيەلىگىلى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇن ئادەم تېزلا تەق بولدى. خۋا لاۋيۈ ئۇلارغا بىر قۇر قاراپ قويۇپ:

— 3 - پەينەكنىڭ پەيجاڭى، ئورنۇڭغا قايت، سىلەرنىڭ پەي بوگون سۇ توشۇيدۇ، — دېدى بۇيرۇق بىلەن.

3 - پەينەكنىڭ پەيجاڭنى ئورنىغا قايتقاندىن كېيىن، لىۇ شېڭشېڭ باشقىلار بايقاپ قالمىسۇن، دېگەندەك غىپپىدە كېلىپ 3 - پەينەكنىڭ پەيجاڭى تۇرغان ئورۇندا تۇرۇۋالدى. خۇا لايۆ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى ۋە:

— 2 - پەينەكنىڭ پەيجاڭى، ئورنۇڭغا قايتىپ ئادەملىرىڭگە ياخشى يېتەكچىلىك قىل. 1 - پەينەكنىڭ پەيجاڭى فاڭ كۆەن، سەن ئۆلگە ئەترەتكە مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولغىن، 1 - پەينەكنى ئىشلىرىغا ۋاقىتلىق مۇئاۋىن ليەنجاڭ مەسئۇل بولسۇن، لاۋ شۇ، سېنىڭچە قانداق؟ — دېدى شۇ رۇداغا قاراپ.

شۇ رۇدا ئىپادىسىزلا «ھىم» دەپ قويدى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق تېخنىكا تەلەپ قىلمايدىغان قۇرۇلۇش ليەندە ئۇ نېمىلا ئىش قىلسا ئوخشاش ئىدى.

— يەنە بىر ئادەم كەم، — دەپ ۋارقىرىدى جۇ دۇڭشيا.

— مەن، مەن ئەترەت باشلىقى، — دېدى خۇا لاۋيۆ.

ئەسكەرلەر تارقالدى. قاۋۇل ھەم كۈچلۈك ما داچۈن تۇنجى بولۇپ جوتۇنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چاپقانىدى، كۆتۈلمىگەندە، جوتۇ قاڭقىپ كەتتى. ئىككىنچى قېتىم چېپىشۇدى، ئەھۋالدا ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى. خۇا لاۋيۆ يەرنىڭ بۇنچىلىك قاتتىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەندەك، جوتۇنى قولىغا ئالدى ۋە كۈچەپ چاپتى، لېكىن ئەھۋال يەنىلا ئوخشاش ئىدى، خۇا لاۋيۆنىڭ قولى ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك ئاغرىپ كەتتى. باشقىلارمۇ سىناپ بېقىشۇدى، ئەھۋال يەنىلا ئوخشاش بولدى.

— چۈشكىچە يەرنىڭ توڭى ئېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى جۇ دۇڭشيا.

خۇا لاۋيۆ جۇۋىسىنى سېلىۋېتىپ جوتۇنى يەنە قولىغا ئالدى:

— بىز قۇياش بىلەن تەڭ چۆرگۈلىسەك بولمايدۇ، بولمىسا بىزنى ئۆلگە ئەترەت دەپ نېمە قىلىدۇ؟ — ئۇ تۇيۇقسىز شۇ

رۇدانىڭ 1 ـ پەيىنى باشلاپ ئىش ئورنىدىن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، — بۇ قانداق گەپ؟ فاڭ كۇەن، دەرھال بېرىپ ئۇلارنى قايتۇرۇپ كەل، چاپقىلى بولمىغان تەقدىردىمۇ ئىش ئورنىدىن كېتىپ قالسا بولمايدۇ ـ دە!

فاڭ كۇەن ئىككىلىنىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن باردى ۋە تېزلا قايتىپ كەلدى.

— مۇئاۋىن ليەنجاڭ 1 ـ پەيىنى ھازىر مەن باشقۇرىمەن، ئۇ ئارىلاشمىسۇن، دەيدۇ. بەربىر ئۇلار ئۇخلىغىلى بارمايدىكەن.

خۇا لاۋيۈ جوتۇنى تاشلاپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن بارماقچى بولۇپ مېڭىۋىدى، جۇ دۇڭشيا توسۇپ قويدى:

— ئۇ دېگەن مۇئاۋىن ليەنجاڭ، ئۇنىڭمۇ تېگىشلىك ھوقۇقى بار، ئۇنىڭغا ھەر دائىم ئاچچىقلاپلا يۈرسىڭىزمۇ بولمايدۇ ـ دە، بىز ئاۋۋال ئازراق ئىشلەپ كۆرسىتىپ قويساق، ئۇلارنىڭ ئىشلىمەسلىككە ئامالى قالمايدۇ.

خۇا لاۋيۈ جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالماي، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، جوتۇنىڭ ئۇچىنى يەرگە تىرىدى.

— كېلە، جوتۇ بىلەن يەرنى چېپىپ باقە، تۆمۈر قاتتىقمۇ، يەرمۇ؟ مەن بىر كۆرۈپ باقاي، — دېدى.

ليۇ شېڭشېڭ بىلەن فاڭ كۇەن جوتۇنى نۆۋەتلىشىپ چېپىشقا باشلىدى. بۇ ئامال خېلى ئۈنۈم بەرگەندەك قىلاتتى. يەرگە تىرەلگەن جوتۇ بىر قاڭقىپ، بىر سانجىلىپ يەرگە كىرىشكە باشلىدى.

— ئوت قالىغان بولساق تېخىمۇ ياخشى بولاتتىمىكىن، — دېدى جۇ دۇڭشيا ئەتراپقا قارىغاچ.

— قالايدىغانغا ئوتۇن بولسىدى، بۇ ئامالنى تېپىش ساڭا ئاشمىغان بولاتتى، — دېدى ما داچۈن قولىدىكى جوتۇنى يەرگە تىرەپ، — ئۇرە، سېنى كۆچلەندۈرۈپ قوياي.

ئۇلگە ئەترەت ئۇلگە ھەرىكىتىنى مانا مۇشۇنداق باشلىدى. چۈش بولغاندا، ئىككى سۇڭ چوڭقۇرلۇقتىن قېزىلغان توپا ئون

كىۋادرات مېتىر دائىرىدە توپا دۆڭ ھاسىل قىلدى. خۇا لاۋيۆ خۇددى غوجىدار خوتۇندەك توختىماي ۋاتىلداپ، ئەسكەرلەرنى غەيرەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇراتتى. ئەسلىدە بىر قەۋەت توڭدىن كېيىن يۇمشاق تۇپراق چىقسا توغرا بولاتتى. بۇ چاغدا لىيۇ شېڭشېڭ بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى.

— بولدى، سەن جوتۇنى تۇتۇپ بەرگىن، — دېدى خۇا لاۋيۆ.

لىيۇ شېڭشېڭ زوڭزىيىپ لىيەنجاڭنىڭ قولىدىكى جوتۇنى تۇتتى، بىراق لىيەنجاڭ كۆچەپ بىرنى ئۇرۇۋىدى، قولىدىكى جوتۇ قاڭقىپ كېتىپ، لىيەنجاڭنىڭ بېشىغا تېگىپ كەتكىلى تاس قالدى، ئۆزىمۇ يىقىلىپ چۈشتى.

— بولدى، ئارام ئالغىن، — دېدى فاڭ كۇەن. لىيۇ شېڭشېڭ بېشىنى چايقىغىنىچە ئىككى قولى بىلەن يەرگە تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى.

— سېنى ئارام ئال دېگەندىكىن ئارام ئال، ھېچكىم سېنى ئىش قىلمىدى دېمەيدۇ، ئۇلگە ئەترىتىگە قاتناشقىنىڭلا ئەزىمەت ئىكەنلىكىڭنى ئىپادىلەيدۇ، ئولتۇرۇۋالساڭمۇ ئىش قىلغانغا ئوخشاش ھېسابلايمەن، — دېدى خۇا لاۋيۆ.

— بولمايدۇ، پەقەت ئىش قىلغاندىلا، ئىش قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ، — لىيۇ شېڭشېڭ يەنە بېرىپ جوتۇنى قولىغا ئالدى. خۇا لاۋيۆ كۆپچىلىككە قاراپ ۋارقىرىدى:

— بولدى، بىرئاز ئارام ئېلىڭلار!

ئەسكەرلەر ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا ئەتراپنى قويۇق ئىس - تۈتەك قاپلاشقا باشلىدى. بۇ ئىس - تۈتەك 1 - پەينىڭ ئىش ئورنىدىن كېلىۋاتقان، كالا تېزىكىنىڭ پۇرىقىغا قوشۇلۇپ، سېسىق سۇيدۇك پۇرىقىمۇ كېلىۋاتقانىدى. ئەسلىدە شۇ رۇدا ئەسكەرلەرنى باشلاپ كۆل بويىدىن كالا تېزىكى تېرىپ كېلىپ، توڭ يەرگە ئوت ياققانىدى. ئۇلار تېزەكنىڭ تېز كۆيۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تېزەككە سىيىپ نەمدىگەنىدى. توڭ يەر ئېرىگەندىن كېيىن ئۇلار جوتۇ

ئىشلەتمەي، گۈرجەك بىلەنلا بىرمۇنچە يەرنى كولاپ بولدى. شۇ رۇدا بىر تەرەپتە قاراپ تۇراتتى، ئەسكەرلەرمۇ گۈرجەك بىلەن ئالدىرىماي تۇپا ئاتاتتى. يا بولمىسا كالا تېزىكىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئىسسىناتتى. بىراق، كولىغان يېرى بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ كېتىۋاتاتتى. خۇا لاۋيۆ ئالدىراش كېلىپ ئۇلار كولىغان يەرگە قارىدى. كولانغان يەر خېلى چوڭقۇر بولۇپ، ئۆزى كولىغان يەرنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى.

— لاۋ شۇ، ئويلىماپتىمەن، بۇنداقمۇ ھۈنىرىڭ بار ئىكەن-ھە؟

— بۇنىمۇ ھۈنەر دېگىلى بولامدۇ، كالا تېزىكى تېرىپ كەلسىلا بولىدىغان ئىشقۇ شۇ!

— كالا تېزىكى قەيەردە بار ئىكەن؟

— ئىزدىسىڭىزلا تاپالايسىز.

— مەنمۇ ئىزدىدىم، بۇ يەردە ھەتتا قۇرۇپ قالغان كوكاتمۇ يوق ئىكەن.

— بىراق، كۆلدە سۇ بار، كالا ئوتلا يەپ يۈرمەيدۇ، ئۇسسايدۇ، ئۇسسۇزلۇقى قانغاندا چىچىدۇ.

خۇا لاۋيۆ «توغرا» دەپ پاچىقىغا شاپىلاقلىدى ۋە سورىدى:

— بۇ ئىشنى ماڭا نېمىشقا باشتىلا دېمەيسەن؟

— مەندىن سورىمىغان تۇرسىڭىز، — جاۋاب بەردى شۇ رۇدا ئولتۇرغان ئورنىدا مىدىراپمۇ قويماي.

— ئۇغۇ شۇ، ئاناڭنى، ئۇلگە ئەترەت سىلەر بولدۇڭلارغۇ ئەمدى. تېخنىك خادىم دېگەننىڭ ئەقلى كۆپ بولىدۇ-دە.

— بۇ يەرلەر ئۇزۇن يىل مۇز تۇتقان، توڭ يەرنىڭ قېلىنلىقى نەچچە مېتىر، ھەتتا ئون نەچچە مېتىر كېلىدۇ. بىزگە تېخىمۇ كۆپ تېزەك كېرەك. بۇ بىر ئاساسىي قاتلام يېتەكچىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا ھېچ گەپ ئەمەس.

— شۇنداق، بەزى ئىشلارنى مەن بىلمەيمەن، بىراق مەن بىلىدىغان ئىشلارنى سەنمۇ بىلمەيسەن.

— بىز ھازىر قورۇلۇش توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتىمىز.
— توغرا، قورۇلۇش ھەققىدە سۆزلىشىۋاتىمىز، لېكىن سىلەر كالا تېزىكىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇۋالماي، داۋاملىق ئىشلىگەن بولساڭلار، تېخىمۇ چوڭقۇر كولىغان بولاتتىڭلار.
شۇ رودا گەپ ياندۇرمىدى. بەربىر خوا لاۋيۆ ئادەم تەنقىد قىلىشقا ئامراق، ھامان باھانىسى چىقىپ تۇرىدۇ.
— بايقاپراق ئىشلەڭلار، بايقاپراق.
ھەربىي پونكىتتىكى شا كىچىك ئەسكەر فېڭ گاۋچۈەن ئەپكەش بىلەن سۇ كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇ سۇ بەرگەن ھەربىر ئەسكەرگە شۇ گەپنى تەكرارلايتتى.
— بۈگۈن تۈنجى كۈنى، تۇنجى كۈنىلا ھېرىپ كەتسەڭلار، كېيىن ئىشلىيەلمەي قالىسىلەر.
— سەن سۇ ئەكېلىپ بەرگىلى كەلدىڭمۇ ياكى گەپ ساتقىلى كەلدىڭمۇ؟
فېڭ گاۋچۈەن خوا لاۋيۆنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسقا سېلىپ، ئۆز گېپىنى تەكرارلاۋەردى.
خوا لاۋيۆ قايتىپ كەلگەندە كۆپچىلىك ئارام ئېلىۋاتقانىدى. ئۇلار كېچىدە ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن ئۇخلىيالمىغاننىڭ ئۈستىگە، يېرىم كۈن ئىشلەپ ھېرىپ كەتكەچكە، توپا دۆۋىسىگە يۆلەنگىنىچە كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ياتاتتى. ما داچۈن بىلەن جۇ دۇڭشىيا يېنىك پۇشۇلدىغىنىچە ئۇخلاۋاتاتتى. فاڭ كۈەن يېرىم ئويقۇ ھالەتتە بولۇپ، خوا لاۋيۆنىڭ كېلىپ يېنىدا ئولتۇرغانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، گەپ قىلىش خۇشياقمىدى. خوا لاۋيۆ فاڭ كۈەننى نوقۇدى:
— تۇرە، تۇرە، بېرىپ 1 ـ پەيىنىڭ ئىش مەيدانىنى كۆرۈپ كېلەيلى.
فاڭ كۈەن چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى ۋە بېشىنى قاتتىق چايقىۋېتىپ ئورنىدىن تەسلىكتە تۇردى. خوا لاۋيۆ يەنە ما داچۈننى ئويغاتتى، ما داچۈن ئەمدىلا كۆزىنى ئېچىشىغا، يېنىدا

ياتقان جۇ دۇڭشيا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

— ئۇخلاپ قاپتىمەنما؟ — دېدى جۇ دۇڭشيا ئۇستىبېشىدىكى توپىلارنى قېقىشتۇرۇپ. خۇا لاۋيۈ گەپمۇ قىلماستىن بېرىپ ليۇ شېڭشېڭنىڭ قولىدىن تارتتى.

ليۇ شېڭشېڭ كۆزىنىمۇ ئاچماي بېلىنى كۆتۈردى، خۇا لاۋيۈ قولىنى قويۇپ بېرىۋىدى، ئۇ يەنە يىقىلىپ چۈشتى ۋە بېشى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ، ئاغزىدىن ئاق كۆپۈكچە يېنىشقا باشلىدى.

— نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى جۇ دۇڭشيا.

— ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى خۇا لاۋيۈ.

ليۇ شېڭشېڭنىڭ ئېغىزىدىن ئەمدىلىكتە تۇيۇقسىز قان ئېتىلىپ چىقتى. جىددىيلەشكەن ھالەتتە بىر چەتتە تۇرغان فاڭ كۈەن يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ئۇ بۇرۇنلا ئاغرىپ قالغانىدى، — فاڭ كۈەن شۇنداق دېگەچ ليۇ شېڭشېڭنىڭ چاپىنىدىن تۇتۇپ سىلكىشكە باشلىدى.

— ليۇ شېڭشېڭ، ساڭا نېمە بولدى...

خۇا لاۋيۈ فاڭ كۈەننى ئىتتىرىۋېتىپ، ليۇ شېڭشېڭنى قۇچىقىغا ئالدى ۋە:

— تېز! چېدىرغا ئەكىرەيلى! — دەپ ۋارقىرىدى.

فاڭ كۈەن تۇيۇقسىز ھوشىنى يوقاتقان ھالدا تۇرۇپلا قالدى. ما داچۈن يۈگۈرۈپ كېلىپ ليۇ شېڭشېڭنى يۆدۈپ، چېدىرغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا چېدىر ئۇلارغا خۇددى دوختۇرخانىدەك، ئادەمنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالىدىغان خىسلەتلىك جايدەك بىلىنەتتى. سىلكىنىشنىڭ سەۋەبىدىنمۇ ليۇ شېڭشېڭ يەنە قان قۇستى.

— ئاستىراق! — دەپ ۋارقىرىدى خۇا لاۋيۈ.

بىراق، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل ئۈمىدسىزلىك بالقىپ تۇراتتى. ئۇ چېچىنى چىڭ چاڭگاللىۋىدى، بىر تۇتام چېچى قولىغا چىقىپ قالدى. لېكىن، ئۇ قىلچە ئاغرىش ھېس قىلمايتتى. ئۇ قولىنى بوشىتىشىغىلا قولىدىكى چاچلار شامالدا

ئۈچۈشقا باشلىدى.

ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتمەكتە. يېڭىلا باشلانغان قۇرۇلۇش يەنە توختاپ قالدى. قۇرۇلۇش 4 ـ ليەنىدىكى بارلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ساراسىمىگە چۈشۈپ، نېمە قىلارنى بىلەلمەي تۇرۇشاتتى. فالىڭ كۈەن باشقىلارنىڭ لىيۇ شېڭشېڭنىڭ يۈزىنى ئاق كىرلىك بىلەن يېپىپ قويغانلىقىنى بايقىغاندا، بۇ ئەسكىرىنىڭ ئاۋازى ۋە تەبەسسۇم قىلغان چىرايىنى ئەسلا يادىغا ئالالمىدى. ئۇ كاللىسىنى قاتتىق چايقىغاندىن كېيىنلا، لىيۇ شېڭشېڭنىڭ چىرايى ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇشقا باشلىدى. قاپقارا كۆزى، ئېگىز بۇرنى، ئازراق بولسىمۇ ئەجدادلىرىنى تارتقان ياڭاق سۆڭىكى، دەھشەتلىك ئاۋاز چىقىرىدىغان يوغان ئاغزى... ياق، ياق، بۇ لىيۇ شېڭشېڭ ئەمەس، بۇ ئۇنىڭغا تولىمۇ تونۇشلۇق بولغان خۇا لاۋيۈنىڭ ئوبرازى. ئۇنىڭ خاتىرىسى تۇيۇقسىزلا خىرەلىشىپ، تەپەككۇرى يەنە قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئۇ بىر جايدا جىم تۇرالماي، ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ليەنجاڭ ئۇنى چاقىردى. فالىڭ كۈەن خۇا لاۋيۈنىڭ ئالدىغا بارغان بولسىمۇ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن خۇا لاۋيۈ مىسكىن ئاھاڭدا پىچىرلىدى:

— ئۇنى تېزرەك دەپنە قىلايلى!

— دەپنە قىلايلى؟ — فالىڭ كۈەننىڭ ئاۋازى ئازابلىق چىقىپ كەتتى.

خۇا لاۋيۈ فالىڭ كۈەننى يۈرتىدىشىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئازابلىنىپ شۇنداق بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى ۋە:

— بىز دېگەن كادىر، بۇنداق چاغدا چوقۇم غەيرەتلىك بولۇشىمىز كېرەك، كىم بىلىدۇ، ئەتە ـ ئۆگۈن بىزمۇ ئۆلۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن. شۇڭا، بىز بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە قەرزدار ئەمەس، يۈرە بېرىپ ۋاڭ تيەنچىنى تاپايلى، — دېدى

ئۆزىنى سالماق تۇتۇپ.

فاڭ كۇەن بېشىنى چايقاپ قويۇپ ئورنىدىن مىدىرلىمىدى.

ۋاڭ تيەنچى بىر تال سېرىق پۇرچاقنى كونسېرۋا قۇتىسىنىڭ ئىچىگە سېلىپ چايقاپ باقتى ۋە يەنە قولىغا تۆكۈپ بىر تال ـ بىر تالدىن ساناشقا باشلىدى. جەمئىي ئەللىك ئۈچ تال. ئۇ بۇ ھەربىي پونكىتقا كەلگەندىن بۇيان، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان، بۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق ۋە بۇ ھەربىي پونكىتقا كەلگەنلەردىن بولۇپ، ئەللىك ئۈچ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، ئەللىك ئۈچ ئادەمنىڭ دەپنە ئىشىغا قاتناشتى. ئۇ ھازىر بۇنداق ئىشلاردىن ئانچە چۆچۈپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھەتتا ئەللىك تۆتىنچى ئادەمنىڭ ئۆزى بولۇپ قېلىشىنى ئۇمىد قىلىپمۇ قالاتتى. بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇنداق ئاسان ئۆلۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. تاڭگۇلا ئېگىزلىكى ئادەملەرنى يات كۆرمەيدۇ، پەقەت سوغۇق ۋە ئوكسىگېن كەمچىل مۇھىتقا ماسلىشالمايدىغان كىشىلەرلا شۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ. بەش يىل بولدى، نۇرغۇن سەپداشلىرى ئۇنىڭدىن ئەنە شۇنداق ئايرىلدى. ئۇ ۋە ھازىر بۇ پونكىتتا تۇرۇۋاتقانلار تەلەيلىكلەر، شۇنداقلا بويسۇندۇرغۇچىلار، ئۆلۈپ كەتكەنلەر بولسا ئېپتىدائىي مۇھىت تەرىپىدىن شاللىنىۋېتىلگەنلەر. ئۇ نۇرغۇن كېسەللىكە گىرىپتار بولۇپ باققان، ئېغىر زۇكام، ئۆپكە ياللۇغى، جىگەر ياللۇغى، نېرۋىسى قالايمىقانلىشىش، رېماتىزملىق بەل ئاغرىقى، ئورگانىزملارنىڭ ئىقتىدارى چېكىنىش دېگەندەك كېسەللەرگە گىرىپتار بولغاندىمۇ ئۆلۈپ كەتمىگەن. بەلكىم ئۇنىڭغا ئوكسىگېن كەمچىل، سوغۇق مۇھىت ماس كەلسە كېرەك. ئۇ قۇتىنى ياستۇق يېنىغا قويۇپ گۈرجەكنى قولىغا ئېلىپ، فېيڭ گاۋچۈەننى چاقىردى، ئەمدىلا چېدىردىن چىقىشىغا، خۇا لاۋيۈ يېتىپ كەلدى.

ـــ ئۇ ئۆلمەسلىكى كېرەك ئىدى.

— ئۆلمەسلىكى كېرەكمۇ - ئەمەسمۇ؟ ئەمدىلىكتە بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئىزدەشكە ئامالسىزمىز. چۈنكى، ئۇ بەرىبىر ئۆلۈپ بولدى، ئۇ تىرىلىپ قالىدىغان ئىش بولسا، سىزنىڭ تاپا - تەنىڭىزلا ئەمەس، ھەتتا ئۇ مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ رازى ئىدىم.

— باشقا گەپنى دېيىشمەيلى، مېنىڭ بۇ گۈرجىكىم مەخسۇس ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ، — ۋاڭ تيەنچى بىر خالتا كالا تېزىكى يۇدۇۋالغان فېڭ گاۋچۈەننى باشلاپ ماڭدى، خۇا لاۋيۈ ئىككى ئەسكەرنى چاقىرىپ، كەينىدىن قەبرىستانغا ماڭدى.

قەبرىستان بىلەن ھەربىي پونكىتنىڭ ئارىلىقى ئۈچ يۈز مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، پاكار قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدە رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن گۈلچەمبىرەكلەر تۇراتتى. بۇ جاي ئىنسانلارنىڭ غېرىبلىقى، كەڭ دالىنىڭ ھەسرىتى، ئادەملەرنىڭ چۆلگە، چۆلنىڭ ئادەملەرگە مەنىسىز قاراشلىرى ۋاقىت تەرىپىدىن چەكلەپ قويۇلغان، مەڭگۈلۈك توختىتىلىپ قويۇلغان جاي. بۇ خىل كەيپىياتتىن خۇا لاۋيۈ بىئاراملىق ھېس قىلدى، ئۇ كەينىدىكى ليەنىنىڭ چېدىرلىرىغا قاراپ قويۇپ ۋاڭ تيەنچىدىن ئۆتۈندى:

— يىراقراق يەرگە دەپنە قىلساق بولمامدۇ؟

— بولمايدۇ، — ۋاڭ تيەنچى گەپنى ئۇزۇپلا ئېيتتى، — ئۇلار بىزدىن يىراقلاپ كەتسە بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ روھى بار.

— بىراق، بىز بۇ يەرگە ۋەزىپە ئىجرا قىلغىلى كەلگەن، ئەسكەرلەر بۇ قەبرىنى كۈندە كۆرۈپ تۇرسا، كەيپىياتىغا تەسىر يېتىدۇ.

— شۇنداق بولسا ياخشى ئەمەسمۇ، ساڭىمۇ قىلىدىغان ئىش چىقىدۇ.

خۇا لاۋيۈ سوغۇق كۈلۈپ قويدى.

كالا تېزىكىگە ئوت يېقىپ يەرنىڭ توڭى ئېرىگەندىن كېيىن،

قەبرىنى بەش ئادەمنىڭ كولىشى ھاجەتسىز ئىدى. ۋاڭ تيەنچى بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئىس چىقىپ تۇرغان كالا تېزىكىنى يەنە بىر يەرگە يۆتكەپ، يەرنىڭ توڭى ئېرىگەندىن كېيىن كولاشقا باشلىدى. خۇا لاۋيۈ ھەيران بولۇپ ئەمدى ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا ۋاڭ تيەنچى:

— يەنە بىرنى تەييارلاپ قوياي، ئەتە يەنە بىرىنى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا ئۇزىتىپ قويامدۇق تېخى، — دېدى چاقچاق ئارىلاش.

خۇا لاۋيۈ ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قويدى ۋە ليۇ شېڭشېڭنىڭ قەبرىسىنى كولاپ بولۇپ، ئىككى ئەسكىرىنى ئەگەشتۇرۇپ كېتىپ قالدى. ۋاڭ تيەنچى بىلەن فېڭ گاۋچۈەن يەنە بىر قەبرىنى كولاپ بولۇپ قايتىۋاتقاندا، خۇا لاۋيۈ بىرقانچە ئەسكەر بىلەن ليۇ شېڭشېڭنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. قۇرۇلۇش 4 ـ ليەنىدىكى بارلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر مېيىتنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يىغلاۋاتقان بولسىمۇ، ئاۋازى چىقمايتتى، يىغا ئاۋازىنى سوغۇق شامالنىڭ گۇركىرىشى بېسىپ كەتكەنىدى.

ئېگىزلىكتە ياشاشتا مول تەجرىبىگە ئىگە ۋاڭ تيەنچى ئەسكەرلەرنىڭ چىرايىنى بىر قۇر كۆزىتىپ چىقىشقا ئۇلگۇردى ۋە چېھرىدە بىر خىل سوغۇق ئىپادە پەيدا بولدى. چۈنكى، ئۇ ئاز بولغاندىمۇ يېرىم ساندىكى ئەسكەرنىڭ چىرايىدىن ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى.

ليۇ شېڭشېڭنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قايتىش يولىدا شۇ رودا خۇا لاۋيۈنى بىر چەتكە تارتتى:

— مەن كەتمەكچى بولۇۋاتىمەن، — ئۇ گەپنى ئوچۇقلا ئېيتقانىدى.

— كەتمەكچى؟

— شۇنداق. بۇ يەردىن كېتىپ ئۆز كەسپىمنى قىلىمەن، يا بولمىسا تۆەن ئىشتابىدا قېلىشنى تەلەپ قىلىمەن، بۇ يەردە مېنىڭ قىلچىمۇ رولۇم بولمايدىكەن.

خۇا لاۋيۇنىڭ قاپىقى شۇ ئان تۈرۈلدى ـ يۇ، يەنە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، بىرھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن بوش ئاۋازدا: «بوپتۇ» دەپ قويدى.

— ئەلۋەتتە، مەن باشقىلارغا تەسىر يەتكۈزمەي، ئوغرىلىقچە كېتىمەن، مەن كەتكەندىن كېيىن، مېنى سەلبىي تىپ قىلىپ، پۈتۈن لىيەن بويىچە تەنقىدلىسىڭىز بولىدۇ، قانداقلا تەنقىدلىسىڭىز ئىختىيارىڭىز، بىراق ۋىجدانىم بىلەن سىزگە شۇنى دەپ قوياي، بۇنداق ئىشلىگىنىڭلارنى قۇرۇلۇش قىلدى، دېگىلى بولمايدۇ، هامان مەغلۇپ بولىسىلەر، سىز ئاخىر ئۆلگەنلەرنىڭ بىكارغا ئۆلگەنلىكىنى، ئىشلىگەنلەرنىڭ بىكارغا ئىشلىگەنلىكىنى چۈشىنىپ قالىسىز.

— بىكارغا ئىشلەش ئىشلىمىگەندىن ياخشى، سەن بىر قاچاق ئەسكەر، بۇ يەردە ئۇنى ـ بۇنى دەيدىغان سالاهىيىتىڭ يوق.

— بۇنى بىلىمەن، مەن پەقەت سىزنى سەگىتىپ قويماقچى.

— هازىر گاڭگىراپ قالغىنىم يوق، ئەكسىچە سەن بىر كوماندىرنىڭ قاچاق ئەسكەرگە يولۇققاندا، نېمىنى بەكرەك ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىشىڭ كېرەك.

شۇ رۇدا ئۆزىنى تۇتالماي چۈشكۈرۈپ سالدى.

— كېتىدىغان ئىشىڭ بولسا لالما ئىتتەك تىمىسقىلاپ يۈرمەي، تېز يوقال!

بۇ هاقارەت شۇ رۇدانىڭ نېرۋىسىغا تەگكەندى. خۇا لاۋيۇنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ كېتىش سەۋەبى هەرقانچە يېتەرلىك بولسىمۇ، بەربىر. ئۇ ئۆزىنىڭ قاچاق ئەسكەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇ مەغلۇبىيەتنى ئالدىن كۆرۈپ يەتكەن قاچاق ئەسكەر، قاچاق ئەسكەر مەيلى نېمە سەۋەبتىن قاچسۇن، ئۇ بەربىر قاچاق ئەسكەر.

خۇا لاۋيۇ ئۇنى تاشلاپ قويۇپ ئالدىغا ماڭدى ۋە تۇيۇقسىز كەينىگە ئۆرۈلۈپ سورىدى:

— هازىرلا كېتەمسەن؟

شۇ رۇدا بىشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— بولمايدۇ، كىپتىدىغان ئىشنىڭ بولسا كۆپچىلىك بىلەن خوشلىشىپ كەت. بولمىسا ئۇلار مەندىن سىنى سوراپ تۇرۇۋالىدۇ.

خۇا لاۋيۈ يىغلىش گۇدۇكىنى ئىنتايىن جىددىي چالدى. قاقاسلىقتىكى ئازاب - ئوقۇبەتلەر ئالدىدا نىرۋىسى ئادەتتىن تاشقىرى جىددىيلىشىپ كەتكەن ئەسكەرلەر چىدىر ئىچىدىن قىستىلىشىپ چىقىشقا باشلىدى.

— ھەرقايسى پەيلەر رەتكە تىزىلىڭلار، — دەپ بۇيرۇق بەردى خۇا لاۋيۈ. بىراق 2 - پەيلا بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلدى. 3 - پەيدىكىلەر سۇ توشۇشقا كىتىپ قايتىپ كەلمىگەنىدى. 1 - پەيدىكىلەر بولسا كوماندا ساقلاۋاتاتتى. چۈنكى، 1 - پەينىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇئاۋىن ليەنجاڭغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن بولغاچقا، فاڭ كۈەن شۇ رۇداغا قارىدى، شۇ رۇدا بىر چەتتە يەرگە قاراپ تۇراتتى.

— فاڭ كۈەن، نىمە بولدى؟

خۇا لاۋيۈنىڭ گىپىنى ئاڭلىغان فاڭ كۈەن يۈگۈرۈپ بىرىپ ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كوماندا كۈتۈپ تۇردى ۋە تۇيۇقسىز ليەنجاڭنىڭ گىپىدىن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قايتۇرۇپ بەرگەنلىك مەنىسى چىقىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلىپ ئالدىغا چىقىپ كوماندا بەردى:

— 1 - پەي رەتكە تىزىلىڭلار!

— بەزىلەر كەتمەكچىكەن، يەنى قاچاق ئەسكەر بولماقچىكەن، — خۇا لاۋيۈ بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كىيىن گىپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىماي ئاۋۋال بۇ بىر نومۇسسىزلىقمۇ، ئەمەسمۇ، شۇنىڭغا جاۋاب بىرىڭلار.

ھىچكىم جاۋاب قايتۇرمىدى.

— نىمە؟ ليەنىمىزدە مۇشۇنداق ئادەمنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەمسىلەر؟

— نېمىشقا ئىشەنمىگۈدەكمىز؟ بىراق، بۈنى قاچاق ئەسكەر دېگىلى بولمايدۇ، بۇ يەر يا جەڭگاھ بولمىسا، قۇرۇلۇش ئىشنى ئۈزۈشقا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، — دېدى جۇ دۇڭشيا.

— خاتا، بۇ يەرمۇ بىر جەڭگاھ، بۇ يەردىمۇ ئىدىيە سىنىقى بولىدۇ. قان تۆكۈلۈش بولىدۇ، بىزنىڭ بەزى كادىرلىرىمىز ئۆلۈمدىن قورقۇپ قېچىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

— ليەنجاڭ، بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك نەرى بار؟ كىمنىڭ كەتكۈسى يوق، هازىر ئۈزۈش بولغان بولسا، مەنمۇ ئالىلبۇرۇن تىكىۋەتكەن بولاتتىم، — جۇ دۇڭشيا يەنە گەپكە ئارىلاشتى. بۇ ئەھۋال ما داچۈننى تاغقا يېڭى كەلگەن چاغدىكى كەيپىياتقا كەلتۈرۈپ قويدى.

— مەنمۇ بۇرۇنلا كېتەي دەپ ئويلىغان، مېنىڭ بۇ يەردە تۇرغۇم يوق، ئۈزۈش قىلغۇممۇ يوق، ئۆيگە قايتىشنىلا ئويلايمەن، مەن ئۆلۈمدىن قورقىمەن. ھەممە ئادەم ئۆلۈمدىن قورقىدۇ.

— مەن قورقمايمەن! — دەپ ۋارقىرىدى خۋا لاۋيۈ.

— جاھاندا سىزدەك ئەزىمەتتىن قانچىسى بار؟ مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، ئەگەر ماقۇل بولسىڭىز، هازىرلا يۈك - تاقىمنى يىغىشتۇرىمەن.

— يەنە بىر قاچاق ئەسكەر چىقتى، — خۋا لاۋيۈنىڭ يۈزلىرى غەزەپتىن تاتىرىپ كەتتى، — مەن قوشۇلدۇم، سەپتىن چىقىپ مۇئاۋىن ليەنجاڭنىڭ يېنىغا بار.

ئەسكەرلەر بىرىنچى قاچاق ئەسكەرنىڭ كىملىكىنى بىلدى، بىراق ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. ما داچۈن ئۆزىدىن پەخىرلەنگەندەك غادايغىنىچە شۇ رۇدانىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى.

— يەنە كىم قاچاق ئەسكەر بولۇشنى خالايدۇ؟ مەن رۇخسەت قىلىمەن، يەنە بارمۇ؟

ئىككى ئەسكەر ھېچقانداق گەپ قىلمايلا سەپتىن چىقتى.

— ياخشى! — خۋا لاۋيۈ يەنە ۋارقىرىدى، — قاچاق ئەسكەر بولۇشنى خالايدىغانلار ھەممىڭلار چىقىڭلار، مۇئاۋىن ليەنجاڭغا

ئەگىشكەنلەر، قېچىش پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈپ قويماڭلار.

— ليەنجاڭ، ئەمەلىيەتتە بىزنىڭمۇ كەتكۈمىز يوق، بىراق بىز ئاغرىپ قالدۇق، پۇتۇن بەدىنىمىز ئىششىپ كەتتى. بۇنى داۋالاشقا سىزنىڭمۇ ئامالىڭىز يوق، بىز گېپىرمۇغا بېرىپ داۋالانغاندىن كېيىن يەنە قايتىپ كەلسەك بولىدۇغۇ؟ — دېدى 1 - پەيدىكى ئەسكەر تيەن جياخاڭ.

— كىمنىڭ كېسىلى يوقكەن؟ قاچاق ئەسكەر بولۇشقا باھانە كۆپ. ھەممىڭ كۆزۈمدىن يوقىلىش !

— بىزمۇ پەقەت يوللۇق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدۇق شۇ، — دېدى تيەن جياخاڭ ليەنجاڭنىڭ قوپاللىقىدىن نارازى بولۇپ.

— قاچاق ئەسكەر بولۇش يوللۇق، بۇ يەردە قېلىپ ئىشلەش يولسىزلىقمىكەن؟ بولدى، كەتكىن.

— كەتسەم كەتتىم، ئىشقىلىپ مېنى سىز مەجبۇرلىدىڭىز، — تيەن جياخاڭ سەپتىن چىقىپ مېڭىشىغا، 1 - پەيدىكى ئون نەچچە ئەسكەرمۇ ئەگەشتى.

خۇا لاۋيۈ گاڭگىراپ قالدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە، بىر قاچاق ئەسكەر ھېچ كۈچىمەيلا، بىر ئەترەت تەشكىللىنىۋالغانىدى. قويۇق تۇمان قاپلاپ تۇرىدىغان تاڭگۇرا تېغىدا بىر - بىرىنى يەكلەيدىغان ھەم بىر - بىرىنى ئۆزىگە تارتىدىغان ئىككى خىل كۈچ پەيدا بولدى. خۇا لاۋيۈ ئاچچىقتىن تىترەيتتى. ئۇ ئەمدى «يوقال!» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايتتى. بۇ چاغدا فاڭ كۈەنمۇ ئىزتىراپ ئىلكىدە سورىدى:

— ليەنجاڭ، مەنمۇ كەتسەم بولامدۇ؟

خۇا لاۋيۈ ئاچچىقىنى زورىغا بېسىپ، قولىنى مەيۈس پۇلاڭلاتتى:

— بولدى، كېتىڭلار.

فاڭ كۈەن ئىككى قەدەم مېڭىپ قويۇپ، باشقا ئەسكەرلەرنى تاشلاپ قويسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ كوماندا بەردى.

— دىققەت! ئوڭغا بۇرال! قەدەملەپ مارش!

ئۇ بىرقانچە ئەسكەرنىڭ قىمىر قىلماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە بىر قېتىم كوماندا بەردى. ئەسكەرلەر بۇ قېتىم كوماندىغا بويسۇندى. فالڭ كۇەن ئۇلارنى باشلاپ، قالايمىقان تۇرغان قاچاق ئەسكەرلەر توپىغا قوشۇلدى.

خۇا لاۋيۈ قاتتىق غەزەپ بىلەن ئۇلارغا قاراپ قويدى ۋە چېدىرغا كىرىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتتى.

بۇ چاغدا شۇ رۇدامۇ خۇا لاۋيۈدەك گاڭگىراشتا قالغانىدى. ئۇ ئەسلىدە ھەممىسىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايمەن دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى نۇرغۇن ئەسكەرلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئەتراپىدىكىلەرگە قارىۋىدى، ئۇلار كۆزىگە خۇددى ئېزىپ قالغان بىر توپ قوي پادىسىدەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى. دېمەك، ئۆزى بۇ پادىنىڭ ئەڭ ئەخمەق سەركىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇ پەيتتە، ئۇنىڭ نىشانى خىرەلىشىپ، كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىشنى بىلەلمەي قالدى.

جىمجىتلىق.

تاڭگۇرانى يەنە بىر قېتىم كەچكى شەپەق نۇرى قاپلىدى. قىزىل تۇمان خۇددى نازۇك بەدەن ساھىبجامالنىڭ گاز ياغلىقىدەك، خۇددى كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرغان سېھىرلىك چۈمپەردىدەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئاز ئۆتمەي ئاسمان ـ زېمىن لەۋ سۆيگەن بۇ جەزىرىدىن تۇيۇقسىز بوران كۆتۈرۈلۈپ بايىقى گۈزەللىكنى يالماپ يۇتۇۋەتتى. دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ۋاڭ تيەنچى پەيدا بولدى، ئۇ 1 ـ پەيدىكى ئاغرىپ قالغان ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ قوللىرى ۋە بەدىنىنى سىلاشقا باشلىدى:

— بەكلا ئىششىپ كېتىپتۇغۇ؟ كىم سىلەرنى كالا تېزىكى تەرسۇن دېدى؟ — ئۇ شۇ رۇداغا لاپىپىدە قاراپ قويدى، — ئۆزۈمنى كۆرسىتىمەن دەپ، سوراپ بېقىشنىمۇ ئۇنتۇپ

قاپسىلەر. كالا تېزىكىنى خالىغانچە تۇتۇشقا بولاتتىمۇ؟ ئۇ تېزەكلەرگە ئۇزۇن يىل بولغان، ھەربىر توپ كالا تېزىكىنىڭ تېگىگە زەھەرلىك گاز يوشۇرۇنغان. تېزەك قانچە قۇرغاق بولسا زەھەرلىك گازمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. كېيىن تېزەك تەرگەندە، ئاۋۋال تېزەكنى تېپىپ بىرقانچىنى دومىلىتىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن تۇتۇڭلار، شۇندىلا زەھەرلىك گاز شامالدا ئۇچۇپ كېتىدۇ. بىلدىڭلارمۇ؟ تېزەك تېرىشتىن بۇرۇن يەنە بىر قاچا قامغاق يىلتىزى سۈيى ئىچىۋالساڭلار، زەرھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەلۋەتتە ھازىر ئىچسەڭلارمۇ بولىدۇ، يەنە كېلىپ كۆپرەك ئىچىڭلار، قامغاق يىلتىزىنى مەن تېپىپ بېرەي. سىلەر ھازىرچە ئۆلمەيسىلەر، خاتىرجەم بولۇڭلار، ھەربىي پونكىتتىكىلەرنىڭ بەدىنىمۇ ئىششىپ باققان، ھەتتا ئىششىپ توپقىلا ئوخشاپ قالغان، ھازىر بىر ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟ ئاڭلىسام، كەتمەكچى بولۇۋېتىپسىلەر، ئۇنداق قىلساڭلار بولمايدۇ، قىسىم كەتمىگۈچە ھېچكىمنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت يوق، چۈنكى سىلەر پۇقرا ئەمەس، ھەربىي كىيىمنى كىيگەنىكەنسىلەر، بويۇنتاۋلۇق قىلىشنى ھەرگىز خىيال قىلماڭلار، ھەممىمىز ئۆز ئالدىمىزغا ئىش كۆرسەك، بۇ ھەربىي پونكىتتا بىرمۇ ئادەم قالمىغان بولاتتى. ھەرقانداق جاي تاڭگۇرادىن ياخشى. چۈشەندىڭلارمۇ؟ مەن بۇ ھەربىي پونكىتنىڭ لىيەنجاڭ دەرىجىلىك مۇئاۋىن باشلىقى، سىلەرنىڭ نامۇۋاپىق ھەرىكىتىڭلارنى توسۇش ھوقۇقۇم بار. يەنە بۇ مۇئاۋىن لىيەنجاڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، — ئۇ مۇئاۋىن دېگەن گەپنى ئالاھىدە تەلەپپۇز قىلدى، — ئەلۋەتتە، مەنمۇ سىلەرنىڭ كېتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، بىراق سىلەر چوقۇم لىيەنجاڭنىڭ باشچىلىقىدا قايتىشىڭلار كېرەك. ئەگەر ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىغان بولساڭلار، ئاراڭلاردىكى ھەرقانداق بىر ئادەمنى جازالاشقا كۈچۈم يېتىدۇ. خۇا لىيەنجاڭ توغرا دەيدۇ، بۇ يەرمۇ بىر جەڭگاھ، سىلەرگە دەپ قويay، مەندە قورال بار، يەنە گۇرجەكمۇ بار، ئوق ئادەم تونۇمايدۇ، گۇرجەكمۇ مېڭەڭلارنىڭ قېتىقىنى

چىقىرالايدۇ. ئىشەنمىسەڭلار سىناپ باقساڭلار بولىدۇ. ئەگەر مەن ئادەم ئۆلتۈرگەندە كۆزۈمنى مىت قىلماي قويسام، ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن. يۇقىرىدىكىلەر ئەيىبلەپ قالسا، خۇن تۆلەشكە تەييارمەن. مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، شەرەپلىك ئۆلسىمۇ، نومۇسسىزلارچە ئۆلسىمۇ، ئوخشاشلا بىر ئۆلۈم ئەمەسمۇ!

ۋاڭ تيەنچى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئالدىرىماي سۆزلىدى. سۆزلىرىنىڭ خېلى ۋەزنى بار بولۇپ، بىر خىل جەلپ قىلىش كۈچى بار ئىدى. باشقىلار گەپ قىلالماي شۇ رۇداغا تىكىلدى، شۇ رۇدا ئاستا چېدىرغا ماڭدى. بۇ چاغدا فاڭ كۈەن توپتىن چىقىپ ئادەملىرىگە كوماندا بەردى:

— 1 ـ پەي دىققەت، مېڭىڭلار، مېڭىڭلار، — قالايمىقانچىلىقتا ئۇ كوماندىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى.

ئىككى قوشۇن قايتىدىن بىرلەشتى. پەقەت ما داچۇنلا ئورنىدا مىدىرلىماي تۇراتتى.

— مەن يەنىلا كېتىمەن.

ۋاڭ تيەنچى بۇلۇت قاپلىغان ئاسمانغا قارىغىنىچە ھېچ نەرسە دېمىدى.

— ئۇنداقتا مەن كەتتىم.

— توختاپ تۇر، مەن بىر گۇرجەك ئېلىۋالاي، سەن قاچ، مەن قوغلايمەن.

— قوغلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، مىلتىق بىلەن ئېتىۋەتسىڭىز بولىدۇ.

— مىلتىق بىلەن ئاتسام ئوق زايە بولىدۇ، مېنىڭ ئوقۇم كۆپ ئەمەس، تاسادىپىي يىرتقۇچلارغا ئۇچراپ قالسام ئىشلىتىمەن، — ئۇ چېدىر ئالدىغا كېلىپ پارقىراپ تۇرغان گۇرجەكنى قولىغا ئالدى ۋە ما داچۇنگە ئون قەدەم كېلىدىغان جايغا كېلىپ «باشلايلى !» دېدى.

ما داچۇن كۆپچىلىككە قاراپ قويۇپ، كەينىگە بىرقانچە قەدەم ياندى ۋە تۇيۇقسىزلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ يۈگۈردى. ۋاڭ تيەنچى

مىيىقىدا كۆلۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنى قوغلاپ كەتتى. كەڭ دالىنىڭ ھەممىلا يېرى يول. ۋاڭ تيەنچى ما داچۇننىڭ كەينىدىن بىرئاز قوغلىغاندىن كېيىن، يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭ ئۈچ يۈز مېتىرغا بارمايلا ما داچۇننىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىشقا ئىشەنچى بار ئىدى. چۈنكى، ما داچۇن كەتكەن تەرەپتە چوڭقۇر جىلغا بار بولغاچقا، چوقۇم ئايلىنىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتى. دېگەندەكلا، ما داچۇن بىرمۇنچە يەرنى ئايلىنىپ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ جىلغا يېنىغا كەلدى ۋە ئايلىنىپ مېڭىشقا تەمشىلىپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز بىر دۆڭنىڭ كەينىدىن ۋاڭ تيەنچى چىقىپ كەلدى.

ــ يەنىلا مەن بىلەن قايتقىن.

ما داچۇن گەپ قىلمىدى، ئۇ يەردىن بىر تال تاشنى ئېلىپ ۋاڭ تيەنچىگە ئاتتى. ۋاڭ تيەنچى ئۆزىنى تاشتىن قاچۇردى ۋە ما داچۇنگە ئېتىلدى. ما داچۇننىڭ بەدەن ساپاسى ياخشى بولغاچقا، بايامقىدىنمۇ تېز قېچىشقا باشلىدى. بۇ دالىدا ئۇزۇن يىل تۇرۇپ، شارائىتقا كۆنۈپ كەتكەن ۋاڭ تيەنچى خۇددى بۆرىدەك ئۇنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ قوغلايتتى. ئۇ بۇنداق قوغلاشقا كۆنۈك، ئۇ بۇ دالىدا نۇرغۇن توشقاننى قوغلاپ تۇتقان، ھەتتا بەزى توشقانلار ھېرىپ ئۆلۈپ قالغۇچە قوغلىغانىدى.

ئەمدىلىكتە ما داچۇننىڭ قەدىمى ئېغىرلاشقا باشلىغانىدى. كەينىدىن قوغلاۋاتقان ياۋۇز «بۆرە» بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ۋاڭ تيەنچىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئازلا قالغانلىقىنى سېزىپ، تۇيۇقسىز يەردە ئولتۇرۇۋالدى. ۋاڭ تيەنچى ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي، ما داچۇنگە پۈتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. ۋاڭ تيەنچى ئورنىدىن تۇرغاندا، ما داچۇن ئاللىبۇرۇن يىراقلاپ كەتكەنىدى. غەلىتە يېرى، ما داچۇن يەنە شۇ جىلغا تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. قانداقلا بولمىسۇن، يەنە قوغلاش كېرەك، بۇ ئۇنىڭ ھازىرقى بىردىنبىر تاللىشى. ئۇنى

تۇرمۇش رەھىمسىز ھەم مەغرۇر قىلىپ يېتىشتۈرگەن، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ما داچۇننى گۈرجەك بىلەن بىرنى ئۈرۈپ ئۆلتۈرۈپ قويغۇسى يوق. ئەگەر ئۇ رەھىم قىلىشنى ئۆتۈنمىسە، ئۇنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن، بۇ نۆۋەتتىكى ئىنتىزامنىڭ تەلىپى، شۇنداقلا قەدىر ـ قىممەتنىڭ ئېھتىياجى. ما داچۇن تۇيۇقسىز ئايلىنىپ قاچتى. بۇ قېتىم ۋاڭ تيەنچىننىڭ تەييارلىقى بار ئىدى، ما داچۇن ئايلانسا ئۇمۇ ئايلىناتتى، ھەتتا ئۇنىڭدىن تېز ئايلىناتتى. ئۇ ياندىن كېلىپ گۈرجەك بىلەن ئۇنىڭ ئالدىنى توسماقچى بولۇۋىدى، ما داچۇن ئۆز بەدىنى بىلەن ئۇنى سوقتى، ۋاڭ تيەنچى ئۆزىنى دەرھال چەتكە ئالدى. قوغلاش داۋام ئەتمەكتە ئىدى.

ما داچۇن ۋاڭ تيەنچىننىڭ قولىدىن چوقۇم قۇتۇلۇپ كېتەلەيمەن دېگەن ئىشەنچ بىلەن جېنىنىڭ بارىچە قاچاتتى. ئۇ قىسىم تاغقا چىققاندا ماڭغان يولنى ئىزدەۋاتاتتى. يول ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا تونۇش ئىدى. بۇ چاغدا ۋاڭ تيەنچى ئۇنىڭغا يېتىشىۋالايلا دەپ قالغانىدى، ئۇ گۈرجەكنى بىرلا سانجىسا ما داچۇن يىقىلىپ چۈشەتتى. بىراق، ۋاڭ تيەنچى ئۇنداق قىلمىدى، پەقەت «توختا!» دەپ ۋارقىرىدى.

ما داچۇن چۆچۈپ كەينىگە قارىشى بىلەن تەڭ، ئىككى پۇتى ئالمىشىپ قېلىپ يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ۋاڭ تيەنچى ئۆزىنى گۈرجەك بىلەن ئۇرىدىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى ۋە كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. بىراق، ما داچۇننىڭ دۈمبىسىگە تەگكىنى گۈرجەك ئەمەس، بەلكى ۋاڭ تيەنچىننىڭ پۇتى ئىدى.

ــ ئاڭلاپ تۇر، ئۆلگۈڭ بولسا، بېشىڭنى چايقىغىن، بۇ چوقۇم قاچاق ئەسكەرلىكىڭنى ئېتىراپ قىلغانلىقىڭنى بىلدۈرىدۇ، ھايات قالغۇڭ بولسا، بېشىڭنى لىڭشىتقىن، بۇ تەزىم قىلىپ گۇناھىڭنى تونۇغىنىڭنى بىلدۈرىدۇ.

ما داچۇن يەردە ئۆلۈكتەك ياتقىنىچە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. كۆزىگە پۇتۇن جاھان قاراڭغۇلىشىپ

كېتىۋاتقاندەك، چىدىغۇسىز ئاغرىق ئازابى پۈتۈن بەدىنىنى قۇرتتەك يەۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ۋاڭ تيەنچى ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن پۈتىنى ئېلىپ:

— يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، بۇگۈن ئادەم ئۆلتۈرگۈم كېلىۋاتىدۇ، ئۆلتۈرىدىغان ئادىمىم دەل سەن، — دېدى.

تۇيۇقسىز ئېغىزىغا كىرىپ كەتكەن سوغۇق شامالدىن ۋاڭ تيەنچى يۆتىلىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا خۋا لاۋيۈ جۇ دۇڭشيا ۋە بىرقانچە ئەسكەرنى باشلاپ يېتىپ كەلدى - دە، گەپ قىلمايلا ۋاڭ تيەنچىگە ئېتىلدى. ئۇلار ئىككىسى تەڭلا يىقىلىپ چۈشتى ۋە يەنە تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ بىر - بىرىگە غەزەپلىك تىكىلدى:

— مېنىڭ ئەسكىرىمنى جازالايدىغان قانداق ھوقۇقىڭىز بار؟

ۋاڭ تيەنچى گەپ قىلمىدى ۋە يەردىكى گۈرجىكىنى قولىغا ئالدى.

— ئۇنىڭ قاچاق ئەسكەر بولغۇسى بولسا بولىۋەرسۇن، بۇنىڭ سىز بىلەن ئالاقىسى يوق. ئۇ چوقۇم ھايات قېلىشى كېرەك، ئەسكەرلىرىم ئەمدى ئۆلسە بولمايدۇ.

بۇ گەپ ۋاڭ تيەنچىنى خېلىلا سەگىتىپ قويغانىدى، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— سىزنى دەپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدىم، يەنە يۈزىڭىزنى دەپ ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچتىم، — دېدى - دە، كەينىگە ياندى.

جۇ دۇڭشيا يۈگۈرۈپ كېلىپ ما داچۈننى يۆلىگەنىدى، ما داچۈن ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى. ئۇ ھازىر قەلبى خورلۇققا تولغان ئادەم، باشقىلارنىڭ ھەرقانداق ياردىمى بۇ خىل خورلۇقنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر خىل مۈرەككەپ ئىپادىدە خۋا لاۋيۈگە قارىدى.

— يول ئايىغىڭىزنىڭ ئاستىدا، ئالدىڭىزغا ماڭسىڭىز ياكى كەينىگە ماڭسىڭىز، ئويلىشىپ بىر ئىش قىلارسىز.

بۇ گەپ ما داچۈندە ئازراق ئۈمىد پەيدا قىلدى، جۇ دۇڭشيا

بۇنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى.

— لېيەنجاڭ، ئۇنى كەتكۈزۈۋەتسىڭىز بولمايدۇ، ئۇنىڭغا قايتىپ كەل دەپ، بۇيرۇق قىلىڭ.

بىراق، خۇا لاۋيۈ بۇ بۇيرۇقنىڭ ما داچۇەنىڭ غۇرۇرىنى ئازراق بولسىمۇ ئېتىبارغا ئالغانلىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتمىدى ۋە جاھىللىق بىلەن:

— ياق، مەن بىر قاچاق ئەسكەرگە داۋاملىق جەڭ قىلىش بۇيرۇقى بەرمەيمەن. ئۆلۈمدىن قورقىدىغان ئادەملەرنىڭ ھايات قېلىپ، قېچىپ يۈرگىنى ياخشى، — دېدى بېشىنى چايقاپ.

ما داچۇەن بۇنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى. جۇ دۈڭشيا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى توسۇۋالدى.

— ما داچۇەن، بىز دېگەن سەپداش، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر بەنىنىڭ ئەسكىرى، مەن كېتىشىڭگە يول قويمايمەن، مېنىڭمۇ قاچاق ئەسكەرنى تۇتۇپ كېلىش ھوقۇقۇم بار، — دېدى ۋە ما داچۇەنىڭ قولىنى قايرىپ جىنايەتچىنى ئېلىپ ماڭغاندەك، ئۇنى ئېتتەردى.

ما داچۇەن قولىنى ئاجراتماقچى بولۇپ تىركەشكەندەك قىلدى ـ يۇ، ئانچە كۈچەپ كەتمىدى. بۇ چاغدا خۇا لاۋيۈ ما داچۇەنىڭ ئۆزىنىڭ مەجبۇرىي ئېلىپ كېتىش بۇيرۇقىنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە بېشىنى چىڭ چاڭگاللىدى، ئۇنىڭ يەنە بىر تۇتام چېچى شامالدا ئۇچۇپ كەتتى...

قاراڭغۇ چۈشتى. قۇرۇلۇش 4 ـ لېيەندىكى ئەسكەرلەر تاغدىكى ئىككىنچى كېچىنى كۈتۈۋالدى. ئۇلار كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، ۋاڭ تيەنچى تەييارلىغان قامغاق يىلتىزى شورپىسىنى ئىچىشىپ، شېرىن چۈشلەرنى تەمە قىلىپ ياستۇقلىرىغا قىيسىيىشتى. ئۇيقۇسىزلىق بەكمۇ قورقۇنچلۇق، ئۇ كۈندۈزى يۈز بەرگەن ئاجايىپ دەھشەتلىك ئىشلارنى كۈچەيتىپ، قورقۇنچلۇق ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

خۇا لاۋيۇ رەھىمسىز مۇھىتنىڭ تەسىرىدە چاچلىرى چۇشۇپ، تاقىرباش بولۇپ قالدى. ئۆزىنى بولسا تۇيۇقسىزلا قېرىپ، ئاجىزلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە لېيەن بويىچە بۇنداق تاقىرباش بولۇپ قالغانلاردىن بىرقانچىسى بار، يەنە بەزىلىرىنىڭ چېچى چۇشۇشكە باشلىغان. 3 ـ پەيدىكى بەزى ئەسكەرلەرنىڭ ھەتتا قاش ـ كىرپىكلىرىمۇ قالمىغىلى تۇردى. بۇ مۇھىتنىڭ سەۋەبىدىنمۇ ياكى ئىلاھلارنىڭ چاقچىقىمۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. خۇا لاۋيۇ تۇنجى قېتىم ۋاڭ تيەنچىدىن چاچ قايتا ئۆسۈپ چىقامدۇ، دەپ سورىغاندا، ۋاڭ تيەنچى بېشىدىكى شەپكىسىنى ئالدى، ئۇنىڭ چېچىمۇ پۇتۇنلەي چۇشۇپ كەتكەندى.

— چېچىم چۇشۇپ كەتكىلى تۆت يىل بولدى. ئالاھىدە ئىشلارمۇ بار، پونكىت باشلىقىنىڭ چېچىمۇ پۇتۇنلەي چۇشۇپ كەتكەن، بىراق ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا، بېشىغا قارا ھەم پارقىراق چاچ چىققانىدى.

— ئۆلىدىغان چاغدىلا شۇنداق بولامدا؟

— ئەگەر سىلەر ھازىرلا تاڭگۇرادىن چۇشۇپ، بىر مەزگىل ئارام ئېلىپ كۇتۇنسەڭلار، بەلكىم قايتا چىقىشى مۇمكىن، ئەسكەرلەر تېخى ياش، چاچ چۇشۇپ كەتكىنى بىلەن ئۇلار مۇھەببەت، ئائىلىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن، يەنە كېلىپ بۇ خىل كېسەللىك ئىرسىيەت بولۇپ قالىدۇ.

ۋاڭ تيەنچى ھازىر چاندۇرماستىن ۋەھىمىلىك ئۇچۇر تارقاتماقتا، ئۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ تاغدىن چۇشۇپ كېتىشىنى ئۇمىد قىلىدۇ. ئۇ خۇددى بۇ دالىنىڭ ۋاكالەتچىسىدەك ھەممە يەردە چاتاق چىقىپ تۇرىدىغان بۇ جاينىڭ ھاياتلىققا بولغان خەتىرىنى ئوبدان بىلىدۇ.

— كۆكۆل بۆلگىنىڭىزگە رەھمەت، — خۇا لاۋيۇ خاپىغان ھالدا چىقىپ كەتتى، بىراق بۇ گەپلەر ئۇنىڭ كاللىسىغا چوڭقۇر ئورناپ كەتكەندى. ئۇ 1 ـ پەينىڭ چېدىرىغا كىرىپ جۇ دۇڭشيا

ئىشىك ئالدىغا ئېسىپ قويغان ئەينەكنىڭ ئالدىدا توختاپ، ئۆزىگە بىرھازا قاراپ كەتتى. بۇ چاغدا ئەينەكتىكى ئوبراز خىرەلىشىشكە باشلىدى. «بۇ مەنمۇ؟ شۇنداق ئىكەن. مەن خۇددى دېڭىز دولقۇنى قىرغاقتا چىقىرىپ قويغان پارقىراق تاشقا ئوخشاپ قاپتىمەن، بېشىمنى ئۇزاق يىل ماكان ئەتكەن چاچلار ئاللىقاياقلارغا كۆچۈپ كېتىپتۇ.»

خۇا لاۋيۆ بىرقانچە ئەسكەرنىڭ كەينىدە بىر نەرسىلەرنى دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ كەينىگە قارىدى ۋە سورىدى:

— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟

— ليەنجاڭ، ئەمدى ئايالىڭىزغا قانداق جاۋاب بېرىسىز؟ — سورىدى جۇ دۇڭشيا.

— نېمىگە جاۋاب بېرىمەن؟

— چاچ توغرۇلۇقچۇ.

— ھەي، گۆرۈچ پىشىپ بولغاندا ئۇ يەنە نېمە دېيەلەيتتى؟ نوچى بولسا تەڭرىگە ئەرز قىلسۇن، چاچنى تەڭرىم بەرگەن، يەنە تەڭرىم ئېلىپ كەتتى، سىلەر ئەنسىرىمەڭلار، ۋاقتى كەلگەندە تەڭرىم يەنە قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

بوران كۈچەيدى. ھېلىلا قاراڭغۇلۇق بىلەن قۇچاقلىشىدىغان بۇ دالىدا ئازراقلا يورۇقلۇق قالغانىدى. بوران شۇ يورۇقلۇقنىڭ ئەتراپىنى بويلاپ گۈركىرىمەكتە. بۇ ئېگىزلىكتە چوقچىيىپ چىققان بارلىق نەرسىلەر پالتا بىلەن چاپقاندەك سىناقتا دۈچ كەلمەكتە. چېدىر ئەتراپىدىكى تۇزلەڭلىكتە قويۇنغا ئايلانغان بوران چېدىرلارنى قاتتىق تىترەتمەكتە. ۋاڭ تيەنچى چېدىردىن چىقىپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

— تېز ئۇيقۇڭلارنى ئېچىڭلار! سىرتقا چىقىپ چېدىرلارنى تۇتۇۋېلىڭلار!

قاتتىق بوران ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرۇپ كەتتى. ھەتتا 1 ـ پەيىنىڭ چېدىرىدىن چىققان خۇا لاۋيۆمۇ ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىيالمىدى. ۋاڭ تيەنچى ئامالسىز ئۇنىڭ

يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ:

— تېز پۈشتەكنى چېلىڭ، تېز بولۇڭ ! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇلار كېچىككەنىدى، رەھىمسىز بوران ئۇلارنىڭ چېدىرىنى يەردىن كۆتۈرۈپ، كۆككە ئۇچۇرۇپ كەتتى. ئەسكەرلەر شۇندىلا ساراسىمىگە چۈشۈپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.

— يوتقاننى يېپىنىپ يەردە يېتىۋېلىڭلار.

ئەسكەرلەر ۋاڭ تيەنچىنىڭ دېگىنى بويىچە يەردە ئۇچۇپ يۈرگەن يوتقانلارنى تۇتۇپ كېلىپ، يېپىنىپ يەردە ياتتى. چېدىردىكى سومكا، داسلار ھەر يەرلەردە ئۇچۇپ يۈرەتتى. تېخىچە ئۆزە تۇرغان خۇا لاۋيۈ چېدىر ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئەنە شۇنداق نەلەرگىدۇر ئۇزىتىپ قويدى.

بۇ چاغدىكى خۇا لاۋيۈ لايدىن ياسىغان ھەيكەلگە ئوخشاپ قالغان، ئۇستىبېشىنى توپا - چاڭ بېسىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ پەقەت كۆزىلا پارقىرايتتى، كىرپىكلىرىگە قونغان توپا - چاڭنى قولى بىلەن سۈرتۈۋىدى، ھېچقانچە ئۈنۈمى بولمىدى ۋە يېڭىنىڭ پاكىز يېرى بىلەن باشقىدىن سۈرتتى.

ئەسكەرلەر توپىغا كۆمۈلۈپ كەتكەچكە، بۇ جاي خۇددى بىر قەبرىستانغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. بۇ چاغدا خۇا لاۋيۈنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل قورقۇنچلۇق خىيال چىرمىۋالدى. ئۇنىڭغا ئەسكەرلەر بىراقلا ئۆلۈپ، ئۆزى يالغۇز قالغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ئالدىراش توپىنى قايرىپ يوتقاننى تارتىپ چاقىردى: «فاڭ كۇەن!» تەڭرىگە تەشەككۈر ! ئۇ ھايات ئىكەن. خۇا لاۋيۈ باشقىلارنىمۇ تارتىشقا باشلىدى. ئۇ يەتتە ئادەمنى تۇرغۇزۇپ بولغاندا، بوران ئاستا - ئاستا پەسەيدى، بىراق بىر ئەسكەر ئورنىدىن تۇرالمىدى. خۇا لاۋيۈ ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ ۋارقىرىدى.

ھېلىقى ئەسكەر قايىقىنى مىدىرلىتىپ قويۇپ يەنە جىمىپ كەتتى. ئۇ كۆزىگە كىرىپ كەتكەن توپىنىڭ ئاچچىقىدىن كالپۇكىنى چىشلەپ قانىتىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن قولىنى

كۆتۈرۈپ سۈرتۈشكە ئامالسىز قالغانىدى. بۇ چاغدا شۇ رۇدا ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى ۋە ئۇ ئەسكەرنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتەلەيدىغاندەك، ئەسكەرنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى ئېتىپ سىلكىشتۇرۇشكە باشلىدى. خۇا لاۋيۈ شۇ رۇداغا ۋارقىرىدى:

— تېز بول، ۋاڭ تيەنچىنى ئىزدە!

بۇ چاغدا ۋاڭ تيەنچىمۇ ئورنىدىن تۇرغان، ئۇستىبېشىدىكى توپىلارنى قېقىۋاتاتتى. ئۇ شۇ رۇدانىڭ كەينىدىن ھېلىقى ئەسكەرنىڭ يېنىغا كەلدى.

— قانداق قىلىمىز؟

— قەبرىنى كولاپ قويغان، كۆمۈۋەتسەكلا بولىدۇ.

— ئۇ ئاغرىپ قالدى.

— ئۆلۈش ئالدىدىكى ئادەمنى داۋالاپ نېمە قىلىمىز؟

خۇا لاۋيۈ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. شۇ رۇدا ئېڭىشىپ ھېلىقى ئەسكەرنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئاڭلاپ بېقىپ، چۆچۈپ كەينىگە داجىپ كەتتى.

— قانداقراق؟ — خۇا لاۋيۈ شۇ رۇدانىڭ ئاغزىدىن بىرەر ئۈمىدكە ئېرىشمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭغا قارىدى. شۇ رۇدا يىغلاپ تاشلىدى.

— بولدى يىغلىما! ئۇ تېخى ئۆلمىدى... — خۇا لاۋيۈ تەلۋىلەرچە ۋارقىراشقا باشلىدى ۋە ھەممە ئادەمنى ئۇنى ئوراپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى، ئۆزى بولسا بىر چەتكە چىقىپ ئولتۇردى.

ئۆلۈم ئۈچۈن ئانچە ئاھ ئۇرۇپ كەتمەس بولۇپ قالغان ۋاڭ تيەنچى ئالدىراش بولۇپ كەتتى، ئۇ ئەسكەرلەرگە جەسەتنى قەبرىستانغا ئاپىرىشقا بۇيرۇدى. ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ چىقىۋاتقان يىغا ئاۋازى ئىچىدە خۇا لاۋيۈ يەنە بىشىنى چاڭگاللىدى، بىراق ئۇنىڭ چاڭگاللىغۇدەك چېچىمۇ قالمىغانىدى...

قاراڭغۇ چۈشتى. رەھىمسىز بوراندىن كېيىن چىققان ئاي

ئىنتايىن چوڭ ھەم يورۇق ئىدى. سەپدىشىنى كۆمۈپ قويۇپ قايتىپ كەلگەن ئەسكەرلەر خۇا لاۋيۆنىڭ ئالدىغا كەلدى. خۇا لاۋيۆ باشقىچە ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئۇلارغا بۇيرۇق قىلدى:

— سىلەر ئەمدى كەتسەڭلار بولىدۇ.

— سىزچۇ؟ سىز كەتمەمسىز؟ — سورىدى شۇ رۇدا.

— مەنمۇ كېتىمەن، بىراق سىلەر بىلەن كەتمەيمەن، بۇ يەردە قىسىمنىڭ چېكىنىش بۇيرۇقىنى ساقلايمەن.

جۇ دۇڭشيا قىستىلىپ ئالدىغا چىقتى.

— مەن سىز بىلەن بىللە ساقلاي.

— ھەممىڭلار كېتىڭلار، قايتىپ بېرىپ يۇقىرىدىكىلەرگە سىلەرنى مېنىڭ قوغلىۋەتكەنلىكىمنى ئېيتىڭلار.

— ئۇنداقتا بىزمۇ... قايتمايمىز...

— لاۋ شۇ، جاھىللىق قىلما، يەنە ئادەم ئۆلۈشى مۇمكىن.

— بەربىر ئۆلۈپ بولدى.

— بۇ مېنى ئەيىبلىگىنىڭمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس...

— مۇئاۋىن ليەنجاڭ، باشقىلار ئۆلۈمدىن قورقمىغان يەردە بىزمۇ قورقمايمىز دېمەكچى.

— سىلەر ئۆلسەڭلار بولمايدۇ! — خۇا لاۋيۆ جۇ دۇڭشياغا قاراپ ۋارقىرىدى.

— بىراق، ئۆلۈمدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

— ئادەم ئۆلدى، مەن مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلالمىدىم. ھازىر بىئارام بولۇۋاتىمەن. ھەممىڭلار مەن بىلەن بىر گەۋدە، بىرىڭلار ئۆلسەڭلار ماڭا پىچاق سانجىلغاندەك بولىدۇ. ئەمدى ئادەم ئۆلسە بولمايدۇ، ئۆلۈشۈڭلارغا يول قويمايمەن. ئىككى ئادەم ئۆلۈپ بولدى. بىراق، مەن يەنە ھايات تۇرۇۋاتىمەن، — خۇا لاۋيۆ سۆزلەۋېتىپ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى ۋە، — ما داچۈن، ھېلىقى پىچىقىڭنى ئەكەل! — دەپ ۋارقىرىدى.

ما داچۈن نىمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى ۋە خۇا لاۋيۆ

يەنە بىر قېتىم ۋارقىرىغاندىن كېيىنلا يۇدۇۋالغان سومكىسىدىن پىچىقنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

خۇا لاۋيوڭنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ يېڭنى تۇرۇۋېتىپ، پىچاقنىڭ ئۇچى بىلەن بىلىكىنىڭ ئىككى يېرىنى كەستى، قان تامچىلاشقا باشلىدى. ما داچۇن شۇندىلا خۇا لاۋيوڭنىڭ قولىدىكى پىچاقنى تارتىۋالدى. فاڭ كۇەن يۈگۈرۈپ بېرىپ قان ئېقىۋاتقان جايىنى تۇتۇۋالدى ۋە ئېقىۋاتقان قاننى يېڭى بىلەن سۈرتۈشكە باشلىدى. خۇا لاۋيوڭ يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى ۋە كۆپچىلىككە:

— بىرىڭلار ئۆلسەڭلار، بىر قېتىم كېسىمەن، ناۋادا ھەممىڭلار ئۆلۈپ كەتسەڭلار، مەنمۇ بەدىنىمنى جېنىم چىققۇچە كېسىمەن، مەن يالغۇز قالسام بولمايدۇ، سىلەردىن ياخشى ياشىسام تېخىمۇ بولمايدۇ.

ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى. بۇنداق چاغدا ھېچكىممۇ ئۇنى تاشلاپ كەتمەيدۇ. بۇرۇن ئۇنىڭغا ئۆچ بولغان، ھازىرمۇ يەنىلا ئۆچ بولسىمۇ ئۇنى تاشلاپ كەتمەيدۇ. ئەلۋەتتە، بەزىدە قوپاللىق ۋە ياۋايىلىقمۇ كوللېكتىپنى ئۇيۇشتۇرىدىغان كۈچكە ئايلىنىپ قېلىشى تەبىئىي !

— ئەمدى قايتىدىغانلار بولسا قايتىڭلار، قېلىشنى خالايدىغانلار بولسا قېلىڭلار.

— ليەنجاڭ، بولدى، گەپ قىلماڭ، — جۇ دۇڭشيانىڭ كۆزىگە لىق ياش تولدى.

ما داچۇن جۇ دۇڭشياغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ يەرگە تۈكۈردى، ئۇ ھازىر كۆڭلىدىكى بىئاراملىقنى پەقەت مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىقلا ئىپادىلىيەلەيدۇ. ئۇ قانداقتۇر بىر خىل خورسىنغان ئاۋازنى ئاڭلاپ كەينىگە قارىدى. يىراق بولمىغان جايدا ۋاڭ تيەنچى ئۆزىنى شامالغا تۇتقان ھالدا تۇراتتى. يېنىدا تۇرغان فېڭ گاۋچۈەن كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ:

— ھەممىسى ساراڭ بوپتۇ، نەدىمۇ بۇنداق كوللېكتىپ

ئۆلۈۋالىدىغان ئىش بار. ئۆلۈۋالىدىغان ئىش بولسىمۇ ئاستا ـ ئاستا، بىر ـ بىرلەپ كەلمەمدۇ؟ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتسە يىغلايدىغانغىمۇ ئادەم قالمايدۇ ـ دە، — دېدى.

— قالايمىقان جۆيلىمە! — ما داچۈن غەزەپ بىلەن مۇشتۇمىنى تۈردى. ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئويلاۋاتقان ئادەمگە بۇنداق ئاچچىقلانغانلىقىنى بىلمەيتتى.

جۇ دۇڭشىيا ما داچۈننى تۇتۇۋېلىپ:

— ئۇ توغرا دەيدۇ، بىز يەنىلا ئۆلۈمنى ئويلىمايلى، — دېدى.

— سېنىڭلا توغرا، — ما داچۈن ئۇنى سىلكىشلىۋەتتى.

خۇا لاۋيۈ جۇ دۇڭشىيانىڭ سۆزىنى قوللىغاندەك ئۇنىڭغا قارىدى.

ھەممە جاينى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى، بورانىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىمۇ بېسىقتى، ۋاڭ تيەنچى بىر دۆۋە كالا تېزىكىگە ئوت يېقىۋىدى، قىزىل رەڭلىك ئوت يالقۇنى چەكسىز دۇنيانىڭ مەركىزىگە ئايلانغاندەك ھەممەيلەن شۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى.

## ئىككىنچى باب

# روھلار دۆلىتى

ھېلىقى يىلى باش قىشتا گېئېرمۇدىن لىخاساغىچە سوزۇلغان ماي توشۇش تۇرۇبا لىنىيەسىدە قۇرۇلۇش تۇەنىدىكى تۆت قۇرۇلۇش يىڭىنىڭ يىڭ ئىشتابى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ئون ئالتە ئەترەت ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇلۇش نۇقتىسىغا كىرىپ كەلدى. ۋاھالەنكى، يېرىم ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سەككىز ئەترەت چېكىنىپ كەتتى، بۇ سەككىز ئەترەت ئايرىم ـ ئايرىم فېڭخۇ تېغى، كوئىنلۇن تېغى، تاڭگۇرا تېغى ۋە شىزاڭنىڭ شىمالىدىكى ئادەمزاتسىز لىنىيەگە جايلاشقان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قۇرۇلۇش 1 ـ، 4 ـ، 5 ـ ۋە 7 ـ ئەترىتىدىن باشقا دېڭىز يۈزىدىن بەش مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى باشقا ئەترەتلەر تېخى رەھىمسىز تەبىئەتنىڭ تاسقاپ تاللىشىغا ئۇچرىمىغانىدى. ئۇلار مەغلۇپ بولغانىدى. ھەتتا بەزى ئەترەتلەر مەنزىلگە يېتىپ بارماستىن تۇرۇپلا مەغلۇبىيەتنىڭ تامغىسى ئۇلارنىڭ تەقدىر ـ پېشانىسىغا ئۇرۇلۇپ بولغانىدى. قۇرۇلۇش 6 ـ ئەترىتىدىكىلەر شىزاڭنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىككە يېتىپ بارغۇچە بولغان مۇساپە داۋامىدا، بىرنەچچە سەپدىشىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، تەبىئىيكى، يول ياقىسىنى بويلاپ يېڭىدىن بەش قەبرە بۇ زېمىنغا تەۋررۈك بولۇپ قەد كۆتۈردى. بۇ بەش سەپداشنىڭ ئۆلۈمى تولىمۇ سىرلىق، ئۆلۈم سەۋەبىنى ئېنىقلاش ھەققىدىكى بارلىق

ئۇرۇنۇشلار بىكارغا كەتكەن، تالاش ـ تارتىشلار تىرىكلەرگە بىر تەرەپتىن ۋەھىمە ئېلىپ كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن مەغلۇبىيەت قەدىمىنى تېزلىتەتتى، ئۆلۈم ـ يىتىم ئەھۋالىدىن قارىغاندا، نيەنچىڭ ـ تاڭگۇرا تېغى قورۇلۇش ئورنى 8 ـ ئەترەتنىڭ ھەممىدىن ئېغىر، جەمئىي ئون جەسەت قاتار ياتقۇزۇپ قويۇلغان، ئارىسىدىكى بىرى مۇئاۋىن ليەنجاڭنىڭ جەسىتى ئىدى. ئۇلارنىڭ جېنىغا ئىچىملىك سۇ زامىن بولغان، يەنى روھلار دۆلىتىدىكى ئەجەل كۆلىنىڭ سۇيىدىكى توكسىننىڭ ھاياتلىقنى رەھىمسىزلەرچە ئىنكار قىلىشى ئىدى. ئەكسىچە ۋەھىمىلىك مۇز تۇتماس كۆل بۆلىكىدە، ئادەم تېنىنى ئىختىيارسىز شۈركۈندۈرىدىغان بىر خىل كېسەل توسالغۇسىز يامراپ كەتكەن، 3 ـ ئەترەتتىكىلەرنىڭ يېرىمىنىڭ دېگۈدەك پاقالچاق سۆڭەكلىرى تولغىشىپ، مۇسكۇللىرى قىسقىراپ، پەي ۋە تومۇرلار ئالمىشىپ پەقەت ئۆز پۇتلىرىنى كېسىۋەتسىلا، كۆز ئالدىدىكى ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇپ قالغىلى بولىدىغاندەك ۋەھىمە ئىلكىدە تەڭرىگە ئىلتىجا قىلاتتى. تەبىئەتنىڭ ھاياتلىققا بولغان سىرلىق ۋە تەسۋىرلىگۈسىز چەكلىمىسى كوئىنلۇن تېغى كىندىك رايونىدا ھەقىقىي ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. 2 ـ ئەترەتتىكى ئۈچ ئەسكەر قونالغۇدىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ياۋا ئات بۇلىقىدىن ئىچىملىك سۇغا كېلىپ، ئاقىۋەتتە، كۆل ئوتتۇرىسىدا خۇددى شاھمات ئۇرۇقلىرىدەك لەيلەپ قالغانىدى. يەرلىك چارۋىچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنى كوئىنلۇن تېغىنىڭ ئالۋاستىسى جەھەننەمگە يولغا سالغانمىش. چۈنكى، ئۇلاردا مۇقەددەس كۆلگە ھۆرمەت قىلىشقا نىسبەتەن زەررىچىمۇ ئالڭ بولمىغاچ، يەنى كۆلدىكى مەيىن دولقۇنغا ھاقارەت كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشقا ھەقلىقمىش. يەنە بىر ئەترەت ھەتتا قورۇلۇش ئورنىغا يېتىپمۇ بارالمىغانىدى. ئۇلار ئەسلىدە كوئىنلۇن تېغى ۋە تاڭگۇرا تېغىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىپايان دالادا ئېزىپ قېلىپ، نەق بەش

كۆن قارىغۇلارچە ئىمىسقىلاپ يۈرۈپ، ئاخىر يىراق بىر يەردە پالىلداۋاتقان كۆك رەڭدىكى چىراغ نۇرىنى بايقىغانىدەك قىلىپ، ئالدىراپ بارغان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىگەنىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئەمدىلىكتە ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئۇستىخانلىرى تولۇپ كەتكەن، دائىرىسى بىرەر كىلومېتىر كەلگۈدەك چوڭقۇرلۇق تۇراتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار تۆت كۈن ئىلگىرى بۇ يەردىن بىر قېتىم ئۆتكەنىدى. شۇ چاغقىچە ئۇلاردىن ئۈچ ئەسكەر ئېزىپ قېلىپ ئاللىبۇرۇن جېنىدىن ئايرىلغانىدى. قايسىبىر چاغلاردىن قالغان جەسەت ئۇستىخانلىرىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان كىشىنى جەلپ قىلغۇدەك ئۆزگىچە نۇر ۋە قانداقتۇر كىشىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەس نەرسىلەر ئۇلارغا ھاياتلىق يولى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. دېمەك، ئۇلار گېئېرمۇدىن ئەڭ دەسلەپتە چېكىنگەنلەر بولۇپ ھېسابلىناتتى، مەغلۇبىيەت يولى تېخىمۇ جاپالىق بولىدۇ! كۆڭۈل پەرىشان، كەيپىيات سۇنۇق، جىسمانىي كۈچمۇ ئاساسەن خوراپ تۈگىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچە ـ كۈندۈز بولۇۋاتقان قەھرىتان سوغۇق خۇددى مېھىر ـ شەپقەتسىز ئاپپاق قولىنى ئۇزارتىپ تۇرغان ئەزرائىلدەك ئۇلارغا ئازراقمۇ ئارام بەرمەيتتى، گېئېرمۇدىن چېكىنگەن بارلىق ئەترەتلەر مەغلۇبىيەت مۇساپىسى داۋامىدا، نۇرغۇنلىغان سەپداشلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتى قۇرۇلۇشىنىڭ توختاپ قالىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى. چاقىرىق، شوئارلار يەنىلا جاراڭلايتتى. ئۆلۈم ئازابى ھامان ئۇنتۇلىدۇ، يېڭى بىر يۈرۈش ھاياتلىقنىڭ يېڭى بىر يالقۇنلۇق داۋامى، ئەلۋەتتە ! بىر ئايلىق تەرتىپكە سېلىش ۋە كادىرلارنى تەڭشەشتىن كېيىن، ئۇلار يەنە بىر قېتىم كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن روھلار دۆلىتىدىن يولغا چىقتى. ئارقىدىن تۆەن ئىشتابى ئېگىزلىكتىن باشتىن ـ ئاخىر ئايرىلمىغان بىرنەچچە ليەننى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ تەقدىرلىدى. يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى، گېلادەندۇڭ مۇزلۇقى

ئىللىق ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە ئېرىپ، بۇلاقلاردىن ھور كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ مەنبەسى بولغان توتو دەرياسى ئۆرلەپ كەتكەن، سوغۇق بەلباغدىكى ئىت ياڭاقلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىر يىللىق بۇرچىنى تاماملاپ بولغانىدى. ھاياتلىق ئويغانغان مانا مۇشۇنداق پەسىلدە بىرىنچى يىڭنىڭ يىڭجاڭچى يۈرەك كېسىلى بىلەن قازا قىلدى. بازىنى چىڭ ساقلاش تۆھپىسى بىلەن بىر ئاي ئىلگىرى مۇئاۋىن يىڭجاڭلىققا ئۆستۈرۈلگەن خۇا لاۋيۈ تەبىئىي ھالدا بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. بۇ ھال ئەينى چاغدا ئەترەتلەرنى گېئىرمۇدىن چېكىندۈرۈپ كەتكەن لىيەنجاڭلارغا نىسبەتەن بىر خىل زەربە ئىدى.

خۇا لاۋيۈ ئاخىر خوتۇنىدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋالدى. گەرچە ئۇ ھازىر يىڭجاڭلىق ۋەزىپىسىدە بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەھەتتە ئۇ يەنىلا باشقا ئاددىي ئەسكەرلەرگە ئوخشاش «سالام خەت ئاچارچىلىقى» ھالىتىدە ئىدى. تۇەن ئىشتابى ھەر ئىككى ئايدا بىر قېتىم جىپ ماشىنىسى ئاجرىتىپ ماي توشۇش تورۇبا قۇرۇلۇشى ئەترىتىدىكىلەرگە خەت ـ خالتا ۋە گېزىت تارقىتاتتى، بۇ يەردىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ئىنسانلار توپىدىن ئەڭ يىراقتا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تاقەتسىزلىك ئىلكىدىكى قاغجىرىغان قەلبىنى ئەلۋەتتە چۈشىنىشكە بولىدۇ. پوچتىكەش ياتاقتىن چىقىپ كېتىشى بىلەن تەڭ، ئۇ لېپاپ ئاغزىنى ئالدىراپ يىرتتى، يۈرىكى تېپچەكلەپ، بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، لېپاپقا چاپلانغان قىزىل يۈزلۈك مايمۇن سۈرەتلىك ماركىنىمۇ يىرتىۋەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. ئۇ سالام خەتنى تەنھا ئولتۇرۇپ ئوقۇپ ھۇزۇرلىنىشنى ياخشى كۆرەتتى، شۇنداقلا باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۆزگىچە تاتلىق ھېسلارغا چۆمۈلەتتى، قولىدىكى تاتلىق ھېس يىراقتىكى دېڭىز قىرغىقىدىن كەلگەنىدى. ئۇنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى ئاشۇ تىنىمسىز شەھەردە ئۇنىڭغا قاراپ ئاجايىپ شېرىن ـ شېكەر

سۆزلەر بىلەن پىچىرلايتتى، لېكىن ئۇ بۇ تىۋىشلارنى ئاڭلىيالامدۇ؟ ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئاڭلاۋاتقىنى باشقا بىر ئاۋاز، يەنى باياشات تۇرمۇش قاينىمىغا غەرق بولغان بىر ئايالنىڭ قەلب ئىزھارى ئىدى.

سېغىنىش ئىلكىدىكى كۆز ياشلىرىم مۇزدەك مەڭزلىرىمنى بويلاپ سىرغىماقتا، ئاشۇ مەڭزلىرىمگە سىزنىڭ لەۋلىرىڭىزنىڭ ئىزناسى بېسىلغان، ئۇ ئىزلار يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەرگىزمۇ ئۆز قىممىتىنى، ھىدىنى يوقاتمايدۇ، چۈنكى مەن ئاسمان چېتىدە پىلىلداپ تۇرغان قىزىل شەپەققە قاراپ، دائىم ئۇنىڭ غايىب بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىلتىجا قىلىمەن. ئاشۇ ئازابلىق ئىلتىجالىرىم ئارقىلىق سىزنىڭ قامەتلىك سىيمايىڭىزنىڭ كۆك ئاسمانغا نەقىشلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمەن. سىزنىڭ ھەققىي يىگىتلەرگە خاس سەممىي خاراكتېرىڭىزنى ۋە ئوتلۇق ھىدىڭىزنى ھېس قىلىمەن. ۋاھالەنكى، سىزنىڭ سىيمايىڭىز، سىزنىڭ ھىدىڭىز كىشىگە ھامان بىر خىل مەۋھۇملۇقتىن دېرەك بېرىدۇ، كۆز ياشلىرىم دەريا بولۇپ ئاقىدۇ، بەزىدە كۆز ياشلىرىم ئاپپاق قەغەز يۈزىگە تامچىلاپ، ئىنتايىن ئۇزۇن بولغان سەپەر ۋە سەپەردىكى نۇرغۇنلىغان مۇشكۇلاتلار ئارقىلىق سىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولغاندا، سىز مېنىڭ كۆز ياشلىرىمنىڭ قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىنكى ھالىتىنى كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟ كۆرەلمەيسىز! سىز قولىڭىزدىكى خەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە قانچىلىك چوڭقۇر ھەسرەت – نادامەتلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ھەرگىز ھېس قىلالمايسىز! مەن بەزىدە ئۆزۈمگە: «پۈتۈن دۇنيا، پۈتۈن جۇڭگودا ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان بىر جۈپلەر ئىنتايىن نۇرغۇن، شۇنداق تۇرۇقلۇق، مەن نېمە ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئازاب ئىلكىدە قىينايمەن؟ ئازابلانماسلىقىم، بەردەم بولۇشۇم، ئۆزۈمنى ھامان ‹سەن ھەربىينىڭ خوتۇنى›» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشۇم كېرەك، دەيمەن، ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا: «مەن ھازىر ئىش بىلمەيدىغان كىچىك قىز ئەمەس، نۆۋەتتىكى تەنھالىقلىرىم ھەرگىزمۇ بەختسىزلىك ئەمەس، بىر خىل شان – شەرەپتۇر !» دەپ جاكارلاۋاتقاندەك ھېسلارغا چۆمۈلىمەن. سىز بىلىسىز، مەن مەززىسىز، لەززىتى يوق تۇرمۇشتىن ئۆزىنى يوقىتىپ

قويدىغانلاردىن ئەمەس، مېنىڭ ياشلىقىم مەڭگۈلۈك ئەمەس، مەن پەقەت بىر ئاياللا بولۇپ قالماي، بەلكى بىر ئەرگە مەنسۇپ بولغان، ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە يۈزلىنەلەيدىغان ئايال، بەزىدە ئۆزۈمگە: «كۈندۈزى ئىشلەپ، ئاخشىمى ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ، ئىككى بالىنىڭ يوقىنى بار قىلىپ، دەم ئالغان كۈنلەردە كېسەل كارىۋىتىدا تولغىنىپ ياتقان ئانىمىزنىڭ يەيدىغان ـ ئىچىدىغانلىرىنى تەييارلاپ، كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىۋاتىمەن. گەرچە ئالدىراش بولسامۇ ھېچقىسى يوق» دەپ پىچىرلاپ قويىمەن. مەن ئەنە شۇنداق ئالدىراش كۈنلەردە، ھاياتنىڭ يەنە بىر ئۆزگىچە مەنىسىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ئۇ بولسىمۇ ئازاب ـ ئوقۇبەت ئۈستىدىن غالىب كېلىش! ئەمەلىيەتتە ئازاب ـ ئوقۇبەت دېگەن ئۇلۇغۋار ھاسىلات. ئازاب ـ ئوقۇبەت ئۆز ـ ئۆزىدىن ئېتىخارلىنىش، ئۆز ـ ئۆزىدىن ھۇزۇرلىنىش، شۆھرەتپەرەسلىكنى قوغلىشىشتەك جەريانلارغا تويۇنغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا، مەن خېتىمدە سىزگە شۇنداق دېمەكچىمەنكى، مەن ھاياجانلانماقتىمەن، چۈنكى ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆلكە بويىچە ئارمىيەنى ھىمايە قىلىپ، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش تېمىسىدىكى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىمەن. ھەرقانداق ئايال كەچنىڭ گۈزەللىكىگە ئالاھىدە ئىنتىزار بىلەن قارايدۇ، ئاشۇ كەچ مەيلى قانچىلىك رەزىل ۋە ساختا، خۇددى بىر جىنايەتچى تۈرمىدە قىينالغاندەك ئازابلىق تۇيۇلسىمۇ، كەچنىڭ كۆكۈچ چىراغ نۇرى ۋە ئازادە، ھال رەڭ كىرىسلو ئۇنىڭغا ئاجايىپ ئۆزگىچە مېھىر ئاتا قىلىدۇ. مەن كەچكە مەنسۇپ، چۈنكى كەچ بولغاچقىلا مەن چۈش كۆرەلەيمەن، چۈشۈمدە سىزنى، قېشىمدىكى ئۇنى كۆرەلەيمەن. لاۋيۇ، ئۇ كېلىۋاتىدۇ، ئۇ كەڭ يەلكىسىنى ئېچىپ ماڭا قاراپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئىللىق، تۇكلۇك مەيدىسى يۈزلىرىمگە ئوتلۇق ھارارەت ئاتا قىلماقتا. ئۇنىڭ دىقماق بارماقلىرى بەدىنىمگە تەگكەندە، خۇددى پىيانىنونىڭ مۇزىكا توپچىسىنى ئاۋايلاپ باسقاندەك، يۈرىكىم خۇددى ئاجايىپ ئۆزگىچە كۈينىڭ ئەللەيلىشىدە تېپچەكلىمەكتە. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تەسۋىرلىگۈسىز لەززەت ئىلكىدە لەرزىگە كەلمەكتە. لاۋيۇ، مەن تاقەتسىزلىك بىلەن ئاشۇ سىرلىق ۋە گۈزەل بولغان قەلبىمدىكى دېڭىزغا شۇڭغۇماقتىمەن. لېكىن، مېنىڭ خۇددى دولقۇن كەبى

ھاياجانلىرىمنى ھەرگىزمۇ چەكلەپ مىسكىنلىك ئىلكىدە تولغانغۇم يوق، خېتىمنىڭ ئاخىرىنى تۆۋەندىكى جۈملىلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن: ئۆيدىكى ئىشلاردىن خاتىرجەم بولۇڭ، بالىلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئىنتايىن ياخشى، خىزمىتىڭىز كۆڭۈللۈك بولسۇن، سىزنى سۆيىمەن، مېنىڭ يىگىتىم!

خۇا لاۋيۆ خەتنى يېنىش ـ يېنىشلاپ ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىقىپ: «بىز يېڭى توي قىلغان ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولمىساق» دېگەندەك بېشىنى ئاستا چايقاپ قويدى. چۈنكى، خەتنىڭ مەزمۇنى ئۇنىڭغا تولىمۇ پۇچەك، خۇددى ئاۋغۇست ئايلىرىدىكى تىنىق ئاسمان ئاستىدا ھايۋان ئىزلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن تاشگۇرا چۆلدەك مەنىسىز تۇيۇلماقتا. شۇنداقتىمۇ خەت كەلگەنىكەن، خەت تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئەسلىمىلەر قوينىغا غەرق بولمىقى بەرھەق! پەقەت مانا شۇنداق چاغلاردىلا خۇا لاۋيۆ كىشىنىڭ قەلبىنى بىزار قىلىدىغان قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن بىردەم بولسىمۇ قۇتۇلۇپ قالغاندەك يېنىكلەپ قالىدۇ. ئۇ يەنىلا بىر خىل غەمكىنلىك بىلەن قولىدىكى خەتنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ ئولتۇرۇپ كۆزى تۇيۇقسىز ئۇستەلدىكى يەنە بىر پارچە خەتكە چۈشۈپ قالدى. خەت ئەۋەتكۈچى لېپاپقا ئۇنىڭ ئىسمىنى يازماي پەقەتلا «يىگىتىگە تېگىدۇ» دېگەن خەتنى چىرايلىق قىلىپ يېزىپ قويغانىدى. ئۇ لېپاپنى قولىغا ئېلىپ خەت ئەۋەتكۈچىنىڭ ئادرېسىغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ، لېپاپنىڭ ئاغزىنى يىرتتى، خەت 4 ـ ئەترەتتىكى ئەسكەر ما داچۈننىڭ خوتۇنىدىن كەلگەن بولۇپ، خېتىدە چوڭلارنىڭ كېسەلچان، بولۇپمۇ، داچۈننىڭ ئىككى سىڭلىسىنىڭ تېخى كىچىك، ئۆي ۋە ئېتىز ئىشلىرىغا ياردەملىشەلمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئالدىراشلىقلار بىلەن ئۇلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالالمايۋاتقانلىقىنى تەپسىلي يېزىپ، ئۆزىدىن ما داچۈننى ھەربىي سەپتىن چېكىندۈرۈۋېتىشنى، ھېچ بولمىغاندا، ئۇنىڭغا

بىر ئاي بولسىمۇ رۇخسەت بېرىشىنى ئۆتۈنگەنىدى. خۇا لاۋيۈ خەتنى تولۇق ئوقۇمايلا ئۇستەلگە تاشلاپ قويۇپ، بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن يانچۇقىدىن مۇشۇ ئايلىق مائاشىنى ئېلىپ يېرىمىنى ساناپ ئايرىۋالدى ـ دە، ئالاقچىنى چاقىرىپ خەت بىلەن پۇلنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى ۋە كېيىنكى نۆۋەتتە تۇەن ئىشتابىغا خەت ئاپارغاندا، پۇلنى لىپاپىتىكى ئادرېسقا سېلىۋېتىشنى، پۇلنى كىمنىڭ سالغانلىقىنى ئەسكەرتىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى تاپىلىدى. چۈنكى، ئۇ قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىنى لامزەللە ئىكەن دەپ ئويلاپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ جۇۋسىنى يېپىنىپ، يەڭ ئىشتابى ھويلىسىغا چىقتى. يەڭ ئىشتابى بىر ئاي ئىلگىرى توتو دەرياسى بويىدىن مۇشۇ تاغگورا تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە ياندىشى شىراگىنىڭ شىمالىدىكى ئادەمزاتسىز رايونغا يۆتكەلگەن، 10 ـ ئەترەت قورۇلۇش ئورنى بىلەن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتا كېسەك بىلەن سېلىنغان، ئۈستى تۆمۈر قەلەي بىلەن يېپىلىپ، شاخ ـ شۇمبا بىلەن بىر مېتىر ئەتراپىدا قورشالغان، قورۇلۇش لىنىيەسى بويىچە ئېيتقاندا، خېلى راۋرۇس سېلىنغان بەش ئېغىزلىق ئىشخانا ئىدى. ھەرقايسى ئەترەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقان سىياسىي يېتەكچى جوۋ فېڭجى خۇا لاۋيۈنى كۆرۈپ ئىككى قولىنى يايدى.

— چىراغىنى شامال ئۆچۈرۈپ قويدىمۇ ـ نېمە؟ شۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. قاراڭغۇلۇق بولسا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىمۇ كۆرەلمەيمەن، كېيىنكى ئۆمرۈممۇ خېلى تىنچىپ قالاتتى.

خوتۇنى بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلاردا جوۋ فېڭجى ئەنە شۇنداق ئوچۇق ـ يورۇق، كەڭ قورساق، كەم سۆزلۈكى بىلەن ھەقىقىي ئەزىمەتلەرگە خاس خاراكتېرلىنىپ، باشقىلارغا ياخشى تۇيغۇ بېرەتتى. ئىككى ئاي ئىلگىرى جوۋ فېڭجىمۇ خوتۇنىدىن

خەت تاپشۇرۇۋالغان، كۆزىنى يۈگۈرتە ـ يۈگۈرتمەيلا خۇا لاۋيۆگە تاشلاپ بېرىپ قايناپلا كەتكەنىدى.

— ئوقۇپ باقە، ئۇنىڭ سۆزلىرى قانداقمۇ بىر ھەربىينىڭ خوتۇنىنىڭ سۆزىگە ئوخشىسۇن؟ سەن ماڭا كېرەك، قايتىپ كەل، دەپلا تۇرغان. ئاغزىغا ئۇسۇرۇق ! لېيەندۈيمۇ سەن ماڭا كېرەك دېسە، يىغمۇ سەن ماڭا كېرەك دېسە، ئەمدىلىكتە ئۇمۇ مېنى سەن ماڭا كېرەك دەپ تۇرۇۋالسا، ئەمدى مەن زادى نېمىگە ئوخشاپ قالدىم؟ ھەممىسى تالىشىدىغان قىممەتلىك تۈگۈنچەكمۇ مەن؟ ياكى بۇ دۇنيادىن ئىزدەپمۇ تاپقىلى بولمايدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋانمۇ مەن؟

خۇا لاۋيۆ ئۇ خەتنى ئوقۇغانىدى، ئۇنىڭدىكى بەزى قۇرلار ھېلىھەم ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى: سىز ماڭا خەت ئارقىلىق مەيلى قانداقلا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈڭ، مېنىڭ پەرۋايىم پەلەك! سىياسىي يېتەكچى بولدۇم دەپ گىدىيىپ كەتمەڭ، باش قوماندان بولۇڭ، بومبا بولۇپ جاھاننى لەرزىگە سېلىڭ، ھەربىي بايراق بولۇپ كۆكتە لەپىلدەپ كېتىڭ، مېنىڭ بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق، مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم، سىزنىڭ بالدۇرراق قېشىمغا قايتىپ كېلىشىڭىز توغرىسىدىكى خەۋەر! ماڭا كېرىكى ئېرىم، بەلكى جۇنجاڭ، تۇەنجاڭ، سىياسىي يېتەكچى ئەمەس، پەقەت سىز!

— شۇنداقمۇ، خوتۇنۇڭغا ئاشۇ ھەربىي ئۇنۋانلارنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئۇلار ئۈچۈن پەقەت شاھمات سورۇنلىرىدا ئاشۇ ئۇنۋانلار ئەسقېتىپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن ئىككىڭلار شاھمات ئويناۋاتمايسىلەر، بەلكى پەرزەنت كۆرۈش، خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن خوتۇنۇڭ شۇنداق دەپ سېنىڭدىن ئۆتۈنۈۋاتىدۇ.

خۇا لاۋيۆ ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق دەپ چۈشەنچە بەرگەنىدى. لېكىن، ئۇنىڭ باشقىلارغا نەسىھەت قىلىشقا نېمە سالاھىيىتى بولسۇن؟ ئۇ چاغدا جوۋ فېڭجى ئۇنىڭدىن سورىغانىدى:

— ئەگەر سەن مۇشۇنداق ئىشقا دۇچ كەلسەڭ، قانداق

قىلالاتتىڭ؟
خوۋا لاۋيۇ بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن سالماقلىق بىلەن جاۋاب بەرگەنىدى:
— ئازراق پۇل ئەۋەتىپ شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرەتتىم، ئاياللارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغىنىڭ ياخشى، ئارىلىشىپ قالدىڭمۇ، بولدى، ھەرگىز باشقا ئاچىقالمايسەن.
— پۇل؟ ئۇنىڭ پۇلغا ئازراقمۇ ئېھتىياجى يوق. چۈنكى، ئۇنىڭ مائاشى مېنىڭكىدىن خېلىلا كۆپ، پۇل ئارقىلىق تەسەللىي بېرىش ھەقىقەتەن كۈلكىلىك بولۇپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىز خوتۇنلىرىمىز ئارقىلىق تەسەللىگە ئېرىشىشىمىز كېرەك ئىدى، بولدىلا، بۇ ئىشلارغا باش قاتۇرۇشقا نەدىمۇ چولام بولسۇن؟
خوۋا لاۋيۇ شۇ ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەچ سۆز باشلىدى:
— سەن ئۇنىڭغا خەت يازغانمىدىڭ؟
— يازغانىدىم، خېتىمدە ئېنىق قىلىپ ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىمنى، چۈنكى مەن ۋەزىپە ئۈستىدىكى ھەربىي ئىكەنلىكىمنى يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتكەنىدىم.
— ئۇنداقتا ئۇنىڭ ساڭا خەت يازماسلىقى تەبىئىي، بۇمۇ ئۆزۈڭنىڭ شورى، «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەن ھېكمەتنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسەن.
— مەيلى، مېنىڭمۇ پەرۋايىم پەلەك، بىز تۇغۇلۇشىمىزدىنلا پېشانىمىزغا شۇنداق پۈتۈلگەن. بولمىسا بۇ ئىككىمىزلىككە ھەرگىزمۇ كەلمىگەن بولاتتۇق. بۇ ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىمنى ئالدىن بىلگەن بولسام ھەرگىزمۇ تۆرەلمىگەن بولاتتىم، — جوۋ فېڭجى ئەلەم بىلەن مۇشتۇمىنى تۈگدى ۋە قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ماڭدىم، خوتۇن دېگەن قانچىلىك نەرسىدى؟ يەنىلا سەپداشلارنىڭ قېشىغا بارغىنىم تۈزۈك.
ئۇ بۈگۈن قىرىق كىلومېتىر يىراقلىقتىكى 1 ـ ئەترەتنىڭ

قۇرۇلۇش ئورنىغا بارماقچىدى. ئۇ يەر ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى ئائىلىسىدەكلا مېھرىلىك ئىدى. لېكىن، ئالدىراشلىقتا ئۇ يەرگە بارمىغىلى بەش ئاي بولۇپ قالغانىدى. راستىنى دېگەندە، ئۇ 1 ـ ئەترەتتىكىلەرنى بەكلا سېغىنغانىدى. خۇا لاۋيۇ بولسا 4 ـ ئەترەتكە بېرىشنى ئويلىشىپ قويغانىدى. چۈنكى، ئۇ يېڭىجاڭلىقتا تەيىنلەنگەندىن بۇيان ئۇ يەرگە پەقەت بىرلا قېتىم بېرىپ باققان، بۇنىڭغىمۇ ئىككى ئاي بولۇپ قالغانىدى. تۆەن ئىشتابى تەشكىلات خادىمى لى شياڭگونى 4 ـ ئەترەتنىڭ سىياسىي تەربىيەچىلىكىگە ئۈستۈرگەندە، لىيەنجاڭ ۋاڭ تيەنچىمۇ بىرلىكتە ئۈستۈرۈلگەنلەرنىڭ قاتارىدا ئىدى. ئۇ ئالدىنقى قېتىم 4 ـ ئەترەتكە بارغاندا ئاساسلىقى ۋاڭ تيەنچى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغانىدى. ئەسلىدە ئۇ ۋاڭ تيەنچىنى ئۆزى بىر قوللۇق تەۋسىيە قىلغان، چۈنكى ۋاڭ تيەنچىنىڭ خاراكتېرىگە كەسكىنلىكمۇ، شۇنداقلا بىر خىل سۇر ـ ھەيۋىمۇ مۇجەسسەم بولۇپلا قالماي، بۇ ئېگىزلىكتىكى تۇرمۇش تەجرىبىسىگىمۇ مول ئىدى. ئەسكەر باشقۇرۇشتا شەپقەتسىزلىك بىلەن سوغۇققانلىق بولمىسا ھەرگىز بولمايدۇ، ئەلۋەتتە! ئەينى چاغدا قۇرۇلۇش ئەترىتىدىكىلەر يېمەك ـ ئىچمەكنى ئۆزلىرى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىپ، ھەربىي بېكەتمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغاچقا، ۋاڭ تيەنچى ئىشتاتنى ساقلاپ قېلىش ياكى كەسىپ ئالماشتۇرۇش ۋەزىيىتىگە دۈچ كەلگەنىدى. خۇا لاۋيۇ ۋاڭ تيەنچىنى ئىزدەپ، ئۇنىڭغا قىسمدا قېلىپ لىيەنجاڭ بولۇپ ئىشلەش خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ۋاڭ تيەنچى ئەينى چاغدا كەسكىنلىك بىلەن مۇنداق دېگەنىدى:

— قالسام قالاي، لېكىن مەن تۆەنجاڭ بولۇشۇم كېرەك.

خۇا لاۋيۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتكەنىدى.

— بۇرادەر، مەن بىلەن گەپ تالىشىۋاتامسەن ـ قانداق؟ ياخشى ئىشلىسەڭلا، مەن سېنى باش مەسلىھەتچىلىككە تەۋسىيە قىلىمەن.

لېكىن، ۋاڭ تيەنچىنىڭ سالامەتلىكى يار بەرمەي، تېخى بىرەر نەتىجە كۆرسىتىشكە ئۈلگۈرمەيلا، ئەترەتتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ قېتىم ئۇ تۇەن ئىشتابى چاقىرغان يىغىندا تۇيۇقسىز ھوشىدىن كېتىپ، گېئېرمۇ رايونىدىكى ھەربىي دالا دوختۇرخانىسىغا داۋالىنىشقا ئەۋەتىلىپ، ھازىرغىچە ئىزچىل داۋالىنىۋاتاتتى، ھەربىي بېكەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، فېڭ گاۋچۈەن خۇا لاۋيۈنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىپ 4 - لىيەن 1 - پەيگە پەيجاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى، بىراق بارلىق تۇەن ۋە لىيەنلەردە كادىرلار يېتىشمەسلىك ئەھۋالى بەكلا ئېغىر بولغاچقا، ئۇ ئاز ئۆتمەي 3 - يىڭ 1 - لىيەنىڭ مۇئاۋىن لىيەنجاڭلىقىغا تەيىنلىنىپ، كۆزى قىيمىغان ھالدا 4 - لىيەندىن ئايرىلغانىدى.

ئاددىي كۆز بىلەن كۆرۈپ ھېس قىلغاندا، تاڭگۇرا تېغىنىڭ ياز بىلەن قىش پەسلىنىڭ تازا چوڭ پەرقى يوق ئىدى. كەڭ كەتكەن چۆللۈك ھېلىھەم تىمتاسلىق ئىلكىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى. بىپايان كەتكەن ئۇپۇق بۇلۇتلار ئارا جارىبىدار كۆرۈنەتتى، ئاشۇ بۇلۇتلار ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغلار، چوققىلار كىشىگە ئۆزگىچە گۈزەل تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى. قىشلىق ئۇچەكتىن كېيىنكى ياۋايى ھايۋانلار ئۆزلىرىنىڭ ماكانلىرىدىن ئاستا چىقىپ، سىرلىق ھالدا ئىنسانلارنىڭ نەزەر دائىرىسىگە كىرىپ كەلدى. ياز پەسلىنىڭ غەمكىن تىۋىشلىرى بەجايىكى، قىش پەسلىدىكى نادامەتنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلۈشى ئىدى. يەر شارىنىڭ ئۆگزىسى بولغان يېگانە ئېگىزلىك بىردەملىك ئىچىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە مەنىستىمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراۋاتقاندەك، گويا پەسىل پەيزى بىلەن ئوينىشىۋاتقان ۋاقىت قەدىمىگە ماسلىششقا كۆنمەيۋاتقاندەك تىمتاسلىق ئىلكىدە ئىدى. بىراق، تۇرلۇك سەۋەبلەرنىڭ تەسىرىدە، بىلىپ - بىلمەي دېگۈدەك چۆللۈكتىكى كىشىلەرگە يېقىنلىشىپ، تەبىئەت ئاتا قىلغان تۇرلۇك - تۈمەن تىۋىشلارغا ئىختىيارسىز قۇلاق سېلىۋاتقاندەك

هالەتتە ئىدى. ئەجەبا، بۇلۇتلار تاغلارنىڭ ئارقىسىدا تىۋىشسىز هالدا ئېنېرگىيە توپلاۋاتامدۇ؟ ئۇنداق بولمىسا، ئاۋۇ ئاپپاق رەڭلەر نېمە ئۇچۇن تېخىمۇ جىلۋىدار؟ مەيىن شاماللار يامغۇر هىدىدىن خەۋەر بەرمەكتە. ئەكسىچە، يەر قاتلاملىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدا مۇز پارچىلىرىنىڭ ئېرىگەندىكى يېقىملىق ناخشىلىرى چۈللۈكتىكىلەرگە ئارامبەخش تۇيغۇسى ئاتا قىلماقتا. ئادەمگە هۇزۇر بېغىشلايدىغان پۇراقلار خۇا لاۋيۆنىڭ تۇيغۇسىنى غىدىقلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا خۇددى ئايالارنىڭ سېھىرلىك ناز - كەرەشمىلىرىدەك مۇھەببەتلىك تۇيۇلماقتا...

خۇا لاۋيۆ تەخمىنەن سائەت ئونلار ئەتراپىدا 4 - ليەنگە يېتىپ كەلدى. ليەندىكىلەر تېخى ئىشقا چۈشمىگەن، ئەسكەرلەر خۇددى شاهمات تاختىسىدىكى ئورۇقلاردەك چېچىلغان هالدا، چېدىر ئالدىدا سىياسىي يېتەكچى لى شياڭگونىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتاتتى، ئۇلار ئەلۋەتتە جازاغا تارتىلىشقا تېگىشلىك بىر توپ لايغەزەللەرگە ئوخشاپ قالغانىدى. سىياسىي يېتەكچى ئۆز ۋاقتىدا تاماققا چىقمىغان، دەل ۋاقتىدا ئىشقا چۈشمىگەن قىسمەن ئەسكەرلەرگە تەنبىھ بېرىپ مۇناسىۋەتلىك قائىدە - تۈزۈملەرنى كۆچەيتىش توغرىسىدا كۆچەپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ ما داچۈن ۋە تيەن جيافاڭلارنىڭ ئىسمىنى مىسال قىلىپ ئالدى. ئۇ داۋاملىق سۆزلىمەكچىدى، لېكىن يېڭجاڭنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەسكەرلەرگە قاراپ تېخىمۇ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى:

— دىققەت! — لى شياڭگو قائىدە بويىچە خۇا لاۋيۆنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، سالام بەردى، — دوكلات يېڭجاڭ...

— بولدى، بولدى! — خۇا لاۋيۆ سالام ياندۇرماي باشتا لى شياڭگونىڭ ئۈلترا بىنەپشە نۇرنىڭ تەسىرىدە تەر تۆشۈكچىلىرى هۆجەيرىلىرى بۇزۇلۇپ قان ئۇيۇپ قالغان يۈزىگە، ئاندىن كەيپىياتى سولغۇن ئەسكەرلەرگە قاراپ قويۇپ قولىنى پۇلاڭلاتتى.

— قېنى، داۋاملاشتۇر.

— يىڭجاڭمۇ دەل ۋاقتىدا كەلدى. يىڭجاڭنى قىزغىن ئالقىشلىرىمىز بىلەن بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلايلى، — لى شياڭگو خۇا لاۋيۈنىڭ ئېغىز ئاچمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇننى تېخىمۇ يۇقىرى چىقىرىپ ئۇنى سۆزلەشكە يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلدى، — يىڭجاڭنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلايلى، قېنى چاۋاك!

ئويلىمىغان يەردىن چاۋاكمۇ تەكشىسىز، جانسىز ئىدى، خۇا لاۋيۈ نائىلاج ئالدىغا ئىككى قەدەم چامداپ، ئادىتى بويىچە گېلىنى قىرىپ قويۇپ، يان تەرەپكە قاراپ تۇكۇرۇپ قويىدى ۋە سۆز باشلىدى:

— ماقۇل ئەمىسە، بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەي، 4 - ليەنگە نىسبەتەن كۆپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى 4 - ليەن ئىلگىرى كۆپ سىناقلاردىن ئۆتكەن زەربىدار ليەن! مېنىڭ ئىلگىرىكى ئائىلەم، — ئۇ ئەمدىلىكتە نېمىلەر توغرىسىدا سۆزلەشنى ئويلىنىپ بولغانىدى، — بىر خىل سىناق بىر خىل روھنى تەۋەللۇت قىلىدۇ. نۆۋەتتە سىلەر زادى قانداق روھنى يېتىلدۈرۈشۈڭلار كېرەك؟ مەن ئويلىنىپ كۆردۈم، بۇ روھ ئەلۋەتتە تۆتتىن قورقماسلىقتەك تاڭگۇرا روھى! بەزىلەر ئېگىزلىكتە ۋەزىپە ئۆتىگەنلەرنىڭ سالامەتلىكى ئاسانلا كاردىن چىقىدۇ، پەرزەنتلىرىگە كۆڭۈل بۆلەلمەيدۇ، خوتۇنىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايدۇ، چوڭلارنىڭ ھالىغا يېتەلمەيدۇ، دەپ قارايدىكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەھۋال شۇنداق. ئەنە شۇنداق ئەزىمەتلەر بىزنىڭ قىسىمدا نۇرغۇن، مەن خۇا لاۋيۈ مەيدەمگە ئۇرۇپ شۇنداق دېيەلەيمەنكى، مەنمۇ دەل شۇلارنىڭ بىرى، سىلەرنىڭ ليەنجاڭمۇ ھەم شۇنداق. بىز ھېلىغۇ تۆتكەن، ئون قىيىنچىلىق بولسىمۇ قورقماسلىقىمىز كېرەك! بىزنىڭ يەلكىمىز ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارنى كۆتۈرۈپ كېتەلەيدۇ. ئەسكەر ئىكەنمىز، ئەسكەردەك جاسارەتكە ئىگە بولۇشىمىز،

ھەممىدە بەردەم، دوروس بولۇشىمىز كېرەك. بەزى سەپداشلارنىڭ تونغقان يوقلاش توغرىسىدىكى ئىلتىماسى تەستىقلانمىسا ئائىلىسىدىكىلەرنى ماڭا خەت يېزىشقا بۇيرۇپتۇ. مېنىڭ كۆڭلۈمنى يۇمشاق دەپ ئويلاپ قالدىڭلارمۇ؟ مەن ئۇنداق كەڭ قورساق، مېھرىبان ئانىلار تائىپىسىدىن ئەمەس، مەن بولسام يىڭجاڭ، ماي توشۇش توروبىسى لىنىيەسىدىكى ئەڭ جاپالىق بۆلەك قورۇلۇشىنىڭ كوماندىرى. مەن ئالدى بىلەن ھەربىر لىيەندىن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قورقماي، ۋەزىپىنى ئوتتۇقلۇق ئورۇنلاشنى تەلەپ قىلىمەن، — ئۇ ئېغىزىدىكى كۆپۈكچىلەرنى سۈرتۈۋېتىپ ھاياجان بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن سىلەردىن ئاددىي بىر سوئال سوراپ باقاي، بىرگە بىرنى قوشسا قانچە بولىدۇ؟ — ئۇ ئالدىدىكىلەرنىڭ تېڭىرقاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تەكرارلاپ سورىدى، — ئىككى بولىدۇ. شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق ! — ئارىدىن بىرى سۆرەلمىلىك بىلەن جاۋاب بەردى.

— خاتالاشتىڭ ! — ئۇ ئۇنلۇك توۋلىدى، — بىرگە بىرنى قوشسا بەش بولىدۇ ياكى نۆل بولىدۇ.

كۆپچىلىك تەئەججۇپ ئىلكىدە ئۇنىڭغا بىرپەس تىكىلگەندىن كېيىن، كۇسۇرلىشىپ مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتى. خۇا لاۋيۈ ئۇلارغا مەغرۇرلۇق بىلەن تىكىلدى. ئۇ شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى لىيەندۈيدە ئۇنى چۈشەنمەسلىكتەك كەيپىياتقا نىسبەتەن ئۇلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن سەممىيلىك ۋە مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش كېرەك، ئەلۋەتتە! ئۇنداق قىلمىغاندا ئىناقلىق، چۈشىنىش ۋە قوللاشقا بولغان ئۇمىد - ئارزۇلار بىراقلا يوققا چىقىشى مۇمكىن. ئۇ كۆپچىلىككە بىر قۇر قاراپ مۇئاۋىن لىيەنجاڭ شۇ رۇدا ۋە بىرنەچچە ئەسكەرنىڭ بىر يەرگە كېلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەر بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاشۇ قاراشلىرىدىن

قەھرىتان قىشنىڭ تەپتى تۇكۇلۇپ تۇرغانلىقىنى بايقىغاندەك قىلدى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ نېمە سەۋەبتىن بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي، ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ لى شياڭگوغا دېدى:

— ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئىشقا چۈشسەڭلار بولىدۇ.

كۆپچىلىك تارقالغانىدى. مۇئاۋىن ليەنجاڭ شۇ رۇدا بولسا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى باشلىقى خۇا لاۋيۈگە پىسەنتمۇ قىلىپ قويماي، باشقىلارغا قارشى يۈنىلىشتە قەدەم تاشلىدى. ما داچۈن ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

— مۇئاۋىن ليەنجاڭ، بۇ سوراقچى بۇرادەر نېمە دېمەكچىدۇ؟

— سەن بىر ئادەم بەش ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلىپ باق، شۇ چاغدا بىلىسەن، — شۇ رۇدا قەدىمىنى توختاتتى.

— چىدىغىلى بولامدۇ؟ ناۋادا يىڭجاڭ مەن قىلغان ئىشنىڭ بەش ھەسسىسىنى قىلالىسا، بىر تەزىم ئەمەس، مىڭ تەزىم قىلىمەن. چارچاپ ئۆلسەممۇ مەيلى.

— تۇك باسماس گەپلەرنى قىلىۋەرمە، ھېلىمىغۇ شۇنداق سۆزلەرنى قىلىۋېرىپ، ئېغىزىڭنىڭ تايىنىمۇ قالمىدى.

ما داچۈننىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ، لەۋلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋەتكەنىدى.

— مۇئاۋىن ليەنجاڭ، بولدى چىچاڭشىما، ئەمەلىيەتتە سەن تۇكى يوق پاراڭلارنى مېنىڭدىنمۇ كۆپ قىلىسەن.

— بولدى قىل، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، — شۇ رۇدانىڭ ئاچچىقتىن قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

— ئەگەر سەن يىڭجاڭلىقتا كۆتۈرۈلسەڭ، مەن ئاغزىمنى چوقۇم پېچەتلەپ، كىچە - كۈندۈز غالچىلىقىڭنى قىلىمەن.

ما داچۈن ئۇنىڭغا قاراپ گۈلىيىپ قويۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلدى. شۇ رۇدا يىڭجاڭنىڭ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار قىسقىغىنا سالام - سەھەت قىلىشىپ، ئۆزئارا

مۇرىلىرىگە ئۇرۇپ قويۇشتى. راست دېگەندە، شۇ رۇدا بۇنداق ياسالما يېقىنچىلىقنى ھەرگىز خالىمايتتى.

— مېنىڭ كەسىپ ئالماشتۇرۇش ئىلتىماسىم تەستىقلاندىمۇ ـ يوق؟ — شۇ رۇدا سۆزلەۋېتىپ: «ھۇ ئالدامچى، ئىلگىرى ئالدام خالتاڭغا چۈشمىگەن بولسام، بۇ ھالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتىم» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— بىز بۇ ھەقتە سۆزلەشمەيلى، مېنى ئىش ئورنىغا باشلاپ بار، كۆرۈپ باقاي.

شۇ رۇدا كەسىپ ئالماشتۇرۇش ھەققىدە جەمئىي ئون تۆت قېتىم ئىلتىماس سۇنغانىدى. بولۇپمۇ مۇشۇ بىر ئايدىن بۇيان ئۇ ھە دېسىلا يىڭ ئىشتابىغا بېرىپ ئىلتىماس تاپشۇراتتى، ئەكسىچە، خۋا لاۋيۆنىڭ بۇ ئىشقا قارىتا ئامالى ئارقىغا تارتىش ئەمەس، بەلكى كارى بولماسلىق ئىدى.

— ئىش ئورنىغا بېرىش ھاجەتمۇ؟ سۇرئەت ئاستا، سۇپىتى ئۆلچەمگە يەتمىگەن، بۇ ھەقتە بىز ئاللىبۇرۇن دوكلات قىلغان، قۇرۇلۇشنى ئادەملەر قىلىدۇ، ئاشۇ ئادەملەرنىڭ مەسىلىسى ھەل بولمىسا قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈشنىڭ يەنە نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟

— سىېنىڭچە قانداق ھەل قىلساق بولىدۇ؟ — خۋا لاۋيۆ ئۇنىڭ چاڭ ـ توزان باسقان ياپراقتەك سولغۇن چىرايىغا قاراپ قويۇپ سورىدى.

— ئالدى بىلەن مەندەك بىر مۇئاۋىن لىيەنجاڭنى چېكىندۈرۈۋەت.

— سېنى چېكىندۈرىمىز؟ ئۇنداق ئاسان ئىش يوق! مەن ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى بولغۇچە ساقلاپ تۇر، ۋاقتى كەلگەندە بىر بۇيرۇق بىلەن ساڭا ئوخشاش لىيەنجاڭ، مۇئاۋىن لىيەنجاڭلارنى بىراقلا چېكىندۈرۈۋېتىمەن. لېكىن، ھازىرچە ئىشلەپ تۇرۇشۇڭ كېرەك. بۇنىڭغا كۆنمىسەڭ، قۇرۇلۇش تاماملانغاندىن كېيىن، مەن ئالدى بىلەن سېنىڭ ئىلتىماسىڭغا

تەستىق سالىمەن.
— ئۇ كەملەرگىچە ياشىيالامسەن؟ — شۇ رۇدا ئەلەملىك تىنىپ قويۇپ، يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ خۇا لاۋيۆگە تاشلىدى.
— قاراپ بېقىپ بىرنەرسە قىلارسەن.
بۇ ئاغزى يېقىندىلا ھىملەنگەن «قۇتۇلۇش خېتى» ئىدى. خەتنىڭ بىرىنچى جۈملىسىلا «مەن ئاخىر قۇتۇلدۇم» دەپ باشلانغانىدى. بىراق، شۇ رۇدانىڭ خوتۇنىنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئۇنىڭ ئاجرىشىشقا قوشۇلۇشى ئەمەس، ھەممىدىن مۇھىمى خوتۇنى ئۇنىڭدىن ئاجراشقاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگىشىپ بېيجىڭغا بېرىپ ئولتۇراقلىشالايتتى. چۈنكى، بېيجىڭغا ئېرى ياكى ئايالى بارلار يۆتكىلەلمەيتتى. خۇا لاۋيۆنىڭ قارىيىپ كەتكەن چېھرىگە قىزىل تۇمان يامراپ، ئىلگىرى ئۇلارنىڭ قارارگاھىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن ھېلىقى بوراندىن نەپرەتلەنگەندەك لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئاياللاردىن نەپرەتلىنىشتەك بىر خىل تۇيغۇ ئۇنىڭ قەلبىدىمۇ باش كۆتۈرۈۋاتاتتى. شۇ رۇدا ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىگە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېدى:
— ناۋادا سەن مېنى دەرھال قويۇپ بەرسەڭلا، ئائىلەمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولىدۇ.
— تېرە تاراقشىتىۋاتامسەن؟ — ئاچچىقلىنىش ئېھتىمال قابىلىيەتسىزلىكنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك، خۇا لاۋيۆ ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋالدى، — يەنە شۇ كونا گەپ، ھازىر كەسىپ ئالماشتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس.
— ئارقا ئىشىك قىلسام بولىدىغاندۇ؟ يىگىجاڭ مەن سېنىڭدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى قويۇپ بەرگەن بولساڭ، ساڭا زادى نېمە لازىم؟ تاماكىمۇ؟ ھاراقمۇ؟ ياكى يەرلىك مەھسۇلاتلارمۇ؟ مەندە بىر دانە ئىپار بار، يەرلىك چارۋىچىدىن ئون پاي ئوقۇقا تېگىشىۋالغانىدىم. ئالامسەن؟ — شۇ

رۇدا ئۇنىڭغا يېلىنىش نەزىرى بىلەن تىكىلدى.
— ئالىمەن! — خۇا لاۋيۇ زەردە بىلەن ۋارقىرىدى.
شۇ رۇدا شۇ ئان يانچۇقىدىن باشتىلا تەييارلىۋالغان كەسىپ ئالمىشىش دوكلاتىنى چىقىرىپ تەڭلىدى:
— ئۇنداقتا باشتا قول قويۇۋەت.
خۇا لاۋيۇ ئۇنىڭ قولىدىكى دوكلاتنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتتى، شۇ رۇدا ئۇنىڭ ئۇزاپ كېتىۋاتقان قاۋۇل بەستىگە ئارقىسىدىن تىكىلگىنىچە يەردىكى دوكلاتنى قاتتىق دەسسەپ، توپىغا پاتۇرۇۋەتتى. ئاسمان كۆك رەڭگە تويۇنۇپ، زېمىنغا نۇر ئاتا قىلىۋاتقان قۇياش ئۆزىنىڭ سەلتەنەتىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتقاندەك بىپايان دالادىكى ھەر خىل جىلۋىلەر ئورتاقلىشىپ تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرىپ، ئەسلىدىكى كۆرۈمسىزلىكلەرنى نەلەرگىدۇر قوغلىۋەتكەندەك قىلاتتى. ئەتراپ ئەنە شۇنداق ساختا تۈسكە كىرگەندى. لېكىن، ساختا قىياپەت ھامان ۋاقىتلىق بولىدۇ، يىگىجاك، بۇنى بىلەمسەن؟ مەن سېنىڭ قەلبىڭنىڭ ئەڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدىكى ھەسرەت - نادامەتلىرىڭنى بەش قولدەك بىلىمەن، سېنىڭ تومۇرۇڭدىكى قېنىڭ، سېنىڭ قەيسەر ئىرادەڭ، رەھىمسىزلىك ئالدىدىكى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىرادەڭ بەلكى يۈرىكىڭنى ئالداۋاتقان بىردەملىك ھاياجان خالاس! ئەينى چاغدا يۈز بەرگەن دەھشەتلىك بوراندىن كېيىن بىز ساڭا ئەگىشىپ مۇشۇ ئۈمىدسىز قاباھەتلىك زېمىندا قالغىنىمىزنى، يەنى رەھىمسىز ۋاقىتنىڭ ئاپپاق نۇقتىسىدا توختاپ قالغىنىمىزنى ئاخىر چۈشەندۇق. بىز ئاشۇ ئاپپاق نۇقتىدىن ئايرىلغىنىمىزدا ۋاقىت ئاخىرقى ھېسابتا رەڭگارەڭ كىشىلىك ھايات تەرەپكە قاراپ كەتكەنىكەن. ئۇنداقتا ھاياتلىق دېگەن زادى نېمە؟ تىپتىنچ كۆلمۇ؟ كۆپكۆك دېڭىزمۇ؟ ۋە ياكى قۇشلار سايراپ تۇرغان بۈك - باراقسان ئورمانمۇ؟ ياكى بولمىسا مېنىڭ يەلكەنسىز كېمەممۇ؟ بىز ياشايمىز، ھاياتلىقنىڭ مېلودىيەسى كۆكتە، تاغ جىنىسلىرى قاتلىرىدا ياڭرايدۇ، بىراق ئاشۇ

مېلودىيە يىتكەن پەيتتە بىزنىڭ كۆرگىنىمىز پەقەت تاشلاندۇق نوتىغىلا ئوخشاپ قالغان بولىدۇ. نوتىنى ھەرگىز قەغەز يۈزىگىلا يېزىپ قويماسلىق كېرەك. ئۇنى ئەلۋەتتە قەبرە تېشىغا يېزىشقا قالدۇرۇپ قويۇش كېرەك. مەن قەبرە تېشىمنى ئاق قالدۇرۇشنى، ئاددىي بىر قارا تاش بولۇپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايمەن. بىر ئۆمۈر ھەسرەت ـ نادامەت ئىلكىدە تىپتىنچ ئۆتۈپ كېتىشنى ئەمەس، كېيىنكىلەرنىڭ قەبرە تېشىمغا گۈللەر قويۇپ ياد ئېتىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. قەددىمىنى تىك تۇتۇپ: «مەن مانا مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك ياشىغان !» دېيەلىشىم كېرەك. لېكىن، ھازىر مېنىڭ ھاياتىم مانا شۇنداق ئېچىنىش ۋە دادلاش ئىلكىدە ئۆتۈپ كەتمەكتە. تۇغۇلۇشتىن ئۆلۈمگىچە ھاياتلىقنىڭ ھەربىر دەقىقىسى ئەلۋەتتە گۈزەللىكنىڭ، ھاياتىي كۈچنىڭ ماكانى بولۇشى، كەسىپ ساليوتلىرى شۇ يەردە كۆككە كۆتۈرۈلۈشى، ماڭا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، مەن ھاياتلىقتىكى ئاشۇ ھەربىر دەقىقىنى ياخشى كۆرىمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈپ كېتىشكىمۇ رازىمەن، دېيەلىشى كېرەك ئىدى. بىراق، يىڭچاڭ سەن بىزنى ئالدىدىڭ، سېنىڭ ۋۇجۇدىمىزدىن تامغۇزغىنىڭ قان ـ تەر ئەمەس، گۆشىمىزنىڭ مەلۇم قىسمى ئەمەس، بەلكى ھاياتىمىزنىڭ پارلاپ تۇرغان كەلگۈسى ! كېلەچەكتىن ئايرىلغان ھاياتلىقنىڭ يەنە نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزدىكىسى پەقەت ئۆلۈم يولى. لېكىن، ئۆلۈمنىڭ مەنىسى ھەرگىز ئوخشىمايدۇ، سەن ئىككى پۇتۇڭدا يەرنى مەغرۇر دەسسەپ، مەيدەڭنى كېرىپ، بېشىڭنى ئىپتىخارلىق بىلەن كۆتۈرەلىگىنىڭدىلا، كۆكتە نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشقا يۈزلىنەلەيدىغان بولساڭلا، ئاندىن بەختلىكسەن ! لېكىن، سەن يۈزلىنىپ تۇرغان قۇياشنىڭ سېنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى، تەبىئەتنىڭ ساڭا دوق قىلىۋاتقانلىقىنى، ھەممىنىڭ نەپرەت بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى بىلمەيسەن، ئاشۇ ئۆچمەنلىكلەردە ھەممىدىن ئارتۇق تىترەك باستۇرىدىغىنى ئاياللارنىڭ يىغىسى بولسا كېرەك. يىغلاۋاتقان

ئاياللار، ئانىلار نېمىدېگەن كۆپ ـ ھە! يىگىجاك، سېنىڭ خوتۇنۇڭ قۇياش ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن چاغلاردا ئۆزىدىن تولىمۇ يىراقتا بولغان، راستىنى ئېيتقاندا، ئۆلۈمگە يۈزلىنىپ تۇرغان ئېرىنى ئەسلەپ، ھەسرەت ئىلكىدە تولغانمامدۇ؟ ئۇنداق قىلمايدۇ دېسەڭ، ئۇ ئەلۋەتتە ئادەم تائىپىسىدىن ئەمەس! مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، سېنىڭ خوتۇنۇڭ مېنىڭ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ خوتۇنلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ جازىبىدار!

شۇ رۇدا ئۆزىنىڭ ئاشۇ خىيالىي ھېكمەتلىرىنى ئەمدىلىكتە بىر دۆۋە خىيالىي جۈملىلەردەك مەززىسىز ھېس قىلىپ ئىختىيارسىز: «ئاناڭنى» دەپ تىللاپ قويىدى ـ دە، 2 ـ پەينىڭ قۇرۇلۇش ئورنىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

خۋا لاۋيۈنى يول ئۈستىدە كىيىم ـ كېچەكلىرى رەتسىز ۋە پاسكىنا بىر ئەسكەر توسۇۋالدى. ما داچۇن ئېغىز ئاچتى:

— يىگىجاك، بىز بىلەن قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىڭ!

خۋا لاۋيۈ بۇ سۆزنىڭ زەھەرخەندىلىك بىلەن ئېيتىلغانلىقىنى سەزمىدى بولغاي، جاۋاب بەردى:

— چوقۇم بارىمەن.

— ئۇنداق بولسا ھازىرلا يولغا چىقايلى، سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز ھەممىمىزنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. 4 ـ لىيەندىكى سەپداشلارنىڭ ھەربىرى ئۆزلىرىنىڭ ئون ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلالايدىغانلىقىنى سىزگە كۆرسىتىپ قويماقچى.

تيەن جياخاڭ دەرھال سۆز قوشتى:

— شۇنداق، يىگىجاك، سىز بېرىپ بىزگە مەدەت بېرىڭ.

خۋا لاۋيۈنىڭ بايىقى قورساق كۆپۈكلىرى ئالللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى ـ دە، قولىنى روھلۇق ھالدا شىلتىدى.

— ماڭايلى!

ئۇلار ئازلا ئۆتمەي قۇرۇلۇش ئورنىغا يېتىپ كەلدى. ما داچۇن ئالدى بىلەن قولىغا چوڭ بىر بازغاننى ئېلىپ خۋا لاۋيۈنىڭ ئالدىدىكى تاشقا قاتتىق بىرنى ئۇرۇۋىدى، تاش بىر چەتكە ئۇچۇپ

كەتتى. بازغان تەسىرىدىن چىققان ئوت ئەتراپقا چاچرىدى، خۇا لاۋيۈ تەئەجۈپ ئىلكىدە ئۇنىڭغا قارىۋىدى، ئۇ شۇ ئان گەپ تەشتى:

— يىڭجاڭ، سىز بىرنى بىرگە قوشسا بەش بولىدۇ، دېگەنتىڭىز، بۇ بىزنى ئۆلۈم يولىغا قىستىغىنىڭىز ئەمەسمۇ؟ بىز قانچىكى كۆپ ئۆلسەك، سىزنىڭ ئەمەلىڭىز شۇنچە تېز ئۆسىدۇ، شۇنداقمۇ؟ بىز پۈتۈن لىيەندىكىلەر بىراقلا ئۆلسەك، سىزمۇ جۇنجاڭلىقتا كۆتۈرۈلىسىز، سىزنىڭ داۋاملىق ئۆسۈشىڭىز ئۈچۈن بىز بۈگۈن بۇ يەردە بىر قېتىملىق سوتسيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزمەكچى. سىز ئەگەر بەش كىشىنىڭ ئىشىنى قىلالىسىڭىز، مەن ئۇتتۇرغان، قايىل بولغان بولاي. بىز بىرقانچىمىز ئۆلگۈچە سىزگە ئەگىشىمىز، 4 ـ لىيەننىڭ ئىشلىرىغا سىز كۆپ باش قاتۇرۇپ يۈرمەڭ، بىز بولساقلا قۇرۇلۇش ئىشى تېز ھەم سۈپەتلىك تاماملىنىدۇ.

خۇا لاۋيۈ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى:

— سىلەر مېنى كولدۇرلاتماقچىمۇ؟

— ھازىر زادى كىم كىمنى كولدۇرلىتىۋاتىدۇ؟ — ما داچۇن جىددىي سورىدى.

— گەدەنكەش !

ما داچۇن دەرھال ئەتراپقا قاراپ ۋارقىرىدى:

— يىڭجاڭ ئادەم تىللاۋاتىدۇ.

— مەن سېنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلسىكەن، دەيمەن.

— ئەگەر سىز مۇسابىقىدە يېڭەلىسىڭىزلا، مەن ئۆلۈشكە تەييار. ئەگەر سىز بىزنى بۈگۈننىڭ ئۆزىدە ئۆل دەيدىكەنسىز، بىز ھەرگىز ئارقىغا تارتمايمىز.

خۇا لاۋيۈ سوغۇق كۈلۈپ قويدى ـ دە، بازغاننى ئېلىپ بەلگە سىزىپ قويغان يەرگە مەزمۇت قەدەملەر بىلەن كېلىپ سالماقلىق بىلەن سورىدى:

— كىم ماڭا ھەمكارلىشىشنى خالايدۇ؟

— ھەمكارلاشقۇچىنى مەن كۆرسىتىپ بەرسەم بولامدۇ؟ ناۋادا ئۇتتۇرۇپ قويسىڭىز، مېنى ناچار بىر ئەبلەخنى ھەمكارلىشىشقا كۆرسىتىپتۇ، دەپ ئەيىبلىمەڭ.

خۇا لاۋيۈ ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. بۇ چاغدا يىراقتا ئىشلەۋاتقانلارمۇ تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خامۇشلۇق كېسەللىكى بىلەن پەيجاڭلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان فاڭ كۆەنمۇ بار ئىدى. خۇا لاۋيۈ ئۇنى چاقىردى. لېكىن، فاڭ كۆەن ئىككىلىنىش ئىلكىدە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ يەر تېگىدىن ئۇنىڭغا قارىدى.

— ماڭا لومنى تۇتۇپ بەرگىن.

فاڭ كۆەن «ھىم» دېگەندەك قىلدى ـ دە، دەرھال زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئېغىر پولات لومنى پەلەي كىيگەن قولى بىلەن قائىدە بويىچە تۇتتى.

قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، 4 ـ ليەننىڭ قۇرۇلۇش ئورنىدا قېزىپ، قىرىپ تۈگىتىدىغان تۇپراق قاتلىمى قالمىغانىدى. ئېغىر چۆكمە تاشلار يەنىلا ناھايىتى زىچ ئىدى. ئۇلار پەقەت تاش قاتلىمىنى ئېچىش ئارقىلىقلا، تۇرۇبا يېيىتىدىغان خەندەكنى قېزىپ چىقالايتتى. قارىماققا ما داچۈن باشچىلىقىدىكى بۇ بىر توپلار كۆكەرمىدەك قىلغان بىلەن، يەنىلا قۇرۇلۇشتىكى ئەڭ ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. پارتلىتىپ ئىلغاپ چىقارغان تاشلارنىڭ كۆپلۈكىگە قارىغاندىمۇ، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇلار ھەرگىزمۇ ھورۇنلۇق قىلمىغان، خۇا لاۋيۈنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن نەچچە ھەسسە ياخشى ئىشلىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كەيپىياتى نورماللىشىپ، ئۇلارغا بولغان ئۆچلۈكى ۋە نەپرىتى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. ما داچۈن شۇ چاغدا ئۆزىدىن ئون نەچچە مېتىر نېرىدا بىرىنچى بازغاننى سالماقلىق بىلەن ئورغاچ ئېغىز ئاچتى.

— ئالدىرىماڭ، ھازىرچە رېپىرى يوق.

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسىلەر؟ غورۇرۇڭلار بولسا سىلەرمۇ

مۇسابىقىگە چۈشمەمسىلەر؟ — تۈيۈقسىز 1 ـ پەيىنىڭ مۇۋەققەت پەيجاڭى جۇ دۇڭشيانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بازغاننى چىڭ تۇتقان ما داچۈن ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— جۇ دۇڭشيا، يىڭجاڭ سىزنى رىپىرىلىققا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ.

جۇ دۇڭشيا ئۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. ئېھتىمال ئۇ قورۇلۇش ئورنىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن بولسا كېرەك، ئۇستىبېشىدىن تەر قۇيۇلاتتى، تىنىقى قىسقىراپ، ئۇ فاڭ كۇەنگە قاراپ دېدى:

— تېلېفون، ساڭا تېلېفون كەپتۇ.

فاڭ كۇەندە ھېچقانداق ئىنكاس يوق ئىدى. جۇ دۇڭشيا نائىلاج ئۇنىڭ قولىدىكى ئامبۇرنى ئالدى ـ دە، تەكرارلىدى:

— ھەي ھاڭۋاقتى، ئاڭلىدىڭمۇ؟ ساڭا تېلېفون كەپتۇ.

فاڭ كۇەن يەنىلا بايىقى پېتى ھاڭۋېقىپ تۇراتتى، يىڭجاڭ مۇلايىملىق بىلەن ئىشارەت قىلىۋىدى، ئاندىن ئاستا ئورنىدىن قوزغالدى، جۇ دۇڭشيا فاڭ كۇەننىڭ ئورنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ لومنى چىڭ تۇتۇپ ما داچۈنگە دېدى:

— قېنى باشلايلى، مەن بىر تەرەپتىن رىپىرىلىق قىلىمەن، يەنە بىر تەرەپتىن لومچى بولۇپ يىڭجاڭغا ھەمكارلىشىمەن، ئەمدى ساناپ بېقىڭلار، بىرنى بىرگە قوشسا قانچە بولىدۇ؟

جاۋاب بەرگىنى ما داچۈننىڭ قولىدىكى بازغاننىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئىدى. خۇا لاۋيۈ مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئالىقىنىغا تۈكۈرۈپ بازغاننى ئېگىز كۆتۈردى. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا «تاڭ ـ تۇڭ» قىلغان بازغان ئاۋازلىرى قۇرۇلۇش ئورنى ئاسمىنىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. ئەتراپ ھەرھالدا تىنچ بولغاچ، بۇ ئاۋازلار تولىمۇ ياڭراق، يېقىملىق ئاڭلىناتتى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى بازغان بىردە تەڭ چۈشۈپ يالقۇن چاچراتسا، بىردە ئىلگىرى ـ كېيىن چۈشۈپ جاراڭلىق ئاۋاز چىقىرىپ كىشىگە خۇددى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ قوپال دۇمباق ساداسىنى ئەسكە سېلىپ، كەڭ

دالادىكى روھلار قەسىرىگە بولغان سەمىمىيىتى ۋە ھېيىقىشلىرىنى ئىپادىلەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ ۋاقىتتا يىراق بىر جايدىكى تۆپىلىك ئارقىسىدا بىرنەچچە چىرايلىق سۇغۇر ئۇۋىسىدىن ئاستا چىقىپ، ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئالدى پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ خۇددى كىملەرگىدۇر سالام بېرىۋاتقاندەك ئېگىلىپ قوياتتى. ھاياتلىقنىڭ ھاياتلىققا قىزىقىشى بولسا كېرەك. سۇغۇرلار شۇ تاپتا ئاشۇ كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن بىر چىرايلىق تۇرغان تاشلاردىن تۆشۈك ئېچىۋاتقانلىقىنى زادىلا بىلمەيدۇ. بىرىنچى تۆشۈكنى ما داچۇن تەشتى، تۆشۈكنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىر مېتىر بولۇپ تولىمۇ ئۆلچەملىك ئىدى. ئۇ يىڭجاڭغا كۆز قىرىقىدا قاراپ قويۇپ، تاماكىسىنى چىقىرىپ، ئەتراپتىكى بىرنەچچىسىگە بىر تالدىن تاشلاپ بەردى، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭكىگە ئوت يېقىپ، قويۇق ئىسىنى لەززەت بىلەن ئىچىگە تارتتى ۋە قولىدىكى بازغاننى شوخلۇق بىلەن پۇلاڭلىتىپ قويدى. بۇ چاغدا خۇا لاۋيۆ ئەڭ ئاخىرقى بازغاننى كۆچەپ ئۇرۇۋاتاتتى.

— قاراپ باققىن، قانداق بوپتۇ؟ ئۆلچەملىك بولغاندەك قىلامدۇ ـ قانداق؟ — خۇا لاۋيۆ مۇلايىملىق بىلەن سورىدى.

جۇ دۇڭشيا ئۈندىمىدى، لومنى تارتىۋېلىپ، ئىككىنچى بەلگە قويۇلغان يەرگە يۆتكەلدى، ئۇ لوم تۇتۇپ يىڭجاڭغا ھەمكارلىشىپ، تەبىئىي ھالدا ما داچۇننىڭ رىقابەتچىسىگە ئايلىنىپ بولغان بولغاچقا، ئىچكى جەھەتتىن ئاللىبۇرۇن يىڭجاڭغا مايىللىشىپ بولغانىدى. گەرچە ما داچۇننىڭ سۈرئىتى يىڭجاڭغا قارىغاندا تېز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىرىنچى تۆشۈكنى تەشكۈچە جەمئىي يەتمىش سەككىز قېتىم بازغان ئۇردى. ئەكسىچە يىڭجاڭ بولسا پەقەت يەتمىش قېتىملا بازغان ئۇرۇپ، تۆشۈكنى ئۆلچەملىك تەشتى. دېمەك، بۇ جەھەتتە يىڭجاڭنىڭ بازغان ئۇرۇشى ما داچۇنگە قارىغاندا سالماق، ئىدىتلىق ۋە كۈچلۈك ئىدى.

ئىككىنچى تۆشۈكمۇ تېشىلىپ بولدى. بۇ قېتىم ئۇلار خۇددى مەسىلىھەتلىشىۋالغاندەكلا بازغان ئۇرۇشتىن بىرلا ۋاقىتتا توختىدى، جۇ دۇڭشيانىڭ ئەستايىدىل سانىشى بويىچە يىڭجاڭ بۇ قېتىم ئاتمىش قېتىم، ما داچۈن بولسا يەتمىش ئىككى قېتىم بازغان ئۇرغان بولۇپ چىققى.

ما داچۈن بۇ قېتىم تاماكىمۇ چەكمەي، پاختىلىق چاپىنىنى يېشىپ تاشلىۋەتتى ـ دە، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۈچىنچى تۆشۈكنى تېشىشكە كىرىشتى. يىڭجاڭ بۇ قېتىم نېمە ئۈچۈندۇر ما داچۈن بەش قېتىم بازغان ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئالدىرىماي بازغاننى قولىغا ئالدى. يىڭجاڭنىڭ كەيپىياتى ھېلىھەم كۆتۈرەڭگۈ، ئىلاستىكلىققا ئىگە، مۇسكۇللىرى بازغان ئۇرغاندا باشقىلارنىڭ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتەتتى. بۇ قېتىم ئاتمىش ئۈچ قېتىم بازغان ئۇرۇلۇش بىلەن تۆشۈك تېشىلدى. ما داچۈن بازغاننى ئاتمىش توققۇز قېتىم ئۇرغان بولسىمۇ، لېكىن تۆشۈكنىڭ چوڭقۇرلۇقى تېخى ئۆلچەمگە يەتمىگەنىدى. لېكىن، ما داچۈندە ھېچقانداق ئەنسىرەش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى، چۈنكى مۇسابىقىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، يىڭجاڭ بەش ئادەمنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنى يېڭەلەيتتى. ئۇ شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنەتتىكى، ئۇ پەقەت بەش تۆشۈك تەشسىلا، يىڭجاڭ ئۇنىڭغا ھەرگىز يېتىشەلمەيتتى. بىرلا قېتىمدا يىگىرمە بەش تۆشۈكنى تېشىش ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە! يىڭجاڭنىڭ ئۇنى يېڭىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا چوقۇم ئېيتقىلىكىدەك كۈچ بولۇشى كېرەك. ئۈچىنچى تۆشۈكمۇ ئاخىر تېشىلىپ بولدى. ما داچۈن ئۇھ دېگىنىچە ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، ھۇزۇرلىنىپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، قالغان تۆشۈكلەرنى دېمىنى ياخشى ئېلىۋېلىپ تەشسىمۇ ئۈلگۈرەتتى، ئەكسىچە خۇا لاۋيۈ بولسا بەخىرامان ھالدا جۇ دۇڭشيانىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىۋاتاتتى.

— سېنىڭ ماڭا ياردەملىشىشىڭ مېنى گېپىڭگە كىرگۈزۈش

ئۆچۈنمىدى؟

— مەن سىزگە ياردەملەشمىسەممۇ، سىزنىڭ تەلىپىمگە قوشۇلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، — جۇ دۇڭشيا لومنى ئاستا يۆتكىدى.

— مەن قوشۇلمايمەن.

— يىڭجاڭ، سىز مۆجىزە ياراتتىڭىز، باشقىلارمۇ ھەم شۇنداق.

— چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدىن تۆۋەن ئېقىنىغا ئۈزۈپ كېلىشتەك نورمال ئىشلار قانداقمۇ مۆجىزە ئاتالسۇن؟

— ئەلۋەتتە ئەھمىيىتى...

خۇا لاۋيۆنىڭ كۆچەپ ئۇرغان بازغىنىدىن چىققان ئاۋاز ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتتى.

— مەن خەت ئارقىلىق ئۇلارغا يول باشلاپ بېرىشكە قوشۇلغانىدىم. ئۇلارنى توتو دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپلا قايتىپ كېلىمەن. بىرىپ - كېلىشكە پەقەت ئۈچ كۈنلا كېتىدۇ، خىلاپلىق قىلسام ماڭا قاتتىق جازا بېرىڭ.

— ھەتتا ئۈچ سائەتمۇ رۇخسەت بېرەلمەيمەن، — خۇا لاۋيۈ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق بازغاننى كۆچەپ ئۇردى ۋە سورىدى:

— قانداق؟

— بولىدۇ.

خۇا لاۋيۆ بازغاننى ئىرغىتىپ تاشلىۋېتىپ، يۈز - كۆزلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتكەچ ما داچۈننىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— قارىغىنا، تۆتىنچى تۆشۈكنىمۇ تېشىپ بولدۇم، بولامدىكەنمەن؟

— ئەلۋەتتە بولىسىز - دە، — ما داچۈن قەددىنى رۇسلىدى، — ئۇنداق بولمىسا قانداق يىڭجاڭ بولالايسىز؟

— قايىل بولساڭلا بولدى، مۇسابىقىمىز مۇشۇ يەردە تامام. مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم مۇكاپاتلىغان بولاي.

— بولمايدۇ، — ما داچۈن قولىدىكى تاماكا كۆتىكىنى زەردە بىلەن تاشلىدى، — سىز ۋەزىپىنى مېنىڭدىن بەش ھەسسە ئارتۇق ئورۇنلىماقچى بولغان.

— مەن شۇنداق دېگەنمۇ؟ — خۇا لاۋيۆ كۈلۈمسىرەپ سورىدى.

— يىڭجاڭ، سىز ئۇششۇقلۇق قىلىۋاتىسىز، رېپىرى، ھەي رېپىرى.

جۇ دۇڭشيا ئاللىبۇرۇن قۇرۇلۇش ئورنىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنىدى. خۇا لاۋيۆ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇمۇ تەس ئىش ئەمەس، چۈنكى سەن ماڭا ۋاقىت بەلگىلەپ بەرمىگەن، قاچانلا قىلىۋالسام بولىۋېرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا قېنى كېلىڭ، — ما داچۈن خۇا لاۋيۆگە ئېسىلىشىغا، خۇا لاۋيۆ ئۇنى يىقىتىۋەتتى.

— سەن نېمە قىلماقچى؟ ھېرىپ قالدىم دەپ ماڭا ئۆلۈپ بەرمەكچىمۇسەن؟ مەن ساڭا ئىچ ئاغرىتالمايمەن، — خۇا لاۋيۆ سالماقلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى، — ئاڭلاپ تۇر. بۈگۈن سەن چېدىرغا قايتىپ ئوبدان ئارام ئال، ئىشلىشىڭگە رۇخسەت يوق.

— سىزمۇ ئارام ئالىدىغانسىز؟

— ماڭا ئۇنداق تەلەي نەدە تۇرۇپتۇ، قىلىدىغان ئىشلىرىم پېشانەمگە پۈتۈلگەندىكىدىنمۇ جىقمىكىن دەيمەن.

— ماقۇل ئەمىسە، مەنمۇ بېشىڭىزنى ئاغرىتماي، بىز يەنە يېرىم سائەت ئىشلەيلى، يېرىم سائەت ئىچىدە مەنمۇ نېرى - بېرىسىنى دېمەي، پارتلاتقۇچ قويىدىغان تۆشۈكنى مەندىن بىر ھەسسە ئارتۇق تەشسىڭىز، سىز يەڭگەن بولۇڭ.

خۇا لاۋيۆ سائىتىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ دېدى.

— قارىغاندا، بۈگۈن يېڭىش - يېڭىلىشنى ئايرىماسلىق، ھەرگىز بولدى قىلمايدىغان ئوخشايسەن، لېكىن ساڭا دەپ قوياي، مېنى ھەرگىز يېڭەلمەيسەن.

— بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن، يېڭىلسەممۇ بۇگۇن بەسلىشىپ يېڭىلىمەن، — ئۇ سۆزلىگەچ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى، لېكىن بېلى تۇيۇقسىزلا بوشىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى. خۇا لاۋيۇ دەرھال كېلىپ، ئۇنى تارتىپ تۇرغۇزدى.

— ماقۇل، بۇگۇن بازغان خۇمارىمنى چىقىرىۋالدىغان بولدۇم، دېگىنە، يېرىم سائەتتە نەچچە تۆشۈك تېشەلەيسەن؟

— بىرنى، — تيەن جياخاڭ ئالدىراپ جاۋاب بەردى.

— ئىككىنى، — ما داچۇن ئۇنىڭ گېپىنى تۈزىتىپ قويدى.

— دېمەك مەن تۆت تۆشۈك تېشىدىكەنمەن ـ دە، ئەمىسە، جىم ئولتۇر، مەن تۆتنى تەشسەم ئىككىمىز تەڭلىشىمىز.

— بولمايدۇ، بۇ مېنى ئاجىز كۆرۈپ كۆزگە ئىلمىغىنىڭىز ئەمەسمۇ؟ — ما داچۇن تېرىككىنىچە بىرىپ بازغاننى ئالدى ۋە تيەن جياخاڭغا گۆلەيدى، — ھۇ يۇمىلاق تاۋۇز، لومنى چىڭ تۇت!

— يۇمىلاق تاۋۇز مېنىڭ لەقىمىم، — تيەن جياخاڭ خۇا لاۋيۇگە چۈشەنچە بەرگەچ كۇلۇپ قويدى.

لېكىن، بۇ قېتىم ما داچۇن ھەرقانچە كۈچەپ باقسىمۇ، لوم زادىلا ماڭمايۋاتاتتى، ئۇ ئاچچىقىدا لومنى تۈز تۇتمىدىڭ، دەپ ھەممە مەسئۇلىيەتنى تيەن جياخاڭغا ئارتىپ قويدى، تيەن جياخاڭ بولسا ئۆزۈڭ بازغاننى كۈچەپ جايىدا ئۇرالمايۋاتىسەن، دەپ غودۇراپ قويدى.

— نېمىنى بىلەتتىڭ؟

ما داچۇن بىلەكلىرىنىڭ ئۆزىگە بويسۇنماي قېلىۋاتقىنىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى، يېرىم يىل بۇرۇن چاپلاشقان بەل ئاغرىقى قايتىدىنلا ئۇنى قاتتىق قىينىماقتا ئىدى، لېكىن بىر ياقتا خۇا لاۋيۇ بىر تۆشۈكنى پۈتكۈزۈپ، لوم تۇتقان ئەسكەرنى لومنى دەرھال يەنە بىر بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يۆتكەشكە بۇيرۇدى، ما داچۇن ئۇنىڭغا قاراپ، ئاچچىقتىن بېشىنى چايقىغاچ، بازغاننى ئېلىپ «ھۇ!» دېگىنىچە بىرنى ئۇردى، لېكىن ئۆزىنى رۇسلىيالمىغاچقا، تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، بازغان لومغا جايىدا

تەگمەي، ئۆزىمۇ تەڭلا يانغا يىقىلدى.
كۆپچىلىك چۆچۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلگۈچە، ما داچۇن ئۆزى ئورنىدىن تۇرۇۋالدى ھەمدە ئۆزىنى يۆلىۋالغان خۇا لاۋيۆنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئالچاڭلىغىنىچە بىرىپ بازغاننى يەنە ئېلىشقا تەمشەلگەندە، خۇا لاۋيۆ ئۇنى تۇتۇۋالدى:
— يىڭجاڭ، مۇسابىقە تېخى تۈگىمىدى.
— تۈگىمىدى، سەن يەڭدىڭ، — خۇا لاۋيۆ بۇ گەپنى قىلىۋېتىپ، كىچىك تەرىتى قىستاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.
ما داچۇن بېشىنى چايقىغىنىچە بېلىنى تۇتۇپ، خۇا لاۋيۆگە ۋارقىرىدى:
— مېنىڭ بېلىمنى سەن مۇشۇنداق قىلىپ قويدۇڭ، بولمىسا ئاخىرغىچە بەسلىشىپ باقاتتىم.
خۇا لاۋيۆ ئۇنىڭ گەپلىرىگە پەرۋا قىلماي، قېشىدىكىلەرنى بۇيرۇدى:
— ئۇنى چېدىرغا ئەكىرىپ قويۇڭلار!
— ماڭا چېقىلما! — ما داچۇن غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، بىرنەچچە ئەسكەر ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ، يېقىن بېرىشقا پېتىنالماي تۇرۇپ قالدى.
— مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلامسىلەر ياكى ئۇنىڭكىنىمۇ؟ — خۇا لاۋيۆ ئاچچىقىدا تيەن جياخاڭنى بىر تەستەك سالدى، — كېلە، ئىككىمىز كۆتۈرەيلى.
— ئۇنى ئۇرۇش ھوقۇقۇڭ يوق، ئۇرساڭ مېنى ئۇر! — ما داچۇن خۇا لاۋيۆنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، قاتتىق ۋارقىرىدى.
— خاتىرجەم بول، سەن ساقايغاندا ئۇرىمەن، ساڭا ھەرگىز يۈز - خاتىر قىلىپ ئولتۇرمايمەن.
— سەن قاچان ماڭا يۈز - خاتىر قىلىپ باققان، ئەجەبا، ئايالىم ساڭا خەتنى خاتا يېزىپ قويغانمۇ؟ — ئۇ خۇا لاۋيۆنىڭ ئۇندىمەي تۇرغىنىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتى، —

خاتا، خاتا، ئۇ پۇلنى زايە قىلىپ، نېمىدەپ ساڭا خەت يازغۇدەك؟ لېكىن دادام... بولدىلا، ساڭا بۇلارنى دەپ نېمە قىلىمەن، كاشكى ئازراق بولسىمۇ ئادەمگەرچىلىكنى بىلىدىغان ئادەم بولساڭ! مەن ساڭا ھەرگىز يېلىنمايمەن.

— مەنمۇ سېنىڭ ئۆتۈنۈشۈڭگە خۇشتار ئەمەس، — خۇا لاۋيۈننىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

— ئىشىڭنى قىلە، — ما داچۇن يىگىتچاقنىڭ مەيدىسىگە بىرنى ئۇردى، يىگىتچاق ئارقىسىغا مۇدۇرۇلۇپ كەتتى.

— ۋاھ، قاپ يۇرەك، سەن يىگىتچاقنى ئۇرغۇدەك بولدۇڭمۇ؟ بوپتۇ، مۇرادىڭغا يەتتىڭ، ئەمدى قايتىپ دەم ئال !

— ياق ! — ما داچۇن ئاران نەپەس ئېلىپ ھاسىرىغىنىچە، بېلىدىن ئۇۋ خەنجىرىنى چىقىرىپ پۇلاڭلاتقاچ ۋارقىرىدى، — سەن يىگىتچاق بولغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە بىلىشىڭ كېرەك، 4 ـ لىيەندە نەچچە ئادەم ئۆلدى؟ جەمئىي بەش! بىلىپ قوي، بۇگۈن مەن سېنى بەش قېتىم چاپىمەن.

لېكىن، تيەن جياخاڭ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ بېلىدىن چىڭ تۇتۇۋېلىپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— يىگىتچاق، تېز كېتىڭ، سىز كەتسىڭىزلا، بۇ تەلۋىمۇ بېسىقىپ قالىدۇ.

خۇا لاۋيۈ ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئويلىنىپ بېقىپ، ماشىناقچى بولدى ـ يۇ، توختاپ قالدى ۋە ئۇلارغا گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېدى:

— ھەممىڭلارغا ئېنىق بولسۇن، بۇ كاتتا قۇرۇلۇشتا مەنمۇ ئوخشاشلا بىر جەڭچى ! شۇنىسى، ۋەزىپەم سىلەرنىڭكىدىن ئېغىرراق، ئەگەر ماڭا نارازىلىقىڭلار بولسا، ھەرقانداق چاغدا دېسەڭلار بولىدۇ، ئېغىر ئالمايمەن، قۇرۇلۇش تۈگىمەي تۇرۇپ، مەن مەسئۇلىيىتىمنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇمايمەن، گەپنى ئاۋۋال دەپ قوياي، قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى تۈگىسە، ھەممىڭلار كۈندە كېلىپ مېنى دۇمبالىساڭلار، ھەرگىز قول ياندۇرمايمەن، ناۋادا

ۋەزىپە تۈگىمەي قالسا، سىلەر مېنى ئەمەس، مەن سىلەرنى ئۆرىمەن، ئۆرۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ دەردىنى تارتىمەن.

خۇا لاۋيۈ كەتتى، ئەسكەرلەر ئۈنىڭ مەزمۇت، سۈرلۈك سىيماسىغا قاراپ، ناھايىتى زور بېسىم ئاستىدا قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى، بىردەملىك بوران ـ چاپقۇن ئۆتۈپ كەتتى، توزۇپ يۇرگەن توپا ـ تۇمان ھەم ئېگىز كۆل رەڭ تام خۇا لاۋيۈ بىلەن ئەسكەرلەرنى ئايرىۋەتتى. ما داچۇن خەنجىرىنى يىغىشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەردىنى تيەن جياخاڭدىن ئېلىشقا باشلىدى:

— كىم ئۇنى قويۇۋەت دېدى؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ غەزەپ بىلەن.

تيەن جياخاڭنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى، ئەمدى بىرەر نەرسە دەي دەپ تۇرۇشىغا، ما داچۇن تۇيۇقسىز ئۇنى چاڭگىدە بىر كاچات سالدى.

— قولۇڭنى تارت ! — كىمدۇر بىرى ۋارقىراپ، ئۇنى توختىتىۋالدى.

ما داچۇن ئۇنىڭغا پەرۋاسىز قاراپ قويۇپ، ئاران ـ ئاران دەسسىگىنىچە ئالدىغا قاراپ ماڭدى، بىراق نەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا يىقىلىپ چۈشتى، ئۇنىڭ تۇرغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى، نەچچەيلەن ئۇنى چېدىرغا ئەكىردى، دەل شۇ چاغدا ناھايىتى چوڭ بىر بازالىت كەينىدە خۇا لاۋيۈمۇ يىقىلىپ قالغىلى تاسلا قالغانىدى، ئۇ كىچىك تەرەت قىلىۋېتىپ، سۇيدۈكىنىڭ قان ئارىلاش كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى چۆچۈپ كەتتى، ئەنە شۇ قورقۇنچ بىلەن تەڭ پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ، بىر يانغا قيسيىشقا باشلىدى، لېكىن ناھايىتى زور غەيرەت بىلەن بىر گىرۋەكنى تۇتۇۋېلىپ ئۆرە بولۇۋالدى، بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاز ـ تولا ماغدۇرىغا كېلىپ يولىغا راۋان بولدى.

ئىنسانلارنىڭ بازغان، لوملار بىلەن ئۆزىگە تۆشۈك كولاپ بەرگىنىدىن ھەيرانۇ ھەس قالغان سۇغۇر خۇددى كۆل رەڭ تېرىگە ئوراپ قويغان بىر كاللەك گۆشكە ئوخشاش ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ئېگىزلىكتە يۇگۇرۇپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ ئاستا كېتىۋاتقان فاڭ كۇەننى كۆرۈپ، سۇرئىتىنى ئاستىلاتتى ھەمدە زېرەكلىك چاقناپ تۇرغان مونچاقتەك كۆزلىرىنى ئەتراپقا يۇگۇرتۇپ چىقتى، بىردەمدىن كېيىن ئۇ خۇددى ئەتراپتا ئۆزىدىن باشقا ھېچنېمە يوقتەك، بىر تاشنىڭ ئۇستىگە دىككىدە سەكرەپ چىقىپ ئولتۇرۇپ، فاڭ كۇەنگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى، ئۇ فاڭ كۇەننىڭ چېدىرغا كىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، دىكىلداپ سەكرىگىنىچە چېدىرنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇنىڭ تۇيغۇسى بويىچە بولغاندا، ئۇ ئادەم ئۆزىگە زىيان يەتكۈزمەيتتى، ھايۋانلارغا زىيانكەشلىك قىلمىغان ئادەمنىڭ چوقۇم ھايۋانلار بىلەن ئوخشاش بولغان تىراگېدىيەلىك كەچۈرمىشلىرى بولاتتى، لېكىن ئۇ فاڭ كۇەننىڭ قانداق كەچۈرمىشى بارلىقىنى بىلمەيتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىنسانلاردىن ئازراق نەرسىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلمىغان بولسا، ھەرگىز بۇنداق يۈرەكلىك ھالدا ئىنسانلارغا يېقىنلاشمىغان ھەم يېقىنچىلىق قىلمىغان بولاتتى.

فاڭ كۇەن تېلېفوننى ئېلىپ، ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي، كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى، ئۇنىڭ خوتۇنى قىسمىغا ئۇنى يوقلاپ كېلىپ، گېئىبرمۇدىكى قىسىمدا بىر ئاي تۇرغان، بىر ئاينىڭ ئالدىدا ئۇ تاغدىن چۈشكەن، بېرىپ ـ كېلىشكە توققۇز كۈن كەتكەن، بۇنداق بولغىنى بىلەن ئۇ خوتۇنى، بالىسى بىلەن بىر سوتكىلا بىللە بولۇپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ قايتىپ كەلگەنىدى، خوتۇنى تېلېفوندا ئۆزىنىڭ قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ تاغدىن چۈشۈپ ئۇزىنى ئۇزىتىپ قويۇشى كېرەكلىكىنى دەۋاتاتتى، فاڭ كۇەن بولسا ئۇنچىقماي، خۇددى خوتۇنى ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك بېشىنى چايقاپ قويدى.

— گەپ قىلىڭا!

— مه ... مەن تا ... تاغدىن چۈشەلمەيمەن، — فاڭ كوەن دۇدۇقلايتتى، خوتۇنىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ ئەندىكىپ كەتتى.

— دادا، تېز كېلىڭ، بولمىسا ئاپام يىغلايدۇ! — تېلېفوندىن بالىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

داڭ قىېتىپ تۇرۇپلا قالغان فاڭ كوەننىڭ قولىدىكى تېلېفون تۇرۇپكىسى تاراققىدە قىلىپ ئۈستەلگە چۈشتى، ئۇ ئېسىگە كېلىپ تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى ـ يۇ، قۇلاق تۈۋگە ئاپارمىدى. چېدىرنىڭ سىرتىدىكى سوغۇق خۇددى ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنىۋاتقاندەك، گويا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بىرپەستىن كېيىن ئۇ ئۆز تەبىئىتى بويىچە قورسىقىدىكى مويلىرىنى مىدىرلىتىپ، قورسىقىنى ئوماققىنا تاتىلاپ قويدى.

تېلېفوندىن «دادا...» دېگەن تاتلىق ھەم يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلىناتتى. لېكىن، فاڭ كوەن تۇرۇپكىنى تاراققىدە قويۇۋەتتى ۋە چېدىردىن چىقىپ ئەتراپقا قاراپ، ئۆزىگە كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇغان سوغۇرنى كۆردى ـ يۇ، ئېرەنسىزلىك بىلەن بۇرۇلۇپلا باشقا ياققا ماڭدى، ئويلىمىغان يەردىن سوغۇر نەچچە دومىلاپلا ئۇنىڭ يولىنى توسۇۋالدى، ئۇ توختاپ سوغۇرغا بىرنېمىلەرنى دېمەكچى بولدى، لېكىن تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گېپىنى دېيەلمىدى ۋە تۇيۇقسىزلا سوغۇرنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئوماق يۈز ـ كۆزلىرىگە بىرپەس سىنچىلاپ قارىۋېتىپ، ئامراقلىق بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى، سوغۇر بولسا ئېغىزىنىڭ ئەتراپىدىكى تۈكلىرىنى يالىغىنىچە، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قويۇپ، ئوماققىنا بىرنى كۈلگەندەك قىلدى، فاڭ كوەن سوغۇرنى يەرگە قويۇپ نېرىغا ئىتتەردى، لېكىن سوغۇر پەقەتلا كەتكىلى ئۇنىماي، ئۇنىڭ ئالدىدا سوزۇلۇپ يېتىۋالدى، قەلبىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان بىر خىل ۋەھىمە ئىلكىگە ئېلىۋالغان فاڭ كوەن رەھىمسىزلىك

بىلەن سوغۇرنى بىرنى تەپتى، سوغۇر چىرقىرىغىنىچە نەچچە دومىلاپ ئورنىدىن تەستە تۇردى، فاڭ كۇەن يەنە تەپمەكچى بولۇۋىدى، سوغۇر چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ قېچىپ كەتتى، ئۇ دىككىلداپ يۇگۇرگىنىچە بايا ئولتۇرغان تاشنىڭ ئۇستىگە سەكرەپ چىقىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى ـ دە، ئۇنىڭغا قاراپ بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن، ئېچىنىشلىق ئىڭىرىغىنىچە نەگىدۇر غايىب بولدى، ئۇ ئىنسانلاردىن ھېچقانداق ئىللىق مۇئامىلىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشەنگەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىنسانلارغا نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى ئاتا قىلغانىدى. بولۇپمۇ بالايىئاپەتتىن بېشارەت بېرىشنى ئۆزىگە مىزان قىلغانىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى تاڭگورا رىۋايەتلىرىدىكى ئىلاھنىڭ ئەلچىسى دەپ قارايتتى. ئۇ پەيدا بولسىلا، ھەر خىل بالايىئاپەتلەر قاراڭغۇ ماكانلىرىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقاتتى.

فاڭ كۇەن چېدىرنىڭ ئالدىدىكى باشقىلار تولا ئولتۇرۇپ سىلىقلىنىپ، پارقىراپ كەتكەن تاشقا كېلىپ ئولتۇردى، كاللىسىنى باش ـ ئاخىرى يوق ھەر خىل خىياللار چىرمىۋالغانىدى، پەقەت جو دۇڭشيا كەلگەندىن كېيىنلا ئۇ ئاستا ـ ئاستا سەگەكلىشىپ، قىلىدىغان ئىشى بارلىقى ئېسىگە كەلدى.

جو دۇڭشيا تېلېفون بەرگىلى كەلگەنىدى، ئۇ توتو دەرياسى تاڭگورا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تېلېفون ئۇرۇپ، ئالاقىچىگە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق جوڭگو چاڭجياڭ كېمە ئەترىتى باشلىقىنى چاقىرىپ قويۇشنى ئېيتتى، بىردەمدىن كېيىن ئىزدىگەن ئادەم تېلېفون قايتۇردى، جو دۇڭشيا قارشى تەرەپ بىلەن قىسقىچە ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، ھەمكارلىشىشقا بارالمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى دېمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، قارشى تەرەپ ئالدى بىلەن مەقسەتكە كۆچتى:

— بىز ئەتە پائالىيەتنى باشلايمىز، سىزنىلا ساقلاپ قالدۇق.

— مە... مەن... — ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئىلاجسىزلىق چىقىپ تۇراتتى.

— قاچان كېلىسىز؟
— مەن...
— نىمە؟ يەنە قارارىڭىز ئۆزگەردىما؟
— ياق ! — ئۇ ئويلانمايلا گەپنى ئۈزۈۋەتتى، — مەن ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىگىچە يېتىپ بارىمەن.
— ياخشى، گېپىمىز گەپ! سىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.
ئۇ تېلېفوننى قويۇۋېتىپ ئېغىر بىر ئۇھسىندى، ئىشنىڭ بۇنچە تېز بېكىتىلىپ كەتكىنىدىن ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. راستىنى دېگەندە، ئۇ ھاياجانلىنىپ قالغانىدى، ئۇ كىچىكىدىن ۋۇخەندە چوڭ بولغان بولغاچقا، سۇ ئۈزۈشكە ئالاھىدە ئېپى بار ئىدى. سۇنىڭ گېپى چىقسىلا، ئۆزىنى باسالماي قالاتتى، تۆت ئاي بۇرۇن ئۇنىڭ بىر يۇرتدىشى خەت يېزىپ ئۆزىنىڭ جۇڭگو چاڭجياڭ كېمە ئەترىتىگە قاتناشقانلىقىنى، ھازىر ۋۇخەندە مەشىققە قاتنىشىۋاتقىنىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ مەنبەسى بولغان توتو دەرياسىنىڭ سۇ ئەھۋالى، جۇغراپىيەلىك شەكلى، كىلىماتى قاتارلىقلارنى ئېنىقلاپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغانىدا، ئۇ خۇشاللىق بىلەن: «ئەگەر مەن يول باشلايدىغان بولسام، كۆزۈمنى تېڭىپ قويسىمۇ توتو دەرياسىدىن ئۆتەلەيسىلەر !» دەپ جاۋاب قايتۇرغانىدى.
ئەمدىلىكتە ئۇ يالغاندىن كېسەل بولۇۋېلىپ توتو دەرياسى تاغگۇرا يېزىلىق شىپاخانىغا داۋالانغىلى بارىمەن، دەپ باھانە تېپىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. پەقەت لىيەندىكىلەرنىڭ كۆزىنى بوياپ، ئەتە چۈشتىن بۇرۇن بىرەر ماشىنىغا چىقىۋالسىلا، ئىش پۈتەتتى. ئۇ ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا تېلېفون جىرىڭلىدى. ئۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئېلىپ، ناتونۇش بىر ئايالنىڭ: «مەن سىلەرنىڭ باشلىقىڭلارنى ئىزدەيمەن» دەپ چالۋاقىغان يېقىمسىز ئاۋازىنى ئاڭلىدى.
— سىز كىم؟
— مەن دەل سىلەرنىڭ لىيەندىكى فاڭ كۇەنىنىڭ خوتۇنى

بولىمەن.

ئۇ ھەممىنى چۈشەنگەنىدى.

— سىز فاڭ كۈەننى تاغدىن چۈشسۇن دېمەكچىمۇ؟ ماقۇل، مەن يېتەكچىنى چاقىرىپ قوياي. لېكىن، سىز ھەرگىز ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ يېلىنماڭ، بۇ يەردىكىلەر يالۋۇرغانغا كۆڭلى يۇمشاپ قالىدىغانلاردىن ئەمەس! سىز ئۇنىڭغا فاڭ كۈەن تاغدىن چۈشمىسە كەتمەيمەن، تۈەن ئىشتابىدا بىر يىل، ھەتتا ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلايمەن، دەپ تەھدىت سېلىڭ. ياكى بولمىسا گەپنى كېسىپلا تاغقا چىقىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئەمىسە بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ.

جۇ دۇڭشىيا 3 - پەيىنىڭ ئىش ئورنىغا بېرىپ يېتەكچىنى تاپقۇچە چۈش بولاي دېگەنىدى، تۈەن ئىشتابىدىن تېلېفون كەپتۇ، دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان لى شياڭگو ئالدىراپ - تېنەپ پۈشتەك بىلەن ئىشنى توختىتىپ، ليەن ئىشتابىغا قاراپ چاپتى، چۈنكى بۇنداق مۇقىمسىز، ھەر خىل سۈيىقەست قاپلىغان ۋەزىيەتتە، يۇقىرىدىن تېلېفون كەلگىنى بىرەر جىددىي ئەھۋالنىڭ يۈز بەرگىنىدىن دېرەك بېرەتتى، ئۇ تېلېفوننى ئېلىپ ھودۇققىنىچە ئۆزىنى مەلۇم قىلدى:

— مەن لى شياڭگو.

— كەتمەيمەن ... بىر يىل تۇرىمەن ... — تېلېفوندىكى نامەلۇم بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ئۇ قارشى تەرەپنىڭ فاڭ كۈەننىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاچچىقلانغان ھالدا ۋارقىرىدى:

— كەتمىسىڭىز مېنىڭ نېمە كارىم، ئون يىل تۇرسىڭىزمۇ پەرۋايىم پەلەك!

— يېتەكچى، — ئايال يەنىلا نىيىتىدىن يانمىغانىدى، — فاڭ كۈەننى تاغدىن چۈشكىلى قويۇڭ. بالىنىڭ ئۇنى بەك كۆرگۈسى كەلدى.

— ئۇ ھېلىمۇ بىر قېتىم چۈشتىغۇ، بۇ دېگەن قىسىم.

— قىسىم، قىسىملا دەيسىز، قىسىم دېگەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنى ئەمەسقۇ؟ ئېرىممۇ جىنايەتچى ئەمەستۇ؟

— بىزنىڭ قىسىم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنى بىلەن ئوخشاش، ئېرىڭىز جىنايەت ئۆتكۈزمىگىنى بىلەن پېشانىسىغا پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ. بولمىسا بۇ يەرگە كېلەمتى؟ — ئۇ يىڭجاڭنىڭ كېلىشۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇيۇقسىزلا مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، — بوپتۇ ئەمىسە، خاتىرجەم بولۇڭ، ئەمدى تېلېفون ئۇرۇپ يۇرمەڭ، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن.

— ئەگەر ئۇ چۈشىمىسە مەن مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ بېرىمەن، — دېدى ئايال تېخىمۇ زەردە بىلەن.

— ئۆلۈم ئىشىغا مەن ئىگە بولالمايمەن، يىڭجاڭ كەلدى، گېپىڭىز بولسا يىڭجاڭغا دەڭ، ئۇ مەخسۇس ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرىغا مەسئۇل.

لى شياڭگونىڭ بۇ گېپى ئۆزگە ناھايىتى قىزىقارلىق تۇيۇلۇپ كەتتى، شۇڭا پىخىلداپ كۈلگىنىچە تېلېفوننى يىڭجاڭغا بەردى، لېكىن تېلېفوندا كىچىك بالىنىڭ ئاۋازى ئەۋجىگىلى تۇردى.

— دادا، قايتىپ كېلىڭ! دادامنى قويۇۋېتىڭلار!

خۋا لاۋيۈ بۇ ھالدىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، تېلېفوننى چىڭ تۇتقىنىچە لى شياڭگوغا قارىدى.

— فاڭ كۈەننىڭ بالىسى، — لى شياڭگو ئاستا پىچىرلىدى.

— شا كىچىكنىڭ مەقسىتى نېمىكەن؟

— دادا، قايتىپ كېلىڭ، — بالىنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى.

— بالام، سەن تېخى كىچىك، پىرىنسىپلىق ئىشلارنى بىلمەيسەن، چوڭ بولۇپ داداڭنىڭ ئورنىنى باسقىنىڭدا ھەممىنى چۈشىنىپ قالىسەن!

— مەن ھەرگىز دادامنى دورىمايمەن، سىلەر دېگەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچى...

— جىنايەتچى بولالىساق ياخشى بولاتتى، — دېدى خۋا لاۋيۈ مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — ئۇ چاغدا قورۇلۇش

سۇرئىتى ھازىرقىدىن كۆپ تېز بولغان بولاتتى، — ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇ گەپنى لى شياڭگونى ئاڭلىسۇن دەپ دېگەنىدى.
— يىڭجاڭ، مەن فاڭ كۇەننىڭ خوتۇنى بولىمەن، بىز كەتمەكچىدۇق، ھېلىمۇ بىر ئاي ساقلىدۇق، بىزمۇ ئادەم جۇمۇ، — قارشى تەرەپتىن ئەمدى ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.
خۇا لاۋ يۆ ئېغىر بىرنى تىنىۋالغاندىن كېيىن، كەسكىن تەلەپپۇزدا دېدى:
— ئادەم بولغاندىكىن، ئۆزىنى تونۇۋېلىشنى بىلىش كېرەك.
— يىڭجاڭ، ئەجەبا، سىزنىڭ ئائىلىڭىزدىكىلەر سىزنى يوقلاپ كەلسە، سىزمۇ ئۆزىڭىزنى كۆرسەتمەي تۇرۇۋالامسىز؟
— مېنىڭ خوتۇنۇم سىزگە ئوخشىمايدۇ، ھەربىينىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدا قۇربان بېرىش روھى بولۇش كېرەك.
فاڭ كۇەننىڭ خوتۇنىنىڭ قۇلىقىغا «قۇربان بېرىش روھى» دېگەن گەپلەر پەقەتلا كىرمىگەنىدى.
— يىڭجاڭ، ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم رۇخسەت بېرىڭ، كېيىنكى قېتىم ھەرگىز ئۇنى يوقلاپ كەلمەيمەن، — دېدى ئايال يىغلامسىراپ.
— بولمايدۇ، قۇرۇلۇش توگىگەندە سىزنى تەكلىپ قىلاي، لېكىن ھازىر بىزنى تەڭلىكتە قويماڭ. ئەگەر ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرسەم باشقىلارنىڭ ئاغزىنى قانداق ئېتىمەن؟ ھەممىسى ھەر خىل باھانىلەر بىلەن تاغدىن چۈشىمىز، دەپ بېشىمنى قوچۇۋېتىشى تۇرغانلا گەپ.
— ئۇنداقتا، مەن بالامغا نېمە دەيمەن؟
— سىز ئۇنىڭغا تاغدا بىر يىڭجاڭ بار ئىكەن، ئۇ بۆرىدەك ۋەھشىي ھەم ياۋۇز، سىلەرنى كۆرۈشكىلى قويمايدىكەن دەڭ.
— بىزنىڭ ئاشۇ ياۋۇز بۆرىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ باققۇمىز بار! — تېلېفون تاراققىدە قويۇلۇپ كەتتى.
بۇ ئىش خۇا لاۋيۆگە تولىمۇ كۆلكىلىك بىلىنىپ، ئايالنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭلىگە ئېلىپمۇ يۈرمىدى. ئۇ چايدانىدىن بىر

كۇرۇشكا قايناق سۇ قۇيۇپ، بىر يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن كالپۇكىنى يالاپ قويدى ـ دە، ئۆزىنى بىرئاز يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى ۋە لى شياڭگوغا جىددىيلىك بىلەن يۈزلەندى:

ــ بولمايدۇ! 4 ـ لىيەننىڭ ئەھۋالى يەنە مۇشۇنداق كېتىۋەرسە پۈتۈن يىڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە تەسىرى بولىدۇ. نۆۋەتتە ئەسكەرلەرنىڭ كەيپىياتى تۇراقسىز، شۇڭا سىياسىي يېتەكچى سالاھىيىتىڭ بىلەن بىرەر ئامال تېپىشىڭ كېرەك.

ــ ھەممىسى لىيەنجاڭنىڭ كاساپىتى. ئۆزىغۇ گېپىرمۇغا بېكىنىۋېلىپ ئارام تاپتى. مۇئاۋىن لىيەنجاڭمۇ ھازىر دەككە ـ دۈككىدە يۈرۈۋاتىدۇ، بۇنداق جىق مالىمانىنى مەن ئوڭشايمەن دېسەممۇ، ئوڭشىيالمايمەن.

خۇا لاۋيۈ لى شياڭگونىڭ چىرايىنى سەكسەن خىل ئۆزگەرتىپ گەپ قىلغان ھالىتىگە بىزارلىق بىلەن قاراپ قويۇپ، چېدىرنىڭ ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتتى، لىيەنجاڭ يوق، مۇئاۋىن لىيەنجاڭ شۇ رۇدا بىلەن لى شياڭگو چىقىشالمايتتى، قارىغاندا، لىيەن ئىشتابى سىياسىي يېتەكچىنىڭ يالغۇز كىشىلىك ياتىقىغىلا ئوخشاپ قالغاندى، ئۇ قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان تاختايلار بىلەن كەڭ ھەم قېلىن قىلىپ يالغۇز كىشىلىك كارىۋات ياساۋالغان، ئۈستىگە ئىككى قات قىلىپ پاختىلىق كۆرپە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسسىق ھەم يۇمشاق ئېيىق تېرىسى سېلىۋالغانىدى. يەنە تېخى ئەترەتتىكىلەر ياسىغان ئاددىي بىر ئۈستەل ھەم ئىككى دانە ئورۇندۇق بار ئىدى، ئۇ جىگەر رەڭلىك چامادانىنى ۋالڭ تيەنچىدىن قالغان كارىۋاتقا قويۇۋالغانىدى، خۇا لاۋيۈ ئۇنىڭ ئېيىق تېرىسىنى كۆرۈپ، يالغاندىن بولسىمۇ ماختاپ قويدى:

ــ ھەرھالدا يامان ئەمەس، بۇ ئادەم تېنىنى نەملىكتىن، سوغۇقتىن ساقلايدۇ، رېماتىزم كېسىلىم خېلى ياخشى بولۇپ قالدى، بۇنىڭ يەنە بىر پايدىلىق تەرىپى ئۇيقۇنى ئاجايىپ

ياخشىلىقىدىن دېگىنە...
— بولدى، چۈشەندۈرۈپ يۈرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، دېمەكچى بولغىنىم، سىزنىڭ ھەقىقەتەن تەلىيىڭىز بار ئىكەن.
— تەلەي ـ ئامەت دېگەن ھەممە ئادەمدە بولىدۇ، مۇھىمى تىرىشچانلىق. تىرىشچانلىق توغرىسىدا دەرسىمنى ئاڭلامسەن؟
خۇا لاۋيۈ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.
— بىر پەي ئەسكەرنى ئۇۋچىلىققا سېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، مەن پەقەت بۇنى بىر ئايلا ئارىيەت ئېلىپ تۇراي دېگەن، يىرتىپ قويسام تۆلەيمەن.
— بولىدۇ، — لى شياڭگو نائىلاج بىردەم تۇرۇۋېتەلىدىن كېيىن قوشۇپ قويدى، — بۇنىڭ بولمايدىغان نېمىسى بار، ئاچىقىپ ئىشلىتىڭ.
خۇا لاۋيۈ بۇ تېرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئوبدان بىلەتتى، لى شياڭگو 4 ـ ليەنگە كېلىپ بىر ھەپتە بولمايلا، بىر پەي ئەسكەرنى باشلاپ ئەتراپتىكى سۇ، يېقىلغۇ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قاتارلىقلارنى تەكشۈرىمىز دېگەن باھانە بىلەن چىقىپ كەتكەنچە بەش كۈندىن كېيىن بىر ئېيىقنى ئۇۋلاپ قايتىپ كەلگەنىدى، لى شياڭگو ئۇستىلىق قىلىپ بۇ ئولجىنى پىلان سىرتىدىكى غەنىيمەت دەپ چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېيىق ئوۋلاشنىڭ ئاساسىي مەقسەت ئىكەنلىكىنى ھەممەيلەن ئېنىق بىلەتتى، شۇ سەۋەبتىن شۇ رۇدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانىدى. بۇ ئولجا توغرىسىدا خۇا لاۋيۈ ھېچنېمە دېمىگەن، لېكىن ئەپسۇسلىنىدىغىنى، پەقەت مۇشۇ 4 ـ ليەننىڭ يېتەكچىسىلا ئۆزىنى ئۇنۇملۇك قوغداپ قالغاندىن باشقا، پۈتۈن يىلىك بويىچە قىرىق بەش ئادەم رېماتىزىم ھەم بەل ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغانىدى.
خۇا لاۋيۈ ئېيىق تېرىسىنى يۆگەپ ئېلىپ، لى شياڭگوغا تۇتقۇزۇپ، بۇنى بىرەر ئەسكەر ئارقىلىق ما داچۇنگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

— نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز؟ — لى شياڭگو ھەيرانلىق بىلەن سورىدى.

— مېنىڭ ئورنۇمدا بۇنىڭ راھىتىنى ما داچۇن كۆرسۇن، ئۇنىڭ بەل ئاغرىقى سېنىڭكىدىنمۇ ئېغىر.

لى شياڭگو ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

— يىڭجاڭ قول ئاستىدىكىلىرىگە بۇنچىلىك كۆيۈنىۋاتسا، بۇنى ئۆزۈملا ئاپىرىپ بېرەي، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

لى شياڭگو كەتتى، خۇا لاۋيۈ ئىشىك يوچۇقىدىن تالادا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق يەۋاتقان ئەسكەرلەرگە قارىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇ رۇدا، جۇ دۇڭشيالارمۇ بار ئىدى، ئۇ بىر دەم يېتىۋالايمۇ ياكى چىقىپ تاماق يەيمۇ، دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغاندا، تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى، ئۇ جىددىيلىك بىلەن شۇ رۇدانى چاقىرغاچ، تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قولىغا ئالدى.

ما داچۇن يەرگە سېلىۋالغان پاخال كۆرپىسىگە غەزەپ بىلەن ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇنىڭ بېلى قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ ئاز - تولا ھەرىكەت قىلغاچ، ئۆزىنىڭ بورۇنقىغا ئوخشاش ئېگىزلىكتە ھەرىكەت قىلغۇدەك ھالىنىڭ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئەمدى ۋاقىتنىڭ ھەممىنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشەنگەنىدى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاسانلا غۇۋالىشىپ، پۇت - قوللىرى سىرقىراپ ئاغرىپ، ئۇگە - ئۇگىلەردىن خۇددى بىرسى چىشىنى غۇچۇرلىتىۋاتقاندەك ئاۋاز چىقىدىغان بولۇپ قالغان، بېلى خۇددى بىرى بىگىز سانجىغاندەك سىرقىراپ ئاغرىيتتى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ كاللىسىغا ھەر خىل قورقۇنچلۇق خىياللار كىرىۋالغان بولۇپ، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پۇتۇن - پۇتۇن ئىسكىلىتلار پەيدا بولدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭمۇ ئاپپاق پارقىراپ تۇرغان قان - گۆشلىرى ئاللىبۇرۇن قۇرۇپ - توزۇپ، يىلىكلىرى ئېقىپ تۈگىگەن ئىسكىلىتىمۇ باردەك قىلاتتى.

كۆزنى چاقناتقۇدەك نۇر چېچىپ تۇرغان ئىللىق قۇياش هاياتلىقنىڭ ئەڭ كۆرۈمسىز، قورقۇنچلۇق هالەتلىرىگە ئالتۇن نۇرلىرىدىن هەل بېرەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ هاياتلىقنىڭ ئاداققى ئامالسىزلىقى ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى بايقىغان بولسا، ئۆزىنىڭ هاياتلىقتا گەرچە يۈرىكى سوقۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ۋاقتى كەلگەندە چۈشىن لېپچىنكىسىدەكمۇ قايتا هاياتلىققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشەنگەنىدى. سىياسىي يېتەكچى هېلىقى سىلىق، پارقىراق ئېيىق تېرىسىنى ئېلىپ كەلگەندىلا، ئۇ بايىقى قورقۇنچلۇق خىياللارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغان بولدى.

— قايتۇرۇپ كەت! — دېدى ئۇ بۇيرۇق ئاهاڭدا.

— ئاستىڭغا سېلىۋال، سالامەتلىك هەممىدىن مۇهىم، يىقىلىپ قالساڭ مەن بەرداشلىق بېرەلمەيمەن، — دېدى لى شياڭگو چىرايىنى تۇرۇپ.

— مېنىڭ سەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىم بار؟

— بولدى گەپ يورغىلاتماي، گەپ ئاڭلىغىن!

ما داچۇننىڭ مېڭىسىدىكى ئاپپاق گۆش قۇرتلار خۇددى كاللەك بولۇۋېلىپ پارتلاۋاتقاندەك كاللىسى ۋاڭشىپ كەتتى. مېڭە قېتىقلىرىدىن يوغان بىر تۇپ دەرەخ ئۆسۈپ چىقىپ، شاخلىنىپ، توختىماي شىلدىرلاۋاتقاندەك ئۇنىڭ كۆڭلىنى پەرىشان قىلاتتى. شۇنداقلا كۆز ئالدىدىكى يۆگەپ قويۇلغان ئېيىق تېرىسى تۇيۇقسىز ئېيىق هالىتىگە كېلىپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ: «مەن ئۆلمىدىم، ئىنسانلار پەقەت تېرەمنىلا سويۇۋالدى، گۆشۈم بىلەن قېنىمدىكى روهىم چۆل - باياۋانلاردا تېخى هايات، قىساس ئوتى بىلەن هاياتلىق تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، روهلار دۇنياسى ماڭا بەرگەن هايات - ماماتلىق هوقۇقنى تارتىۋالىمەن» دەۋاتقاندەك بىلىنىپ پەرىشان بولاتتى، ئۇ دەرهال ئېيىق تېرىسىنى يايدى ھەمدە ئۆتكۈر ئۇۋ پىچىقىنى چىقىرىپ، ئېيىق تېرىسىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى كەسكىلى تۇردى، لى

شياڭگو يۈگۈرۈپ بېرىپ توسۇۋېلىشنى ئويلىدى ـ يۇ، پىچاقنىڭ ئۆزىگە تېگىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاچچىقىدا ۋارقىرىدى:

— توختا، قولۇڭنى تارت!

ئېيىق تېرىسى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا پارچە ـ پۇرات نەرسىگە ئايلىنىپ، ما داچۇننىڭ نەزىرىدىكى سۇر ـ ھەيۋىسى يوقالدى. چېدىرنىڭ ئىچىدە 1 ـ پەيىنىڭ بىرنەچچە ئەسكىرى بېرىپ توسۇۋېلىشقا جۈرئەت قىلالماي ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار ئېيىق تېرىسىدىن بىر خىل زۇلمەت نۇرى تاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمىغانىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بۇ ئىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىپ، زېھنىنى ئۇپرىتىشنى خالىمايتتى. ما داچۇن يېنىكلەپ قالغانەك ھېسسىياتتا ئورنىدىن تۇرۇپ، پىچاقنى ئۇستەلگە سانجىپ قويۇپ، ئىككى قولى بىلەن بېلىگە تايىنىپ تۇرۇپ يېتەكچىگە قادالدى.

— ئەسلىدە بۇنى يىگجاڭ ساڭا كۆيۈنۈپ ئەۋەتكەنىدى، ئەمدى بېرىپ ئۇنىڭغا نېمە قىلغىنىڭنى چۈشەندۈرۈپ قوي، — لى شياڭگو تەمتىرەپ قالغانىدى.

— مەن بەكلا چارچاپ كەتتىم، — ئۇ ئۇھ تارتقىنىچە ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى.

— سېنىڭ مۇشۇ پوزىتسىيەڭ ئۈچۈنلا، ساڭا چوقۇم جازا بېرىلىدۇ!

— ئىختىيار، — ئۇ يەرگە بىرنى تۈكۈردى.

لى شياڭگو كەينىگە بۇرۇلۇپ، چالۋاقىغان پېتى كىرىپ كەلگەن شۇ رۇداغا سوقۇلۇپ كەتتى، شۇ رۇدا لى شياڭگونى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، جەڭچىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى:

— بۇ يەردە نېمە ئىش بولدى؟

ھېچكىم ئۈندىمىدى، شۇ رۇدا كەينىگە بۇرۇلۇپ سالماقلىق بىلەن ئۇنىڭغا:

— ئەسكەرلەردە بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە، ئۇلارنىڭ بەنجاڭى ياكى پەيجاڭى بىلەن كۆرۈشمەمسەن؟ بىۋاسىتىلا ئەسكەرلەر بىلەن

جاڭجاللاشساڭ ئوبدان بولماس، ــ دېدى.
ــ ئۇلارنى سەن مۇشۇنداق بېشەم قىلىپ قويدۇڭ.
ــ سېنىڭ تەربىيەلىگەن ئەسكەرلىرىڭنىمۇ كۆرۈپ قالىمىز، تېخى.
لى شياڭگو پەرۋاسىزلا چېدىردىن چىقىپ كەتتى، شۇ رۇدا قېشىدىكىلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن، نەزىرى ما داچۈنگە كېلىپ توختىدى.
ــ سىلەر زادى نېمە قىلماقچى؟ ئىسيان كۆتۈرمەكچىما؟ مېنى كېسىلدۇرۇپ ئۆلتۈرەي دەمسىلەر؟
ــ ھەممىسى ئاشۇ لى فامىلىلىكنىڭ ئىشى، ــ ما داچۈن ئۆزىنى ئاقلىدى.
ــ ئۇنىڭ ئىشى بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، مەن سىلەردىن يىگىجاڭغا پىچاق كۆتۈردۇڭلارمۇ دەپ سوراۋاتىمەن؟
ــ ئۇ ئۆزى بىر ئەسكەر ئۆلسە بىر پىچاق ئۇرۇڭلار دېگەن، ئۇنداق قىلساق بولمامدىكەن؟
ــ ئەبلەخ، چۈنكى سەن تېخى ئۆلمىدىڭ!
ــ بىز ھەممىمىز ئەبلەخ، سىلەر ليەن كادىرلىرىمۇ شۇنداق، ليەنجاڭنىلا دەيلى، ئۇ ئاغرىپ قالسا دوختۇرخانىدا ياتىدۇ، لېكىن بىزچۇ؟ مۇشۇ يەردە ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتماقتىن باشقا ئامالىمىز يوق.
ما داچۈن پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ گېپى ئەمدىلا تۈگىشىگە، شۇ رۇدانىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترەك بېسىپ، ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن گۈلەيدى. تيەن جياخاڭ بۇ ھالنى كۆرۈپ:
ــ مۇئاۋىن ليەنجاڭ، لاۋ مادا خاتالىق يوق، ھەممە ئەقلىنى مەن كۆرسەتكەن، ــ دەپ ۋارقىرىدى.
شۇ رۇدا ئېغىر بىر تىنىۋېتىپ، ما داچۈننىڭ يېنىدىلا ئولتۇردى. ما داچۈن دەرد تۆكتى:
ــ مۇئاۋىن ليەنجاڭ، مەن خاتا قىلغانمۇ بولاي، لېكىن بىز ئادەم، ھەرگىزمۇ ھايۋان ئەمەس، يىڭجاڭ ليەنىمىزگە

كەلگەنىكەن، بىزگە كۆڭۈل بۆلۈپ قويۇشى كېرەك ئىدى، ئۇنىڭ تۇك باسماس گەپلىرىدىن زېرىكىپ كەتتۇق، ھەر قېتىم ئۇنىڭ شۇ قۇرۇق گەپلىرىنى ئاڭلىساق، قۇلاقلىرىمىز غوڭۇلداپ كېتىدۇ، سىز بىزارلىق ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟

— بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم ھېچكىمدىن بىزارلىق ھېس قىلمايدۇ، — شۇ رۇدانىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز بىرنەچچە تامچە ياش سىرغىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ دەرھاللا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بايا دوختۇرخانىدىن تېلېفون كەلدى، لېيەنجاڭ بولالمايدىغان ئوخشايدۇ، ئۇ دوختۇرلاردىن سىلەرگە گەپ ئەۋەتىپتۇ، ھەممىڭلارغا سالامەتلىك تىلەيدىكەن...

ھەممەيلەن جىمىپ كەتكەن، نەپەسلىرىمۇ تىنۋشسىز ئىدى. پەقەت كۆپچىلىكنىڭ كۆزلىرىدىنلا ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— مەن لېيەنجاڭنى كۆرۈپ كېلەي، — ما داچۇن سەكرەپ دېگۈدەك ئورنىدىن تۇردى...

شۇ رۇدا پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— يىڭجاڭ مېنى كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن بېرىپ كەلگىن دەپ بۇيرۇدى، كۆپچىلىكنىڭ لېيەنجاڭغا دەيدىغان قانداق سۆزلىرى باركىن؟

بىرھازادىن كېيىن ما داچۇن ئېغىز ئاچتى:

— ئەمىسە، ئۇنىڭغا بىزنى تېخى ھايات، دەپ قوي.

كۆكتە لەيلەپ يۈرگىنى كۆپكۆك ئاسماندىكى ئاپپاق پاختىدەك بۇلۇتلارمۇ؟ ئالتۇندەك قۇياش نۇرى ئاپپاق بۇلۇتلارنى بىگىز كەبى تېشىپ ئۆتۈپ بىپايان زېمىننى سۆيمەكتە. ئەگەر ئاسماندا بۇلۇت بولمىغان بولسا، قۇياشقا ئەڭ يېقىن بۇ جايدىكى قانچىلىغان جانلىقلار ئاشۇ بىگىز ھەم يىڭنىلەرنىڭ ۋەجىدىن نېمىمۇ بولۇپ كېتەر ئىدى؟ خۇا لاۋيۈ ئاشۇ پاختىدەك

بۇلۇتلاردىن سىرغىپ چۈشكەن قار، يامغۇر، مۆلدۈرلەرنى قۇياش نۇرىدىن سۈزۈۋېلىنغانمىدۇر، دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ شۇ چاغدىلا قۇياش نۇرىنى توسۇپ تۇرغان بۇلۇتلارنىڭ قۇياشتىنمۇ ئۇلۇغ، سىرلىق ۋە سېھىرلىك، ئىنسانلار بىلەن تېخىمۇ دوستانە مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى. ھېچبولمىغاندا ھازىرچە شۇنداق ئىدى، قانداقلىكى بىر توپ بۇلۇت يىراقتىن سۈرۈلۈپ كېلىپ ھەرقانداق بىر يەرگە سايە تاشلاپ، سالقىنلىق ئاتا قىلغاندا، كىشىلەر ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايدۇ، ئاۋغۇستىنىڭ مۇشۇنداق تىنچىق تومۇزلىرىدا خۇا لاۋيۈ تۇنجى بولۇپ بۇلۇتنىڭ ئىدراكى، تەپەككۇرى، روھى، مۇھەببىتى بارلىقىنى ھېس قىلدى. ئەگەر ئۇنىڭ روھى يوق دېيىلسە، ئىنسانلارنىڭ جەزىرىدىكى تۇرمۇشىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى بەرھەق!

ھەممەيلەن ئىش ئورنىغا قاراپ ماڭدى، ھەتتا چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنلا يالغاندىن كېسەل بولۇۋالىدىغان جۇ دۇڭشيا، خېلى ۋاقىتتىن بېرى ھەر چۈشتىن كېيىنلىكى ئىش ئورنىدا قارىسى چېلىقمايدىغان يېتەكچى، ئارام ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان ما داچۇنلەرمۇ ئىشقا ماڭغانىدى. گەرچە قۇرۇلۇش سۈرئىتى ئانچە تېز بولمىسىمۇ، ھەممەيلەننىڭ ئىشقا كېلىشى خۇددى لىيەنجاڭ ۋاڭ تيەنچىڭگە ماتەم بىلدۈرۈۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇ بېرەتتى، خۇا لاۋيۈنىڭ ئىچى سىقىلىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ھەممىنى ئېچىگە يۇتۇپ ئىشلىمەي ئامالى بولمىدى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ما داچۇن بىلەن تيەن جياخاڭغىمۇ قايتىدىنلا جان كىرىپ، ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن تۆشۈك تېشىشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇلارغا قاراپ باشقىلارمۇ غەيرەتكە كېلىپ، ئىش ئورنى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى، ئەتراپتا سايمانلارنىڭ تاشقا ئۇرۇلغان ئاۋازلىرىدىن باشقا ھېچقانداق غەيرىي ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. دېمەك، ئىشلار بىر خىلدا ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈۋاتاتتى، كۆكتىكى بۇلۇتلار غەربكە سۈرۈلۈپ، شەپەق سارغايغاندىلا، بۇ خىل جىمجىتلىقنى

خۇا لاۋيۇنىڭ ئاۋازى بۇزدى، ئۇنىڭ بازغانىنى كۆتۈرگۈدەك ھالى قالماي يېتىپ قالغانىدى، ئۇ كۆزلىرىنى كۆككە تىككىنىچە غارالڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

ۋۇ داۋلياڭدىن ئۆتكەندە كۆزىمىزدە ئىللىق ياش،
ئاھ، ياشلىرىم سەن بۇلاق، گويا كى دەريا.
لېكىن مېنى پاكلىيالمايسەن.
تاڭگۇراغا كەلدىمەن، ئاتا ـ ئانام دىدارسىز،
ئېھ، ئانا، سەن قۇياش، نۇرلۇق تولۇن ئاي،
لېكىن ماڭا نۇر سېپەلمەيسەن.
قۇشلار قېنى ئاسماندا؟ يەردە بىر تال گىياھ يوق،
ئەي گىياھلار سىلەر شەبنەم، گويا ئۇزۇقلۇق،
مەن قوينۇڭدا يايلىغان قوزاڭ.
يىل بويى كىيدىم جۇۋا، تاشلار بەك سوغۇق،
شۇ تاشلار دوستۇمدۇر، ھەمراھتۇر ماڭا،
سەن ماڭا ئوخشايسەن، مەن گويا ساڭا.
كۇندۇزى سەپداشلار ھەمراھ، كېچىسى يۇلتۇزلار سىرداش،
ئاھ، يۇلتۇزلار قېرىنداشىمدۇر، كۆزۈمنىڭ نۇرى،
لېكىن مېنى كۆرەلمەيسىلەر.
كوئىنلۇننىڭ رەنجىگە توتو دەرياسى بەردى ھاياتلىق،
ئەي، ھايات! سەن شامال، سەن گويا تۇمان،
سۇرىسەن دائىما دەۋران.

كەزدىڭ سەن كۆللەرنى زۇلمەت كېچىنى،
ئايىنىمۇ سۆيدۇڭسەن، بۇلۇتلار تامان،
مۇھەببەت دۇنياسى بولغاچقا نىشان.
مۇھەببەت قوۋمىنى قىلدىڭغۇ ئىشغال،
بىلىڭلار، ئىنسانلار، بىلىڭلار، مېنى،
ھاياتىم، چۈشلىرىم، مۇھەببىتىمنى.

بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ناخشىسى، ئىغىر ئىلىنىۋاتقان ئاھاڭلارغا ئۇلارنىڭ ھەسرەتلىرى سىڭگەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى پەردازسىز مۇڭ ـ قايغۇلىرىنى ئىپادىلەپ، غېرىبسىنغان قاتمۇقات تاغلار ئارىسىدا يەنىلا بىر خىل ئىناقلىق ۋە ھاياتلىقنىڭ مېلودىيەسىنى ياڭراتماقتا. ناخشىغا قوشۇلىدىغانلار بارغانچە كۆپىيىپ، قوللىرىدىكى ئىشلارمۇ توختاپ قالغانىدى. خۇا لاۋيۈمۇ ئىختىيارسىز ناخشىغا ئىچىدە جور ئىدى.

خۇا لاۋيۈ ناخشا ئېيتىۋېتىپ، بىردىنلا قەلبىنى ئىغىر كۆلپەت قاراڭغۇسى بېسىۋالغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتى پەقەت مەيداندىكى ئاشۇ بىردەملىك قىزغىن كەيپىياتنى مەجبۇريي ساقلاشقا تىرىشىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ تەنھا ئەرۋاھتەك ئاستا ـ ئاستا پېتىۋاتقان قۇياشقا يۈزلەنگەن شۇ پەيتتە، ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى ماغدۇرسىزلىنىپ، بېشى قېيىشقا باشلىدى ۋە ئاران تەستە لى شياڭگونىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى ئىشتىن چۈشۈش سىگنالى بېرىشكە بۇيرۇدى.

كۆپچىلىك توپ ـ توپ بولۇشۇپ، سوغۇق چېدىرلىرىغا، زۇلمەت كېچە قوينىغا، يامان چۈشلەر قايىنىمىغا، ياخشى ـ يامانلىقتىن بېشارەتسىز بولغان ئەتىگە قاراپ يول ئالدى، ئەنە شۇ ئەتە ئۇچۇن خۇا لاۋيۈ ئەسكەرلەر ئارىسىدا قىستىلىپ ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتاتتى، ئۇ قاچىسىدىكى گۆشلەرنى قىسىپ ئېلىپ چىرايىدىن بالىلىق كەتمىگەن ئەسكەرلەرنىڭ قاچىسىغا سېلىپ قوياتتى ۋە ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ قوياتتى.

— تامىقىمىز ئوبدان، ئۇيقۇمىز ياخشى، ئۆيگە كېتىپ نېمە قىلىمىز؟ يەڭلار، ئەتە يەنە ئىشلەيدىغان گەپ.

ئۇ ئۆزىنى ئامال بار خۇشال كۆرسىتىپ، ئۆزىچە قىزىق بىلىنگەن گەپتىن بىرنى قىلىۋىدى، لېكىن بۇ گەپكە ئارانلا

بىر نەچچەيلەن بوشلا كۆلۈپ قويدى، ئەمەلىيەتتە بۇ كۈلكىلەرمۇ يىغلىغاننىڭ ئوخشايسىزلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن زورىغا چىققانىدى. خۇا لاۋيۈ ئەزەلدىنلا قىزىقچىلىقنى تازا قامالاشتۇرۇپ كېتەلمەيتتى. قانداقلا گەپ قىلسا بىردەمدىلا تۈگەپ قالاتتى، ئاز ئۆتمەي ئۇ بۇگۈن كەچتىكى قاراۋۇللۇق نۆۋىتىنىڭ قايسى پەيگە كەلگەنلىكىنى سۈرۈشتۈردى، ئۇ قاچىسىنى كۆتۈرۈپ تاماق يەۋاتقان 1 ـ پەيدىكىلەر ئارىسىغا كىرىپ، كېيىنكى يېرىم كېچىدىكى قاراۋۇللۇقنىڭ ئۆزىگە ھېساب ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى.

— ئاۋارە بولمىساڭمۇ بولىدۇ. سائەت ئون بىردىن بىرگىچە ما داچۇننىڭ نۆۋىتى ئىدى، ئۇنىڭ ئورنىغا تۇرۇپ بەرسەڭمۇ شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە! — دېدى جۇ دۇڭشيا ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ.

خۇا لاۋيۈ ئاتراپىغا بىر قارىۋېتىپ سورىدى:

— ما داچۇن قېنى؟

— تاماق يەپ بولۇپ ئۇخلاپ قالدى.

— بۇمۇ بوپتۇ، بالدۇر ياتسا سەھەر تۇرىدۇ، — ئۇ گېپىنىڭ كەينىنى يۇتۇۋەتتى، ئاندىن يەنە تيەن جياخاڭغا دېدى، — سەنمۇ يىگىرمىدىن ئاشتىڭ. قۇرۇلۇش تۈگىگەندىن كېيىن ئۆيلىنىۋال، مەن ساڭا چىرايلىق ھەم كۆيۈمچان قىزلاردىن تونۇشتۇرۇپ قويىمەن.

تيەن جياخاڭنىڭ مەڭزى خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتتى.

— قۇرۇلۇش تۈگىگەندىن كېيىن لايىق تاپالمىغانلار مېنى ئىزدەڭلار، مەن تونۇيدىغان قىزلار نەچچە مىڭدىن ئاشىدۇ، تاللاپ، چېكىپ تۇرۇپ ئالىسىلەر.

— ئەمىسە، مەن بىرىنچى بولۇپ سىزگە تىزىملىتىپ قوياي، — جۇ دۇڭشيا بىرىنچى بولۇپ ئىپادە بىلدۈردى، — ماڭا دۇنيادىكى ئەڭ، ئەڭ، ئەڭ چىرايلىق قىزنى تونۇشتۇرۇپ قويۇڭ.

— مەن تونۇشتۇرماقچى بولغان قىزلارنىڭ ھەممىسىلا دۇنيادىكى ئەڭ، ئەڭ، ئەڭ چىرايلىق قىزلار، سەن كۆزۈڭنى

يوموپ تۇرۇپ تاللىساڭمۇ ئەڭ، ئەڭ، ئەڭ چىرايلىقىنى تاللىيالايسەن، — خۇا لاۋيۈ ھەربىر قېتىم ئەڭ دېگىنىدە، بېشىنى بىر قېتىم لىڭشىتاتتى، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى، بۇ كۈلكە خۇا لاۋيۈنىڭ كۆتكىنى ئىدى، چۈنكى بۇ يەردە كۈلكە ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك ئىدى.

ئەسكەرلەر ئۇخلاپ قالدى، خۇا لاۋيۈ پوستتا تۇرۇش ۋاقتى توشقاندىن كېيىن، لى شياڭگونى چاقىرىپ ئەسكەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ بەزى ئەسكەرلەرنىڭ يەنىلا ئۇخلىمىغانلىقىنى بايقاپ، خۇددى كىچىك بالىلارنى ئەركىلەتكەندەك ساقىلىنى ئۇلارنىڭ يۈزىگە سۈركەپ تۇرۇپ مېھرىبانلىق بىلەن ئۇلارنى بالدۇرراق ئۇخلاشقا ئۈندەيتتى ۋە يوتقانلىرىنى ھىم يېپىپ قوياتتى. لى شياڭگو ئىلگىرى بۇنداق تەكشۈرۈشكە چىقىپ باقمىغان بولۇپ، خۇا لاۋيۈنىڭ بايىقى قىلىقلىرى ئۇنىڭغا كۈلكىلىك بىلىنمەكتە ئىدى. پەقەتلا خۇددى مۇھاپىزەتچىدەك ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ماڭسا مېڭىپ، تۇرسا تۇرۇپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، تەكشۈرۈشنىڭ بالدۇرراق تاماملىنىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى...

خۇا لاۋيۈ بۈگۈن كېچە شۇ رودانىڭ ئورنىدا ياتتى، لېكىن زادىلا ئۇخلىيالمىدى، ئوڭدىسىغا يېتىپ تىمتاس كېچىدىكى سىرلىق ئاۋازلارغا قۇلاق سالدى، كېيىنكى يېرىم كېچە مەزگىلى بولغاندىلا، ئۇنىڭ دىققىتى ئەتراپىدىكىلەرنىڭ پۇشۇلدىغان نەپەسلىرىگە چۈشۈپ، باشقا سىرلىق ئاۋازلارنى ئاڭلىيالمىدى. قۇياش يەنە ئۆز قەرەلىدە كۆتۈرۈلۈپ جاھاننى يورۇتتى، ئاسمان شۇنچە بىپايان، زېمىن بولسا شۇنچە سىرلىق! ئىزغىرىن شامال بۇ نەس باسقان زېمىننىڭ كېلەچىكىدىن خەۋەر بېرىپ تۇراتتى، خۇا لاۋيۈ گەرچە قېنىپ ئۇخلىيالمىغان بولسىمۇ، ۋۇجۇدىدىكى ھارغىنلىقلار يوقاپ، ئوبدانلا يېنىكلەپ قالغانىدى، ئۇ يەنىلا ھەممىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەممىدىن بۇرۇن ناشتا قىلىپ، ئىش ئورنىغا ھەممىدىن بۇرۇن كېلىپ، تەييارلىق

قىلغاچ، لىيەندىكىلەرنىڭ كېلىشىنى ساقلاشقا باشلىدى. لى شياڭگو كۆپچىلىكنى باشلاپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ لى شياڭگونى ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. لى شياڭگو كۆپچىلىككە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن: «تولۇق» دەپ جاۋاب بەردى.

— ھەممىسى تولۇقما؟ — خۇا لاۋيۆ رەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ چاقىردى، — جۇ دۇڭشيا ئالدىغا چىق !

لېكىن، جۇ دۇڭشيادىن ھېچقانداق ئىنكاس يوق ئىدى، خۇا لاۋيۆ لى شياڭگوغا نەشتەردەك تىكىلدى.

— مەن قارىغۇ ئەمەس، يەنە ما داچۇنمۇ يوق، ئۇلار نېمىشقا كەلمىدى؟ دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى چاقىرتىپ كەل!

— مەن چاقىرىپ كېلەي ! — تيەن جياخاڭ ھېچكىمنىڭ رۇخسىتىسىزلا چېدىر تەرەپكە يۈگۈردى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي قايتىپ كېلىپ مەلۇم قىلدى:

— جۇ دۇڭشيا ئاغرىپ قاپتۇ، ما داچۇن يوتقانغا پۈركىنىپ يېتىپتۇ. ئىشقا چىققۇسى يوق ئىكەن.

— ھەربىي دېگەن جەڭگىۋار بولۇشى كېرەك، خالاش - خالىماسلىق دېگەن قانداق گەپكەن ئۇ؟ قارىمامدىغان ماۋۇ قاملاشمىغان ئىشنى؟ يېتەكچى، ئۆزۈڭ بېرىپ، ئۇلارغا مېنى چاقىرىۋاتىدۇ دېگىن، راستلا ئاغرىپ قالغان بولسا قايتىپ كەتسە بولىدۇ.

لى شياڭگو نائىلاج قەدىمىنى يۆتكىدى ۋە ئوخشاشلا ئۇزاق ئۆتمەي قايتىپ كەلدى.

— جۇ دۇڭشيانىڭ ئىچى سۈرۈپ قاپتۇ، رۇخسەت سورىماقچىكەن.

— ئىچى سۈرۈپ قاپتۇ؟ ئاخشام مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە ئۇخلىغان، ئەجەب كېچىدە تالاغا چىققىنىنى تۇيمىدىمغۇ؟ ما داچۇن قېنى؟

— قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتۇ.

خۇا لاۋيۆ تيەن جياخاڭغا يۈزلەندى.

— سەن بىرىپ قايتا چاقىرىپ باققىن، ئەھۋالى ئېغىر بولسا مەنمۇ ئىش بىلىدىغان ئادەم، جۇ دۇڭشيا رۇخسەت سورىماقچى بولسا، ئۆزى چىقىپ سورىسۇن، ئىچىنىڭ سۇرگىنىنى ھەقىقىي ئىسپاتلىيالىسا، مەن ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىمەن.

تيەن جياخاڭ يەنە بىر قېتىم بېرىپ كەلدى:

— جۇ پەيجاڭ يوقكەن، ھاجەتكە چىقىپ كەتكەنمىكىن، لاۋ ما يەنە ئۇخلاۋېتىپتۇ، بەكلا چارچاپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

دوكلاتىنى تۈگەتكەن تيەن جياخاڭ ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەتتى. خۇا لاۋيۆنىڭ كالپۇكلىرى ئاچچىقتىن تىترەيتتى.

— ئۇخلاشمۇ سەۋەب بولامدىكەن؟ سەن ئۇخلىغان بىلەن قۇرۇلۇش ئۇخلىمايدۇ ـ دە. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇخلىغاننىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىك بىلەن نېمە پەرقى بولسۇن؟ — ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمىز؟ ئۇلارغا مۇشۇنداق يول قويىۋەرسەك، ئەتە قانداق قىلىمىز؟ ئۆگۈنلۈككە قانداق قىلىمىز؟ باشقىلارنىڭمۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنى دورىغۇسى كېلىدۇ ـ دە! بىز بۇ قۇرۇلۇشنى زادى قىلامدۇق ـ قىلمامدۇق؟ مەن بۇ قۇرۇلۇشقا قوماندانلىق قىلغۇچى. سىلەر ئۆزۈڭلارنى مېنىڭ ئورنۇمغا قويۇپ ئويلاپ بېقىڭلار، مەن سىلەرگە يۈز كېلەلەيمەن، سىلەرمۇ ماڭا يۈز كېلەلىشىڭلار كېرەك، — ئۇ ئېغىر بىر نەپەس ئېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — يۈز كېلەلمىگەنلەرنى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ چاغدا مەنمۇ ئۇلارغا يۈز ـ خاتىر قىلالمايمەن. مەن ھازىر پارتكومغا ۋاكالىتەن جاكارلايمەنكى، جۇ دۇڭشيا بىلەن ما داچۇنگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەمۇرىي گۇناھ يېزىش جازاسى بېرىلدى. كۆپچىلىك شۇنى بىلىپ قېلىشىڭلار لازىمكى، بۇمۇ پەقەت ئامال بولمىغاندا چىقىرىلغان قارار ! — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، سۇس ھاۋا رەڭ ئاسمانغا تىكىلگىنىچە بىرپەس جىمىپ كەتتى ۋە توساتتىن لى

شياڭگوغا ۋاكالىتەن بۇيرۇق قىلدى:
— تارقىلىڭلار!
لى شياڭگو يىڭجاڭنىڭ ئۆزىنى ئازراقمۇ نەزىرىگە ئىلىپ قويمىغانلىقىدىن ئاچچىقلىنىپ، قولىدىكى جوتۇنى غەزەپ بىلەن بىر تاشقا ئۇرۇشىغا، تاڭگىدە قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ جوتۇنىڭ ئۇچى قايرىلىپ كەتتى.
تاكى چۇش بولغۇچە پارتلىتىش تۆشۈكى تېشىۋاتقانلار بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، ھەممەيلەننىڭ كەيپىياتى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. لېكىن، قۇرۇلۇش سۇرئىتىدىن خۇا لاۋيۈ رازى ئىدى. ئاخشامقى پارتلاشتىن ھاسىل بولغان تاش پارچىلىرى مانا بۇگۈن پاكىز تازىلاندى. تۇرۇبا لەخمىسى يىرىم مېتىر ئەتراپىدا قېزىلدى... يېڭى تۆشۈكلەر باشقا تەرەپلەردىمۇ بىرنەچچىدىن تەييار بولغانىدى. بۇگۈن چۈشكىچە بولغان ئىش ئۇنۇمى تۇنۇگۇنكى پۈتۈن بىر كۈنلۈك ئۇنۇمدىن خېلىلا ئېشىپ كەتكەنىدى. خۇا لاۋيۈ كۆپچىلىكنىڭ ھېرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، لى شياڭگوغا ئىشتىن چۈشۈش پۈشتىكىنى ئون مىنۇت بۇرۇن چېلىشنى ئېيتتى. لېكىن، لى شياڭگوغا بۇ ئون مىنۇتنى كېچىلىك ئىسمىنىغا قوشۇۋېتىمىز دەپ ئەسكەرتىپ قويدى. لى شياڭگو خۇشياقمىغان ھالدا پۈشتەكنى چالدى، ھەممەيلەن بىر - بىرلەپ ئىش مەيدانىدىن ئايرىلىشتى.
1 - پەيىنىڭ چېدىرىدا ما داچۈن يەنىلا بېشىنى پۈركىگىنىچە ئۇخلاۋاتاتتى. فاڭ كۈەن كىرىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، ئاندىن ماغدۇرسىز قوللىرى بىلەن ئۇنى ئىرغىتتى.
— تۇرە، تۇرە...
ما داچۈن مىدىرلاپمۇ قويمىدى، تېەن جياخاڭ كىرىپ فاڭ كۈەنگە ئۇنىڭ يوتقىنىنى ئېچىۋېتىشنى بۇيرۇدى ۋە ئارقىدىنلا يەنە:
— بولدى ئۇخلاۋەرسۇن، ئۇنىڭغا بەربىر جازامۇ بېرىلىپ بولدى، ئەمدى يېرىم كۈن ئۇخلىسىمۇ، يېرىم يىل ئۇخلىسىمۇ

ئوخشاش، — دەپ قوشۇپ قويدى.

خۇا لاۋيۈ بىر قولىدا ئىككى ھورناننى دەستىلەپ، يەنە بىر قولىدا بىر قاچا شوۋىگۇرۇچنى كۆتۈرگىنىچە كىرىپ ئۈنلۈك ھالدا دېدى:

— ئورنۇڭدىن تېز تۇر، يەنە تۇرمىساڭ، جازايىڭ تېخىمۇ ئېغىرلايدۇ.

— قويۇپ قويايلى، ئويغانغاندا يېسۇن. بۇ دۇنيادا شېرىن چۈشكە يېتىدىغان لەززەتلىك نەرسە يوق، — تيەن جياخاڭ ما داچۇننىڭ تۇگۇلۇپ قالغان ھالىتىگە قاراپ، ئۇنى توڭلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، جۇۋىسىنى يېشىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويدى.

— ئۇ مۇشۇنداق ھالەتتە ئۇخلاۋېرىدىغان بولسا چوقۇم ئۆلۈپ قالىدۇ، — خۇا لاۋيۈ قولىدىكىلەرنى قويۇپ، باشتا جۇۋىنى بىر يانغا تاشلاپ، ئاندىن ئۇنىڭ يوتقىنىنىمۇ ئېچىۋەتتى.

يوتقاننىڭ ئىچىدىن بىر خاتىرە چىقتى، لېكىن ما داچۇن يەنىلا جىم ياتاتتى.

— تۇرە!

خۇا لاۋيۈ ئۇنى كۆچەپ تارتىشتۇردى. ما داچۇن بولسا بەخىرامان ھالدا بىر يېنىغا ئۆرۈلۈپ جىم بولدى.

— غەلىتە ئىش! ئۇ نېمانداق ئېغىر ئۇخلايدىغاندۇ؟

ئۇ ما داچۇننىڭ كىيىمىدىن تارتىپ تۇرغۇزماقچى بولدى، دەل شۇ چاغدا تيەن جياخاڭ ئورنىدىن ئىرغىپ دېگۇدەك تۇرۇپ كەتتى.

— جىم تۇر، تارتما!

ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى.

— ئۇ، ئۇ ئۆلۈپتۇ! — فاڭ كۈەن ۋارقىرىۋەتتى.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ — خۇا لاۋيۈنىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى.

— شۇنداق، ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇ ئۇخلاپ قالدى... —

تيەن جياخاڭ بوش ئاۋازدا پىچىرلىغىنىچە چىدىر سىرتىغا چىقىپ، تاماق يەۋاتقان ئەسكەرلەرگە قاراپ ۋارقىرىدى:
— ئۆلۈپتۇ، ما داچۇن ئۆلۈپتۇ!

ما داچۇننىڭ جەسىتى ئاق كىرلىك بىلەن يېپىپ قويۇلغان، يېنىدا كىرلىشىپ كەتكەن يوتقان - كۆرپىسى ھەم جۇۋىسى تۇراتتى، بىر دانە كىچىك پىچىقى، بىر خاتىرىسىمۇ ئۆز ئورنىدا ئىدى. يەنە بىر ياندا ھەربىي بەلبېغى تۇراتتى، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى يەنىلا شۇ قىزغۇچ رەڭلىك كۇندىلىك خاتىرە ئىدى. لى شياڭگو خاتىرىنى قولىغا ئېلىپ تېخى ئاچماي تۇرۇپلا، ئۇنى تيەن جياخاڭ ئېلىۋالدى.
— ئۇنىڭ شەخسىي خەتلىرىنى كۆرۈش سالاھىيىتىڭ يوق! — ئۇنىڭ ئاچچىقتىن قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەنىدى.
— مەن كۆرۈپ باقاي، — خۇا لاۋيۈ قولىنى ئۇزارتتى.
تيەن جياخاڭ ئۆزىنى باسالماي ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتى. چۈنكى، ئۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى بىلەتتى، ئۇ خەتنى خۇا لاۋيۈگە بەردى، خۇا لاۋيۈ ما داچۇننىڭ جەسىتى ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ، خاتىرە بەتلىرىگە چاپلانغان خەتلەرنى بىر ۋاراق، بىر ۋاراقتىن كۆرۈشكە باشلىدى. ۋۇجۇدى خۇددى يالىڭاچ پېتى يامغۇردا قالغاندەك ئىختىيارسىز تىترەيتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىپايان كەتكەن بىر دېڭىز پەيدا بولدى. ئاق رەڭلىك يەلكەن ئۇنىڭدىن يىراقلىماقتا ئىدى، لېكىن ھەرقانچە يىراقلىسىمۇ ئۇپۇق سىزىقىغا زادىلا بارالمايۋاتاتتى، كۆز ئالدىدىن يىتمەيتتى، ئەكسىچە، قەلبىدىكى دەرد - ئەلەم خۇددى ئاشۇ يەلكەندەك دولقۇنلار ئارىسىدا داۋالغۇيتتى. ئۇ خۇددى دېڭىزدىكى بۇ خىل مەنزىرىنى كۆرۈپ ئادەتلەنگەن بېلىقچىلاردەك تەمكىن بولاي دەپمۇ قاملاشتۇرالمايۋاتاتتى. ئۇ يەلكەن ئۇنى گويا باياۋاندىكى ئېزىتقۇدەك بىخۇدلاشتۇرماقتا ئىدى. ئۇ ئاخىر بېشىنى

كۆتۈرۈپ، ما داچۇنگە قاراپ لاۋۇلداپ تۇرغان شەپەقنى كۆردى، توساتتىن شەپەق ئارىسىدىن بىر يىلپىز ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى ـ يۇ ئۆزىنى كونترول قىلالماي، پارقىراپ تۇرغان يوغان بىر تاشقا كېلىپ سوقۇلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ دېڭىز دولقۇنى قىرغاققا چىقىرىپ قويغان بىر دانە تىرىلوبىتا قۇرتى ناھايىتى تەستە ئۆمىلەپ ئەسلىدىكى ماكانى بولغان سۇ دۇنياسىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ شۇ خىياللار ئىلكىدە ئۆزىنى خۇددى ئاشۇ يىلپىزدەك، ما داچۇننى بولسا ئەسلىي ماكانىغا قايتقان تىرىلوبىتا قۇرتىدەك ھېس قىلىپ قالدى.

— يىڭجاڭ، ماڭا نېمىشقا بۇنداق قارايسىز؟ نېمىشقا؟ — بۇ ما داچۇننىڭ مەۋھۇم ئاۋازى ئىدى.

خۇا لاۋيۈ قەلبىگە يىراقتىكى ئەسلىمىلەر قوينىدىن تەسەللى ئىزدەيتتى. ئۇ بولسىمۇ ھاياتلىقنىڭ ئۆلۈم دەھشىتىگە، ماماتلىقنىڭ گۈزەللىكىگە بولغان بىر خىل ئۆزگىچە ئىنتىلىش ئىدى.

— مېنى كەچۈرگىن، ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن، لېكىن مەنمۇ بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىمەن! — دېدى ئۇ ئىچىدە ئۈنسىز نىدا قىلىپ.

— يىڭجاڭ، سىز شۇنداق دەپ قارىسىڭىز، مېنىڭ ئۆلسەممۇ پۇشايمىنىم يوق، — بۇ يەنىلا مەرھۇم ما داچۇننىڭ ئاۋازى ئىدى.

خۇا لاۋيۈ ما داچۇننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. لېكىن، چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى. بىر ئايالنىڭ ئاھۇ ـ پەريادى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭراۋاتاتتى، قاسىرقىدىكى پارقىراقلىقى يوقالغان بىر قۇلۇلە دېڭىزغا قاراپ: «مېنى قوينۇڭغا ئالساڭچۇ!» دەپ نالە قىلىۋاتقانىدى. قاقاس چۆلدە قالغان بىر كەسلەنچۈك ئۆزى يېتىلىپ قويغان ئورمانغا تەشنا بولۇپ تولغىنىۋاتقانىدى. پەقەت سۇ ئاستىدىلا ئۇرۇقلىنالايدىغان قەدىمىي سىكاس دەرىخى قۇرغاقچىلىقنىڭ تەھدىتىدە ئۈمىدسىز شىلدىرلايتتى. خۇا لاۋيۈ

ما داچۈنىنىڭ ئاق رەخت ئاستىدىكى جەسىتىگە قاراپ پۈچىلىناتتى، بۇ ئازابلاردىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، ئازابنىڭ قولى ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ گېلىدىن بوغۇشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ قارشىلاشقۇدەك ئىمكانى يوق ئىدى، «ئازاب تەبىئەتتىن ھالقىغان كۆچىنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن ھەمراھى!» بۇ ما داچۈنىنىڭ خوتۇنىنىڭ ھەسرەتلىك ئاۋازى ئىدى.

— بولدى قىلىڭ، يۈزۈمنى چۈشۈرمەڭ! — ئاق رەخت ئاستىدىكى ما داچۈن خوتۇنىغا خىتاب قىلىۋاتاتتى.

ئۇ ئايال قاقاس تۆپىلىكتە، ئاۋغۇستنىڭ مەيىن شاماللىرى ئارىسىدا، ئىنسانلارنىڭ غەزەپ - نەپرىتى، جاپا - مۇشەققەتلىرى ئارىسىدا تۇرۇپ ئاياللارغا خاس جاھىللىق بىلەن پىچىرلايتتى:

— ما داچۈن، مەن كۆڭلۈمدىكى دەرد - ئەلەملىرىمنى تۆكۈۋالاي!

شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى سىزدىن خەت كەلمىدى، ھەممىمىز سىزدىن ئەنسىرەۋاتىمىز، دادام دائىم ماڭا: «داچۈنگە تېلېفون ئۇرۇڭ، بىرەر قىيىنچىلىقى بارمۇ؟ قاچان قايتىپ كېلىدۇ، سوراپ بېقىڭ» دەپ تاپىلايدۇ. مەن: «تېلېفون ئۇلانمايۋاتىدۇ» دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىسام، دادام ئىشەنمەي: «مېنى ئالداۋاتىسىز» دەپ ئاچچىقلىنىدۇ. ئالدىنقى ھەپتە سىز ئەۋەتكەن بىر يۈز يىگىرمە ئالتە يۈەننى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دادام يەنە مەندىن: «تېلېفون ئۇلاندىمۇ؟ داچۈن قاچان قايتىپ كېلىدىغىنىنى دېدىمۇ؟» دەپ سوراپ تۇرۇۋالدى، مەن دادامنىڭ كۆڭلىنى ياساپ 12 - ئايدا كەلگۈدەك دەپ قويدۇم. داچۈن راست گەپنى قىلىڭ، 12 - ئايدا كېلەمسىز؟ ئەگەر كېلەلمىسىڭىز چوقۇم خەت ئەۋەتىۋېتىڭ، دادامغا چوقۇم، ۋاقتىم چىقسىلا سىلەرنى يوقلاپ بارىمەن، دەپ تەسەللى بېرىڭ. بولمىسا دادام بەك ئۈمىدسىزلىنىپ ئەنسىرەپ كېتىدىكەن. سىز ئەۋەتكەن

پۇلنى دادام بىردىن، بىردىن ساناپ چىقىپ: «يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىڭ» دەپ ماڭا قايتۇرۇپ بەردى، دادامنىڭ دېيىشىچە، ئاپامنىڭ مېيىتىنى ئۇزاتقاندا ئالغان قەرزنىڭ يېرىمى تۈگىگۈدەك. داچۇن راستىنى دېسەم، قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتىڭىز بولدى، ئائىلىمىز نامرات، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمايمەن، ھېچكىمدىنمۇ ئاغرىنمايمەن، بۇ دېگەن تەقدىر، ھېچكىمنىڭ ئامالى يوق، ئائىلىدە بىرەر ئەر بولمىسا، خەق مازاق قىلىدىكەن، ھەتتا سەرەڭگە، تۇزچىلىك نەرسە سېتىۋېلىشتىمۇ خەقنىڭ چىرايىغا قاراۋاتىمىز، سىز ئۆيدىن چىقىپ كەتكىلى ئۇزاق بولدى، يۇرتىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىلمەيسىز، ھازىر كىمنىڭ پۇلى بولسا شۇنىڭ ئىناۋىتى بار، بىز نامرات بولغاچقا، خەقمۇ بىزگە مەسخىرىلىك قارايدۇ. ئۆتكەندە دادام ئاغرىپ قالدى، ئەھۋالى خېلىلا ئېغىر بولغاچقا، ئىككى ئاي كاڭدىن چۈشەلمەي ياتتى، ئاش ـ تامىقىنىمۇ ئېتىپ، چوڭ ـ كىچىك تەرىتىنىمۇ مەن ئالدىم، مەن جاپادىن، مەينەتچىلىكتىن قورقمايمەن، لېكىن مەن ئايال كىشى بولغاچقا، ھەر كۈنى قېيىنئاتامنىڭ بەدىنىنى سۈرتۈپ قويسام، مەن ئۈچۈنغۇ ھېچ ئىش ئەمەس، لېكىن خەق ھەرنېمىلەرنى دەيدىكەن، مۇشۇ كۈنلەردە دادام ئورۇقلاپ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى، بىردەم كۈلسە، بىردەم يىغلايدۇ، يەنە تېخى ماڭا ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىمۇ تاپىلاپ قويدى، مەن ئىلاجسىز ئىككى سىڭلىڭىزنى باشلاپ خۇددى تىلەمچىلەردەك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ تىزلىنىپ يىغلاپ تۇرۇپ، يېزا باشلىقىدىن: «بىر ئادەمنى قۇتقۇزۇپ قويسىڭىز، بىرمۇنچە ئادەم بەختلىك بولاتتى» دەپ ئۆتۈندۇق. يېزا باشلىقى: «بۇ قىلغىنىڭىز بولمىدى» دەپ، كىچىككىنە بىر قەغەزگە تەستىق سېلىپ، يېزىلىق شىپاخانىغا بېرىپ، دورا ئېلىۋېلىڭ دەپ تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇ يەرگە بارساق ئون بەش تال كۆملاچ دورا بەردى، شۇ دورىنى ئىككى قېتىم يەپلا دادامنىڭ

كېسىلى خېلى ئوڭلىنىپ قالدى، پۇلى بارلارغا نىسبەتەن بۇ ئون بەش تال كۆمىلاچ دورا ھېچقانچە ئەمەس ئىكەن، لېكىن بىز نامرات، ھېچنېمىمىز بولمىسا بىزگە نېمە ئامال؟ داچۇن، قايتىپ كېلىڭ، سىز كەلسىڭىزلا مەنمۇ خەققە تىزلىنىپ يالۋۇرۇپ يۈرمەيمەن، سىز سىرتتا، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، ئەگەر ھازىرچە كېلەلمىسىڭىز، بىزدىن ئەنسىرەپ كەتمەڭ، دادام ھازىر ياخشى بولۇپ قالدى، سىڭىللىرىڭىزمۇ ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ، مەنمۇ ياخشى...

خۇا لاۋيۈ خەتنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى ئەسلەپ قالدى. دېڭىز بويىدىكى قاراۋۇللۇق پوتىيى ئۇستىدە ئۇ خوتۇنى بىلەن سالقىنلىغان، دېڭىزدىن كەلگەن مەيىن شامال ئۇلارغا چەكسىز ھۇزۇر بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئېسىگە تۇيۇقسىز ئەينى چاغدا خوتۇنىغا ھاياجانلىق ئىلكىدە دېگەن گېپى كېلىپ قالدى:

— ئەگەر بۇ دۇنيالىقتا سىز مەندىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسىڭىز، مەن مۇشۇ يەردىن دېڭىزغا سەكرىۋالىمەن.

خوتۇنى بولسا شوخلۇق بىلەن ئۇنىڭغا:

— مەن ئالىلىبۇرۇن سىزدىن بۇز ئۆرۈپ بولغان، — دەپ چاقچاق قىلغانىدى.

— ئەمىسە مەن ھازىرلا سەكرەيمەن.

— غەيرەت قىلىڭ !

— ئۇنداقتا مېنى تارتىۋالىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ.

— خاتىرجەم بولۇڭ.

ئۇ راستىلا سەكرەيدىغاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن خوتۇنى بىر خىلدا پەرۋاسىز كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇنىنىڭ بۇ خىل بىپەرۋالىقىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن راستتىنلا سەكرىگەنىدى، خوتۇنى بوينىنى سوزۇپ ئۇنىڭ سۇ ئۇستىگە لەيلەپ چىقىپ، قاپاقلىرى ساڭگىلىغان ھالدا قىرغاققا قاراپ ئۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ لام - جىم

دېمىگەندى.

— مەن سىزنىڭ تۇنجۇقۇپ قالمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنەتتىم، — دېگەندى خوتۇنى ئۇنىڭغا تەبەسسۇم بىلەن.

— ئەگەر مەن سۇ ئۈزۈشنى بىلمىگەن بولسامچۇ؟

— ئۇ چاغدا مەنمۇ سىزنى بۇنداق سىنىمىغان بولاتتىم! — خوتۇنى تۆت ئەتراپقا تەپسىلىي قارىۋېتىپ، ئادەم يوقلۇقىنى بىلىپ، خۇا لاۋيۈنى سۆيۈپ قويغانىدى.

ئاشۇ قىسقىغىنا مېھرلىك سۆيۈش خۇا لاۋيۈنى قايتىدىن ئويغاتقانىدى. بىر ئادەم ھەقىقىي ئۆلۈشتىن بۇرۇن ھېچكىم ئۇنىڭ ئۇچۇن قايغۇرمايدىكەن، ھەتتا بىرەر قېتىم زەن سېلىپ قاراپمۇ قويمايدىكەن، بۇ بەلكىم ئۆلۈمنىڭ تۇغۇلۇش ۋە ياشاشتىن ئۇلۇغ بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئەگەر كىشى ئەتراپتىكىلەرنىڭ چۈشىنىشى ھەم ھىمايىسىگە ئېرىشمەكچى بولسا، ئەڭ ياخشى ئامال ئۆلۈش ئىكەن، راست، ما داچۈن ھايات ۋاقتىدا ھېچكىم ئۇنى ھىمايە قىلىپ باقمىغان، بەزىلەر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغان، ھەتتا بىزارمۇ بولغانىدى. ئۇنداقتا بۇ ئەلەملىك خەتنى يازغان ئاياللچۇ؟ خۇا لاۋيۈ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلاتتى.

داچۈن، ئۈچ ئايدىن بېرى ھېچقانداق خەت ـ خەۋىرىڭىز بولمىدى، ھەممىمىز سىزدىن ئەنسىرىدۇق، ئالدىنقى ھەپتە دادام بىزنى بەك قورقۇتتۇۋەتتى، پۇتلىرى كالۋالىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئون نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى ناھىيەلىك پوچتا ئىدارىسىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ، يىغلاپ يالۋۇرۇپ سىزگە تېلېفون ئۇرماقچى بولغانىدى، پوچتا ئىدارىسىدىكىلەر بىز ئالاقىلىشىپ بېرەيلى دەپ قويۇپ، تېلېفوننى ئېلىپ نەچچە ئېغىز سۆزلىگەندەك قىلىپلا، دادامنى ئالداپ: «ئوغلىڭىز ئوبدان تۇرۇۋېتىپتۇ» دەپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دادام خۇشاللىقىدا دەرھال ئۆيگە قايتىپ، بۇ خەۋەرنى ماڭا تېزدىن يەتكۈزمەكچى

بوپتۇ، كۆتۈلمىگەندە، يولدا كېلىۋېتىپ بىر كۆلچەككە چۈشۈپ كېتىپ پۇتىنى قايرىۋاپتۇ، ئۇ چاغدا مەن ئىككى بالىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مەسئۇلىيەت ئېتىزىمىزدا ئىشلەۋاتقانىدىم، بۇغدايلار سارغىيىپ كەتكەنىدى، ۋاقتىدا ئورۇۋالمىساق دېنى چۈشۈپ كېتەتتى، كېيىن مەن ئۆيگە كېلىپ قارىسام دادام ئۆيدە يوق، شۇنىڭ بىلەن چىقىپ ئىزدىدىم، نېمە بولغىنىنى بىلمىدىم، دادام كۆلچەككە چۈشۈپ كېتىپ ۋارقىراپتىكەن، ھېچكىمنىڭ كارى بولماپتۇ، ئىلگىرى ئۇ يەردە يىقىلىپ ئۆلگەنلەرمۇ خېلى كۆپ ئىكەن، لېكىن بىرەرسى ماڭا خەۋەر قىلىپ قويماپتۇ، مەن دادامنى ئىزدەپ تاپقاندا بىچارە دادام يۈزلىرى ياش يۇقى، ئاللىبۇرۇن ھوشىدىن كەتكەنىكەن، مەن دادامنى ئۆيگە ئەكېلىپ، ئىسسىق شورپا ئىچكۈزگەندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كەلدى. ئاۋازىنى ئاران ـ ئاران چىقىرىپ ئىسمىڭىزنى چاقىردى. داچۇن قايتىپ كېلىڭ، دادامنى كۆرۈۋېلىڭ، دادام ئۇزاققىچە بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى مۇمكىن، دادامنىڭ پۇتىنى داۋالىتىش ئۈچۈن مەن كەنتنىڭ شەرقىدىكى ۋاڭ ئائىلىسىدىن ئىككى يۈز يۈەن قەرز ئالدىم. بىزگە ئازراق پۇل ئەۋەتىپ بېرەلەمسىز؟ سىڭىللىرىڭىز كىچىك، ئىشقا يارىمايدۇ، مەن يالغۇز، ئۇنى تاپسام بۇ يوق، بۇنى تاپسام ئۇ يوق، بەك ئېغىر كۈندە قالدىم. مەن ھازىر ناھىيەدىكى پوچتا ئىدارىسىدە بىرسىگە يالۋۇرۇپ بۇ خەتنى يازدۇردۇم. راست گەپنى قىلسام، دادامدىن بەكلا ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، دادام نېمىدېگەن بىچارە، بەزىلەر تېخى ماڭا: «سىز ئېرىڭىزنىڭ باشلىقلىرىغا خەت يېزىڭ، ئېرىڭىزنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئېيتىڭ» دەيدۇ، سىزچە شۇنداق قىلسام بولارمۇ؟

...

خۇا لاۋيۈنىڭ قوللىرى تىترەپ كەتتى ۋە پىچىرلىدى:

— داچۇن، سېنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى خوتۇنۇڭ بار ئىكەن !

«سېنىڭچۇ؟ سېنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟» ما داچۇن تۇيۇقسىز ئاق كىرلىكنى قايرىۋېتىپ سۆزلەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. سىرتتا شامال چىقىۋاتاتتى، قاراڭغۇلۇق قاپلىغان بۇ جەزىرىدە يەر شارىنىڭ يېڭى شەكىللەنگەن چاغدىكى ھالىتى نامايان بولۇۋاتقاندەك ئەتراپ تولىمۇ سۈرلۈك ئىدى. بۇ يەردە پەقەت ئۆزى بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي چىرىپ ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ كېتىش ئالدىدىكى جەسەتتىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۇنداق ئۆزگىچە تىمتاسلىق ئىلكىدە يېگانە قالغان خۇا لاۋيۈ ئورنىدىن قوپۇپ سەكرىۋەتكۈدەك بولۇپ كەتتى، تۇيۇقسىزلا: «ئۇنى تۇتۇڭلار!» دېگەن ئاۋاز قۇلىقىغا كىرگەندەك بولۇپ، بىرپەس ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئاشۇ تەنھالىق ئىلكىدە ئۆزىنى خۇددى بىر جىنايەتچىدەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ رەڭدارلىققا تويۇنغان خەيبىڭ شەھىرىنىڭ كۆز پەسلىدىكى سالقىن ھاۋاسىدا خوتۇنى بىلەن سەيلە قىلغاندا، بەكمۇ چاپلىشىپ ۋە ياكى بەك يىراقلىشىپمۇ كەتمەي كېتىۋاتاتتى، ئالدىدىمۇ ئادەم، كەينىدىمۇ ئادەم ئىدى، ئېھتىمال، ئۇلارمۇ سەيلىگە چىققانلار بولسا كېرەك، تۇيۇقسىزلا بىرىنىڭ: «ئۇنى تۇتۇڭلار!» دېگەن ئاۋازى بىلەن تەڭ ھەممەيلەن چۆچۈپ كەتتى، ئارىدىن بىرى دەرھال قاچتى، ئەتراپتا قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى، خوتۇنىنىڭ ۋۇجۇدىنى ئاجايىپ بىر خىل قورقۇنچ قاپلىۋالغان بولۇپ، ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالدى، ئەتراپتىكى چۇقان ئاۋازى پەسىيىش بىلەن ئۇلار بىرمۇنچە ئادەمنىڭ قورشاۋىدا قالغانىدى، ئۇلاردىن بىرى:

— سىلەرنى ج خ ئىدارىسىگە ئاپىرىپ بېرىمىز، — دەپ قاتتىقلا تەگدى.

— قىزچاق، ئۇ سىزنىڭ نەرسىڭىزنى ئوغرىلىدىمۇ ياكى سىزگە پوخورلۇق قىلدىمۇ؟ — بىرەيلەن ئۇنلۇك ئاۋازدا سورىدى.

— ئۇ... ئۇ... مېنى ھېچنېمە قىلمىدى.

— ئەمىسە، ئۇنى نېمىشقا تۇتۇۋالدىڭىز؟

ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى ئۇلارغا پەقەتلا كار قىلمايۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ نائىلاج ئۇلارغا باش ئەگدى.

— يۇرۇڭلار، مەن سىلەر بىلەن ج خ ئىدارىسىگە باراي!

ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى خاتا چۈشەنگەنلىكىگە ناھايىتى ئاچچىقى كېلەتتى. لېكىن، ئۇ بۇ ئاچچىقنى كىمدىن چىقىرالىسۇن؟ ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن توختىماي سورايتتى. باشقىلار نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ: «ئۇنى تۇتۇڭلار !» دەپ توۋلىشىدۇ؟ ئارىلىقتىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ، ئۇ خوتۇنى بىلەن كىنوخانىدا ياپونىيە فىلىمى «قوغلاپ تۇتۇش»نى كۆرۈۋېتىپ، ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى، فىلىممۇ «ئۇنى تۇتۇڭلار !» دەپ ۋارقىرىغان كۆرۈنۈش بىلەن باشلىناتتى، ئۆز ۋاقتىدا يولدا ئاڭلىغان: «ئۇنى تۇتۇڭلار !» دېگەن ئاۋاز بىرەرسىنىڭ سىمسىز رادىيوسىدىن چىققان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ياكى بىرەرسى فىلىم ۋەقەلىكى قايىنىمىغا كىرىپ كېتىپ، ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ گەرچە ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئازابلىق تۇيغۇ ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئورناپ كەتكەنىدى. ئۆزىنى خۇددى ئاللىنېمىلەردىن چۆچۈپ كەتكەن يېگانە قۇشتەك بىچارە سېزەتتى. ئېھتىمال، ما داچۈننىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا ھۆرپىيىپ: «ئۇنى تۇتۇڭلار !» دەپ ۋارقىرىماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، خۇا لاۋيۈنىڭ قىياسىچە، ئۇ ئايالدا ئۇنچىلىك جۈرئەتنىڭ بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ جۈرئىتى پەقەت خەتتىكى ئامالسىز يېزىلغان سۆزلەردىلا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى مۇمكىن !

داچۈن، سىز ئەۋەتكەن كىيىملەرنى تاپشۇرۇۋالدىم، لېكىن سىز نېمە كىيىسىز؟ سىز سىرتتا يۈرىسىز، ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم يوق، ئۆزىڭىزگە ھەرگىز سوغۇق تەگكۈزۈۋالماڭ، سىز بۇ كىيىملەرنى ئارتۇقچە ئىدى دەپسىز، مەن

ھەرگىز ئىشەنمەيمەن، مەن كەنتىمىزدىكى ھەربىي سەپتىن قايتقان بىر ھەربىيدىن سورىدىم، ئۇنىڭ دېيىشىچە، قىسىمدىن تارقاتقان كىيىملەر تۆت پەسىلدە كىيىشكلارغا ئارانلا يېتىدىكەن، كونىرىسا قىسىمنىڭ يىغىۋالىدىكەن، داچۇن ئەمدى ئەۋەتمەڭ، بىزنىڭ كىيىملىرىمىز بار، يىرتىلسا ياماپ كىيسەك بولىۋېرىدۇ، سىز ئەۋەتكەن كىيىملەردىن بىرنى دادام كىيدى، كىچىك سىڭلىڭىز بىرنى كىيدى، ئىشتاننى چوڭ سىڭلىڭىزغا بەردىم، ئۇ ئون ئالتە ياشقا كىرىپ بويىغا يېتىپ قالدى. تالا ـ تۈزگە چىققانلاردا چېنىپ قالمىسۇن دېدىم. يەنە بىر ئىشتاننى ساقلاپ قويدۇم، دادام كۆز يۇمسا لازىم بولار...

— قارىغاندا ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمىگۈدەك، مەڭگۈ توختىمايدىغاندەك قىلىدۇ ! — دەپ پىچىرلىدى خۇا لاۋيۈ ئۆز ـ ئۆزىگە.

داچۇن، دادام ئاخشام جان ئۈزدى، تۈنۈگۈن ئۇ كاڭدا يېتىپ، توختىماستىن ئىسمىڭىزنى چاقىرىپ چىقتى، كۆزى يۇمۇلۇش ئالدىدا يەنە مېنى چاقىرىپ، مەن ئۆلسەم داچۇنگە خەۋەر قىلماڭ، چۈنكى ئۇ ئالدىراش، ھۆكۈمەت ئىشىنى قىلمىسا بولمايدۇ، دېدى، لېكىن مەن يەنىلا سىزگە دېيىشنى لايىق تاپتىم، بۇ قېتىم بولسىمۇ قايتىپ كېلىڭ، دادىڭىز جان ئۈزگەندە بولسىمۇ رەھبەرلىرىڭىز ھېسداشلىق قىلىپ قالار، دادامنى ئەتە دەپنە قىلىمىز ، كەچۈرۈڭ، سىزنى ساقلىيالمايدىغان بولدۇق، دادامغا سىز ئەۋەتكەن كىيىمنى كىيدۈردۇق، بۇمۇ ئوبدان بولدى، كۆرگەنلەر سىزنى ۋاپادارلىق يەتكۈزۈپتۇ، دېيىشتى، داچۇن، دادام ئاخىر ئارمان بىلەن كۆز يۇمدى. خاتىرجەم بولۇڭ، ئىككى سىڭلىڭىزغا چوقۇم ياخشى قارايمەن، دادامنىڭ تۇپراق بېشىغا سىزگە ۋاكالىتەن ئىككى ھورنان قويدۇم، سىز ئۈچۈن بولسىمۇ كۆپرەك يىغلايمەن، دادامغا ئاتاپ خەت يېزىپ قويۇشنى ھەرگىز

ئۇنتۇماڭ، تۇپراق بېشىغا چىققاندا كۆيدۇرىمىز، دادام سىزنى ھايات ۋاقتىدا كۆرەلمىدى، جان ئۇزگەندە بولسىمۇ گېپىڭىزنى ئاڭلىۋالسۇن، دادام قازا قىلغاندا بىرمۇنچە چىقىمدار بولدۇق، سىزدىمۇ پۇل يوقلۇقىنى بىلىمەن، لېكىن ماڭىمۇ نېمە ئامال؟ مەن بۇ گەپلەرنى پەقەت سىزدىن باشقا يەنە كىملەرگىمۇ دېيەلەيمەن، دەيسىز؟ ھازىر ھەممىيلەن سىزگىلا قاراشلىق بولۇپ قالدۇق، تېزرەك قايتىپ كېلىڭ !

...

داچۇننىڭ مېيىتىغا خۋا لاۋيۆ ئىگە، قاش قارىيىپ زېمىنغا قاراڭغۇلۇقنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلانغان ۋاقىت بىلەن مېيىت دەپنە قىلىندى. دەپنە ئىشلىرى ناھايىتى تەبىئىيلا ئاخىرلاشتى، ئادەم توپىدىن تۆرەلگەنىكەن، ھامان شۇ توپا قوينىغا كىرىپ كېتىدۇ! خۋا لاۋيۆدىن باشقا لى شياڭگو ھەم يەرلىك كولاشقا قاتناشقان بىرنەچچە ئەسكەردىن باشقا، ھېچكىم مېيىتنى ئۇزاتقىلى چىقمىغاندى. چۈنكى، خۋا لاۋيۆ ھەممە ئەسكەرلەرنىڭ ماتەم تۇتۇشىنى خالىمايتتى، ئۇ سالماقلىق بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىپ يىغا ـ زار قىلىشىنى ئامال قىلىپ توسۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە چۈشتە مۇئاۋىن لېيەنجاڭ شۇ رۇدا گېئىبرمۇغا كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا تېلېفون ئارقىلىق ۋاڭ تيەنچىنى ۋۇداۋلياڭدا كۆرگەنلىكىنى، بىمارنىڭ كۆز يۇمۇشتىن ئىلگىرى كۆپچىلىكنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىش تەلىپى بويىچە، دالا ئۇرۇشى دوختۇرخانىسىنىڭ مەخسۇس ماشىنا ئاجرىتىپ، ئۇنى تېز سۇرئەتتە 4 ـ لېيەنگە ئاپارماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ، لېيەندۇيدىكىلەرنىڭ ئوبدان تەييارلىق قىلىشىنى تاپىلىغانىدى.

— بۇ لېيەنجاڭنىڭ تەلىپى، بىز چوقۇم ئورۇنلىشىمىز كېرەك! — دوختۇرلار قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن چوقۇم مەنزىلگە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن پايپېتەك ئىدى.

لیەنجاڭ تېخی ھايات ئىدی، بۇ گەرچە ۋاقىتلىق بىر تەسەللی بولسىمۇ، لېكىن 4 ـ لیەندىكىلەر ئۇنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتە ئىدی.

كېچە ئاسمىنىدا ئايمۇ يوق، يۇلتۇزلارمۇ كۆرۈنمەيتتى، تاڭگورانی يەنە بىر زۇلمەت كېچە ئىلكىگە ئالغانىدى. كۆپچىلىك قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ سىگنال ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈشۈپ چېدىر سىرتىغا چىقتى. ئاز ئۆتمەي قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ چىراغ نۇرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. كۆپچىلىك خۇا لاۋيۆنىڭ يېتەكچىلىكىدە رەتكە تىزىلدى. ماشىنا ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىشىغا، ھەممەيلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ ماشىنىنى قورشىۋالدی. دەل شۇ چاغدا ھېچكىم ئويلىمىغان مۆجىزە يۈز بەردى، چۈنكى ۋاڭ تيەنچى ماشىنا ئىشىكىدىن ئۆزى چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا كېلىپ راۋروس ئۆلچەملىك ھەربىيچە سالام بەردى. ئارقىدىنلا شۇ رودامۇ ماشىنىدىن چۈشتى، كۆپچىلىك بۇ تۇيۇقسىزلىقتىن ھاڭۋېقىپ قالغانىدی. ۋاڭ تيەنچىنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، كۆزلىرىنىڭ ئېقىمۇ خۇنۇكلىشىپ، ئادەمگە بىر خىل قورقۇنچلۇق تۇيغۇ بېرەتتى، خۇا لاۋيۆ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى، ۋاڭ تيەنچى يېقىملىق كۈلدى.

— قانداق؟ — شۇ رودا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى، — مەن ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلىغاندىمەن؟ مېنى ئەسلىدە ئۇنى باقىي دۇنياغا ئۇزىتىپ قويۇشقا ئەۋەتكەنىدىڭلار، مانا ئەمدى تىرىك قايتۇرۇپ كەلدىم، ليەنجاڭ ۋۇداۋلياڭدىن ئۆتۈپلا ماغدۇرىغا كېلىپ، ساقىيىپلا كەتتى. توڭلىماس بۇلاقىقا كەلگەندە ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى قىياس قىلالامسىلەر؟ ئۇ ماڭا يېمەكلىك بېرىڭلار، دېدی، دوختۇرلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىشتى، چۈنكى، لیەنجاڭنىڭ تاماق يېمىگىنىگە يېرىم ئايدىن ئاشقانلىقى، ھاياتىنىڭ پۈتۈنلەي گىلوكوزا ئوكۇلىغا تايىنىپ ساقلاپ كېلىنىۋاتقانلىقى ئۇلارغا ئايدىڭ ئىدی.

دەل شۇ چاغدا قىرىق ياشلاردىكى سالاپەتلىك بىر دوختۇر ماشىنىدىن چۈشتى. خۇا لاۋيۈ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى:

— دوختۇر، بۇ زادى قانداق ئىش؟

دوختۇر چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— دەسلەپكى ئانالىزىمىزغا ئاساسلانغاندا، ئۇ ئوكسىگېندىن مەست بولۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان. بۇ دېگەنلىك، ئۇ تاغدا ئۇزاق مەزگىل تۇرۇپ، پۈتۈن بەدىنى بۇ يەرنىڭ ئوكسىگېن شالاڭ مۇھىتىغا ماسلىشىپ كېتىپتۇ، ئۇ پەسرەك رايونلارغا بارسىلا، ئورگانىزملىرى يۇقىرى زىچلىقتىكى ئوكسىگېن مۇھىتىغا ماسلىشالمايدىكەن، ئۇ ئەسلىي ئوكسىگېندىن زەھەرلىنىپ يىقىلىپ قاپتىكەن، لېكىن دوختۇرخانىغا بارغاندىن كېيىن، بىز ئۇنىڭغا كۆندە ئوكسىگېن بېرىپ ئەھۋالنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىپتىمىز. ئەھۋالى ئېغىرلىغانچە ئوكسىگېننىمۇ كۆپەيتىپ بېرىۋېرىپتىمىز، كېيىنچە بىخەستەلىك قىلغانلىقىمىزنى بىلىپ تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇق، بۇ ھال بىزگە قاتتىق بىر ساۋاق بولدى، بىز ئەمدى تاڭگۇرا تېغىغا ئوكسىگېندىن زەھەرلەنگەنلەرنى داۋالاش دوختۇرخانىسى قۇرۇشىمىز مۇمكىن، سىلەرنىڭ قىسىم يىل بويى تاغدا تۇرىدۇ، بۇنداق كېسەللەر يەنە چىقىشى مۇمكىن، تەبىئىي مۇھىت ئارقىلىق داۋالاش ھەرقانداق دورا ئىشلەتكەندىن ياخشى.

— ئاناڭنى!

خۇا لاۋيۈ تىللاپ قويدى، بۇ خۇشاللىقتىنمۇ ۋە ياكى بۇ خىل كېسەلگە بولغان ئۆچمەنلىكتىنمۇ، ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيتتى، ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ چاقچاق قىلدى:

— لاۋ ۋاڭ، سېنى تەگرىنىڭ ئېلىپ كەتكۇسى يوقكەن، قارىغاندا، مۇشۇ تاغدا ياشاش سېنىڭ پېشانەڭگە پۈتۈلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئەمدى سەن باشقا ئىشنى ئويلىماي، خوتۇنۇڭنى ئەكېلىۋېلىپ، ئاخىرقى ئۆمرۈڭنى مۇشۇ تاغدا ئۆتكۈزسەڭ

بولغۇدەك.

ۋاڭ تيەنچى ئەمدى ئىغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، ئەسكەرلەر قىيقاس ـ چوقان بىلەن ئۇنى كۆتۈرۈپ چىدىر ئىچىگە ئېلىپ ماڭدى. سىرلىق تەبىئەت ئاتا قىلغان قايتا ھاياتلىقنىڭ خۇشاللىقى داچۇندىكى ئۆلۈم قايغۇسىنى بىراقلا ئۇنتۇلدۇرۇۋەتكەنىدى. پەقەت يېتەكچى لى شياڭگولا ۋاڭ تيەنچىنى كۆتۈۋېلىشقا چىقماي: «تۇەن ئىشتابىدىكىلەر ھەر ۋاقىت تېلېفون ئارقىلىق ئەھۋال ئىگىلەپ تۇرىدۇ، شۇڭا چوقۇم بىر ئادەم تېلېفون يېنىدىن ئايرىلماسلىقى كېرەك» دەپ چىرايلىق باھانە كۆرسىتىپ تۇرۇۋالغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ مەقسىتى باشقا بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئايىغى بېسىققاندىكى ئۇنىڭ تۇنجى قىلغان ئىشى ما داچۇننىڭ تەۋەررۇكلىرىنى ئاختۇرۇش بولدى. بولۇپمۇ ھېلىقى كۇندىلىك خاتىرىگە باشتىن ـ ئاخىر كۆز يۈگۈرتۈپ ئۆلگۈردى. ھېلىقى ئاتمىش يۈەنگە مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق نەرسە يېزىلمىغىنىنى كۆرۈپ يېنىك تىنىپ قويدى ـ دە، ھەممە نەرسىلەرنى ئەسلىدىكىدەك جايلاشتۇرۇپ قويدى. ئەسلىدە ئاشۇ ئاتمىش يۈەننى ما داچۇن لى شياڭگوغا بەرگەنىدى، لى شياڭگو 4 ـ ليەنگە يۆتكىلىپ كەلگەندە ما داچۇن كۇندە ئۇنى ئىزدەپ، ئۆزىنى قىسمىدىن قايتۇرۇۋېتىش ھەققىدە غوۋغا كۆتۈرەتتى. لى شياڭگو ما داچۇن ئۇچۇن ياخشى بولسۇن دەپ گەپنى ئۇزۇۋەتكەنىدى.

— مېنى ئىزدەۋەرمە، سەن بىلەن تالىشىپ ئولتۇرىدىغانغا ۋاقتىم يوق.

— مېنى ئۆيۈمگە كەتكۇزۇۋەتسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟

— ئۆيۈڭگە قايتىپ نېمە ئىش قىلىسەن؟ دېھقانچىلىق قىلساڭ ئائىلەڭدىكىلەرنى باقالمايسەن، تىجارەت قىلىدىغانغا دەسمايەڭ يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىجارەتنى قاملاشتۇرالمايسەن، ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قال، مەن ئامال قىلىپ سېنى تۇەنگە بىۋاسىتە قاراشلىق تىرانسپورت ليەنگە يۆتكەپ قوياي،

ماشىنا رېمونت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىپ، پىدائىي ئەسكەر بولۇۋالساڭ، قورساقتىن بىر ئۆمۈر غەم قىلمايسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە مائاش يۇقىرى، ئائىلەڭدىكىلەرنى بېقىپ كېتەلەيسەن.

ما داچوڭ بۇنى ئاڭلاپ تولۇپلا قالغانىدى، ئۇ ئەزەلدىن ئىشلارنى يامان تەرەپكە بۇراپ ئويلايتتى، لېكىن ئۇ تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ خۇشاللىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويياي دېگەنىدى.

— يېتەكچى، بۇ ئىش راستىنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان بولسا، مەن سىزگە باش ئۇرۇشقىمۇ رازى، بۇ پۈتۈن ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ سىزگە رەھمەت ئېيتقىنى بولۇپ قالسۇن.

— بولدى، ئۇنداق قىلما، مەن پەقەت ياردەم قىلاي دېدىم.

— ياخشىلىقنى بىلمەسلىك ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس، مەن سىزنى بۇ ئۆمرۈمدە شاپائەتچىم دەپ بىلىمەن.

— بولدى، قايتقىن، خەۋىرىمنى كۈت.

شۇنىڭدىن باشلاپ ما داچوڭ لى شياڭگوغا ئىلگىرىكىدەك چاپلىشىۋالماي خۇش خەۋەر كۈتۈپ يۈرىۋەردى.

— بۇ ئىش ئەپلىشىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، — بىر ئايدىن كېيىن لى شياڭگو ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەنىدى، — لېكىن، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە جەمئىيەتتىكى ناچار ئىستىللار قىسمىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئىش بېجىرىشىمۇ تەسلىشىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، تونۇشلىرىم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى يېقىن بۇرادىرىم دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، بەزى ئۆتكەللەرنى مەن يەنە بىر تىڭشىغلاپ باقاي...

ما داچوڭمۇ ئەخمەق ئەمەس ئىدى، تىڭشىغلاپ باقاي، دېگەن گەپنىڭ مەنىسى ئۇنىڭغا چۈشىنىشلىك ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئاتمىش يۈەننى لى شياڭگونىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، ئۇنىڭ تەكەللۇپ سۆزلىرى ما داچوڭنى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈرۈۋەتكەنىدى. لېكىن، يېرىم ئاينىڭ ئالدىدىكى بىر كېچىسى ما داچوڭ لىيەن ئىشتابىغا بۆسۈپ كىرگەنىدى.

— يېتەكچى، مەن ئاڭلىدىم، سىز ھېلىقى ئاتمىش يوەننى خوتۇنىڭىزغا ئەۋەتىپ بېرىپسىز.
— كىم شۇنداق دەيدۇ؟
— ئىشقىلىپ، شۇنداق ئاڭلىدىم.
— قارىغاندا ماڭا ئىشەنمەيدىكەنسەن ـ ھە؟ ئۇنداق بولسا پۇلۇڭنى چېكەڭگە تاڭ! — ئۇ ئاچچىقىدا قولىنى قوروق يانچۇقىغا قانچە تىققان بولسىمۇ، ھېچقانداق مۆجىزە يۈز بەرمەيتتى.
ما داچۈن ئالدانغانلىقىنى بىلىپ قاتتىق ئاچچىقلانغانىدى.
— يېتەكچى، سىز گېپىڭىزدە تۇرۇڭ جۇمۇ، بۇ ئىشنى بېجىرسىڭىزمۇ بېجىرىسىز، بېجىرمىسىڭىزمۇ بېجىرىسىز، مېنى ئەخمەق قىلىمەن دەپ خام خىيال ئەيلىمەڭ!
— بۇنچىلىك قىلىش كېتەمدۇ؟ مەن ئارىمىزدىكى دوستانە مۇناسىۋەت يۈزىسىدىن ئىشىڭنى بېجىرىپ بېرەي دېگەن، سەن بۇنداق تەتۈرلۈك قىلىپ تۇرۇۋالساڭ، مەن ئىشنى قانداق بېجىرىمەن؟ پۇلۇڭنى لازىم قىلماقچى بولساڭ، كېيىنكى ئايلىق مائاشىمدىن ئېلىۋال.
— ئىشىڭنى قىل، يالغۇز ئۆزۈمنىڭلا مائاشىم بار دەپ قارامسەن؟ لى فامىلىلىك، سەن ھايۋاندىنمۇ... — ما داچۈن تىللىغىنىچە ليەن ئىشتابىدىن چىقىپ كەتكەنىدى.
مانا ھازىر لى شياڭگوڭنىڭ ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئىچى ئاغرىيتتى: ئادەم ھامان تەقدىرگە ئىشىنىشى كېرەك. سەن تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن كېتىپ قالدىڭ، مەن كۆچۈم يەتسە سېنى بىر تۆمۈر تاۋاقلىق ئىگە قىلىپ قويماي دېگەن، لېكىن رىزقىڭ مۇشۇنچىلىك ئىكەن، لى شياڭگوڭنىڭ قەلبى ئازابتىن ئۆرتىنەتتى ...
تېلېفون جىرىڭلىدى، بۇ تۇيۇقسىزلىقتىن لى شياڭگوڭنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى، تېلېفوندىكى ئاۋاز ئۇنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويغانىدى.

— سىلەرنىڭ لىيەندىكى تيەن جياخاڭ گېپىرمۇدا بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ ھەمدە گوللاپ يۈرۈپ ئۇ قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپتۇ، ھازىر قىزنىڭ ئۆيىدىكىلىرى تۇەن سىياسىي بۆلۇمىگە ئەرز قىلىپ كەلدى.

بىردىنلا لى شياڭگونىڭ ئىككى ئاي بۇرۇن، بىرنەچچە ئەسكەرنى لىيەندۇيگە ۋاكالىتەن دوختۇرخانىغا ۋاڭ تيەنچىنى يوقلاشقا ئەۋەتكەنلىكى ئېسىگە كەلدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تيەن جياخاڭمۇ بار ئىدى، ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نېمىشقىكىن بۇ يەردىكىلەر ئۇنى «يۇمىلاق تاۋۇز» دەپ ئاتايدىغان بولۇۋالغانىدى.

— سىلەر دەرھال تەكشۈرۈڭلار، ئاساسلىقى ئۇلار ئوتتۇرىسىدا راستتىنلا بىرەر ئىش بارمۇ ـ يوق؟ تېزدىن ئېنىقلاپ چىقىڭلار!

دەل مۇشۇ چاغدا تيەن جياخاڭ چېدىرغا كىرىپ كەلدى، كەينىدىنلا ۋاڭ تيەنچى كۆپچىلىك ئارىسىدا پەيدا بولدى. لى شياڭگو چۆچۈپ كېتىپ، تېلېفون تۇرۇبكىسىنى توككىدە قويۇۋەتتى.

ۋاڭ تيەنچىنى ئەكېلىپ قويغان تېببىي خادىملار كېچىلەپ توتو دەرياسى بويىغا يېتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىككى ئايال ئەسكەر بولۇپ، ئەترەت ئۇلارنىڭ قونالغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايتتى.

— يەنە كېلىپ بۇ يەر ناھايىتى خەتەرلىك، بۇ يەردە ئايلاپ، يىللاپ ئايال زاتىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، سىلەر بۇنچە ياش ھەم... — خۇۋا لاۋيۈ ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن تىكىلدى.

— ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇلار بىزنى يالماپ يۇتۇۋەتمەس؟ — ئارىدىن بىر قىز ئەسكەر ئېغىز ئاچتى.

— بىرنېمە دېمەك تەس جۇمۇ، يۈرۈڭلار، جاپا چېكىدىغان بولدۇڭلار، بىرەر چاتاق چىقىپ قالسا مەن ئىگە بولالمايمەن، — خۇۋا لاۋيۈ مەجبۇرىي دېگۈدەك ئىككى قىز ئەسكەرنى ماشىنىغا

يۆلەپ چىقاردى، ئاندىن ئادەم ئەۋەتىپ، نەچچە ھورنان بىلەن بىرنەچچە كالا گۆشى كونسېرۋاسى ئەكەلدۈرۈپ، ماشىنىغا سېلىپ قويدى.

— كەچۈرۈڭلار، ئەسلىدە سىلەرنى ئوبدانراق مېھمان قىلىۋالساق بولاتتى، لېكىن شارائىتىمىز مۇشۇنچىلىك، بىزنىڭ بۇ يەردە ئاياللار قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزغا دۈشمەن بولۇپ قالىدۇ!

ئۇ ھېلىقى ئەر دوختۇرنىڭ قولىنى دوستانىلەرچە چىڭ تۇتۇپ، سىلكىپ قويدى. قۇتقۇزۇش ماشىنىسى كەتتى، غوڭۇلدىغان موتور ئاۋازى كىشىگە بۇ ئەرلەر دۇنياسىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. بىر ياندا قاراپ تۇرغان شۇ رۇدا خۇا لاۋيۈنى چېدىر ئىچىگە كىرىپ كېتىشكە ئالدىرىتىپ، پېشىدىن تارتتى.

— جۇ دۇڭشيانىڭ خېتى. بىز ئۇنى توتو دەرياسى بويىدا ماي قاچىلاۋاتقاندا ئۇچرىتىپ قالدۇق.

كونۋېرتنىڭ ئاغزى چاپلانمىغانىدى. خۇا لاۋيۈ خەتنى چىقىرىپ شام يورۇقىغا تۇتتى. خەتنىڭ بىرىنچى جۈملىسىلا ئادەمگە خۇددى بىرسىنى تىللاۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى، لېكىن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

يىڭجاڭ، مېنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن لېيەندىن ئايرىلغانلىقىمدىن خەۋەر تېپىپ، چوقۇم قاتتىق خاپا بولدىڭىز، مېنىڭ بۇ خاتالىقىمنى كەچۈرۈڭ، چۈنكى مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم بار، سىز مېنىڭ ئىدىيەمنى ھۆرمەت قىلمىسىڭىزمۇ بولماس، ئۆز قارىشىڭىزنى ماڭا مەجبۇر تاڭسىڭىز تېخىمۇ بولمايدۇ، مەن ئەسلىدە كېمە ئەترىتىدىكىلەر بىلەن توتو دەرياسىنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، قىسىمغا قايتاي دەپ ئويلىغان، لېكىن ھازىر مەن داۋاملىق كېمە ئەترىتى بىلەن تاكى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدىم. ئەگەر مەقسىتىمگە يېتەلمىسەم، مېنى ئۆلدىگە چىقىرىۋېتىڭ. چۈنكى، مېنىڭ

تاغگوْرادا ئۆلگوْم يوق، ئوْ يەردە ئۆلسەم ئۆلوْموْمنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىغان بولىدۇ. ئارىمىزدىكى نۇرغۇن سەپداشلىرىمىز ئۆلۈپ كەتتى، ئۇلدى توْگىدى، ئۇلارنى ھېچكىم ئېسىگە ئېلىپمۇ قويمايدۇ، ئۇلار ھەتتا بىر قېتىم بولسىمۇ «ئىنقىلابىي قۇربان» ئاتىلىپ باقمىدى. مەن كىچىكىمدىن باشلاپلا ئۆزۈمنى بېغىشلاشقا، تەۋەككۈلچىلىككە ئامراق ئىدىم. لېكىن، ھازىر قىلىۋاتقان قۇرۇلۇشىمىز مېنىڭ ئۆزۈمنى بېغىشلىشىمغا ئەرزىمىگۇدەك! قۇرۇلۇش دەسلەپتىلا ئالدىراقسانلىق بىلەن ياخشى باشلانمىغان، دېمەكچىمەنكى، بىرمۇنچە ئادەم ھېچقانداق تەييارلىقسىزلا تاغقا ئېلىپ چىقىلدى، قۇرۇلۇش جەريانىدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمىز تېخىمۇ چوڭ. پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن پەقەت سۈرئەتنىلا چىڭ تۇتتۇق، قۇرۇلۇش سۈرئىتى دېگەنلىك ئۆلۈش سۈرئىتى دېگەنلىكتۇر! يىڭجاڭ، قۇرۇلۇشتا ئەمدى داۋاملىق ئادەم ئۆلسە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە، سىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقانداق ئادەمدە ئۆلۈمدىن قورقماسلىق روھى بولۇشى كېرەك. لېكىن، شۇنداق دەپلا ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشنىڭ ئورنى يوقتە، ئەلۋەتتە! ھاياتنى قەدىرلەش، نەتىجە يارىتىش كېرەك. لېكىن، ئۆلۈمنى قوغلاشماسلىق كېرەك، بولمىسا بۇ دۇنياغا تۆرەلگەنلىكىمىزنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ شۇڭا، مەن كەتتىم، مەن باشقا بىر خىل قۇربان بېرىش يولىنى تاللىدىم. ئەگەر مەن چاغچىيالىڭ دەرياسىنى ئوڭۇشلۇق كېزەلىسەم، چوقۇم قىسىمغا قايتىپ بارىمەن، يىڭجاڭ، شۇ چاغدا مېنى يەنە قوبۇل قىلامسىز؟

يىڭجاڭ، مەن سىزگە ناھايىتى قايىل ھەم سىزنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىمەن. لېكىن، بەزى چاغلاردا سىزنى: «ئەزرائىل باشلىق»، «ئالۋاستى» دەپ تىللاپمۇ قويىمەن. نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيدىغىنىمنى بىلەمسىز؟ يىڭجاڭ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، ئەسكەرلەرنىمۇ ئاسراڭ، ئۇلارنىڭ ساداقەتمەنلىكى ئۆزلىرىگە ئۆلۈم يولى بولۇپ قالمىسۇن! ئۆزىڭىزغۇ ئاللىبۇرۇن ساداقەت

ئۆچۈن ئۆلۈشنى قارار قىلىپ بولغان. يىڭجاڭ، مەن كەتتىم، مەن قالدۇرغان بارلىق نەرسىلەرنى چوقۇم ما داچۈنگە تاپشۇرۇپ بېرىڭ، ئۇ نامرات، ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ، ياستۇقۇمنىڭ ئاستىدا ئىككى يۈز قىرىق يۈەن پۇل بار، ماڭا دادام، ئاپاملار ئەۋەتكەنىدى، ھەممىنى ما داچۈنگە بېرىڭ، ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭغا دەپ قويۇڭ، ئۇ بۇرۇن مەندىن ئۆتنە ئالغان ئاتمىش يۈەننى قايتۇرمىسىمۇ بولىدۇ، سىزنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىر ياخشى ئىش قىلىپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بارلىق سەپداشلار ما داچۈندىن بەكلا مىننەتدار، مەن يېتەكچىنى ئۇنىڭ پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋالدىمىكىن، دەپ گۇمانلىنىمەن، چۈنكى يېتەكچىنىڭ بىر ئايلىق مائاشى بىر يۈز قىرىق نەچچە يۈەن، لېكىن ئالدىنقى ئايدا ئۇ خوتۇنىغا ئىككى يۈز يۈەن پۇل ئەۋەتتى، بۇ ئىشنى تۈەن ئىشتابىغا خەت توشۇيدىغان شياۋ گۇدىن سورىسىڭىز بولىدۇ. يېتەكچى پۇلنى ئۇنىڭدىن ئەۋەتىپتۇ، مەن يېتەكچىنىڭ پەزىلىتىدىن گۇمانلانغاچقا، بۇ ئىشقا دىققەت قىلدىم. ئەڭ ياخشىسى، سۈرۈشتۈرۈپ بېقىشىڭىزنى سورايمەن، بىز ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقىمىز، يىڭجاڭ، بىزگە ئامانلىق تىلەڭ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، خەير ـ خوش قىسىم، خوش سەپداشلىرىم!

خۇا لاۋيۈ «ھاياتلىقنى قىزغىن سۆيگۈچى جەڭچى جۇ دۇڭشيا» دېگەن ئەڭ ئاخىرقى ئىمزاغا تىكىلىپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. بىرھازادىن كېيىن بۇ ۋاراقنى ئېلىپ پۇرلەپ يەرگە ئاتتى، شۇ رۇدا بىر چەتتە زۇۋان سۈرمەي سولغۇن تۇراتتى. چۈنكى، ئۇ ما داچۈننىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپقانىدى.

ما داچۈننىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان ۋاڭ تيەنچى كۆڭلى پەرىشان ھالدا ھېلىقى ساپال كومزەكنى ئىزدەپ تېپىپ، يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ سېرىق پۇرچاقتىن بىرنى ئۇنىڭ ئىچىگە تاشلىدى ـ دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى، ئەسكەرلەرمۇ

ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

تاڭگۇرانىڭ قاراڭغۇ كېچىسىدىكى سوغۇق شامال ئادەمنىڭ تېنىنى ئىختىيارسىز شۈركۈندۈرىدىغان قاباھەتلىك قەبرىستاندىن يانغان كىشىلەر تۈپىنىڭ تىۋىشلىرىنى ئەسكە سالاتتى. ئالدى تەرەپتە، جەسەت گۆشى قايغۇسىدىكى كۆك كۆزلۈك بىر چىلبۆرە گۆر كولىماقتا ئىدى. قاراڭغۇ ھەم چوڭقۇر ئورەككە تىكىلگەن كۆپكۆك كۆزلىرى خۇددى پارقىراق قوڭغۇزدەك چاقنايتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ نېمىدىندۇر چۆچۈپ قاچماقچى بولدى ـ يۇ، لېكىن ئاڭلىغان ئاياغ تىۋىشىدىن ئالەمچە تەنھالىق ۋە قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ ھىدى كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھازىدارلارنىڭ ئۆزىنى نابۇت قىلىش ئۈچۈن كەلمىگەنلىكىنى جەزم قىلىپ، دەرھال گۆرگە كىرىپ زوڭزايدى، ناۋادا ئۇ بىرەرسىنىڭ ئۆزىگە غەيرىي نىيەتتە بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپىلا قالسا، شۇ ھامان قۇيرۇقىنى خادا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. ئۇ قىچىپ كېتەلمەسلىكتىن قىلچىلىكمۇ ئەنسىرىمەيدۇ، چۈنكى ئىنسانلارنىڭ قاراڭغۇدا خۇددى ھاسىسىدىن ئايرىلغان قارىغۇدەك بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان. ئۆزى بولسا ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق تۈن پالۋىنى بولۇشقا تامامەن ھەقلىق!

ھالبۇكى، كىشىلەر يېڭىدىن قەد كۆتۈرگەن قەبرە يېنىدا قاراڭغۇ بىر كامارنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى سەزمىگەنىدى. ئۇلار بىرپەس يىغا ـ زار قىلىشقاندىن كېيىن كېتىپ قېلىشتى. چىلبۆرە يەنە داۋاملىق كولاشنى باشلىدى، ئۇ پەقەت مۇشۇ بىر كېچە ئۆتۈپ كەتسىلا جەسەت گۆردىن تامامەن غايىب بولىدۇ، كىشىلەر بولسا داۋاملىق كېلىپ تەزىيە بىلدۈرۈۋېرىدۇ، دەپ مۇغەممەرلىك بىلەن ئىچىدە كۈلەتتى. چۈنكى، ئۇ شۇ چاغدىلا كىشىلەرنىڭ قۇرۇق قەبرە ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى تاتىلاپ، بىر ئۇبدان يارىشىملىق چاچلىرىنى يۇلۇپ، ھۆركىرەپ يىغلاشلىرىنى يىراقتىن تاماشا قىلالايدۇ. ئۇ

تۇيۇقسىز جەسەت گۆشىنىڭ ئاشقازىنىدا ھەزىم بولۇشى بىلەن پەيدا بولغان مايىقىنى قەبرە ئۈستىگە چىقىرىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ قايغۇ ـ ئەلەم ئىلكىدە ئەسلەيدىغىنى پەقەتلا ھاياتلىقنىڭ بىر كاللەك پوقى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش خىيالىغا كېلىپ قالدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ھەربىر تىرىك جانغا نىسبەتەن ئەڭ مۇھىمى كۆپرەك يەپ ـ ئىچىش ئىدى، باشقىلاردەك كاتتا ئىشلارنى قىلىمەن دەپ ئۆزىنى ئالداپ چالۋاقاپ، جاپا تارتىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، ھايات تىرىك جانغا پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ، كەسىپ ئەڭ مۇھىم نەرسە ئەمەس!

چىلبۆرە ئاخىر جەسەتنىڭ ھىدىنى پۇراپ، تەمشىپ قويدى ۋە تېخىمۇ تېزلىك بىلەن كولاۋېتىپ ئىچىدە پىچىرلىدى: ئامەت دېگەن مانا مەندە! ھەي، تاۋى نازۇك ئىنسانلار.

ئۇ ئاخىر جەسەتنىڭ يۈزىنى چاڭگاللاپ ئالدى...

قاراڭغۇلۇق ئاسارىتىدىكى ئۇلۇغۋار كېچە ھەممىنى ئۆزگەرتكەنىدى، چۈنكى ئىككىنچى كۈنى بۇ يەر قىش پەسلىنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەنىدى. ئەتراپتىكى تاغلارنى ئاپپاق قار قاپلىغان، ئاسمان بىلەن زېمىن ئۆزگىچە ھالەتتە گەۋدىلىنىشىپ كەتكەنىدى. قار ئارىسىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېگىز ـ پەس چوققىلار ئېگىزلىك بىلەن كۈچ سىناشقاندا ھاسىل بولغان كۈچىنىڭ سىمۋولىدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. قارىماققا ئۇيان ـ بۇيان چېپىشىپ يۈرگەن كىشىلەر خۇددى چۈمۈلىلەرگىلا ئوخشاپ قالغانىدى، سانسىزلىغان قار ئۇچقۇنلىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى. دېمەك، تەبىئەتتىكى بۇ ئاقلىق ھاياتلىققا قوشۇلۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە، تۇمەنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىگە سىڭىپ كەتكەنىدى...

قۇرۇلۇش يەنىلا ئۆز پېتى داۋام قىلىۋاتاتتى. بۇ خۇددى ۋاقىتنىڭ سۈرئىتىنى ھېچقانداق كۈچنىڭ توسۇپ

قالالمىغانلىقىغا ئوخشاش، تەبىئەتتىن ھالقىغان ھەرقانداق كۈچ بىلەنمۇ توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان قۇرۇلۇش ئىدى. ھېرىپ ـ چارچىغان يىگىرمە نەچچە قەسەمدە 4 ـ لىيەندىكى بارلىق كادىرلار، شۇنداقلا ناھايىتى ئاجىزلاپ كەتكەن ۋاڭ تيەنچىمۇ ئىش ئورنىغا كېلىپ، ھەرقايسى پەيلەرگە بۆلۈنۈپ قار تازىلاشقا قاتناشتى، ئىشتىن چۈشكەندە قارمۇ توختىدىغان بولدى، تاماق قاچىلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان كادىرلار ليەن ئىشتابىدا يىغىلىپ، تاماق يېگەچ يىغىن ئاچتى. يىغىنغا خۇا لاۋيۈ رىياسەتچىلىك قىلدى، ئۇ لى شياڭگوغا تيەن جياخاڭنىڭ ئىشىنى سۆزلەپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

— مەن تيەن جياخاڭ بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇ گەپنى ئەگىتىپ زادىلا قۇيرۇق تۇتقۇزمايۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ تامىقىنى پۈۋلەپ تۇرۇپ، — پوزىتسىيەسىمۇ ناچار، پەرىزىمچە، ئۇ ھازىرلاتىن راست گېپىنى قىلمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

— سەن ئۇنىڭغا زادى نېمە دېدىڭ؟ — خۇا لاۋيۈ ئالدىراش سورىدى.

— ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ قىزچاق دوختۇرخانا ئالدىدىكى ماگىزىننىڭ پىرىكازچىكى ئىكەن، ئۇ ماگىزىننى ئارىلاپ يۈرۈپ، چەتتە تۇرغان بىر سېۋەتتە چالا يېپىلگەن تاۋۇز شاپىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇ قىزچاقتىن تاۋۇز شاپىقىنى سوراپتۇ. قىزچاق ئۇنىڭدىن شاپاقنى نېمە قىلىدىغانلىقىنى سورىغانىكەن، ئۇ چوشقا بوردايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئىككىسى تونۇشۇپ قاپتۇ.

— سەن ئاۋۋال شاپاقنىڭ گېپىنى ئېنىق قىل! — ۋاڭ تيەنچى قولىدىكى تاماقنى قويۇپ ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلدى.

— شۇنداق قىلىپ قىزچاق شاپاقنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. ئۇ شاپاقنى ئېلىپ دوختۇرخانىنىڭ گۈللۈكىگە كېلىپ غاجاشقا باشلاپتۇ ھەمدە بىللە بارغان ما داچۈن بىلەن يەنە بىر ئەسكەرنىمۇ شاپاق غاجىلاشقا تەكلىپ قىپتۇ، چۈنكى ئۇ بىر

ئوبدان گۆشلۈك شاپاقنىڭ ئىسراپ بولۇپ كېتىشىگە چىدىمايدىكەن. تاغدىكى جىنايەتچى تاغدىن چۈشسە ئەۋلىيا، زادىلا ئوخشىمايدىكەن، بۇ شاپاقلار ئەگەر تاغدا بولغان بولسا ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز بولاتتى، بۇ ئىشلار ما داچۈننىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتمەي، تاۋۇزدىن ئىككىنى سېتىۋېلىپ بىرنى لىيەنجاڭغا قالدۇرۇپ، يەنە بىرىنى ئۈچىسى چېقىپ يەۋېتىپتۇ.

— بولدىلا، ھېلىقى قىزچاقنىڭ گېپىنىلا قىلە! — خۋا لاۋيۈ تېرىكتى.

— ئۇ سېۋەتنى قايتۇرۇپ بەرگىلى بېرىپ، قىزچاق بىلەن يەنە پاراڭلىشىپتۇ.

— قانداق پاراڭلىشىپتۇ، كىم تەشەببۇسكار بوپتۇ؟ — خۋا لاۋيۈ سورىدى.

— شۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ؟ ئەلۋەتتە قىزچاق تەشەببۇسكار بولمايدۇ ـ دە.

— ھەيتاڭ جۇمۇ!

— ئىشقىلىپ ئۇ چۈشتىن كېيىن ماگىزىنغا يەنە بېرىپتۇ، قىزچاققا، مەن باش ئىشتابنىڭ قوغدىغۇچىلار يىگىتىدىن، بۇ يەرگە ۋەزىپە ئىجرا قىلغىلى كەلگەن، ئىككى ئايدىن كېيىن بېيجىڭغا قايتىمەن، دەپ پو ئېتىپتۇ. ئەتىسى يەنە قىزچاق بىلەن خوشلاشقىلى بېرىپتىكەن، قىزچاق ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ، تاۋۇز تىلىپ مېھمان قىپتۇ، كېيىن ئۇ قايتىپ كەپتۇ، مانا بۇلار تيەن جياخاڭنىڭ ئۆزىنىڭ بايانى.

— ئەمىسە تۇەنگىمۇ مۇشۇنداق دوكلات قىل!

ۋاڭ تيەنچى بۇ ئىشتىن بىزار بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قولى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈۋېتىپ ئارقىدىكى تىزىپ قويۇلغان يوتقانغا يۆلەندى.

خۋا لاۋيۈ شۇ رۇدانى بۇيرۇدى:

— سەن دەرھال تيەن جياخاڭنى چاقىرىپ كەل.

تيەن جياخاڭ كەلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىشقا چاقىرتىلغانلىـ

قىنى بىلەتتى، شۇڭا ئىشىكتىن كىرىپلا:
— يىڭجاڭ، دېيىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى مەن يېتەكچىگە دەپ بولدۇم، ئەمەلىيەتتە مەن ھېچقانداق خاتالىق ئۆتكۈزمىدىم، ئەگەر مەن بىرەر لايىق تاپالىغان بولسام، دادام - ئاپاملار ناھايىتى خۇشال بولغان بولاتتى، — دېدى.
— چوڭ خاتالىق يوق بولۇشى مۇمكىن، لېكىن كىچىك خاتالىق چوقۇم بار. سەن نېمىشقا ئۆزۈڭنى باش ئىشتابنىڭ قوغدىغۇچىلار يىڭىدىن كەلگەن دەپ باشقىلارنى ئالدايسەن؟ يەنە تېخى بېيجىڭغا قايتىمەن، دەپسەن.
— يىڭجاڭ، مەن راستىلا ئۇنى ئالدىمىدىم، ئەگەر مەن تاڭگۇرادىن كەلدىم دېسەم، خەق مەن بىلەن مۇھەببەتلىشەمتى؟
— سىلەر راست مۇھەببەتلەشتىڭلارمۇ؟
— مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىككى قېتىم خەت - ئالاقىدە بولدۇق. دېمەكچىمەنكى، بىز خەت ئارقىلىق مۇھەببەتلەشتۇق.
— خەت قېنى؟
— كۆيدۈرۈۋەتتىم، چۈنكى ئۇ قىز دادام - ئاپاملار قوشۇلمىدى، دېگەنىدى.
— كۆيدۈرۈۋەتتىم؟ ھىم، سەن بىزنى ئەخمەق قىلماقچىمۇ؟ — ئۇ تيەن جياخاڭنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆزىنى چەكچەيتتى، — كۆيدۈرۈۋەتكەن بولساڭ بوپتۇ، بىزمۇ سېنى خەتنى كۆرسەت دەپ تۇرۇۋالمايمىز. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق تايىنى يوق ئىشلارنى قىلىپ، بىزنىڭ بېشىمىزنى ئاغرىتىپ يۈرمە. بولدى، قايتىپ كەت.
خۇا لاۋيۈ تيەن جياخاڭ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تەبەسسۇم بىلەن كۆپچىلىككە يۈزلەندى.
— بۇ ھارامزادە بەكلا ئەقىللىق ئىكەن، بولدى، بۇ ئىشنى مۇشۇنداق دوكلات قىلايلى.
— ئەمىسە، بىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىش پىكرىمىزچۇ؟ —

سورىدى لى شياڭگو.

— ئىسپات بولمىسا قانداق بىر تەرەپ قىلىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە لايىق تېپىش قانۇنغا خىلاپ بولمىسا، — دېدى ۋاڭ تيەنچى ئاددىيلا قىلىپ.

خۇا لاۋيۈ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئارىنى سۈكۈت باستى، چۈنكى خۇا لاۋيۈ ھەممىلا گەپنى ئۇدۇللا قىلىپ ئادەتلەنگەنىدى. شۇ رۇدا ئەنسىرەپ قالدى. چۈنكى، بۇ سۈكۈت يىڭجاڭنىڭ ھازىرقى قارارنى ئۆزگەرتمەكچى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئاخىر ئۇ ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئېغىز ئاچتى:

— يىڭجاڭ، يەنە نېمە سوئال بار؟ تېزرەك سوراڭ، ئىشقا چىقىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى.

خۇا لاۋيۈ گېلىنى قىرىپ قويۇپ، سوغۇق نەزەردە لى شياڭگوغا قاراپ قويدى - يۇ، لام - جىم دېمىدى.

— مېنىڭ بىر سوئالىم بار، — شۇ رۇدا تاقەت قىلالمىدى، — ئاڭلىسام، ما داچۈننىڭ ئاتمىش يۈەن پۇلىنى يېتەكچى ئېلىۋاپتىكەن، ئەمدىلىكتە ما داچۈن كېتىپ قالدى...

لى شياڭگو چۆچۈپ دەرھال بېشىنى كۆتۈردى ھەمدە ئورۇنسىزلا نەچچە قېتىم، شۇنداق، دەۋەتتى - دە، ئارقىدىنلا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى:

— ئۇنىڭ ئەسلى ترانسپورت ليەنىدە پىدائىي ئەسكەر بولغۇسى بار ئىكەندۇق. شۇڭا، بۇ ئىشنىڭ يولىنى قىلىپ بەرسىڭىز، دەپ ئىلتىماس قىلغانىدى. مەنمۇ قوشۇلغانىدىم. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ئۇنىمىغانغا ئۇنىماي ئاتمىش يۈەن پۇلنى يانچۇقۇمغا سېلىپ قويدى. مەنمۇ ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ئىش بېجىرىۋاتىمەن.

— كىم سېنى ئوچۇق - ئاشكارا بولمىدى دەپتۇ؟ — شۇ رۇدا سۆزلەشكە باشلىدى، — بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، سەن ئۇ پۇلنى ئۆيۈڭگە ئەۋەتىپسەنغۇ؟

لى شياڭگو بىردەم جىمىپ قالغاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا

ئەلپازىنى بۇزدى:

— ئەلۋەتتە ئەۋەتىمەن ـ دە. مەن بىر يېتەكچى تۇرۇپ، ئىش مەيدانىنى تاشلاپ، ئىش بېجىرىمەن دەپ يۈرسەم بولماس؟

شۇ رۇدا ئۇنىڭ بۇنچە ئاسان تەن ئالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

— بولدى، بۇ ئىشنى مۇزاكىرىلىشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، — دېدى ۋاڭ تيەنچى گەپنى قىسقارتىپ.

لى شياڭگو شۇ رۇداغا قاراپ ئالايغىنىچە سورىدى:

— پۇلنى بەرىبىر ئىشلىتىپ قويدۇم، ئەمدى مەن خەققە ما داچۇن ئۆلدى، پۇلنى قايتۇرۇپ بەر، دەپ يۈرسەم بولماس؟

— پۇلنى ئىشلەتكىن ياكى ئىشلەتمىگىن، ئىشقىلىپ، بىر يېتەكچى بولۇش سالاھىيىتىڭ بىلەن ئۇ پۇلنى چوقۇم قايتۇرۇشۇڭ كېرەك. بۇ بىر رەھبەرنىڭ ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بولغان كۆيۈنۈش مەسىلىسى! — دەپ كايىدى خۇا لاۋيۈ ئاچچىقىدا قولىنى شىلتىپ.

— ئۇنىڭدا بولمايدۇ، خۇددى مەن ئۇنىڭ پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋالغاندەك گەپ قىلىسەنغۇ؟ مەن بىر يېتەكچى تۇرۇپ ئەسكەرلەرنى ئالدامدىمەن؟ كۆيۈنىدىغان ئىش بولسا كۆپچىلىك تەڭ كۆيۈنۈش كېرەك.

بۇ گەپ شۇ رۇدانىڭ ئوغىسىنى قايناتتى.

— ۋەزىپە ئادەمنىڭ پەزىلىتىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ، ئەسكەرنى كىچىك ئەمەلدار ئالدايدۇ، كىچىك ئەمەلدارنى چوڭ ئەمەلدارلار ئالدايدۇ، ئىشلار مانا مۇشۇنداق.

— سەن بۇ سۆزۈڭنى كىمگە دارىتىپ بىلجىرلاۋاتىسەن؟ — لى شياڭگو يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ ئۈستەلگە قويدى، — بوپتۇ، مەن كۆڭۈل بۆلۈپ قوياي، ۋىجدانى بارلار قوشۇپ قويارسىلەر.

شۇ رۇدا مائاشىنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ، تەمكىن ھالدا دىمىقىنى قېقىپ قويدى:

— ۋىجدانى يوقلار نېرى تۇرۇش!

لى شياڭگو ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ قالاي دېگەنىدى. ۋاڭ تيەنچى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، سومكىسىدىن ئىككى دانە كونۋېرتنى چىقىرىپ ئۈستەلگە تاشلىدى.

— بۇ مېنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى يىغقان ئېشىنچام. ئەسلى چوڭراق ئىشلارغا ئىشلەتمەكچىدىم. ئەمدىلىكتە لازىمى قالمىدى، مەن يا نەۋرە - چەۋرىلىك بوۋاي بولمىسام، نېمە قىلاتتىم بۇنچىلىك پۇلنى ساقلاپ؟ بۇ نەق ئىككى مىڭ بەش يۈز يۈەن! بەش يۈز يۈەننى ما داچۈننىڭ ئائىلىسىگە بېرىڭلار، قالغىنىنى بۇ يەردىكى ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بارلارغا بۆلۈپ بېرىڭلار.

بۇ ساختىلىقتىن ھەممەيلەن ھاڭۋېقىپ قالدى.

— ئۆزىڭىزگە ئازراق ئېلىپ قالسىڭىز بولاتتى، — دېدى شۇ رۇدا پەس ئاۋازدا.

— لازىمى يوق! — ۋاڭ تيەنچى ئاستا ئورنىغا بېرىپ يېتىۋالدى.

شۇ رۇدا كۆيۈنگەن ھالدا پىچىرلىدى.

— خوتۇنىڭىزغا لازىم بولماسمۇ؟ مەن ئىشەنمەيمەن!

— خوتۇنۇمغا لازىمى بولامدۇ - بولمامدۇ، سېنىڭ نېمە كارىڭ؟

خۇا لاۋيۈ كۈلۈمسىرىگىنىچە ۋاڭ تيەنچىنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلىدى:

— مانا بۇنى گېنېرالچە سالاپەت دەپ ئاتايمىز.

لى شياڭگو ئەلەمدىن تولغىنىپ كەتتى.

— ھەركىم ياندا بارىنى چىقىرىدىغان گەپ. مېنىڭمۇ كۆپرەك پۇلۇم بولغان بولسا، ھەرقايسىڭغا سالاپەتنىڭ نېمىلىكىنى كۆرسىتىپ قوياتتىم.

— بولدى، پۇلنىڭ گېپىنى ئەمدى قىلىشمايلى، پۈتۈن زېھنىمىزنى قۇرۇلۇشقا قارىتايلى، ھازىر بارلىق كادىرلار تولۇق يىغىلدى. قانداق قىلغاندا قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلەتكىلى

بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق پىكىر بىرىپ بىقىڭلار. كۆپىنىڭ ئەقلى كۆپ بولىدۇ، ئەمەسمۇ؟ مەن ئەمدى ھەر كۈنى سىلەرنىڭ لىەنگىلا يىپىشىۋىلىپ ئولتۇرمايمەن.

ئارىنى يەنە بىرپەس سۈكۈت قاپلىغان بولسىمۇ، لىكىن ئۇزاققا بارمىدى، چۈنكى يىغىن كەيپىياتىنى چىدىر سىرتىدىكى غەيرىي بىر ئاۋاز بۇزغانىدى.

ئايال تۈەن ئىشتابى ئورۇنلاشتۇرغان يۈك ماشىنىسىدا كەلگەنىدى، ئۇ ماشىنىدىن چەبدەسلىك بىلەن سەكرەپ چۈشتى، ماشىنىدىكى ئەسكەرلەر بالىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويىدى. بالىنىڭ يۈزلىرى توقاچتەك قىزىل ئىدى، ئۇ تىكىرقىغىنىچە ئاپىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ھەيرانلىق بىلەن ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى ۋە سورىدى:

— كەلدۇقمۇ، ئاپا؟

ئاپىسى بىشىنى لىڭشىتقىنىچە نەزىرىنى ئەسكەرلەر توپى تەرەپكە يۆگۈرتتى، ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇيغۇسىدا، فاڭ كۈەننى كۆرۈۋاتقاندەك، فاڭ كۈەنمۇ ئۇنىڭغا قاراۋاتقاندەك بىلىنەتتى، ئۇنداقتا فاڭ كۈەن نىمە ئۈچۈن ھىچقانداق ئىنكاس قايتۇرمايدۇ؟ ئۇ بالىنى يىتىلەپ مىڭىشىغا، ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزى تەرەپكە كىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟

— بالىنىڭ دادىسىنى.

— بۇ يەردە دادىلار كۆپ، — تيەن جياخاڭ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

— بالىنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى فاڭ كۈەن.

تيەن جياخاڭ كەينىگە بۇرۇلۇپلا توپ ئارىسىغا كىرىپ، فاڭ كۈەننىڭ بىلىكىدىن تارتىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:

— ھەي، ھاماقەت. خوتۇنۇڭ سىنى ئىزدەپ كەپتۇ.

فاڭ كۈەن ئالدىغا چىقىپ، خوتۇنىغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ

سورىدى:

— كەلدىڭىزمۇ؟

ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيەسىدىن ئۇلار خۇددى تونۇگۇنلا كۆرۈشكەندەك ياكى بولمىسا تونۇشقىلى ئەمدىلا بىر نەچچە كۈن بولغاندەك كۆرۈنەتتى. خوتۇنى بالىنىڭ بېشىغا شاپىلاقلاپ:

— ئۇ سېنىڭ داداڭ، تېز دادا دە، — دېدى.

— دادا!

فاڭ كۈەن بۇ تاتلىق ئاۋازدىن تېڭىرقاپ قالدى. بالا ئۇنىڭ ئوغلى ئىدى، ئۇلار بىر ئاي ئىلگىرى كۆرۈشكەن، ئەمدىلىكتە ئۇ ئوغلىنى نېمىشقا تونۇيالمايدۇ؟

— ئۇ مېنىڭ ھېلىقى...

خوتۇنى بېشىنى لىڭشىتىپ، ئەلەم بىلەن يىغلىۋەتتى:

— ئۇ سىزنىڭ ئوغلىڭىز بولماي كىمنىڭ بولاتتى؟ سىز ئۇنى تونۇمىغان بىلەن، ئۇ سىزنى تونۇيدۇ، ئۇ كۈندە سۈرىتىڭىزگە قارايدۇ، سىزچۇ؟ سىز ئالدىنقى يىلى بىزنى يوقلاپ بارغاندا، ئىككىڭلار بىر - بىرىڭلارغا ئېچەكىشىپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە بىر قەدەممۇ ئايرىلمىدىڭلار، ئۇخلىساڭلارمۇ بىللە ئۇخلىدىڭلار، بۇ يەردىكىلەر سىزنى ساراڭ قىلىپ قويۇپتۇ، نېمىشقا مېنىڭدىن، سەن مېنىڭ خوتۇنۇممۇ، دەپ سوراپ قويمايسىز؟

فاڭ كۈەن ئىختىيارسىز ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ قويۇپ خوتۇنىدىن سورىدى:

— نېمىگە يىغلاۋاتىسىز؟ بىز تونۇگۇنلا يىغلاپ بولغان، سىز كېچىكىپ قاپسىز.

بۇ ئايال ئېرىنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىدى بولغاي، يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ:

— ئەخمەق، يىغلاشنىڭمۇ بەلگىلەنگەن ۋاقتى بولامدۇ؟ سىلەرنىڭ بەلگىلىمىلىرىڭلار نېمىدېگەن تولا، — دېدى - دە، بالىنى قۇچاقلىغان پېتى فاڭ كۈەننىڭ باغرىغا تاشلاندى،

ئېنىقىنى دېگەندە، ئۇ ئېرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئارام ئالغۇدەك بىرەر جايغا باشلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، فاڭ كۈەن بالىنى قۇچاقلىدى، لېكىن ئۇنىڭ ھالىتى خۇددى تاغارنى قۇچاقلىغاندەكلا ھېسسىياتسىز ئىدى، ئۇ ئاشخانا تەرەپكە قاراپ ماڭماقچى بولدى ـ يۇ، يەنە كەينىگە يېنىپ خوتۇنىغا قاراپ خىرىلداپ كۈلدى ۋە بالىنى ئەركىلەتمەكچى بولدى، لېكىن قانداق ئەركىلىتىشنى بىلەلمەي، پەقەتلا يېرىلىپ كەتكەن قولى بىلەن بالىنىڭ يۈزىنى سىلاپ قويۇپ، يەرگە قويدى.

— ئۇلارنى مەن كېلىڭلار دېمىگەن، — دېدى ئۇ خۇا لاۋيۈنىڭ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ دۇدۇقلىغىنىچە.

خۇا لاۋيۈ ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي ئايالغا قاراپ مۇلايىملىق بىلەن:

— كەلگەنىكەنسىز، سىزنى قارشى ئالىمىز، مېنى تونۇيدىغانسىز؟ — دەپ سورىدى. ئايال بېشىنى ئاستا چايقىدى.

— ھە، مەن ھېلىقى رەھىم قىلىشنى بىلمەيدىغان بۆرە، — خۇا لاۋيۈ بالىنى قۇچىقىغا ئالدى ھەم مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى، — نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— بەش ياشتىن ئاشتى، — جاۋاب بەردى ئايال.

— مېنىڭ كىچىك بالامدىن ئىككى ياش كىچىك ئىكەن، — ئۇ بالىنى كەينىدە تۇرغان شۇ رۇداغا بەردى، — ئاۋۋال لىيەن ئىشتابىغا بېرىپ تۇرۇڭلار، تاماقنىمۇ شۇ يەردە يەيسىلەر.

تاماقتىن كېيىن شۇ رۇدا بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنى باشقا بىر چېدىرغا باشلاپ كىردى، خۇددى خۇا لاۋيۈ بىرەر سېھىر ئىشلەتكەندەك، چېدىرنىڭ ئىچى پاك ـ پاكىز تازىلاپ قويۇلغانىدى، ئەسكەرلەرنىڭ ئورۇن ـ كۆرپىلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى، چېدىرنىڭ بىر چېتىگە پاخال سېلىنچىلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورۇن ـ كۆرپىلەر تۇجۇپىلەپ قاتلاپ سېلىنىپ، خۇددى قوش كىشىلىك يۇمشاق كارىۋاتتەك قىلىپ ياساپ قويۇلغانىدى.

خۇا لاۋيۈ بالىنى يەرگە قويۇپ:

— ئوبدانراق هال ـ مۇڭ قىلىشىۋېلىڭلار. سىلەرگە بىر كىچىلىك شارائىت يارىتىپ بېرىمەن، قانداق، مېنىڭ ئادەمگەرچىلىكىم بارمىكەن؟ — دەپ سوراپ قويدى ئايالغا قاراپ.

ئايال خىجىل بولغان هالدا كۈلۈپ قويدى، لېكىن فاڭ كۆەن سۆزلەپلا كەتتى:

— رەهمەت، رەهمەت، يىڭجاڭ، جاپا تارتىپسىز، مەن ئۇلارنى تالڭ ئاتسىلا كەتكۈزۈۋېتىمەن.

— ئەتە ماشىنا ئەپلىشەمدۇ ـ يوق؟ قاراپ باقايلى، — ئۇ كۆزىنى چىمچىقلىتىپ، چاقچاق قىلدى، — دىققەت قىلىڭلار جۇمۇ، بۇ يەردە ئايلاپ، يىللاپ ئايال زاتىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، دېرىزە مارايدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

ئايالنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، ئېرىگە يەر تېگىدىن قاراپ قويدى. فاڭ كۆەن خۇددى سەپراس تۇرغاندەك تىك تۇراتتى، خۇا لاۋيۈ ئۇنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ قويۇپ:

— بۇنداق تۇرىۋەرمە، ئايالىڭ كەلگەندىكىن خۇش بولساڭ بولىدۇ، بۇ يەردە بۇنداق ياخشى ئىشقا ئۇچرىغان سەن بىرىنچىسى جۇمۇ، — دەپ قويدى ئۇنىڭ روهىنى كۆتۈرۈپ.

— شۇنداق، خۇشال بولۇۋاتىمەن، — فاڭ كۆەن زورغا كۈلۈپ قويدى، ئەمەلىيەتتە هەقىقىي خۇشال بولۇۋاتقىنى بالا ئىدى.

خۇا لاۋيۈ بالىنى تارتىپ قولتۇقىنى غىدىق، غىدىق دەپ، غىدىقلاپ قويۇۋېدى، بالا خېلى هازاغىچە كۈلكىسىنى توختىتالمىدى.

— سەن چىقىپ ئوينامسەن ياكى بۇ يەردە قالامسەن؟

— سىرتقا چىقىمەن، سىرتقا چىقىمەن.

— ياخشى، — خۇا لاۋيۈ بالىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ سىرتقا ماڭدى، چېدىر ئىشىكى تۈۋىگە بارغاندا كەينىگە بۇرۇلۇپ قوشۇپ قويدى، — سىلەرگە قولايلىق يارىتىپ بېرەي، ئەركىنرەك بولۇڭلار!

ئايال بېشىنى تۆۋەن سىلىۋالدى.

شا كىچىك ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزىگە قول پۇلاڭلىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خۇا لاۋيۆنىڭ قولىدىن قولىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلار تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى، ئۇ بۇ يەردىكىلەردىن پەقەت يېتىرقىمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى دادىسىغا ئوخشاش ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى ئىدى.

— ھۇررا... — ئۇ ۋارقىرايتتى، يۈگۈرەيتتى.

قايسىبىر ئەسكەر ئۆزىنىڭ شەپكىسىنى ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپ قويدى، ئۇ ناھايىتى روھلۇق بولۇپ كەتكەنىدى.

— قولۇڭنى كۆتۈر... پاڭ! — ئۇ قولىنى تاپانچا قىلىپ خۇا لاۋيۆنى چەنلەپ تۇرۇپ ئاتتى.

خۇا لاۋيۆمۇ بۇ بالا ئەسكەرگە ماسلىشىپ، «ئا...» دېگىنىچە مەيدىسىنى تۇتتى.

— ھۇررا... — ئۇ خۇا لاۋيۆگە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتتى.

خۇا لاۋيۆ قولىنى كۆتۈرۈپ تەسلىم بولغاندىن كېيىن، بۇ بالا ئەسكەر كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئەسكەرلەرگە قاراپ «ھۇررا...» دەپ ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈردى، لېكىن كۆتۈلمىگەندە ئۆزىنى كونترول قىلالماي، يىقىلىپ چۈشتى. لېكىن، ئۇ غەيرەتكە ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ «ھۇررا...» دەپ ۋارقىراپ، يەنە يىقىلىپ چۈشتى.

بۇ ھالدىن ئەسكەرلەر كۈلۈشۈپ كەتتى. خۇا لاۋيۆمۇ كۈلدى، لېكىن ئۇنىڭدىكى ئالاھىدە سەزگۈرلۈك ئۇنى سەگىتتى ۋە دەرھال بېرىپ بالىنى يۆلەپ، ئۈستىبېشىدىكى توپا - چاڭلارنى قاقتى، لېكىن بالىنى قويۇپ بېرىشىگە، بالا يەنە يىقىلىپ چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا خۇا لاۋيۆنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىقمۇ نەلەرگىدۇ غايىب بولدى، ئۇ ئەنسىزلىك بىلەن ۋارقىرىدى:

— بالام!

ئېرىنىڭ ھالىتىدىن قايغۇدا قالغان بولسىمۇ، ھەرھالدا دىدار كۆرۈشۈش پۇرسىتىدىن ھاياجانلانعان ئايال چېدىردىن چىقىپ

بالىسىغا قاراپ:
— قالايمىقان يۈگۈرمە، قايتىپ كەل، — دەپ قويۇپ كىرىپ كەتتى.
بالا قايتىپ كىردى، لېكىن ئۇنى خۇا لاۋيۈ كۆتۈرۈپ ئەكىرگەندى، ئېرىنىڭ چاچلىرىدىكى ئاللىنېمىلەرنى ئادالاۋاتقان ئايال خۇا لاۋيۈنى كۆرۈپ خىجىللىقتىن بىر چەتكە ئۆتۈۋالدى. خۇا لاۋيۈ كالپۇكىنى چىشلىۋالغان، جىددىيلىكتىن بۇرۇن تۆشۈكلىرى يوغىناپ كەتكەندى. ئۇ ئېغىر بىر نەپەس ئېلىۋېتىپ، بالىنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە يوتقان يېپىپ قويدى.
ئەر - خوتۇن خۇا لاۋيۈنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچنېمىنى سەزمىدى، ھەتتا خۇا لاۋيۈ «ئۇ ئۇخلاپ قالدى» دەپ ئەسكەرتسىمۇ، يەنىلا خۇا لاۋيۈگە قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى.
— يىڭجاڭ، سىزمۇ ئارام ئېلىڭ، ئۇنىڭغا ھېچنېمە بولمايدۇ، — دېدى ئايال بىردەمدىن كېيىن.
— دىققەت قىلىڭلار، بىزنىڭ بۇ يەردە ئۇكسىگېن يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن يۈرىكى تۇيۇقسىز توختاپ قېلىپ، ئۆلۈپ كېتىدىغانلار كۆپ، ئەمدىكى گەپ ئۆزۈڭلارنى ئاسراشتا. يىغلىۋېلىڭلار، مەن قاچان يىغلىماڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلغاندا، چوقۇم توختىتىڭلار كېرەك. بۇ يەردىكى جەڭچىلەر ھەممىسى شۇنداق، بولمىسا يىغلاپ ئۆلۈپ قالىسىلەر.
فاڭ كۇەن دائىم ئۆلگەنلەرنى كۆرۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، كۆڭلى بىر شۇملۇقنى تۇيغاندەك بولۇپ، بالىغا قاراپ قويۇپ، خوتۇنىغا پىچىرلىدى:
— بالىمىز ئۆلۈپتۇ!
ئايال ئۇلارنىڭ گېپىنى خاتا چۈشىنىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ گېپى ئايالغا قىلچە تەسىر قىلمىدى ۋە:
— خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن ئەتىلا ئۇنى ئېلىپ كېتىمەن، بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلىمەن، — دېدى

ئەيمەنگەن ھالدا.

ئايالنىڭ بۇنداق بىغەملەرچە گېپىدىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن خۇا لاۋيۈ چېدىردىن چىقىپ، سىرتىدا ساقلاپ تۇردى، ئالاھازەل يېرىم سائەتلەر ئۆتكەندىن كېيىن، چېدىردىكى ئايالنىڭ ئېچىنىشلىق چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

بۇ بەئەينى بىر مەيدان قاباھەتلىك چۈش ئىدى، بۇنداق چۈشنى بىر ئادەم ئۆمرىدە بىرلا قېتىم، يەنە كېلىپ مانا مۇشۇنداق قاقاس، ھاياتلىق چەكلەنگەن رايونغا كەلگەندىلا كۆرەلەيتتى.

كېچە! سانسىزلىغان يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. ئايمۇ يىراقلاپ ئۆزىنى قاچۇرماقتا، بۇ مەنزىرە فاڭ كۆەننىڭ ئايالىنىڭ ئاستا - ئاستا ئۆچۈۋاتقان ئۈمىد شامىغا ئوخشايتتى، ئۇشقىرتقان شامال، رەھىمسىز ھاۋا، مەزگىلسىز كەلگەن ئازاب ئەنە شۇنداق رەھىمسىز ئىدى...

1 - پەيدىكىلەر خۇا لاۋيۈنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 2 -، 3 - پەيلەرگە تارقاقلاشقانىدى، چېدىر ئىچىنى ئايالنىڭ يىغا ئاۋازى بىر ئالغانىدى. بۇ خۇا لاۋيۈنىڭ بۇيرۇقىدىنمۇ ئەمەس، نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەرنىڭ تەسەللىسىدىنمۇ ئەمەس، ئېرىنىڭ ئۆز بالىسىنى ئۇنتۇپ قالاي دېگەن قىياپىتىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئەمەس، بەلكى ئەنە شۇ ئۇزۇلگەن ئۈمىدنىڭ ئازابىدىن ئىدى.

تاڭ يورۇدى، ئايال ئۆز ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى، ئۇ كارىۋات بېشىدا سولغۇن ئولتۇراتتى، فاڭ كۆەن ئۇنى ماشىنىغا چىقىرىپ قويۇشقا تەييارلىنىپ تۇراتتى.

ئاشپەز ناشتىلىقنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى، سولىشىپ كەتكەن كۆكتات قورۇمىسى بىلەن ھورناندىن باشقا يەنە ئىككى خىل قورۇما تەييارلىغانىدى. لېكىن، ئايالنىڭ ئىشتىھاسى يوق ئىدى، ھېچنېمىگە كۆڭلى تارتمايتتى. فاڭ كۆەن ئۆزى تەشەببۇسكار بولمىسا خوتۇنىنىڭ ھېچنېمە يېمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ھورناندىن بىرنى ئېلىپ خوتۇنىغا سۇندى، خوتۇنى

ئالمىدى، ئۇ خوتۇنغا:
— تاماق يېمىسىڭىز قانداق كېتەلەيسىز؟ — دېدى.
— كېتىش؟ — ئۇ ئېرىنىڭ كۆزىگە قاراپ بېشىنى چايقىدى.
— يېمەمسىز؟
— كەتمەيمەن.
— يىڭجاڭ سىزنى كەتسۇن دەيدۇ!
— مەن ئوغلۇم بىلەن بىللە كېتىمەن.
— توغرا، بىللە كېتىڭلار.
خوتۇنى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئېچىنىشلىق ۋاقىرىدى:
— فاڭ كۇەن.
فاڭ كۇەن بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى.
— مەن كەتمەيمەن، كەتمەيمەن! ئوغلۇمنى قايتۇرۇپ بەر!
ئۇ قولىدىكى هورنانىنى قويۇپ، ئاق كىرلىككە ئورالغان ئوغلىنىڭ قېتىپ كەتكەن جەسىتىنى كارىۋاتتىن ئېلىپ، خوتۇنىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى.
خوتۇنى كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى، كۆز ئالمىسى تومپىيىپ، خۇددى هازىرلا توككىدە چىقىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ قالغانىدى.
— نېمە بولدۇڭ، نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالدىڭ، — ئۇ ئوغلىنىڭ جەسىتىگە قاراپ نالە قىلاتتى. يىغلاپ تۇرۇپ چاچلىرىنى يۇلاتتى.
خۇا لاۋيۇ ئېچىنىش ئىلكىدە ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويىدى.
— سىز كېتىڭ، ئەمدى يىڭجاڭغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەڭ، — دېدى فاڭ كۇەن يىغلامسىراپ.
— يىڭجاڭ، مەن كەتمەيمەن، بۇ يەردىن هەرگىز كەتمەيمەن، كەتسەم بالىنى بىللە ئېلىپ كېتىمەن، — دېدى ئايال غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا نەشتەردەك تىكىلىپ.
— يىڭجاڭغا بۇنداق گەپ قىلىسىڭىز بولمايدۇ، بىز دېگەن هەربىي! — فاڭ كۇەن ئايالىنى كۇچەپ ئىتتىرىۋەتتى.
ئايال ئۆزىنى توختىتالماي كارىۋاتقا يىقىلدى ـ يۇ، دەرھال

ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەسەبىيلەرچە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. خۇا لاۋيۈ بىلەن بىللە كىرگەن ۋاڭ تيەنچى ۋە لى شياڭگولار دەرھال كېلىپ ئۇلارنى ئاجراتتى. ئايال ئاستا - ئاستا پەسكويغا چۈشتى، خۇا لاۋيۈ بالىنى قولىغا ئېلىپ بۇ بىر جۈپ بەختسىز ئەر - خوتۇنغا قاراپ قويۇپ، چېدىر سىرتىغا قاراپ ماڭدى.

بالا تاغقا دەپنە قىلىنىپ، بۇرۇن ئۆلگەن ھەربىيلەر بىلەن بىللە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى، خۇا لاۋيۈ خۇددى كەسپىي مېيىت ئۇزاتقۇچىدەك يەنە بىر قېتىم ھاياتلىق چىرىغى ئۆچكەن جان ئۇچۇن يەرلىك كولىدى، ئۇ بۇرۇنقى ۋاقىتلىرىغا قارىغاندا، خېلىلا ئېغىر - بېسىق بولۇپ قالغانىدى. ئۇ قەبرە تېشىمۇ قويۇلمىغان بۇ شور پېشانە سەبىينىڭ قەبرىسىگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ، كۆڭلىدە سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامالدىن بۇ ھەربىينىڭ بالىسى مەڭگۈلۈك ئۇخلايدىغان قەبرىگە ئىللىقلىق ئاتا قىلىشنى ئۆتۈندى.

مېيىت ئۇزىتىشقا پۈتۈن لىيەندىكى ئەسكەرلەر قاتناشتى. يۈزدىن ئارتۇق ھايات ئادەمنىڭ يۈزدىن ئارتۇق يۈرىكى بالا ئۇچۇن ئېچىندى، خۇا لاۋيۈ قائىدىنى بۇزۇپ پۈتۈن لىيەندىكىلەرنىڭ يېرىم كۈن ئىش توختىتىشىغا رۇخسەت قىلدى. چۈنكى، ئۇمۇ بالىسى بار ئادەم، ئەلۋەتتە.

ئايال ئاخىر ھەممىنى چۈشەندى، بالىسىنىڭ توڭلاپ كەتكەن تۇپراق بېشىدا ئولتۇرۇپ، بىرھازا يىغلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇ يەردە تۇرىۋېرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئېرىنىڭ ساقايتقىلى بولمايدىغان خامۇشلۇق كېسىلى ئۇنىڭغا ئايرىلىپ قالغىنى يالغۇز ئوغلىلا بولماستىن، بەلكى پۈتۈن تۇرمۇشى ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى، ئۇ كەتتى، ئانا - بالا ئىككىيلەن كېلىپ ئۆزى يالغۇز كەتتى، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئازاب - ئۆرتىنىشلەرنى ھېچكىم ھېس قىلالمايتتى، ماشىنا سىلكىنگىنىچە ئالدىغا ماڭماقتا، ئۇ

كوزۇپتا تۇرۇپ، بارغانچە يىراقلاۋاتقان قەبرىگە قاراپ، كۆزى خىرەلەشتى، قەلبى ئۆرتەندى، ئۈمىدى ئاجىزلىدى، ئۇ ئېرىنىڭ بارغانچە غۇۋالىشىپ كېتىۋاتقان سىيماسىغا قاراپ، تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ بارلىقىنىڭ مۇشۇ قاقاسلىقتا، مۇشۇ تاغدا قېلىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ تۇيۇقسىز «ئوغلۇم» دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، ماشىنا كوزۇپىدىن غۇلاپ چۈشتى.

بارلىق ئەسكەرلەر شۇ ئان ماشىنىغا قاراپ يۈگۈردى.

ئەرلەرنىڭ يىغا ئاۋازى خۇددى بورغا كۆيىدەك ئاپپاق قار قاپلىغان تاڭگۇرا تېغىدا توختىماستىن ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى...

## ئۈچىنچى باب

# ئاق دۇنيا

بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، پۈتۈن تۈەن مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق تۆرۈبا ياتقۇزۇش ئورنىكىنى كولاپ بولۇپ، تۇرۇبا ياتقۇزۇش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. ماي توشۇش تۇرۇبا لىنىيەسى قۇرۇلۇش تۈەنىدىكى رەھبەرلەر كۆپچىلىك نامىدىن باش ئىشتابقا خەت يېزىپ، تۇرۇبا ياتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلىيالماسلىقنىڭ بەش تۈرلۈك سەۋەبىنى ئوتتۇرىغا قويدى. باش ئىشتابنىڭ تەدبىرى بولسا رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەڭشەش بولدى. بىرىنچى يىغىنىڭ يىغجاڭى خۋا لاۋيۈ بۇ تۈەننىڭ مۇئاۋىن تۈەنجاڭلىقىغا تەيىنلەندى. ئىككى ئايدىن كېيىن پېشقەدەم تۈەنجاڭ ئۆز كۆز قارىشىدا يەنىلا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرى ئۇنى باشقا ۋەزىپىگە يۆتكەپ قايتىدىن ئورۇنلاشتۇردى، خۋا لاۋيۈ ئەمەلىيەتتە رەسمىي تۈەنجاڭلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى. خۋا لاۋيۈنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، بىرىنچى يىغىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى جوۋ فېڭجى بۇ تۈەننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىقىغا ئۆستۈرۈلدى، 4 ـ لىيەننىڭ لىيەنجاڭى ۋاڭ تيەنچى 1 ـ يىغىنىڭ مۇئاۋىن يىغجاڭلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئەمەلىيەتتە يىغجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. جوۋ فېڭجى ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ۋاڭ تيەنچى سالامەتلىكىنىڭ يار بەرمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ 4 ـ لىيەندىن ئايرىلغۇسى يوقلۇقىنى، ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ

ئەسكەرلەر بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ۋەزىپىنى قەتئىي رەت قىلىپ، ئەمىلىنىڭ ئۆسۈشىنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ بىر خىل بەختسىزلىكنىڭ ھىدىنى ھېس قىلغاندى. بۇ خىل تۇيغۇ بۇ تۆۋەننىڭ پېشقەدەم سىياسىي كومىسسارى لىن يىجۇدا تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۇ ناھايىتى گېپى ئوچۇق ئادەم ئىدى، ئۇ قايتا ـ قايتا يازغان خېتىدە: «مەن ئۇنداق جاپالارغا چىدىيالمايمەن»، «مېنىڭ ئۇ ئېگىزلىكتە ئۆلگۈم يوق !» دېگەندەك گەپلەرنى تەكرار ـ تەكرار يېزىپ، پېشقەدەم باشلىقىدىن باش ئىشتاب قارمىقىدىكى مەلۇم ھەربىي ئىنستىتۇتنىڭ خوجىلىق بۆلۈمىگە يۆتكەپ قويۇشىنى ئۆتۈندى. بۇنداق قىلىش گەرچە ئەمىلىدىن چۈشۈپ كەتكەنلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭدىن خۇشال ئىدى. چۈنكى، ئۇ ساپ ھاۋالىق ئىچكىرى ئۆلكىدە ئاددىي پۇقرا بولۇش ئېگىز تاغ چوققىسىدا خان بولغاندىن ياخشى، دەپ قارايتتى. قىرىشقاندەك، تۆۋەن رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى كادىرلار كېمىيىپ كەتكەن پەيتتە، خۇا لاۋيۈ بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ باش ئاغرىقى ئېلىپ كېلىدىغان ھەربىيلىكتىن چېكىندۈرۈش خىزمىتىغا دۇچ كەلدى.

خۇا لاۋيۈ ھەربىي سەپتىن چېكىندۈرۈلىدىغان ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر تىزىملىكىدىن شۇ رۇدانىڭ ئىسمىنىڭ ئۈستىگە قىزىل قەلەم بىلەن چەمبەر سىزىپ قويدى. ئاندىن كېيىن تەشكىل بىلەن ھەربىي ئىشلار مۇۋازىنىتىگە ھەربىي سەپتىن چېكىندۈرۈلىدىغانلار تىزىملىكىنى قايتا تەتقىق قىلىپ بېقىشنى، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىش قىلالايدىغان ـ قىلالمايدىغانلىقىنى، يەنى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز بولغان رايوندا جىسمانىي ئەمگەك قىلىشقا ماسلىشالايدىغانلىرىنى قەتئىي ئېلىپ قېلىش، ماسلىشالمايدىغانلىرىنى قەتئىي قايتۇرۇۋېتىشنى ئويلىشىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئىدىيەۋى ئىپادىسى، ئائىلە قىيىنچىلىقى ۋە ئۇلارنىڭ باشقا تەلەپلىرىنى پەقەت پايدىلىنىش شەرتى قىلىشنى، ھەتتا ئويلاشماسلىقنى ئۆتتۈرىغا قويدى.

نەتىجىدە ھەربىي سەپتىن چېكىنىدۇرۇلىدىغانلار تىزىملىكى كېسەل، مېيىپ خادىملار تىزىملىكى بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشقانلار گېئېرمۇدىكى تۆەن ئىشتابىغا يېغىلىشتىن بىر ئاي بۇرۇن تىزىملىكتىكى ئىسىملىك نەچچە قېتىم ئالماشتى. بۇنىڭ سەۋەبى ھەر خىل ھادىسىلەر سەۋەبىدىن ئۆلۈش، يارىلىنىش ھادىسىلىرى كۈندە دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇراتتى.

سېنتەبىردە، تاڭگۇرا تېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمى بىلەن نيەنچىڭ ـ تاڭگۇرا تېغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا قاتتىق مۆلدۈر يېغىپ، 2 ـ ، يىلى 2 ـ لىيەن، 3 ـ لىيەن، 4 ـ لىيەن قۇرۇلۇش ئورنىدا قاتتىق مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بەردى. تۇخۇمچىلىك چوڭلۇقتىكى مۆلدۈرلەر تاراسلاپ يېغىپ، قىلىن بىر قەۋەت مۇز قاتتى، 2 ـ لىيەندىن ئۈچ ئادەم مۆلدۈر سەۋەبى بىلەن جېنىدىن ئايرىلدى. يارىلانغانلار بولسا ئۈچ لىيەندىكىلەرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا يۈزدىن ئاشاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆتەيلەننىڭ مېڭىسى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەنگەن، ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش قىيىن ئىدى. فېڭخو تاغلىق رايونىنىڭ يەر قاتلىمى ئېگىز، بۇلۇت قاتلىمى تۆۋەن بولغاچقا، 1 ـ يىغدىكى ئىككى ئەسكەرنى چاقماق سوقۇپ ئۆلدى. ئەجەبلىنەرلىكى، فېڭخو تېغىدا ھەر يىلى چاقماق چېقىش سەۋەبىدىن ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس پەقەت ئىككىلا ئادەم جېنىدىن ئايرىلاتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا، ھاۋا رايى ئىنتايىن ياخشى بولۇۋاتقان تاڭگۇرا تېغىدا تۇيۇقسىز ئالتۇن رەڭلىك يەر نۇرى كۆتۈرۈلدى. قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە نازارەتچىلىك قىلىۋاتقان مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار جوۋ فېڭجى ۋە 4 ـ لىيەندىكى ئون بىر نەپەر ئەسكەر يەر نۇرى يايمىسى ئىچىدە قالدى. ئۇلارنىڭ قولاق تۈۋىدە خۇددى بۆرە ھۇۋلىغاندەك ئاۋاز ئاڭلىنىپ، نەچچە مىنۇتتىن كېيىن تىنچىپ قالدى. خۇا لاۋيۇ بۇ خەۋەردىن ۋاقىپلىنىپ، دەرھال جوۋ فېڭجىغا تېلېفون بېرىپ سورۇشتۇردى، جوۋ فېڭجى تېلېفوندا:

— گاچا بولۇپ قالدىڭمۇ؟ تېز گەپ قىلمامسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىغاندى. كەڭ تەبىئەت بىلەن ئادەمزات دۇنياسىدىكى بارلىق ئاۋازلار جوۋ فېڭجى بىلەن ئون بىر نەپەر ئەسكەر ئۈچۈن ئەمدى ئاڭلاش مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىگە ئايلانغانىدى. ئون بىر نەپەر ئەسكەر بىرلىكتە خەت يېزىپ باش ئىشتابقا ئىلتىماس سۇنغان بولسىمۇ، لېكىن خۇا لاۋيۈنىڭ ئۆلارنى ھەربىيلىكتىن چېكىندۈرۈش ئويى يوقتەك قىلاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، قۇلاقنىڭ ئاڭلىيالماسلىقى ئىش قىلىشقا تەسىر كۆرسەتمەيتتى. پەقەت كۆزى كۆرەلىسىلا، پولات تۇرۇبىنى خاتا ئورۇنغا قۇراشتۇرۇپ قويمايتتى. قىسىم يېڭىلار بىلەن كونىلار ئالمىشىش ۋەزىيىتىدە ئىدى. نەتىجىدە، ھەممىنىڭ كۆڭلىگە جىن چۈشۈپ، ئەزرائىلغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىۋاتاتتى. 3 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ مۇئاۋىن لىيەنجاڭى فېڭ گاۋچۈەن ئېغىر دەرىجىدىكى ئېگىزلىكتە جىگەر زەئىپلىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يىل چوقۇم قايتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بىرقانچە قۇندۇز تۇتۇپ، تېرىسىنى يەمچۈك قىلىپ، يەرلىكتىن خىزمەت ئۆتىۈشماقچى بولدى. لېكىن، ئۇ بىر كەتكىنىچە قايتىپ كېلەلمىدى، چۈنكى ئۇ يولدىن ئېزىپ قالغانىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئەسكەرلەر دەريا بويىغا بىر كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىن ئۇنى بايقىغاندا، ئۇ ئاللىبۇرۇن ئاچلىقتىن مىدىرلىيالماس بولۇپ قالغانىدى. ئەتراپىتا بىرقانچە قۇندۇز خۇددى ئۇ تىنىقتىن توختىسىلا دەرھال ئېتىلىپ كېلىپ قېنىنى شورايدىغاندەك ئەلپازدا دىككىداپ، سەكرەپ يۈرەتتى. قۇندۇزلار ئەسكەرلەرنى كۆرۈش بىلەنلا تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. فېڭ گاۋچۈەننى ئىزدەش جەريانىدا، ئىككى ئەسكەر يوقاپ كەتتى. لىيەن ئەسكەر ئەۋەتىپ، بىر ھەپتە ئىزدىگەن بولسىمۇ، ھېچ يەردىن تاپالمىدى. بۇ ئەھۋال تۇەنگە دوكلات قىلىنغاندا، خۇا لاۋيۈ كەسكىن قىلىپ، جەسىتى تېپىلمىغانىكەن، ھايات بولۇشى

مۇمكىن، دەپ ئۇلارنى ھەربىيلىكتىن چېكىندۇرۇلگەنلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تىزىملىككە ئۇلارنىڭ ئىسمى يېزىلدى. 1 ـ يىلى 2 ـ لېيەندىكى ئىككى بەن ئەسكەر رەھبەرلىك يېتەكچىلىك قىلمىغان ئەھۋالدا، گېلادەندۇك مۇزلۇقىدىن سۇ ئەكىلىۋاتقاندا، قار كۆچۈشكە ئۇچراپ، توققۇز نەپەر ئەسكەر ئۆلۈپ، ئالتە نەپەر ئەسكەر يارىلاندى. لېكىن، بارلىق مېيىپ ئەسكەرلەرنى قوشقاندىمۇ، سان يەنىلا ھەربىيلىكتىن چېكىندۇرۇش كۆرسەتكۈچىگە يەتمەيتتى. ئەگەر ئەمگەك قىلىش شەرتىدىكىلەرنى قوشۇپ قويغاندا، قىسىم بىر تۇركۇم ئەمگەك كۈچىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. خۇا لاۋيۆ ھېچكىم بىلەن مەسلىھەتلەشمەيلا، ھەربىي ئىشلار مۇۋازىنىتىگە يېقىندا ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى تىزىملىككە يېزىپ قويۇشنى ئۇقتۇردى. شۇنداق قىلىپ سان توشقۇزۇلدى. ئەمەلىيەتتە ھەربىي سەپتىن قايتقانلار تىزىملىكتىكى ئادەم سانىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى. باشنى تازا قاتۇرغان ھەربىي سەپتىن چېكىندۇرۇلىدىغانلار تىزىملىكى ئاخىر بېكىتىلدى. لېكىن، شۇنىڭغا ئەگىشىپ يەنە يېڭى ئاۋارىچىلىكلەر كۆرۈلدى. ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئىدى...

ما داچۇن بىلەن بەسلەشكەندىن كېيىن، خۇا لاۋيۆنىڭ سالامەتلىكى ئىزچىل ئەسلىگە كېلەلمىدى، بۇ ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ بەك ئېغىرلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ خاتىرجەم ھالدا داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگىنىدىن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقىدەك پۇتمەس ـ تۈگىمەس جاسارىتىنىڭ قالمىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بارغانسېرى ئەزرائىلنىڭ قوينىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ بەدىنىدە كۆرۈلۈۋاتقان بىنورمال ئالامەتلەرگە تەشۋىش ئىلكىدە دىققەت قىلىۋاتاتتى. ھەتتا بىر كۈنى ئۇ چۈشىدە ئۆزىنىڭ روھىنى كۆردى. ئۇنىڭ روھى ئىنتايىن سولغۇن، روھسىز ھالەتتە ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى

قەدىمىي بۇلۇتتەك، خۇددى ھەممە يېرى ناكار بولغان ئىسكىلىتتەك لەيلەپ يۈرەتتى. ھەش - پەش دېگۈچە ئۇ يەنە كەچكى قۇياشقا تەلمۈرۈپ يىغلاۋاتقان قانداقتۇر بىر كىچىك ھايۋانغا، ئېرىپ كېتىۋاتقان ئاپپاق قار توپىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ چۆچۈپ ئويغانغىنىچە، ئارقا - ئارقىدىن چوڭ ئۈچ ئىستاكان سۈتلۈك مالتوزىنى ئىچىۋەتتى. ئۇ بۇ ئاقۇچ شىرنە سۇيۇقلۇقى ئاۋاق بەدىنىمنى خۇددى ئوغۇتقا ئوخشاش كۈچلەندۈرىدۇ، دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇ بۇنىڭدىن ھەرھالدا خاتىرجەم ئىدى. خوتۇنىدىن كەلگەن بىر پارچە خەت ئۇنى خوش قىلىۋەتتى. بۇرۇنلاردا ئۇ خوتۇنىدىن ھەر ئۈچ ئايدا بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالاتتى. تۇەنجاڭ بولغاندىن كېيىن خەتنىڭ كېلىش ۋاقتى نېمە ئۈچۈندۇر ئىككى ئايغا قىسقاردى. ئۇ دەماللىققا بۇنىڭغا كۆنەلمىدى. خەتنىڭ مەزمۇنى بۇرۇنقىغا ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ ياخشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى، تىرىشىپ خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى، ئىككى بالىسىنىڭمۇ ناھايىتى ياخشى، ساغلام ئىكەنلىكىنى يازاتتى. ئۇنىڭ ئىچىنى پۇشۇرغىنى، ئىككىنچى ئوغلى مەكتەپ يېشىغا توشقان بولسىمۇ، لېكىن ئايالىنىڭ بۇنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىغىنى ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئايالى نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالاتتى. مەسىلەن، ئۇنىڭ تۇغقان يوقلاشقا بارمىغىنىغا بەش يىل بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنى سېغىنغانلىقىنى، ئۇنىڭ كېلىشىنى زارىقىپ كۈتۈۋاتقانلىقىنى خەتتە ئەسكەرتىپمۇ قويمايتتى. ئۇلار يېڭى توي قىلغاندا ئايالى دائىم خېتىدە: «سىزنىڭ لەۋلىرىمگە سۆيۈشىڭىزنى سېغىندىم، ئىللىق قوينىڭىزنى، ساقاللىرىڭىزنىڭ يۈزۈمگە سانجىلىشىنى سېغىندىم، سېغىندىم... سېغىندىم...» دېگەندەك شېرىن - شېكەر سۆزلەرنى ياغدۇرۇۋېتەتتى. ئەمدىچۇ؟ ئايالىنىڭ بۇنداق مېھىر - مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى ئۇنتۇپ كەتكىنىگە تالاي يىللار بولۇپ كەتكەنىدى. بۇمۇ ياخشى بولدى، بولمىسا ئۇ ئىلگىرىكى

چاغلاردىكىدەك كەچلىرى تولغىنىپ ئۇخلىيالمىغان بولاتتى. ئۇ قولىدىكى ئاددىيلا يېزىلغان خەتنى قايتا ـ قايتا ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىقتى ۋە خەتنى قاتلاپ تۇرۇشىغا، بىرى ئىشىكنى قوپاللىق بىلەن چېكىپلا، ئۇسۇپ دېگۇدەك كىرىپ كەلدى. بۇ ئادەم ۋالىڭ تيەنچى ئىدى.

خۇا لاۋيۈ سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى. ئەكسىچە، ۋالىڭ تيەنچى ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ خىلىغىچە ئۈندىمىدى.

— نېمە ئىش يۈز بەردى؟ — خۇا لاۋيۈ ئاچچىقتىن چىچىلدى.

— تيەن جياخاڭ يېتەكچىنى ئىتتىك يارىلاندۇردى. مەن ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدىم، — ئۇ تۇەنجاڭنىڭ ھاڭۋېقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — تۇنۇگۈن تيەن جياخاڭ ھاراق ئىچىپ يېتەكچىنى سىناپ باقاي دەپ، ئەللىك يۈەن پۇل كۆتۈرۈپ بېرىپ يېتەكچىگە ئۆزىنىڭ پارتىيەگە كىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەرسە، كېيىن ياخشى خىزمەت تاپالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. يېتەكچى بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ. پۇلنىمۇ ئاپتۇ. كېيىن چاتاق چىقىپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئوق ئۇنىڭ يوتىسىغا تېگىپتۇ، ئۇستىخانىمۇ يارىلانماپتۇ. دوختۇرخانىدا بىرنەچچە كۈن ياتسىلا ياخشى بولۇپ كەتكۇدەك.

خۇا لاۋيۈنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى:

— ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

— كىمنى؟

— لى شياڭگونى بولماي، يەنە كىمنى بولاتتى؟

— ئاچچىقلانغان بىلەنلا ئورنىغا كېلەمتى؟ مەن سىزدىن بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى سوراپ كەلدىم.

— سىنىڭچە قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنداق ئىش ھەربىي سوتقا تارتىلىدۇ.

ۋالغ تيەنچى بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— تاپانچا يېتەكچىنىڭ، تيەن جياخاڭ كاللىسىنى ئىشلىتىپ، مەلۇم ئىشلار سەۋەبىدىن يېتەكچى ماڭا قورال تەڭلىدى، ئۆزۈمنى قوغداش ئۈچۈن قورالنى تارتىۋالماقچى بولدۇم، ئېلىشىش جەريانىدا يېتەكچى ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆزىنى يارىلاندۇرۇۋالدى دېسۇن، سىزنىڭچە قانداق؟

— سەن ئۇنى قوغدىماقچىمۇ؟

— سىزنىڭ ئۇنى قوغدىغۇڭىز يوقمۇ؟

— مېنى مەجبۇرلىماقچىمۇسەن؟ — دېدى خۇا لاۋيۈ ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ.

— ئۇ ئۆيدە يالغۇز ئوغۇل، ئاتا - ئانىسى ياشىنىپ قالغان، كېيىن ئۇنىڭ بېقىشىغا موھتاج. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يېقىندا توي قىلماقچى.

— كىم بىلەن؟ ئۇنى ئەرز قىلغان ھېلىقى قىز بىلەنمۇ؟

— ئەرز قىلغانىنىڭ نېمە پايدىسى، بالىسىمۇ بار ئىكەن تېخى، بالا تيەن جياخاڭنىڭ ئىكەن.

— قالايمىقان بىلجىرلاشنىلا بىلگەن، ئەينى چاغدىلا تيەن جياخاڭنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكىنى بىلگەنىدىم.

— كىم يالغان ئېيتمايدۇ، سىزمۇ بەزى ۋاقىتلاردا...

— بولدى، بولدى، — خۇا لاۋيۈ قولىنى سىلكىگىنىچە گەپنى ئۈزۈۋەتتى، — سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن. بىراق، بۇ ھەربىي مەخپىيەتلىك، ھېچكىمگە ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ.

— ھېچكىم بىلمىسۇن دېيىشىنىڭ ئۆزى ئالدامچىلىققۇ؟

— تيەن جياخاڭنى چوقۇم جازالاش كېرەك. ئۇنىڭغا ئۈچ تۈرلۈك جازا بېرىلسۇن. بىرىنچى، ھەربىيلىكتىن چېكىنىمەن دېيىشكە رۇخسەت يوق. ئىككىنچىدىن، ئىككى يىل ئىچىدە تۇغقان يوقلاشقا رۇخسەت يوق. ئۈچىنچى، ياخشى ئىشلەپ، تۆھپە كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇسۇن. مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ كۆپرەك

بولۇشى، بەلكىم قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتىگە پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن، — خۇا لاۋيۈ بىر تىنىقتا بۇ گەپلەرنى دەپ بولغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش ئۈستىدە توختالدى، — پولات تۇرۇبا ياتقۇزۇش ئىشى قانداق كېتىۋاتىدۇ؟ ماڭا شۇم خەۋەرلا بولسا يەتكۈزسەڭ بولماس.

— خۇش خەۋەر يوق، شۇم خەۋەر بار.

1 - يىلڭ 4 - لىيەن پۈتۈن تۈەن بويىچە ماي تۇرۇبىسى ياتقۇزۇشنى تېخى باشلىمىغان بىردىنبىر لىيەن. ئۇلارنىڭ ئورەك كولاش ۋەزىپىسى باشقىلاردىن ئېغىر بولۇپ، قۇرۇلۇشنى تاماملىيالمىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، بۇ يىل قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بىر پارچە سازلىقتىن تۇيۇقسىزلا ناھايىتى كۈچلۈك سۇ ئاستى سۈيى ئېتىلىپ چىقىپ، ئەتراپقا كېڭىيىپ كەتكەنىدى. نەتىجىدە پولات تۇرۇبا توشۇش ماشىنىسى ئۇ يەردىن ئۆتەلمەي، سەككىز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۆمۈريول ياقىسىغا توختىتىپ قويۇلدى. 4 - لىيەننىڭ ھازىرقى ۋەزىپىسى پولات تۇرۇبىنى كۆتۈرۈپ توشۇش ئىدى.

— ساڭا تۆت كۈن ۋاقىت بېرىمەن، ھەممىنى ئۆز ۋاقتىدا توشۇپ بول.

— بۇنى دېيىشمەي تۇرايلى، سىزدىن سوراپ باقاي، بۇ يىل كەسىپ ئالمىشىدىغانلار ئىچىدە مەن بارمۇ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ماڭا تەھدىت سېلىۋاتامسەن؟

— سورۇشتۇرۇپ باقاي دېدىم شۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئېلان قىلىنغانلار ئىچىدە مەن بولماي قالسام، پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالماي دەيمىنا.

— كەتكۈڭ بارمۇ؟ ئۇنداق ئاسان ئىش يوق. 4 - لىيەننىڭ ئەھۋالىنى سەنمۇ بىلىسەن، ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم بۇ لىيەننى باشقۇرالمايدۇ.

— مېنى كەتكۈزمەمسىز؟

— سېنىڭ بۇنىڭغا نىسبەتەن چوقۇم ئىدىيەدە تەييارلىقىڭ

بولۇشى كېرەك.

— مەن ماڭاي، — ۋاڭ تيەنچى «ئاناڭنى !» دەپ غۇدۇراپ قويدى.

ئەمەلىيەتتە خۇا لاۋيۇ ئۇنىڭ ھەربىي سەپتىن چېكىنىش ئويى يوقلۇقىنى بىلەتتى ۋە ئەسكەرتىپ قويدى:

— ئۇنتۇپ قالما. ساڭا بېرىلگەن ۋاقىت پەقەت تۆتلا كۈن!

— تولا قارىغۇلارچە بىلجىرلىماڭ، نەق مەيدانغا بېرىپ كۆرۈپ باقسىڭىز، ئاندىن بىلىسىز، ئون تۆت كۈندە توشۇپ بولالىساقمۇ چوڭ ئىش.

— ۋاي تەڭرىم، ئون تۆت كۈن؟ ئۇنداقتا مەن ئىستېپا سورىسام بولغۇدەك، — ئۇ ئۇستەل ئۇستىدىكى بايا ئىچىپ بولالمىغان سۈتلۈك مالتوزىنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن نەق گەپنى قىلدى، — ياق، ھازىرلا سەن بىلەن بىللە بېرىپ كۆرۈپ باقاي.

دەل شۇ ۋاقىتتا تېلېفون جىرىڭلىدى، ئۇ تۇرۇپكىنى ئېلىپلا ھەربىي مۇلازىمەت ئورنىنىڭ باشلىقىنىڭ ئاۋازىنى تونۇدى. ئىچكى ئۆلكىدىن يۆتكەپ كېلىنىدىغان ھەربىي ماددىي ئەشيالار ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگەن، بولۇپمۇ قىسىمنىڭ بىردىنبىر قوشۇمچە يېمەكلىكى بولغان كونسېرۋامۇ ھېچقانچە قالمىغانىدى. بۇ ئىش ئۈچۈن خۇا لاۋيۇ ماددىي ئەشيالارنى باستۇرۇپ قويغان تۆمۈريول ترانسپورت ئىدارىسى بىلەن ئۈچ قېتىم ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا ئالاقىلەشكەندىن كېيىن، قارشى تەرەپنىڭ مەقسىتىنى ئاخىر چۈشەندى. ئەۋەتىلمىدىغان نەرسىلەرنىڭ كېچىكىپ كېتىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارغا سۇڭگۇتىلىدىغان نەپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. باشتا ئۇ بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولغان، قوشۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئامالسىز يول قويۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. ھەربىي مۇلازىمەت ئورنىنىڭ باشلىقى تېلېفوندا قارشى تەرەپنىڭ ئۇلار بەرگەن نەرسىلەرنى ئاز كۆرگەچكە، سۇسلۇق قىلىۋاتقان بولۇشى

مۇمكىنلىكىنى پۇرتىپ قويدى. خۇا لاۋيۈ ئۆزىنى بېسىۋالالماي ۋارقىراپ كەتتى:
— قاراپ تۇرسۇن، مەن دۆلەت زۇڭلىسى بولغاندىن كېيىن، بىرىنچى بولۇپ ئۇلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، تۇرمىگە سولايمەن. ئىتنىڭ بالىلىرى، تاپانچا بىلەن ئېتىۋېتىشكىمۇ يارىمايدىغان هايۋانلار.
— تۇەنجاڭ، بۇ كېيىنكى ئىشلار، هازىر زادى قانداق قىلىمىز؟
— قانداق قىلاتتۇق؟ يەنە ساقلاپ باقايلى، ئۇلارغا شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى بېرىشكە كۆزۈم قىيمايدۇ.
تېخى ئاچچىقى بېسىلمىغان خۇا لاۋيۈ ۋاڭ تيەنچى بىلەن ئىشىكنىڭ سىرتىغا توختىتىپ قويۇلغان جىپ ماشىنىسىغا قاراپ ماڭدى.
— شوپۇر، شوپۇر قېنى؟ مەن هەر ۋاقىت ماشىنىنى تەييار قىلىپ، مېنى ساقلىسۇن دەپ، تەكىتلىگەنىغۇ؟
شوپۇر قاياقتىندۇر ئالاقزەدىلىك بىلەن چىقىپ كەلدى هەم ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى. ماشىنا قوزغالدى، خۇا لاۋيۈ:
— لاۋ شۇنىڭمۇ كەسىپ ئالمىشىشىغا رۇخسەت يوق، بۈگۈن كەچتە ئىككىمىز ئۇنىڭ بىلەن ياخشىراق پاراڭلىشىپ باقايلى، — دېدى قاپىقىنى تۈرۈپ.
— مېنىڭچە، ئۇنى قويۇۋەتكىنىڭىز ياخشى، ئۇ دېگەن قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ بار ئىختىساس ئىگىسى. بىزنىڭ بۇ يەردە ئادەتتىكى مۇئاۋىن ليەنجاڭ بولۇپ تۇرىۋەرسە، ئىقتىدارى زايە بولۇپ كېتىدۇ. نېمە ئۇنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ ئۇ خەۋەر ئۇقۇشقىلى تۇەنگە كەتكەنىدىغۇ؟
— سىلەر ليەن كادىرلىرى هەممىڭلار تاغدىن يېنىپ چۈشسەڭلار، قۇرۇلۇشقا كىم رەهبەرلىك قىلىدۇ؟ — سورىدى خۇا لاۋيۈ هاڭ - تاڭ بولغان هالدا.
— ليەنىمىز بۈگۈن دەم ئالدى، يەكشەنبە ئەمەسمۇ؟

ئەسكەرلەر قانغۇچە ئۇخلىۋالسۇن. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى لاۋ شۇنىڭ نېمە ئىش قىلغىلى كەتكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەسكەرلەرگە پولات تۇرۇبىنى مەجبۇرىي كۆتۈرگۈزگەن بىلەن ئۇ بىچارىلەر ئالدىغا بىر قەدەم ماڭسا، كەينىگە ئۈچ قەدەم مېڭىپ ھالىدىن كەتتى.

— توختا، — خۇا لاۋيۈ قاتتىق ۋارقىرىدى.

شوپۇر ئۇنىڭ بۇنداق مىجەزىگە ئاللىبۇرۇن كۆنۈپ كەتكەن، شۇڭا ماشىنىنى ئالدىرىماي توختاتتى. خۇا لاۋيۈ ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ۋاڭ تيەنچىگە ۋارقىرىدى:

— سىز دەرھال قايتىپ ئىش باشلاڭ، مەن شۇ رۇدانى ئېلىپ كېچىلەپ بولسىمۇ يېتىپ بارىمەن.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ بۇرىلىپلا ماڭدى. شوپۇر دېرىزىدىن بۇنى كۆرۈپ، ماشىنىنى بۇرىماقچى بولدى.

— ماڭايلى، تۇەنجاڭ ساڭا مېنى 4 - ليەننىڭ ئىش ئورنىغا ئاپىرىپ قوي دېمىدىمۇ؟

ۋاڭ تيەنچى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئورۇندۇققا يۆلەندى. ئۇنىڭغا بۇنداق كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇش پۇرسىتى ناھايىتى ئاز ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ قېتىم راسا كېرىلىپ ئۇخلىۋالمىسا بولمايدۇ - دە!

شۇ رۇدانىڭ تۇەن ئىشتابىغا كەلگىنىگە ئىككى كۈن بولدى. ئۇ مەقسىتىگە يېتىش توغرىسىدا تېخى بىرەر ياخشى چارە تاپالمىغاچقا، تۇەنجاڭ بىلەن تېخى كۆرۈشمىگەنىدى. ئۇ تۇەنجاڭغا قاتتىق، يۇمشاق ۋاسىتىلەرنىڭ كار قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن، ئۇ شۇنداق قىلمىسىمۇ، باشقا چارە يوقتەك قىلاتتى. ئۇ بىر كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، چارۋىچىلاردىن ئوققا تېگىشكەن ئىپار بىلەن ئۆزى ئوۋلىغان ئوتتۇز ئىككى سۇغۇر تېرىسى، يۇقىرى باھادا سېتىۋالغان بەش كۆرپىلىك چىڭخەي قوي يۇڭىدىن توقۇلغان ئەديالنى ئىككى بوغچا قىلىپ تېڭىپ، بېكەتتىن بېيجىڭغا يوللىۋەتتى. بۇ ئاجرىشىپ كەتكەن خوتۇنىغا

ئۆزىگە خىزمەت ئۇقۇشۇشقا ئەۋەتكەن سوۋغاتلىق ئىدى. كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇ چوقۇم شۇنداق قىلىشنى زۆرۈر، دەپ قارايتتى. تۇرمۇش ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. خوتۇنى يېرىم يىل ئىلگىرى بېيجىڭغا يۆتكەلگەن، ئۇلار ئىككى ئايدىن كېيىن ئەسلىي پىلان بويىچە يارىشىۋالماقچىدى. لېكىن، تاكى هازىرغىچە، خوتۇنىنىڭ يارىشىۋېلىش توغرىسىدىكى خېتىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. پەقەت يارىشىۋالسىلا، ئۇنىڭ بېيجىڭغا بېرىشىغا سەۋەب تېپىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە خوتۇنىغا ئەۋەتكەن ئىپار، ئەدىيال، سۇغۇر تېرىلىرى بولغاچقا، بۇ ئىشنى بېجىرىشنىڭ تەس بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ ئالىلىبۇرۇن كۆزلەپ قويغان، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان پەن تەتقىقات ئورنى پەقەت بېيجىڭ بىلەن شېنياڭدىلا بار ئىدى. ئۇ پوچتىخانىدىن خوتۇنىغا: «ئەھۋال جىددىي، تېز تېلېگراممىا يوللاڭ، يارىشىۋالايلى!» دەپ تېلېگرامما يوللىدى. خۋا لاۋيۈ ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن ۋاقىتتا، ئۇ قىسىم تەۋەنىنىڭ كۈتۈۋېلىش ئورنىدىكى يېغىن زالىدا خوتۇنىدىن كەلگەن تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنى ئۇستىدە ئويلىنىپ ئولتۇراتتى. «تېز كېلىڭ، كىچىكسىڭىز ساقلىيالمايمەن. خىزمىتىڭىزنى ئالاقىلىشىۋاتىمەن!» ئۇ نېمىشقا كىچىكسىڭىز ساقلىمايمەن دەيدىغاندۇ؟ بۇنى باشقىلار كۆرۈپ قالسا گۇمانلانامدۇ؟ توي قىلىش، يارىشىۋېلىش دېگەنلەر ھېسسىيات مەسىلىسى. ۋاقىت ئۆتسىلا ھېسسىيات يوقاپ كېتەمدۇ؟ ئەگەر تەۋەنجاڭ: «ئۇ ساقلىمىسا مەيلى، پۈتۈنسۇرۇك ئەر كىشى تۇرۇپ، باشقىنى تاپالمامتىڭ؟» دېسە نېمە دېگۈلۈك.

خۋا لاۋيۈنىڭ قەدەم تىۋىشى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرغىنىچە، تېلېگراممىنى كەينىگە يوشۇردى.

— كۆرۈپ قالدىم، تېلېگراممىكەنغۇ؟ كىمدىن كەپتۇ؟ ئەكېلە، كۆرۈپ باقاي، قېنى، قايسى ئىش مۇئاۋىن

لىيەنجاڭىمىزنىڭ ئۆز مەيلىچە ئىش ئورنىدىن ئايرىلىشىغا سەۋەب بولدىكىن؟

خۇا لاۋيۈنىڭ بۇ تۇيۇقسىز تېلېگراممىنى ئاڭلىغان شۇ رۇدا ئويلىنىپ تۇرمايلا، تېلېگراممىنى ئۇنىڭغا ئۆزاتتى ۋە جىددىيلەشكەن هالدا ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىنى كۆزەتتى. خۇا لاۋيۈ تېلېگراممىنى كۆرگەندىن كېيىن خورسىنىپ قويۇپ، ئېچىنغان هالدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— دەسلەپتىلا ئاجراشمىساڭلار ياخشى بولاتتى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ بالدۇر هوشىنى تېپىپتۇ. بولمىسا ھەقىقىي بىر ھەربىيدىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتى. مۇنداق بولسۇن، پولات تۇرۇبىنى توشۇپ بولۇپ، تۇرۇبىنى ياتقۇزۇش باشلانغاندىن كېيىن ساڭا بىر ئايلىق رۇخسەت بېرەي. بېرىپ خوتۇنۇڭ بىلەن يارىشىۋالغىن، خىزمەتتىمۇ ئۇقۇشۇپ كۆر. كېلەر يىلى مۇشۇ ۋاقىتتا سېنى چوقۇم قويۇپ بېرىمەن.

شۇ رۇدا خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئۈندىمىدى.

— 4 ـ لىيەنگە قايتايلى، مەنمۇ سەن بىلەن ئىككى كۈن بىللە ئىشلەيمەن.

شۇ رۇدا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە تۇيۇقسىز توختاپ قالدى.

— كېلەر يىلى كەتكىلى قويامسىز؟ بەكلا ئۈزۈنكەن. ئەگەر ئۆلۈپ كەتسەم ھەممە تۈگەيدۇ.

— ئۆلگۈڭ بولمىسىلا، ھەرگىز ئۆلۈپ كەتمەيسەن. مەن سېنىڭ هايات قېلىشىڭغا كاپالەتلىك قىلىمەن. ئەگەر ئۆلۈپ قالساڭ، مەن تۇەن ئىشتابىدىن تاكى لىخاساغىچە كەينىڭچىلەپ مېڭىپ بارىمەن.

— قۇرۇق گەپ، بۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، — شۇ رۇدا ئورۇندۇققا كىلىپ ئولتۇردى، — تۇەنجاڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى هازىرلا كەتكىلى قويۇڭ. بولامدۇ؟ راستىنى ئېيتسام، بۇ يەردە ئىقتىدارىم زايە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. مەن ئەسكەرلىكنىڭ

ماتېرىيالى ئەمەس. مەن پەقەت ئىقتىدارىمغا مۇۋاپىق ساھەدىلا قابىلىيىتىمنى تولۇق جارى قىلدۇرالايمەن. ئىشەنمىسىڭىز، ئىككى يىلدىن كېيىن مەن توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلايسىز.

خۇا لاۋيۈنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەندى. بىراق، ئۇ يەنىلا ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن:

— سەن مەندىن ئۆتۈنسەڭ، مەنمۇ سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مەن بىلەن لىيەنگە قايتقىن، — دېدى.

— تۈەنجاڭ... — شۇ رۇدا بىچارىلەرچە يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— بولدى سۆزلىمە، سەن چوقۇم گېپىمنى ئاڭلىشىڭ كېرەك.

شۇ رۇدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ گۈپلا قىلىپ تىزلاندى:

— تۈەنجاڭ، مېنى كەتكىلى قويۇڭ، سىزدىن چوقۇم بىر ئۆمۈر مىننەتدار بولىمەن.

خۇا لاۋيۈ خۇددى ئۇنىڭ تىزلانغىنىنى كۆرمىگەندەك شارتىلا قىلىپ كەينىگە ئۆرۈلدى.

— تۈەنجاڭ...

— ئورنۇڭدىن تۇر.

— ماڭا چوقۇم ماقۇل بولۇڭ.

خۇا لاۋيۈ ئۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلماي، تەكەببۇر ھالدا تۇرغىنى بىلەن تۇيۇقسىز ئىسسىق بىر ئېقىم پۈتۈن بەدىنىگە تارقىغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇن تىزلىنىپ باققانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. توغرا، ئۇ خوتۇنىنىڭ ئالدىدا تىزلانغان. ئۇ خوتۇنىنىڭ پۇتلىرىنى خۇددى قىشلىق ئۇچەككە كىرگەن ياۋايى مەخلۇق ئۆزى ئامراق نەرسىسىنى سىلىغانغا ئوخشاش سىلىغان، تىلىنى چىقىرىپ، قىزنىڭ تولغان يوتىلىرىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يالىغاندا، قىز نازلانغان ھالدا: «لاۋ يۈ، مېنى چىشلەڭ!» دېگەنىدى. ئۇ ھاياجان ئىلكىدە ئۇنى راستىنلا چىشلىگەن، ناۋادا قىز ۋايجان دەپ ۋارقىراپلا قويسا، بولدى قىلماقچى بولغانىدى. لېكىن، ئۇ شۇنچە كۈچەپ چىشلىگەن بولسىمۇ، قىز لام - جىم

دەپمۇ قويمىغانىدى. ئۇ ئىختىيارسىز چىش ئىزىغا تەپسىلىي سەپسالغان، ئۇنىڭدىن: «ئاغرىدىمۇ؟» دەپ، سورىغاندا، قىز: «چىشلەڭ، يەنە چىشلەڭ!» دەپ تەلمۈرگەنىدى. ئۇ يەنە چىشلەشكە پېتىنالماي، يۈزىنى ئۇنىڭ يوتىسىغا ياققان ۋە خۇددى ئىللىق دېڭىز سۈيىگە چۆمۈلۈۋاتقاندەك، ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىپ، مۇھەببەتنى چىشلەش ئارقىلىقمۇ ھېس قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. ئارقىدىن حۇا لاۋيۈمۇ قىزدىن ئۆزىنى چىشلەشنى ئۆتۈندى. قىز ئۇنى چىشلىدى. شۇنداق ئەستايىدىل، شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن چىشلىدى. لېكىن، ئۇ چىدىيالماي: «ئاستىراق» دېگەنىدى. قىز: «چىشلەپ ئاغرىتىۋېتىشىمدىن قورقسىڭىز، بولدى چىشلىمەي!» دەپ قېيىداپ، كەتمەكچى بولغانىدى. ئۇ: «قايتىپ كېلىڭ!» دەپ قاتتىق ۋارقىرىغان چاغدىلا، قىز ئاندىن ئۆزىگە كېلىپ قايتىپ كەلگەنىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ دېڭىزدىكى بېلىق، دالىدىكى ئەركەك ـ چىشى بۆرە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانىدى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ياتىقىدا بولغانىدى. ئۇ چاغدا ئۇلار تېخى توي قىلمىغانىدى. شۇ ۋاقىتلاردا ئۇ ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى بولمىسا، قىز ھەرقانداق جايدا گۈزەل، ئېيۋەنسىز تېنىنى كۆرسەتسە، ئۇنىڭ بىلەن بەختىيار، شېرىن مىنۇتلارنى ئۆتكۈزسەم، دەپ ئويلايتتى.

بەش مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى. شۇ رۇدا ھېلىھەم تۇەنجاڭغا قاراپ تۇراتتى. سۈكۈت خۇددى ھورمۇنغا ئوخشاش ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي قارشىلىشىش كەيپىياتىنى كۈچەيتىۋەتتى. يەنە بەش مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى. شۇ رۇدا پەقەتلا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى:

— تۇەنجاڭ، مەن بۇ ئۆمرۈمدە پەقەت ئۆلۈپ كەتكەن دادامغىلا تىزلىنىپ باققان، ھازىر سىزگە تىزلاندىم. ھازىر قەلبىمدە نېمە بارلىقىنى بىلەمسىز؟ ھېچنېمە يوق، پەقەت يەتكۈچە خورلۇقلا بار. ئەجەبا، بۇ خورلۇق، ئازابلار سىزنىڭ ھېسداشلىقىڭىزنى قوزغىيالماسمۇ؟

خۇا لاۋيۈ ئاخىر ئېغىز ئاچتى:
— مەن ئەزەلدىن سەندەكلەرگە ھېسداشلىق قىلىپ باققان ئەمەس، سەن ئەسلىدە نومۇس قىلىشىڭ كېرەك ئىدى. شۇنچە كۆپ جەڭچىلەر قۇربان بولدى، سەن بولساڭ بۇ يەردە تىزلىنىپ، مېنى ھايات قالدۇرۇڭ دەپ، يالۋۇرۇۋاتىسەن، نومۇس ئەمەسمۇ !
شۇ رۇدا چىشلىرىنى خۇددى ئېزىلىپ كېتىدىغاندەك غۇچۇرلاتتى، چۈنكى ئۇ شۇندىلا تۇەنجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ دەردىنى مەڭگۇ چۈشەنمەيدىغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلغانىدى.
— ئالۋاستى، سەن بەئەينى بىر ئالۋاستى ئىكەنسەن! — ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ۋارقىراپ، دېرىزە تەكچىسىدىكى زامراگۇلىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئاتتى. تەشتەك خۇا لاۋيۈنىڭ مۇرىسىگە تېگىپ سېمونت يەرگە چۈشۈپ، پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى.
— ئالۋاستى، ئالۋاستى...
خۇا لاۋيۈ مىدىراپمۇ قويمىدى. شۇ رۇدانىڭ كارنىيى يىرتىلغۇچە ۋارقىرىغان ئاۋازى ئەمدىلىكتە ئاستا ـ ئاستا ئۆچتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى ۋە بۇرۇنلىرى تارتىشىپ، قىپقىزىل قانغا تولغان كۆزلىرى سىرتقا تىكىلگەنىدى. بىرپەستىن كېيىن، ئۇنىڭ غەزىپىمۇ ئاستا ـ ئاستا بېسىلدى. قەلبىدە پەقەت چۈشكۈنلۈكتىن باشقا ھېچنېمە قالمىغانىدى. ئۇ ماغدۇرسىزلىنىپ، باشقىدىن كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ قالدى. خۇا لاۋيۈ تەبئىي بىرنى ئىسقىرتىپ قويۇپ سورىدى:
— قانداق، ئاچچىقىڭنى چىقىرىپ بولدۇڭمۇ؟ — ئۇ شۇ رۇدانىڭ بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، قولىدىن تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى، — ماڭايلى، پەقەت مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويمىساڭلا، مەن بىلەن ماڭىسەن.
— ئالۋاستى، ئۇ ھەقىقەتەن شەكلى ئۆزگەرگەن ئالۋاستى ئىكەن، — شۇ رۇدا ھەسرەت بىلەن ئىچىدە پىچىرلىغىنىچە، خۇددى ئۆيىدىن ئايرىلىشنى خالىمىغان ئىتقا ئوخشاش خۇا

لاۋيۈنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

خۇا لاۋيۈنىڭ ماشىنىسى ۋاڭ تيەنچىنى 4 ـ ليەنگە ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن قايتىش يولىدا بۇزۇلۇپ قالدى. تۇەنىنىڭ قالغان ئىككى ماشىنىسىنىڭ بىرى يېڭىدىن شىنزاڭدىن يۆتكەپ كېلىنگەن، لىخاسادا 3 ـ يىڭنىڭ قۇرۇلۇشىنى قوشۇمچە باشقۇرۇشقا مەسئۇل مۇئاۋىن تۇەنجاڭ ئىشلىتىۋاتاتتى. يەنە بىرى تۇەن ئىشتابىنى ساقلاۋاتقان مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار جوۋ فېڭجى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇشقا قالدۇرۇلغانىدى. خۇا لاۋيۈ بىلەن شۇ رۇدا ئامالسىز تىرانسپورت ليەنىنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار 4 ـ ليەنگە يېتىپ بارغاندا، ئىككىنچى كۈنى سەھەر بولۇپ قالغانىدى. تاشيول بويىدىن قۇرۇلۇش ئورنىغىچە بولغان سەككىز كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سازلىقتا، ئەسكەرلەر سەككىزى بىر گۇرۇپپا بولۇپ پولات تۇرۇبىنى كۆتۈرۈپ، ئاستا ـ ئاستا ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ھەربىر تال پولات تۇرۇبىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون ئۈچ مېتىر، ئېغىرلىقى يەتتە يۈز كىلوگرامدىن ئاشاتتى. شۇنچە يەڭگىل كىيىنگەن بولسىمۇ يەنىلا نەپەس ئېلىش ناھايىتى تەس، دېڭىز يۈزىدىن بەش مىڭ ئۈچ يۈز مېتىر ئېگىز بولغان بۇ جايدا، پەۋقۇلئاددە ئېشىپ كەتكەن ئېغىرلىق ھەربىر ئەسكەرنى خۇددى قايناۋاتقان سۇغا تاشلىنىش ئالدىدا تۇرغان كەسمە چۆپكە ئوخشاش بوشاشتۇرۇۋەتكەنىدى. پۇت ئاستىدا قىلچە ھارارەت بولمىغان بۇ جاينىڭ ھەممە يېرىدە پۇتقا سانجىلىدىغان تىكەنلىك ئۆسۈملۈكلەر بار بولۇپ، خۇددى ياغاچ قوزۇقتا ئوخشاش جاننى قاقشىتاتتى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردە گاھ ـ گاھ ئۇچراپ قالىدىغان كالا تېزەكلىرى خۇددى پورەكلىگەن گۈلگە ئوخشاش، بۇ قاقاس جەزىرىدە كىشىگە ئۆزگىچە تۇيغۇ بېرىپ تۇراتتى. ئەسكەرلەر قەدەملىرىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، بىر تۆپىلىكتىن يەنە بىر تۆپىلىككە يۆتكىلەتتى. رېزىنكە ئاياغنىڭ ئاستى قانچە قېلىن،

ئىپلاستىكىلىقى قانچە كۈچلۈك بولسۇن، ئۇلار يەنىلا ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا پۇت ـ تاپانلىرىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشاتتى. تۇيۇقسىز بىرەيلەن تېيىلىپ سازلىققا يىقىلىپ چۈشتى. پولات تۇرۇبا قىڭغىيىپ پاتقاق ئىچىگە سانجىلىپ قالدى. خۇا لاۋيۆ: «ئېھتىيات قىل» دەپ ۋارقىرىغىنىچە، خۇددى كىنگۇرۇغا ئوخشاش تاقلاپ بېرىپ، يىقىلىپ چۈشكەن ئەسكەرنى تارتىپ تۇرغۇزدى. ئۇ ئەسكەر فاڭ كۇەن ئىدى. فاڭ كۇەن خۇددى قەستەنگە گىرىم قىلىنىۋالغاندەك يۈزلىرى مەينەت، قاپقارا بولۇپ، پەقەت كۆزىنىڭ ئىقىلا كۆرۈنەتتى. ئېڭىكىدىن بوينىغىچە قان ئىزلىرى قېتىپ قالغان بولۇپ، قارىغاندا ئۇ دائىم يىقىلىپ تۇرىدىغاندەك قىلاتتى. خۇا لاۋيۆنىڭ ئۆزىگە سەپسېلىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن فاڭ كۇەن دەرھال ئۇنىڭغا قاراپ ھىجايغىنىچە، پاتقاق قوللىرىنى كىيىمىگە سۈركىدى. خۇا لاۋيۆ ئىچ ئاغرىتقان ھالدا:

— بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قىسىمدىن ئايرىلىسەن، مۇشۇنداق ئاخىرغىچە ئىشلىگىنىڭنى سەپداشلار ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ، — دېدى. فاڭ كۇەن كۈلگەندەك قىلىپ ھى ـ ھى دېگىنىچە گەجگىسىنى تاتىلاپ قويدى. خۇا لاۋيۆ ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي، پولات تۇرۇبىنى مۈرىسىگە ئالدى ـ دە، ئالدىدىكى تيەن جياخاڭنى مېڭىشقا بۇيرۇدى. فاڭ كۇەن ئورنىدىن تۇرۇپ تۇيۇقسىز نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك، بۇرىلىپ پولات تۇرۇبا قويۇلغان تاشيول بويىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خۇا لاۋيۆ توختىماي ئۈچ رەت پولات تۇرۇبا توشۇدى. ئۇ گەرچە باشقىلاردەك دېمى سىقىلىپ، نەپىسى يېتىشمىگەندەك، بەل، پۇتلىرى ئىختىيارسىز تىلىپ ئاغرىسىمۇ، لېكىن روھىي ھالىتى يەنىلا ئىنتايىن كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. بولغۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن بىر گۇرۇپپىدىكى قالغان ئەسكەرلەرگە بولدى. بولۇپمۇ، تيەن جياخاڭ توختىماي يۆتىلەتتى، ئۆزىنىڭ قان تۈكۈرگەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ،

لېكىن ئازراق ئارام ئېلىۋېلىشقىمۇ پېتىنالمايتتى. ئادەتتە، ئۇلار چۈشتىن بۇرۇن ئىككى نۆۋەت توشۇيتتى.
ئىشتىن چۈشەي دېگەندە، خۇا لاۋيۈ ئۇلارغا يەنە بىر نۆۋەت توشۇشنى بۇيرۇدى.
ئەسكەرلەرنى قىيناۋاتقان يۆتەل ئاۋازى بىلەن يىقىلىپ چۈشىدىغاندەكلا بىچارە ھالىتى، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ماجالىنىڭ قالمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. ۋاڭ تيەنچى بۇ ھالنى كۆرگەندىن كېيىن بىرىپ تيەن جياخاڭغا كۆيۈنۈپ:
— ئارام ئېلىۋالغىن، ئورنۇڭدا مەن كۆتۈرەي، — دېدى.
تيەن جياخاڭ ئۆزىنىڭ خاتالىق سادىر قىلغانلىقىنى، تۇەنجاڭنىڭ ئالدىدا ئىپادىسىنىڭ ياخشى بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ يېنىدىكى ئەسكەرنىڭ بىلىكىنى ئاستا تارتىپ، ئۇنى قايتىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. ئۇ ئەسكەر ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق قىلغىنى پەقەت شەكىلگىلا ئىدى. ئۇ ئەتراپقا سەپسېلىپ، باشقىلارنىڭ ئۆز ئىشلىرى بىلەن بۇرگەنلىكىنى كۆرۈپ، قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغانغاندەك، يېنىك نەپەس ئالغىنىچە بۇرىلىپ كېتىپ قالدى.
خۇا لاۋيۈ تۆتىنچى قېتىم پولات تۇرۇبىنى مۇرىسىگە ئالغاندا، ماغدۇرىنىڭ يار بەرمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. مۇرىسى قاتتىق تېلىپ ئاغرىۋاتاتتى. قولى بىلەن چىڭ تۇتۇۋالمىغاندا، پولات تۇرۇبا چۈشۈپ كېتەتتى. ئۇ غەيرىتىگە ئېلىپ، بىر ئاز ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن بېلىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى، كۆكرىكىنىڭ چىڭقىلىپ، نەپىسىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى، پۇتىنىڭ ئىگىلىپ، يەرنى مەزمۇت دەسسىيەلمەيۋاتقانلىقىنى، بەدىنىنىڭ ھاۋادا لەيلىگەندەك بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ ۋاقىتتا، ئۇ ئالدىدىكى ئۇچەيلەننىڭ ئۆزىدىنمۇ بەكرەك دەلدەڭشىپ تۇرالمايۋاتقانلىقىنى كۆردى. بەدىنىدىكى

ئاخىرقى كۈچ پەقەت ئۇلارنىڭ پولات تورۋىنىنى تۈتۈپ تۇرۇشىغىلا يېتەتتى، قەدەم يۆتكەش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خۋا لاۋيۆ كۆڭلىدە: «بولمايدۇ، ئۇلار پولات تورۋىنى ئەمدى كۆتۈرسە بولمايدۇ» دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئېغىزىدىن: «غەيرەت قىلايلى، ئازراق ماڭالىساقمۇ ھېساب !» دېگەن سۆزنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالدى. پولات تورۋىنىڭ ئوتتۇرىسىنى كۆتۈرگەن تيەن جياخاڭ بۇ گەپنى خۇددى ئۆزىگە قارىتىپ ئېيتىلۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ پۇتىنى ئەمدىلا يۆتكىشىگە، يەردىكى بىر تۇتام چۆپكە پۇتلىشىپ يىقىلدى. ئارقىدىنلا ئەڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقان ۋاڭ تيەنچى ھۆ قىلغىنىچە قان تۈكۈردى ۋە خۇددى بىرى ئۇنى ئالدىغا قاتتىق ئىتتەرگەندەك دەلدەڭشىپ، بىرقانچە قەدەم مېڭىپلا باشچىلاپ، ئوت - چۆپ ئارىسىغا يىقىلدى. تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقان پولات تورۋا خۋا لاۋيۆ تەرەپكە قىيسىيىپ، يەنە بىر ئەسكەرنى بېسىۋالدى. خۋا لاۋيۆ تورۋىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىتتەرگەن بولسىمۇ، لېكىن پولات تورۋا بىلەن تەڭلا سازلىق ئىچىگە چۆشۈپ كەتتى، سازلىقتىن شۇ ھامان كۆپۈك ئارىلاش قىپقىزىل قان ئۆرلەپ چىقتى.

شۇ رۇدا تېلېفون قىلىپ، رېمونت قىلىنغان جىپنى دەرھال ئەكەلدۈردى. يارىلانغان تۇەنجاڭ بىلەن جىپنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ۋاڭ تيەنچى كېچىلەپ گېئېرمۇغا ئېلىپ كېلىندى. نەق مەيداندىلا جىپنىدىن ئايرىلغان ھېلىقى ئەسكەرنىڭ جەستى شۇ قاقاسلىقتا يېگانە قالدى. تيەن جياخاڭ تەلەيلىك ئىدى، گەرچە، ئۇنىڭ بەدىنى يارىلانغان بولسىمۇ، چوڭ چاتاق يوق ئىدى. ئۇ ساق بىر كېچە ئارام ئالغاندىن كېيىن، چېدىردىن ئۆزى مېڭىپ چىقىپ، يېڭى بىر تاڭنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قېنىپ - قېنىپ نەپەس ئالدى. تېلېفوننىڭ يېنىدا بىر كىچىك كىرپىك قاقماي خەۋەر كۈتكەن شۇ رۇدا سەھەر پەيتى بىلەن ۋاڭ تيەنچىنىڭ جان ئۈزگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سەۋەبى ئېغىر

يارىلىنىشتىن باشقا، يەنە ئوكسىگېن يېتىشمەسلىكتىنمۇ قورقۇنچلۇق بولغان ئوكسىگېن ئارتىپ كېتىش ئىدى. بۇ يەردە ئوكسىگېن يېتىشمەسلىكىمۇ، ئوكسىگېن ئارتىپ كېتىشىمۇ ئوخشاشلا ئامال يوق ئىدى. تاغ ئۈستىدىمۇ ئۆلۈم، تاغ ئاستىدىمۇ ئوخشاشلا ئۆلۈم! بۇ يەردىكى شور پېشانە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ باشقىلاردىن قانچە يىل بۇرۇن شۇم ئەجەلنى كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ دەيسىز؟ قاقاس چۆل ـ جەزىرىدە يىغا ئاۋازى ئاڭلانمايتتى، ئۆلۈمگە بېپەرۋا قاراش ئۇلارنى ھاياتلىقتىن ھالقىغان ئازابنى بىلمەيدىغان ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

قۇياش قاقاسلىقتىكى مۇساپىسىنى تېخى بېسىپ بولمايلا، ئەتراپنى زۇلمەت قاپلىدى. قارا بۇلۇت خۇددى بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك سۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئىككىنچى كۈنى، ئىنتايىن شەپقەتسىزلىك ۋە ئازابقا تولغان 4 ـ ليەن قاتتىق ياغقان قاردا ئېغىر مۇسىبەتنى كۈتۈۋالدى. ھاياتلىقنى ئۈز مەيلىچە تازا نابۇت قىلىۋاتقان زىمىستان سوغۇق ئادەمنىڭ كۆتمىگەن يېرىدىن چىقاتتى. چۈنكى، بۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ئىدى. دۇنيانىڭ ئۆگزىسى بولغان بۇ ئېگىزلىكتە تەڭرى نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلاتتى. ئىنسانلار بولسا ئۇنىڭ ئىچ ـ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئەرمىكى ئىدى، خالاس! كىشىلەر ليەنجاڭ ۋاڭ تيەنچىنىڭ ۋە سەپداشلىرىنىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق كەلگۈسىنى پەرەز قىلىشاتتى. ئېنىقكى، ھەممە ئادەم چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمگەنىدى.

تاڭگۇرا تېغىدا قاتتىق قار ياغقان كۈنىنىڭ ئەتىسى يېرىم كېچىدە، گاس بولۇپ قالغان مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار جوۋ فېڭجى دوختۇرخانىغا خۇا لاۋيۈنى ئالغىلى ماشىنا ئەۋەتتى. يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇلار 4 ـ ليەننىڭ ئىش ئورنىغا قاراپ يولغا چىقتى.

ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتكەنىدى. خۇا لاۋيۈنىڭ كېلىشى پەقەت

شۇ ئېچىنىشلىق، بورۇقتۇرما كەيپىياتنى ئازراق كۆتۈرۈپ قويغانىدى، خالاس! ئون بىر جەسەت خۇددى ئادەتتە ئەسكەرلەرنىڭ رەتكە تىزىلغىنىغا ئوخشاش قاتار قىلىپ ياتقۇزۇلۇپ قويۇلغانىدى. ئىزغىرىن شامال جەسەتلەرگە يېپىپ قويغان ئاق كىرلىكلەرنى پالاق ـ پۇلۇق قىلىپ يەلپۈپ قوياتتى. روھلار ئاللىبۇرۇن كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، مۆلدۈرلۈك نالە قىلغىنىچە ئەتراپنى ئەگىپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. مۇئاۋىن ليەنجاڭ شۇ رۇدا ئازابلانغان ھالدا خۇا لاۋيۈگە ئۆلەرنىڭ سازلىقتىن ئىسسىنىش ئۈچۈن كالا تېزىكى تەرگىلى بېرىپ توڭلاپ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. خۇا لاۋيۈ يۈرىكى قاتتىق ئېچىشقان ھالدا جەسەتلەرگە بىر ـ بىرلەپ نەزەر سېلىپ چىققاندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ۋارقىراپ تاشلىدى:

— ئۆلەر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ.

ئون بىر جەسەتنىڭ يېرىم ئېچىلغان ئاغزى قان يۇقى ئىدى. ئۆلۈشتىن بۇرۇن قۇسقان قان ئۆلەرنىڭ ئېڭەك، بويۇنلىرىدا قېتىپ قالغانىدى. ھەتتا بەزىلەرنىڭ كۆزى ۋە بۇرۇن تۆشۈكچىلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ قان ئۇيۇپ قالغانىدى. يۈزلىرى كۆكىرىپ، كۆزلىرى پۇلتىيىپ، بەدىنىدىكى كۆك تومۇرلار خۇددى تۆمۈر سىمغا ئوخشاش «مانا مەن» دېگەندەك چىقىپ تۇراتتى.

خۇا لاۋيۈ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن باشتىكى بىر جەسەتنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرۇۋىدى، ھېچنېمە تاپالمىدى، ئىككىنچى بىر جەسەتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭمۇ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ، يەنىلا ئۆزى پەرەز قىلغان ئۇ نەرسىنى تاپالمىدى. ئۇ نائىلاج ئورنىدىن تۇرۇپ، شۇ رۇدانىڭ قولىدىكى قان يۇقى سومكىغا تىكىلىپ قاراپ، ئۇنىڭدىن كىمنىڭ سومكىسى ئىكەنلىكىنى سورىدى. شۇ رۇدا جاۋاب بەرمەي سومكىنى كەينىگە يوشۇرماقچى بولۇۋىدى، خۇا لاۋيۈ ئالدىغا دەرھال بېرىپ سومكىنى تارتىۋالدى. سومكىنىڭ ئىچىدىن بىر قەغەز بولاق

چىقتى. ئىچىپ قارىغىدى، ئىچىدىكى ھەممىسى ئەينەك پارچىسى بولۇپ چىقتى. داۋاملىق ئاختۇرۇۋىدى، ساقال ئېلىشقا ئىشلىتىدىغان «شەمشەر بېلىق» ماركىلىق بىر قاپ بىرىتۋا چىقتى. بىر قاپنىڭ ئىچىدە ئەسلىي يىگىرمە تال بىرىتۋا بولۇپ، ھازىر توققۇز تال قالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، سومكىدا يەنە بىرنەچچە تال تۈمۈر مىخ ۋە نەدىن تاپقانلىقى نامەلۇم، ئىككى دانە تېرمومېتىر بار ئىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ ئۇلار يوتۇۋالغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان نەرسىلەر ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى مەقسەتلىك ئۆلتۈرۈۋالغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ناھايىتى تولۇق تەييارلىق قىلغانىدى. خۇا لاۋيۈ ئۇلار نېمىشقا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ، دەپ ۋارقىرىماقچى بولۇۋىدى، توساتتىن شۇ رودانىڭ ھۆركىرەپ يىغلىشى ئەتراپنى بىر ئالدى. نېمىلا بولمىسۇن، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاشكارىلاشقا، بولۇپمۇ ھازىرقىدەك قورۇلۇش جەريانىدا ئاشكارىلاشقا تېخىمۇ بولمايتتى. ئۇ نەرسىلەرنى سومكىغا قايتا قاچىلاپ چىڭ تۇتۇۋالدى.

خۇا لاۋيۈ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئۆلگەن بۇ ئون بىر جەسەتنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئۇزۇن تۇردى، ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن تۇرغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

شۇ رودا كۆزىدىكى ياشنى سۈرتۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا ئىككى پارچە خەتنى ئۇزاتتى ھەمدە ئۇنىڭغا بۇ خەتلەرنى ئۆلگۈچىنىڭ يېنىدىن تېپىۋالغانلىقىنى ئېيتتى. خۇا لاۋيۈنىڭ كاللىسىدا يالتلا قىلىپ ۋەسىيەتنامە دېگەن ئۇقۇم پەيدا بولدى. ئۇ خەتنى ئالدىراپ ئاچقاندىن كېيىن، ھەيران بولغان ھالدا:

— بۇ خەت قانداقسىغا ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ؟ — دەپ سورىغىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ رودا بېشىنى چايقىدى. خەت ۋاڭ تيەنچىنىڭ ئىدى. بىرى ئۇنىڭ خوتۇنىدىن كەلگەن خەت، يەنە بىرى ئۇنىڭ خوتۇنىغا يازغان، لېكىن ئەۋەتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن خېتى ئىدى. ئىككى پارچە خەت، ئىككى ئادەم خۇددى شامال بىلەن تۇمان، تاغ بىلەن دەريا، ئاسمان

بىلەن زېمىنغا ئوخشايتتى.

تۇمان، دەريا، زېمىن دەيتتىكى: تيەنچى، سىزگە خەت يازمىغىنىمغا ئۇزۇن بولدى. سىز ئالدىنقى قېتىم تۇغقان يوقلاشقا كەلگەندىن بۇيان، هازىرغىچە هېلىقى مەسىلە ئۈستىدە ئويلاندىم. لېكىن، هازىرغىچە ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىدىم، بالىمىز بولغان بولسىغۇ، نىيىتىمدىن يانغان بولاتتىم. لېكىن، هازىر بۇنداقلا بولدى قىلسام بولمايدۇ، گەپنىڭ سەتىنى قىلغاندا، سىز هازىر كېرەكسىز ئادەم بولۇپ قاپسىز. مەن دائىم سىزنى قىسىمدا خاتالىق سادىر قىلغان بولسا جازالاندىمىكىن، دەپ پەرەز قىلاتتىم. ئىلگىرى سىز بىر ئوبدان ئىدىڭىز. بىز يېڭى توي قىلغان كۈنلەردە كۈندە دېگۈدەك، مەن بىللە بولىمەن، دەپ تۇرۇۋالاتتىڭىز، تېخى بەزىدە كۈندە بىرنەچچە قېتىم بىللە بولۇشنى تەلەپ قىلاتتىڭىز، شۇنداق قىلىپ مېنىمۇ قورقۇتۇپ قويغانىدىڭىز، لېكىن بىر ئايال كىشى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ بەختلىك قورقۇش ئىدى! سىزدىن ئېتىخارلىناتتىم. لېكىن، هازىرچۇ؟ مەن پەقەت ئاشۇ بەختلىك مىنۇتلارنى ئەسلەش بىلەنلا ئۆتۈۋاتىمەن، خالاس! ئويلىغانسېرى ئازابلىنىپ كېتىمەن، ئاياللارنىڭ ئۇ خىل ئازابىنى سىز چۈشەنمەيسىز. سىز كېسەللىكىڭىزنى ئوكسىگېن يېتىشمەسلىكتىن، هاۋا كىلىماتى بىلەن سۇنىڭ تەسىرىدىن دەپ چۈشەندۈردىڭىز. ئىشەنمەيمەن، ئەجەبا، سىلەرنىڭ ئۇ يەردىكىلەرگە ئايال كىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ ھەممىسىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتەمدىكەن؟ تيەنچى، ماڭا ئېنىق بىر خەۋىرىنى بېرىڭ، هازىر ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ ئەگەر يەنىلا شۇنداق بولسا، ئەسلىڭىزگە كېلەلەمدىكەنسىز؟ ئالدىنقى ئايدا، مەن يۈزۈمنى قايرىپ قويۇپ دوختۇردىن سوراپ باقتىم، بەزىلىرى ئەسلىگە كېلىدۇ دەيدۇ، بەزىلەر ئەسلىگە كەلمەيدۇ دەيدۇ. زادى ئەسلىڭىزگە كېلەلەمسىز – يوق؟ مەن سىزنىڭ گېپىڭىزگە ئىشىنىمەن...

خۇا لاۋيۆ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان بىپايان جەزىرىگە نەزەر تاشلىدى. تۇيۇقسىز كاللىسىدا شېرىن چۈشى بەربات بولغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولۇپ يۈرىكى سىقىلدى. ئۇ بۇ تۇيغۇنىڭ بۇ ئون بىر ئەسكەر ئۆلۈۋېلىشتىن بۇرۇنقى تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ۋاقتتا، ئۇنىڭدا ھاياتلىقتىن سەسكىنىش، ئۆزىگە ئۆچمەنلىك قىلىش ھېسسىياتى پەيدا بولدى. رەھىمسىز تەبىئەتنىڭ تەسىرىدىن ئەرلەر كارغا كەلمەيدىغان بولۇپ قالسا، ھەقىقىي ئازابلىنىدىغىنى يەنىلا ئايالىلار ئىدى. ئاھ، تەڭرىم! سەن مۇشۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ داۋاملىشىشىغا يول قويماسسەنمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ بىز سېنى رەنجىتمىگەنىدۇققۇ؟ ئۇ بۇلارنى ئويلاۋېتىپ تەشۋىشكە چۈشكەن ھالدا، قولىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سالدى.

ئەرلەر گويا ئازغۇن شامال، ئۇلى غۇلاپ چۈشكەن تاغ، قۇياش نۇرى بولمىغان ئاسمان ! ئەر دېدىكى: مەن سىلەر ئاياللارنى چۈشىنىمەن، شۇڭا سىزگە ئېنىق دەپ قوياي، مەن كارغا كەلمەيمەن. مەڭگۇ كارغا كەلمەسلىكىم مۇمكىن. ئەمدى مېنى ئويلاپمۇ، ماڭا خەت يېزىپمۇ يۈرمەڭ. مېنىڭ ئەمدى سىلەر ئاياللارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىش سالاھىيىتىم يوق. مەن بىلەن ئاجرىشىپ، باشقا بىرىگە ياتلىق بولۇڭ. بۇنى ئۆزىڭىز قارار قىلىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن مەن سىزنىڭ ئاكىڭىز. ئازراق پۇل يىغىپ قويغانىدىم، سىز ياتلىق بولغاندا، سىزگە تويلۇق ئېلىپ بېرىمەن. ئاجرىشىدىغان چاغدا ماڭا خەۋەر قىلىڭ، سوتقا ئىسپات يېزىپ بېرىمەن. مەن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بېجىرىش ئۈچۈن يېنىڭىزغا بارالمايمەن. يەنە قايتا دەپ قوياي، مەن بىر يارىماس، سىز بىلەن ئاجراشمىسام جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىمەن، مېنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگۈم يوق !

تاماق ۋاقتىدا ئەسكەرلەر تاماق يېمىدى. بۇنداق قىلىش تامامەن يوللۇقتەك، خۇا لاۋيۆمۇ ئۇلارنىڭ كۆزىگە كىرىۋالمىدى.

ئۇنىڭ ھايات قالغانلارنى داۋاملىق تاماق يېيىشكە، ئۇخلاشقا، ئىش قىلىشقا دەۋەت قىلغۇدەك ھەپسىلى قالمىغانىدى. ئۆلۈم ئادەملەر قەلبىنى ئۇيۇشتۇرۇش رولىنى يوقاتقانىدى. شۇنداق، ئادەم بولغانىكەن، روھىي جەھەتتىن بۇنچە كۆپ رەھىمسىزلىك ۋە ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. مۇھىتتىقا ئۆزىنى مەجبۇرىي ماسلاشتۇرغانلارمۇ ئەمدىلىكتە ھاياتنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقانىدى.

يەنە شۇ جەسەت كۆمۈش، يەنە شۇ قاقاس دالادىكى بوران - چاپقۇننىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى! بىراق، بۇ قېتىم خۇا لاۋيۈ ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئۇلارنى يېڭىدىن توڭلاپ قېتىپ كەتكەن بۇ زېمىنغا دەپنە قىلالمىدى. چۈنكى، ئۇ مېيىت ئۇزىتىش داۋامىدا ھوشىدىن كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا تىرىك ئون بىر جان كېلىۋالغان بولۇپ، كۆز ئالدىدا بۇ ئون بىر جاننىڭ روھى لەيلەپ يۈرەتتى. ئۇ خۇددى بۇ ئون بىر ئادەمنىڭ ھەممە بۇرۇن كۆز ئالدىدا غايىب بولغان سىمالارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەركىنلىككە تۇتاشقان بۇ يولغا قاراپ ماڭغانلىقىنى چۈشەنگەندەك قىلاتتى. چۈنكى، بۇ يەر ئاللىبۇرۇن دېڭىزنى يېتتۇرۇپ قويغان، ھاياتلىق پەقەت دېڭىزدىلا قايتا تۇغۇلىدۇ. مېنىڭ يۇرتۇم دېڭىز بويىدا... ئۇ ھوشسىز ھالەتتە شۇنداق دەپ پىچىرلايتتى.

ماي توشۇش تۇرۇبىسى لىنىيەسى قۇرۇلۇش تۈەنىدىكى ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن خادىملار تۈەن ئىشتابىغا يىغىلغان كۈنى، نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەر تاغدىكى تەبىئىي مۇھىت بىلەن قارىمۇقارشى بولغان بىر خىل كەيپىياتتا تاغدىن چۈشكەنىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە شەھەرلىكلەرنىڭ ئۆيىدە راھەتلىنىپ ھۇزۇر سۈرۈشى، ئاسفالت يوللاردا مېڭىشى، يېڭى يېمەكلىكلەرنى يېيىشى، پاكىز كىيىملەرنى كىيىپ يۈرگەن تۇرمۇشى بەئەينى جەننەتنىڭ ئۆزى ھېسابلىناتتى. ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشى بولسا

بەئەينى دوزاخ ئىدى. ئۇلار دوزاخقا بولغان ئۆچمەنلىك ۋە دوزاخ ۋەھىمىسى ئىچىدە دوزاختىن قۇتۇلدى. ئۇلار گېئېرمۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا توپ - توپ بولۇشۇپ، ھەيۋەت بىلەن مېڭىشاتتى. ئەتراپقا ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قاراپ قوياتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھەربىيلىككە قاتنىشىپلا تاغقا چىققان، بۇگۇنگە قەدەر قىسىمدىن ئايرىلىپ باقمىغانىدى. بۇگۇن تۇنجى قېتىم تاغدىن چۇشۇپ، ئادەم ھىدى بار جايغا كەلگەنىدى. ماگىزىنلارغا كىرمىگىلى قانچىلىك ۋاقىت بولغاندۇ؟ ئۇلار ماگىزىنلارغا كىرىپ، تېخى بايىلا ئالغان ھەربىيلىكتىن چىكىنىش پۇلىغا ئائىلىسىدىكىلەرگە پايپاق، كەمپۇت دېگەندەك نەرسىلەردىن سوۋغاتلىق ئېلىشى كېرەك. چىش چوتكىلىرىنىڭ مويلىرىمۇ چۇشۇپ كەتكەن، يېڭىنى سېتىۋېلىشى كېرەك. كەمپۇت يېمىگىلى خېلى يىللار بولغاچقا، ئۆيلىرىگە ئالغان سوۋغاتلىق كەمپۇت بىردەمدىلا يېيىلىپ بولدى. قاقاسلىقتىكى تۇرمۇش جەريانىدا ھاجەتخانىدا ھۇزۇرلىنىش پۇرسىتىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا، تەرىتى قىستىمىغان بولسىمۇ، ھاجەتخانىغا كىرىپ ئايلىنىپ چىقاتتى. غەلىتە ئىش، دۇنيا ھەقىقەتەن ئۆزگىرىشچان بولىدىكەن. ئۇلار ھاجەتخانىلارنىڭ خۇددى ئوردىغا ئوخشاش زىننەتلەنگەن ھالىتىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. يېشىللىقنى كۆرمىگىلى ئۇزاق يىللار بولغاچقا، يول بويىدىكى دەرەخ ئاستىغا توپلىشىۋېلىپ، دەرەخ شاخلىرىغا ئېسىلىپ ئوينىشىپ ماڭاتتى. بەزىلىرى تېخى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى چايناپ يېيىشكە باشلىدى. چوكا مۇزغا ئوخشاش مۇزدەك نەرسىلەرنى يېمىگىلى، ئىچىملىكلەرنى ئىچمىگىلى نەچچە يىل بولغاندۇ؟ شۇڭا، ئۇلار چوكا مۇز سېتىۋېلىپ توختىماي شورىشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياشلار بولۇپ، «جۇڭگو ياشلار گېزىتى»نى كۆرمىگىلى تالاي يىللار بولۇپ كەتكەنىدى. تاغقا پەقەت ئىككى ئايدا بىر قېتىم «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» بىلەن «خەلق ئارمىيەسى

گېزىتى» يەتكۈزۈپ بېرىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گېزىت يايمىسى ئالدىنى ئورىۋېلىپ گېزىت كۆرۈشتى. ئارىدىن بىرى تۇيۇقسىز ئالتۇن تېپىۋالغاندەك ھاياجان بىلەن ۋارقىرىۋەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالدى:

— قاراڭلار، بىزنىڭ لىيەندىكى جۇ دۇڭشيا!

— بۇ ھايۋاننى دېگىنىز يوتتۇۋەتمەپتۇمۇ؟ مانا ئەمدى قاچاق ئەسكەر قەھرىمانغا ئايلىنىپتۇ. يەنە تېخى گېزىتكە چىقىپتۇ. ئاناڭنى تۇەنىمىزدە شۇنچە كۆپ ئادەم ئۆلگەن تۇرۇقلۇق، ھەتتا بىرەرسىمۇ گېزىتكە چىقماپتۇ دېسە.

— ئەسكەر دېگەنىنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن تېخىمۇ قىممىتى قالمايدۇ. ئارتۇقچە ئادەم، خالاس! گېزىتكە چىقىشى مۇمكىن ئەمەس.

— يوقال، ماڭ. كىم ئارتۇقچە ئادەم دەيدۇ؟

— بۇ يەرگە قاراڭلار ! پۇتبول مۇسابىقىسىدە بىز يېڭىپتۇق.

ھەممىسى چوڭ قولۇپ سېلىنغان كىتاب رامكىسى ئالدىغا ئولاشتى.

— پۇتبولدا يېڭىپتۇق !

كۆپچىلىك خۇشاللىق ئىلكىدە خور باشلىدى. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار خۇددى سېرىك ئويۇنى كۆرۈۋاتقاندەك ئۇلارنى ئورىۋېلىشقانىدى.

— يۇرۇڭلار، نامايىش قىلىمىز، — دېدى ئارىدىن بىرى.

بۇنىڭدىن ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى، گېزىتلەرنىڭ ھەممىسى يېرىم يىل ئاۋۋالقى گېزىتلەر ئىدى. يېرىم يىل بۇرۇنقى گېزىتلەر نېمىشقا ھازىرغىچە بۇ يەرگە چاپلاقلىق تۇرغاندۇ؟ ئاناڭنى... ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەممىدىن خەۋەرسىزلىكىدىن ھەرگىزمۇ نومۇس ھېس قىلىشمايتتى. دۇنيانىڭ ھەممە يېرى ئالدامچىلىق بىلەن تولغاندەك، ھەممە ئادەم ئۆزلىرىنى ئالداۋاتقاندەك ھېس قىلىشاتتى. بىرەيلەن ئاچچىقىغا پايلىماي، ئەينەك رامكىنى چېقىۋەتتى، قالغانلارمۇ

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، گېزىت تاختىسىنىمۇ چىقىۋەتتى.

— ھەربىسىلىكتىن چىكىنىگەن بۇ بىر توپ ئەسكەرلەر نېمىدېگەن ئەخمەق - ھە؟ دۇنيادا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز، — ئەتراپتىكى تاماشا كۆرۈۋاتقانلار شۇنداق دېيىشكىنىچە، ئۆزلىرىگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋېلىشتىن قورقۇپ، تارقىلىپ كېتىشتى.

كوچىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە يەنە بىر توپ ئەسكەرلەر جېدەل چىقىرىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئايال زاتىنى كۆرمىگىنىگە نەچچە يىللار بولۇپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئۇلار كوچىدا كۆرگەن ئاياللاردىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشاتتى. ھەتتا بىرەيلەن چىرايلىق بىر قىزغا قاراپ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغانىدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۇ قىزنى «ھەي...» دەپ چاقىرىپ سالدى. ئۇ قىز كەينىگە بۇرىلىپ، بىرەيلەننىڭ ئۆزىنىڭ كۆكسىگە قاراۋاتقانلىقىنى، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ غەلىتە قىلىق قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئاچچىقلانغان ھالدا ئۇنى: «لۈكچەك !» دەپ تىللىدى.

— لۈكچەكلىك قىلىپ نېمە قىلدۇق؟ — سورىدى ئۇلار ھار ئېلىپ.

ئۇ قىزمۇ بوش كەلمەي ئاغزىنى بۇزدى:

— قىز بالا كۆرۈپ باقمىغان بولساڭ، ئۆيۈڭگە بېرىپ ئاناڭنى ئىزدە، مېنىڭ سېنىڭدەك پەسكەش بىلەن ئويناشقا ۋاقتىم يوق.

ئۇلار ئۇزۇن ۋاقىت ئادەم تىللاپ باقمىغاچقا، نېمە دەپ تىل ياندۇرۇشنىمۇ بىلمەي، ۋارقىراپ - جارقىراپ پۈتۈن كوچىنى بېشىغا كىيىشتى. قورقۇپ كەتكەن قىز قىزارغىنىچە، تېز - تېز مېڭىپ، تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىغا كىرىپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت بولغاندا، بۇ بىر توپ ئەسكەرلەر شەھەرنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن تۈەن ئىشتابىغا قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ پويىزغا چىقىشىغا يەنە ئۈچ سائەت

ۋاقىت بار ئىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار جوۋ فېڭجى كۆپچىلىكنى يىغىپ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماقچى بولدى. ئۇ پەخىرلەنگەن هالدا كۆپچىلىككە ۋارقىرايتتى:

— تۇەنىمىزدىن بىر قەھرىمان چىقتى، ئۇنىڭ ئىسمى جوۇ دۇڭشيا، سىلەر قىسىمدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىلەر، شۇڭا بۇ قەھرىماننىڭ ئىش - ئىزلىرىنى قەلبىڭلاردا ساقلاپ، ئۇلۇغ دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىڭلار كېرەك ! — دېدى - دە، يانچۇقىدىن بىر گېزىتنى چىقىرىپ، تولۇپ تاشقان ھېسسىيات بىلەن گېزىتنى ئوقۇشقا باشلىدى. «ئەزىمەت جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈردى — لاۋجۇن ساھىلىدا قۇربان بولغان قەھرىمان جۇ دۇڭشيانى ئەسلەيمىز !»

ئارىدىن بىرى تاقەت قىلالماي، كۇرۇشكىنى يەرگە ئاتتى ۋە تەپتى. كۇرۇشكا جاراڭلىغىنىچە نەچچە دومىلىدى، جوۋ فېڭجى بۇنى كۆرمىگەنىدى: «چاڭجياڭ دەرياسى دۇنيانىڭ ئۆگزىسىدىن ئېقىپ چۈشۈپ، تۇمەنىمىڭ چاقىرىلىق مۇساپىنى بېسىپ، دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ، بەش مىڭ تۆت يۈز مېتىرلىق چۈشۈش پەرقى بىلەن خۇددى سامادىن سارقىغاندەك... »

ئارىدىن بىرەيلەن كۇرۇشكىنى يەردىن ئېلىپ فېڭ گاۋچۈەنگە تەڭلىدى:

— مۇئاۋىن ليەنجاڭ، بۇنى يەنە ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

فېڭ گاۋچۈەن كۇرۇشكىنى ئېلىپ بايىقىدەك تېپمۇيدى، كىمدۇر بىرىنىڭ پۇتىغا بېرىپ تەگدى. ئۇ ئەتەي ۋاي - ۋايلاپ قويغاندىن كېيىن، فېڭ گاۋچۈەنگە قاراپ كۈلۈپ قويدى. گېزىت داۋاملىق ئوقۇلۇۋاتاتتى: «يۈننەننىڭ جۇڭجياڭ كوچىسىدىن يىبىڭنىڭ شىنشى بازىرىغىچە بولغان توققۇز يۈز كىلومېتىرلىق دەريا ئېقىنىدا تۆت يۈزدىن ئارتۇق خەتەرلىك ساھىل بار. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى لاۋجۈن ساھىلى دەپ ئاتىلىدۇ. 30 - يىللاردا ياۋروپالىق بىرەيلەن بۇ ساھىلدىن پاراخوت بىلەن ئۆتمەكچى

بولغاندا، مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ كەتكەن. كىم ئەجدىھا مىنىپ شەرقىي دېڭىزدىن ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالايدۇ؟ بىزنىڭ قەھرىمانىمىز جۇ دۇڭشيا جۈرئەت قىلالايدۇ...»

فېڭ گاۋچۈەننىڭ سەۋر قاچىسى توشۇپ تاقەت قىلالماي، ۋارقىرىدى:

— ئۇ قىسىمىمىزنى ياراتمىدى، بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى ياراتماي كەتتى. جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان ئىشلارنى قىلغىلى كەتتى. بىز قېپقالغانلارچۇ؟ هازىرغىچە ئۇن ـ تىنسىز ئىشلەپ كەلدۇق، بىز نېمىگە ئېرىشتۇق؟ بىرەر ئېغىز ياخشى باھاغا ئېرىشەلىدۇقمۇ؟ تاغ ئۇستىدە خىزمەت قىلغانلىقىمىزنىڭ ئۆزى ئۆز ـ ئۆزىمىزنى ئاستا خاراكتېرلىك ئۆلتۈرۈش بولدى. ئۆلگەنلەر ئۆلدى، لېكىن ئىتچىلىكمۇ قەدىر ـ قىممىتى بولمىدى. كىم ئۇلارنى تىلغا ئېلىپ بېقىپتۇ؟ هېچكىم ئۇلارنىڭ قەبرىسىگە بىر سىقىم يېڭى توپا ياكى بىرەر تال گۈلچەمبىرەك قويۇپ قويمايدۇ. هايات قالغانلىرىمىز ئۇزاق ياشىيالمايمىز. ھەممىمىز كاردىن چىقتۇق، كىم بىزنىڭ ھالىمىزغا يېتىپ بېقىپتۇ؟ كېسەل بولمىغانلىرىمىز يارىلاندۇق، بەزىلىرىمىز ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قالدۇق. بىزنى مۇشۇنداقلا كەتكۈزۈۋەتسە كېيىن قانداق قىلىمىز؟ كىم بىزنى كېرەك قىلىدۇ؟ يەر تېرىساڭلار بولىدىغۇ؟ دېيىشىڭلار مۇمكىن، ئۇنىڭغىمۇ ساغلام تەن بولمىسا بولمايدۇ ـ دە! بىز هازىر يا ئادەمگە، يا جىنغا ئوخشىماي قالدۇق. ياپياش تۇرۇپ تاقىرباش، گاس، قارىغۇ، توكۇرغا ئايلىنىپ قالدۇق. بىزنىڭ خىزمىتىمىز بولمىسا، ئائىلىمىز تېخىمۇ بولمايدۇ. قايسى قىز بىزگە تېگىشنى خالايدۇ؟ بۇ يەردە بىرنەچچە يىل ئەسكەر بولغىنىمىز بەدىلىگە ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتۈشىمىز كېرەكمۇ؟

فېڭ گاۋچۈەننىڭ بۇ سۆزلىرى كۆلگە چۈشكەن تاشتەك ھەممىسىنىڭ قەلبىنى داۋالغۇتۇۋەتكەنىدى. ئادەملەر ئۈچ، تۆتتىن توپ بولۇشۇپ تالاش ـ تارتىش قىلىشقا باشلىدى.

باشقىلارنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىيالمىغان بىچارە جوۋ فېڭجى بولسا توختىماي گېزىت ئوقۇۋاتاتتى. بىرنەچچەيلەن فېڭ گاۋچۈەننى ئورىۋېلىپ ئاچچىقىدا بىرنەرسىلەرنى دەۋاتاتتى. بىرپەستىن كېيىن، فېڭ گاۋچۈەن سىياسىي كومىسسارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى گېزىت ئوقۇشتىن توختاشقا ئىشارەت قىلدى. ئارقىدىن كۆپچىلىككە قاراپ، ھاياجانلانغان ھالدا ئۆزىنىڭ ئۈچ تۈرلۈك تەلىپىنىڭ بارلىقىنى، كۆپچىلىكنىڭ قوشۇلىدىغان - قوشۇلمايدىغانلىقىنى، ئەگەر قوشۇلسا يۇقىرىغا دوكلات قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەسكەرلەر توپى تىنچلاندى. فېڭ گاۋچۈەن گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ ئۈچ تۈرلۈك تەلەپ بولسا: بىرىنچى، تۈەنمىزدىكى بارلىق قۇربان بولغانلارغا ئىنقىلابىي قوربان دەپ نام بېرىلىشى كېرەك! ئۇلارغا ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى سېلىپ بېرىلسۇن، قوشۇلامسىلەر؟

— قوشۇلىمىز.

— ئىككىنچى، ئىشتاب بىزگە خىزمەت ئالاقىلىشىپ بەرسۇن، مېيىپلار خىزمەت قىلالمايدۇ، ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئۆمرىگە ماددىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلسۇن!

— بۇ تەلەپ ھەممىدىن مۇھىم، — دەپ ۋارقىرىدى ئارىدىن بىرى.

— قوشۇلامسىلەر؟

— قوشۇلىمىز، قوشۇلىمىز.

— ئۈچىنچى، ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە قارىتا، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى بار. بۇگۈن بىز رەھبەرلەرنىڭ، بولۇپمۇ تۈەنجاڭنىڭ بىزگە ناماقۇل بولۇپ كەچۈرۈم سورىشىنى تەلەپ قىلىمىز.

— قوشۇلىمىز.

— بۇنى بولدى قىلساق بولامدىكىن؟ ئىشقىلىپ، ئۆلگەنلەر

ئۆلدى، تەڭرىدىن كەچۈرۈم سورىسىمۇ تىرىلدۈرگىلى بولمايدۇ.
يەنە بىرەيلەن سۆز قىلدى:
— تەلەپ بەك كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ بولماس، نىشانىنى مەركەزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.
— بولىدۇ، — فېڭ گاۋچۈەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەمىسە ئىككى تەلەپ بولسۇن، قوشۇلامسىلەر؟
— قوشۇلىمىز! — ھەممەيلەن تەڭ ۋارقىرىدى. بۇنىڭ ئىچىدە فاڭ كۈەنمۇ بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە فاڭ كۈەنىنىڭ بىرەر ئىشنى ھەل قىلىش ئويى يوق ئىدى. ئۇ پەقەت كۆپچىلىك نېمە قىلسا، شۇنى قىلىش كېرەك، دەپ قارايتتى.
جوۋ فېڭجى گەرچە ئۇلارنىڭ نېمە دەپ ۋارقىرىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىيالمىسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ بىر مەيدان پاتىپاراقچىلىقنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. ئۇ جىددىيلەشكەنلىكىدىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمىگەن ھالدا كۆپچىلىككە قاراپ تۇرۇپ قالدى. فېڭ گاۋچۈەن بايىقى شەرتلەرنى قەغەزگە يېزىپ، ئۇنىڭغا بەردى. جوۋ فېڭجى شۇندىلا ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەنىدى. فېڭ گاۋچۈەن ئىككى بىسلىق قىلىپ، مەسىلىنى تەتقىق قىلىش كېرەكلىكىنى، بۇنىڭغا ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى، قىسمىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئويلىشىشى زۆرۈرلۈكىنى بىر ئامال قىلىپ چۈشەندۈردى. جوۋ فېڭجى كۆپچىلىكنىڭ تەلىپىنى يۇقىرىغا ئۆز پېتى دوكلات قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. فېڭ گاۋچۈەن ھېلىگەرلىك بىلەن قەغەزنىڭ كەينىگە «دەرھال جاۋاب بېرىڭ» دەپ يېزىپ، ئۇنىڭغا تەڭلىدى.
— يولداشلار، بولدى قىلىڭلار، جېدەل چىقارماڭلار، بۇنداق قىلساڭلار قىسىمغىمۇ، ئۆزۈڭلارغىمۇ پايدىسىز، — جوۋ فېڭجى ئامالسىز بېشىنى چايقاپ ۋە سائىتىگە بىر قارىۋېتىپ، — تاماق يېيىشكە تەييارلىنىڭلار، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن سىلەرنى يولىمىزغا ئۆزىتىپ قويای، — دېدى.
فېڭ گاۋچۈەن قەغەزنى تاشلىۋەتتى. ئۇلار مۇئاۋىن سىياسىي

كومىسسارنىڭ يارامسىزلىقىنى كەچۈرۈۋەتكەن، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ ئانىسى يوق يېتىم بالىدەك ھېچكىمنىڭ كارى بولمايۋاتقانلىقىدىن ئاچچىقى كەلگەنىدى. ئامالسىز قالغان فېڭ گاۋچۈەن كۆپچىلىككە ھەربىر لىيەننىڭ بىردىن ۋەكىل چىقىرىپ، بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىشنى ئېيتتى. ئاز ئۆتمەي تۈەن ئىشتابىنىڭ كۈتۈۋېلىش پونكىتىدىن بىرقانچەيلەن چىقىپ كەلدى. مەسلىھەتنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئۇلار بىر قەغەز جەسەت ساندۇقى ياساپ چىقىشتى، بىر سائەتتىن كېيىن، بۇ جەسەت ساندۇقى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.

كىشىلەر توپى ھېچكىم بۇيرۇق قىلمىسىمۇ، تۈەن ئىشتابىنىڭ دەرۋازا سىرتىغا قاراپ سۈرۈلدى. ئاياغ تىۋىشلىرى، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. بەزىلەر تېخى ئىنتېرناتسىيونال ناخشىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى.

ئەڭ ئاخىرقى كۈرەش بۇ،<br>
بىرلىشەيلى ئەتىگە...<br>
قوزغال ! ئاچ ھەم يالىڭاچ قۇللار،<br>
قوزغال ! پۈتكۈل خارلانغان ئىنسان.<br>
ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەشكە،<br>
ئۇرغۇدى تومۇرلاردا قان.

قەغەز جەسەت ساندۇقىنى كۆتۈرگەن كىشىلەر توپى داغدۇغا بىلەن چوڭ كوچىغا چىقتى. ھەيۋەتلىك ئىنتېرناتسىيونال ناخشىسى بۇ نامايىشچى قوشۇننىڭ ھەيۋىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. ھېچكىم ئۇلارنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى، كۈرەش ئوبيېكتىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار جوۋ فېڭجى ئون نەچچە ئورگان كادىرىنى باشلاپ كېلىپ توپنىڭ ئالدىنى توستى.

ــ سىلەر تېخى قىسىمدىن ئايرىلمىدىڭلار، سىلەر ھازىر

يەنىلا ئەسكەر، سىلەرگە بۇيرۇق قىلىمەن، ئارتقا بۇرال !

جوۋ فېڭجىغا بېرىلگەن جاۋاب بولسا تېخىمۇ جاراڭلىق ناخشا ئاۋازى بولدى. لېكىن، ئۇ ئۇلارنى ئۆزىگە ۋارقىراۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ:

— بولدى ۋارقىرىماڭلار، جەسەت ساندۇقىنى يەرگە قويۇڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

كۆپچىلىك ئۇنىڭغا پەرۋا قىلىپمۇ قويۇشمىدى، ئۇنىڭ كەينىدىكى بىرنەچچە ئورگان كادىرى قول سالدى. فېڭ گاۋچۈەن كۆپچىلىكنىڭ جەسەت ساندۇقىنى چۆرىدەپ ئۇنى قوغدىشىغا قوماندانلىق قىلدى. بۇ قەغەز جەسەت ساندۇقى ئۇلارنىڭ بايرىقىغا ئايلانغانىدى. بىر يېلەن بۇ قەغەز جەسەت ساندۇقىنى يىرتىشقا ئۇرۇنغان ئورگان كادىرىنى بىر مۇشت قويۇپ يىقىتىۋەتتى. كەينىدىن بىرقانچە ئەسكەر جوۋ فېڭجىنى ئىتتىرىپ بىر يانغا چىقىرىپ قويۇشتى. يىقىلىپ چۈشكەن ئورگان كادىرى جوۋ فېڭجىنىڭ يېنىغا كېلىپ، نامايىشچىلار توپىغا ساراسىمە ئىچىدە قاراپ قويۇپ، ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئۈزدى. كۆپچىلىك بىرئاز تېڭىرقاپ قالغان بولسىمۇ، ناھايىتى تېزلا ئېسىنى تېپىۋېلىشقانىدى. بىرقانچە ئەسكەر ئېتىلىپ بېرىپ ئوق چىقارغان ئۇ ئورگان كادىرى بىلەن بىللە ھاسا تايانغان يەنە بىر كىشىنىمۇ يىقىتىۋەتتى. فېڭ گاۋچۈەن كۆپچىلىكنى دەرھال تىنچلىنىشقا بۇيرۇدى ھەمدە يۈگۈرۈپ بېرىپ ھاسا تايانغان كىشىنى يۆلەپ تۇرغۇزدى ۋە كۆپچىلىككە قاراپ ۋارقىرىدى:

— تۈەنجاڭ كەلدى، قېنى، بىزنىڭ تەلىپىمىزنىڭ مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكىگە تۈەنجاڭ بىرنېمە دەپ باقسۇن.

خۋا لاۋيۇ دوختۇرخانىدىن كەلگەنىدى. ئۇ ھاسىسىغا تايانغىنىچە ئاران ئۆرە تۇراتتى، ئۇ ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە كۆپچىلىككە غەزەپ بىلەن قارىۋىدى، كىشىلەر توپى شۇ ئان جىمىدى.

— قانداق تەلەپ ئۇ؟ — ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا سورىدى.

فېڭ گاۋچۈەن بىلگە تىرىۋالغان قوللىرىنى چۇشۇرۇپ، كىشىلەردىن مەدەت تىلىگەندەك بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن تەلەپلىرىنى ئېيتتى.

— تەلىپىڭلار ناھايىتى ئورۇنلۇقكەنغۇ؟ بولىدۇ، ئەمەلىي گەپنى قىلسام، بىرىنچى تەلىپىڭلارغا قوشۇلىمەن، چۈنكى ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ. مەن باش ئىشتابتىكى باشلىقلارغا تىزلىنىپ بولسىمۇ، قەھرىمانلار قەبرىستانلىقى قۇرۇشنى تەستىقلىتىمەن. ئۆلۈپ كەتكەن سەپداشلىرىمىز ئۇ قەھرىمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنسىلا قەھرىمان دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بولىدۇ، ئەمەسمۇ؟

بىرەيلەن ئەمدى چاۋاك چېلىشىغا، خۇا لاۋيو دەرھاللا:

— بەك بالدۇر خۇش بولۇپ كەتمەڭلار، ئىككىنچى تەلىپىڭلارغا ماقۇللۇق بىلدۈرۈشكە ئامالسىزمەن، چۈنكى ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، — دېدى.

— نېمىشقا؟ — كۆپچىلىك دەۋرەپ كەتتى.

— مېنىڭ ئۇنداق ھوقۇقۇم يوق.

— تۈەنجاڭ، سىزنى تەڭقىسلىقتا قويمايلى. سىزنىڭ قولىڭىزدىن كەلمىگەندىكىن بىزگە يول بوشىتىڭ، بىز قەغەز جەسەت ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ، ھەل قىلالايدىغانلارنىڭ ئالدىغا بارىمىز، — دېدى فېڭ گاۋچۈەن ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا.

— مەن كەلگەنىكەنمەن، مېنى يول بوشىتامدىكىن دەپ ئويلىماڭلار، — دېدى خۇا لاۋيو ئاچچىق كۈلۈپ.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى.

فېڭ گاۋچۈەن يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— تۈەنجاڭ، مەن سىزنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيمەن، ئەمما ھازىر بۇلارنى ئويلاشقۇدەك رىغبىتىم يوق. سىز ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇق چىقارسىڭىزمۇ مەيلى، لېكىن بىز بۇ جەسەت ساندۇقىنى

ئاخىرغىچە كۈتۈرۈپ بارىمىز.

كېشىلەر توپى يەنە داۋالغۇشقا باشلىدى. خۇا لاۋيۈنىڭ كەينىدىكى كادىرنىڭ تاپانچىسىغا ئوق سالغان ئاۋاز ئاڭلاندى. خۇا لاۋيۈ دەرھال كەينىگە بۇرىلىپ، ئۇ كادىرنىڭ قولىدىكى تاپانچىنى تارتىۋېلىپ فېڭ گاۋچۈەنگە تاشلاپ بەردى.

— سىلەر جەسەت ساندۇقىنى كۈتۈرۈپ داۋاملىق ماڭساڭلار بولىدۇ. لېكىن، ئالدى بىلەن مېنى ئېتىۋېتىڭلار، — خۇا لاۋيۈ تۇيۇقسىز بېشىنىڭ قېيمۇقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنداقتىمۇ ھاسىسىغا تايىنىپ چىشىنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بىر ئايالنىڭ، مەن ئۆلىمەن، مەن ئۆلىمەن! دېگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى. ئايالنىڭ ئىلتىجاسى ئۇنىڭ بايىقى سۆزى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇ ئايال، مەن ئۆلىمەن، دېگەندىن كېيىن ئەزرائىل راستتىنلا نامايان بولدى. لېكىن، ئۆلگەن ئۇ ئايال ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ دادىسى ئىدى.

كېسەلچان دادىسى ئاخىر ئورنىدىن تۇرالمىدى، ئۇ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرى باردەك قىلاتتى. لېكىن، ھەمىشە ئۇزۇپ، ئۇزۇپ سۆزلەپ، گەپنى ئوچۇق دېيەلمەيتتى. ئاچچىق ھەسرەتكە تولغان كۆزلىرىدىن ھەمىشە ياش قۇرۇمايتتى.

— دوختۇرخانىغا بارايلى، — دېدى ئۇ.

دادىسى ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى تازا ئاڭقىرالمىسىمۇ، لېكىن ئوغلىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك بېشىنى كۆچەپ چايقىدى. ئۇ كېسەلنىڭ پېشىپ قالغانلىقىنى، ھەرقانداق داۋالاشنىڭ كار قىلمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. ئىشىك تۈۋىدە بىر ەيلەننىڭ: «خۇا ئائىلىسىگە تېلېفون!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ تېلېفوننى كىمنىڭ ئۇرغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ بېرىپ تېلېفوننى ئالدى.

— بۈگۈن كەچ يېنىمغا كەلمىسىڭىز، مەن ئۆلىمەن، — دېدى قارشى تەرەپ.

— بىراق دادام...
— بىلمەن، پەقەت ئازراقلا ۋاقىت ئاجراتسىڭىزلا بولىدى، يىگىرمە مىنۇت، ياق ئون مىنۇت بولسىلا كۇپايە.
— بولىدۇ.
شۇ كۇنى كەچتە ئۇ ئۆمرىدىكى ئەڭ شېرىن، ئەڭ قىممەتلىك دەقىقىلەرنى ئۆتكۇزدى. ئۇ قىزنىڭ ھامىلىدار بولغۇسى يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ تېخى توي قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئايال كىشى ئىكەنلىكىدىن باشقا، يەنە ھاياتلىق ئاپىرىدە قىلالايدىغان ئانا ئىكەنلىكىنى تېخى تولۇق ھېس قىلىپ يېتەلمىگەنلىكىدىن ئىدى. لېكىن، بىر ئايدىن كېيىن ئۇ بۇنى ھېس قىلدى.
— بالىنى ئالدۇرۇۋېتەيلى، — خۇا لاۋيۈ نەق گەپنى قىلدى.
— بالىنى ئالدۇرۇۋەتسەم مەن بىلەن توي قىلمايسىز.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدىراشلا توي مۇراسىمى ئۆتكۇزدى. لېكىن، ئۇ بۇنداق بولۇشىنى خالىمايتتى. ئۆزىنى خۇددى جىنايەتچىدەك ھېس قىلاتتى. چۇنكى، ئۇ قىز دوستىغا ھەمراھ بولغان شۇ كېچىسى دادىسى تىنىقتىن قالغانىدى. بىر تەرەپتە بىر ھاياتلىق ئاپىرىدە بولغان بولسا، بىر تەرەپتە يەنە بىر ھاياتلىق ئاخىرلاشقانىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى قىزغا ھەمراھ بولمەن دېمىگەن بولسام، دادام ئۇنچە تېز جان ئۇزمىگەن بولاتتى، دەپ ئەيىبلەيتتى. ھازىرقى ماي توشۇش لىنىيەسى قۇرۇلۇشىدىمۇ نۇرغۇنلىغان ھاياتلىق بۇ ئالەمدىن بالدۇرلا كەتتى. لېكىن، ئۇلار ئۆز ھاياتىنىڭ بەدىلىگە قۇرۇلۇش بەرپا قىلدى. ناۋادا ئۇلار بۇ قۇرۇلۇشنى قىلمىغان بولسىدى، چوقۇم يۈز ياشقا كىرگۇچە ياشىغان بولاتتى. بۇلارنى ئويلاپ خۇا لاۋيۈ فېڭ گاۋچۇەنگە ھەۋەس بىلەن تىكىلدى.
فېڭ گاۋچۇەننىڭ تاپانچا تۇتقان قولى تىترەۋاتاتتى.
— قېنى ئاتە، — خۇا لاۋيۈ ئالدىغا بىر قەدەم سۇرۇلدى.
— تۇەنجاڭ، بىزنىڭ سىزگە ئوق چىقارمايدىغانلىقىمىزنى

بىلىسىز، چۈنكى سىزمۇ بىزگە ئوخشاش تاغدىن چۈشكەن، لېكىن سىز بىزنى بۇنچە پەس كۆرمەسلىكىڭىز كېرەك ئىدى.

— مەن سىلەرنى نېمە ئۈچۈن پەس كۆرمىگۈدەكمەن؟ سىلەر ئۆيۈڭلارغا قايتىشنى خۇددى قەبرىستانغا كېتىۋاتقاندەك قىلىپ كۆرسىتىۋاتىسىلەر، سىلەردە هازىر تىرىشىپ يېڭى تۇرمۇش يارىتىش ئىشەنچى قالماپتۇ. سىلەر ھەقىقىي ئەركەك ئەمەسكەنسىلەر.

— هازىرقى مەسىلە شۇكى، بىزنىڭ قەبرىگە ھەرگىز كىرگۈمىز يوق، لېكىن رېئاللىق بىزنى شۇنىڭغا مەجبۇرلاۋاتىدۇ. چۈنكى، بىز ئادىشىپتۇق. سىلەر بىزنى پاتقاققا سۆرەپ كىردىڭلار.

— ھەممە خاتالىق مەندە، مەن خاتالىقىمنى ئۈستۈمگە ئالىمەن، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلارمۇ رازىمەن.

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىش بىلەن فېيڭ گاۋچۈەن ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئۈزدى ۋە تاپانچىنى يەرگە تاشلىۋېتىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ كۆپچىلىككە قاراپ روھى چۈشكەن هالدا ئاھ ئۇردى.

— تۈگىدى!

بايىقى كەيپىياتتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

— يولداشلار، — خۇا لاۋيۈ سۆزلەشكە باشلىدى، — سىلەر خوشلىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىلەر، سىلەر كېتىشتىن بۇرۇن ماڭا ئۆلۈپ كەتكەن سەپداشلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمنى ئەسكەرتتىڭلار، سىلەرگە رەھمەت. سىلەرنىمۇ ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن. سىلەر كەتكەندىن كېيىن بىز يەنە بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنى داۋاملىق ئورۇنلايمىز. بىزگىمۇ تەس. مەنمۇ ھەر ۋاقىت قۇرۇلۇش مەيدانىدا ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن، مەن ئۆلسەم مېنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. مەندىن نەپرەتلەنمەڭلار، سىلەر مەندىن نەپرەتلەنسەڭلار، مەن كىمدىن نەپرەتلىنىمەن؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى تۆۋەنلەشكە

باشلىدى. ئۇ چوكقۇر بىر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ سىلەر مېنىڭلار، لېكىن بۇ جەسەت ساندۇقنى قويۇپ قويۇڭلار، ئۇنى ئەمدى مەن كۆتۈرەي، ئۇنى كۆتۈرۈپ تۆەن ئىشتابىغا ئاپىرىپ قويىمەن، چۇنكى قۇرۇلۇش پۈتۈشى بىلەنلا تۆەنىمىزنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى تۆەن ئىشتابىنىڭ يېنىغا قۇرۇلىدۇ. سىلەرچە قانداق؟

سوكۇتنىڭ ئۆزى جاۋاب. خوا لاۋيۈ ئاسقاقلاپ ماڭغىنىچە جەسەت ساندۇقنىڭ يېنىغا بېرىپ، ساندۇقنىڭ بىر تەرىپىنى تۇتتى. بىرنەچچە ئورگان كادىرى كېلىپ ياردەملەشتى.

جوۋ فېڭجى ھەيرانلىقتا قېتىپلا قالغانىدى. ئۇ خوا لاۋيۈنىڭ قانداق چارە ئىشلىتىپ كۆپچىلىكنى قايىل قىلغانلىقىنى بىلەلمەيلا قالغانىدى.

كىشىلەر توپى ئۇزۇن بىر رەت بولۇپ، ئېغىر قەدەملەر بىلەن تۆەن ئىشتابىغا قاراپ مېڭىشتى. خوا لاۋيۈ ئۆزىنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشىدىن ئەنسىرەپ، يېنىدىن ئايرىلماي مېڭىۋاتقان فېڭ گاۋچۈەنگە قاراپ: «قېنى ناخشا ئېيتىڭلار» دېدى. فېڭ گاۋچۈەن ناخشىنى باشلىدى. قالغانلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئېيتىشقا باشلىدى... ئۇلارنىڭ ناخشا ئاۋازى تارىخنىڭ قايغۇلۇق مېلودىيەسىگە، ئارقىغا قايتقان دېڭىز دولقۇنىغا، تاغدىن يانغان ئەكس ساداغا ئوخشاش چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىنى، بۇ كۆركەم شەھەر ئاسمىنىنى سىيپاپ ئۆتۈپ كەتتى.

قوزغال! ئاچ ھەم يالىڭاچ قۇللار،
قوزغال! پۈتكۈل خارلانغان ئىنسان.

كۆز ياشلار قاقاس زېمىندا ياڭرىغان ناخشا ئاۋازىغا ئەگىشىپ، كۆك ئاسمانغا تاراپ كەتتى. ئاسمان ئاجايىپ تىنىق، ئاجايىپ كۆك، ئاجايىپ سۈزۈك، لېكىن شۇنچىلىك يىراقتا ئىدىكى، يىراقلىقىدىن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى،

ئۆمىدسىزلەندۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ناخشا ئاۋازى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كىشىلىك دۇنيادىكى ئەڭ ئاجىز ئاۋاز بولۇپ ھېسابلىناتتى. لېكىن، ئاشۇ ناخشا ئاۋازى جوۋ فېڭجىنىڭ قۇلىقىغا خۇددى ناھايىتى يىراقتا ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، بارغانچە يېقىنلاشماقتا ئىدى.

ئەڭ ئاخىرقى كۆرەش بۇ...

ئۇ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ ئاسمانغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— مەن ئاڭلىيالىدىم، مېنىڭ قۇلىقىم ئاڭلىيالايدىغان بولدى.

خۇا لاۋيۆ دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتتى. دوختۇرنىڭ نەسىھەتلىرى خۇددى يانچۇقىدىكى دورىدەك كۆپ ھەم ئاچچىق بولسىمۇ، لېكىن دوختۇرخانىدىن چىقىپلا، ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ ھاسىسىنى تاشلىۋەتتى. ئۇ نېفىت توشۇش تۇرۇبىسى لىنىيەسى قۇرۇلۇشىدا ئۆزى بولمىسا بولمايدىغاندەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ھاياجانلىناتتى. ئۇ دوختۇرخانىدىكى ۋاقىتتا مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار جوۋ فېڭجى ئۇنى ئۈچ قېتىم يوقلاپ كەلدى. ئۇنىڭ خۇا لاۋيۆدىن ئارامخۇدا داۋالىنىشنى ئۈمىد قىلىشى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ دوختۇرخانىدىن بالدۇرراق چىقىپ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش تەقەززاسىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى خىل مۇرەككەپ ھېسسىياتى خۇا لاۋيۆنى ئىنتايىن ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئالدىن مۆلچەرلەنگەن تۇرۇبا ياتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش چېكىگە پەقەت ئۈچ ئايلا ۋاقىت قالغانىدى. ھەرقايسى لېيەنلەرنىڭ دوكلات قىلغان قۇرۇلۇش سۈرئىتىدىن قارىغاندا، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا ئاز دېگەندىمۇ يېرىم يىل ۋاقىت كېتەتتى. ئۇلۇش، يارىلىنىش ئەھۋاللىرى داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتاتتى. ھاۋا

رايىمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى. يەنە كېلىپ يېمەكلىك، سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش بۇيۇملىرىمۇ ناھايىتى قىس بولۇۋاتاتتى. بۇ ئىش ئۈچۈن جوۋ فېڭجى كۈندە دېگۈدەك تۆمۈريول ترانسپورت تارماقلىرىغا تېلېفون ئۇرۇپ، خۇددى تىلەمچىدەك ئۇلارغا يالۋۇراتتى، خۇشامەت قىلاتتى. بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغۇسى كېلەتتى. لېكىن، قارشى تەرەپ سىلىق - سىپايىلىك بىلەن: «دەرھال بېجىرىمىز» دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قوياتتى. ھەممىدىن يامان بولغىنى، باش ئىشتاب ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ، تۇرۇبا ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى تاماملىنىشتىن بۇرۇن، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇش ئەھۋالىغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ھەمدە ئىككىنچى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش، يەنى ئون ئىككىنچى پومپا بېكىتى قۇرۇلۇش پىلانى ۋە لايىھە چېرتيوژىنى تەھقىقلاپ، ئۆتكۈزۈۋالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى. لېكىن، لايىھە ھازىرغىچە پۈتمىگەنىدى. ھەتتا بىرەر پارچە پايدىلانغۇدەك ئىسخېمىمۇ يوق ئىدى. پۈتۈن لىيەن بويىچە بۇ ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان بىردىنبىر ئادەم شۇ رۇدا بولسا رۇخسەت سوراپ بېيجىڭغا كەتكەنىدى.

جوۋ فېڭجى تۇەن ئاشخانىسىدا بۇ ئىشلارنى خۇا لاۋيۆگە بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. خۇا لاۋيۆ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، سالماقلىق بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇ باش ئاپپاراتنى ماددىي ئەشيالىنى باستۇرۇۋالغان تۆمۈريول تارماق ئىدارىسىگە تېلېفون ئۇرغۇزۇپ، ئۇلارغا ئىككى يۈز ساندۇق تۈرلۈك كونسېرۋا سوۋغات قىلىش شەرتى بىلەن ئۈچ كۈن ئىچىدە گۈرۈچ، ئۇن قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئېيتتى. قارشى تەرەپ خۇشياقمىغان ھالدا ماقۇل بولدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇلارغا نىسبەتەن ھېچقانچىلىك ئىش ئەمەس ئىدى. بىرەر ۋاگوننى پويىزنىڭ كەينىگە چېتىپ قويسىلا ئىش پۈتەتتى. لېكىن، ئىككى يۈز ساندۇق كونسېرۋا بىر يىغىنىڭ يېرىم يىللىق

قوشۇمچە يېمەكلىكى ئىدى. جوۋ فېڭجى بىر چەتتە تۇرۇپ بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىچى ئاچچىق بولدى. خۋا لاۋيۈ كۆڭلىدە: «هازىرچە بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالايلى، تۇرۇبا ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن ئۇلار بىلەن ھېسابلاشمايدىغان بولسام» دەپ ئويلىدى. خۋا لاۋيۈ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ پۈتۈن تۆەندىكى ھەربىر قۇرۇلۇش ئورنىدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ تاكى لىخاساغا بارغۇچە شۇنداق قىلماقچى، قايتىش يولىدا گېئېرمۇدا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى ساقلاپ تۇرماقچى بولدى. فېڭخو تېغىغا بارغاندىن كېيىن بۇرۇن ئويلىغانلىرىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. تاغ ئاسمىنىنى قارا بۇلۇتلار قاپلىغان، سوغۇق ھاۋا ئۇششۇپ تۇراتتى. قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزىدا بولسا ئۇلار قار ۋە تۇماننىڭ مۇھاسىرىسىدە قالدى. قار ئۇلارنى كۆمۈۋەتمىگۈچە بولدى قىلمايدىغاندەك يېغىۋاتاتتى. قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزى قۇرۇلۇش مەيدانىدا خۋا لاۋيۈ جوۋ فېڭجىغا تېلېفون بېرىپ، ماددىي ئەشيالارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى، ترانسپورت لىيەنىنىڭ ماللارنى قاچىلاپ ئەتە يولغا چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن:

— بولمايدۇ، كېچىلەپ بولسىمۇ يولغا چىقسۇن. قار تاغنى قاپلىۋالدى، قاراقۇرۇم تاغ ئېغىزى قۇرۇلۇش مەيدانىدىكى ئاشلىق پەقەت ئۈچ تاغارلا، ئارانلا ئۈچ تاغار قالدى. ئۈچ تاغار ئاشلىق لىيەنىنىڭ نەچچە ۋاقلىق تاماقىغا يەتمەكچىدى؟ — دەپ تېلېفوندا ۋارقىراپ كەتتى.

نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان جوۋ فېڭجىمۇ ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالغاندى:

— ماشىنا كېچىلەپ يولغا چىقىپ، ئۆرۈلۈپ كەتسە قانداق قىلىمىز؟

— ترانسپورت لىيەنىگە يەتكۈزۈپ قوي، بىرىنچىدىن ماشىنىنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشىگە رۇخسەت يوق. ئىككىنچىدىن، ماددىي ئەشيالارنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە يەتكۈزۈپ بەرسۇن.

خوۋا لاۋيوٴ ئوٴزىموٴ كىچىلەپ يولغا چىقتى. ئوٴ تاشيول قار بىلەن توسۇلۇپ قىلىشتىن بۇرۇن يەنە بىرنەچچە قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ بېقىشنى ئويلىغانىدى. لېكىن، ئۇدا نەچچە كۈن ئارام ئالماي، ماشىنا ھەيدىگەن شوپۇر بەرداشلىق بېرەلمىدى. تاڭگۇرا قۇرۇلۇش مەيدانىغا ئەللىك بەش كىلومېتىر قالغاندا، ماشىنا تۇيۇقسىز تاشيولدىن چىقىپ كەتتى. خوۋا لاۋيوٴنىڭ قاتتىق ۋارقىراپ ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن شوپۇر رولنى كۆچەپ بۇراپ يولغا كىرىۋالدى. ئوٴ خوۋا لاۋيوٴگە ئوٴزىنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى، ئەگەر ماشىنا يولدىن چىقىپ كەتمىگەن بولسا، ئوٴزىنىڭ لىخاساغىچە شېرىن چۈش ئىلكىدە ماڭىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئەمدى ئاشۇ شېرىن چۈشۈڭنى كۆرۈشۈڭگە روخسەت يوق، سەن مېنى مۇشۇ يەردە ئۆلسۇن دېمەيدىغانسەن؟ — خوۋا لاۋيوٴ ئۇنىڭغا چەكچەيدى.

شوپۇر زوۋان سۇرمەي ماشىنىنى توختىتىپ، بىر چېلەك قار ئېلىپ چىقتى. ئاندىن لوٴڭگىنى قارغا مىلەپ پېشانىسىغا ياقتى. ماشىنا قوزغالدى. خوۋا لاۋيوٴ سەگەكلىك بىلەن شوپۇرغا قاراپ ـ قاراپ قويىاتتى. شوپۇر بىردەم ـ بىردەم لوٴڭگىنى پېشانىسىغا قويىاتتى. يەنە قارغا مىلەيتتى. بىر چاغدا شوپۇر ئۇنىڭغا كالتە بىر تاياقچىنى ئۇزىتىپ، ئوٴزىنىڭ كۆزى ئوچۇق ئۇخلايدىغان كارامىتىنىڭ بارلىقىنى، شۇڭا ئوٴزىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا سەگىتىپ تۇرۇشىنى ئېيتتى. خوۋا لاۋيوٴ ئۇنىڭ يوتىسىغا يېنىك ئۇرۇپ قويدى.

— قاتتىق ئۇرۇڭ، بېشىمغا ئۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى شوپۇر ئوٴز نوٴۋىتىدە.

ماشىنا ئىلگىرىلەۋاتاتتى. بىرپەستىن كېيىن ماشىنا يەنە چايقىلىشقا باشلىدى. خوۋا لاۋيوٴ تاياقچە بىلەن شوپۇرنىڭ يوتىسىغا كۈچەپ ئۇردى. شوپۇر چۆچۈپ ئويغاندى. بەش مىنۇتتىن كېيىن ماشىنا يەنە چايقىلىشقا باشلىدى، خوۋا لاۋيوٴ

ئۇنى تاياقچە بىلەن تۇرتۇۋىدى، ئىنكاس بولمىدى. خۇا لاۋيۈ ئۇنىڭ قولىقىغا قاتتىق ۋارقىرىغاندىن كېيىن، شوپۇر چۆچۈپ ئويغاندى ھەمدە ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا قار دانچىلىرىنىڭ ئۇچقۇنداۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ئىش چاتاق» دەپ ۋارقىرىشىغا، ماشىنا بىر يانغا قىيسىيىپ قالدى. قولىمۇ رولدىن ئاجراپ كەتتى. ماشىنا ھەش ـ پەش دېگۈچە تۇرۇبا ياتقۇزۇش ئورىكىگە قاپسىلىپ قېلىپ، زوۋۇانىمۇ ئۆچتى. خۇا لاۋيۈ ئاخىر ھوشىغا كېلىپ، شوپۇرنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى. شوپۇر مىدىرلىغاندەك قىلىپ، كەينىدىن قان قۇسۇۋەتتى.

— تۇر، تېز ئورنۇڭدىن تۇر، — خۇا لاۋيۈ ۋارقىرىغىنىچە شوپۇرنى كۆچەپ تارتىشقا باشلىدى. شوپۇر قاتتىق بىر تىنىپ قويۇپ، توساتتىن جىمىپ قالدى. خۇا لاۋيۈ قىسىلىپ قالغان پۇتىنى تەستە تارتىپ چىقارغاندىن كېيىن، يانغا ئۆرۈلۈپ، سىرتنى خېلى كۆزىتىپ، ماشىنا ئاستىدا قار توپىنىڭ بارلىقىنى بايقىدى. ئۇ ماشىنا ئىشىكىنى تەستە ئېچىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئورەكنىڭ تېمىنى دەسسەپ، قار دۆۋىسىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، پۇت ـ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ باقتى. يارىلانغان بولسىمۇ تەلىيىگە ئۇستىخان سۇنمىغانىدى. ئۇ شوپۇرنى قايتا ـ قايتا چاقىرغان بولسىمۇ، جاۋاب چىقمىدى، ئۇ ئاخىر بىر ئامالLARنى قىلىپ، ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان شوپۇرنى كابىنكىدىن تارتىپ چىقىرىپ، ئاۋايلاپ يۆدۈپ، ئاران دېگەندە 4 ـ لىەنگە يېتىپ كەلگەندە، شوپۇر ئاللىقاچان جان ئۇزگەنىدى.

4 ـ لىەندىكىلەر تېخىچە ئۇخلىمىغانىدى، چۈنكى ھەممىسىنىڭ قورسىقى ئاچ، بەزىلىرى ھەتتا ھوشىدىن كەتكەنىدى. لى شياڭگونىڭ ئۇنى كۆرۈپ تونجى بولۇپ قىلغان سۆزىمۇ يېمەكلىك ئىدى. خۇا لاۋيۈ ئاچلىقتىن ئارانلا جېنى قالغان ئەسكەرلەرگە قاراپ ئۇندىمىدى، چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ لىيەن ئىشتابىغا كىرىپلا لى شياڭگونىڭ كارىۋىتىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ ھەقىقەتەن بەرداشلىق بېرەلمىگەنىدى. كۈتۈلمىگەندە

سىرتتا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ سىرتقا قاراپ مېڭىشىغا، بىر كۇرۇشكا ئىسسىق چاي كۆتۈرۈپ كىرگەن لى شياڭگو ئۇنى توسۇۋالدى.

ــ نېمە ئىش يۈز بەردى؟

ــ ھېچ ئىش يوق، ئۇلار ئۇخلىيالمىغاچقا، كۆڭۈل ئېچىۋاتىدۇ.

ئۇ كارىۋاتىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇپ، لى شياڭگونىڭ قولىدىكى كۇرۇشكىنى ئېلىپ غورتۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپ، تېلېفون تۇرۇپكىسىغا قادالدى. بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن بېرىپ تۇروپكىنى قولىغا ئالدى.

ئۇ ھەرقايسى ليەنلەرنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى. نيەنچىڭ ـ تاڭگۇرا تېغى 1 ـ لىنىيە 3 ـ ليەنىدىكىلەر ئۈچ كۈن بۇرۇنلا ئاشلىقى تۈگىگەن بولغاچقا، دالىدىن يەيدىغان نەرسىلەرنى تېرىپ يېگەن، ئۆلگەنلەر يوق ئىدى. جەزىرىدىكى نەرسىلەرنىڭ بەزىلىرىنى يېگىلى بولسىمۇ، بەزىلىرىنى ئەسلا يېگىلى بولمايتتى. بىراق، ئۇلار تاللاپ ئولتۇرمىدى، گالدىن ئۆتسىلا يەۋەردى. چاتاق بولغىنى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ئىششىپ، بىئارام بولاتتى. كىملەرنىدۇر تىللايتتى، قارغايتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر بىزنى ئوتياش يەيدىغان ئات ـ ئېشەك كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ زارلايتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن خۇا لاۋيۈ گەپ قىلالماي قالدى. ئۇ 3 ـ يىلى 9 ـ ليەنگە تېلېفون ئۇرغاندا قارشى تەرەپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ ئاخىر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ۋارقىراشقا باشلىدى:

ــ سىلەرنىڭ باشقا ئامالىڭلار يوقمۇ؟ سىلەردە قورال دېسە قورال، ئوق دېسە ئوق بار ! ئەتراپتا قۇندۇز، توشقان، ياۋا ئۆچكە، قارىغۇ ئېيىق دېگەندەك نەرسىلەر كۆپقۇ؟ شۇلارنى ئوۋلاپ ئۆزۈڭلارنى قۇتقۇزساڭلار بولمامدۇ؟

ــ ۋاي تەڭرىم، ئەسكەرلەرنىڭ ماڭغۇدەك ھالىمۇ قالمىدى.

ــ ماڭالايدىغانلىرىنى تاللاپ بىر ئوۋ ئەترىتى

تەشكىللىسەڭلار بولىدۇغۇ.

ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى تاڭگورا تېغىنىڭ شىمالىدىكى بىرقانچە لىيەن ئىدى. تاغدا يېگۇدەك ئوت ـ چۆپمۇ قالمىغانىدى. قار ياغقاندىن بۇيان ھايۋانلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرنى يېدى. ھەتتا چىش پاستىسى، شام، قەغەزلەرنىمۇ يەپ بولغانىدى. توتو دەرياسىدىكى 1 ـ يىلى 2 ـ لىيەننىڭ لىيەنجاڭى تېلېفوندا ھازىر پەقەت بىرلا ئامال قالغانلىقىنى، تۆەنجاڭنىڭ قوشۇلىدىغان ياكى قوشۇلمايدىغانلىقىنى سورىدى. خۇا لاۋيۆ پەقەت ھايات قالىدىغانلا ئىش بولسا، نېمىلا قىلسا رۇخسەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لىيەنجاڭ:

— بۇ گەپنى ئۆزىڭىز دېدىڭىز ـ ھە، بىز بۇلىدۇق ئەمىسە، — دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

توتو دەريا قىنى تاڭگورا يېزىلىق ھۆكۈمەت جايلاشقان جاي بولۇپ، ئۇ يەردە بىر ماگىزىن بار ئىدى. ئۇ يەردە بىردىنبىر بۇلاشقا ئەرزىيدىغان نەرسە يېمەكلىك ئىدى. خۇا لاۋيۆ ئۇلارنى توسۇش كېرەكمۇ ـ يوق؟ دېگەننى ئويلاشمايلا 6 ـ لىيەنگە تېلېفون ئۇردى. لىيەنجاڭ يوق ئىدى. مۇئاۋىن لىيەنجاڭ ھاياجانلانغان ھالدا بۇگۇن ئۆزلىرىنىڭ قوي گۆشى يېگەنلىكىنى ئېيتتى.

— چارۋىچىلار سوۋغا قىلدىما؟

— بۇلىدۇق.

— سىلەر باندىتمۇ؟

— قورساق تويىدىغانلا ئىش بولسا باندىت بولغانىنىڭمۇ زىيىنى يوق.

— قوي گۆشى يېگەندىكىن قۇرۇلۇشنى ئاقسىتىپ قويساڭلار بولمايدۇ، — ئۇ تۇرۇپكىنى قويغاندىن كېيىن مەيدىسىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. چۈنكى، مەيدىسى قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى.

— تۆەنجاڭ ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى لى شياڭگو.
خۇا لاۋيۈ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماغدۇرسىز هالدا تۆۋەنگە قارىدى.
— هازىر 4 - لىيەننىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى ئۇۋ ئوۋلاش.
— تاغنى قېلىن قار قاپلاپ كەتتى، بىرەر هايۋاننىڭ موينىمۇ تاپقىلى بولماسمىكىن؟
— ئەمىسە ئۆلۈمۈڭلارنى كۈتۈپ يېتىڭلار.
سىرتتا ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاڭلاندى، خۇا لاۋيۈ قىزىققان هالدا سىرتقا قاراپ ماڭدى.
1 - پەيىنىڭ چېدىرى ئىچىدە تيەن جياخاڭنىڭ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. مۇراسىمۇ ئاخىرلىشىپ قالغان بولۇپ، بۇ چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ئالاهىدە بىر قېتىملىق توي مۇراسىمى ئىدى. بۇ ئىككى جايدا تۇرۇپ توي قىلىش دەپ ئاتىلاتتى. كېلىنچەك غەربىي قىسىمدىكى شەهەر گېئېرمۇدا، يىگىت بولسا تاڭگۇرا تېغىدا ئىدى. ئىككىسى بىرلا ۋاقىتتا ئورۇق - تۇغقان، دوستلىرىنىڭ تىلىكىنى قوبۇل قىلدى. تىلەكنى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن هۇجرىغا كىرەتتى. تيەن جياخاڭنىڭ يېنىدىكى كېلىنچەكنىڭ ئورنى بوش ئىدى. ئەتراپتىكىلەر: «سۆيسۆن، يەنە بىرنى، يەنە بىرنى...» دەپ ۋارقىراشقىلى تۇردى. توي ئاچ قورساق ئۆتكۈزۈلدى، يىگىتمۇ ئاچ ئىدى. كېلىنچەك يوق، ئاياللار بولمىغان بۇ توي تولىمۇ كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئۆزگىچە بولغانىدى. بۇ توي قىزىقچىلىق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىردەم بولسىمۇ ئاچلىقنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. ئاچلىقنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ئۆلۈم ۋەهىمىسى ئۇلارغا تەهدىت سېلىۋاتاتتى.
ئۇلار كۈلەتتى، ۋارقىرىشاتتى، راستىنى دېگەندە، ئۇلارنىڭ كۈلكىسى خۇددى يىغىغىلا ئوخشايتتى. يىگىتمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ كۈلەتتى. ئۇلارنىڭ ۋارقىراشلىرى ئىچىدە تيەن جياخاڭ بېشىنى

ئېگىز كۆتۈرۈپ، لېۋىنى سوزۇپ، كېلىنچەكنى سۆيگەندەك ھەربكەتلەرنى قىلاتتى. كېلىنچەكچۇ؟ ئۇ گېپىرمۇدا، ئۆيدە ئىدى. ئېنىقكى، قىز ئۆزىنىڭ بۇ تويىدىن خەۋەرسىز ئىدى. تيەن جياخاڭنىڭ كۆڭلى غەش ئىدى، ئۇستەلدە مۇزدەك سۇدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. بۇ ۋاقىتتا باشقىلار ئۇنى نومۇر ئورۇنلاپ بېرىشكە زورلاۋاتاتتى. ئۇ كۆپچىلىككە ئاچچىققىنا نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ:

— نېمىنى ئورۇنلاپ بېرىمەن؟ — دەپ سورىدى.

— ناخشا ئېيتىپ بەرگىن.

— ئېيتالمايمەن.

— ئۆزىمىزنىڭ ناخشىسىنى.

تيەن جياخاڭ ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى. لېكىن، باشقا بىرى ئاللىقاچان ناخشىنى باشلىۋەتكەنىدى.

ۋۇداۋلياڭدىن ئۆتكەندە كۆزىمىزدە ئىللىق ياش،
ئاھ، ياشلىرىم سەن بولاق، گوياكى دەريا.
لېكىن مېنى پاكلىيالمايسەن.

ئەسكەرلەر بۇنىڭ توي مۇراسىمى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشقاندەك، ناخشا توۋلاپ، تاڭگۇرادىكى بۇ ئۇيقۇسىز كېچىنىڭ قايغۇسىغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. ئاچارچىلىق قوتۇرىغان دۇنيا، ئاچلىق ناخشىسى، ئېچىرقاش ئىلكىدىكى كەيپىيات، ئاچلىق ئازابىدىكى قەلب ساداسى... تيەن جياخاڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى. باشقىلارمۇ ئېسەدىگىنىچە ناخشا ئېيتىۋاتاتتى.

تاڭگۇراغا كەلدىمەن، ئاتا ــ ئانام دىدارسىز،
ئېھ ئانا سەن قۇياش، نۇرلۇق تولۇن ئاي،
لېكىن ماڭا نۇر سېپەلمەيسەن.
قۇشلار قېنى ئاسماندا، يەردە بىر تال گىياھ يوق،
ئەي گىياھلار سىلەر شەبنەم، گويا ئۇزۇقلۇق،

مەن قوينۇڭدا يايلىغان قوزاڭ.
يىل بويى كىيدىم جۇۋا، تاشلار بەك سوغۇق،
شۇ تاشلار دوستۇمدۇر، ھەمراھتۇر ماڭا،
سەن ماڭا ئوخشايسەن، مەن گويا ساڭا.
كۈندۈز سەپداشلار ھەمراھ، كېچىسى يۇلتۇزلار سىرداش،
ئاھ، يۇلتۇزلار قېرىندىشىمدۇر، كۆزۈمنىڭ نۇرى،
لېكىن مېنى كۆرەلمەيسىلەر.
كوئىنلۇننىڭ رەنجىگە توتو دەرياسى بەردى ھاياتلىق،
ئەي، ھايات! سەن شامال، سەن گويا تۇمان،
سۈرىسەن دائىما دەۋران.

كەزدىڭ سەن كۆللەرنى زۇلمەت كېچىنى،
ئاينىمۇ سۆيدۈڭسەن، بۇلۇتلار تامان،
مۇھەببەت دۇنياسى بولغاچقا نىشان.
مۇھەببەت قوۋمىنى قىلدىڭغۇ ئىشغال،
بىلىڭلار ئىنسانلار بىلىڭلار مېنى،
ھاياتىم، چۈشلىرىم، مۇھەببىتىمنى.

يىغلاۋاتقانلاردىن بىرنەچچىسى كېلىپ بۇ كىېلىنچەكسىز بىتەلەي يىگىتنى قۇچاقلىدى. قالغانلار يەنىلا ناخشىسىنى ئېيتىۋاتاتتى، ئۇلار شۇ تۇرقىدا ئېيتىۋاتقان ناخشىسىنى تاكى ئەڭ ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە ئېيتىدىغاندەك قىلاتتى.

— تۇەنجاڭ! — ئېچىنىشلىق پەرياد قىلدى ئۇ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان خۇا لاۋيۆگە قاراپ.

ئىككىسى مەھكەم قۇچاقلاشتى. ئۇ ئىچىدە ئويلايتتى: بۇ تاغگۇرادىكى ئەڭ ئۇنتۇلماس بىر ئازابلىق كېچە، سىرتتىكىلەرنىڭ نەزىرى بۇ يەردىكىلەرگە قانداقمۇ چۈشسۇن؟ كىممۇ بۇ قۇچاقلىشىشنىڭ مەنىسىگە يېتەلىسۇن؟ ئۆلۈم ئالدىدا

ئېيتىلغان ناخشىنىڭ ھەربىر مىسراسىغا يوشۇرۇنغان ھېسسىياتنى قانداقمۇ چۈشەنسۇن؟ دېمەك، ئۆلۈم ئالدىدىكى مۇھەببەت ئىنسانلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئەڭ ساددا، ئەڭ ھەقىقىي بولغان مۇھەببەتنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى ئەمەسمۇ؟ خۇا لاۋيۆ چىن قەلبىدىن پۇچىلىناتتى. يىگىتنى كىپلىنچەك بىلەن توي كىچىسى ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتەلمىگەنلىكى ئۇچۇن ھەسرەتلىنەتتى. ئۇ ئەلەم بىلەن پىچىرلىدى: «ئاھ، يىراقتىكى سۆيۈملۈك قىزچاق! مېنى كەچۈرۈڭ، مېنى ئەپۇ قىلىڭ!»

ئىز! ئاشۇ ئىز بايقالغان شۇ كۈنى سەھەر، ئۇيۇقتا بىنەپشە نۇر بەلبېغى كۆرۈنۈپ، بەلباغدا توساتتىنلا ئالتۇن رەڭ نۇرلار جۇلالىنىپ، ئازلا ئۆتمەي غايىب بولدى. بىردەمدىن كېيىن نۇر بەلبېغى تولغىنىپ، ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشقا باشلىدى ـ يۇ، يەنە يىراقلاپ، غۇۋا تۇمانلارنىڭ دولقۇنلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاسمان رەڭگىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئاشۇ نۇر بەلبېغى ۋە جىلۋىلەر بىلەن سىرلىق مۇناسىۋەتتىكى ئاشۇ ئىز ھېلىھەم قار ئۈستىدە ئەينەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىز شەرق تەرەپتىن كەلگەن بولۇپ، 4 ـ لېيەنىنىڭ چېدىرلىرىغا يۈز مېتىر قالغاندا گېلادەندۇڭ مۇزلۇقى تەرەپكە قاراپ كەتكەندەك ئىدى. ئىزلارنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، بۇ ناھايىتى چوڭ ئېيىقنىڭ ئىزى بولۇپ، تاڭگۇرا قارىغۇ ئېيىقنىڭ ئىزىغا سېلىشتۇرغاندا، نەچچە ھەسسە چوڭ ئىدى. ئىزلار ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، ئېيىقنىڭ گەۋدىسىنىڭ چوڭلۇقى ۋە ئېغىرلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئەسكەرلەر بۇ ئالامەتلەرگە ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ، تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتقان شۇ پەيتتە، خۇا لاۋيۆ ھەش ـ پەش دېگۈچە، قاۋۇل، چەبدەس كەلگەن ئون سەككىز ئادەمدىن تەشكىللەنگەن ئوۋ ئوۋلاش ئەترىتى تەشكىللىدى. لى شياڭگومۇ بۇنىڭ ئىچىدە بار ئىدى. ئۇ پۈتۈن لىيەن بويىچە پېتىدىن چۈشمىگەن بىردىنبىر كىشى بولۇپ، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان كۆزلىرى ئازراق

ئۆلتۈرۈشۈپ، ئاز - تولا ھارغىنلىق يەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇۋ ئۇۋلاش ئەتىرىتى يولغا چىقتى. ئۇلار ئىزنى بويلاپ گېلادەندۇڭ مۇزلۇقىغا كەلگەندە ماغدۇرسىزلىنىپ، پۈتۈن ئەزالىرى بوشىشىپ، مېڭىسى خۇددى بوران گۇركىرەۋاتقاندەك ۋاڭشىپ كەتتى. ئىزنىڭ ھالىتىدىن ئېيىقنىڭ مۇزلۇقنىڭ شىمالىدىكى غايەت زور يېرىققا كىرىپ كەتكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خۇا لاۋيۇ مەيدىسىنىڭ ئاغرىپ كېتىۋاتقانلىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، لى شياڭگوغا كۆپچىلىكنىڭ ئارام ئېلىشىنى ئېيتتى ۋە قورالنى ياخشى بەتلىگەندىن كېيىن يېنىدىكىلەرگە دېدى:

— مەن بېرىپ قاراپ باقاي، سىلەر كەينىمدىن بېرىڭلار.

— تۇەنجاڭ، بولدى قىلساقمىكىن؟ — لى شياڭگو ئاستا پىچىرلىدى.

— بولدى قىلساق قىسىمدىكىلەر نېمە يەيدۇ؟ ھازىر بىزنى پەقەت مۇشۇ كاساپەتنىڭ گۆشىلا قۇتقۇزالايدۇ. قانداق دېدىم؟

ھېچكىم لام - جىم دېمىدى، ئارىدىن بەشەيلەن ئۆزلىرىنىڭمۇ بىللە بارىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

ئۇلار كەتتى. لى شياڭگو خۇا لاۋيۈنىڭ كەينىدىن قاراپ ئاچچىق بىلەن:

— ئاناڭنى، بىزمۇ بارايلى، باشقىلار بىزنى ئۆلۈمدىن قورقىدۇ دەپ قالمىسۇن، — دېدى.

قالغانلار ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار غايەت زور مۇز يېرىقىنى بويلاپ، ئاستا - ئاستا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. غايەت زور مەخلۇقنىڭ ئاياغ ئىزى يېرىقتىن خېلى ئىچكىرىگىچە سوزۇلغانىدى. ئەتراپ جىمجىت، پەقەت ئادەملەرنىڭ ھاسىرىغان ئاۋازى بىلەن ئاندا - ساندا كۈلكە ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

— كۈلۈۋاتقان قايسىڭ؟ — خۇا لاۋيۇ ئەيىبلەش تەلەپپۇزىدا سورىدى. ئەمەلىيەتتە ھېچكىم كۈلمىگەنىدى. لېكىن، يېقىنلا يەردىن كىملەرنىڭدۇر كۈلكە ئاۋازى بارغانچە ئېنىق

ئاڭلىنىۋاتاتتى. توساتتىن لى شياڭگو ۋارقىراپ كەتتى.

— قاراڭلار، تېز قاراڭلار.

قاپقارا، تۈكلۈك كەلگەن، يوغان بىر مەخلۇق ئۇلاردىن ئانچە يىراق بولمىغان مۇز چوققىسىدا ئۆزلىرىگە قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئېغىزى چوڭ ئېچىلغان، كەڭ، يوغان تىلىنى ھەربىر قېتىم چىقارغاندا، تەننى شۈركۈندۈرگۈدەك كۈلكە ئاۋازى ئاڭلىناتتى. خۇا لاۋيۈنى تىترەك باستى. ئۇ قورالىنى كۆتۈرۈپ بەتلىمەستىنلا تەپكىنى بېسىۋەتتى. ئەكسىچە، ھېلىقى مەخلۇق يەنىلا شۇ ھالەتتە كۈلۈپ تۇراتتى. تۈك باسقان قەددى ۋەھىمىلىك سىلىكىنىپ، بۇ كەڭ كەتكەن ئاپپاق دۇنيانىڭ بىردىنبىر غوجىسىدەك مەغرۇر تۇراتتى. لى شياڭگونى تىترەك بېسىپ، قورالىنى كۆتۈردى ـ يۇ، لېكىن تەپكىنى بېسىشقا پېتىنالمىدى. بۇ چاغدا تيەن جياخاڭ بىر دىسكا ئوق ئاتقان بولدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئارقىدىنلا ئېلەرمۇ تەپكىنى باستى. ئوق ئاۋازى خېلى ۋاقىتقىچە ئۈزۈلمىدى، بەتبەشىرە مەخلۇقنىڭ كۈلكە ساداسى تېخىمۇ ياڭراق ئىدى. خۇا لاۋيۈ دىسكىنى يېڭىلاپ بولۇپ كۆپچىلىككە قاراپ بۇيرۇق قىلدى:

— قارىغا ئېلىڭلار، قورقماڭلار، مەن ئوق چىقىرىشىم بىلەنلا سىلەرمۇ تەپكىنى بېسىڭلار.

ئۇ نىشاننى قارىغا ئېلىپ، تەپكىنى باستى. قالغانلارمۇ بوش كەلمەيۋاتاتتى. بىرپەستىن كېيىن ئوقنىڭ ئەكس سادالىرى ئەمدىلا بېسىقىپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى ۋەھىمىلىك كۈلكە ئاۋازى يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇ بايىقىدىنمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇ توساتتىن ئايىغى ئاستىدىكى چوڭ بىر مۇز پارچىسىنى دەسسەپ دومىلىتىۋەتتى. ئۇ مەزمۇت ھالدا يەنىلا كۈلۈۋاتاتتى، كۈلكىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلاتتى. ئۇ ئاشۇ مەسخىرىلىك كۈلكىسى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ يارامسىزلىقىنى مازاق قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. لى شياڭگو ھاڭۋېقىپلا تۇراتتى.

— تېز قېچىڭلار! — ئارىدىن بىرسى تۇيۇقسىز ۋارقىرىدى.
خۋا لاۋيۆدىن باشقىسى ئۆزلىرىنى يېرىقچە ئېغىزىغا قاراپ ئاتتى. كۆلكە ئاۋازى، ئاياغ تىۋىشى ۋە قارنىڭ گۈمۈرۈلگەن ئاۋازى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. خۋا لاۋيۆمۇ قاچتى. ئۇ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا پۇت - قوللىرى ماغدۇرسىز لى شياڭگوغا يېتىشىۋالدى. ئۇ ھەممىنىڭ كەينىدە قالغان ئوخشايمەن دەپ، ئېخىمۇ كۈچەپ يۈگۈرۈۋاتاتتى. كەينىدىكى تىۋىشنى ئاڭلاپ، ھېلىقى مەخلۇق قوغلاپ كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ، ئۆزىنى يەرگە ئاتتى ۋە كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ ئاللا - توۋا كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئەجەبلىنەرلىكى، مەخلۇقنىڭ كۈلكە ئاۋازى ئۇنىڭ ۋايساشلىرىغا تەڭكەش بولۇۋاتاتتى. خۋا لاۋيۆ ئۇنى ئاران دېگەندە تارتىپ تۇرغۇزۇپ، بىللە قاچتى. ئۇلار مۇز يېرىقىدىن چىققىنىدا، كۈلكە ئاۋازىمۇ جىمىپ قالغانىدى. باشقىلار يەنىلا جېنىنىڭ بارىچە قېچىۋاتاتتى. پەقەت ھېرىپ، مىدىرلىيالمىغۇدەك بولۇپ قالغاندىلا، ئۆزلىرىنى داق يەرگە تاشلاشتى، چىرايلىرى بولسا ئەرۋاھنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەن، ئېغىز - بۇرنىدىن ھور پۇرقۇيتتى.
لى شياڭگو ھوشىدىن كەتكەنىدى. خۋا لاۋيۆ يېرىق ئېغىزىغا كۆز - قۇلاق بولغاچ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتاتتى، قار توختىمىغان، بايىقى مەخلۇقنىڭ ئاياغ ئىزىنى ئاللىبۇرۇن كۆمۈۋەتكەنىدى. پايانسىز كەتكەن كەڭ دالا ھەقىقەتەن كۆز يەتكۈسىز، سۈتتەك پاكىز كۆرۈنەتتى. گويا بۇ يەردە ئىلگىرى ھېچقانداق نەرسە، يەنى ھېلىقى مەخلۇق، بايىقى كىشىلەر، يۈز بەرگەن ئىشلار ھېچقاچان مەۋجۇت بولۇپ باقمىغاندەك، ۋاقىت گويا قېتىپ قالغاندەك، تارىخ ئاللىبۇرۇن مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقاندەك تىمتاس ئىدى.
ئۇۋ ئوۋلاش ئەترىتى قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئالغاچ كەلگىنى ئولجا ئەمەس، بەلكى ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئىدى. جەڭچىلەر ئۆلۈمنى ئويلايتتى. ناۋادا باشقىلار ئاچلىقتىن ئۆلۈپ،

مەن يالغۇز قالسام قانداق قىلىشىم كېرەك، دېگەن سوئال ئىلكىدە تولغىناتتى. شۇ پەيتتە ئۇلارنىڭ ئەس ـ يادىغا، ۋۇجۇدىغا ئىلگىرى قازا قىلىپ كەتكەن سەپداشلارنىڭ ئەرۋاھى كىرىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى، قان ـ گۆشلىرىنى تىلغاپ، تەپەككۇرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەندەك قىلاتتى. كىمدۇر بىرى قولىدىكى قارنى يالماپ ـ يالماپ يۇتاتتى. خۇددى ئادەم باشلىق مەخلۇقتەك ھۇۋۇلىغىنىچە ئۇياق ـ بۇياققا چاپاتتى. كىمدۇر بىرى كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ، خۇددى سويۇلۇش ئالدىدىكى قويدەك دىر ـ دىر تىترىگىنىچە ياتاتتى. بۇنى ئويلىغانچە ھەممىسىنى ۋەھىمە بېسىۋالدى. بەزىلىرى كارىۋاتتا يېتىپ تىترەيتتى، كىمدۇر بىرى ئازاب بىلەن ناخشا باشلىدى:

ئېزىتقۇدىن بەزدى ھاياتلىق،
ياندۇرغىلى بولماس ۋاقتىنى،
مەن ماڭغان يولدا،
چۇشۇمدىكى بۇگۇنكى جايدا...
قايتىپ كېلىپ كۆرگىلى بولماس،
لېكىن كۆزۈم يەنىلا ئۆتكۈر.
باسالمايمەن باغرىمغا سېنى
لېكىن سۆيگۈم جۇشقۇن ئۆز پېتى.

ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى ئىرادىسىگە بويسۇنمايتتى. پەقەت بىر خىل سىرلىق كۈچلا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا سىلىشتۇرغاندا، تېخىچە ھوشىغا كەلمىگەن لى شياڭگو بەختلىك ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇ خىل تىمتاسلىق ئىلكىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك بەخت قاينىمىدا داۋاملىق ئەللەيلىنىشنى خالىمايتتى. ئۇ ئاخىر بايىقى ھەسرەتلىك ناخشا ساداسى ئىچىدە ھوشىغا كېلىپ، قورسىقىنىڭ قاتتىق ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقنى،

ئېچىرقاپ كەتكەن سەپداشلىرىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ يوشۇرۇنچە يېمەكلىك ساقلىغان ئەخلاقسىز قىلمىشلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۇ خۋا لاۋيۈ ۋە باشقا سەپداشلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىلا، كارىۋات بىلەن چېدىر تېمىنىڭ قىسىلچىقىغا تىقىپ قويغان سومكىسىغا تىقىپ قويغان پىرەنىكنى ئېلىپ يالماپ يۇتۇشقا باشلىدى. باشقىلار كۇتۇلمىگەن بۇ ھالنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قېلىشتى. ئۇ پىرەنىكنى ماچىلدىتىپ چاينىغاچ، خۋا لاۋيۈگە قاراپ كۈلدى ـ يۇ، توساتتىنلا كۆپچىلىكنىڭ چىرايىدىكى بىر خىل نورمالسىزلىقنى بايقاپ، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، قولىدىكى پىرەنىكمۇ چۈشۈپ كەتتى.

— يېگىن، بىز بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، قورسىقىڭ تويغاندىن كېيىن بىز سېنى يەيمىز، — دېدى خۋا لاۋيۈ غەزەپ بىلەن.

— مېنى يەمسىلەر؟ — لى شياڭگو گېلادەندۇك مۇزلۇقىدىكى ھېلىقى يېرىقچىدا ۋارقىرىغاندەك ئەنسىز ۋارقىرىۋەتتى. ئاندىن كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، سومكىنى خۋا لاۋيۈگە تۇتقۇزۇپ قويدى.

— يەڭلار، قېنى يېمەمسىلەر! ئەمدى بۇلارنى تىقىپ نېمە قىلىمەن. ئۆلسەملا بولمىدىمۇ؟ ئۆلسەم ياخشى، ئۆلسەملا ھېچ ئىشنى بىلمەي قالىمەن، — ئۇ يەنە چىشى بىلەن ياستۇقىنى يىرتتى. ياستۇق ئىچىدىن ئون قۇتا گۆش كونسېرۋاسى تاراڭلاپ يەرگە چۈشتى، — ھەممىنى مەن ساقلاپ قويغان. ئەكېتىڭلار، مەن يېمەيمەن. ئالدى بىلەن ئاچلىقتىن مەن ئۆلەي، — ئۇ سارائڭلاردەك بىرھازا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ھارغاندىن كېيىن كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ قالدى. خۋا لاۋيۈ ئۇنىڭ مۈرىسىنى قېقىپ قويۇپ، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزىنى يۇتۇۋەتتى.

لى شياڭگونىڭ ئون قۇتا كونسېرۋاسى بىلەن بىر سومكا پىرەنىكى پۈتۈن لىيەندىكىلەرنى قۇتقۇزۇۋالدى. ئەسكەرلەر ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن ساقىت بولغان ئۇزۇن كېچىنى ئۆزىتىپ،

ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن بۇرۇن قار توختىدى. ئۇلار قۇياش بىلەن ئۇچراشتى. بۇلۇت يېرىپ ئۇچۇپ كەلگەن ئايروپىلاندىن بىرنەچچە قارا رەڭلىك پارقىراق نەرسىنىڭ لەپەڭشىپ يەرگە چۈشكىنىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنى ئۇنىڭغا ئاتتى. بۇ چاغدا خۇا لاۋيۆ تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتاتتى. جوۋ فېڭجى تېلېفوندا باش ئىشتاب تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ قۇتقۇزۇش ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، گېئىرمۇغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. خۇا لاۋيۆ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋارقىراپ كەتتى:

— نېمىشقا بالدۇر كەلگۈدەك؟ قۇرۇلۇش تېخى تاماملانمىغان تۇرسا؟

— بەلكىم، ئۇلار قۇرۇلۇش ئۇچۇنلا كەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

— ئەمىسە نېمىشقا كەپتۇ؟

— بىرنېمە دېمەك تەس، ئەلپازىدىن قارىغاندا، بىز بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان ئوخشايمىز.

— خاتالىق؟ ئاشۇ خاتالىقنى بىز بۇرۇنلا سادىر قىلىپ بولغان. لېكىن، بىز خاتا قىلمىدۇق.

ئۇ تېلېفوننى قويۇپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى. تېلېفوننى مۇئاۋىن تۇەنجاڭ ياڭ باجىڭدىكى قۇرۇلۇش ئورنىدىن ئۇرغانىدى. ئۇ تاڭگورا تېغى بىلەن لىنخاسا جىلغىسىدا ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى مەلۇم قىلدى. خۇا لاۋيۆ ئېسىدە تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، بىردەمدىلا ئونتۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى، قىسىمنىڭ ھازىرقى كەيپىياتى، يەنى قۇرۇلۇشنى ھازىرنىڭ ئۆزىدە باشلىغىلى بولامدۇ، دېگەندەك مۇھىم مەسىلىلەر ئىدى. چۈنكى، ئۇ شۇ تاپتا: «ئۆلگەنلەر ئۆلدى، قايتا تىرىلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ قارايتتى.

— كەپپياتتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، ھازىر قوروللۇش ئېلىپ بارالامدۇق ـ يوق؟ بۇنىڭغا بىرنەرسە دېمەك تەس، سىز ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىز كېلىپ كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدى مۇئاۋىن تۇەنجاڭ سولغۇن ھالدا.

— بولىدۇ، مەن بېرىپ كۆرۈپ باقاي، — خۋا لاۋيۈ سۆزىنى توگىتىپ بولۇپ، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارغا تېلېفون ئۇرۇپ، تۇەندە قالدۇرۇلغان جىپ ماشىنىنى دەرھال ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى...

ماشىنا كەلدى، ماشىنىدا يەنە قىسىمنىڭ ھەربىي دوختۇرىمۇ بولۇپ، جوۋ فېڭجى بۇ دوختۇرنى خۋا لاۋيۈنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرتۈش مەقسىتىدە ئەۋەتكەنىدى. دوختۇر ئۇنىڭ كۆكرەك قىسمى ۋە دۈمبىسىگە ئاغرىق توختىتىش مەلھىمى سۈردى ھەمدە ئۇنىڭغا قانىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئاغرىق توختىتىش دورىسىدىن ئىككى جىڭ بەردى. دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنداق شارائىتتا، خۋا لاۋيۈگە ئوخشاش ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالسىمۇ، پىسەنتىگە ئالمايدىغان ئادەمنى پەقەت تەڭرىلا داۋالىيالايتتى. دوختۇر پەقەت مۇشۇنچىلىكلا قىلالايتتى.

خۋا لاۋيۈ يارىلانغان بەدىنىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىغا قارىماي، لىخاسا تەرەپتىكى 3 ـ يىڭ قوروللۇش مەيدانىغا قاراپ يولغا چىقتى.

ھاۋا ئوچۇق ئىدى. بىر مەيدان جاپالىق قار تازىلاش كۈرىشى ئارقىلىق، تاشيول ئاخىر ئېچىلدى. قار دۆۋىلىرى قوروللۇش مەيدانىنىڭ تىرانسپورت لىيەنىنى يېرىم ئايغا يېقىن توسۇپ قويغانىدى. ئاچارچىلىقنىڭ ۋەھىمىسى ئەسكەرلەرنىڭ كاللىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. قار دۆۋىلىرى ئېرىمەيۋاتاتتى. بۇ ئاپپاق قارلارنىڭ بېيجىڭدىن لىيەندۈيگە قايتىپ كەلگەن زىيالىي ياش شۇ رۇداغا ئاتا قىلغىنى شېئىرىي ھېسسىيات ياكى گۈزەللىك كارتىنىسى بولماستىن، بەلكى

تاغلىق رايونىنىڭ مۇھىتىغا قايتىدىن ماسلىشالماسلىقتىن پەيدا بولغان كېسەللىك ئالامەتلىرى ئىدى. تويۇقسىز قار قارىغۇسى كېسىلى قوزغالغان ئۈچ كىشى ئىچىدە، ئۇنىڭ كۆزى توختىماستىن قىچىشىپ، ئاغرىپ، ياشاڭغىراپ، ئۇنى قىينىغانىنى ئاز دەپ كۆرۈش قۇۋۋىتىنىمۇ تۆۋەنلىتىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ مۇداپىئەلىنىش كۆزئەينىكى يوق ئىدى. شۇڭا، بىر پارچە رەختكە تۆشۈك تېشىپ، يىپ ئۆتكۈزۈپ، بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ، كۆزىنى قارنىڭ ئەكس تەسىرىدىن ساقلاۋاتاتتى. لېكىن، بۇ ھال ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كېلىۋاتاتتى، ھەتتا ئۆزىگە ئوخشاش قار قارىغۇسى كېسىلىگە گىرىپتار بولسىمۇ، پىسەنتىگە ئالمىغان سەپداشلىرىنىڭ مەسخىرىسىگە قالدى.

— مۇئاۋىن ليەنجاڭ، بېيجىڭدىن گۇلدەك ياسىنىشنى ئۆگىنىپ كەپسىز - ھە؟ قىزلارنىڭ ياغلىقى سىزگە بەكمۇ يارىشىدىكەن.

— نېمىگە كۇلۇشىسىلەر؟ يەنە مازاق قىلساڭلار ۋەزىپەڭلەرنى ئارتتۇرۇۋېتىمەن، — ئۇ سۆزلىگەندە ياغلىق توختىماي لەپىلدەيتتى.

— مۇئاۋىن ليەنجاڭ، ئۇنداق بولسا يىغلايلى، يىغلىساق ۋەزىپىمىزنى كېمەيتىپ بېرەمسىز؟

بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ دەردىگە يەتمىگەن، ئاغرىق ئازابىنى چۈشەنمىگەن سەپداشلىرىدىن ئاغرىنغىنىچە ئۆزىنى نائىلاج چەتكە ئالاتتى. لېكىن، يىراققا كېتىشكە بولمايتتى. لى شياڭگو قورقۇشتىن ئېسىنى يوقىتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتاتتى. دېمەك، ئۇ ھازىر ليەندە بىردىنبىر رەھبەر بولغاچقا، ئەسكەرلەر بىلەن ئەمگەكتە، تاماقتا ۋە يېتىپ - قوپۇشتا بىللە بولۇپ، تېخىمۇ جاپالىق بولغان ئەتىنى بىرلىكتە كۈتۈۋېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ دائىم ئۆزىدىن: «بۇ دۇنيادا مېنى چۈشىنىدىغان ئادەم بارمىدۇ» دەپ سوراپ

قوياتتى. يوق، ھېچكىم يوق ! ئۇ ئېغىر ئۇھسىنىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئەسكەر بىلەن ئارىلىقى خۇددى ئۇنىڭ پۈتۈن دۇنيا بىلەن بولغان ئارىلىقىغا ئوخشاش تولىمۇ يىراق ئىدى. ئۇ بۇ دۇنيادىن ئۆزى باش تىققۇدەك بىرەر مۇۋاپىق جاينى ئىزدەپمۇ تاپالمايۋاتاتتى. ئۇ جاي مەيلى كۆن نۇرى چۈشمەيدىغان، ھەممە يېرى ئۆمۈچۈك تورى ۋە قارا چېكەتكە بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن جاي بولسىمۇ، ھەتتا ئادەم ئاۋازى بولمىغان، شېرىن ـ شېكەر گەپلەر بولمىغان جاي بولسىمۇ مەيلى ئىدى. پەقەت ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلالايدىغان كىچىككىنە بۇلۇڭ بولسىلا كۇپايە ئىدى.

ئۇ كۆزىنى ئېتىپ يۈرگەن ئۈچىنچى كۈنى خۇا لاۋيۈ قايتىپ كەلدى. ئۇ شۇ رۇدانى كۆرۈپلا ۋارقىراپ كەتتى:

— قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماڭا نېمىشقا دوكلات قىلمىدىڭ؟

شۇ رۇدا قولىنى جۇۋىسىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، لام ـ جىم دېمىدى.

— گەپ قىلمامسەن؟ بېيجىڭغا بېرىپ كېلىپلا گاچا بولۇپ قالمىغانسەن؟

خۇا لاۋيۈ شەپكىسىنى ئېلىۋېتىپ، ئايپاڭ بېشىنى سىلاپ قويدى، ئۇ پاشا ـ كۇمۇتىلارنىڭ دەردىنى خېلىلا تارتقاندەك قىلاتتى. ئۇ شۇ رۇدانىڭ خورسىنىپ، ئۇھ تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سورىدى:

— ئەجەب خۇشال ئەمەسقۇ سەن؟

— نېمىگە خۇشال بولاتتىم؟

— ئايالىڭ بىلەن يارىشىۋېلىپمۇ خۇشال ئەمەسمۇ سەن؟

— يارىشىش؟ يالغان ئىش راست ئىشقا ئايلاندى. ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز ياراشمايمەن. ئىشىنى قىلسۇن، ئۇ ئالدامچى قانجۇق. ئايال كىشى دېگەن تۇتۇرۇقسىز، نومۇسسىز، ۋاپاسىز بولىدىكەن... — ئۇ بارغانچە ئەزۋەيلەيتتى، — ئۇ ۋاپاسىزنىڭ مېنى ئالدىغان ئىدارىنى ئۇقۇشۇپ قويغىنى راست ئىكەن،

لېكىن ئۇ بۇ ئىشلارنى مېنىڭ قابىلىيىتىمنى دەپ ئەمەس، بەلكى ۋىجدان ئازابىغا قالماسلىق ئۈچۈن شۇنداق قىپتۇ.

خۇا لاۋيۈ بارغانچە ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي، ئۇنى بىرەر غەيرىي كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدىمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ قالدى.

— مېنىڭ ئىشىمغا ماقۇل بولغان كىشى ئۆمرىدە ئايال خەقنى كۆرمىگەن، زىناخور ئەبلەخكەن. ئايالىم نېمە دەيدۇ، دېمەمسىز؟ ئۇ مېنى دەپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېتىپتىمىش. قۇرۇق گەپ، ئەمدىلىكتە باشقىلار بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالاشقان پەزىلەتسىز ئايالنى خوتۇن قىلىپ ساقلامدىمەن؟ مەن چوقۇم ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالىمەن. ئىككىسىنى بىراقلا ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق جىنايەتچى بولۇپ بېيجىڭغا قايتىمەن.

— ياخشى، ئىرادىلىككەنسەن. ۋاقتى كەلگەندە مەن ساڭا تاپانچا بېرىمەن.

شۇ رۇدانىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ، سولغۇن هالدا دېدى:

— تۇەنجاڭ، ئوت ئۇستىگە ماي چاچمىسىڭىز قانداق؟ مەن ئادەم ئۆلتۈرەلەمدىمەن؟ ئەگەر ئۆلتۈرەلىگەن بولسام، ھەممىدىن بۇرۇن سىزنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم. مۇۋاپىق خىزمەت تېپىلغان بىلەن خوتۇن يوق تۇرسا، بېيجىڭغا قايتىشىمنىڭ يەنە نېمە ئەھمىيىتى؟ ئۇ يەردىكى رەھبەرلەر بىزدەكلەرنى كۆپ كۆرۈپ، ھەيران قالمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ.

— سەندە ئىپار بار ئىدىغۇ؟

— ھېلىقى ئەبلەخنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

— ئۇنى ئەرز قىل، سوتقا ئەرز قىلساڭ بولىدۇغۇ؟ مەن ساڭا شىكايەتنامە يېزىپ بېرىمەن.

— بۇ قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىش تاپقانلىق ئەمەسمۇ؟

— ئۇغۇ شۇ، لېكىن كۆڭلۈڭنى ئازادە تۇت، بۇ يەردىكى قۇرۇلۇش تۈگىگەن ھامان، مەن چوقۇم گېئېرمۇ شەھىرىدە ساڭا

ئاتاپ، تەتقىقات ئورنى قۇرۇپ بېرىمەن. نېمىلا تەتقىق قىلساڭ قىلىۋەر، پەقەت مېنىڭ قىزىم ماڭا ئوخشاش ئاپەتكە دۇچار بولمىسىلا بولدى.

مەيلى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى، ئاتوم بومبىسىنىڭ پارتلىشىنى، ئالەم كېمىسىنى ياكى بولمىسا ئېلېكترون دەۋرىنى تەتقىق قىلساڭمۇ ئىختىيارىڭ.

— سىز تېخى ئېلېكترون دەۋرىنى بىلەمسىز؟

— مەن تېخى سېنىڭ چوڭ تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىڭنىمۇ بىلىمەن.

شۇ رۇدا تۇەنجاڭنىڭ مۇنداقلا دەپ قويۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئاز - تولا بولسىمۇ تەسەللىگە ئېرىشكەندەك، يېنىكلەپ قالدى.

— سەن دەل ۋاقتىدا قايتىپ كەپسەن، مەن سېنى ۋاقىتلىق تۇەن ئورگىنىغا يۆتكىمەكچى بولۇپ تۇراتتىم.

شۇ رۇدا كۆزىگە تارتىۋالغان قول ياغلىقنى ئېلىۋەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ تۆشۈكىدىن كىرگەن ئاق قاردىن يانغان نۇر كىچىك بولسىمۇ، تەسىرى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ قول ياغلىق بىلەن خۇددى ئېقىپ تۈگىمەيدىغاندەك توختىماي ئېقىۋاتقان كۆز يېشىنى سۈرتتى.

— ئەمدى بولغاندا مېنى ئويلاپ قاپسىزغۇ؟

— بۇ دېگەن ئېھتىياج، باش ئىشتاب بىزنى تېزدىن پومبا پونكىتىنىڭ لايىھە پىلانىنى ۋە چېرتيوژىنى تەييارلاڭلار دەيدۇ. بۇ ئىشنى مەن قىلالمايمەن، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار، مۇئاۋىن تۇەنجاڭلارنىڭ بىرىمۇ قىلالمايدۇ. شۇڭا، سېنى ئەسكە ئالدۇق، ئەتە ماشىنام سېنى تاغدىن چۈشۈرۈپ قويسۇن.

— ليەنچۇ؟

— مەن بار، نېمىدىن ئەنسىرەيسەن؟ خاتىرجەم بول، سېنىڭ هامان ساڭا تەئەللۇق. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنىلا مۇئاۋىن ليەنجاڭ بولىۋېرىسەن، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سېنى ليەنجاڭ قىلىپ ئۆستۈرۈپ قويامدىم، تېخى.

شۇ رۇدا بۇنى ئاڭلاپ ئازابلانغىنىدىن يىغلىۋېتەيلا دەپ

قالدى.

— تۇەنجاڭ، بۇنچىۋالا قىلىپ كېتىشىڭىزنىڭ هاجىتى يوق، قۇرۇلۇش ئىشىدا ئەزەلدىنلا سىزگە قارىغاندا، مېنىڭ ئېپىم بار. تۇەنجاڭلىق ئورنىڭىزنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، مەن سىزدىن تەسىرلىنىپ قالمايمەن. ئۇنىڭ نېمە پايدىسى؟ كېيىن مەن چوقۇم بىر قۇرۇلۇشنى لايىھەلەپ چىقىپ، بۇ دۇنيادىكى بارلىق تۇەنجاڭلارنى هەيران قالدۇرۇپ ئۆلتۈرمەيدىغان بولسام، خەپ!

— ساقلاپ تۇرىمەن، — خۇا لاۋيۈ غودۇڭشىپ قويدى. لېكىن، ئۇنىڭ سۆز ئۇرانىدىن شۇ رۇدا تۇەنگە بېرىشىنى ساقلامدۇ ياكى ئۆزىنىڭ هەيرانلىق ئىلكىدە ئۆلۈشىنى ساقلامدۇ، بىلگىلى بولمايتتى.

شۇ رۇدا خۇا لاۋيۈنىڭ ماشىنىدا ئايرىپ قويۇش تەكلىپىنى رەت قىلدى، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگىنىمۇ يولغا چىقمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ هەرىكىتى ئارقىلىق خۇا لاۋيۈگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئېهتىياج سەۋەبىدىن نەگە دېسە شۇ يەرگە بارىدىغان تولۇقلىما ئادەم ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكچى بولغانىدى. ئەگەر خۇا لاۋيۈ يەنە ئۇنى مېڭىشقا مەجبۇرلايدىغان بولسا، ئۇنىڭغا يەنە نەشتىرىنى سانجىۋېلىپ، ئاندىن مېڭىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. لېكىن، خۇا لاۋيۈ ئۇنى قايتا تاغدىن چۈشۈشكە زورلىمىدى. قارىغاندا، تۇەنجاڭ ئۇنىڭ ئېغىزىدا بارمايمەن، دەپ قويغىنى بىلەن بەرىبىر بارىدىغانلىقىنى بىلىۋالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ چېرتيوژ لايىھەلەش ئارزۇسى ئۇنى مېڭىشقا توختىماي ئۈندەۋاتاتتى. ئەپسۇسكى، ئەتىگىنى خۇا لاۋيۈ ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي ئەستىن چىقىرىپ قويغاندەك، ئەسكەرلەرنى بالدۇرلا قۇرۇلۇش ئورنىغا باشلاپ كەتكەنىدى. چۈشتە قايتىپ كەلگەندە بولسا، ئۇنىڭ تېخىچە يولغا چىقمىغىنىنى كۆرۈپ، مەنىلىك كۈلۈپ قويدى. شۇ رۇدا

ئاچچىقتىن تولغىنىپ، خۇا لاۋيۈنىڭ كەينىدىن نەچچىنى تىللىۋەتتى. ئۇلار چۈشتىن كېيىن ئىشتىن چۈشكەندە ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ماشىنا توسۇپ تاغدىن چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇ تۇەنگە كېلىپ قىلغان تۇنجى ئىشى خۇا لاۋيۈدىن ئاچچىقىنى چىقىرىش بولدى. كۈتۈۋېلىش پونكىتىدا، ئۇ فېڭ گاۋچۈەن بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇنىڭ دېيىشىچە ئۇ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار بىلەن كۆرۈشۈپتۇ، لېكىن كومىسسار ئۇنى قايتىپ كېتىشكە نەسىھەت قىلىپ قايتۇرۇۋېتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا بېرىپ تۇەنجاڭنى ئىزدەمسىز، ئۇ تۇەندىكى ھەربىر ئادەمگە مەسئۇل بولىدىغان تۇرسا، تېز بېرىپ ئۇنى ئىزدەڭ، مەن سىزگە ماشىنا چاقىرىپ بېرەي، — دېدى شۇ رۇدا ئەقىل كۆرسىتىپ.

فېڭ گاۋچۈەن كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ ئاچچىقى ئازراق بولسىمۇ بېسىلىپ قالغاندەك ئىدى.

ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ، لېكىن تاڭگورا چۆلى تېخىمۇ سوغۇق ئىدى. ئاپپاق قار دۆۋىلىرى كۆزنى چېقىپ، ئەتراپنى غۇۋا كۆرسىتەتتى. ئاشۇ غۇۋالىق خۇددى جەننەت بىلەن بۇ دۇنيانى ئايرىپ تۇرىدىغان غايەت زور تاشلاردىن ياسالغان توسۇقتەك كىشىگە غەيرىي تۇيغۇ بېرەتتى. فېڭ گاۋچۈەن سولغۇن ھالدا دەل ئاشۇ توسۇقلار تەرەپتىن ئاستا كېلىۋاتاتتى، چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئىش ئورنىدىكىلەر تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى. ئۇ ئەتراپقا قارىۋېتىپ، ئۇدۇل ئاشخانا تەرەپكە ماڭدى.

ئاشپەزلەر بەندىكى ئەسكەرلەر سەپدىشى بىلەن قايغۇ ۋە خۇشاللىق ئارىلىشىپ كەتكەن كەيپىياتتا سالاملاشتى.

— تارتىنماي يەپ ـ ئىچ!

فېڭ گاۋچۈەن ھورنانىنى يوغان ـ يوغان چىشلەپ، يالماپ

يۈتقىلى تۇردى. ھورنان ئۈنىڭغا شۇنداق تىتىپ كەتكەندى. ئۇ ھورناندىن ئىككىنى ھەش - پەش دېگۈچە سوقۇۋەتتى.

— قايتىپ كېتىپ ياخشى تۇرۇۋاتقانسەن؟

ئۇ گەپ قىلمىدى.

— بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ؟ ياخشى بولۇپ قانچىلىك بولماقچىدى؟ بىزدەك ئەسكەرلەر قىسمىدا بولساق شور پېشانە ئوغۇل، ھەربىي سەپتىن چېكىنسەك يېتىم بالا شۇ !

ئۇ قولىغا ھورناندىن بىرنى ئېلىپ، توساتتىن يىغلىۋەتتى. مەڭزىنى بويلاپ سىرغىۋاتقان ئىسسىق ياشلار خۇددى تالادا ئۇۋالچىلىققا ئۇچراپ، ئۆيگە كىرىپ، ئانىسىنى كۆرگەندە ئىختىيارسىز تۆكۈلىدىغان ياشقا ئوخشايتتى. ئۇ كۆز يېشىنى سۈرتكەچ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالىـي سۆزلەپ كەتتى:

— مەن يۇرتقا قايتقاندىن كېيىن، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ، يېزا باشلىقى بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۆزۈمنىڭ قېلىق گاۋچۇەن ئىكەنلىكىمنى، تاڭگورا تېغىدا ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە يارىتىپ، شەرەپ بىلەن قايتىپ كەلگەنلىكىمنى، شۇڭا مۇۋاپىق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشىنى ئېيتتىم. ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە مەندىن تېخى تاڭگورانىڭ نەدىلىكىنى سورىدى. خېلى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئۇ ئاخىر تاڭگورانىڭ ئەسلىدە بىر تاغ ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئالدىنقى يىلى ھەربىيلىكتىن قايتىپ كەلگەنلەرنىمۇ تېخىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ بولالماپتۇ، مېنى ئۆيۈڭگە قايتىپ، ساقلىغاچ، دېھقانچىلىقىڭنى قىلغىن دەيدۇ. مەن ئۇلارغا يەر تېرىشتىن قورقمايمەن، لېكىن ھازىر سالامەتلىكىم يار بەرمەيدۇ، پەقەت سىلەرنىڭ ماڭا مۇۋاپىق ئىش تېپىپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن، دېدىم. يېزا باشلىقى ماڭا، ھازىر ئىشنى ئۆزىڭىز تاپسىز، باشقىلار سىزگە تېپىپ بەرمەيدۇ. قارىغاندا سىز قىسىمدا گېزىت كۆرۈپ، ھۆججەت ئۆگەنمىگەن ئوخشايسىز، دەپ قويۇپ ماڭا

پەقەتلا قاراپ قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم، كېيىن ئاغرىپ قېلىپ، ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. ئۇكىلىرىم مېنى ھارۋا بىلەن دوختۇرخانىغا ئاپىرىپتۇ. ساق ئۈچ كۈن ھوشسىز يېتىپتىمەن. دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، مېنىڭ جىگىرىمدىكى مەسىلە ئېغىرلاپ كېتىپتۇ. ئەڭ ئۇزۇن بولغاندىمۇ بەش يىل ئۆمۈر كۆرەلەيدىكەنمەن، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوتتۇز ياشقىچە ئۆمۈر كۆرەلمەي ئۆلۈپ كەتكۈدەكمەن. مەنغۇ ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، ئۆلگەنلەرنى كۆرىۋېرىپ، يۈرىكىممۇ توختاپ كەتتى. بىراق، مەن تېخى تۇزۇكرەكمۇ ياشىمىغان تۇرسام، مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كەتسەم قانداق بولىدۇ؟ ئۇن بەش يېشىمدا ھەربىي بولدۇم. مېنى كىچىك دەپ ھەربىيلىككە ئالماسلىقىدىن قورقۇپ، يېشىمنى ئۈچ ياش چوڭ تىزىملاتتىم. قىسىمدا مەن نېمە قىيىنچىلىقلارنى تارتمىدىم؟ قايسى ئىشنى قىلىپ كۆرمىدىم؟ ياخشى ئىش قىلىپ تۇرۇپمۇ چوقۇم ئۆلۈشۈم كېرەكمۇ؟ دوختۇرخانىدا ئىككى ئاي ياتتىم. لېكىن، دوختۇر ماڭا، بەربىر ساقىيالمايسىز، ئۆيگە قايتىپ ياخشى كۈتۈنۈڭ، ھازىر دوختۇرخانىدا كارىۋات قىس، دېدى. ئويلاپ باقسام، ئۇنىڭ ئېيتقىنىمۇ توغرىكەن، دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتسەم، ھېچ بولمىغاندا ئۆزۈم خالىغان ئىشنى قىلالايدىكەنمەن. كەسىپ ئالماشقاندا بەرگەن پۇلۇمنىڭ يېرىمىنى دوختۇرخانىغا تۆلىدىم. قالغان يېرىمىنى ئېلىپ، ئۆلكىگە باردىم. ئارانلا بەش يىل ئۆمرۈم قالغاندىن كېيىن، راسا يۇخادىن چىققۇچە كۆڭۈل ئاچاي، دەپ ئاشپۇزۇلغا كىرىپ، يېدىم، ئىچتىم. ھاراقنىڭ جىگىرىمگە قاتتىق زىيان قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ راسا ئىچتىم. بالدۇر بولسىمۇ، كېيىن بولسىمۇ بەربىر ئۆلىدىغان ئىشكەن. بەش يىل ساقلىغاندىن كۆرە، ئۆلۈپلا تۈگەشسەم مەيلى ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن مەست بولۇپ، ماگىزىن ئالدىدا ئۇخلاپ قاپتىمەن.

بىرەرىنىڭ كېلىپ دەردىمگە دەرمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم، بىراق خاتالىشىپتىمەن. يېرىم كېچە بولغاندا ناتونۇش بىر ئايال كېلىپ، ئەھۋالىمنى سۈرۈشتۈرۈپ، مېنى ئاپىرىپ قويغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ھۆكۈمەت خادىمى ئەمەسلىكىنى بىلىپ ئارتۇق گەپ قىلمىدىم. پەقەت ئۇنىڭغا ھەربىي ئىكەنلىكىمنى، ئۆيۈمنىڭ يىراقلىقىنى، پۇلۇمنىڭ بارلىقىنى، مېھمانخانىدا ياتسام بولىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا پەقەت يىگىرمە يۈەن تۆلىسەملا ئۆزى بىلەن بىر ئاخشام بىللە بولالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئويلاپ بېقىڭلار، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا كىممۇ بۇنداق ئىشقا قوشۇلمايدۇ دەيسىلەر؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى يۆلەپ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى، خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئۇ كۆزۈمنى ياغلىقى بىلەن ئېتىپ، غۇۋا يورۇپ تۇرغان بىر ئۆيگە ئەكىردى ۋە بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سېلىپ، يالىڭاچ ھالدا كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. لېكىن، ئىش باشلاشتىن ئىلگىرى پۇل بېرىشىمنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. يېنىمغا قارىسام، پۇلۇمنىڭ يېرىمى يوق! ئەسلىدە ئۇ بۇرۇنلا قول سالغانىكەن، گۇمانىمنى دېسەم ئۇ ئۈستىگە ئالمىدى. مەنمۇ جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالمىدىم. بەرىبىر ئۆلىدىغان تۇرسام، بىرەر قېتىم ئايال كىشىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسام نېمە بوپتۇ، دەپ ئۆزۈمگە يەنە بىر قېتىم تەسەللى بەردىم ـ دە، يىگىرمە يۈەن پۇلنى بەردىم. لېكىن، ئىش باشلىماي تۇرۇپ، ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلدى، ئۇ ئايال قورققىنىدىن غال ـ غال تىترەيتتى. مەن ئەلۋەتتە ھېچنېمىدىن قورقمايمەن ـ دە، بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئۇ كىشى مېنىڭ شۇنچە چۈشەندۈرۈشۈمگە قۇلاق سالماي، ئىككىمىزنى ج خ ئىدارىسىگە ئېلىپ باردى. تاڭ ئېتىش ھامان سوراق قىلىندىم. ئۆيدىكىلەرنىڭ يۈزىنى تۆككەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلاتتىم. ساقچىلار تۇنجى قېتىم گۇناھ سادىر قىلغانلىقىمنى نەزەرگە ئېلىپ، تەربىيە قىلىپ، قويۇپ بەردى.

ئەسلىدە مەن ئۇ بۇزۇقنىڭ خېرىدارلىرىنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ئىكەنمەن. پۇلۇممۇ يوق بولدى، شەھەردە تۇرۇشنىڭمۇ ئىمكانىيىتى قالمىغاندى، توساتتىن ئۆمرۈم ئۈزۈلۈپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشنى بىلمەيتتىم، يۇرتقا قايتاي دېسەم، ئاتا ـ ئانام بالدۇرلا تۈگەپ كەتكەن. ئۆيگە قايتسام بەربىر قېرىنداشلىرىمغا يۈك بولۇپ قالغۇدەكمەن. ھېلىمۇ يەڭگەم مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئۆيدىكىلەر بىلەن نەچچە قېتىم جېدەللىشىپ بولدى. ئاخىر يەنىلا قىسمىغا قايتىش قارارىغا كەلدىم. بىز بىرلىكتە ھېلىقى ناخشىنى ئېيتىمىدۇقمۇ؟ قىسىم بىزنىڭ ئائىلىمىز...

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان سەپداشلىرىنى كۆردى ۋە كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشكە باشلىدى.

— تۇەنجاڭ كەلدى، — سىرتتا كىمنىڭدۇر توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

خۇا لاۋيۈ ئىشتىن چۈشۈپلا، باشقىلاردىن ئۇنىڭ ئۇچرىغان كۆلپەتلىرىنى ئاڭلاپ بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىگە ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن قۇلاق سالدى. لېكىن، ئۇنىڭ كېلىش مەقسىتى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشتىن ئەمەس ئىدى. ماي توشۇش تۇرۇبا لىنىيەسى قۇرۇلۇشىنىڭ قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭمۇ ئازابلانغان، ئۆمىدسىزلەنگەن چاغلىرى بولغان، لېكىن ئۇنىڭغا شۇنىسى ئېنىقكى، ھەرقانداق بىر ئىشتا ئۇ ھېسسىيات جەھەتتىن زىنھار تەۋرىنىپ قالماسلىقى، ھەر ۋاقىت سوغۇق قان، سالماق بولۇشى كېرەك! ھەرقانداق كىشىگە پەرۋەردىگار ئۆزىنى تاش يۈرەك قىلىپ يارىتىپ قويغانلىقىنى ئىسپاتلىسالىشى كېرەك! ئۇ فېڭ گاۋچۈەننىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، تەسەللى بەردى:

— كۆڭلۈڭدە قىسمىنى ئويلاپ، قايتىپ كەلگىنىڭ ياخشى بوپتۇ. بىز ھەممىمىز سىنى قارشى ئالىمىز.

فىيڭ گاۋچۇەننىڭ تەسىرلەنگەنلىكىدىن يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

— قاچان قايتىسەن؟ سىنى يەنە بىر قېتىم ئۇزىتىپ قويايلى.

— تۇەنجاڭ، مەن قايتمايمەن، يەنە داۋاملىق قىسىمدا ئىشلەيمىكىن، دەيمەن.

— ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ سالامەتلىكىڭ بۇنىڭغا ھەرگىز يار بەرمەيدۇ.

— ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك ئۆمرۈمنىڭ قالغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن. دىمەك، قىسىمغا يەنە بەش يىل ئىشلەپ بىرەلەيمەن.

— قالايمىقان سۆزلىمە. قىسىمدا قال دىگەندە جىدەللىشىپ، قىسىمدىن ئۆزۈڭ كەتتىڭ، ئەمدى بولغاندا ئۆزۈڭ قايتىپ كەپسەن. بۇ يەرنىڭ نەرى ياخشى؟ بۇ يەر ئۆلۈشكىمۇ ئەرزىمەيدۇ!

— تۇەنجاڭ، قىسىمدا مەن قىلغۇدەك ئىش يوقمۇ؟ مەن لىيەندە مۇئاۋىن لىيەنجاڭ بولغان، قۇرۇلۇش لىيەنىدە ئازراق بولسىمۇ ئەجرىم بار، يەنە قۇربان بولغان سەپداشلىرىم بار.

— توغرا، سىنىڭ ھەقىقەتەن قىسىمدا تۆھپەڭ بار. قىسىم سىنىڭ ھالىڭدىن بىر ئۆمۈر خەۋەر ئالسىمۇ ئەرزىيدۇ. لېكىن، ھازىر بولمايدۇ. بۇ يەردە تۇرساڭ قىسىمدىكىلەرگە پاسسىپ تەسىر بىرىپ قويىسەن.

— تۇەنجاڭ، مىنى چوقۇم كېتىسەن، دىمەكچىمۇسىز؟

خۇا لاۋيۈ بىشىنى لىڭشىتتى:

— شۇنداق، قايتىپ كەتكىن، قۇرۇلۇش تۈگىگەندىن كىيىن، مەن ئادەم ئەۋەتىپ سىنى يوقلايمەن. سىنى قىسىمغا قايتۇرۇپ ئەكىلىپ، ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە ھالىڭدىن خەۋەر ئالىمەن.

— ھاجىتى يوق! — فىيڭ گاۋچۇەننىڭ كۆزلىرىدىن

ھەسرەتلىك ياشلىرى تاراملايتتى.

ئۇ شۇ كۈنى كېچىدە، ئۇن ـ تىنسىز كېتىپ قالدى، بۇ ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ ھەممىسى قاتتىق ئۇيقۇدا ئىدى. ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، خۇددى ئەرۋاھتەك شىمال تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ سەپداشلىرى بىلەن خوشلىشىشنى خالىمىدى. ئويغىتىشنى خالىمىدى. چۈنكى، خوشلىشىشنىڭ ئۆزى كۆز ياشتىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ بۇ دۇنيادا كۆز ياشنىڭ ئەڭ ئەسقاتمايدىغان، كېرەكسىز نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ ئەمدى ھېچقانداق لازىمى قالمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن ئوخشايدۇ. ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنىڭ پەرقىمۇ دەل ئىشقا ياراش ياكى يارىماسلىقتا بولسا كېرەك.

ئىككىنچى كۈنى خۇا لاۋيۈ 4 ـ لیەندىن ئايرىلدى. سىياسىي كومىسسار جوۋ فېڭجى ئۇنىڭغا تېلېفون ئارقىلىق ئېگىزلىك ھاۋا رايىنىڭ ئەكس تەسىرىدىن، تەكشۈرگۈچىلەر پەقەت يېقىن ئارىلىقتىكى بىرقانچە بۆلەك يولنى تەكشۈرۈپلا، گېئېرمۇغا قايتىپ كېلىپ، بېيجىڭغا قايتىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ تېزدىن تاغدىن چۈشۈشىنى جىددىي ئۇقتۇردى.

گېئېرمۇنىڭ كىلىماتى قۇرغاق بولۇپ، قار دۆۋىسىنى، قويۇق تومانلارنى چىلىقتۇرغىلى بولمايتتى. بۇ يەردە قۇياش نۇرىنىڭ مول بولمىغىنى ياخشى، بولمىسا سۇنىڭ پارغا ئايلىنىپ كېتىشى بولۇپمۇ ئادەم بەدىنىدىكى سۇ تەركىبىنىڭ پارلىنىپ كېتىشى تېزلىشىپ كېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، خۇا لاۋيۈنىڭ كەلگۈچە ئۇسسۇزلۇقتىن ھالى قالمىغان، ئاغزى قۇرۇپ، پۈتۈن بەدىنى ئوتتەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇ جوۋ فېڭجىنىڭ چىراي ھالىتىدىن ئاز ـ تولا كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلدى. راست دېگەندەك، جوۋ فېڭجى ئۇنىڭغا تەكشۈرۈش

گۈزۈپپەسەندىكلەرنىڭ قۇرۇلۇشنىڭ سۈپەت ۋە سۈرئىتىدىن ئىنتايىن نارازى بولغانلىقىنى، ھەممىنى يەنە قايتىدىن قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئۆلارنىڭ پەرىزىچە، ئەسكەر كۈچىنى بىر ھەسسە كۆپەيتكەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ، قۇرۇلۇشنىڭ تاماملىنىشىغا بىر يىل ۋاقىت كەتكۈدەك.

— قۇرۇق گەپ، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپتۇ.

— ئۆلارنىڭ قارىشىچە، قىسمىدا ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى ئېغىر، يەنى مەسئۇلىيەتكە چېتىلىدىغانلىرىمۇ، ئېگىزلىك كىلىماتىنىڭ تەسىرىدىن كۆرۈلگەن ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن، ئۆلۈم - يېتىم ۋە يارىلىنىش جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، بۇ ھادىسە پۈتۈن دۇنيادىكى مۇشۇ خىل قۇرۇلۇشلارغا سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىكەن. ئۇرۇش مەزگىلىدىمۇ بۇنداق ئېغىر ئاقىۋەتنى كەچۈرۈشكە بولمايدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىنى خاتا مەلۇم قىلىشتەك خاتالىقلارغا يول قويۇلغان.

— پەرۋەردىگار ئۆلارنى ياشىغلى قويمىسا، مەندە يەنە نېمە ئامال؟

— تەكشۈرۈش گۈزۈپپەسەندىكلەرنىڭ ئېگىلىشىچە، قۇرۇلۇش لىنىيەسىدىكى ھەربىيلەر بىلەن يەرلىك ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس ئىكەن. توتو دەرياسىدىكى ماگىزىنلار، چارۋىچىلارنىڭ قوي - كالىلىرى بۇلىنىپتۇ. قىسىم، يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە مۇناسىۋەتلىك ھەمكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ياخشى ئەمەس ئىكەن. ئارمىيە - خەلق ئورتاق قۇرۇش تۈرىمۇ يوق ئىكەن.

— ئورتاق قۇرۇش ئۈچۈن پۇل كېتىدۇ. مېنىڭ نەدىمۇ پۇلۇم بولسۇن؟ بىز بولساق خەلقنىڭ پەرزەنت ئەسكەرلىرى، ئاممىغا تايىنىپ ياشايمىز. بۇ مۇناسىۋەتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتمەسلىك كېرەك. ھازىر ئەسكەرلەر ئەسكى چېدىر

ئۆيدىمۇ تۇرالمايۋاتسا، بىزدىن شۇنچە نۇرغۇن ئادەم چىقىم بولدى. قۇربان بولغانلار مەيلى ئوفىتسېر، مەيلى ئەسكەر بولسۇن، ئۇلارغا جەسەت ساندۇقى سېتىۋالغۇدەك پۇلمۇ يوق، نەدىكى پۇلغا ئالىمىز. تاغدا ئوكسىگېن كەمچىل، لېكىن بىزنىڭ جىددىي ئەھۋالدا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئوكسىگېندان ئىلىشقىمۇ پۇلىمىز يوق، تۆەن ئىشتابىمىزغا قاراپ باقايلى، ھەممىسى كېسەكتە سېلىنغان ئەسكى ئۆي. بىر گەپنىڭ ئىككىسى بولسا مۇناسىۋەتنى ياخشىلاڭلار، دەيدۇ. بۇنىڭغا نەدىمۇ راسخوتىمىز بولسۇن؟ ئەسكەرلەرنىڭ ئاغزىدىكىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارغا ئىككى قوللاپ تۇتساق بولىدۇ شۇ. شۇنداق بولغاچقا، مۇشۇ كۈنگە قالدۇق.

— ئۇلارنىڭ تەكشۈرىدىغىنى نەتىجە، ھەرگىز سەۋەب ئەمەس.

— ئاتا - ئانىسى بولمىسا، ئۇلار نەدىن تۆرىلىپتۇ؟ كۆلكىلىك ئىش - دە!

تېخىمۇ يامان بولغىنى شۇكى، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كەتكەنىدى. چۈنكى، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللىرى ئۆزلىرىنىڭمۇ بۇ ئۆلۈم پۇراپ تۇرغان يەردە، بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئۇلار ھېچقانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارمىدى. پەقەت پومپا پونكىتىنىڭ لايىھەسى بىلەن چېرتيوژىنى تېزرەك باش ئىشتاب تېخنىكا باشقارمىسىغا يوللاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

— ئەمىسە مېنى نېمىشقا چاقىرتتىڭ؟

— لاۋيۈ، شۇنىمۇ ھېس قىلالمىدىڭىزمۇ؟ — جوۋ فېڭجى خاپىلىقتىن سەكرەپ كەتتى، — باشقىلار بىزنىڭ چوقۇم مۇشۇ يەردە ساقلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى. بىر تەرەپ قىلىنىشنى كۈتىدىكەنمىز!

— قانداقلا جازا بولسا مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن. ھەرقانچە

ئىش بولسىمۇ، قۇرۇلۇشنى توختىتىپ، بىزنى ئۆيىمىزگە قايتۇرۇۋەتمەس.

— مېنىڭ ئەندىشە قىلىدىغىنىممۇ دەل شۇ! — جوۋ فېڭجىنىڭ كۆڭلى غەش ئىدى.

شۇ رۇدا ئۇدا بەش ئاخشام ئۇخلىمىدى. ئۇ دەم ئېلىشنى كۈندۈزگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. چۈنكى، كۈندۈزى كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئادەملەر كۆپ بولغاچقا، پۈتۈن زېهنىنى خىزمەتكە مەركەزلەشتۈرەلمەيتتى. ئۇنىڭ كۆز كېسىلى هەرهالدا ياخشىلىنىپ، ئىلگىرىكىدەك ياش ئاقمايدىغان، ئاغرىقىمۇ توختاپ، توختىماستىن ئۇۋۇلايدىغان ئىشلارمۇ خېلى بېسىققانىدى. ئۇ ئەسلىدە كەسپتە پىشقان زىيالىي ئىدى. لېكىن، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، بۇرۇنقىدەك چاقماق كەبى تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىدىن قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ بۇ هالدىن قاتتىق هەسرەتلىنەتتى. ئەگەر ئۇ زىيالىيلارنىڭ هېچقانچە ئورنى بولمىغان بۇ نەس باسقان يەرگە باشتىلا بۆلۈنمىگەن بولسا، ئاللىبۇرۇن ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، داڭلىق باش لايىهەلىگۈچى بولۇپ قالىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. بەش كۈندىن كېيىن، شۇ رۇدا روهسىز هالدا تەييارلىغان لايىهە بىلەن چېرتيوژنى خۇا لاۋيۆگە تاپشۇردى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ياتىقىغا قايتىپ، هەسرەت ئىلكىدە كۆزىنى ياش چىققۇچە ئۇۋۇلىدى. ئۆز - ئۆزىدىن: «مەن راستىنلا تۈگەشكەندىمەنمۇ» دەپ سورايتتى - يۇ، كۆڭلىدە بۇ رېئاللىققا هەرگىز تەن بەرگۈسى كەلمەيتتى. يېرىم سائەتتىن كېيىن، تۈەنجاڭ لايىهە بىلەن چېرتيوژنى قايتۇرۇپ كەلدى. لايىهە بىلەن چېرتيوژ تەستىقتىن ئۆتكەنىدى.

— تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن بولدىمۇ؟ — تەشۋىش ئىلكىدە سورىدى.

— بىرەر چاتاق بارمىدى؟
— سىز ئەسلىي يىغىن ئېچىپ، تۆەندىكىلەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقسىڭىز بولاتتى.
— بۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟
— بۇ دېگەن تەرتىپ.
— كىم بەلگىلىگەن تەرتىپكەن ئۇ؟ مەن ئەجەب بىلمەيدىكەنمەن. مەن چېغىمدا كۆرۈپ ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم. ئۇلار قانداقمۇ پىكىر بايان قىلالىسۇن؟
شۇ رۇدا ئاچچىق كۈلۈپ قويىدى ۋە چېرتيوژغا باشتا مۇنداقلا كۆز يۈگۈرتۈپ، ئاندىن تەپسىلىي قاراپ چىقتى ـ دە، ۋارقىرىۋەتتى:
— خاتا بوپتۇ، خاتا بوپتۇ. مۇشۇنداق روشەن خاتالىق تۇرسىمۇ يەنە نېمىشقا ئىمزا قويىسىز؟
— نەرى خاتاكەن؟
— مانا بۇ يەر، سانلىق مەلۇماتلار، يەنە بار، پومپا بىلەن يەر يۈزىنىڭ ئارىلىقى بەك يېقىن، ئاستى بولسا مۇزلۇق قەۋەت، ئازراقلا ئىسسىقلىق ئۆتكۈزىدىغان بولسا شۇ زامان ئۇلتۇرۇشۇپ كېتىدۇ.
— ئۇنداق بولسا تۈزىتەيلى!
شۇ رۇدا چېرتيوژغا قارىغانسېرى ئۇنىڭدىكى سان ـ سېپىرلار، تەسۋىرلەر، لەيھەلەرنىڭ ھەممىسىدىلا چاتاق باردەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ خاتالىقلار بۇزۇپ دۈۋىلىۋېتىلگەن خىش پارچىلىرى، كېرەكتىن چىققان تۇرۇبا ۋە ماي پومپىسىغا ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇۋاتاتتى. ئۇ قاتتىق ساراسىمە ئىلكىدە چېرتيوژنى ئۇستەلگە تاشلاپ، يىغلامسىرىغان ھالدا دېدى:
— تۆەنجاڭ، مەن تۇگىشىپتىمەن.
— ئۇنداق ئەمەس، مەن بولىدۇ دېگەنىكەنمەن، چاتاق يوق.

پۈتۈن تۈەن بويىچە قايسىبىر ىنىڭ قولىدىن بۇنداق ئىش كەلگۈدەك؟ پەقەت سەن شۇ رۇدانىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. مۇشۇنچىلىك قىلالىغىنىڭنىڭ ئۆزى غەلىبە. پومپا قۇرۇلۇشىغا كەلسەك، ئەمەلىي قۇرۇلۇش جەريانىدا مەن ئۆزۈم بىر ئامال قىلىمەن. بولدى، بولدى. سەن بۇ چېرتيوژنى باش ئىشتابقا ئاپىرىپ بەرگىن.

شۇ رۇدا ئازاب بىلەن كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

شۇ رۇدا پۈتۈن بىر كېچە ئولتۇرۇپ، ئۇيقۇسىزلىقتىن بېشى لوقۇلداپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكۈچە چېرتيوژنى تۈرلەر بويىچە ئىنچىكە تۈزىتىپ چىقتى. تاڭ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇش سىگنالى چېلىنغاندا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى ۋە ئۇيقۇچىلىقتا بىراۋنىڭ ئۆزىگە نەشتەردەك تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە، ئۈستەل ئالدىغا كەلدى. ئۇ كېچىچە مارافونچىلاپ، بەجانىدىللىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ھېسابلاش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، كۆڭلىنى ھېچ توختىتالمىغان، چېرتيوژدىكى سۇ پومپىسى خۇددى سامادا ئېسىلىپ، ماي باكلىرى بولسا كۆۋرۈك گۈندىلىرىدەك پومپىغا تىرەلگەن ھالەتتە كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتى – دە، ئۆزىنىڭ قان – تەرى سىڭگەن نادىر ئەسىرىگە تەئەججۈپ ئىلكىدە بىرپەس ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئاستا – ئاستا كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالماي قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەتراپ تۇندەك قاراڭغۇ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە، خۇددى مەست بولۇپ قالغاندەك بىلىپ – بىلمەي قەدىمىنى يۆتكىۋىدى، داس سۆڭىكى ئۈستەلگە ئۇرۇلدى. يەنە مېڭىۋىدى، يەنە ئۇرۇلدى. ئاخىر بېرىپ ئىشىككە تىرىلىپ قالدى. ئۇ ئاشۇ خاموشلۇق ئىلكىدە ئىشىكنى ئېچىپ ھويلىغا چىقىپ، كۆككە تىكىلگىنىدە، ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگىنى قۇياش ئەمەس، قارىيىپ كەتكەن كۆرۈمسىز چىراي

بولدى. تۇساتتىن ئاشۇ چىرايىغا تولىمۇ ماسلاشقان يوغان ئېغىزدىن تۆۋەندىكى زەھەردەك سۆزلەر ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى:

— سەن قارىغۇ بولۇپ قالدىڭ، قارىغۇ، قارىغۇ !

ئۇ ئىچىدە چۇقان كۆتۈرگەندى. تۇيۇقسىزلا كالىلىسى ئېچىلىپ، كۆز ئالدىدا چېرتيوژنىڭ يېڭى بىر بېتى نامايان بولدى. ئۇنىڭدىكى ھەربىر سان ـ سىپىر، ھەربىر سىزىقچىلار شۇنچىلىك توغرا، قىلچىمۇ خاتاسىز ئىدى.

— تۇەنجاڭ، — ئۇ ۋارقىرىغاچ ئالدىغا قاراپ يۇگۇرۇۋىدى، كۇتۇلمىگەندە، نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۇشتى، لېكىن ئۇ خۇددى بىرسى ئۇنى تۇتۇۋالىدىغاندەك ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، يەنە يۇگۇردى.

— لاۋ شۇ، ساڭا نېمە بولدى؟

— مەن ماڭدىم، مەن چېرتيوژنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بېيجىڭغا كۆرسەتكىلى ئېلىپ بارماقچى.

— ئاپتوبۇس بىلىتى ئەتىنىڭكى!

— ئەتىنىڭكى؟ بولمايدۇ، ھەرگىز بولمايدۇ! ئەتىگە قالسام ساراڭ بولۇپ قالىمەن. ھازىرلا يولغا چىققىنىم ياخشى. مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا يولغا چىقىمەن!

ئۇ خۇا لاۋيۈنى ئىتتىرۋېتىپ، بىرنەچچە قەدەم مېڭىشى بىلەن تامغا بېرىپ ئۇسۇۋالدى ۋە تەلۋىلەرچە ۋارقىرىدى:

— ئاناڭنى، ھارامزادە ! يولۇمنى توسقۇچى بولما. ئەگەر باش ئشتاب لايىھەيمنى ئىنكار قىلىۋېتىدىكەن، شۇ يەردىلا ئۆلۈپ بېرىمەن. يۇزۇمنى كۆتۈرۈپ قېشىڭلارغا كېلىپ يۇرمەيمەن! — ئۇ تامغا كۇچەپ بىرنى تېپىۋېتىپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلدى ـ دە، خۇا لاۋيۈنىمۇ ئۇرۇپ ـ تېپىپ، داۋاملىق ۋارقىرىدى، — يولۇمنى توسما دەيمەن. ئەگەر سەن مېنى توسمىغان بولساڭ، مەن ئالىلىبۇرۇن بۇ يەردىن كەتكەن بولاتتىم !

خۇا لاۋيۇ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

— تۇەنجاڭ ... — ئۇ تەرسالىق بىلەن ۋارقىرايتتى، ئەلەم بىلەن يىغلايتتى، — مەن قارىغۇ بولۇپ قالدىم، مەن قارىغۇ...

ئەكسىچە خۇا لاۋيۇنىڭ يەكۇنى بولسا ئۇ قارىغۇلا ئەمەس، ئەقلىدىنمۇ ئېزىپ قالغاندى ! تىمتاسلىق ! شۇ رۇدانى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىنكى كۈنلەر ئەنە شۇنداق جىمجىتلىق ئىلكىدە ئۆتمەكتە ئىدى. ئەمەلىيەتتە بارلىق ئۆزگىرىشلەر ئەنە شۇ تىمتاسلىق ئىلكىدە يۈز بەردى.

# تۆتىنچى باب

# قارا دېڭىز

نويابىر كىرىشى بىلەن ئېگىزلىكتە يەنە قار ئۇچقۇنداشقا باشلىدى. چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدە قەدىمدىن تارتىپ هازىرغىچە هۆكۈم سۈرگەن تىمتاسلىقتىن ئۆزگىچە بىر خىل بۇرۇقتۇرما يېگانىلىكنىڭ هىدىمۇ گۈپۈلدەپ پۇراپ، ئاشۇ قاقاس رايوننىڭ قاباھەتلىك سوغۇقى جاپا ـ مۇشەققەت ئىلكىدە هايات كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان خەلقنى يەنە بىر قېتىم قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. لېكىن، ئۇلارنى قوتۇلدۇرغۇچى خۇا لاۋيۈمۇ ئەمەس، شۇنداقلا تەبىئەتنىڭ ئاشۇ قاباھەتلىرىگە يۈزلىنىپ، ئۆلسىمۇ تىز پۈكمەيدىغان ئېگىلمەس ـ سۇنماس روهمۇ ئەمەس ئىدى. باش ئىشتاب نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبا لىنىيەسى قۇرۇلۇش ئەترىتىنى قۇرۇلۇش نۇقتىلىرىدىن چېكىنىپ، گېئېرمۇغا يىغىلىپ، ئارام ئېلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى.

تاڭگۇرا ئېگىزلىكىدىن ئايرىلىش ئالدىدىكى ئاخىرقى كۈنلەردە خۇا لاۋيۈ قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ چېكىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم 4 ـ لىيەنگە كەلدى، ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتە ۋاڭ تيەنچىننىڭ ئايالىنىمۇ باشلاپ كەلگەنىدى.

بۇ ئايال ۋاڭ تيەنچى بىلەن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بېجىرمىگەنىدى، چۈنكى ئۇ بۇ ئىشتا يەنىلا دېلىغۇل ئىدى. ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى ئىككىلىنىشمۇ تۈگىدى. ئۇ

مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈگىتىپ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ: «تۇرمۇش جاپا چېكىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەن! ناۋادا ياتلىق بولسامۇ بەختكە ئېرىشكەنلىكىمدىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، يەنە ئالدىراپ ئەرگە تېگىپ ئازاب چېكىپ نېمە قىلىمەن» دەپ ئويلايتتى. ئۇ تۇرمۇشىدىكى ئازابلىق ئەسلىمىلەرنى ئۇنتۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنتۇيالمىدى. ۋاڭ تيەنچى بىلەن تونۇشۇپ ئۆلۈپ كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئون ئۈچ يىل ئۆتتى. ئۇنىڭ ئەسلىمىلىرى ھامان ۋاڭ تيەنچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭا، ئۇ دائىم ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ، مەرھۇمنىڭ يېنىغا بالدۇرراق كېتىشنىلا ئويلايتتى، ئەمما ئۇنداق قىلالمايتتى. پەقەتلا ئۇنىڭ قەبرىسىگە كېلىپ ئۇنى ياد ئېتىپ قەغەز كۆيدۈرەلەيتتى. ئايال كىشى ئاجىز كېلىدۇ - دە! بىراق، لىيەندۈيگە كېلىشى بىلەن ئۇ ئۆزىنى ئاللىقاچان ۋاڭ تيەنچىنىڭ خوتۇنى ئەمەستەك ھېس قىلىپ قالدى. ئەتراپنى قاپلىغان جۇت - شۇۋىرغان، جەڭچىلەرنىڭ سوغۇق نەزەردە قاراشلىرىدىن ئۇ ئۆزىنى ئەرلەردىن ناھايىتى يىراقلاپ كەتكەندەك سېزەتتى. لىيەن ئىشتابىدا ئاشپەزلەر بەنىدىكىلەر ئۇنىڭغا تاماق ئەكېلىپ:

— يەۋېلىڭ، ھەممىنى يەۋەتمىسىڭىز بولمايدۇ، لىيەندۈيدە مال باقمايمىز، ئېشىپ قالغان تاماقلار ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى دوق قىلىپ.

بۇنداق ئەھۋالدا تاماقنى يا يەپ تۈگىتىش، يا بولمىسا يېمەسلىك كېرەك. ئۇ كېيىنكىسىنى تاللىدى. يېرىم سائەت ئۆتۈپ، ئاشپەزلەر بەنىدىن ئادەم كېلىپ چوكا تەگمىگەن تاماقنى ئاچىقىپ قاچىسى بىلەنلا تاشلىۋېتىپ، بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇراپ قويدى. ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ گېپىنى ئېنىق ئاڭلىيالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى بىزارلىق ئالامىتىنى ھېس قىلالىدى. كېيىن يەنە نۇرغۇن ئەسكەر ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى -

يۇ، ھېچقايسىسى چىش يېرىپ بىرنېمە دېمەستىن، سوغۇق نەزەردە قاراپ قويۇپ كېتىپ قېلىشتى. كېتىدىغان چاغدا بەزىلىرى غەلىتە ئاۋاز چىقىرىپ ۋارقىراشتى. ھەتتا بەزىلىرى چېدىرنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ قەستەن گېپىنى قىرىپ:
— ئۇنىڭ نەرى چىرايلىقكىن، شۇ ھالىغا لېيەنجاڭىمىزنى ياراتماي يۈرۈپتۇ ! — دېيىشتى.
— قاراڭلار، ئۇنىڭ چىرايىدا ئازابلىنىش دېگەندىن قىلچە ئەسەر يوق !
— ئۇنى قوغلىۋېتەيلى !
خۇا لاۋيۈ چېدىرغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ، چىرايىغا زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ، تاغدىن - باغدىن سۆزلىگىلى تۇردى. ئاياللار ئەرلەرنىڭ ياسالمىلىقىنى ناھايىتى ئاسانلا سېزىۋالىدۇ. خۇا لاۋيۈ سۆزلەپ سەل بېسىققاندىن كېيىن ئۇ ئايال:
— تيەنچى ئۆلدى، ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.
خۇا لاۋيۇ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي، قارىسىغىلا بېشىنى لىڭشىتتى.
— ئۇلار ئىنقىلابىي قۇربان ھېسابلانامدۇ؟ بۇ قانداق بولغىنى؟ تيەنچى بارلىقىنى قىسمىغا ئاتىغان ئەمەسمىدى؟
بۇ سۆزلەر خۇا لاۋيۈنىڭ يۈرىكىگە خەنجەردەك سانجىلدى، ئۇ ئارامسىزلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئايال بىر بولاق سېرىق قەغەزنى چىقاردى.
— تيەنچىنىڭ قەبرىسى نەدە؟
چۆل - باياۋادىكى قارا تۇمانلار ئارىسىدىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغلار ئاستا - ئاستا كۆزدىن غايىب بولماقتا ئىدى. ئىزغىرىن شاماللار تەبىئەتكە تاتىراڭغۇ سۇلكەتتىكى تەبىئىي كۆرۈنۈشلەرنى ئاتا قىلغانىدى. خۇا لاۋيۈ ئۇ ئايالغا ھەمراھ بولۇپ ئۆلگەنلەر دەپنە قىلىنغان سۈكۈتتىكى قورغان تەرەپكە يۈرۈپ

كەتتى. ئايال كۆز ئالدىدىكى قالايمىقان ھالەتتىكى قەبرىلەرگە نەزەر تاشلىدى.
— ئاۋۇ تەرەپتىكى 5 ـ قەبرە شۇ، — دېدى خۇا لاۋيۈ بوش ئاۋازدا.
ئۇ ئايال قەبرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىشەنمىگەندەك قايرىلىپ خۇا لاۋيۈگە قارىدى. خۇا لاۋيۈ «ئاشۇ شۇ» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى. ئايال قەبرىنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، سېرىق قەغەزلەرنى تاش پارچىسى بىلەن باستۇرۇپ قويۇپ، بىردەم نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ئاندىن توپىنى بىر ئوچۇمدىن تاتىلاپ تاكى بىر ئورەك ھاسىل بولغۇچە كولىدى. ئېرىنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە نېپىز بىر قەۋەت يېڭى توپىنى چاچقاندىن كېيىن، ئازاب بىلەن تىزلاندى. بىرئازدىن كېيىن ئالىقىنى بىلەن يېڭى توپىنى تۈزلەپ تۇرۇپ، بارمىقىنى چىقىرىپ تىترىگىنىچە «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ يازدى.
ئۇ تۇيۇقسىز يىغلاپ تاشلىدى، ئارقىدىنلا ئۆزىنى تاشلاپ ئىككى قولى بىلەن قەبرىنى كۆچەپ تاتىلاشقا باشلىدى.
— تيەنچى، مەن كەلدىم، سىزنى كۆرگىلى كەلدىم...
ئۇ يىغلايتتى، تاتىلايتتى، تاتىلاۋېرىپ ئاخىر قەبرىدىن بىر تۆشۈك ئاچتى. ئۇ بىلىكىنى سوزۇپ، يېنىچە يېتىپ قولىنى كۆچەپ تۆشۈككە تىقتى.
— تيەنچى، مەن كەلدىم...
ئۇ قولىنى تېخىمۇ ئىچكىرى تىقالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى بولغاي، بىلىكىنى چىقىرىۋېلىپ، مەيدىسىنى تۆشۈككە يېقىپ، قەبرىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى. خۇا لاۋيۈ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزماقچى بولدى. ئەمما، ئۇ قەبرىنىڭ ئۈستىدە يېتىۋېلىپ تۇرغىلى ئۇنىمىدى، كۆزى بىر نۇقتىغا تىكىلگەندى، لەۋلىرى تىترەيتتى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ دىمىقىدا بىرنەرسىلەرنى شىۋىرلايتتى. خۇا لاۋيۈ ئۇنى بولالماي قالدى دەپ ئويلاپ، تارتقۇچلاپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇ تارتىشقىنىچە

يىغلاپ، ۋارقىراپ خوۋا لاۋيوّنى ئىتتىرىۋېتىپ، قەبرە تەرەپكە يوگۈرگىنىچە يىقىلىپ چۈشتى، خوۋا لاۋيو بىرىپ يۆلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى، خوۋا لاۋيوّنىڭ ياخشى كۆڭلى ئۇ ئايالنىڭ يىغىسىنى تېخىمۇ ئەدىتىۋېتەتتى، تاڭگۈراغا تۈنجى چىققان كىشىلەرگە نىسبەتەن چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ھەرقانداق ئازاب ـ ئوقۇبەت ئۆلۈمگە يېقىنلاشتۇرۇشى مۇمكىن ئىدى.

بىرقانچە ئەسكەر كېلىپ، ئايال قەبرىگە ئۆزىنى تاشلىغان چاغدا شامال ئۇچۇرتۇپ كەتكەن سېرىق قەغەزلەرنى تېرىشتۇردى.

— يەڭگە...

ئۇ تىترىگەن ھالدا قەبرىنىڭ ئۈستىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەسكەرلەرگە قارىدى.

— يەڭگە، يىغلىماڭ، ليەنجاڭنى خاتىرجەم ياتقىلى قويۇڭ، ئۇ ئەزەلدىن ياش تۆكۈپ باقمىغان، يىغلىغانلارنىمۇ ياخشى كۆرمەيتتى.

ئۇ سۈرۈلۈپ بىرىپ تىزلاندى. تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يانچۇقىدىن سەرەڭگىسىنى چىقىرىپ، قەغەزلەرگە ئوت ياقتى. ئوت ئۇچقۇنلىرى ھەر تەرەپكە ئۇچاتتى، بىردىنلا ئۇنىڭ چاپىنىغا ئوت تۇتىشىپ كەتتى. ئەمما، ئۇ مىدىرلاپمۇ قويمىدى، ئەسكەرلەر ئۇنى بىر ياققا تارتىپ، چاپىنىغا تۇتاشقان ئوتنى تېزلىكتە ئۆچۈرۈۋالدى. ئۇ ئەسكەرلەرنى ئىتتىرەتتى، يىغلاۋېرىپ ئاۋازى چىڭ ئېتىلمىگەن جۇمەكتىن تامچىلاۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ قالدى. ئۇ قەغەزلەر كۆيۈپ، ئۆچەي دېيىشكەندە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاپ، بېشىنى يەرگە ئۇردى. ئۇنىڭ ئالدىدا بايا سېرىق قەغەزلەرنى بېسىپ قويغان ھېلىقى تاش بار ئىدى. خوۋا لاۋيو ۋارقىرىغىنىچە يوگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى يۆلىدى، ئەمما ئۇنىڭ بەدىنى بوشىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆرە تۇرغۇزالمىدى. ئايالنىڭ چاچلىرى

ئارىسىدىن سىرغىپ چىققان قان خۇا لاۋيۈنىڭ كىيىملىرىنى بۇلغىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يېرىم ئوچۇق ھالەتتە ئىدى.

— تېز، ئۇنى كۆتۈرۈپ مېڭىڭلار! — دېدى خۇا لاۋيۈ ئەسكەرلەرگە.

ئەسكەرلەر ئايالنى كۆتۈرۈپ خۇا لاۋيۈنىڭ جىپ ماشىنىسىغا سالدى. ماشىنا قوزغالدى. خۇا لاۋيۈ ئۆزىنى قانداقتۇر بىر ئۆلۈم خەۋىرىنى كۈتۈۋاتقاندەك ئويلاپ قالدى. چۈنكى، بۇ يەردە ئۆلۈش نورمال ئىش، ھايات قېلىش مۆجىزە ھېسابلىناتتى. بىراق، ئۇ ئايال ئۆلمىدى. خۇا لاۋيۈنىڭ تېخىمۇ كۈتمىگەن يېرىدىن چىققىنى، ئۆكتەبىردىكى قارلىق كۈنلەردە كۈئىنلۈن تېغى، كۆكشىل تېغى، تاڭگۇرا تېغى ھەمدە شىمالىي شىزاڭ ئېگىزلىكىدىن بىر - بىرلەپ چېكىنىۋاتقان يارلىق ليەندۈيلەردىن ھېچكىم ئۆلمىدى. ئېھتىمال، تەڭرى ئىنسانلارنىڭ بۇنداق مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان ھەرىكەتتىن ھۇزۇرلىنىپ، تۇيۇقسىزلا شەپقىتىنى ياغدۇرغان بولسا كېرەك!

دېكابىردا گېيئېرمۇنىڭ ھاۋاسى تۇيۇقسىز ئىللىپ كەتتى. كۆكتىكى قار ئۇچقۇنلىرى يەرگە چۈشۈشى بىلەنلا پارغا ئايلىنىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلەتتى. باش ئىشتاب كومىتېتى ئەۋەتكەن بىر تېخنىك باشقارما باشلىقى بېيجىڭدا بەش كىشىلىك گۇرۇپپا تەشكىللەپ، گېيئېرمۇغا كېلىپ نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبا لىنىيەسىنى ئۆزگەرتىش لايىھەسىنى تۈزۈشكە كىرىشتى. لايىھە تېخى پۈتمەي تۇرۇپلا، باشقارما باشلىقى قۇرۇلۇش تۈەنىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. قۇرۇلۇش تۈەنى مۇستەقىل تۈەنگە ئۆزگەرتىلىپ، تۈەن باشلىقى مۇئاۋىن شى دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدىغان بولدى. سابىق تۈەنجاڭ خۇا لاۋيۈ بىلەن مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار جوۋ فېڭجى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇئاۋىن تۈەنجاڭ ۋە سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرى بولدى.

شىراڭدا تۇرۇپ ئۈچ يىغىننىڭ قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولۇۋاتقان يەنە بىر مۇئاۋىن تۇەنجاڭ ئىشتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. شۇ كۈنلەردە لى شياڭگومۇ دەرىجە ئاتلاپ ئۆستۈرۈلۈپ، 1 ـ يىغىننىڭ سىياسىي يېتەكچىسى بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى، قۇرۇلۇشتا ئېغىر سەۋەنلىك كۆرۈلۈپ، قىسمەن قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندە، ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى دەل ۋاقتىدا يۇقىرىغا مەلۇم قىلغاچقا، يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلار كەسكىن تەدبىر قوللانغاچقا، تېخىمۇ زور زىياننىڭ ئالدى ئېلىنغانىدى.

شۇ قېتىم ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقنى ئوۋلاش داۋامىدا، كېسەل بولۇپ قالغان لى شياڭگو بالنىستىتا يېتىپ داۋالىنىۋاتاتتى. ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن شۇ كۈنى ئۇ دوختۇر ـ سېسترالارنى ئەنسىرەتكۈدەك ئاۋازدا تۇيۇقسىز قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتكەنىدى. باشقىلار شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئوخشىماي قېلىۋاتقانلىقىنى، چىرايىدىن كۈلكە ـ تەبەسسۇم ئۈزۈلمەيۋاتقانلىقىنى كۆردى.

يېڭى رەھبەرلىك كوللېكتىپى تەشكىللەنگەندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى ئىش يىغىن ئېچىش بولدى. يىغىندا تەجرىبە ـ ساۋاقلار يەكۈنلىنىپ، خاتالىقلار تۈزىتىلدى، قۇرۇلۇشنى ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق خىزمەتلەر مۇزاكىرە قىلىندى. يېڭىدىن تەيىنلەنگەن تۇەنجاڭ دۇ باۋئەن يىغىن مەزمۇنىنى خۇلاسىلىگەندە:

—— ئۆتمۈش بىلەن خوشلىشىپ، كەلگۈسىگە يۈزلىنەيلى! —— دېگەن ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا سۆزىنى تۈگەتتى.

يىغىن تۆت كۈن داۋاملاشتى، تۇەندىكى لىيەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ ھەممىسى يىغىنغا قاتناشتى. خۇا لاۋيۈنىڭ جىم تۇرۇۋېلىشى يىغىن كەيپىياتىنى ئادەتتىن تاشقىرى سۇسلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. چۈنكى، ھازىرغا قەدەر، تۇەندىكى كۆپ قىسىم كادىرلارنىڭ نەزىرىدە خۇا لاۋيۈ يەنىلا بىردىنبىر مەركەز ھېسابلىناتتى. دۇ باۋئەن بۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، دەم ئېلىش

ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، جوۋ فېڭجى بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىنلا يىغىن كەيپىياتىدا ھەرھالدا ئاز ـ تولا ئۆزگىرىش بولدى. جوۋ فېڭجى چۈشتىن بۇرۇن نەق يېرىم كۈن ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تەكشۈرۈپ، ئاخىرىدا يىغلاپ، ماڭقىلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ توختىماي:

— شۇنچە كۆپ ئادەم ئۆلدى، يارىلاندى، كېسەل بولدى، بۇنىڭدا مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم يوقمۇ؟ مانا ئەمدى قايتا قۇرۇلۇش قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ، دۆلەتكە زور دەرىجىدە زىيان بولدى، بۇنداق چاغدا مەن بىر چەتتە قاراپ تۇرسام بولامدۇ؟ قىسىم بىلەن يۇقىرالار ئەمەلىيەتتە بىر ئائىلە كىشىلىرى، ئەمما بىز بۇ يەردە بىر ـ بىرىمىزگە ئىشەنمەي، ئۆچەكىشىپ يۈردۇق. مەن مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆزۈمنى خاتا قىلمىدىم دېيەلەمدىم؟ — ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە تەپسىلىي قارىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — قىسىم ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاتا قىلدى. ئەسكەر بولۇشتىن ئىلگىرى تاۋار ئاشلىق يەپ باقىقىنىمنى بىلمەيمەن، ئەسكەر بولمىسام بۈگۈنكى كۈندە مائاشلىق ئادەم بولالايتتىممۇ؟ ئەسكەر بولمىسام مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارغا ئايلىنالايتتىممۇ؟ ئەمما، مەن قىسىمغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلدىم، مەن ئۆزۈمنى تەكشۈرۈشۈم كېرەك...

لى شياڭگو دوختۇرخانىدىن ۋاقىتلىق ئېلىپ چىقىلىپ، يىغىنغا قاتناشتۇرۇلغانىدى. جوۋ فېڭجى سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ قىلچە ئېيمەنمەستىن كۈلۈپ تاشلىدى ۋە يۇقىرى ئاۋازدا:

— مەنمۇ ئۆزۈمنى تەكشۈرىمەن، مەنمۇ ئۆزۈمنى تەكشۈرۈشۈم كېرەك... — دېدى.

ئەمما، ئۇنىڭ ئۆزىنى تەكشۈرۈشى ھاجەتسىز ئىدى. شۇنداقلا بۇنى دۇ باۋئەنمۇ ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى. لى شياڭگو ئۆزى ئىنكاس قىلغان ئەھۋالنىڭ يەنىلا يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، داۋاملىق

تىرىشىدىغانلىقىنى، داۋاملىق ئىنكاس قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈر-
دى. ئۇ سۆزلەۋېتىپ توختىماي كۈلۈپ، يىغىن زالىدىكىلەرنى
جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. دۇ باۋئەن جوۋ فېڭجىنىڭ ئۆكۈنۈشىدىن
پايدىلىنىپ خۇا لاۋيۆگە ئۆزىنى تەكشۈرتكۈزمەكچىدى، بىراق
خۇا لاۋيۆ يىغىن ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا مەيداندىن چىقىپ كېتىپ،
قايتىپ كىرمىدى. چۈنكى، يىغىن ئۇنىڭغا خۇشياقمىغان، بولۇپ-
مۇ دىلى ئازار يېگەنىدى. خۇا لاۋيۆ ئىشخانىدا ئولتۇراتتى،
ئالاقىچى بىر پارچە خەتنى ئەكىلىپ بەردى. ئۇ ئېرىنچەكلىك
بىلەن كونۋېرتنى يىرتىپ خەتنى ئوقۇپ چىقتى. ئىچىدە بىرنەر-
سە دوملاۋاتقاندەك كۆڭلى ئارامسىزلاندى. خەت يەرلىكنىڭ
قىسىمغا ئەۋەتكەن ئۆلۈم ئۇقتۇرۇشى ئىدى. ئۆلگۈچى ئۇرۇق-
تۇغقىنى يوق فاڭ كۇەن ئىدى. خۇا لاۋيۆ ئۇقتۇرۇشنى قولىدا
مىجىقلاپ تۇرۇپ، قايغۇ، سېغىنىش ئىلكىدە ئۇنى ئەسكە ئالدى.
راست گەپنى قىلغاندا، خۇا لاۋيۆ سېغىنىشقا تېگىشلىك كىشى-
لەر ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆلگەنلەرمۇ، ھايات ياشاۋات-
قانلارمۇ، ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ بار! فاڭ كۇەننىڭ ئۆلۈم خەۋىرى
خۇا لاۋيۆنىڭ ھېسسىياتىدا داۋالغۇش پەيدا قىلىپ، ئىختىي-
يارسىز خوتۇننى ئەسلىتىپ قويدى، ئۇنىڭغا خوتۇنىمۇ ئاللى-
قاچان ئۆلۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. شۇ خىل قايغۇ ـ ھەسرەت،
يالغۇزلۇق ئىلكىدە ئۇ سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن: «فاڭ كۇەن
!» دەپ ئىختىيارسىز توۋلىۋەتتى. ئارقىدىن پەس ئاۋازدا: «ئەيجۇ
!» دەپ خوتۇننىڭ ئىسمىنى چاقىردى. شۇ پەيتتە ئۇ ئۆزىنى
دېڭىزدىكى يېشىللىقتا پۈركەنگەن نامەلۇم ئارالغا قاراپ كېتىۋات-
قان، بوران ـ چاپقۇندىكى يەلكەنسىز كېمىدەك، كىچىك چاغلى-
رىدا بىر قېتىم ئۇخلاپ قالغان كوكاتلىقتا كېلىپ قالغاندەك
يېگانە ھېس قىلماقتا ئىدى. بۇ خىل خىيالىي تۇيغۇ ئىچىدە ئۇ
تۇيۇقسىز ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان بىر مەسىلىنى ئويلاپ
قالدى: ئەسلىدە ھاياتلىق ۋىدالاشقىلى بولمايدىغان سۆيگۈدىن
ئىبارەت ئىكەن. بۇ خۇددى شەخس كىشىلەر توپىدىن، ئاي نۇرى

جۇلاسىدىن، دەريا سۈيى تاشقىنىدىن، ئېگىز تاغلار ھەيۋىتىدىن، ئاسمان كۆپكۆك رەڭگىدىن، ئاي بىلەن قۇياش ئۆزلىرىنىڭ تەپتى ۋە جىلۋىسىدىن ئايرىلالمىغاندەك، ئۇمۇ ئۆزىدىن، سەپداشلىرىدىن، ئايالىدىن ئايرىلالمايتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ تۇەنگە تەقسىم قىلىنىشى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىپ بولماستىن، بەلكى ئۇلار بىلەن ئورتاق بولغان سەرگۇرەشتى، ئورتاق بولغان تەقدىرى ئالدىدا شەكىللەنگەن ھېسسىياتىدىن بولغانىدى. نېمە ئۈچۈن ئۇ ئەمدىلىكتە بۇلارنى ئويلاپ قالدى؟ ئۇنىڭ نۇرغۇن سەپداشلىرى ئۆلۈپ كەتتى، فاڭ كۇەنمۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئۇ زادى قانداق ئۆلدى؟ ئۇ بۇنى پۈرلىشىپ كەتكەن ئۆلۈم ئۇقتۇرۇشىدىن سوراۋاتاتتى، ئەمما ئۇنىڭ نەدىمۇ زۇۋانى بولسۇن؟

فاڭ كۇەن يۇرتىغا قايتىپ كەتتى. ئۇ ئېسىنى يوقاتقانىدى. ھەش - پەش دېگۈچە نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەرگەن بۇ كىچىككىنە بازارمۇ ئەسلىنى يوقاتقانىدى. فاڭ كۇەن پەلتوسىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋېتىپ، بوغچىسىنى يۈدۈپ كېتىۋاتاتتى، بوغچىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ساپما كەشى باغلاقلىق ئىدى. ئىزنىكى يوق ھەربىي شەپكىسىنى ئاپپاق شور باغلاپ كەتكەن، پەقەت چوققىسىلا سېرىق ئىدى. ئۈچ تال تۈگمىسى چۈشۈپ قالغان ھەربىيچە چاپىنىنىڭ بىر پېشى ئېگىز، بىر پېشى پەس بولۇپ، چاپىنىنىڭ ئىچىدىن قاسماقلىشىپ، ئاقلىقىنى يوقاتقان كۆڭلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كەڭ ئىشتىنى ئورۇقلاپ تاياقتەك بولۇپ قالغان پۇتلىرىغا باقماي لەپىلدەيتتى. تەرلەپ، كىرلىشىپ كەتكەن بىر جۈپ سېرىق رېزىنكە ئايىغى غىچ - غىچ ئاۋاز چىقىرىپ، ئەتراپنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى. فاڭ كۇەن ۋوگزالنىڭ چىقىش ئېغىزىدىن رەستىگە كېلىپ، يېقىندىلا ئارقا - ئارقىدىن پەيدا بولغان دۇكان ۋە يايمىلارغا ئەجەبلەنگەن ھالدا نەزەر سالغاچ، بازارنىڭ يەنە بىر بېشىغا چىقتى. ئاندىن كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ، دۇكان ۋە يايمىلارغا يەنە بىر رەت قاراپ

چىقتى. خاتىرىسىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىنمۇ ياكى بۇ كىچىك بازاردا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۇ ئۆيىگە قايتىدىغان يولنى تاپالمىدى. ئۇ كوچىدا يېنىدىن ئۆتكەن ناتونۇش ئادەملەرنىڭ ھەر خىل، ھەر ياڭزا كىيىنىشلىرىگە قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغاندى. كىشىلەر فاڭ كۆەننىڭ ئۇستىبېشىغا قاراپ، ئۇنىڭ دەۋرگە ماس كەلمەيدىغان بىچارە قىياپىتىدىن ھۇزۇرلىناتتى.

— ھەي، يول بېرىڭ! — دەپ توۋلىدى لىق يېمەكلىك بېسىلغان قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ كېلىۋاتقان بىرسى.

بۇ ئادەم فاڭ كۆەن يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن تۇنجى بولۇپ ئۇنىڭغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن گەپ قىلغان ئادەم بولغاچقا، فاڭ كۆەن تەسىرلەنگەن ھالدا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— ھەي، يول بېرىڭ دەۋاتىمەن!

فاڭ كۆەن ئاستا بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇرۇپ:

— يولداش، مەن بىر ئىشنى سورۇشتۇرمەكچىدىم، موجياكېڭغا قانداق بارىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ ئادەم فاڭ كۆەنگە ئالىيىپ قاراپ قويۇپ:

— نېمە دەۋاتقىنىڭىزنى بىلمىدىم، — دېگىنىچە ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ ئالدىراپ ـ تېنەپ كېتىپ قالدى.

فاڭ كۆەن ھاماقەتلەرچە كۈلۈپ كەتتى. شۇ ئەسنادا بىر بوۋاي يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇپ:

— بايا نېمە دېدىڭىز؟ موجياكېڭ دېدىڭىزما؟ سىز شۇ يەرگە بارماقچىمۇ؟ مەن ئۇ يەرنى بىلىمەن، ئىككى موچەن بەرسىڭىز سىزنى باشلاپ باراي، — دېدى.

— پۇل ئالامسىز؟ خەجلەيدىغان پۇلىڭىز قالماپتۇ ـ دە، ئېلىڭ! — فاڭ كۆەن شۇنداق دېگەچ يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ، ئىچىدىن ئون يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى سۇغۇرۇۋېلىپ بوۋايغا تەڭلىدى.

بوۋاي چۆچۈپ كېتىپ پۇلنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالماي،

ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى:
— مەندە قايتۇرغۇدەك پۇل يوق!
فاڭ كۇەن پىخىلداپ كۇلگىنىچە دېدى:
— ئاشقان پۇلنى قايتۇرماقچىمۇ؟ قايتۇرۇپ نېمە قىلىسىز؟ مەندە پۇل دېگەن ساماندەك.
ئۇ «پۇل دېگەن مانا تۇرۇپتۇ!» دېگەندەك قىلىپ، قولىدىكى پۇللارنى ئالىقىنىغا بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇۋەتكەندىن كېيىن يانچۇقىغا سېلىۋالدى.
بوۋاي پۇلنى ئېلىپ ئالمان ـ تالمان بېلىگە چىگىۋالغان تاماكا خالتىسىغا تىقىپ فاڭ كۇەننى تارتىپ پېچىرلىدى.
— يۇرۇڭ ماڭايلى، مەن ئەزەلدىن سىزدەك مەرد ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان.
ئۇلار ئاپتوبۇس بېكەتتىدىكى مەنزىل كۆرسەتمىش تاختىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ساقلاپ تۇردى. ئاپتوبۇس كەلدى. بوۋاي فاڭ كۇەننى ئىتتىرىپ ئاپتوبۇسقا چىقاردى. ئاپتوبۇس ئىچى قىستاڭچىلىق ئىدى. بۇ چاغدا بېلەت ساتقۇچى ئىشىكنى يېپىۋەتمەكچى بولدى. فاڭ كۇەن بوۋاينىڭ تېخى ئاپتوبۇسقا چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى:
— ئىشىكنى ياپماي تۇرۇڭ، يەنە بىر ئادەم بار! بىز بىللە كەلگەن!
— تەلەپپۇزىڭىز باشقىچە ئىكەن، يۇرۇش ـ تۇرۇشلىرىڭىز تېخىمۇ ئۆزگىچە، — دەپ چاقچاق قىلدى بېلەت ساتقۇچى كۇلۇپ كېتىپ.
ئىشىك «جاڭگىدە» يېپىلدى، بوۋاي پەستە فاڭ كۇەنگە قاراپ قولىنى پۇلاڭلاتقاندىن كېيىن بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. فاڭ كۇەننىڭ كۆڭلى پەرىشان بولۇپ قالدى. بوۋاينىڭ نېمە ئۇچۇن كېتىپ قالغانلىقى، بېلەت ساتقۇچى قىزنىڭ نېمىشقا ئۇنىڭغا قاراپ كۇلىدىغانلىقىنىڭ تېگىگە ھەرقانچە قىلىپمۇ يېتەلمىدى. ئۇ گەرچە يۇرتىدىن ئون نەچچە يىل ئايرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ،

سەھراچە تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتەلمىگەنىدى. يۇرتىدىكىلەر ئاشۇ قوپال شېۋىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى باشقىلارغا چەت ئەلپەرەس قىلىپ مودا كۆرسىتەتتى.

— بىلەت ئالمىغانلار بىلەت ئېلىڭلار!

— مەن موجىياكېڭغا بارىمەن! — فاڭ كۇەن يېنىدىن ئۇن يۇەنلىك پۇلنى چىقىرىپ بىلەت ساتقۇچىغا تەڭلىدى. قىز پۇلنى ئالغاندىن كېيىن:

— پارچە پۇل يەتمىگۇدەك، بىردەم تۇرۇپ پارچىلاپ ئاشقىنىنى بېرەي، — دېدى.

ئاپتوبۇس بېكەتكە كىردى. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن فاڭ كۇەن چۈشۈپ كەتمەكچى بولدى. بىلەت ساتقۇچى ئۇنى توختىتىۋېلىپ ئەسكەرتتى.

— يەنە بىرنەچچە بېكەت بار!

ئۇ شۇ ئان پۇتىنى تارتىۋالدى. بىلەت ساتقۇچى توختىماي تولىۋاتتى:

— بىلەت ئالمىغانلار بىلەت ئېلىڭلار!

فاڭ كۇەن ئەندىكىپ يانچۇقىدىن يەنە ئون يۇەننى چىقىرىپ بىلەت ساتقۇچىغا تەڭلىدى. ئەمما، قىز ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىۋەتتى. فاڭ كۇەن يەنىلا ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايۋاتاتتى.

ئاپتوبۇس موجىياكېڭغا يېتىپ كەلدى. بىلەت ساتقۇچى فاڭ كۇەننىڭ چىرايىغىمۇ قارىماستىن، ئاشقان پۇل بىلەن بىلەتنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇ پۇللارنى چىڭ سىقىمداپ ئادەملەر توپى ئارىسىدا قىستىلىشىپ ئاپتوبۇستىن چۈشتى. ئەتراپقا قاراپ:

— بۇ يەر موجىياكېڭمۇ، بۇ يەردە قەۋەتلىك ئىمارەتلەر يوقتىغۇ؟ — دېگىنىچە قاياققا مېڭىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. بىرپەستىن كېيىن يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرىنى توختىتىپ سورىدى، — يولداش! موجىياكېڭنىڭ نەدىلىكىنى...

— بۇ جاي دەل موجىياكېڭ.

— مۆشۈ يەرمۇ؟ — ئۇ يەرنى كۆچەپ تېپىپ ئازگال ھاسىل قىلىپ بۇ يەرنى ئىسمى - جىسمىغا ماس كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇ ئادەم ئۆنىڭغا غەلىتە نەزەردە قاراپ قويۇپ، بىرنەچچە قەدىم ماڭدى - يۇ، بىردىنلا كەينىگە بۇرۇلۇپ ئەستايىدىللىق بىلەن سورىدى:

— فامىلىڭىز فاڭمۇ؟

ئۇ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئىسمىم فاڭ كۆەن!

— فاڭ كۆەنكەنسىز - دە! مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟ مەن مىڭتيەن ئەمەسمۇ! — ئۇ ئادەم دەرھال كېلىپ فاڭ كۆەننىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

— مىڭتيەن؟

— لۇ مىڭتيەن، كونا قوشنىڭىزنى تونۇيالمايۋاتامسىز؟ ئائىلىسام خوتۇن - بالىلىرىڭىز ئۆلۈپ كېتىپتۇ. سىزنى قايتىپ كەلمەسمىكىن دەپ ئويلىغانىدۇق.

— ھى - ھى - ھى، مەن يەنە قايتىپ كەلدىم، — دېدى فاڭ كۆەن ئۇ ئادەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ كىچىك بالىغا ئوخشاش ئىرغاڭلىتىپ تۇرۇپ، — پولات ئەسكەر يۇرتىغا قايتىپ كەلدى!

— قايتىپ كەلگىنىڭىز ياخشى بوپتۇ، يۇرۇڭ، ئۆيۈمگە ئاپىراي، تاماق يەپ بولۇپ مۇڭدىشايلى. ئاۋۋال ئۆيۈمدە تۇرۇپ تۇرۇڭ، بىلەمسىز؟ ئۆيىڭىزنى ئاللىقاچان چېقىۋەتتى!

— بىلىمەن، بىلىمەن، — فاڭ كۆەن ياندۇرۇپلا سورىدى، — نېمىشقا چېقىۋەتتى؟

— تېخى بىلمەمسىز؟

— بىلدىم، بىلدىم. سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە تۇرمايمەن، پۇلۇم بار، يېڭى ئۆي سالىمەن، — ئۇ قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ ئاختۇرۇۋىدى، يانچۇقى قۇپقۇرۇق تۇراتتى.

— پۇلۇم قېنىدۇ؟ — ئۇ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

— قولىڭىزدا سىقىمداپ تۇرغىنىڭىزچۇ؟

راست، ئۇ قولىدا بىر تۇتام پۇلنى سىقىمداپ تۇراتتى. بۇ دېگەن بىلەت ساتقۇچى قايتۇرغان ئاشقان پۇللار ئەمەسمۇ! توغرا ئەمەس، كەسىپ ئالماشتۇرۇش ھەققىمگە بېرىلگىنى بىر تۇتام چوڭ قەغەز پۇللار تۇرسا! فاڭ كۆەن شۇلارنى ئويلىدى.

شۇبھىسىزكى، ئۇنىڭ پۇللىرى ئوغرىلانغانىدى. ئەمما، بۇ فاڭ كۆەننىڭ يۈرتىغا قايتقاندىكى ھېسسىياتىغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمىدى. ھەتتا ئۇ قوشنىسىنىڭ ئۆيىدە بىر ئاخشام قونغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ نۇرغۇن پۇلى بولۇپ باققانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇ ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە مانتا يەيدىغان ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ لۇ مىڭتيەن بىلەن بۇرۇندىنلا بىر ئائىلىدە تۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك، يېڭى ئۆي سالىدىغان ئىشنى قايتا تىلغا ئېلىپمۇ قويمىدى. شۇ تەرىقىدە بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن خۇش پېئىل قوشنىسى ئۆزىنىڭ تاشلىۋېتىش تەس بولغان ئېغىر بىر يۈكنى يۈدۈۋالغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىر كۈنى ئۇ فاڭ كۆەنگە:

— مەن سىزگە ئىش تېپىپ بېرەي، كېيىنچە شۇ يەردە تۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى.

ئەكسىچە، فاڭ كۆەن خىرىلداپ كۈلۈپ قويۇپ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى.

ئىش ناھايىتى تېزلا تېپىلدى. لۇ مىڭتيەن بازاردىكى نامى چىققان ئاشپەز بولغاچقا، ھەممە ئاشخانىلاردا دېگۈدەك تونۇشلىرى بار ئىدى. فاڭ كۆەننىڭ خىزمەتتىن قۇسۇر چىقىرىش ئىقتىدارى يوق ئىدى. فاڭ كۆەن تاماق توشۇش، ئۈستەللەرنى يىغىشتۇرۇش دېگەندەك ئىشلارنى قىلاتتى، ئۇنىڭغا كۆكتات ئادالاش، گۆش توغراشقا ئوخشاش ئىشلار قىلدۇرۇلمايتتى. ھەرھالدا ئۇ خىزمەتنى بېرىلىپ ئىشلەيتتى. ئېھتىمال، دۇنيادا فاڭ كۆەنگە ئوخشاش مۇلايىم، ئەدەپلىك، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاشخانىنىلا ئويلايدىغان مۇلازىمدىن ئىككىنچى بىرسى بولمىسا كېرەك.

— يولداش، يەنە ئاززاق قوشۇڭ.

ئۇ قولىدىن ئاجرىمايدىغان دەسمال بىلەن باشقىلار چېچىۋەتكەن گۇرۇچ، گۆش پارچىلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، ئاندىن قۇرۇق تەخسىگە ئېلىپ، يېڭى كەلگەن خېرىدار ئەمدىلا ئېغىز تېگىشكە باشلىغان قاچىنىڭ ئىچىگە تۆكۈپ قوياتتى، بۇنى ئۇزىچە «ئىقتىسادچىللىق»، «تېجەشلىك بىلەن ئىش كۆرۈش» دەۋالاتتى. كۆپ هاللاردا ئۇ باشقىلار ئاشۇرۇپ قويغان تاماق ـ قورۇمىلارنى بىر يەرگە يىغىپ، باشقىلارنىڭ زىياپەت ئۇستىلىگە ئەكېلەتتى. ئۇ ئاشخانىغا كەلگەندىن كېيىن ئەزەلدىن ئاشپەزلەرگە بىرنەرسە بۇيرۇتۇپ يەپ باقمىدى. قورسىقى ئېچىپ كەتسە ئېشىپ قالغان تاماق ـ قورۇمىلارنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ باشقىلارنىڭ: «بۇ ئاشخانا بىر دىۋانىنى مۇلازىمەتچى قىلىۋاپتۇ» دېيىشىدىن ئەنسىرەپ، كۆپ يېيىشكە پېتىنالمايتتى. ئۇنىڭ ئىنكاسى ئاستا، ھەرىكىتى سۇس بولغاچقا، خېرىدارلار ئۇنى چاقىرسا لەيلەپ يۈرۈپ خېلىدىن كېيىن يېتىپ كېلەتتى، تاماق ـ قورۇمىلارنى كۆپىنچە خاتا يەتكۈزۈپ قوياتتى. خېرىدارلار دائىم: «ئاۋۇ مېنىڭ تامىقىم، مەن بۇنى بۇيرۇتمىغانغۇ» دەپ فاڭ كۇەننى ئەيىبلەيتتى. ئاشخانىنىڭ پىكىر دەپتىرى خېرىدارلارنىڭ فاڭ كۇەن توغرىسىدىكى پىكىر ـ تەلەپلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ھېچكىم فاڭ كۇەننىڭ ئالدىدا ئۇنى بىرنەرسە دېمەيتتى، چۈنكى باشقىلار نېمىلا دېسە ئۇ پىخىلدىغىنىچە كۈلۈپلا تۇراتتى، كۈلكىسىدىن ئادەمنى سۇر باساتتى.

فاڭ كۇەن ئاخشىمى ئاشخانىدا ئۇخلايتتى. خېرىدارلار كەتكەندىن كېيىن، ئاشخانىنىڭ ئىچى ـ سىرتىنى پاك ـ پاكىز تازىلايتتى، تازىلاپ بولغۇچە ئەل ياتقۇ ۋاقتى بولاتتى. ئۇ ئورۇندۇقلارنى جۈپلەپ كارىۋات ياساپ، بوغچىسىنى ياستۇق قىلىپ، كىيىملىرىنىمۇ سالماي يوتقىنىنى چۈمكەپ ئۇيقۇغا كېتەتتى. ئەتىسى ھەممىدىن بالدۇر ئورنىدىن قوپۇپ، ئىشىكنىڭ

ئالدىدا تۇرۇپ تۇنجى خېرىدارنى كۈلۈمسىرەپ كۈتۈۋالاتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا كۈتۈۋالغان بىر خېرىدار فالىڭ كۇەننى چاقىرىپ بىر پىتنىڭ ئورۇندۇقتىن ئۆمىلەپ مېڭىپ، ئۇنىڭ بەدىنىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى، ھەتتا فالىڭ كۇەننىڭ بېشىدا نۇرغۇن سىركىلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. فالىڭ كۇەن بولسا ئاۋۋالقىدەكلا ھىجىيىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تامىقىنى ئەكېلىپ بەردى.

شۇ كۈنى چۈشتە ئاشخانا خوجايىنى فالىڭ كۇەننى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بىر تۇتام پۇلنى بېرىپ:

— بۇ سىزنىڭ بىر ئايلىق ئىش ھەققىڭىز، جەمئىي يەتمىش بەش يۈەن، ئوبدان سانىۋېلىڭ، — دېدى.

ئۇ پۇلنى ساناشقا باشلىدى. ئۇ پۇلنىڭ زادى قانچە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خوجايىن «ساناڭ» دېگەنلىكى ئۈچۈنلا ساناۋاتاتتى. بىرپەستىن كېيىن خوجايىن نەق گەپنى قىلدى:

— بىزگە قىلغان ياردىمىڭىزگە رەھمەت، ھازىر ئاشخانىمىزدىن كەتسىڭىز بولىدۇ.

— ئاشخانىدىن كېتەمدىم؟ — سورىدى ئۇ كۆزىنى چىمچىقلىتىپ، — نەگە بارىمەن؟

— بۇنى مەن بىلمەيمەن.

— ئەمىسە مېنى نېمە قىل دەيسىز؟ تاپشۇرىدىغان يېڭى ۋەزىپە بارمۇ؟

— ئاشخانىمىزدا كېرىكىڭىز قالمىدى، نەدىن كەلگەن بولسىڭىز، شۇ يەرگە كېتىڭ.

— مەن قىسمدىن كەلگەن، ئىسپاتىم بار.

— ئۇنداقتا قىسمىغا قايتىپ كېتىڭ، قىسىم سىزنى مۇشۇنداق تەربىيەلىگەندىكىن، قىسمىغا بېرىپ خىزمەت قىلمامسىز؟

— قىسىمدىكى رەھبەرلەر مېنى كەسىپ ئالماشتۇرۇڭ، كەسىپ ئالمىشىپ پارتىيە ۋە دۆلەت ئېھتىياجلىق يەرلەرگە بېرىپ خىزمەت قىلىڭ دېگەن... — فاڭ كۈەن ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ كەتتى.

غوجايىنىنىڭ سەۋر - تاقىتى تۈگىدى، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى:

— نىماداق گەپ چۈشەنمەيدىغان ئادەم سىز، بىز سىزنى ئىشتىن بوشاتتۇق!

— ئىشتىن بوشاتتىڭلارمۇ؟ — ئۇ بىردەم ئويلىنىپ، ئاندىن ئىشتىن بوشىتىش دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ غوجايىنغا چېچىلدى، — مېنى سىلەر ياللىدىڭلارغۇ؟ نېمىشقا باشتىلا گەپنى ئوچۇق قىلمايسىلەر؟ ئىشتىن بوشىتىۋېتىدىغىنىڭلارنى بىلسەم كەلمەيلا قويماسمىدىم!

فاڭ كۈەن ئاشخانىدىن كەتتى. كېتىدىغان چاغدا بوغچىسىنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇمىدى. ئۇنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالغان ھەم غەزەپلەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن ئۇ تۇنجى قېتىم كىشىلەرگە چىراي ئاچمىدى. ئۇ نەگە بېرىشنى بىلمەيتتى. لۇ مىڭتيەننىمۇ ھەرگىز ئىزدىمەيتتى. چۈنكى، فاڭ كۈەن لۇ فامىلىلىك خىزمەت تېپىپ بېرىمەن دەپ مېنى باشقىلارغا سېتىۋەتتى، بۇ مەن ئۈچۈن زور ھاقارەت. مەن ئەزەلدىن پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇپ كەلگەن. يەزىلەتلىك، مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ كەلگەن كوممۇنىست تۇرسام، دەپ ئويلايتتى. ئاشخانا غوجايىنى نەدىن كەلگەن بولسىڭىز شۇ يەرگە كېتىڭ، دەپ توغرا ئېيتقانىدى. ئۇ قىسىمنى ئويلىدى. ئويلىغانچە چوڭ كوچىدىلا ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

كېيىن فاڭ كۈەن ئۆلدى. ئۇ قىسىم تۇرمۇشىنى، سەپداشلىرىنى، خۇا لاۋيۈنى ئىزدەش سەپىرىدە ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

ئەتىياز كىرىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا قار ئۆچقۇنداپ تۇراتتى. ئەسلىدىكى قۇرۇلۇش تۈەنى ئاساسىدا تەشكىللەنگەن مۇستەقىل قۇرۇلۇش تۈەنىدە زور ئۆزگىرىش بولدى: نۇرغۇن ئەسكەر ۋە ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر سەپلەندى، كادىرلار تەڭشەلدى، ئەسلىدىكى قۇرۇلۇش تۈەنىدىكى ئالتە يۈزدىن ئارتۇق ئادەم كېسەل سەۋەبىدىن يۇرتىغا قايتۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇئاۋىن تۈەنجاڭ خۇا لاۋيۈمۇ بار ئىدى. باش ئىشتابتىكى بىر باشلىق شەخسەن خۇا لاۋيۈگە تېلېفون بېرىپ ئۇنىڭدىن پىكرى بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى. خۇا لاۋيۈ: «يوق» دەپلا تۇرۇۋېلىپ، قويۇۋەتتى. ئۇنىڭ دەيدىغان قانداق سۆزى بولسۇن؟ ئۇ يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇش قارارىغا كېلىپ بولغانىدى. مۇستەقىل ئىش قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئادەمگە نىسبەتەن ھەرقانداق بىر بويسۇنۇش ئىراگىپدىيەدىن دېرەك بېرەتتى، ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان ئىراگېدىيە ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى قورقۇنچاقلىقتىن دېرەك بېرەتتى. ھالبۇكى، ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى قورقۇنچاق، دەپ قارىمايتتى. ئۇ گېپىيرمۇدا بىر قەبرىستان قۇرىدىغان ئىشنى چوقۇم دەپ قويۇشۇم كېرەك، دەپ قاراپ، دۈ باۋئەننى ئىزدەپ باردى. دۈ باۋئەن:

— بۇ ئىشنى سىزگە بۇرۇنمۇ دېگەنتىمغۇ؟ مەنمۇ قوشۇلىمەن، چاتاق يوق، خاتىرجەم كېتىۋېرىڭ! — دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى.

قالايمىقانچىلىق چىقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قايتۇرۇلىدىغان ئالتە يۈزدىن ئارتۇق ئادەم تۈركۈملەرگە بۆلۈپ ئېلان قىلىندى. تۇنجى تۈركۈمدە قايتىدىغان يىگىرمىلا ئادەم ئىدى. خۇا لاۋيۈ ئۈچىنچى تۈركۈمدە قايتىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. خۇا لاۋيۈ قايتىدىغان كۈنى قېلىن قار ياغدى. كىشىلەر غايەت

زور پاختا يايمىسىنى دەسسەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئىدى. ئاپتوبۇس بېكىتى يىراقتىكى شەھەر رايونىدا ئىدى.

چۆل ـ باياۋان مۇشۇ يەردىن تاكى كوئىنلۇن تېغىغىچە سوزۇلغان، قاقاسلىق يىراقتىكى ئۇپۇق ئۇستىدە ئىنتايىن سىرلىق، شۇنداقلا خىرە كۆرۈنىدۇ. بۇ چەكسىز دۇنيادىكى تۇرلۇك ـ تۇمەن ئىشلار مۇشۇ جايدىلا ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ، ھاياتلىق دەملىرىنىڭ گۇزەل ئەسلىمىلىرى ئۆز قىممىتىدىن، مەنىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. لېكىن، كىشىلەر بۇ نۇقتىنى ئەزەلدىن ئىدراك قىلالمىغان. بېكەتتىكى ئايرىلىش مىنۇتلىرى كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چەكمەكتە. كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا قاراپ:

— ليەنجاڭ، مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ، — دەپ ۋارقىرىدى.

— يوقال، ئاناڭنى! — دېدى ماشىنىدىكى بىرى، ئۇ سۆزىنى دەپ بولۇشىغا كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار سىرغىپ چۈشتى.

خۇا لاۋيۈ دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ، ئۇزاتقىلى كەلگەن جوۋ فېڭچىغا قاراپ قولىنى پۇلاڭلاتتى. ئۇلارنىڭ دېيىشكۇدەكمۇ گېپى قالمىغانىدى. مۇشۇنداق پەيتتە پاراڭلاشقاندىن كۆرە، گەپ قىلماي جىم تۇرغان ياخشى ئىدى. خۇا لاۋيۈ، كۆز ئادەمنىڭ تىل بىلەن يەتكۈزۈشكە بولمايدىغان كەيپىياتى ۋە روھىي ھالىتىنى ۋاكالىتەن ئىپادىلەش ئۇچۇن يارىتىلغانمىكىن، دەپ قارايتتى.

— تۇەنجاڭ...

ئۇ باشتا بىر ئايالنىڭ قارىسىنى كۆردى، ئۇنىڭ يېنىدا يىغلاپ ئۇنى پۇتۇپ كەتكەن تيەن جياخاڭمۇ بار ئىدى. ئۇ ئايالغا قاراپ قولىنى پۇلاڭلاتتى. ئايال يېقىن كەلدى. خۇا لاۋيۈ:

— ياخشى ياشاڭلار، بالاڭلار بار ئەمەسمۇ! — دېدى، ئاندىن يانچۇقىدىن ئون يۈەننى چىقىرىپ، — بالىغا ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىڭ، چوقۇم ئېلىپ بېرىڭ، — دەپ ئايالغا تاپىلىدى.

ئايال پۇلنى ئالمىدى. پۇل ئاستا لەيلەپ يەرگە چۈشتى. تيەن جياخاڭ ئاپتوبۇسنىڭ يېنىغا بېرىپ ياشلىرىنى سۇرتۇپ تۇرۇپ

توختىماستىن: «تۆەنجاڭ، تۆەنجاڭ» دەپ چاقىردى، ئەمما نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيتتى.

ئاپتوبۇسلار ئوت ئالدۇرۇلدى. مەيداندىكى ئادەملەر خۇا لاۋيۈ تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. باشقىلار تيەن جياخاڭ بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىنى قىستاپ بىر چەتكە چىقىرىۋەتتى. تيەن جياخاڭ بويىنىنى سوزۇپ خۇا لاۋيۈگە قاراپ بوغۇق ئاۋازدا:

— تۆەنجاڭ، كېيىنكى ئۆمرۈمدە چوقۇم يەنە سىزگە ئەگىشىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى يىغلامسىراپ.

ئاپتوبۇسنىڭ ئاستا - ئاستا قوزغىلىشى بىلەن ئاممىنىڭ يىغا - زارلىرىمۇ كۈچىيىپ، ئاپتوبۇسنىڭ ئاۋازى بىلەن بىرلىكتە قاقاس دالىدا ياڭرىدى. مۇشۇ سوغۇقتا كىشىلەر يىغا - زار ئىلكىدە بىر - بىرىدىن ئايرىلماقتا، ئۆز يوللىرىغا ماڭماقتا... مانا شۇ دەقىقىدە پەقەت ئىككى نۇقتا ئوخشاش ئىدى. ئۇ بولسىمۇ چوقۇم تۇغۇلۇش ۋە چوقۇم ئۆلۈش!

خۇا لاۋيۈ بىردىنلا ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن يېرىم بەدىنىنى چىقىرىپ:

— لاۋ شۇ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ! — دەپ توۋلىدى.

قارا كۆزئەينەك تاقىغان بىرەيلەن سېستىرانىڭ يۆلىشى بىلەن بۇ تەرەپكە كېلىۋاتاتتى، ئۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى - دە، چۆچۈپ دېگۈدەك:

— تۆەنجاڭ، سىز قەيەردە؟ سىز قانداق بولۇپ باشتا كېتىدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟ تۆەنجاڭ... — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ كىشى دەل شۇ رۇدا ئىدى. ئۇ ئاپتوبۇس تەرەپكە قاراپ ئىككى قەدەم ماڭمايلا يىقىلىپ چۈشتى - يۇ، دەرھال ئۆمىلەپ تۇرۇپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

— تۆەنجاڭ...

ئاپتوبۇس بارا - بارا يىراقلاشتى. خۇا لاۋيۈ شەپكىسىنى ئېلىپ مەيداندىكى ئادەملەرگە قاراپ پۇلاڭلاتتى. شەپكىسىدىكى ئېزناك بولسا قۇياش نۇرىدا يالت - يۇلت قىلىپ كۆزنى

چاقنىتاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يورۇقلۇقمۇ كۆزدىن غايىب بولدى.

ئۇ ئاچقۇچى بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيىگە كىردى ـ دە، ھەيران قالدى، تەسەۋۋۇرىدىكى نەرسىلەرنىڭ، يەنى ئىككى بالىسى، ئۇلار شوخلۇق قىلىپ قالايمىقان قىلىۋەتكەن ئىزلار، ئۇنىڭ ھازىرقىدەك ئېسىدە تۇرغان ئۆي سايمانلىرى، خوتۇنىنىڭ ھىدى... بولاردىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى. ئۇ چامادان ۋە بوغچىسىنى قويۇپ ئەتراپقا نەزەر سالدى. توپا ـ چاڭ بېسىپ كەتكەن ئۇستەلنى تامغا يۆلەپ ھەر خىل كىتابلار تىزىپ قويۇلغانىدى، ئەينەك تاختىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزىنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. بۇ سۈرەتنى ئۇ ئون يىل ئىلگىرى سىچۇەن ـ شىزاڭ تاشيولىنى ياساش قۇرۇلۇشىغا مېڭىش ئالدىدا چۈشكەنىدى. قورقۇمسىز چىراي، كەڭ يەلكە، كېلىشكەن قامەت، كۆزلەردىن چاقناپ تۇرغان شىجائەت، ئۇنىڭ ئۇستىگە قاتتۇرۇپ دەزماللانغان شىم بىلەن قوڭۇر بەلباغ بىر ـ بىرىگە تولىمۇ پار كەلگەن، مانا ئەمدىچۇ؟ ئۇ ھازىر قايسى ھالغا چۈشۈپ قالغان؟ گەرچە ئۇ ئەينەككە قارىمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ حۇددى توپ ئوقىدا قاقشال بولۇپ قالغان بىر تۈپ يېگانە دەرەخكە ئوخشاپ قالغانلىقىنى قىياس قىلالايدۇ. مانا بۇ رەھىمسىز يىللارنىڭ ئازابلىق يالدامىسى. ئۇنىڭ سۈرىتىنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى ئوغلىنىڭ تامنىڭ ئۇستىگە چىقىپ بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ چۈشكەن سۈرىتى بار ئىدى. چوڭى كىچىكىنى قۇچاقلىۋالغان، كىچىكى بىلىكىنى چوڭىنىڭ بوينىغا ئۆتكۈزۈۋالغانىدى. ئىككىلىسى قېنىق كۆك رەڭلىك ھەربىيچە كىيىم كىيىۋالغانىدى. ماڭقىسى تولا ئېرتىلىپ تۇرغاچقا، چاپىنىنىڭ ئىككى يېڭى سۇس پارقىراپ تۇراتتى. كىيىۋالغان رېزىنكە ئايىغىنىڭ بوغقۇچى ئۈزۈلۈپ كەتكەن، پايپاق كىيمىگەن كۆمۈردەك قاپقارا پۇتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى سۈرەتتىكى شوخ، كەپسىز چىرايلار

بىلەن تولىمۇ ماس كېلەتتى. بالىلار ئۇنىڭغا قاراپ، ئۇمۇ بالىلىرىغا قاراپ كۈلەتتى. ئېغىزىنى مىدىرلىتىپ بىرنېمە دېمەكچى بولدى ــ يۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قارىمايۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، خوتۇنىنىڭ ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كېلىشىنى ساقلىدى. ئورۇندۇقنىڭ يېنىدا جاۋۇر قويىدىغان جازا تۇراتتى، ئۆينى ئىككىگە بۆلۈپ تارتىلغان سىمدا هال رەڭلىك هۆل لۆڭگە ئېسىقلىق ئىدى. ئۇ لۆڭگىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن شالاڭ چاچلىق چېكىسىنى سۈرتكەچ ئۆزىنى سالماق تۇتۇشقا تىرىشاتتى. ئارقىدىن ئۇ لۆڭگىنى قاتلىدى. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇنىڭدا يۈز يۈيۈشتىن ئىبارەت ئەقەللىي بىر ئىستەكمۇ قالمىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاشخانىدىن يېرىم جاۋۇر سۇ ئاچىقتى، خوتۇنىنىڭ سوپۇنىنى يىرىكلىشىپ، قارىداپ كەتكەن يۈزلىرىگە سۈرۈپ، خوتۇنىنىڭ لۆڭگىسىگە يۈزىنى ئېرتتى. خوتۇنىنىڭ هىدىنى پۇرىماقچى بولغاندەك پات ــ پاتلا لۆڭگىنى پۇراپ قوياتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى ئەتىر سېپەتتى، خۇا لاۋيۈگە خوتۇنىنىڭ غۇنچە بويلىرىدىن تۇن لەيلىسىنىڭ خۇشبۇي هىدى كېلىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. بۇنداق پۇراقنى ئۇ ئىلگىرى پۇراپ باققانلا ئەمەس، بەلكى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا مەهكەم ئورنىتىۋالغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئاشۇ هېسلارنى ئويغىتىدىغان ۋاقىت كەلدى، ئۇنىڭ قەلبى هاياجانغا چۆمدى. ئۇ تۇيۇقسىز قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى هېس قىلىپ قالدى. ئۇ سائىتىگە قارىدى، ئىشتىن چۈشۈشكە تېخى بالدۇر ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ، ئۇ يەر ــ بۇ يەرنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، ئىشكاپتا توغرالغان هەم كۈنجۈت يېغى لازا قىيامى سېپىلگەن بىر تەخسە كالباسانى كۆرۈپ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلدى. سۇدا پىشۇرۇلغان يېرىم تال پامپۇس بېلىقى ۋە ئاپپاق، يۇمشاق تاۋا كاكچىسى ئۇنىڭ ئىشتىيىنى قوزغىۋەتكەنىدى. خۇا لاۋيۈ بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ خۇشال هالدا شىرەگە قويۇپ، ئاچ بۆرىدەك يېيىشكە باشلىدى. بۇ

چاغدا ئىشىكنىڭ سىرتىدىن ئاچقۇچنىڭ شىرىقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە تىكىلدى. ئىشىك ئېچىلدى، خۇا لاۋيۈ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن قارا چاچلىق ئەر خۇا لاۋيۈنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قېلىپ سالام ـ سەھەتنىمۇ ئۇنتۇپ:

— كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دەپ سورىدى.

— سىز...

— ھە، قايتىپ كەپسىز ـ دە! — دېدى ئۇ ئەر بىردىنلا چۈشەنگەندەك قىلىپ، — سىز... جاڭ ئەيجۇ ئۆيدە يوقمىكەن؟ ھە راست، ئۇ كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەن، ئۆيگە مېنىڭ قاراپ تۇرۇشۇمنى ئېيتقان. بۈگۈنلەتىن قايتىپ كېلەمدىكىن. سىز تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن پەسكە چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئىدارىسىگە تېلېفون ئۇرۇپ باقاي.

ئەر چىقىپ كېتىپ بىردەمدىلا قايتىپ كىردى. ئۇ خۇا لاۋيۈگە:

— ۋەزىپەمنى ئادا قىلىپ بولدۇم، ئەمدى قايتىپ كېتەي، خوتۇنىڭىز ئەڭ كېچىككەندىمۇ ئەتە قايتىپ كېلىدۇ، بۈگۈن چۈشتىلا كېلىپ قالامدۇ، تېخى! ئۇ بەك ئالدىراش، كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ناھايىتى غەمخورلۇق قىلىدۇ، ياردەم بېرىدۇ. ئۆيۈم بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس، ۋاقتىڭىز بولسا خوتۇنىڭىزنى ئېلىپ ئۆيۈمگە بېرىپ مېھمان بولۇپ كېتىڭ، — دېدى ـ دە، چىقىپ كەتتى.

خۇا لاۋيۈ خوتۇنىغا قايتىپ كېلىش سەۋەبىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىكتىن ئەنسىرەپ، تېلېگراممىنى بەرمىگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ بۇنىڭدىن سەل پۇشايمان قىلىپ قالدى، بايىقى ئادەمنى تۇتۇپ قالمىغانلىقىغا ئەپسۇسلاندى. ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇ باشقىلار بىلەن كۆپرەك مۇڭدىشىشقا موھتاج ئىدى. ئۇ تاماقنى يەپ بولۇپ، دىققىتىنى يىغدى. ئۇ خوتۇنى قايتىپ كەلگۈچە ئۆيگە سولىنىپ بۇنداق ئىچى تىتىلداپ

ساقلاپ يۈرگەندىن كۆرە، سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش، خىزمىتىنى يېڭىدىن باشلايدىغان بۇ شەھەرنى كۆرۈپ بېقىشنى ئويلاپ قالدى. بۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۇنتۇلغان يېڭى شەھەر ئىدى. ئۇنىڭ سىرتقا چىقىشتىكى يەنە بىر ئاساسلىق مەقسىتى شەھەرلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشخانىسىغا بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىش، يېڭى خىزمەت ئورنىدا تېزرەك ئىشلەش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭ توختىماستىن خىزمەت قىلىدىغان ئادىتى بار بولغاچقا، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئالدىراش ئىشلەيدىغان خىزمەتكە قويۇش ئەڭ مۇۋاپىق! پەقەت شۇنداق ئورۇنلا بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ خىزمەت قابىلىيىتىنى ھەقىقىي نامايان قىلىشقا شارائىت ھازىرلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا ھەقىقىي ھۇزۇر ئاتا قىلاتتى.

يېڭى ياسالغان كەڭرى كەتكەن ئاسفالت يوللار شەھەرگە قانات ئاتا قىلغانىدى. باھار قۇياشى ئىللىق نۇرىنى كىشىلەر ئارىسىغا سېخىيلىق بىلەن سېپەتتى. يوللاردا موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلار كىشىگە ھازىرلا بىر يەرگە ئۇسسۇۋالىدىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. يەنى ئۇچقاندەك كېتىۋاتقانلىرىنى ھېچنېمىگە قارىماستىن ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇۋاتىدۇ دېسە، ئاستىراق كېتىۋاتقانلىرىنى ئۆزىمۇ خالىماستىن ئۆلۈمگە ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاۋاتىدۇ، دېيىشكە بولاتتى. خۇا لاۋيۈ ئۆتكەن ـ كەچكەن ماشىنىلارغا سەپسېلىپ قاراپ، تۇيۇقسىز ئۆزىنى يەڭگىللەپ، دىلى يورۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى. كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسە ھەرىكەتلىنىۋاتقان، ھەممە نەرسە ئۆلۈمگە قاراپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئەمما، ئۆزىچۇ؟ ئۇنىڭ ئۆلۈمگە قاراپ كېتىۋاتقان قەدەملىرى ئېنىقكى باشقىلاردىن پۇختا، قىممەتلىك ئىدى. ھېچبولمىغاندا، بۇ شەھەردە ياشاپ تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنى ئۆزى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. ئۇ دۇنيانىڭ ئۆگزىسى دەپ ئاتالغان ئېگىزلىكتىن كەلگەن، سانسىز تىراگېدىيەلەر ئارقىلىق ئىرادىنى پولاتتەك تاۋلايدىغان،

ھاياتلىق چەكلەنگەن رايوندىن كەلگەن. ئۇ ئۆزىنى بۇ شەھەردىكى مەشھۇر شەخس دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمۈلدى.

كىشىلەر توپى قىستىلىش، سوقۇلۇش داۋامىدا بەزىلەر خۇددى ئادەم دېڭىزى ساھىلىدىكى خادا تاشلارغىلا ئوخشاپ قالغاندى. كەڭ كەتكەن ئىمارەتلەرنىڭ ئەكس شولىسى ئىمارەتنىڭ ئەسلىي شولىسىغا قارىغاندا، تېخىمۇ جەلپ قىلارلىق. چۈنكى، ئۇ ئادەملەرگە سايىۋەن بولالايدۇ، ئادەملەر يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى دەسسەپ ـ چەيلەپ، ئۆزلىرىنىڭ جەسۇر، مەردانە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلالايدۇ.

خۇا لاۋيۈ دەل مۇشۇنداق دەبدەبىلىك مەنزىرىلەرگە سەپسېلىپ، ھۇزۇرلىنىپ، ئۆز نۆۋىتىدە قۇسۇرمۇ ئىزدەپ قوياتتى. ئۇنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە: بۇ شەھەردىكى تۇنجى ئېگىز بىنا بېلىق ھىدىنى ئېلىپ كېلىۋاتقان دېڭىز شامىلى ئارىسىدا قەد كۆتۈرگەندە، دادىسى ئۇنى يېتىلەپ غەلىبە مېۋىسىنى كۆرسەتكىلى ئاپارغانىدى. ئۇلار بىنادىن ئەللىك مېتىر نېرىدا يېرىم سائەتتەك قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، خۇا لاۋيۈ بېرىپ كۆرۈپ باقماقچى، بىنانى زىننەتلەۋاتقان ئىشچىلار بىلەن بىللە ئۈستىگە چىقىپ باقماقچى بولغانىدى. بىراق، دادىسى ئۇنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى قورقۇتۇپ:

ـــ بولدى بارما، بىنا ئۆرۈلۈپ چۈشسە ئاستىدا قالىسەن، ـــ دېگەنىدى.

«بىنا ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ!» دادىسىنىڭ بۇ قارىشى ئەخمىقانىلىكمۇ ياكى ئالدىن كۆرەرلىكمۇ؟ كېيىن بۇ بىنا دەرۋەقە ئۆرۈلۈپ چۈشتى. دېڭىز ساھىلىدا ئېگىز بىنا سېلىش تېخنىكىسى ئىگىلەنمەي تۇرۇپلا، كىشىلەرگە كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن سېلىنغان بۇ ھەيۋەتلىك بىنا ئاقىۋەت يىگىرمە بەش ئادەمنىڭ بېشىغا چىقتى. قىزىقارلىقى، ئۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئېگىز بىنالار سېلىنغان بولسىمۇ، ھېچقانداق ۋەقە

كۆرۈلمىدى. شۇنىڭ بىلەن قورۇلۇشچىلار:

— يېڭىچە سانائەتلەشكەن شەھەر ئاخىر بىر پارچە ئاق قەغەز ئۈستىدە دۇنياغا كەلدى، — دېيىشتى.

يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىلىرىدەك بەس ـ بەستە قەد كۆتۈرۈۋاتقان ئېگىز بىنالار خۇا لاۋيۆلەرنى ئۆي كۆچۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇلارنىڭ ئۆيى ئورنىغا ئېگىز بىر بىنا سېلىندى. بىر ئۆمۈر دېھقانچىلىق قىلىپ كەلگەن خۇا لاۋيۆنىڭ دادىسى خۇا لاۋيۆ بىلەن ئانىسىنى ئېلىپ دېڭىزدىن يىراق قاقاس جايدىكى يېڭى تۇرالغۇسىغا ماكانلاشتى. كېيىن ئۇ يەرمۇ شەھەرنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئايلاندى. بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى دەسلەپتە كۆكتات تېرىپ دەسلەپكى جاپالىق بىرقانچە يىلنى ئۆتكۈزدى. ئائىلە ئەھۋالى ئاز ـ تولا ياخشىلىنىشىغا، بەختكە قارشى خۇا لاۋيۆنىڭ مومىسى كېسەل بىلەن قازا قىلدى. ئاردىن ئىككى يىل ئۆتۈپ دادىسىمۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئوخشىمايدىغىنى دادىسى مەرھۇم قېرىنداشلىرىنىڭ چاقىرىش سادالىرى ئىچىدە ئەمەس، بەلكى شەھەرنىڭ ئاۋغۇستتىكى ئىسسىقىدا غېرىبلىق ئىچىدە جان تەسلىم قىلدى.

بۇ يەردىن دېڭىزنىڭ تەبەسسۇمىنى، مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دولقۇنلىرىنى كۆرگىلى، سۇس تۇمانلارنىڭ كۆپكۆك دېڭىز كەبى بىپايان ئاسمانغا قانداقتۇر بىر سىرلار ئۈستىدە پىچىرلاۋاتقاندەك رومانتىك تۇيغۇلاردىن ھۇزۇرلانغىلى، شۇ ئارقىلىق بۇ چەكسىز كەتكەن سۇ دۇنياسىنىڭ تارىخىدىن ھۇزۇرلۇق كەيپ سۈرگىلى بولىدۇ. ھەربىر دولقۇن ۋە قايىناملار چەشمىسى كىشىگە ئەڭ قەدىمىي دەۋرلەردە ھىمالايا دېڭىزىنىڭ ئەينى چاغدىكى ھالىتىنى ئەسلىتىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى قىياپىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان دېڭىز ئاستى ئەينى زامانلاردىكى قەدىمىي ئېگىزلىك ئىدى. ئاشۇ قەدىمىي ئېگىزلىكنىڭ چوققىسى ۋە دېڭىز ئاستىنىڭ پۈككۈلۈشى بىلەن مانا مۇشۇنداق عايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولغان. يەر

شارنىڭ ئەينى چاغلاردىكى شۇ قېتىملىق سىلجىشى داۋامىدا، ئەڭ تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ھاياتلىقنىڭ بىراقلا گۇمران بولۇشى، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ قايتىدىن بارلىققا كېلىشى ئىدى. ھاياتلىقنىڭ قايتا بەرپا بولۇشى بىزگە دېڭىزنىڭ بارلىق مەۋجۇداتنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خۇا لاۋيۈنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، بىپايان دېڭىزغا ئۆزىنى ئېتىپ يۇيۇنغۇسى ياكى سۇ جانلىقلىرىغا ۋە ياكى دېڭىز دولقۇنلىرىغا ئايلىنىپ، ئەركىن يايرىغۇسى كېلەتتى. شۇ تاپتا ئۇ گېئېرمۇ ماي توشۇش لىنىيەسى ئېلىپ كەلگەن بارلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ خۇددى دېڭىز يۈزىدىكى مەيىن شامالدەك، دېڭىز سۈيىنىڭ شىلدىرلاشلىرىدەك، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا يوقاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايتتى. دېڭىز قىرغىقىدىكى تۇمانلار ئارا قۇندۇز دەرىخى ۋە ئىلكىس دەرىخىدىن تەركىب تاپقان قوش رەڭلىك ئايلانما خۇا لاۋيۈنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. بولۇپمۇ، شەھەرلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ ۋىۋىسكىسى ۋە ئاچ سېرىق ئۈچ قەۋەتلىك بىنا خۇا لاۋيۈنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇنىڭ ئىزدەۋاتقىنى دەل مۇشۇ بىنا ئىدى. ئۇ بىناغا كىرىپ تونۇشتۇرۇش بىلەن قىسمىدىن چېكىنىش ئىسپاتىنى چىقاردى.

— يەنە بىرسى كەپتۇ!

چىرايىدىن مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىغان بىرسى خۇا لاۋيۈگە سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن بىر جەدۋەلنى بېرىپ تولدۇرۇشقا بۇيرۇدى. خۇا لاۋيۈ ئىلگىرى بۇنداق جەدۋەللەرنى كۆپ تولدۇرغاچقا، بۇنىمۇ ناھايىتى تېزلا تولدۇرۇپ بولدى. ئۇ ئادەم جەدۋەل بىلەن تونۇشتۇرۇشنى ئېلىپ قىسقۇچ يىڭنە بىلەن قىسىپ، كەينىدىكى تارتمىغا سېلىپ قويدى، ئاندىن قىسمىدىن چېكىنىش ئىسپاتىنى خۇا لاۋيۈگە قايتۇرۇپ بەردى. ئىش تۈگىدى بولغاي، ئۇ كىشى ئارتۇق گەپ ـ سۆز قىلماي، قولىنى ئىشقىلاپ

تۇرۇپ، خۇا لاۋيۈنىڭ چىقىپ كېتىشىنى كۈتتى. بۇ چاغدا خۇا لاۋيۈ ئەكسىچە سەل ھاياجانلىنىپ، سۆزلىگۈسى كەلدى ۋە قارشى تەرەپكە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ بىر تەلىپىم بار ئىدى، مەن ئىشخانىدا ئولتۇرۇشنى خالىمايمەن، مېنى باش چۆكۈرۈپ، ئالدىراش ئىشلەيدىغان خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرساڭلار تېخى ياخشى! — دېدى.

گازىر كۆز بىرسى مەسخىرىلىك كۈلۈپ سورىدى:

— سىلەرنىڭ قىسمىڭلار قەيەردە؟

— ئېگىزلىكتە، ئېنىقىنى ئېيتسام تاڭگۇرا تېغىنىڭ ئىككى قانتىدا.

— ئۇ يەر دۇنيادىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان جايغۇ دەيمەن.

— شۇنداق.

— ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىكەن. راستىنى دېسەم، ھازىر سىلەرنىڭ ھەرقانداق بىر تەلىپىڭلار ئارتۇقچە، گەرچە ئۇ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى تەلەپ بولسىمۇ، بەربىر ئوخشاش. سىلەردەك ئادەملەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئامال بولمىغاچقا، مۇشۇ ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغان. خىزمەتنى ئۆزۈڭلار ئالاقىلىشىپ تاپسىلەر، بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمگەكچى ئەۋەتىش ئۇقتۇرۇشىغا تامغا بېسىپ بېرىش.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ خۇا لاۋيۈ لاسىدە بولۇپ قېلىپ:

— ئۇنداقتا قانداق ئالاقىلىشىمىز؟ — دېدى.

— يول مېڭىپ - دە! بۇ يىل قىسىمدىن چېكىندۈرۈلۈپ شەھىرىمىزگە قايتقان خادىمدىن تۆت مىڭغا يېقىنى بار، بۇنىڭ ئىچىدە تۇەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلاردىنلا بەش يۈزى بار، سىز بىزنى قانداق قىلسۇن، دەيسىز؟ قىسىمدىن چېكىندۈرۈلگەنلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى ئىقتىدارسىز، تېخنىكا، باشقۇرۇشنى بىلمەيدىغان چالا ساۋاتلار. ئۇلار تېخى قىسىمدىكى بۇيرۇقۋازلىقنى قىلىشىدۇ، كىمنىلا كۆرسە ئۆزىنىڭ سىزىقىدا

ماڭغۇزماقچى بولۇشىدۇ. قايسى ئىداره ـ ئورۇن بۇنداق ئادەملەرنى ئىشلىتىشنى خالايدۇ؟ يەرلىكنىڭ ئىشى مۇرەككەپ تۇرسا، بۇيرۇقۋازلىقنى تاشلاپ، خۇشامەت قىلىپ بولسىمۇ پۇت تىققۇدەك بىر يەرنى تېپىۋالغان ياخشى. بولمىسا پۇرسەت قالمايدۇ! دەۋر ئۆزگەردى، هازىر ئۆلگۇدەك ئىشلەيدىغان خىزمەتلەرمۇ يوق، خىزمەت قىلىشنىڭ ئۆزى بىر هۇزۇر، بولۇپمۇ باشلىق بولغانلار هېچ ئىش قىلمىسىمۇ مائاش، مۇكاپاتلىرىنى ئېلىۋېرىدۇ، ئۆي، ماشىنا بېرىلىدۇ، يەنە دېگىلى بولمايدىغان نۇرغۇن پايدىلىق يەرلىرى بار. ياخشىلىققا ياخشىلىق دېگەنلىكنىڭ ئۆزى مۇناسىۋەت دەپ ئاتىلىدۇ. سىلەردەك ئادەملەر قابىلىيىتىڭلار بولمىغاندىكىن، خىزمەت قىلىشنى ئويلاشماڭلار. كۆڭلۇمدىكى دېسەم، سىز گەپنى ئۇدۇللا قىلىدىكەنسىز. گەپنى ئۇدۇل قىلىش باشقىلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولۇپ هېسابلىنىدۇ، بۇنداق كىشىلەر ئاسانلا باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنى ئىشلىتىشكە بولىدۇكى، ئۆستۈرۈشكە بولمايدۇ. كەمتەررەك بولۇڭ، قانچىكى توخۇ يۈرەك، قۇلىقى يۇمشاق، ماقۇلجان بولسىڭىز، باشقىلارغا شۇنچە ياخشى كۆرۈنىسىز، ئىش تاپالايسىز. سىز ئاۋۋال بۇلارنى ئۆگىنىڭ. هازىر ئىشىڭىز بولمىغاندىكىن، ئۆيىڭىزدە ئەينەككە قاراپ مەشىق قىلىڭ. ئويۇننى ياخشى ئويناش ئۈچۈن هەرقانداق بىر هالقىدا بىخۇدلۇق قىلسىڭىز بولمايدۇ. مەسىلەن، بۆسۈپ ئۆتمەكچى بولغىنىڭىزدا، يالغاندىن ئۆتەلمەيدىغان، ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان قىياپەتكە كىرىۋالسىڭىز، باشقىلارغا ياخشى تەسىر بېرىسىز، ئۇنىڭدىن باشقا پۇلنى ئايىماي خەجلىمىسىڭىز بولمايدۇ. بولدىلا، بۇلارنىڭ هەممىسى قۇرۇق گەپلەر، ئاڭلاپلا قالسىڭىز بولىدۇ.

خۇا لاۋيۈ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

قويۇق تۇمان قاپلىغان شەھەرنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە، تولۇق چۈشۈرۈلگەن هال رەڭ دېرىزە پەردىلىك ئۆي ئىچىدىن

«ئاركىسست» كۆيىنىڭ مۇقەددىمىسى ياڭرايتتى. ئاشۇ مۇڭلۇق كۈيگە سىڭىپ كەتكەن قانداقتۇر بىر خىل ئۆزگىچە، غالجىرانە ئۇدارلار خۇا لاۋيۆ شۇ پەيتتىكى ئىچكى دۇنياسىنىڭ بەئەينى ئۆزى ئىدى.

خۇا لاۋيۆ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. خوتۇنى ئۇنى كۆرۈپ ھەم ھەيران قالدى، ھەم خۇشال بولدى. ئۇ خۇا لاۋيۆگە يىغىنغا قاتناشقىلى بېرىپ، ئاپتوبۇستا ئوغرى قىلىپ، چۈش كۆرگەنلىكىنى، چۈشىدە بىر پارچە ئېقىن سۇنىڭ ئۆز ئەتراپىدا ئەگىپ يېقىنلىق ۋە سۇزۇكلۇكتىن دېرەك بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى ۋە قوشۇپ قويدى:

— سىزنىڭ كېلىدىغانلىقىڭىزنى كۆڭلۈم تۇيۇپ يەتكەن، — دېدى ھەم رەنجىگەن قىياپەتتە، — بۇ قېتىم ئۇزاقراق تۇرۇڭ، بۇرۇنقىغا ئوخشاش پۇتىڭىزنى بوسۇغىدىن ئالماي تۇرۇپلا كېتىدىغان ئىشنى قىلماڭ، — دېدى.

خۇا لاۋيۆ خوتۇنىغا مېھرىبانلىق بىلەن قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى، ئارتۇق گەپ قىلىشنى خالىمىدى. خوتۇنىنىڭ قاپقارا، پارقىراق چاچلىرى دولقۇنسىمان شەكىلدە بويۇنلىرىنى يېپىپ تۇراتتى. كىيىمىنىڭ ئالدى ياقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان شەرق گۈزەللىرىگە خاس ئاپپاق، يۇمران بويىنى ئادەمنى ئازراق ئېزىقتۇراتتى. نۇرلۇق كۆزلىرىدىن ئوتتۇز نەچچە ياشلىق ئاياللاردا بولىدىغان مۇلايىملىق ئەكس ئېتەتتى. نەملەنگەن لەۋلىرىدە قەلب چوڭقۇرلۇقلىرىدىكى تەشنالىق ئوتلىرى ئەكس ئېتەتتى. گىلاستەك قىپقىزىل لەۋلەر نازلىق ئۇمچىيىپ ئۇنى مەپتۇن قىلاتتى. ئۇنىڭ كىيىملىرىمۇ قىزىل، پەقەتلا ئىشتىنى قارا رەڭدە بولۇپ، ئوتتەك قىزغىنلىق ۋە قايناق ھاياجانىنىڭ بىرىكىشى بىلەن سېھىر دۇنياسىدا جىلمىيىپ تۇراتتى.

چاقىرىش!

ئايالىنىڭ پىنھاندا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر جۈپ ئالمىسى ئۇنىڭ تولغان ئاياللىق سۇلكىتىنى نامايان قىلىپ، ئەرسىز

ئۆتكەن ئۇزۇن مەزگىللىك زېرىكىشلەردىن مۇستەسنا قالغاندەك يەنىلا شۇنداق جازىبىلىك كۆرۈنەتتى.

چاقىرىش !

كۇچلۇك بىلەكلەرنىڭ قامالىلاپ، قورۇشلىرىدىن بىر مەزگىل مەھرۇم قالغان بەللەر تېخىمۇ ئىنچىكىلىشىپ، بەدەن گۈزەللەشتۇرۇش ئورۇنلىرىغا بارمىغان ھالەتتىمۇ، لەۋەنلىكىنىڭ ھەقىقىي سۇلكىتىنى نامايان قىلاتتى.

چاقىرىش !

ئۇنىڭ مىققىدە كەلگەن ساغرا قىسمى تېخىمۇ جازىبىلىك بولۇپ، خالىغىنىچە ئىغۋاگەرچىلىككە سەۋەب بولىدىغانلىقى بىلەن ئايالالارغىلا مەنسۇپ. ئايالالارنىڭ شىرنىسى شۇ يەردىن چىقىپ، شەھەرنىڭ بۇلغانما ھاۋا ئېقىمىنى ساپلاشتۇرىدۇ. ئۇ يەر گويا ھاياتلىقنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمىنىغا، تەسۋىرلىگۈسىز ئۇلۇغۋار ۋە پىداكارانە پاسىلغا ئوخشايدۇ. بۇ پاسىلنى ئايالالارنىڭ بىر جۈپ پۇتى تىرەپ تۇرىدۇ. خوتۇنى كىيگەن ئىشتان چىپپىدە كەلگەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ يەنە نېمە ئۈچۈن ئاپپاق پايپاق كىيىۋالغاندۇ؟ پۇتىغا كىيىۋالغان قىزغۇچ بىنەپشە رەڭلىك ساپما كەشى ئۇنى سوغۇق سېمونت يەر بىلەن قاچانغىچە ئايرىپ تۇرار؟ ئاشۇ بىر جۈپ جەلپكار پۇت ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ، بۇلۇتلار ئارىسىدا كىشىنىڭ مەيلىنى تارتىپ تۇرغان تەبىئىي گۈزەل مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تاقەتسىزلىك ئىلكىدە تىت ـ تىت قىلاتتى.

ئايالى خۇا لاۋيۈنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئۇزى ئەتكەن تاماق ـ قورۇمىلاردىن رازى بولغان ـ بولمىغانلىقىنى سورىدى.

— يېنىڭىزدا تۇرۇپ سوغۇق سۇ ئىچسەممۇ شەربەت تېتىيدۇ، — دېدى خۇا لاۋيۈ.

— ئەمىسە تېزرەك يەڭ، — دېدى خوتۇنى تەبەسسۇم بىلەن.

خۇا لاۋيۈ تاماق ـ قورۇمىلارغا ئېغىز تەگمەستىن ئۇيغا

چۈمدى: «خوتۇنۇم بايا خىزمىتى بەك ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە، باللارنى يېزىدىكى ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ ئىشنى ئىلگىرى ماڭا يازغان خەتلىرىدە نېمىشقا ئېيتمايدۇ؟» ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ خوتۇنىدىن ھېچنېمىنى سورىغۇسى، ئۆزىنىڭ تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن كەلگەن بولماستىن، قىسمىدىن چېكىندۈرۈلگەنلىك ئىشىنىمۇ دېگۈسى كەلمىدى. تاماقنىمۇ كۆڭلى تارتمىدى. ئوخشىغان تەملىك تاماق خۇددى بىر خىل ۋەيران قىلغۇچى ۋىرۇستەك، ئۇنىڭ خوتۇنىغا بولغان ئۈمىدىنى بىتچىت قىلىپ، خۇددى سامادا پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇش تۇيۇقسىزلا ئوۋچىنىڭ يا ئوقىدا يارىلىنىپ، زېمىنغا موللاقلاپ چۈشكەندەك ئۇنىڭ قەلبىنى پەرىشان قىلاتتى. بىراق، ئۇ يەنىلا تاماقنى يېيىشكە باشلىدى. يەۋېتىپ خوتۇنىنى ماختاپ قويدى. خوتۇنى مەمنۇنلۇق بىلەن خۇا لاۋيۈگە ھەمراھ بولۇپ تاماقنى بىللە يېيىشىپ بەردى. خوتۇنىنىڭ پېشانىسى ۋە بۇرنىنىڭ ئۇستىدىكى مەرۋايىتتەك تەر تامچىلىرىنى كۆرۈپ، خۇا لاۋيۈ لۆڭگىنى ئېلىپ ئېرتىپ قويدى ۋە قاتتىق بىرنى كىيكىردى. خوتۇنى قاچىسىنى قويۇپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىق تىكلىپ، ئۇنىڭدىن قانچە ئۇزۇن تۇرىدىغانلىقىنى سورىدى.

— تۆت، بەش كۈندەك تۇرارمەن، شۇ چاغقىچە خىزمەتمۇ چىقىپ قالار، — دېدى خۇا لاۋيۈ.

خوتۇنى چۈشىنەلمەي قايمۇقۇپ قالدى. خۇا لاۋيۈ ئامالسىز ئېغىز ئاچتى. ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ بىللە بولىدىغانلىقىنى، دېمىزغا ياندىش بۇ شەھەردە ھەرقانداق بىر ئائىلىدىن ئىللىق، بەختلىك ئائىلە قۇرۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. خوتۇنى بېشىنى سىڭار يان قىلىپ ھەيرانلىق، تېڭىرقاش ئىلكىدە خۇا لاۋيۈگە تىكىلىپ، ئۇنىڭ كۆزىدىن قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئىزدىمەكتە ئىدى. خۇا لاۋيۈ سۆزلەپ توختىغاندىن كېيىن خوتۇنى سورىدى:

— بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويمىغانسىز؟

— شۇنداقمىكىن.
— ئەمما، سىز نېمە ئۈچۈن خاتالىق ئۆتكۈزىسىز؟
— سىز مەندىن قانداق خاتالىق ئۆتكۈزدىڭىز، دەپ سورىشىڭىز كېرەك.
ئەمما، ئايالى ئۇنداق سورىمىدى. خۋا لاۋيۈ يەنە دېدى:
— قۇرۇلۇشتا ۋەقە چىقتى.
— سىزنىڭ سەۋەبىڭىزدىنمۇ؟
— مەن دېگەن تەۋەنچاڭ تۇرسام، — خۋا لاۋيۈ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەيجۇ، سىز خۇشال بولۇشىڭىز كېرەك، ناۋادا خاتالىق چىقمىغان بولسا، سىزنىڭ يېنىڭىزغا قايتىپ كېلەلەيتتىممۇ؟ تېرىقچىلىق مۇنبەت تۇپراققا، مېۋىلىك دەرەخلەر، گۈللەر پەرۋىش قىلىنىشقا موھتاج بولغىنىدەك، مۇھەببەت ئوتىمۇ ئىككى يۈرەكنىڭ يالقۇنجىتىشىغا موھتاج. ئەجەبا، سىز ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ سىز ئالدى بىلەن بىر ئايال، شۇڭا مۇھەببەتكە موھتاج، ئاندىن قالسا شان ـ شەرەپكە، باشقىلارنىڭ ھۆرمەتلىشىگە موھتاج. خىزمەت، شان ـ شەرەپ، تۆھپە دېگەنلەر سىزدىكى ھېسسىياتنى سۇسلاشتۇرۇۋەتمىسۇن، خۇشاللىقتىن ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويغان ھالەتتە ئېرىڭىزنى كۇتۇۋېلىشىڭىز كېرەك. ئەيجۇ، ماڭا يات نەزەردە قارىماڭ، ھازىر جىددىي ئويلىنىدىغان ۋاقىتلار ئەمەسقۇ! كىيىملىرىڭىزنى سېلىۋېتىڭ، مەڭگۈ ياشلىق باھارىڭىز ئۇرغۇپ تۇرىدىغان يۇمران، نازۇك بەدەنلىرىڭىزدىن ھۇزۇرلىناي. شۇ تاپتا مېنى كۆرۈپ تېخىمۇ يۇمران، نازۇك بولۇپ كەتتىڭىزمۇ ـ قانداق؟ مېنىڭ قوپال ھەم كۈچلۈك قوللىرىم سىزنىڭ ئاياللىق ھېسسىياتىڭىزنى قايتا قوزغاتسۇن. مەن سۆيگەن ئىزنالارنىڭ بىردەمدىلا يوقاپ كېتىدىغان ھوردەك ئەمەس، جاراھەتكە ئوخشاش مەڭزىڭىزدە، بەدىنىڭىزدە مەڭگۈ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.
خوتۇنى داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى:
— ئەمما، سىز نېمە قىلالايسىز؟

خۇا لاۋيۆ كۈلۈپ كەتتى:

— سىز بىلەن بىللە بولسام يەنە نېمە قىلاتتىم؟

— سىز پەن - تېخنىكىنى چۈشەنمەيسىز، دىپلومىڭىزمۇ يوق.

— ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ پەن - تېخنىكا دېگەنلەرنى چۈشەنمەي، نەسىل قالدۇرۇپ ئۇرۇقىنى ساقلاپ كېلىۋاتامدۇ؟ دىپلوم دەمسىز؟ مېنىڭ ئەر ياكى ئەمەسلىكىمنى دىپلوم ئىسپاتلامدىكەن؟ ئەمىسە مەندە بار.

— قېنى دىپلومىڭىز؟ ھازىر شەھەرلەر دېپلومى بار پەن - تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىغا موھتاج.

— ئىككى بالىمىز مېنىڭ دىپلومۇم.

ئەمەلىيەتتە، خۇا لاۋيۆنىڭ خوتۇنىغا بولغان مۇھەببىتىنى بۇنداق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىشى ھاجەتسىز ئىدى. ئەر - خوتۇنلار كۆڭلىدە بىلىشىلا بولاتتى، بۇ خىل يوشۇرۇنلۇقنى تەڭرى سېخىيلىق بىلەن ئاتا قىلغان ئىلتىپات دېيىشكە بولاتتى. خوتۇنى خۇا لاۋيۆنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى. خۇا لاۋيۆ ئالدىدا تۇرغان خوتۇنىنىڭ بەدىنىدىن تارقالغان بىر خىل ئىللىق دولقۇن بەدىنىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە سىڭىپ كىرىپ، تىترىتىۋاتقاندەك بولدى. ئۇ تاقەتسىزلەنگەن ھالدا شەپكىسىنى ئېلىپ، ئۆزىنى يەلپۈشكە باشلىدى. چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدە سۇنئىي ئۇسۇلدا سالقىنداشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، ئېگىزلىكتىكى سوغۇق شامال ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتەمدىغاندۇ؟ ئۇ داۋاملىق يەلپۈشتىن توختاپ قالدى، سالقىنداۋېرىپ ھايۋانلاردەك ئۆرغۈپ چىقىدىغان ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ قويۇشتىن قورقۇپ، بۆكىنى ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇپ، بېرىپ خوتۇنىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. خوتۇنى كۈچەپ بېشىنى ئىككى يانغا چايقاپ، چىرقىراپ، ئالدى - كەينىگە يۇلقۇناتتى. ئۇ خۇا لاۋيۆنىڭ پارقىراق چوققىسىغا قاراپ:

— ئىلگىرىكىگە ئوخشىماي قاپسىز، تاقىر باش بولۇپ قالدىڭىزما؟ — دېدى.

— چۈشۈپ كەتتى، بۇمۇ ياخشى بولدى، چېچىمنى ياستىدىغان پۇلۇم تېجىلىپ قالىدۇ. ئەرلەرنىڭ چېچى ئۇزۇن بولسا گۆدەك، تەجرىبىسىز كۆرۈنىدۇ. مەن دېگەن كۆپنى كۆرگەن، بىزنىڭ ئۇ يەردىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق.

ئايال خورسىنىپ قويدى.

— جىددىيلەشمەڭ، بۇ تەڭرىنىڭ ئىشى، ھېچكىممۇ توسۇپ قالالمايدۇ.

خوتۇنى خۇا لاۋيۆنىڭ بۆكىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى:

— كىيىۋېلىڭ!

— بولدى، كىيمەيمەن، ئۇخلىغاندىمۇ بۆك كىيىۋالامدىم ئەمدى!

— كىيىۋېلىڭ، بولمىسا مەن ئۇنىمايمەن.

خۇا لاۋيۆ ئاچچىق كۈلۈپ بۆكىنى ئېلىپ كىيىۋالدى. بۇ ئىشتا خوتۇنىدىن ئاغرىنىشقا بولمايتتى. شائىرانە ھېسسىياتقا ئىگە، مودېللارغا ئوخشاش بىر ئايال قانداقمۇ يېرىم كېچىدە بىر تاقىرباش قېرى بىلەن ئۇخلاشقا كۆڭلى ئۇنىسۇن؟

— ماقۇل، گېپىڭىزنى ئاڭلاي، سۆيۈملۈكۈم، — خۇا لاۋيۆ قولىنى سوزۇپ خوتۇنىنىڭ ئوچۇق تۇرغان مۇرىسىنى سىيلىدى، ئاندىن ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى يەشتى. خوتۇنى ئۆزىنى قاچۇردى.

— ئۇنداق قىلمىسىڭىزچۇ!

خۇا لاۋيۆ ئۇنىڭ كىيىمىنى سالدۇرماقچى بولدى، ئەمما خوتۇنى بۇرۇلۇپ ئىچكىرىكى ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى. خۇا لاۋيۆمۇ كەينىدىنلا يۈگۈرۈپ، خوتۇنى تاقىۋېلىشقا ئۇرۇنغان ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئاچتى، خوتۇنى يىقىلىپ كېتىشكە تاسلا قالدى. خۇا لاۋيۆ ھۆركىرىدى:

— نېمىگە قاچىسىز؟ مەن يا باسقۇنچى بولمىسام!

خوتۇنى چىرايىنى تۇرۇپ، گەپ قىلماستىن لېۋىنى چىشلەپ تۇردى.

— باشقىچىلا ئادەمگە ئۆزگىرىپ قاپسىزغۇ؟ مەن قايتىپ كەلسەم خۇشال بولۇشىڭىز كېرەك ئىدى.

خوتۇنى مىشىلداپ يىغلاپ كەتتى.

— ئالدىڭىزدا تۇرساممۇ نېمىگە يىغلايسىز؟ مەن ئۆلگەندە ئاندىن يىغلىماسسىز؟

خوتۇنى ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغىلى تۇردى. خۇا لاۋيۈ خورسىنىپ قويدى:

— يىغلىماڭا ... — خۇا لاۋيۈ مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭ يېشىنى سۈرتتى، — سىزنى خېلىدىن بېرى قۇچاقلىغۇم بار ئىدى، ئومىقىم، تاغلار گۇمۇرۇلۇپ ھاياتلىقنى زۇلمەت باسقان كېچىلەردە، يۇلتۇزلار سامادىن سىرغىپ، قورقۇنچلۇق مىنۇتلار مېنى ئىنسانلار توپىدىن ئايرىۋېتىش ئالدىدا، كۆز ئالدىمدا تۇيۇقسىز نامايان بولغان سۇزۇك ئېقىن سۇ، قەلبىمدىكى ئاشۇ تاشقىن، روھىمنى پاكلاپ تۇرغان ئاشۇ سۇزۇك بۇلاق ئەسلىدە سىز ئەمەسمۇ؟

ئۇ خوتۇنىنى قۇچاقلاپ كۆتۈردى - دە، كارىۋاتقا بېسىپ ئۇنىڭ سايما كەشىنى، كىيىملىرىنى براقلا سالدۇرۇۋەتتى. ئەكسىچە، خوتۇنى ھۇددى بىر پارچە گۆشتەك ھېسسىياتسىز ھالدا سۇنايلىنىپ ياتاتتى. ئېغىر - ئېغىر پۇشۇلدايتتى، ئازابلىق ياشلىرى كۆز قارىچۇقىدا ھۇددى يىراقتىكى غۇۋا يۇلتۇزدەك پارقىرايتتى. ئۇ خوتۇنىنىڭ كۆزلىرىگە سۆيدى، ئۇنىڭ مەڭزىنى ھىدلىدى. گەرچە خوتۇنىنىڭ لەۋلىرىدە ئەكس ئەتكەن تەبەسسۇم جىلۋىلىرى سۇنئىيدەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئۇ خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ لەۋلىرىگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق سۆيدى.

— كېلىڭا، ئومىقىم، قايناق ئۇسسۇلغا چۈشەيلى، ھاياجانغا چۆمەيلى، ھايۋانلارچە ھۇۋلايلى. شەھۋانىي نەپسىمىز بەئەينى دېڭىزنىڭ ھاياتلىققا بولغان چاقىرىقىغا، ئۆلۈمنىڭ تۇغۇلۇشقا

بولغان نىداسىغا ئوخشايدۇ. ئەر ـ خوتۇن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەن پەيت ئىنسانىنىڭ ھەقىقىي ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە ئېرىشكەن پەيتىدۇر.

ئەر — كەلكۈن، ئۇ ئېگىز قورغانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئايالنىڭ قاغجىراپ كەتكەن قەلب ئېتىزىدىكى گۈل ـ گىياھلارنى سۇغىرىدۇ؛ ئەر قارغا ئوخشاش ئايالنىڭ بىپايان قەلب دالاسىنى، تىمتاسلىقتا چۆمگەن قەلب قەسرىنى پۈركەيدۇ؛ ئەر ساماۋى ئوتقا ئوخشاش ئايالنىڭ مۇزلاپ كەتكەن ئارزۇ ـ ھەۋىسىنى ئىسسىتىدۇ، ئايالنىڭ مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىدىكى بارلىق ساختا قىياپىتىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، قەلبىدە ئۇلۇغ ئوتنى لاۋۇلداپ ياندۇرىدۇ. كېچە قاراڭغۇلۇقى تاپ بېسىپ كەلگەندە، ئەر ـ ئايالنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى — كۆيۈۋاتقان ئايالنى نامايان قىلىدۇرىدۇ.

خوتۇننىڭ ھېسسىياتى ئويغاندى. خۇا لاۋيۈ يەنە يالقۇنى توختىماي پۈۋلەپ ئۇلغايتىدىغان بورانغا ئايلاندى. خوتۇننىڭ بەدىنى بوشىشىشقا باشلىدى. كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى بىردىنلا ئېرىپ تۆگەپ كېتىدىغان مۇز تاغقا ئوخشاش پەسلەپ، ئۇتتۇرىسىدىكى سىرلىق جىلغا تۈيۈقسىز يوقاپ، تۈزلەڭگە ئايلاندى. ئەر زېمىننىڭ يۈرەك رىتىمىنى ئاڭلىدى، خوتۇننىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ تەڭداشسىز بىر مۇھەببەت ناخشىسىنى ئورۇنلىماقتا ئىدى. ئاچ كۆز ئاياللار تۇرمۇشقا، ھاياتقا تويمايدۇ، ئەر ئاشۇ تۈزلەڭنى، ئاشۇ دېڭىزنى، خوتۇنىنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى ئالا قويماي ئاچ كۆزلەرچە سۆيۈشكە باشلىدى.

مەن بىر ئەرنىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچىنىڭ ئىككى پۈتۈم ئارىسىدا ناخشىغا چۈشۈپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى، تېنىمدە ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى سېزىپ، پۈتۈن بەدىنىم ئوت بولۇپ يانغاندىلا، ئاندىن ئەسلىدە ماڭا مەنسۇپ بولغان، ئەمما ھازىر پۈتۈنلەي ناتونۇش دۇنيانىڭ قايتىپ

كەلگەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم. مەن روھىمنىڭ ئۇنىڭغا سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ياغدۇرالايدىغان بىر پارچە بولۇت، ئۇنىڭغا لەززەتلىك ئۇيقۇ ۋە خاتىرجەملىك بېغىشلايدىغان جاي بولۇشىنى ئويلايتتىم. بىراق، مەن شۇنى ئېنىق ھېس قىلدىمكى، ئۇ ئاشىق بولغان، ئۇ قۇچاقلاۋاتقان ئايال ئۇنىڭدىن ناھايىتى يىراقلاپ كەتكەن، ئۇ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ. ئۇيۇقتىكى شەپەق نۇرى، يىراقتىكى تۇمانلار، خىيالىي مەنزىرىلەر ئارىسىدا مەن ئۆزۈم يالغۇز يۆلەنچۈك ئىزدەپ يۈردۈم. مەن ئاشۇ يۆلەنچۈكنى تاپالىدىممۇ؟

يۆلەنچۈك ئىزدەش ئۈچۈن بالامدىن ئايرىلدىم، سەمىمىيلىكىمنى، بىر مېھرىبان ئانا بولۇشتىكى پەزىلىتىمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم. مەن بىر خىيالىي دۇنيادا ياشاپ، تولىمۇ ئېغىر بەدەل تۆلەپ بىر ئارتىسنىڭ رولىغا ئېرىشتىم. بىراق، مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ رېئاللىقنىڭ سوراقلىرىدىن قۇتۇلالمىدىم. ئۇ بولسىمۇ ئەرلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى !

لاۋيۈ مېنى بۇنداق سۆيمەڭ. خۇددى تاغلار ئارىسىدىكى قورقۇنچلۇق قىيا تاشلار قەلبىمگە ئۆرۈلۈۋاتقاندەك ئازابلىنىۋاتىمەن. سىزنىڭ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان يۈرىكىڭىز، ئەركەكلەرگە خاس شىجائىتىڭىز مېنى ۋەھىمىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. مەن ئاللىقاچان تۇزاققا چۈشكەن ئايال، بىراق سىز يەنىلا بىخەۋەر، مېنى چاقىرىۋاتىسىز، تېنىڭىز بىلەن كۆكسۈمگە ھۇجۇم قىلىۋاتىسىز. گەرچە ئۇ ھېلىھەم سىزنىڭ ئارزۇ قىلغىنىڭىزدەك گۈزەل ھالەتنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، بۇ يەر ئەمدى سىزگە مەنسۇپ ئەمەس. لاۋيۈ ئاستىراق، ئاستىراق. ئاڭلاڭ، دېڭىز ھۆركىرەۋاتىدۇ، دېڭىز دولقۇنلىرى بەلكىم ساھىلغا قاراپ ئۆرۈلۈۋاتقاندۇ. بىراق، دېڭىز سۈيى ھامان پەسىيىدۇ، دېڭىز سۈيىنىڭ ئارقىغا يانغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ. بىر مەزگىللىك شاۋقۇن ـ سۈرەندىن كېيىن مەڭگۈلۈك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. ھەممە نەرسە ئەسلىگە كەلگەندە

سىز دېڭىزنىڭ جىنايەتلىرىنىڭ يامراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز. سىز بالىنى تىلغا ئالارسىزمۇ؟ بۇ شەھەردىن رازى بولغۇدەك خىزمەت تاپالىشىڭىزغا ئىشىنەمسىز؟ سىز مەڭگۈ ئىرادىلىك ئادەم. بىراق، شەھەر سىزگە موھتاج ئەمەس، يەنى شەھەر سىز كەبى ھەقىقىي ئادەمگە موھتاج ئەمەس، لاۋيۇ، سىزنى ھەقىقەتەن ئىتتىرىۋەتكۈم كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى، سىز قىزغىنلىق بىلەن سۆيۈۋاتقان ئۇ جاي ئاللىقاچان كونىراپ كەتتى، ئاللىقاچان باشقىلارنىڭ سەيلىگاھىغا ئايلىنىپ قالدى. چاتاق يېرى، سىز بەك بىپەرۋا ئىكەنسىز، سىز ئۇزاق يىل ھېسسىيات موھتاجلىقىدا يۈرگەن ئايالنىڭ جىسمىڭىز بىلەن روھىڭىزنى ئىلگىرىكىدەك ھۇزۇرلاندۇرالمايدىغانلىقىنى تېزلا ھېس قىلىشىڭىز كېرەك ئىدى. سىز بۇۋىمەريەم ئانىدەك ئەزىزلەۋاتقان بۇ ئايالنىڭ نېمىشقا ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى باشقا بىر ئەرگە بېرىپ قويغانلىقىنى ئويلىشىڭىز كېرەك ئىدى. لاۋيۇ، مېنىڭ ھازىر ئورنۇمدىن دەرھال تۇرۇپ، مېنى يۇخادىن چىققۇدەك سەتلەپ، ئۇرۇپ، ئاچچىقىڭىزنى چىقىرىۋېلىشىڭىزنى ئۆتۈنگۈم كېلىۋاتىدۇ. مەن بىر ئەسكى ئايال. لېكىن، مەن ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلىدىغان ئەسكى ئايالمۇ؟ ياق، راستىمنى ئېيتسام، ئەگەر ئۇلار ئارمان ئۈچۈن ئاھانەتكە چىدايدىغان، ئېرى بولمىسىمۇ بولىدىغان ھەربىينىڭ ئايالى ئۆلگىسىگە ئېھتىياجلىق بولمىغان بولسا، جىنايەتكە ئوخشاشلا سېھرىي كۈچكە ئىگە شۆھرەتپەرەسلىك مېنى ئەخلەتلەر ئارىسىدىن گۈلچەمبىرەك ئېلىشقا دالالەت قىلمىغان بولسا، مەن سىزگە ئاللىبۇرۇنلا: «لاۋيۇ، تېزرەك كەسىپ ئالماشتۇرۇپ قايتىپ كېلىڭ، بولمىسا دېڭىزغا سەكرەيمەن» دېمەكچىدىم.

لاۋيۇ، بۇ يەرگە سۆيۈك، بۇ يەر سىزنىڭ. چۈنكى، ئۇ ئادەم بىلەن ھەرقانچە ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كەتكەن چاغلاردىمۇ سىزگە پاكىزە، مۇقەددەس جاينى ئېلىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ قالمىدىم.

خوتۇنى ھېرىپ قالدىم دېۋىدى، ئۇ قولىنى بوشاتتى. خوتۇنى

ئۆرۈلۈپ دۇمبىسىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ياتتى. شۇنىڭ بىلەن گۈزەل بىر بەدەن ئادەمنى تېخىمۇ مەھلىيا قىلىدىغان بىر خىيالىي دۇنيا بولۇپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. شۇ ئان ئۇ بۇ جەلپكار بەدەننى خالىغانچە سۆيدى، ئالا قويماي سىلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دىڭىزدا لەيلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ دېڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئەڭ يوشۇرۇن مەخپىيەتلىكنى كۆردى، ئۇ بولسىمۇ ئۆلۈم توغرىسىدىكى گۈزەل رىۋايەت. ئۇ: «ئەگەر بىر ئەر ئايالنىڭ تېنىدە ياشىسا، ئايالنىڭ تېنىدە ئۆلسە، بەك قالتىس بولاتتى» دەپ ئويلىدى. ئايالLar ئەمەلىيەتتە ئايال ئەمەس، بەلكى ھاياتلىقنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان، تەربىيەلەيدىغان ئانا دەريا، ئانا قۇرۇقلۇق. ئۇ خوتۇنىنىڭ بېشىنى ھە دەپ ياستۇق تەرەپكە سۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تىترەڭگۈ ئاۋازدا:

— نېمە قىلاي دەيسىز؟ — دەپ سورىدى.

— يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— نېمىشقا؟

— سىز بەك ياخشى ئەمەسمۇ.

— توغرا، مەن ياخشى ئادەم، مەن ھەممە ئىشنى قىلالايمەن.

دېڭىز دولقۇنى بىلەن ئۇنىڭ ھاسىرىغان چاغدىكى ئاۋاز دولقۇنى بىرلىكتە ياقۇت بىلەن تولغان قارا ئاسمان گۈمبىزىنى لەرزىگە سالدى. ئاسمان گۈمبىزى بىر قەۋەتتىن قېلىنراپ، بارغانسېرى مۇستەھكەم قورغانغا ئايلاندى، خۇددى ئەمدى سۇبھى مەڭگۈ كۆتۈرۈلمەيدىغاندەك...

لاۋيۈ، ئىككىمىز توي قىلغاندىن كېيىن دەسلەپكى ئىككى يىلدا سىزگە خەت يېزىپ ئېيتقان ئاشۇ سۆزلىرىم ئېسىڭىزدىمۇ؟ مەن سىزگە، قايتىپ كېلىشىڭىزگە بەكمۇ ئىنتىزار، كۈندە تاياق ـ توقماق يېسەممۇ مەيلى، دېگەنىدىم. بىر ئايال ئەرگە ئىنتىزار بولغان چاغدا بالا مىجەز بولۇپ قالىدۇ. بىلەمسىز؟ مەن ئاشۇنداق بالا مىجەز كېچىدىن قانچىنى ئۆتكۈزدۈم؟ چىراغ نۇرى ئاستىدا مەن تامدىكى سايەمگە قاراپ

ئۆز ـ ئۆزۈمگە، مېنى قۇچاقلا، دەيتتىم. ئارقىدىن بەدىنىمنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، سايىنى ئۆزۈمگە ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشتۇراتتىم. ئاخىرىدا سايە مېنىڭ يالىڭاچ يوتامنىڭ ئاستىدا غايىب بولاتتى. مەن، مېنى سۆي، دەيتتىم. شۇنىڭ بىلەن بەدىنىمنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى سىز سىلاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. مەندە تۇيۇقسىزلا بىر ئېغىر يوقىتىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ھەسرەت ئىچىدە ئۇيقۇغا كەتتىم، ئەتىگەن ئويغانغان چېغىمدا ئۆزۈمنى ياستۇقۇمنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرغان ھالەتتە كۆردۈم.

مېنىڭ ياستۇقنى قۇچاقلاپ ئۇخلايدىغان ئادىتىم بار، كېيىن بىر ئەر ئىچ ئاغرىتىش نەزىرىدە ئالدىمدا پەيدا بولغان، بىتاقەت بولغان ھالدا ئۆزئارا ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرۇشقان چاغلاردىمۇ، ياستۇقنى قۇچاقلاپ ئۇخلايدىغان ئادىتىمنى ئۆزگەرتمىدىم. ياستۇق مېنىڭ لاۋيۆرىم ئىلگىرى چۈشىدە سۇ كېچىپ ئۆتكەن جاي.

مېنىڭ ئەينەككە قاراپ ئۆزۈمنى تۇزەشتۇرىدىغان ھەۋىسىم بار. لاۋيۆنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، بىر ئەرگە ئوخشاش ياساندىم. شۇنىڭ بىلەن ئەينەكتىن ئۆزۈمدىن ھالقىغان «مەن»نى كۆردۈم. مەن ئۇ ئەر كىشىگە: «كېلىڭا، بۇياققا كېلىڭا !» دېدىم. بىراق، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا ماڭا: «كېلىڭا، بۇياققا كېلىڭا !» دېدى. مەن ئۇنىڭغا يېقىنلاپ بېرىپ، ئۇنىڭغا چاپلاشتىم، ئۇنى قۇچاقلىدىم، ئۇمۇ مېنى قۇچاقلىدى. كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلار مېنىڭ غەزىپىمنى قوزغىدى. لاۋيۆ، سىز مېنى ئەيىبلىمەسسىز! بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلىرىمدە دائىم ئاخشىمى يالغۇز سىرتقا چىقاتتىم. ئاسماندىكى سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار ماڭا قاراپ كۆز قىسىشقان ۋاقىتلاردا دېڭىز ساھىلىنى بويلاپ ماڭاتتىم. مېنىڭ ئۇمىد قىلىدىغىنىم نېمە؟ دېڭىز سۈيىنىڭ بەدىنىمنى پاكىزلىشىمۇ؟ يۇلتۇز نۇرىنىڭ مېنى يۇيۇپ قويۇشىمۇ؟ سەلكىن شامالنىڭ بەدىنىمنى سىلاپ ئۆتۈشىمۇ؟ ياق!

مەندە ئەزەلدىن شائىرانە ھېسسىيات بولۇپ باقمىغان، مېنىڭ ئىزدەۋاتقىنىم جىنايەت. ئەمما، ھەر قېتىم مەغلۇپ بولدۇم. تەڭرىنىڭ ئادالەتسىزلىكىنى قارغىدىم. گېزىتلەردە، ئۇقتۇرۇشلاردا باسقۇنچىلار توغرىسىدا نۇرغۇن خەۋەرلەر بار. شۇ باسقۇنچىلار نېمىدەپ ماڭا يولۇقمايدىغاندۇ؟ مەن بىر تەربىيە كۆرمىگەن ياۋايى ئەرنىڭ ماڭا باسقۇنچىلىق قىلىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتىم. چۈنكى، مېنىڭ تېنىمدىكى گۈلزارلىق باشقىلارنىڭ دەسسەپ - چەيلىشىگە موھتاج. چۈنكى، شۇنداق بولغاندا، مەن سىزگە يۈز كېلەلەيمەن، دەپ قارايتتىم. بۇ بىر قورقۇنچلۇق ئالدامچىلىق بولسىمۇ، مەن شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

مەن باسقۇنچىغا يولۇقمىدىم، ئەكسىچە دېڭىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن قىلچە تەپ تارتمايدىغان بىر خىل كۈچ، بىر خىل ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرىدىغان ئىچكى كۈچنى ھېس قىلدىم. مېنىڭ ھاۋايى - ھەۋىسىم ئەمدىلىكتە ئۆز قەدرىنى تاپقاندى.

مەن دېڭىز ساھىلىدىن ئۈمىدنى تېرىۋالدىم: پارقىراق، سىلىق بولقىسىمان تاش پارچىسىنى تېرىۋالدىم. مىليون يىللار ئۇيقۇدا ياتقان بۇ تاشقا نۇرغۇنلىغان بېلىق تۇرلىرى ۋە باشقا دېڭىز جانلىقلىرى سۈركىلىپ ئۇنى سىلىقلىتىۋەتكەنىدى. مەن ئۇنى تېرىۋالغان چېغىمدا ئۇنىڭ ئۈستىدە باشمالتاق چوڭلۇقىدا كېلىدىغان قۇلۇلە ئۇخلاۋېتىپتىكەن. ياراتقۇچى تەڭرىمۇ بۇنىڭ بىر مەزلۇمە ئۈچۈن فانتازىيەلىك ھاۋالە ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغاندى.

بىر كۈنى مەن غەربىي ساھىلدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانىغا بېرىپ، مۇشۇ كەڭرى كەتكەن دېڭىز ساھىلىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلارنى تاۋاپ قىلدىم. مەن يىراقتا تۇرۇپ قەبرىلەر ئارىسىغا تىكلەنگەن خاتىرە تاختىلىرىغا ھاڭۋېقىپ قارىغىنىمچە ئاستا - ئاستا يېقىنلاپ بېرىپ، يۇمشاق قوللىرىم بىلەن يىرىك تاشلارنى ئۇزاق

سىلىدىم. يەنە بىر قېتىم پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا، خۇا لاۋيۈگە خەت سېلىۋېتىپ، ئەس - ھوشۇمنى يوقاتقان ھالدا چېكىدىن مەنزىرىگاھنىڭ ئاتكرىتكىلىرىدىن سېتىۋالدىم ۋە ئارىسىدىن بىرنى ئېلىپ كارتۇچىمنىڭ بېشىدىكى ئەينەك تاختىغا چاپلاپ قويدۇم...

خوتۇنى خورسىنىپ قويدى.

— نېمە بولدى، ئاغرىپ كەتتىمۇ؟

خوتۇنى بېشىنى يېنىك چايقىدى.

ئازاب - ئوقۇبەت بولمىسا بويسۇندۇرۇلغان ھېسابلانمايدۇ. ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىسىدا زادى كىم كىمنى بويسۇندۇرىدۇ؟ ئايال ئەرگە بويسۇنامدۇ ياكى ئەر ئايالغىمۇ؟ بۇلارنى ئەسلا ئىدراك قىلغىلى بولمايدۇ. ئايال پەقەت ھېلىقى ئەر بىلەن ئىلگىرى دېگىنىز - ئوكيان جانلىقلىرى تەتقىقات ئورنىدا بىللە ئىشلىگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ماتېرىيال خادىمى ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئەرنىڭ پەن - تېخنىكا كادىرى ئىكەنلىكىنى ئەسلىيەلىدى. ئۇلار پاراڭلىشىش داۋامىدا تېزلا چىقىشىپ قالدى. ئۇ ئەر پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئورگىنىغا يۆتكىلىپ كېلىش ھارپىسىدا، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ خىيالىنى پەرەز قىلىشىپ بولغانىدى، ئۇلار تۇمان ئىچىدە بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ بىر كارىۋاتتا يېتىش ئۇمىدىدە ئىدى...

لاۋيۈ، سىز بىلەمسىز؟ مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئانىدىن تۇغما ھالەتتە تۇرغىنىمدا قىلچىلىكمۇ قورقۇنچ ھېس قىلمىدىم، ھەتتا سىزنى ئويلاپمۇ قويمىدىم، خىجىل بولۇش ۋە پۇشايمان قىلىش دېگەنلەر خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىقمىدى. مەن شۇ چاغدا بىتاقەت بولۇپ تەلپۈنۈۋاتقىنىم سىز ئەمەس، بەلكى پەقەتلا بىر ئەركەك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇ بىر ئەركەك، ئەجەبا، تەڭرى ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە بولغان يېقىنچىلىقىنى ئەيىبلەمدۇ؟ ئۇنىڭ مەغرۇرانە قىياپىتى مېنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىم، بۇ ئىش مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا ھېچقانداق داغ قالدۇرمايدۇ. ناۋادا ئەر بىلەن ئايال

ئارىسىدىكى خۇشاللىقنى جەمئىيەتتىكى قارا داغ دەپ قاراشقا توغرا كەلسە، بۇ داغ ئاللىقاچان ماڭا يۇقۇپ بولدى. ئۇ داغ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىن ئىلگىرىكى ئاشۇ دەۋرلەردىلا بار ئىدى، يەنە ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ناھايىتى تېزلىكتە راۋاجلاندى. ئۇ ئەرنىڭ دېيىشىچە، ئەجدادلىرى ئالتۇن قاسراقلىق، كۈمۈش قاناتلىق بېلىق، ئۆزى بولسا ئاشۇ بېلىقلارنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەۋلادلىرى ئىكەن. مېنىڭ ئەجدادلىرىم بولسا دېڭىز ئىكەن، مەن دېڭىز سۈيى ئىكەنمەن. ئۇ مەن بىلەن بىللە بولسا، «بېلىق بىلەن سۈدەك» بولۇپ كېتىدىكەنمىز. مەن چۈشەندىم: ئاياللار ئەرلەرنى كۈتمىسە، دېڭىز بېلىقلارنى باقمىسا، ئۆلۈك دېڭىز قۇرۇپ قالغان جەسەتكە ئوخشاپ قالامدۇ؟ لاۋيۇ، سىز بەلكىم ھەسەتخورلۇق ئىچىدە ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇشىڭىز كېرەكتۇ، ئۇ مېنى ئۆلۈك دېڭىزغا ئايلاندۇرمىغاچقىلا، بۈگۈن روھىڭىز كۆتۈرەڭگۈ ھالەتتە دولقۇن يۈزىدە پەرۋاز قىلماقتا. لاۋيۇ، سىز ياشلىق باھارىمنى ئويغاتقان ئەر، ئاڭلاۋاتامسىز؟ دېڭىز شاۋقۇنى ئاخىرلاشتى، بورانمۇ توختىدى، بۇ سۈپسۈزۈك باشلىنىش. سىز ئۇخلىشىڭىز كېرەك، مېنى يۇيۇنغىلى قويۇڭ! تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى مەن تۇيۇقسىز باشلانغان بۇ يېڭى تۇرمۇشۇمنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈستىدە ياخشىراق ئويلانمىسام بولمايدۇ!

ئۇ ئەرنىڭ خورەك ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئايال ئۇنىڭ تاقىر بېشىغا مەجنۇنلارچە تىكىلىپ، ئېغىر ئۇھ تارتقان ھالدا تۆۋەندىكى ناخشىنى ئەسكە ئالدى.

يىراقلاردىن بەكمۇ يىراقتىن،
ئۆلۈم پۇراپ تۇرغان جەڭگاھتىن،
قايتىپ كەلدى ئېرىم يېنىمغا...
دەملەپ بەرگەن چايلارنى ئىچتى،
ئېتىپ بەرگەن تاماقنى يېدى،
ئۇخلاپ قالدى يانپاشلىغىنىچە،
مەن ئۆگەتكەن ناخشىنى ئىڭشىغىنىچە...

ئەسكەرسىز شۇ زاماندا،
ئۆچمەيدىغان چوغدان يېنىدا،
ئۇخلاپ قالدى ئېرىم خىرامان.
يېپىپ قويدۇم يوتقاننى،
ياماپ بولۇپ كىيىمنى،
شېرىپ بولۇپ كەشنى،
ئويغاتتىم مەن ئېرىمنى ...

ئازاب دەۋرىگەن كېچە ئۇزۇنسىغا يېقىنلاشماقتا، تاڭ سەھەر ئۇنىڭ دۈشمىنى. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇر تىغلىرى بىلەن ئۇنىڭ قاتىلىغا ئايلىنىش ئالدىدا. قۇياش بىپايان دېڭىز سەتھىدە نامايان بولۇپ، ئۆلۈم بىلەن تەنتەنە قىلماقتا! ئەكسىچە، دېڭىز ھاياتلىقىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن باش سۆيىنى يېرىش ئالدىدا.

بۇ شەھەرگە قايتىپ كەلگىنىگە بىر ھەپتىدىن ئاشقان خۇا لاۋيۈ شۇ كۈنى تۇنجى قېتىم بالدۇر ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇياشنىڭ دېڭىزدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن تۇغۇلۇشنى كۆرۈش قايغۇ ـ ھەسرەتنى كۆرۈش بىلەن باراۋەر، قايغۇ ـ ھەسرەت خۇددى يالقۇنجاۋاتقان ئوتقا ئوخشاش ئۇنىڭ ئالدىدا نامايان بولدى.

ئۇنىڭ ئاللىبۇرۇن دۇنياغا كەلگەن بالىسى ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئاتا قىلالمىدى. ئۇ نۇرغۇن قېتىم خوتۇنىغا: «بالىمىزنى ئېلىپ كېلىڭلا» دېگەندە، خوتۇنى جاھىللىق بىلەن: «ياق، مەنمۇ، سىزمۇ ئالدىراش تۇرساق» دەپ زىنھار ئۇنىمىدى.

— ھازىر مېنىڭ ئىشىم يوق تۇرسا، بالىغا مەن قارايمەن.

— سىز تەشكىل مېنى تېزلا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ، دېگەنتىڭىزغۇ؟ — خوتۇنى مۇشۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا چىرايىدا قايغۇ ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى.

— ھە!

خوا لاۋيۇ ئۇزاقتىن بېرى بۇنداق خورسىنىپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن ھەسرەتلىنىپ ئاھ ئۇرۇشى شەھەرنىڭ ئۇنىڭغا ئۈن – تىنسىز تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئۆزگەرتىشلىرىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئۇ تەبىئەتتىن ھالقىغان، تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان بىر كۈچنىڭ شەھەرنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ – پۇچقاقلىرىغا يوشۇرۇنغانلىقىنى، بۇ خىل كۈچنىڭ ئۆزى بىلەن ھەر ۋاقىت ئېلىشىشقا تەييار تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. ئۇ تىز پۈكمەس روھقا ئىگە، ئۇنىڭ روھىدىكى بۇ خىل ئالىيجانابلىق ئۇنىڭ يولىغا جاپا – مۇشەققەتلەرنى سايە قىلىپ، ئىستىقبالىنى خىرەلەشتۈرمەكتە. ئۇ يەتتە – سەككىز ئورۇنغا بېرىپ باقتى، ئۇلارغا مەن ئىش ئورنى، مائاش دېگەنلەر بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايمەن، پەقەت ماڭا رولۇمنى جارى قىلدۇرىدىغان يەر بولسىلا بولدى، دېگەن بولسىمۇ، ھېچقايسى ئورۇن ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ بۇنىڭدىن خورلۇق ھېس قىلدى. بۇ خىل ھېسسىيات ئۇنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئىقتىدارسىزلىقىنى ئىسپاتلايتتى. ئۇنىڭ بىرقانچە كۈن ئۇياق – بۇ ياققا چېپىپ يۈرۈپ ئېرىشكەن ھاسىلاتى شۇ بولدى. بۇ شەھەرنىڭ چوڭ – كىچىك كوچىلىرىدا لەپەڭشىپ يۈرۈپ بىرەر ئىش قىلىشى كېرەكلىكىنى، بولمىسا جان باققىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنى تېخىمۇ خاتىرجەمسىزلەندۈرگىنى، ئۇ ئۆزگە يېقىنلىشىۋاتقان تۇرمۇش دولقۇنلىرىنى ئامالسىز چىن يۈرەكتىن ماختىشى كېرەكلىكىنى، شۇنداقلا بۇ دولقۇن ئۆزىنىمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان يالغۇز ئارالغا ئاپىرىۋەتكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ بۇ شەھەردە سەرگەرداندەك تەرەپ – تەرەپكە قاتراپ، غەم – قايغۇنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، مەقسەت – مۇددىئاسىزلا قونالغۇ ئىزدەۋاتقاندا، خوتۇنىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنى پەقەت ئۆز بەدىنى ۋە ئاش – تاماقلا ئەمەس ئىدى. تۈنۈگۈن خوتۇنى ئىشتىن قايتىپ

كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى ئاساسىي قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ ئادەمگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، بىرسىنىڭ بۇنىڭغا خۇا لاۋيۈنى كۆرسەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

— بىرسى دېگىنىڭىز كىمكەن؟ — سورىدى خۇا لاۋيۈ.

— بىلمەيمەن.

— ئەمىسە بۇ خەۋەرنى نەدىن بىلدىڭىز؟

— مەن، مەن تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرگەن.

— سىز كۆرسەتكەنسىز، ھەرقاچان؟

خوتۇنى ئۈندىمىدى. خۇا لاۋيۈنىڭ قابىلىيىتىگە تايىنىپ ئۆز ئورنىنى تاپالماي، بەلكى باشقىلارنىڭ، جۈملىدىن خوتۇنىنىڭ ھېسداشلىقىغا تايىنىپ ئۈمىدكە ئېرىشىشى ئۇنىڭغا ھار كەلدى. بىراق، ھازىر ئۇنىڭ زادى قانداق قابىلىيىتى بار؟ بۇنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ قورسىقى كۆپۈپ خوتۇنىغا: «بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىرىمغا ئارىلاشماڭ، مەن دېگەن ساغلام بىر ئەركەك، نېمە قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن؟» دېمەكچى بولدى ـ يۇ، بىراق ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى. ئۇ سەۋر ـ تاقىتىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەندى.

ئۇ چوڭقۇر ـ تېيىزلىقى ئوخشىمايدىغان ئاياغ ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ، دېڭىز ساھىلىنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى. ئاياغ ئىزىنىڭ قىلچە قىممىتى يوق، چۈنكى ئۇ قانچىلىك پۇختا بولسىمۇ، دېڭىز دولقۇنى تەرىپىدىن بىردەمدىلا يۇتۇۋېتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېچكىم ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. خۇا لاۋيۈ ئىختىيارسىز ھەسرەتكە چۆمدى. بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن تاغلار، تىنىق ئاسمان، قەھرىتان قىشتىكى جاندىن ئۆتىدىغان شامالدا كۆككە تاقاشقاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان ماي يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى ئۇنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك جاراھەتلەرنى قالدۇرغان ئەمەسمۇ؟ پەقەت ئېگىز تاغ ۋە دېڭىزلا ھەقىقىي نەرسىلەر. چۈنكى، ئۇلار ئۆزىدىكى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تايىنىپ ياشاپ كەلمەكتە. باشقىلارنىڭ ئۇنى ئېتىراپ قىلىش ـ

قىلماسلىقى بىلەن پەرۋايى پەلەك. شۇڭا، دېڭىز ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئېنىق تونۇۋېلىشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ، ئۇ دائىم بىر قەۋەت تۇماننى توسۇق قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزى خالىغانچە ئۆزگىرىدۇ، ھەرىكەتلىنىدۇ، ئۆزگە بىلەن كارى بولمايدۇ. خۇا لاۋيۈ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان دېڭىز يۈزىگە قاراپ، قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىنىڭ دېڭىز تېگىگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى، دېڭىزنىڭ ئەكسىچە تېخىمۇ جىمىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ ئەسىردىن ھالقىغان، ئىنسانىيەتتىن ھالقىغان، ھاياتلىقتىن ھالقىغان، بارلىق نەرسىدىن ھالقىغان جىمجىتلىق ئىدى. بۇ جىمجىتلىق ئىچىدە دېڭىز پۈتكۈل كائىناتنىڭ جۇلاسىدەك كۆرۈنەتتى. خۇا لاۋيۈ روھى چۈشكەن ھالدا ساھىلدىكى نەم قۇملارنى دەسسەپ كېتىۋېتىپ دېڭىز دولقۇنى تەرىپىدىن ساھىلغا چىقىرىۋېتىلگەن بىر قىسقۇچپاقىنى ئېھتىياتسىزلىقتىن تېپىۋەتتى، قىسقۇچپاقا ئوڭدىسىغا بولۇپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىدىن زارلانغاندەك تىرناقلىرىنى سوزۇپ ـ قىسقارتىپ ئۈنسىز ياش تۆكمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ رەڭگى، شەكلى شۇنچە كۆرۈمسىز، ھەرىكىتى شۇنچە قوپال ئىدى. ھالبۇكى، ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ۋە ئەھمىيىتىنى گۈزەللىك، سەتلىك بەلگىلىمەيدۇ. تەبىئەت قانۇنىيىتى بولسا گۈزەللىك بىلەن سەتلىك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئۈستىگە قويۇلغان ھايات ـ ماماتلىق رىقابەت قانۇنىيىتى.

خۇا لاۋيۈ توسقىلى بولمايدىغان بىر خىل ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتى بىلەن ئازابلىنىۋاتقان قىسقۇچپاقىنى ئېڭىشىپ ئېلىپ، كۈچەپ دېڭىزغا قارىتىپ ئاتتى. ئۇنىڭ بىلىكى بوشلۇقتا بىر ياي ھاسىل قىلدى، ئەمما دېڭىز يۈزىدە ئازراقمۇ بۆزغۇن كۆتۈرۈلمىدى. ئۇ ئىنسانىيەتنى مەنسىتمىگەن تىمتاسلىققا غەزىپى كېلىپ، دېڭىزغا قاراپ ۋارقىرىماقچى بولۇۋىدى، لېكىن ئاۋازىنى چىقىرالمىدى. دېڭىز يەنىلا ئاۋۇالقى

دېڭىز ئىدى. ئۇ قورقۇنچ ئىلكىدە كۆزىنى يوغان ئېچىپ، پايانسىز كەتكەن دېڭىز ۋە دېڭىز يۈزىنى باغاشلىغان تۇمانلارغا قاراپ قويدى ۋە دەرھال يولغا راۋان بولدى.

بۇ 1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى باھار پەسلىنىڭ بىر ئەتىگىنى ئىدى. ئەتراپ جىمجىت، خۋا لاۋيۈ خوتۇنى دەپ بەرگەن ئىشخانىغا كىردى. گېزىت كۆرۈۋاتقان، چاي ئىچىۋاتقان، تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان، پاراڭلىشىۋاتقانلارنىڭ نەزىرى ئۇنىڭغا يۆتكەلدى. ئۇ خىل جىمجىت كەيپىيات ئۇنىڭغا تونۇش بولغاندا ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزىگە قارىغاندىكى ھالەتنى ئەسلەتتى. ئۇ ئادەتتە بويىچە ئۇلارغا تېزلىكتە بىر قاراپ چىقىپ، گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ ناھايىتى سوغۇق، غەلىتە كۆرۈنۈۋاتقانلىقىنى، يۈزلىرىدە سەممىيەتسىز، يامان غەرەزلىك كىشىلەردە بولىدىغان ئىپادىنى بايقاپ قالدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئوي ـ خىيالىنى بىلەلمىدى، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىنى پالاكەت باسقان، بىچارە، ئەخمەق، ھاماقەت قىياپەتتە كۆردى. ئۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ياخشىمۇسىز؟ — بىرسى ئۇنىڭغا قول ئۇزارتتى. ئۇ دەرھال بۇ كىشىنىڭ قىز بالىنىڭكىدەك ئاپپاق، يۇمران قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، تەكەللۇپ بىلەن دېدى:

— ياخشىمۇسىز؟

— نېمە، مېنى تونۇمىدىڭىزما؟

خۋا لاۋيۈنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى.

— قانداقسىغا تونۇمىغۇدەكمەن، سىز دېگەن مەن بۇ شەھەرگە كېلىپ تۇنجى تونۇشقان ئادەم تۇرسىڭىز. ئەمما، ئۆزگىرىپ كېتىپسىز، ئۇ كۈنى كۆل رەڭ كىيىم كىيمىگەنىدىڭىز، — دېدى ئۇ خۇشال ھالدا ئۇنىڭ مەيدىسىگە مۇشتلاپ.

تونۇش دېگەن يەنىلا تونۇش ـ دە. خۋا لاۋيۈنىڭ بۇ خىل قىزغىنلىقنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى سەل چەكتىن ئېشىپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ خۇددى ئەسكەرلەر يېڭى ھەربىي فورمىنى كونىراپ يىرتىلىپ كەتكۈچە كىيگەنگە ئوخشاش ئەرلەرنى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە بىرلا قۇر كىيىم كىيىشى كېرەك، دەپ ئويلايتتى. ئۇ كىشى ئەكسىچە بايىقىدىن سوغۇق قىياپەتتە ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ خۇا لاۋيۈنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە ھۆكۈمەت ئىشىنى بېجىرىدىغان قىياپەتتە دېدى:

— ئەھۋالىڭىزنى بىرەر قۇر ئىگىلەپ، سىزنى بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك، دەپ قارىدۇق.

— نېمە خىزمەت؟

— يېڭى ئېنېرگىيەنى ئېچىش، پايدىلىنىش تەتقىقات مەركىزى بىناسى سېلىش.

خۇا لاۋيۈ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى.

— خالىمامسىز؟

ئۇ ھىم دەپ، ئارقىدىن قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن نارازىلىق ھەم پەخىرلىنىش چىقىپ تۇراتتى. مەن دېگەن دۇنيانىڭ ئۆگزىسىدە تۇنجى قۇرۇلۇش قىلغان ئەڭ يۇقىرى قوماندان تۇرسام، بىر بىنا دېگەن قانچىلىك ئىشتى؟

— قاچان باشلايمىز؟ — ئۇ تەقەززالىق بىلەن سورىدى.

— قۇرۇلۇش باشلىنىپ بولدى.

— باشقارما باشلىقى، تېلېفون، — دېدى بىر ئايال.

ئۇ كىشى ئايالنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماستىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئالدىراپ كەتمەڭ، سىزنىڭ ئىشىڭىزنى بىز يۇقىرىغا دوكلات قىلىپ تەستىقلانغاندىن كېيىن ئاندىن ئىشقا چۈشىسىز، ئەڭ قىسقا بولغاندىمۇ يېرىم ئاي كېتىدۇ، — ئۇ بىر پارچە ئاق قەغەزنى سۇندى.

— بۇنىڭغا تەرجىمىھالىڭىزنى يېزىپ قالدۇرۇپ قويۇڭ.

باشقارما باشلىقى مۆلچەرلەش قىيىن بولغان بىر خىل نەزەردە خۇا لاۋيۈنى ئىشخانىدىن ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇلار يەنە بىر

قېتىم قول ئېلىشتى، ئەمما خۇا لاۋيۆنىڭ قىزغىنلىقى قالمىغانىدى.

ئۇ كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ يەنە بىر قېتىم دېڭىز ساھىلىدىن ئۆتتى. دەرۋەقە، كەلگەن چاغدىكى ئاياغ ئىزى ئاللىقاچان كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىزلار دېڭىز سۈيىنىڭ قۇم، قاسىراقلارنى سىلجىتىشىدىن ئۆچۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۆچۈپ كەتسە يەنە قالدۇرغىلى بولىدۇ. خۇددى دېڭىز سۈيى قۇرۇپ قالمىسىلا، ھاياتلىق كۆپىيىپ تۇرغاندەك پەقەت كىشىلەر يول ماڭسىلا، ئاياغ ئىزى قالىدۇ. تۇمان ئاستا ـ ئاستا شالاڭلاشتى. قۇياش نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن زېمىنغا چاچماقتا. قىزىل رەڭلىك دېڭىز ئۇيۇقى مەپتۇنكار زىلۋالىقى بىلەن تىنىق ئاسمانىنىڭ ئىشتىياقىنى قوزغىغاچقا، بۇلۇتلار دېڭىز كۆكسىگە باش قويۇپ، دېڭىز كۆكسىدە ساناقسىز ھاياجانلىق دولقۇنلارنى ھاسىل قىلماقتا. خۇا لاۋيۆ قىيالمىغان ھالدا دېڭىز ساھىلىدىن ئايرىلدى، تاكى ئېگىز بىنالار كۆرۈش دائىرىسىنى توسۇۋالغاندىلا، ئاندىن قاراشتىن توختىدى.

ئۇ ئۆيىگە كىرىپلا خىيالغا كەتتى. ئۇزاق يىللار ئىلگىرى ياشىغان دادىسىنى، دادىسى ياساپ بەرگەن ياغاچ ئات ۋە رەگەتكىسىنى ئېسىگە ئالغاندەك، بالىلىرىنى چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە ئەسلىدى. ئۇ قىسىمغا خەت يېزىپ، خىزمەت تاپقانلىقىنى ئېيتماقچى بولدى. قىسىمدىكىلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى، تۇرۇبا لىنىيەسىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنىڭ باشلانغان ـ باشلانمىغانلىقىنى بىلگۈسى كەلدى. ھاياجانلانغان ھالدا تارتمىنى ئاختۇرۇپ سالام خەت قەغىزى ئىزدەپ تاپتى. تارتمىنى ئاختۇرغاندا بىر قانچە پارچە گېزىتمۇ چىقتى. گېزىت كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۈستىدىكى «جاڭ ئەيجۈ» دېگەن خەتلەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن يېڭىلىق بولدى. گېزىتتە جاڭ ئەيجۈنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان خەۋەر بولۇپ، ئۇ ناھايىتى قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇشقا باشلىدى.

ئالچىپار خەتلەرنى ئويۇنغا ئايلاندۇرۇپ ئوقۇپ تۇختىماي كۈلەتتى. ئەمما، داۋامىنى ئوقۇغانسېرى كۈلەلمىدى، چىرايى بارغانسېرى قارىداپ، ماڭلىيىدىكى شالاڭ چاچلىرى يېنىك تىترىدى، مۇسكۇللىرى چىگىپ، ئاخىر پۈتۈن بەدىنى قېتىپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ گېزىتنى تاشلاپ، سىرتقا يۈگۈردى، ئەمما بەك تېز قايرىلغاچقا، ئۇستەلگە قاتتىق ئۇرۇلدى. ئەينەك ئاستىدا ئىككى ئوغلى تۇراتتى. ئەمما، بۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا قالغان ساختا ئوبراز ئىدى، خالاس.

...

ئۇلارنى باشقۇرىدىغان ئادەم يوق، دېگىزلا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى سۇسلاشقان ئاتا ـ بالا مۇھەببىتىنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇراتتى. مۇھەببەتنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى چەكسىز. ئۇلار ھەر كۈنى دېگىز بويىغا باراتتى. بەزىدە ھەتتا كۈنلەپ مەكتەپكە بارماي، ئىللىق دېگىز سۈيىدىن قانغۇچە ھۇزۇرلىناتتى. بىر كۈنى، ئۇلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتتى. قاش قارايغاندا كوركىراپ كەتكەن قورسىقىنى تېرىپ كەلگەن دېگىز مەھسۇلاتلىرى بىلەن توقلىدى. ئۇلار ئاپىسىنىڭ بۇگۈن ئۆيگە ناھايىتى كەچ قايتىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بولغاچقا، دېگىز ساھىلىدا ئولتۇرۇپ قۇياشنىڭ دېگىزغا پېتىۋاتقان ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشىنى تاماشا قىلماقچى بولغانىدى. قۇياش پاتتى. ئۇلارمۇ ئۆيگە قايتقۇدەك بولۇپ قالدى. كەچتىكى تاشقىن تۇرۇلۇپ باستۇرۇپ كەلدى. شەپقەتسىز دولقۇن ئۇلارنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپ، دېگىزنىڭ چوڭقۇر قېتىغا ئەكىرىپ كەتتى. ئانا دېگىز چەكسىز مېھىر ـ شەپقەت كۆرسەتكەندىن كېيىن، يەنە قىلچە رەھىم قىلماستىن ئىككى ھاياتلىقنى ئېلىپ كەتتى. ئۇ مېھرىبانلىق تېشىپ تۇرىدىغان، رەھىمسىزلىكمۇ جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىغان دېگىز. بۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ ئانىسى پەرزەنتى يوق بىر ئەمما موماينىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ ئاجىز بەدىنىنى سۈرتۈۋاتاتتى.

مومايىنىڭ يالغۇز ئوغلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قاراڭغۇ، زەي ئۆڭكۈردە ئۆلۈپ كەتكەنىدى. مەھەللە كومىتېتى بۇ غېرىب مومايىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا بىر ئادەمنى ئورۇنلاشتۇرماقچى بولغاندا، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ بارغانىدى.

باللار كەتتى. بۇرۇنلا ئېرىشىشكە تېگىشلىك ئاتا مۇھەببىتىگە ئېرىشىشكە ئۈلگۈرەلمەي، ساپ قەلبىنى بىللە ئېلىپ كەتتى. ئانىدىن تۇغما ھالەتتە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىپلاسلىقلاردىن خالىي ھالدا دېڭىزغا قايتتى. كېتەر ۋاقتىدا ھەتتا ئىنسانىيەتنىڭ سۆيگۈسىگە سىمۋول قىلىنىدىغان كېيىم ـ كېچەك ۋە نەرسە ـ كېرەكلەرنىمۇ ئېلىۋالمىدى. ئۇ ياز كۈنى، ناھايىتى گۈزەل كۈنلەر، قىزىقچىلىققا تولغان دەقىقىلەر ئىدى.

خۇا لاۋيۈ يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدى. قەلبى ھەسرەتكە تولغان بولسىمۇ، ئەمما كۆزىدىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ياش چىقىرالمىدى. كېيىن يىغلىغۇسى ئەمەس، بەلكى سىرتتىكى دېڭىزغا قاراپ ۋارقىرىغۇسى كەلگەنلىكىنى بىلدى. ياق، چوقۇم كۈلۈش كېرەك. ئۇ راستتىنلا كۈلدى. چۈنكى، ئۇ خوتۇنىنىڭ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى.

غەلىتە كۈلكە ئاۋازى خوتۇنىنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزى ئاخىر يۇرەك ـ باغرىنى ئۆرتەيدىغان گېزىتكە چۈشۈپ، بەدىنى ئۈشتۈمتۇت مۇزلاپ كەتتى. چوڭقۇر ھەسرەت ۋە ئازاب ئىچىدە كىشىنى تەشۋىشكە سالىدىغان ئېھتىياتچانلىقتا ياشاپ ھامان مۇشۇنداق كۈننىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئېرىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، بارلىق ئاقىۋەتكە بەرداشلىق بېرىشى كېرەك. ئەگەر ئېرى رازى بولىدىغان بولسا ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلاپ ئۆلسىمۇ مەيلى ئىدى. ئاشۇ گېزىتنى كۆيدۈرۈۋەتمىگىنى ئېرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ بولغان مەخپىيەتلىكنى بىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقى ئەمەسمۇ؟

خۇا لاۋيۈ كۈلمىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى جاڭ ئەيجۇنىڭ

سولغۇن يۈزلىرىگە، ئاندىن ئۈستىبېشىغا، ھاياجاندىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە تىكىلدى. جاڭ ئەيجۇ مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭغا قەدەممۇقەدەم يېقىنلاشتى. خۇا لاۋيۈ ئازراق ھودۇقۇپ خوتۇنىغا قارىدى. جاڭ ئەيجۇنىڭ بولسا ھەرىكىتى ئاستىلاپ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى، ئەمما يىغلىمىدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ئاشۇ ئۇزۇن كېچىلەردە ئېقىپ تۈگىگەنىدى.

— سىز...

— لاۋيۈ، مېنى ئۆلگىن دەمسىز؟

— ئۆلگىن؟ ھا ـ ھا ـ ھا... — ئۇ يەنە غەلىتە كۈلدى.

ئايالىنىڭ بەدىنىنى تىترەك بېسىپ، قوڭۇر رەڭلىك يىلان تېرىسىدىن ئىشلەنگەن سومكىسى قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. تىترەشتىن قارا چاچلىرى ئالدىغا چۈشۈپ، يۈزىنىڭ يېرىمىنى توسۇۋالدى.

— بىگىسىڭ بولسا ماڭا قارا، — خۇا لاۋيۈ ئۇنىڭ يۈزىنى يېپىپ تۇرغان چاچلىرىنى قايرىپ ئاچماقچى بولدى ـ يۇ، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن تۇرۇپلا ئۇنىڭ بىلىكىنى قايرىپ يەرگە يىقىتماقچى بولدى. جاڭ ئەيجۇ ھېچقانداق تىركەشمەي، ئاستا يېتىپ بەردى. خۇا لاۋيۈ ئەجەبلەنگەن ھەم غەزەپلەنگەن ھالدا پۈتى بىلەن ئۇنى تېپىشكە باشلىدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ ئېچىنىشلىق چىرقىرىغان ۋە يالۋۇرغان ئاۋازىنى ئاڭلىماقچىدى. ئەمما، جاڭ ئەيجۇنىڭ چىشىنى چىڭ چىشلىگەنىدە چىققان ئاۋازدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىمىدى. جاڭ ئەيجۇنىڭ ئاغزىدىن قان سىرغىپ چىقتى. خۇا لاۋيۈ ئۇنى تېپىشتىن توختاپ، ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئورۇندۇقتا يانچە ئولتۇردى.

لاۋيۈ سىزگە نېمە بولدى؟ ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئەرلىك جاسارىتىڭىز بىلەن مېنى تارتىپ تۇرغۇزۇڭ، مېنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىڭ! دېڭىزدا بالىلىرىم بار، ئانام بار. ئانا، مېنى رەڭلىك قاسراقلىق يېسى بېلىققا ئايلاندۇرۇپ قويغان بولسىڭىز ئىدى، سىزنىڭ يېنىڭىزغا ئۈزۈپ باراتتىم: ناۋادا سىز

مېنى سوغا ئايلاندۇرۇپ قويغان بولسىڭىز، سىيداملىشىپ كەتكەن قەلبىڭىزنى دېڭىز سۈيىدەك كۆپكۆك رەڭدە بوياپ قويىتتىم؛ مېنى قارا رەڭلىك دېڭىز يۈسۈنىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان بولسىڭىز، بېشىڭىزدا ماكانلىشىپ، سىزگە قاپقارا چاچ ئاتا قىلاتتىم. ئاياللار مۇھەببەتتى ئارقىلىق يۈشايمانىنى سېتىۋېلىشتىن باشقا يەنە نېمىمۇ قىلالايدۇ؟ سۆيگۈ ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن گۇناھىمنىڭ ئورنىنى سۆيگۈ بەدىلى ئارقىلىقلا تولدۇرالايدۇ. لاۋيۈ، مېنى دېڭىزغا سۆرەپ كىرىڭ! مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ، دېڭىز سۈيىدە قاۋۇل بەدەنلىرىڭىزنى سۇرتۇۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ. ئۇزاقراق يۈيۈنۈڭ! دېڭىزنىڭ قۇچاقلىشى مېنىڭ قۇچاقلىشىم، بالىلىرىمىزنىڭ قۇچاقلىشى.

مەن ھارغىن بەدىنىمنى يېنىك مىدىرلىتىپ، خۇددى دېڭىزدىن ئايرىلغان بېلىقتەك پارقىراق يەر يۈزىدە سۇرۇلۇپ يۈرۈپ سىزنىڭ يېنىڭىزغا قاراپ سىلجىماقتىمەن. سىزنىڭ بەردەم پۇتلىرىڭىزنى قۇچاقلىغۇم، سىزنىڭ قولىڭىز، ئۇخلايدىغان ياستۇقىڭىز، يوتقىنىڭىز، مەينەتلىشىپ كەتكەندە يۈز - كۆزىڭىزنى يۇيىدىغان سۇ بولغۇم بار. بىراق، سىز مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇۋاتىسىز. مېنى نېمە ئۈچۈن يالغۇز قالدۇراي دەيسىز؟ ئەجەبا، سىز چىن كۆڭلىڭىزدىن خالاپ مېنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بەرمەكچىمۇ؟ ئۇ مېنى دېڭىزغا ئېلىپ كىرەلەمدۇ؟ مېنىڭ يۈرىكىم ئىككى پارچىغا بۆلۈنگەن: بىرى سىزنىڭ، يەنە بىرى ئۇنىڭ؛ بىرى دېڭىزنىڭ، يەنە بىرى قۇرۇقلۇقنىڭ. مېنى ئەخلاق ئارقىلىق ئۆلچىمەڭ. ئېگىز تاغ، چوڭقۇر دېڭىز، چۆل - جەزىرە، كۆپكۆك ئاسمان ئەخلاقنى چۈشەنمەيدۇ. چۈنكى، تەڭرىنىڭ زېمىنى ئەخلاقسىز زېمىن! سىز كەتسىڭىز ئۇ مېنىڭ دېرىزەم ئالدىدا پەيدا بولىدۇ. سىز قايتىپ كەلگەندىن بۇيان، ئۇ ھەر ئاخشىمى دېرىزىمىزنىڭ ئالدىدىن كەتمىدى. مەن ئۇنىڭدىن بۇنداق قىلماسلىقىنى ئۆتۈندۇم. ئۇ، ياق، ئىشقىلىپ ئۇنىمۇ خاتىرجەم ئۇخلاتمايمەن. مەن دېڭىز، سىلەر ئىككىڭلارنى

تونجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرىمەن، لېكىن ھازىر ئۇ دېگىنىز مېنى تونجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى، دېدى. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ. سۆيگۈگە بولغان مانا شۇنداق قاراش بەئەينى زەھەرلىك گۈلگە ئوخشىغاچقا، باھار پەسلىنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرايدۇ.

ئۇ يەردە يېتىپ، خۇا لاۋيۈ يېپىپ چىقىپ كەتكەن ئىشىكنىڭ يەنە ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلدى. «مېنى قۇچاقلالا»، جاڭ ئەيجۇ كۆڭلىدە شۇنداق ئويلايتتى. ئۇ ئايالغا زەن سېلىپ قاراپ، ئىچ ئاغرىتقان ھالدا قولىنى سۇندى. ئەمما، جاڭ ئەيجۇ كۆزلىرىدە: «ماڭا تەگمەڭ، مانا بۇ ئېرىم ئۇرغان يەر. قېنى خالىغىنىڭىزنى قىلىڭ» دەيتتى. ئۇ ئايالنىڭ كىيىملىرىنى ناھايىتى تەسلىكتە سېلىۋاتقانلىقىغا قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ئاغزىم قان، پۇتۇن بەدىنىممۇ قان، — دېدى جاڭ ئەيجۇ ئۇنىڭ قايغۇ چىقىپ تۇرغان چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

— بۈگۈن بولدى قىلايلى.

— نېمە؟ ئۇنداقتا بۇ يەرگە نېمىگە كەلدىڭىز؟

— سىزنى كۆرگىلى كەلدىم.

— كۆرگۈدەك نەرسەم بار؟ جاھاندا ئايالالار كۆپقۇ؟ نېمىشقا ئۇلارنى كۆرگىلى بارمايسىز؟ كېلىڭا، — ئايال ئۇنىڭغا يالۋۇردى.

ئەر بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقايمۇ؟

— سەنمۇ ئەر بولدۇڭمۇ؟ يوقال! — جاڭ ئەيجۇ ۋارقىراپ، قولىغا چىققان ئېگىز پاشنىلىق ئايىغىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى.

ئۇ يۈزىنى توسۇپ تۇرۇپ:

— ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن. مەن رەسمىي يوسۇندا سىزنى ئەمرىمگە ئالىمەن. ئەيجۇ، بىز توي قىلايلى! — دېدى يېلىنىپ.

— يوقال! — ئۇ غەزەپلەنگەن هالدا ئىنچىكە ئۈزۈن تىرناقلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ كۆكرىكى ۋە يۈتىنى تاتىلاپ قانىتىۋەتتى.

ئۇ قورقۇپ كەتتى. جىددىيلەشكەن هالدا ئىتتىلىپ بېرىۋىدى، جاڭ ئەيجۇ يۈتى بىلەن تېپىۋەتتى.

— كۆزۈمدىن يوقال! كىم مەن بىلەن ئۇخلاشقا جۈرئەت قىلالىسا، مەن شۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن.

ئەر كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. قورققىنىدىن كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى.

بىر سەپدىشى ئۇنىڭغا بۇ شېئىرنى ئۆگىتىپ قويغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە پەقەت خۇا لاۋيۈ ئۆزىلا ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنالايتتى.

ئوتكەن ئىشلار بەئەينى دېڭىزدىكى يەلكەندۇر،
يىراقلىسا بارغانچە يەلكەن كەبى عايىبتۇر.
غۇۋالىقتا ئۆتكەن شۇ هايات،
قولدىن كەتكەن پۇرسەتلەر،
بېسىپ ئۆتكەن يوللاردا قالدى.
چۈشلىرىمدە كۆرگەن ماكانىم،
دېڭىز تېگىدە ياكى پەلەكتە.
كۆرەلمەيمەن قايتا رەت،
لېكىن كۆزۈم ئۆتكۈر ئەبەدكە.
باسالمايمەن باغرىمغا سېنى نىگارىم،
لېكىن سۆيگۈ يۈرەكتە قالدى...

ئىشلار ئالدىراپ ئۆتۈپ كەتتى. كەلگۈسى تېخى يىراق. كىشىلەرنىڭ ئەهمىيەت بېرىدىغىنى يەنىلا بۈگۈن. خۇا لاۋيۈ شۇنداق ئويلايتتى. ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىدىن ئايرىلىپ قالغان

بوگۈننىڭ يەنە نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ كېچىدىكى دېڭىزنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمما، كېچىدىكى قورۇقلۇق ئەكسىچە چىراغلار بىلەن زىنىنەتلىنىپ، ئۆز گۈزەللىكىنى جاھانغا كۆز - كۆز قىلىدۇ. دېڭىز بولسا ئۆتمۈشكە، كەلگۈسىگە تەۋە. خۇا لاۋيۈ ئازابلانغان ھالدا ئولتۇردى. بېشىنى كۆتۈرۈپ، خىرەلەشكەن كۆزلىرى بىلەن قاراڭغۇ، سىرلىق، غۇۋا كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قارىدى.

بالىلىرىم، داداڭلار كەلدى. سىلەرنىڭ گۆدەك، يۇمران روھىڭلارغا تەزىيە بىلدۈرۈشكە كەلدى. چىقىڭلار، داداڭلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، بۈگۈنكى ئازابلانغان ھالىتىمنى كۆرۈپ بېقىڭلار. سىلەر ھاياتىمنىڭ بىر قىسمى، ھاياتىمنىڭ داۋامى.

دېڭىزنىڭ قاراڭغۇ چوڭقۇرلۇقى قىزغۇچ رەڭلىك دولقۇن بىلەن ئاۋات. مەيىن شاماللار كېچىلەرنى جەلپ قىلىدۇ. مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان بىر جۈپ شەيتان سۇ يۈزىدە پەيدا بولدى.

خۇددى سەن بىزنى ياخشى كۆرىدىغاندەك. ياق، دادا، بىز سېنى تونۇمايمىز. سەن ئېگىزلىكتىن كەلگەن. قەدىمىي شەمشەر بىلىقىنىڭ بىزگە دەپ بېرىشىچە، ئۇ يەر تاش قەلئەدىن پۈتكەن جەسەت ساندۇقىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئەمما، بىز بولساق دېڭىزدا، بۇ يەردە ئىنسانلار ئويلاپ يېتەلمەيدىغان خۇشاللىق ۋە بەخت بار. دادا، قايتىپ كەتكىن، بىز ئاپامنىڭ چاقىرىشىنى ئاڭلىمىغۇچە دېڭىزدىن ئايرىلمايمىز.

— بالىلىرىم!

— دادا!

— ئەجەبا سىلەر ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ، كىچىك ۋاقتىڭلاردا مەن سىلەرگە ئىككى ياغاچ تاپانچا ياساپ، تەنتەنىلىك ھالدا سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا تۇتقۇزۇپ، چوڭ بولغاندا ئەسكەر بولۇڭلار، دېگەنىدىم.

— ئەمما، ئاپامنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە سىڭىشتۈرگەندە بۇ ھېچنېمە ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادا، بىز ئەسكەر

بولمايمىز، ئاپام بىزگە، ئەسكەر بولماڭلار، خوتۇن ـ باللىرىڭلار بىلەن بىللە ئىناق ـ ئىجىل ياشاڭلار، دېگەن.

— باللىرىم، مېنى ياخشى كۆرۈڭلار، مەن سىلەر ئۈچۈن ئۆكسۈپ يىغلىماقچى.

— ياق، بىز ئاپامنىلا ياخشى كۆرىمىز.

— ئەمما، ئۇ بەك رەھىمسىز، ئۇ سىلەرنى نابۇت قىلغان.

— بىز ئاپامنىڭ مېھرىبان ئايال ئىكەنلىكىنىلا بىلىمىز. ئۇ بىزنى جايا ـ مۇشەققەت ئىچىدە بېقىپ چوڭ قىلدى. بىزگە دېڭىزنى دادا قىلدى. دادا سەن قايتىپ كەتكىن، ئاپام سېنى ساقلاۋاتىدۇ.

— مەن قايتىپ كېتىمەن. ئەمما، سىلەرنى كۆرۈۋالاي.

— ياق، سەن بارلىق مۇھەببىتىڭنى ئاپامغا بەرمىدىڭ، بىزمۇ ساڭا مۇھەببىتىمىزنى بېرەلمەيمىز. كەينىڭگە قارا، بىرى ساڭا قاراپ كېلىۋاتىدۇ. ئاپام سىلەر ئىككىڭلارغا مەنسۇپ، ئاپام چوقۇم خۇشال بولىدۇ.

قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك دولقۇن غايىب بولدى. دېڭىز دولقۇنىنىڭ شاۋقۇنى يىراقلارغا تارالدى. دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، دېڭىزنىڭ نەمخۇش ھىدى ئەتراپقا تارقالدى. خۇا لاۋيۈ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ بىرى خۇددى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كېلىۋاتقاندەك ئويلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا قاراڭغۇ كېچىدە ھاياتلىق ناھايىتى ئاجىز بىلىنەتتى.

ئۇ كىشى ئۇنىڭغا يېقىنلاشماي، ئەنسىزلىك ئىچىدە دېدى:

— بىز سۆزلىشىپ باقايلى!

ئايال ئۆزگەردى. دۇنيا ئەسەبىي ھالەتكە قايتتى، دېڭىز پەردازسىز قالدى. 4 ـ ئايدا ياغقان قاتتىق يامغۇر دېڭىز سۈيىنى ئۇلغايتىۋەتتى. دولقۇن قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ، قىرغاققا يېقىن جايلاردىكى بەزى ئىمارەتلەرنى ئۆرۈۋەتتى. ئەمما، بۇ شەھەرنىڭ زور ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى، دېڭىز

تاشقىنى ئۆرۈۋەتكەن ئىزلار يوقاپ، ئۇ يەر رەتلىك، پاكىز جايغا ئايلىنىدۇ. ھەقىقىي ئاپەت يېڭى ئېنېرگىيەنى ئېچىش، پايدىلىنىش تەتقىقات مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇش مەيدانىدا يۈز بەردى.

ئۇ كۈنى، ئىش مەيدانىدا ۋەقە چىقتى. قۇرۇلۇشقا مەسئۇل شەھەرلىك 7 - قۇرۇلۇش شىركىتى بەلگىلىگەن مۇددەتتىن بۇرۇن كونا بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنى بۇزماقچى بولغانىدى. ئەمما، ئىككى يۈزگە يېقىن ئاھالە تام ھاسىل قىلىپ ئۆيلەرنى بۇزدۇرمىدى. ئاھالىلەر: «چېقىش، كۆچۈرۈش ھەققى ۋە زىيان تۆلىمىنى يەنە بىر ھەسسە كۆپەيتىپ بېرىشى كېرەك» دەپ تۇرۇۋالغانىدى. ۋاقىت ئالتىدىن ئۆتكەندە، ئۆي ئالدىغا بىر قانچە تۇپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېلىپ، ئۇلارنى قورقۇتۇپ قويماقچى بولدى. ئەمما، قېرى - ياش ھەممەيلەن قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، ئاخىرغىچە بەل قويۇۋەتمىدى. كىمنىڭ ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرگىنى نامەلۇم، بىر مەيدان ئېلىشىشتىن كېيىن ئىككى تەرەپتىن جەمئىي بەش ئادەم نەق مەيداندا ئۆلدى. نۇرغۇن ئادەم يارىلاندى، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي يەنە بىر ئادەم قازا قىلدى. خۇا لاۋيۈ قۇرۇلۇشقا مەسئۇل تەرەپنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ئىشتا بىۋاستە مەسئۇلىيىتى بولمىسىمۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ ئىشەنچىدىن ئايرىلىپ قالدى. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئۇنىڭغا ئىشتىن بوشىتىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى يەتكۈزدى.

خۇا لاۋيۈ قان تۆكۈلىدىغان ۋەقەنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىۋېلىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. ئەگەر ئۇ قىسمىدىكى ۋاقىتتىكى ئىشەنچ ۋە ئەقىل - پاراسەتكە تولغان بولسا ئىدى، بەلكىم ۋەقە سادىر بولۇشتىن ساقلانغىلى بولار ئىدى. ئەڭ بولمىغاندا ئىش بۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتمەيتتى. ئەمما، ئۇ ۋەقەدىن ساقلىنىشقا تىرىشمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جاڭ ئەيجۈنىڭ

ئېرىلىش سالاھىيىتىگە تايىنىپ بۇ خىزمەتكە ئېرىشكەنلىكىنى بىلگەن چاغدا ئىختىيارسىز روھى چۈشۈپ كەتكەندى. ئۇ باشقارما باشلىقىنىڭ سىماسىدىن ساختا مېھرىبانلىق ۋە شەخسىيەتچىلىكنى كۆردى. ئۆزىنىڭ بولسا ئىچى تار خاراكتېرىنى تونۇپ يەتتى. ئۇنىڭ بۇ خاراكتېرى شەھەردە بارغانسېرى كۈچىيىدۇ، كىشىلەردىكى كەڭ قورساق، مەردانىلىكنى بارا ـ بارا گۇمران قىلىدۇ. ئۇ ھازىرغا قەدەر ئۆزىنى ھۆكۈمران دەپ ئويلايتتى. ئەمما، بۇ يەردە، دېڭىز بويىدا كىم ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىك ئاتا قىلالايدۇ؟ ۋەقە يۈز بەرگەن ئاشۇ كۈنى، ئۇ ئۆيدە خوتۇنى بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ سۆزلىشىۋاتاتتى.

سۈكۈت پاراڭنىڭ مەزمۇنى ئۈزۈلۈپ قالىدىغان كۆپ چېكىتكە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە خوتۇنى ئاللىقاچان كېتىپ بولدى. كۆڭلىدىكى بىسەرەمجانلىق چېقىنغا ئايلىنىپ ئۆچتى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇمنى چىقىرىشنى ئويلىدى. يەنى ئۆيدىن ئايرىلىپ ئىش ئورنىغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان كوللېكتىپ ئارىسىدا تۇرمۇش كەچۈرمەكچى بولدى.

ــ يەنە مېنى تاشلاپ كەتمەكچىمۇسىز؟ ــ خوتۇنى ئازابلانغان ھالدا سورىدى، ــ مەن قانداق قىلىمەن، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.

ــ ئۇنىڭ بىلەن كەت، مەن ئاللىبۇرۇنلا سىلەرنىڭ توي قىلىشىڭلارغا قوشۇلغان، ــ دېدى خۇلاۋيۇ قايغۇرغان ھالدا.

ــ ئەمما، مەن سىزگە ئېيتقان. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس.

ــ شەكىل مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى مەزمۇن. مېنىڭ ئۇچىمە كۆڭۈل ئايالنىڭ كۆڭلىنى تۇتۇپ قالىدىغان قابىلىيىتىم يوق ئىكەن.

ــ ماڭا ئىشىنىشىڭىز كېرەك.

— ئۇ كۇنلەر ئۆتۇپ كەتتى.
— لاۋيۆ، — خوتۇنى ئۇنىڭغا ئېتىلدى.
خوۋا لاۋيۆ ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى.

ئۇ كەتتى. خوتۇنىنىڭ يىغا - زارلىرى ئىچىدە قىسىمدىن ئېلىپ كەلگەن يۇك - تاقىلىرىنى كۆتۇرۇپ، قان تۆكۇلۇۋاتقان ئىش مەيدانىغا قاراپ ماڭدى. ئايالى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭغا ئۇمىد بىلەن قارىدى. شۇ تەرزدە ئۇنىسىز ئەگىشىپ ئىش مەيدانىغا كەلدى، يەنە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پەن - تېخنىكا كومىتېتىغا كەلدى.

...

بۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىقى، لاۋيۆ، سىزدىن ئۆتۇنۇپ قالاي، مېنى قوبۇل قىلىڭ! لېكىن، مېنىڭ جىسمىم سىزگە تىزلانمايدۇ. سىز مېنى بۇزۇق ئايال دەپ قارايسىز. مېنىڭ جىسمىم ئىلمەككە تەتۇر ئېسىپ قويۇلغان ھايۋاننىڭ تىتما - تىتما بولۇپ كەتكەن گۆش پارچىلىرىدىن ھەرھالدا قىممەترەكتۇر. ھاتالاشقاندەك قىلىمەن، چۇنكى بۇ دۇنيادا ناخشىلار ھەقىقەتەن كۆپ، لېكىن ئىنساننىڭ جىسمىغا ئائىت بىرمۇ ناخشا يوق! مەن تەبىئەتكە مەنسۇپمەن. مېنى ساياھەت قىلىڭلار، تاماشا قىلىڭلار، قايغۇ - ھەسرەتلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار، شانلىق ئىش - ئىزلىرىمدىن ھوزۇرلىنىڭلار ! لاۋيۆ، ناۋادا سىز ئۆزىڭىزنى ھېلىھەم ئەركەك دەپ ھېسابلىسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ جىنسىي ئېھتىياجىڭىزنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى ئېتىۋالماي، خوتۇنىڭىزنىڭ مەرھەمىتىنى رەت قىلماسلىقىڭىز كېرەك. كېلىپ چېنىقىڭ، تازىلىنىڭ، پەرۋاز قىلىڭ، ئۆزىڭىزنىڭ مەڭگۇلۇك قىممىتىڭىزنى تېپىڭ ! ھەي، ئەر! ناۋادا سەن ئاياللاردىن ئايرىلساڭ، شۇ ھامان بىر دۆۋە كېرەكسىز نەرسىگە، ئۇچۇپ يۇرگەن يىلتىزسىز، جىسىمسىز ياپراققا ئوخشاپ قالىسەن ! گۇزەل مەنزىرىلىك تاغ - دەريالار مېنىڭ جىسمىمدا، سەن جىسمىم ئارقىلىقلا پۇتۇن يەر شارىدىكى

ئەڭ گۈزەل ئورمانلارنى، ئەڭ ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلارنى، ئەڭ سۈزۈك ۋە پاكىز بولغان تۈگىمەس بۇلاقلارنى كۆرەلەيسەن. ئۇلاردىن قانغۇچە ھوزۇرلىنالايسەن! تاغ يوللىرىنى سەيلە قىلىپ، بۇلاق سۈلىرىدىن ھوزۇر ئالالىساڭلا، ئەۋلىياغا ئايلىنالايسەن، پادىشاھ بولۇپ ئاتىلالايسەن! پادىشاھنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مەسئۇلىيىتى ئەر - ئاياللارنىڭ بىللە بولۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ! سىزنىڭ ئەرلىك ئىپتىخارىڭىز ئۈچۈن مانا مەن كەلدىم!

پەن - تېخنىكا كومىتېتى بىناسىنىڭ كارىدورىدا جاڭ ئەيجۇ ھېلىقى باشقارما باشلىقى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە «يوقال!» دەپ ۋارقىرىدى. ئەر تۆت ئەتراپقا قارىۋېتىپ تىكىۋەتتى. مېڭىشتىن بۇرۇن: «بېشەملىك قىلماڭ، ئىدارىدىكىلەر بىلىپ قالسا ياخشى بولمايدۇ» دەپ تاپىلاشنى ئۇنتۇمىدى. جاڭ ئەيجۇ تاكى ئۇنىڭ قارىسى يىتكەنگە قەدەر غەزەپ بىلەن تىكىلىپ قارىدى.

كارىدوردا ئۇ ئىگىز، كەڭ پېشانىلىك، قىياپىتى سۈرلۈك، تەمكىن، مەغلۇپ بولسىمۇ بېشىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ، قەددىنى تىك تۇتۇپ سالماق قەدەم بىلەن مۇدىر ئىشخانىسىدىن چىقىۋاتقان خۋا لاۋيۈنى كۆردى.

— لاۋيۈ!

خۋا لاۋيۈ توختىدى.

— مەن سىزنى ئالغىلى كەلدىم. يۈرۈڭ، ئۆيگە قايتايلى.

خۋا لاۋيۈ بېشىنى چايقاپ، ئۆزى كەلگەن تەرەپكە ماڭدى. جاڭ ئەيجۇمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ناخشا ئېيتىپ ماڭدى.

دەملەپ بەرگەن چايلارنى ئىچتى،
ئېتىپ بەرگەن تاماقنى يېدى.
...

نۇرغۇن ئىشخانىلارنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. غەلىتە

ناتونۇش چىرايلار ئۇلارغا ھەيرانلىق بىلەن قارايتتى. جاڭ ئەيجۇ بۇرىلىپ ئۇ كىشىلەرگە قاراپ مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلەتتى. غەلىبە قىلغانلىقىنى جاكارلىغاندەك خۇا لاۋيۈنىڭ بىلىكىدىن قولتۇقلىۋالغانىدى.

— سارالڭ! — بىنانىڭ ئاستىدىكى چوڭ يولغا چىققاندا، خۇا لاۋيۈ ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ ئاچچىقلانغان ھالدا شۇنداق دېدى.

— سىز سارالڭمۇ، مەنمۇ؟

— ئىككىلىمىز سارالڭ.

— قايتىپ بېرىپ كېسىلىمىزنى داۋالايلى.

— سەن قايتىپ تۇرغىن، مەن ئىش مەيدانىغا بېرىپ يۈك - تاقلارنى قايتۇرۇپ كېلەي.

خۇا لاۋيۈ شۇنداق دەپلا كەتتى. ئەمما، جاڭ ئەيجۇ تەشۋىش ئىچىدە ئۇھ تارتتى. ئۇ خۇا لاۋيۈنىڭ ئۆزىنى ئالداۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئالدىسا ئالداۋەرسۇن! خۇا لاۋيۈ ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ خۇددى توڭلاپ قالغان بېلىقنى يۆۋلەپ هورداپ قويغاندەكلا بىر ئىش، خالاس!

جاڭ ئەيجۇ ئۆزى يالغۇز ئۆيگە قايتتى. ئۆيدە ئىككى سائەتلەر ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە دېڭىز بويىغا كەلدى. دېڭىز ئۇنىڭغا بالىلىرىنى ئەسلەتتى.

لاۋيۈ مەن خاتا ئويلاپتىمەن. ئاياللاردىن ئايرىلغان ئەرلەرنىڭ مويىمۇ تەۋرەپ قويمايدىكەن، سىز كەتتىڭىز. خۇددى بارسا كەلمەس سەپەرگە ئاتلانغان ئالىقانات دەرۋىشتەك كېتىپ قالدىڭىز. ماڭا جىمجىتلىقنى، دېڭىزنى، ھېچكىم بىلمەيدىغان ئاشۇ دۇنيانى قالدۇرۇپ كېتىپ قالدىڭىز. ئەمما، مەن مەڭگۈ پۇشايمان قىلمايمەن. مەن تۇرمۇشۇمنى، كەلگۈسۈمنى ئورۇنلاشتۇرالايمەن. شۇنداق، ھاياتلىقتا ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. مەن نېمىشقا ئەرلەر ئۈچۈن قايتىدىن ئاپىرىدە قىلىغان جىسمىم ئارقىلىق مەدھىيە ناخشىسى

ئېيتمايمەن؟ ناخشا ئېيتىشىم كېرەك! تۇغۇم ھەقىقىدىكى مەدھىيە ناخشىسى ئۆلۈمنى مەدھىيەلەش داۋامىدا تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ ! چۈنكى، ھەركىم ھەرنېمە دېسۇن، ھاياتلىق ئاخىر دېڭىزغا مەنسۇپتۇر !

جاڭ ئەيجۇ قۇياش نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ تۇرغان دېڭىز ساھىلىدا كىيىملىرىنى سېلىپ، يەرگە تاشلىدى. چېچىلىپ ياتقان كىيىملەر يىراقتىن خۇددى رەڭگارەڭ بۇلۇتلارغا، ئۆزى بولسا بۇلۇتلار ئارا سەيلە قىلىۋاتقان پەرىشتىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاق، يۇمران تېرىسىدىن كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان پاكلىق نۇرلىرى ئەكس ئېتەتتى. سېھىرىي كۈچى بالقىپ تۇرغان كۆكسى كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالاتتى. قارا كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بەش ئەزاسى يەر شارىدىكى ئىللىق ھەم سوغۇق كۆل ۋە دېڭىزلارنى، بەزى ئەزالىرى سېھىرلىك ۋە قورقۇنچلۇق بولغان قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەرنى ئەسلىتەتتى. ئۇ شەھەر تەرەپكە يۈزلەنگىنىچە قەددىنى رۇسلىدى، پەقەت ئۇنىڭ ئاشۇ گۈزەل، لاتاپەتلىك قامىتى سەۋەبىدىنلا ئاسمان زېمىنغا قىيسىيىپ قالمىغاندەك، پەقەت شۇنداق بولغاچقىلا، ھاياتلىق كاپالەتكە ئىگە بولغاندەك، ئۇنىڭ ئاشۇ گۈزەل سۇلكىتى ئالدىدا ئەرلەر، ئېگىز بىنا ـ ئىمارەتلەر، ئېرى ياشىغان يىراقتىكى چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكى، شۇنداقلا ھەممە نەرسىلەر خۇددى پۈرچاقچىلا ئوخشاپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇ قىرغاققا زەردە بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان دولقۇنغا كۆكرىكىنى تۇتۇپ، دېڭىز چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ قەدەم تاشلىدى، راستىنى دېگەندە، ئۇنىڭ بۇ رەھىمسىز دۇنياغا قايتا قاراپ قويغۇسىمۇ يوق ئىدى...

ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە تۇرغان بىر موماي دېڭىز ساھىلىدا ئولتۇرۇپ، خۇددى دېڭىز يۇتۇپ كېتىۋاتقان ئايالغا قاراپ ئۆزىنىڭ قىزىنى ياد ئەتكەندەك يىغلىدى. ئادەم قېرىغانسېرى

ئۆلۈمنى تولا ئويلايدىغان بولۇپ قالدۇ. خۇا لاۋيۈمۇ شۇنداق ئويلىدى. ئەمما، ئۇچۇ؟ ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە خېلى بولدى. ياش تۆكمىگەنلىكى ئۇنىڭ ناھايىتى ياش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلامدۇ؟

خۇا لاۋيۈ مومايىنىڭ يېنىغا كېلىپ جىمجىت ئولتۇردى، ھېچكىم گەپ قىلمىدى.

دېڭىز خۇددى مومايىنىڭ يىغا ئاۋازىغا قۇلاق سېلىۋاتقاندەك تىپتىنچ بولۇپ، شامال، دېڭىز دولقۇنىنىڭ شاۋقۇنىمۇ يوق ئىدى.

خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن موماي يىغلاشتىن توختاپ، بېشىنى بۇراپ ئەجەبلەنگەن ھالدا يېنىدىكى ئادەمگە قارىدى. خۇا لاۋيۈ پىچىرلىدى:

— مەن ئۇنىڭ ئېرى.

موماي بېشىنى چايقاپ ئەپسۇسلۇق بىلەن:

— سىلەر ئەرلەر خوتۇنۇڭلار ئۆلسە، ئاندىن قايتىپ كېلەمسىلەر؟ — دېدى پەس ئاۋازدا.

خۇا لاۋيۈ دېڭىزغا قارىغىنىچە ھېچقانداق چۈشەنچە بەرمىدى. موماي يەرنى تايىنىپ سەنتۈرۈلگەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى.

— خوتۇنۇڭ ياخشى ئايال ئىدى. ئۇ مېنىڭ ھالىمدىن نەچچە يىل خەۋەر ئالغان. مەن ئۇنى مېنى ئۇزىتىپ قويىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. ھازىر مەندەك تەنھا قېرى خوتۇن ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇۋاتىمەن، — موماي كۆز ياشلىرىنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتتى، — سىلەر ئەرلەرنىزە، ھەي...

موماي كەتمەكچى بولدى. خۇا لاۋيۈ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ مۇلايىملىق بىلەن:

— مەن سىزنى ئاپىرىپ قوياي، — دېدى.

— سەن قال، قۇياش دېڭىزغا پاتقاندا بىر ئاسمىنا بېلىقى سۇ يۈزىگە چىقىدۇ. ياخشى ئادەمنىڭ روھى كۆرۈنىدۇ.

موماي ئاستا ماڭدى. ئۇ تۇيۇقسىز دېڭىز يۈسۈنىگە تېيىلىپ

يىقىلىپ كەتتى. خۇا لاۋيۇ دەرھال بىرىپ ئۇنى يۆلىۋالدى.

— سەن قاراپ تۇر. قۇياش پاتقاندا...

— بىز بىللە كۆرەيلى.

— مەن قىرىدىم، كۆرەلمەيمەن.

موماي ماڭدى، شەھەرنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى ئىچىدە غايىب بولغانغا قەدەر، يىقىلىپ چۈشمىدى.

ئەمما، خۇا لاۋيۇ موماي ئېيتقان ئاسمىنا بېلىقىنى كۆرەلمىدى. ئۇ ئاززاق ئۈمىدسىزلەندى. ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندىن كېيىن ئاندىن جىمجىت دېڭىز ساھىلىدىن ئايرىلدى. ھاياتلىق روھ بولۇپمۇ كۆرۈنىدۇ. روھنىڭ ئۆلمەسلىكى ئادەمنىڭ مەڭگۈ ياشىشىنىڭ بەلگىسىمۇ؟ ئۇنىڭ روھنى كۆرەلمەسلىكى قېرىغانلىقىدىن، ئۇنداقتا دېڭىزچۇ؟ يەر شارىچۇ؟ ئۇلارمۇ يىلدىن - يىلغا قېرىمدۇ؟

ئاسمىنا بېلىقى چوقۇم ئالتۇن رەڭدە.

ئۇزاق زامانلاردىن كېيىن، بوگۇنكى دېڭىز ئاستى بەلكىم كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، يەر شارىدىكى ئەڭ ئېگىز ئېگىزلىك بولۇپ قېلىشى، «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دىگەن تاج ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، دېڭىز بىر قېتىملىق ئۇزاق ۋە ئۇلۇغ يۆتكىلىشنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق ئۆز يۇرتىغا قايتىدۇ. چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكى يەنە دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىدۇ. ئەۋلادلىرىمىز ئاسمىنا بېلىقىنىڭ ھاياتلىق نۇرلىرىنىڭ تاڭگۇرا ئارىلىغا چېچىلغانلىقىنى، يىراقتا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرەلەيدۇ.

ئېھتىمال، ئاسمىنا بېلىقى خەيرخاھلىق كۆرسىتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن!

بىر ئايدىن كېيىن خۇا لاۋيۇ ئۆلدى. خوتۇنىغا ئوخشاش دېڭىزغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالدى.

ئۆلۈۋېلىشتىن بۇرۇن ئۇ گېئېرمۇ نىفىت تۇرۇبىسى ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى تۈەنى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جوۋ

فېڭجېغا ئەۋەتكەن خېتىدە: «تاڭگورا تېغىدا ئۆلۈپ قالمىغانلىقىمغا پۇشايمان قىلىمەن. ھازىر بولسىمۇ جەزمەن ئۆلۈشۈم كېرەك، قايتىپ بارسام قىسمىمىنىڭ يۈزىگە قارا سۈركىگەن بولىمەن... » دەپ يازغانىدى. ئۇ يەنە كاللىسىنىڭ ناھايىتى سەگەكلىكىنى، «ئادەمنىڭ ھاياتلىق چەكلەنگەن رايوندىكى ھەرقانداق بوشلۇقنى ئىگىلىۋالسا بولىدىغانلىقىنى، ئەمما ۋاقىت ئۇستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى، ھاياتلىقنىڭ ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدىغان مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكى»دەك ئاددىي ھەقىقەتنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكى بىلەن خوشلاشتى.

جوۋ فېڭجى خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىككى ئەسكەرنى ئېلىپ چاقماق تېزلىكىدە خۇا لاۋيۈنىڭ يۇرتى گۈزەل خەيبىن شەھىرىگە باردى. ئەمما، كېچىككەنىدى. خۇا لاۋيۈ ئۆلگەن، خوتۇنىغا ئوخشاش دېڭىزغا تەسلىم بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانىدى. جوۋ فېڭجى دەرگۇمان ھالدا سورىدى:

— ئۇ سۇ ئۇزۇشنى بىلىدىغان تۇرسا قانداقسىغا سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالىدۇ؟

كىمدۇر بىرى چۈشەندۈرۈپ، خۇا لاۋيۈنىڭ يىگىرمە مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ چوققىسىغا چىقىپ، ئاغزىنى ئاچقان پېتى دېڭىزغا سەكرىگەنلىكىنى، بۇنداق ئەھۋالدا ھەرقانداق ئادەمنىڭ دىمى سىقىلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— سۇ ئۇزۇشنى بىلسە نېمە بوپتۇ؟ سۇدا تۇنجۇقۇپ قالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى سۇ ئۇزۇشنى بىلىدىغانلار. ئۆلگۈسى كەلگەندە ئۆلمەي نېمە ئىلاج؟ — دەپ قوشۇپ قويىدى يەنە بىرى ئاددىيلا قىلىپ.

جوۋ فېڭجى ئالدىراپ قىسمىغا قايتىپ كەلدى ۋە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە خۇا لاۋيۈنىڭ جىگەر، تال، بۆرەك دېگەندەك ئەزالىرىنىڭ زەئىپلىشىپ ئۆلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ تاڭگورا تېغىنى

بويسۇندۇرۇش داۋامىدا بۇ كىسەللەرگە گىرىپتار بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇ ئۆلۇشتىن بۇرۇن پەقەت، خەير - خوش، چىڭخەي - شىزاڭ ئىگىزلىكى! دېگەن بىرلا سۆزنى قىپتۇ، — دېدى جوۋ فېڭجى كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا.

بۇ كىتاب يازغۇچىلار نەشرىياتىنىڭ 2012 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2012 ـ يىلى 11ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据作家出版社2012年1月第1版，2012年1月第1次印刷本翻译出版。

# ئادەمزاتسىز رايون

**ئاپتورى:** ياڭ جىجۈن
**تەرجىمە قىلغۇچى:** دىلشات قېيىيۇم نۇر
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئىلدانە ئابدۇرېھىم
**مەسئۇل كوررېكتورى:** گۈلشەھەر نىغمەت
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991 － 2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** ئۈرۈمچى جۇڭنىڭ باسما زاۋۇتى
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 19
**نەشرى:** 2013 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2013 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 － 3000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 － 7 － 228 － 16619 － 0
**باھاسى:** 47.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

ISBN 978-7-228-16619-0
9 787228 166190 >
定价：47.00元